خالدە ئىسرائىل ئەسەرلىرى - 3

# ئانا دەريانى ئىزدەپ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئانا دەريانى ئىزدەپ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى

خالدە ئىسرائىل ئەسەرلىرى

كەچمىش

قۇملۇقنىڭ چۈشى

ئانا دەريانى ئىزدەپ

ISBN 978-7-80744-522-7

（民文）定价：58.00元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خالىدە ئىسرائىل

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

(ھېكايە، پوۋېست، نەسر ۋە ماقالىلەر)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەجمۇئە نامى: خالىدە ئىسرائىل ئەسەرلىرى ـ 3
كىتاب نامى: ئانا دەريانى ئىزدەپ
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: خالىدە ئىسرائىل
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 21
نەشرى: 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 1 — 5100
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-522-7
باھاسى: 58.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# مۇندەرىجە

باھار ۋە تۇپراق ھەققىدە رىۋايەت ........................ 1
ئەڭ گۈزەل خاتىرە ................................ 18
يىلتىز ....................................... 40
يىلان كۆز .................................... 60
شەھەردە كالا يوق ................................ 75
بىزمۇ ئاتا ـ بوۋا ................................ 96
ئامان بولۇڭ، ئاننا مارىي ......................... 109
تاش شەھەر .................................... 132
مەختۇمسۇلا .................................... 174
قەلبىمدىكى ھېكايە ............................... 251
مەشئەل كۆتۈرگەن كىشىلەر ......................... 329
باھار تىۋىشى ................................... 412
ئانا دەريانى ئىزدەپ ............................... 477
ئۆپۆقتىكى ئىزلار ................................ 531
ئىلاھىي كۈي .................................. 627
مۇقامچى بوۋاي .................................. 629
ئۈنچىلەر ...................................... 631
نان .......................................... 636
ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار ...... 641
يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بىلەن سۆھبەت .................. 648
ئايال يازغۇچىنىڭ قەلب سۆزى ......................... 655

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# باھار ۋە تۇپراق ھەققىدە رىۋايەت

ئۇ كۈنى ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ئىدى. قىزىل، سېرىق، سۆسۈن رەڭلىك ياۋا گۈللەر قاپلىغان دالىدىن كۈن بويى ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئادەملەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەن، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، شوخ ئۇسسۇللارغا دەسسىگەن چاغدىكى رىتىملىق ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇردى. كۈن غەربكە قىيسايغاندا، دالا بىردىنلا تىمتاس بولۇپ قالدى. بۇ تىمتاسلىقنى قاپاق ھەرە، ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق چۇرۇقلاشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ماي ئېيىنىڭ ئىللىق ھاۋاسى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى، چەيلەنگەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ چۈچۈمەل ھىدى، باھار ئاپتىپىدا قىزىغان مۇنبەت، نەم تۇپراقنىڭ مەست قىلغۇچى پۇرىقى بىلەن تولغانىدى.

يىراقتىكى دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن كەينىگە قاراپ مېڭىپ، بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ، گۈللەر ئەڭ زىچ ئېچىلغان، قويۇق ئوت ـ چۆپلۈككە بېرىپ ئولتۇردى ۋە بىر تال سۆسۈن گۈلنى ئوينىغىنچە خىيالغا چۆكتى. ئۇزاق ئۆتمەي قاياقتىندۇر بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، قىزنىڭ ئارقىسىغا كەلدى ـ دە، قولىدىكى چۆپ غولى بىلەن بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ بويۇنلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

قىز نېمىنىدۇر قوغلىماقچى بولۇپ قوللىرىنى سىلكىدى، ئىككىنچى قېتىمدا بويىنىدىن نېمىنىدۇر تۇتماقچى بولغان بارماقلىرى چۆپ غولىغا تېگىپ قالدى. يىگىت چۆپنى تاشلاپ بۇرۇپلا قاچتى. قىز سەكرەپ قوپۇپ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىدى.

ئاسمان شۇ قەدەر كۆك، شۇ قەدەر سۈزۈك، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىپايان يېشىل زېمىندا قوغلىشىپ يۈرگەن بىر جۈپ ياش شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر جۇشقۇن ئىدىكى، كىشىگە يېڭىلا يەر يۈزىگە چۈشكەن ئادەم بىلەن ھەۋۋانى ئەسلىتەتتى. يىگىت ھاسىرىغىنىچە كېلىپ چۆپلۈككە ئۆزىنى ئاتتى. قىزمۇ ئۇنىڭ يېنىغا سوزۇلدى. ئىككىسى يانمۇيان ئاسمانغا قاراپ جىممىدە يېتىشتى. ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇق ئىدى. بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ توي كۈنىنى بېكىتىشمەكچى ئىدى. بىر پەس داۋاملاشقان نازلىنىش، دومسىيىش ۋە يارىشىپ قىلىشلاردىن كېيىن، يىگىت ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بىر كۈننى ئېيتتى:

— قىزىلگۈل ئېچىلغان، بۇلبۇل ۋىسالىغا يەتكەن كۈنى!

— بۇلبۇلنىڭ ۋىسالغا يەتكىنى نەدە...

قىز يۇتۇۋېتەلمەي ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گېپىگە لەۋلىرىنى چىشلىدى. يىگىتنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى ھەم چۈشىنىكسىز بىر خىل ۋەھىمە، ئەندىشە ئىچىدە بىر پەس جىمىپ قالدى. ئەمما بۇ جىمجىتلىق ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمىدى. ئۇلارنىڭ خىيالى ئاسماندىكى توختىماي شەكىل ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان يۇپقا بۇلۇتلاردەك بىردەمدىلا ئۆزگەردى. يىگىت بىر گەپ قىلىۋېدى، قىز كىچىككىنە مۇشتلىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇلار يەنە كەڭرى دالىنى بويلاپ قوغلاشقىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى كىشىلەر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان

بوراننىڭ ئۇشقىرتىشلىرىغا، بوراندا سۇنغان دەرەخلەرنىڭ قاراسلاشلىرىغا، تۇرخۇنلارنىڭ ئۆرۈلۈشىگە قۇلاق سېلىپ يېتىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا قاچان كېلىشى ۋە قاچان ئۆلۈشىنى بىلمىگەنگە ئوخشاش، شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتا ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى. ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە چۈش تۇمانلىرى خىلمۇخىل رەڭدە تاۋلىنىپ، لەيلەپ يۈرەتتى. تولۇن ئاي قاپقارا چۈمپەردىنىڭ بىر بۇرجىكىنى پات ـ پات قايرىپ، تۈڭلۈكلەردىن مارىلايتتى.

تۇيۇقسىز ئالەمنىڭ بىر چېتىدىن كەلگەندەك ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىگەن سادا بىلەن تەڭ، ئىنسانلار ئىچ ـ باغرىنى ئۆتمۈشۈك قىلىۋەتكەن زېمىن خۇددى ئوقىدىن ئاجراپ كەتكەندەك قاتتىق سىلكىندى. سامانيولى سىستېمىسىدىكى بۇ كىچىك سەييارە قىيسىيىپ قالغاندەك بولدى. تاغلار يېرىلىپ، دەريالار تاشتى. ئۆيلەر دۆۋە ـ دۆۋە داڭگالغا ئايلىنىپ، بۇ دۆۋىلەر ئارىسىدا سان ـ ساناقسىز جەسەتلەر قالدى.

يىگىت ياتقان يېرىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، قوغۇشۇن رەڭلىك خىرە ئاسماننى، يەر ـ جاھاننى بىر ئېلىپ يېغىۋاتقان قارنى كۆرگەن چېغىدا، ئۆزىنى سوغۇق ھەم سۈرلۈك ناتونۇش دۇنياغا تاشلانغاندەك ياكى بىرەر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئەمما بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئاتا ـ ئانا، قان ـ قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرى، خارابىلىك ئارىسىدىن ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان تۈنۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇشنىڭ قالدۇقلىرى بۇ تۇيغۇلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ قۇچاقلىغىنى قىز ئەمەس، ئۇنىڭ جەستى بولدى. ئۇ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالغانىدى. ئۇ ھاياتتىن بەزگەن چېغىدا ئۆزىدىنمۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ يىغا ـ زار،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

داد ـ پەريادىنى ئاڭلاپ ئۆز ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ھايات قالغان كىشىلەرنى باشلاپ جەسەتلەرنى يەرلىككە قويدى، خارابىلىك ئارىسىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك يىغدى، ۋاقىتلىق ئۆيلەرنى سالدى. سوغۇق كۈنسېرى كۈچىيىپ، يەرلەر تاشتەك قېتىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆلارنىڭ قوللىرى تىتىلىپ، تىرناقلىرى ئورنىدا قىپقىزىل گۆشلەر كۆرۈنۈپ قالدى. كىشىلەر توڭلاپ قېتىپ كەتكەن قولاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىسسىتىش ئۈچۈن قولىنى ئاپارسا، قولاقلىرى قولىغا چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد بار ئىدى. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي قوياشنىڭ قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىدىغانلىقىغا، ئىللىق باھارنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما باھار كەلمىدى. ئاسماننى قاپلىغان قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇلۇت تارقىمىدى. قۇياش پەقەت چۈشتىن كېيىنلا خىرە پانۇستەك غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولاتتى. قار كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ياغاتتى. تېمپېراتۇرا كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلىمەكتە ئىدى.

دەھشەتلىك سوغۇق كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. بوۋاقلار ۋە قېرى ـ چۈرىلەر توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشتى.

كىشىلەر جەسەتلەرنى قار ئازگاللىرىغا كۆمۈپ قويۇپ، بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشتى. باھار كەلسىلا ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، جاراھەتلەر ساقىيىپ، غەم ـ قايغۇلار ئۇنتۇلىدۇ، دېيىشتى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئېگىز قار دۆۋىلىرىگە چىقىپ ئاسمانغا، يىراق كۈنچىقىشقا سائەتلەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئايلار، يىللار ئۆتتى، ئەمما باھاردىن دېرەك بولمىدى. تېمپېراتۇرا داۋاملىق تۆۋەنلىمەكتە ئىدى. كىشىلەر سوغۇقنى قوغلىماقچى، قېلىن قار ـ مۇزلارنى ئېرىتىپ، باھارنى چىللىماقچى بولۇپ، داللارغا ئاسمان ـ پەلەك ئوتۇن دۆۋىلەپ، ئوت ياقتى. يەر يۈزىنى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت

يالقۇنى ۋە ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. ئوت ساق بىر ئاي كۆيدى. بىراق ئوت ئۆچۈشى بىلەنلا يەر ـ جاھان تاشتەك قېتىپ، ھەممە يەرنى قېلىن مۇز قاپلىدى. قورۇ ـ مەھەللىلەردە، تاغ ـ داللاردا دەل ـ دەرەختىن ئەسەر قالمىدى. ئاشتاختا، نوغۇچ، قامچا دەستىسى دېگەندە نەرسىلەر ئەتىۋارلىشىپ، يۇرتتىن ئېشەك ھەيدىگۈدەك بىرەر تال تاياقمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە ئېشەكمۇ قالمىغانىدى. قاتتىق سوغۇق دەستىدىن ئات ـ كالا، ئېشەك، قويلار، ئىت، مۈشۈكلەر قىرىلىپ تۈگىگەن، جاڭگاللىقلاردىمۇ شىر ـ يولۋاس، بۆرە ـ قاپلانلار، ئېيىق ـ تۈلكىلەر، بۆكەن ـ سۈلەيسۈنلەر، ئۇچار قۇشلارنىڭ نەسلى قۇرۇغانىدى.

ئارقىدىنلا قاتتىق سوغۇققا قوشۇلۇپ دەھشەتلىك ئاچارچىلىق باشلاندى. ئازغىنە زاپاس ئوزۇق ـ تۈلۈك باللار بىلەن ئىككىلا ئاياللارغىلا ئىنتايىن ئاز مىقداردا تارقىتىلىپ بېرىلەتتى، كۆپ سانلىق كىشىلەر كۆۋدەك ئېچىپ كەتكەن قورساقلىرىنى سۆرەپ، قار ـ مۇزلارنىڭ ئاستى ۋە ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن يېگۈدەك نەرسە ئىزدىشەتتى. بۇ ئاچارچىلىق يۇرتتىكى قۇرامىغا يەتكەن قاۋۇل ئەركەكلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇلارنىڭ چىنارىدەك قاۋۇل بەستى، مەغرۇرلۇقى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ رەھىمسىز ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالمىغانىدى. بۇ ئەركەكلەرنىڭ يىقىلىشى خۇددى قەدىمكى دىنازاۋۇرلارنىڭ يىقىلىشىدەك ھەيۋەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق بولدى. پەقەت ھېلىقى يىگىتلا قانداقتۇر بىر مۆجىزە بىلەن ھايات قالدى. ئۇ، دالىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىنى كۈتۈپ ياتقان چېغىدا، نەچچە كۈنلەردىن بىرى ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ كەتكەن قورسىقىنىڭ ئېچىشىۋاتقىنىنى سېزىپ، بىر ئوچۇم قار يېگەنىدى. بۇ قار ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىرگۈزدى. ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قارنى ئوچۇملاپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ، قار ئارىسىدىن مۇخسىمان بىر

خىل ئۆسۈملۈكنى تاپتى. ئۇنىڭ تەمى قاڭسىق بولسىمۇ، ئاچلىقتا دالىدا بولاتتى. كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ ئۆسۈملۈككە تايىنىپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

يىللار ئۆتتى، قورساقتا قالغان باللار تۇغۇلۇپ چوڭ بولدى، ئۇلار دادىلىرىدىن ۋېجىك، چاققان، چىدامىلىق بولۇپ ئۆستى. دادىلىرىنىڭ تاپىنىنى كۆيدۈرگەن قۇملۇقلار، ئوۋ ئوۋلىغان جاڭگاللار، دادىلىرى ئورغان ئورمىلار، ئاغدۇرغان مۇنبەت يەرلەر ئۇلارغا ناتونۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەچچە يۈز مېتىر قېلىنلىقتىكى قار ـ مۇز ئاستىدا يوقالغان، ئۇنتۇلغان، بولۇپ، ئاشۇ قار ـ مۇز ئۈستىدىكى ھايات باشقىچە بىر خىل تەرزدە داۋام قىلماقتا ئىدى. پەلەك چاقىنىڭ تىنىماي چۆرگىلىشى بىلەن بۇ جاپاكەش ئەۋلاد تېخىمۇ ۋېجىك، سوغۇققا تېخىمۇ چىدامىلىق يېڭى ئەۋلادلارنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار ئەمدى زاۋۇتتا ئىشلەنگەن ئاشلىق، كۆكتات، يەل ـ يېمىشلەرنى يەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئالىملىرى قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىدىغان يېنىك ھەم چىدامىلىق بىر خىل بىرىكمە ماددا ياساشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپقان ھەم سۇ بىلەن ھاۋادىن پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇرۇلمىنى ئىجاد قىلغانىدى. دېمەك، كىشىلەر قاتتىق سوغۇققا ماسلىشىپ، ياشاش يولىنى تېپىۋالغانىدى. ئۇلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، بارچە جانلىققا ئىللىقلىق، ھايات بەخش ئېتىدىغان ئاپتاپنى، ئۆز تەبىئىتى، رەڭ ۋە پۇرىقىنى باغرىدىكى ھاياتلىققا سىڭدۈرىدىغان تۇپراقنى ئىجاد قىلالمىدى. شۇڭا ئۇلار يەيدىغان ئاشلىق، كۆكتات، يەل ـ يېمىشلەردە تەم ـ پۇراق بولمايتتى. ئادەملەرنىڭ چىرايى قانسىز، قەلبىدە خۇشاللىق ۋە بارلىق ئالىيجاناب ھېس ـ تۇيغۇلار كەم ئىدى. يالغان گەپ زۇرۇرىيەت ۋە ئادەتكە، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ھىيلە ـ مىكىر كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان قابىلىيەتكە ئايلانغانىدى. بۇ خىل قابىلىيىتى

قانچىكى يۇقىرى كىشىلەر شۇنچە ھۆرمەتكە ۋە ئۇستۇن مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەتتى. كىشىلەرنىڭ كۆزى پاتۇرۇپ قويۇلغان ئىككى پارچە مۇزغا ئوخشايتتى. قاتتىق سوغۇق ھەم نەملىك تۇپەيلى كىشىلەرنىڭ چىرايى ۋە بەدەنلىرىدە سۆسۈن رەڭلىك قوتۇر كېسىلى يامراپ كەتكەنىدى. غۇۋا يورۇقلۇق كىشىلەرنىڭ چىرايى ۋە يۇرۇش - تۇرۇشلىرىدىكى خۇنۇكلۇكلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى چىركىن - پاسكىنا نەرسىلەرنى خىرەلەشتۇرگەن، ھەتتا ئۆزگىچە سېھرىي تۇسكە ئىگە قىلىپ كۆرسىتەتتى. قاچانلاردىن تارتىپكىن، كىشىلەر باھارنى، قېلىن قار - مۇز ئاستىدا قالغان ئانا تۇپراقنى ئۇنتۇدى، ئۇلارنى تىلغا ئالمايدىغان، مەدھىيىلەپ شېئىرلارنى يازمايدىغان، ئەكسىچە كۈمۈش رەڭ قىشنى، قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسماننى، قار ئۇچقۇنلىرىنى، ئەبەدىي يېڭىلمەس سوغۇقنى، ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلارنى، زاۋۇت گۈللىرىنى مەدھىيىلەپ شېئىرلارنى يازىدىغان، ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولدى. ياشاش شارائىتى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، بۇ يەرنىڭ تىلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. باھار، تۇپراق دېگەن ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق سۆزلەر تەبىئىي ھالدا ئىستېمالدىن قالدى. نۇرغۇن يېڭى سۆزلەر، يېڭىچە سۆز ئىشلىتىش ئادەتلىرى، يېڭى جۈملە شەكىللىرى بارلىققا كەلدى.

بىزگە تونۇش ھېلىقى يىگىت ھېلىھەم ھايات ئىدى.

قاچانلاردىن تارتىپكىن ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن يۇچۇن بولۇپ قالدى. بەلكىم تەڭتۇشلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنى تونۇمايتتى، ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنىمۇ خالىمايتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ باھار، قىزىلگۈل، تۇپراق ھەققىدىكى سۆزلىرىنى

چۈشەنمەيتتى، ئۇنى سارالڭ دەپ ئويلىشاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى بىر توپ ئاق كىيىملىك كىشىلەر ئۇنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ تۆت تام، كارىۋاتتىن باشقا نەرسە يوق، تۇرمە كامېرىغا ئوخشايدىغان بىر ئۆيدە تامغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇزاق يىللارنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا مەسئۇل دوختۇر قېرىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى يېڭى كەلگەن يەنە بىر ياش دوختۇرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتى، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن بۇ دوختۇرمۇ ئۆلۈپ كەتتى. دوختۇرخانىدا ئېگىز بويلۇق، ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ قانداق ئادەملىكىنى، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم قالمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭدىن زېرىكىپ، ئۇنى دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋېتىشتى.

يىللار ئۆتۈۋەردى. توختىماي تۆۋەنلەۋاتقان تېمپېراتۇرا، ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان شىۋىرغان، جاپالىق شارائىت ھاياتىي كۈچى ئاجىز بارلىق جانلىقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن شاللاپ، ئۈزۈكسىز يېڭى جانلىقلار تۇرىنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئاپتاپ كۆرمەي، سۇنئىي يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن چوڭ بولغان ئاخىرقى ئەۋلادنىڭ بەدىنىدە ئاجايىپ نازۇك ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئالىملار ئالدى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان، جىگەر دېگەندەك مۇھىم ئەزالىرىنىڭ بىر خىل سۇنئىي بىرىكمە ماددىغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ، ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك بايقاش ئىدى! بۇ بايقاش ئىنسانلارغا ئورگانىزملىرىنى يېڭىلاش ئارقىلىق تېخىمۇ ئۇزاق ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

بۇنداق ئۆزگىرىش ئاساسەن ياكى تولۇق ئىشقا ئاشقان چاغدا ئادەملەرنى كۈنۈپكا ئارقىلىق باشقۇرغىلى بولاتتى. بۇنداق ئادەملەردە ھېرىپ ـ چارچاش، شادلىق ۋە غەزەپ، مۇھەببەت ـ

نەپرەت بولمايتتى. بۇ ئاجايىپ مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتى بارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىندى. ھەممە يەر داقا - دۇمباق، ناخشا - ئۇسسۇل سادالىرىغا تولدى، كىشىلەر كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى.

خۇددى نەچچە يۈز مىڭ يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى تاماملاپ، تامامەن مەدەنىيەتلىك ئىنسانغا ئايلىنىپ بولغان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ تاسادىپىي ھاللاردا ئەسلىگە قايتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، ئاندا - ساندا مايمۇنغا ئوخشاش تۈكلۈك ئادەملەرمۇ تۇغۇلۇپ قالغاندەك، بۇ مۆجىزىلىك دەۋردە بەزى غەلىتە مىجەزلىك بالىلارمۇ تۇغۇلۇپ قالاتتى. ئۇلار چوڭلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىككىلەنگەن ھالدا قۇلاق سالاتتى. دائىم قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ: بۇ ئاسمان ھەم زېمىن ئەزەلدىنلا مۇشۇنداقمۇ؟ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قانداق ياشىغان؟ كەلگۈسىچۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىناتتى. ئەمما ئۇلار سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمايتتى.

ئاشۇنداق بىر بالا بىر كۈنى ئاسمان - پەلەك مۇز تاغنىڭ باغرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، تاغ ئۆڭكۈرىدىن بىر كونا كىتابنى تېپىۋالدى. كىتابنىڭ ۋاراقلىرى ھازىرقى قەغەزگە ئوخشىمايتتى، ناھايىتى چۈرۈك بولۇپ ئاسانلا يىرتىلاتتى. بالا كونا كىتابنى ئاۋايلاپ تازىلاپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇنچە ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ چۈشىنىشىچە، بۇ بىر شېئىرلار توپلىمى ئىدى. ئۇنىڭدا قانداقتۇر «باھار ئاخشىمى»، «يۇلتۇزلۇق ئاسمان»، «تۇپراق»، «خۇش پۇرىقى كىشىنى مەست قىلىدىغان قىزىلگۈل»، «قىزىلگۈلگە ئاشىق بۇلبۇل» دېگەندەك نەرسىلەر كۈيلىنەتتى. بىرنەچچە يېرىدە بىر تۈپ گۈلگە قونۇۋالغان كىچىككىنە قاناتلىق جانىۋارنىڭ رەسمى بار ئىدى. شېئىرلاردىن قانداقتۇر بىر خىل سېھىرلىكگۈچى

ھارارەت، ھاياجان تەپچىپ تۇراتتى، سۆزلەرنىڭ خۇددى جىنى باردەك تۇيۇلاتتى. بالا شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ھېلىقى غەلىتە بوۋاينى ئىزدەپ باردىغان، ئۇنىڭدىن ھەرخىل سوئاللارنى سورايدىغان بولدى. بوۋاي ئۇنىڭ چىرايىغا زادىلا قارىمايتتى، خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك ياش ۋاقىتلىرىدىكى باھار پەسلىنى، قۇياشنى، باغرىدا بارچە جانلىقنى ئۆستۈرىدىغان تۇپراقنى، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى، قىزىلگۈلنىڭ پىراقىدا كېچە ـ كۈندۈز سايراپ، دەل قىزىلگۈل ئېچىلىدىغان سەھەر پەيتىدە ئۇخلاپ قالغان بەختسىز بۇلبۇلنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسماننىڭ يىراق بۇرجەكلىرىگە تىكىلىپ:

— باھار ھامان كېلىدۇ، قار مۇزلار ئېرىيدۇ، ئانا تۇپراق چىراي ئاچىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ ھەممىنى قايتا ئاپىرىدە قىلىدۇ… قىزىلگۈل چوغدەك يېنىپ ئېچىلىدۇ، بۇلبۇل ۋىسالىغا يېتىدۇ… — دەيتتى. بەزىدە قوينىدىن مۇشتتەك بىر تۇگۈنچەكنى چىقىرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلاپ قالغاندەك ئۇزاق ئولتۇراتتى. بالا ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالمىغانلىقىنى، تۇيۇقسىز يەنە سۆزلەشكە باشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا، تۈرۈم ـ تۈرۈم بوينىدىكى ئۇچلۇق بۇغدىيىكىگە، جاۋغىيىدىكى چوڭقۇر قورۇقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. دىگەندەك ئۇ بىر چاغدا كۆزلىرىنى غىل ـ پال ئاچاتتى، بۇركۈتنىڭ تىرنىقىدەك ئەگمەچ بارماقلىرى بىلەن بالىنى يېقىن كېلىشكە شەرەت قىلىپ:

— مانا بۇ تۇپراق، بىز — سېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ياشىغان، قىزىلگۈل يىلتىز تارتقان تۇپراق. ئاۋۇ يېپيېشىل نەرسىلەرنى كۆردۈڭمۇ، ھە، ئاشۇ يىلتىزلارنىڭ قالدۇقى، — دەيتتى.

بالا دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلغان ئاجايىپ پۇراقنى كۈچەپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

سۇمۇرەتتى ۋە شۇ ھامان روھلىنىپ باشقىچە بولۇپ قالاتتى. خىيالىدا بوۋاينىڭ شۇنچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلىكى مۇشۇ تۇگۇنچەكتىكى تۇپراق ھىدىنى دائىم پۇراپ تۇرغانلىقىدىن ئىكەن، دەپ قالاتتى.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇستىخانلىرى ئىسكىلىتتەك شاراقلايتتى، دەلدەڭشىپ مېڭىپ يۈرگىنىدە ئۇستىخانلىرى شاراقلاپ ھازىرلا چېچىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما بالا بوۋاينى يۆلىگەن چاغلىرىدا، ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ بۇركۇتنىڭ پەنجىدەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سېزەتتى.

تولا ۋاقىتلاردا ئۇ يېنىدا بالىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ خىيالىدا سۆيگەن قىزى بىلەن، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن، گاھىدا دائىم مىنىپ يۈرىدىغان ئېتى ياكى ئارقىسىدىن قالمايدىغان پاقماق كۈچۈكى بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلىشەتتى. بالا بۇ كۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى قوڭۇر رەڭلىك ھەسرەت، زەڭگەر رەڭلىك ئەسلىمە، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك سېغىنىشنى ئېنىق كۆرەتتى ۋە ھەيران قالاتتى. چۈنكى ھازىرقى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدە بۇنداق ھاياجان بولمايتتى، بۇنداق رەڭلەر چاقنىمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە پۇل، مەنپەئەتنى كۆرگەن چاغلىرىدا چاقناپ قالىدىغان سوغۇق نۇر بوۋاينىڭ كۆزىدىكى نۇرغا ۋە رەڭلەرگە مۇتلەق ئوخشىمايتتى.

بالا خۇش پۇراق چېچىپ، ئوتتەك يېلىنجاپ ئېچىلىدىغان قىزىلگۈلگە خىيالەن ئاشىق بولۇپ، ئىسمىنى «بۇلبۇل» دەپ ئۆزگەرتتى. خىيالىدا ئۆزىنى قىزىلگۈلنىڭ پىراقىدا قان يۇتقان بۇلبۇل، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا، دوستلىرىغا، كەمدىن ـ كەم ئېغىز ئاچىدىغان، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش ئاتا ـ ئانىسىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. ئۇ، دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەتىۋارلىق بىر پەرزەنتى ئىدى. بۇلار ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ بالىنىڭ ھېلىقى كىتابىنى تېپىۋالدى ھەمدە ۋاراقلاپ بېقىشتىنمۇ قورقۇپ، شۇ ھامان كۆيدۈرۈپ تىرناقچىلىك كۈلىنىمۇ توزۇتماي، ئەۋرەز يولىغا ئېقىتىۋەتتى. بالا ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئېتىراز بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، كىتاب مەسىلىسىدە يول قويمىدى، قەيسەرلىك بىلەن پەرۋاسىز قاراپ تۇردى. چۈنكى شېئىرلار ئاللىقاچان ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەقىشلەنگەنىدى. بىراق بىر كۈنى ئۇ بوۋايىنى ئىزدەپ، دائىم ئولتۇرىدىغان يېرىدىن ئۇنى تاپالمىدى. بوۋاينىڭ ھويلىسىدىكى يېڭى ياغقان قاردا بىر مۇنچە ئاياغ ئىزلىرى بىلەن تاغاردەك بىر نېمىنىڭ سۆرەلگەن ئىزى قالغان ۋە بۇ ئىزلار ئىشىكتىن چىقىپ يىراق دالاغا قاراپ سوزۇلغانىدى.

بالا قارلىق دالىدا بىر كېچە - كۈندۈز مېڭىپ، تۆمۈر يولنىڭ بويىغا كەلدى. تۆمۈر يولدىن سائىتىگە 500 كىلومېتىرلىق تېزلىكتە ماڭىدىغان پويىزلار غەلىتە يىرتقۇچتەك ھۇۋلىشىپ، پۈشقىرىشىپ توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. بالا ئون مېتىرچە ئارىلىقتىكى رېلىس رەڭگىنىڭ قىزىرىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئەمما ئەتراپتا نە بىرەر تال ئۇستىخان، نە بىرەر پارچە لاتا قالمىغانىدى. پەقەتلا رېلىسنىڭ ئاستىدا مۇز پارچىسىدەك بىر نەرسە غىل - پال كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى تۈگۈنچەك بولۇپ، بوۋاي ئۇنى بالىغا قالدۇرغانىدى. بالا بوۋاينى دوراپ، ئۇنى يۈرىكىگە يېقىن جايدىكى ئىچ يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بوۋاينىڭ يۈرىكىنىڭ ھارارىتىنى سەزدى، بۇرنىغا قىزىلگۈل يىلتىز تارتقان تۇپراق ھىدى پۇرىدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پۇراق زادى يوقالمىدى. بالا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ بىردىنلا ئاجايىپ بوي تارتتى. ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەر بىلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سەممىيەتنىڭ پاك نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن يالغان گەپلەرنى قىلىشتىن ئوڭايسىزلىنىدىغان، باش تارتىدىغان بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەندىشە ئىچىدە قارىشاتتى،

بۇ بالىنىڭ ئۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىشىدىن خەۋپسىرەيتتى. ئەڭ بۇرۇن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قارغاشقا باشلىدى، ئارقىدىن باشقىلارمۇ قوشۇلدى. بالا ئۆزىنى قاتمۇقات قورشىۋالغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يەككە ـ يېگانە قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى. مۇھاسىرە چەمبىرىكى بارغانسېرى تارايدى، كىمدۇر بىرى ئالدى بىلەن بالىنى پۇتلاپ يىقىتتى، قالغانلار ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ تاغارغا تىقتى، ئۇلار ئۇنى كۆتۈرۈپ يىراق دالىغا ئېلىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بالا دۇنيادىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى.

بىراق بالىنى ئېلىپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن هېلىقى تۈگۈنچەكنى تېپىۋېلىشتى ۋە دەرھال ئۇنى ئېچىپ كۆرۈشتى.

— تۇپراق، — دېدى كىمدۇر بىرى بالىدىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە. ھەممىيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ پۇراپ كۆرۈشتى. بۇ پۇراق ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن نېمىگىدۇر تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ پۇراق، بۇ خىيال شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ دىلىغا مەھكەم ئورنىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى گاڭگىراش، خىيالچانلىق باشقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار بۇ كىشىلەرنىڭ نېمىدىن زەھەرلەنگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، تۈگۈنچەكتىكى نەرسىنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇلار ئۇنى يۇقىرى ھارارەتلىك ئوچاقلاردا كۆيدۈردى، ئۇ كۆيمىدى. سۇدا ئېقىتىۋەتمەكچىمۇ بولدى، ئۇ ئاقمىدى. شامالدا توزۇتۇۋەتمەكچى بولغانىدى، شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ، يەنە بىر يەرگە يىغىپ قويدى. ئۇلار ئۇنى قېلىن قار ـ مۇز ئاستىغا كۆمۈپمۇ بېقىشتى، ئەمما ئۇ قار ـ مۇزلارنى ئېرىتىپ لەيلەپ چىقىۋالدى. ئاخىرى بىناكارلار شەھەر سىرتىدىكى ئادەمسىز دالىغا چوڭ بىر قەسىر سالدى. قەسىرنىڭ ئۆيلىرى قاتمۇقات ھەم سىرلىق بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا كىرگەن ئادەم بىر ئىزدا ئايلىنىۋېرىپ، ھالىدىن كېتەتتىكى، چىقىش ئېغىزىنى مەڭگۈ تاپالمايتتى. كىشىلەر تۇگۇنچەكنى ئالاھىدە چىدامل‍ىق بىرىكمە ماددىدىن ياسالغان ساندۇققا سېلىپ، قەسىرنىڭ ئەڭ پىنھان قازنىقىغا يوشۇرۇپ قويۇشتى ۋە ئاشۇ قاتمۇقات قېلىن تام، ئىشىكلەر، مەخپىي قۇلۇپلار، سىرلىق، گىرەلىشىپ كەتكەن كارىدورلار ئارقىلىق ئۇنى ئىنسانلاردىن ئەبەدىي ئايرىۋەتمەكچى بولۇشتى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك يوچۇقلىرى، قۇلۇپ تۆشۈكلىرىدىن بىر خىل پۇراق سىرغىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ پۇراق ئۆيلەرنى، كارىدورلارنى، قەسىرنى بىر ئالدى، قەسىردىن يامراپ چىقىپ دالىغا تارقالدى. بۇ شۇنداق ھاياتبەخش پۇراق ئىدىكى، كىشىلەرنىڭ روھىنى زىلزىلىگە سالاتتى. كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەبەدىي يوقالماي، روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئەزگۈ ھېسسىياتلىرىنى ئويغىتاتتى، ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى بىلەن كىشىلەرنى ماھىيىتىگە قايتۇرۇپ، ساختىپەزلىك، يالغانچىلىقلاردىن يىرگەندۈرەتتى. پۇراق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. قار - شىۋىرغان ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىشكە، يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇناتتى، ئەمما قار توختىغان كۈنلىرى ئۇ يېڭىباشتىن كۈچىيىپ، كۆڭۈللەرنى يوشۇرۇن بىر ۋەسۋەسىگە سېلىپ قوياتتى. شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازان قاتارلىق ئاساسلىق ئەزالىرى بىرىكمە ماددىغا ئايلىنىپ بولغان كىشىلەرلا بۇ پۇراققا بولغان قارشىلىق كۈچىنى ساقلاپ قالغانىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە ئالەملىك تارتىش كۈچى ۋە يىراقتىكى يۇلتۇزلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ كىچىك سەييارىنىڭ ئىچكى قاتلىمى ئۇزاق نورمالسىزلىقتىن كېيىنكى ئەسلىگە كېلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. خۇددى ئەسلىگە كەلگەن ھاياتىي كۈچ تۈپەيلى، ئادەم بەدىنىدىكى تۇسۇلۇپ قالغان

تومۇرلار ئېچىلىپ، قانلار يۇرۇشۇشكە باشلىغاندەك، سەييارىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ نورمال ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرغان غايەت زور ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىسسىق ماگمىلار، لاتقىلار ۋە گاز ئېقىملىرى ئاستا - ئاستا ئۆز يوللىرىغا چۈشۈپ، يۇرۇشۇپ تىنچلانماقتا ئىدى. كىچىك سەييارە كۈچلۈك سىلكىنىشكە موھتاج ئىدى.

ئاخىر بىر كۈنى، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن، قوغۇشۇندەك ئېغىر قارا بۇلۇت ۋە قويۇق ئىس - تۈتەك يوپۇرمىقى ئاستىدىكى شەھەرمۇ، شەھەردىكى ئادەملەرمۇ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان بىر مەھەلدە ئالەم گۇمران بولغاندەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلەش ئىچىدە يەر - زېمىن قاتتىق سىلكىنىپ يۇلقۇندى - دە، بىردەملىك زىلزىلىدىن كېيىن، تىمتاسلىق ئىچىدە قېتىپ قالدى. ھايات قالغان ئادەملەر ياتقان، يىقىلغان يېرىدىن ئۆملەپ قوپۇپ، قورقۇنچ، ئەجەبلىنىش ئىچىدە ئەتراپقا قاراشتى.

ئادەملەر يەنە بىر قېتىم خارابىلىك ئارىسىدا يالىڭاچ قالدى. بىراق ئۇلار قارىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى، ئاسماندىكى ئېغىر بۇلۇتلارنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، يەر - جاھاننىڭ باشقىچە يورۇپ، ئىللىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇلار ھېچقاچان كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان زەڭگەر ئاسماندا يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ يېنىشقا باشلىدى. بۇ مەنزىرە شۇ قەدەر گۈزەل، مۆجىزىلىك ئىدىكى، كىشىلەر ھەممىنى ئۇنتۇپ، تاكى ئاسمان نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا لىق تولغانغا قەدەر ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەي يۇلتۇزلار سۇسلىشىپ، يىراق ئۇپۇقتا مىسلىسىز ھەيۋەتلىك قىزىللىق پەيدا بولدى. بۇ قىزىللىق بارغانسېرى زورىيىپ، ئۇنىڭ تارام - تارام نۇرى پۈتكۈل ئاسماننى، زېمىننى ۋە كىشىلەرنى ئوت ئىچىدە قالغاندەك تۇسكە كىرگۈزدى. قىزىللىق تىترەپ تېخىمۇ نۇرلىنىپ، بىر ئۇلۇغ ھەرىكەتتىن بېشارەت بەرگەندەك قىلدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر

www.uyghurkitap.com



پارچە يۇمىلاق ئوت لوغۇلداپ كۆتۈرۈلۈپ، كۈچلۈك نۇرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايى ۋە ۋۇجۇدىدىكى بەتبەشىرىلىكلەرنى، خۇنۇكلۇكلەرنى شۇ قەدەر ئېنىق كۆردى. ئۇلار كۆزلىرىنى توسۇپ پىتىراپ قېچىشىپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا مۆكۈۋېلىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ نۇرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى ئىللىتىۋاتقانلىقىنى، ئايىغى ئاستىدىكى تۆمۈردەك قاتتىق يەرنىڭ يۇمشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمىدى.

قۇياش ھەر كۈنى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، نۇرىنى ئايىماي چېچىۋەردى. مەڭگۈلۈكتەك كۆرۈنىدىغان قار ـ مۇزلۇق چوققىلار بىردەمدىلا غايىب بولدى. كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قاتمۇقات قار- مۇزلار ئېرىپ، قاينام ھاسىل قىلىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئادەملەر دەھشەتلىك قاينام ئىچىدە ھاياتلىق ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشماقتا، بۇ رەھىمسىز ئېلىشىشتا ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلانماقتا ئىدى. سۇ يۈزىدە يەڭگىل سۇنئىي تاختايلاردىن ياسالغان ساللار پەيدا بولدى. ئۇلارنى ئەڭ يۈرەكلىك ھەم ئالىيجاناب ئادەملەر مىكىبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە، ھەتتا ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ياساپ چىققانىدى.

— ئالدى بىلەن ئاياللار بىلەن باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى! — ئۇلار شۇنداق دېيىشەتتى ۋە شۇنداق قىلاتتى. ئاياللار بىلەن باللارنى تارتىپ سۇغا چۈشۈرۈۋېتىپ، سالغا ئۆزى چىقىۋالىدىغانلارمۇ چىقىپ قالاتتى. ئۇلار ھەرقانداق شارائىتتا ماسلىشىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۆزىنى، ئۆز مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلىدىغان ئادەملەر ئىدى. بەزىلەر ھەتتا لەيلەپ يۈرگەن قانداقتۇر قىممەتلىك نەرسىلەرنى سۈزۈۋېلىش ئۈچۈن تېپىرلاپ يۈرۈشەتتىكى، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە پەرۋا قىلمايتتى. خۇددى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق

ئىنسانىيەتكە مەڭگۈ ھەمراھ بولغىنىدەك، يېڭى ئېرانىڭ ساللىرىدا ئالىيجاناب ئادەملەر بىلەن رەزىللەر بىللە ئىدى.
كۆنلەر، ئايلار ئۆتتى، ئادەملەر ھەربىر كۆننى نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىش بەدىلىگە ئۆتكۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاچلىق، كېسەللىك ۋە قاتتىق ئىسسىق ئادەملەرگە توختىماي چاڭ سالاتتى. سالىلاردا ئادەملەر بارغانسېرى ئاز قالدى. سۇمۇ ئاستا ـ ئاستا تىنجىپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئەڭ دەسلەپ يىراق ئۇپۇقتا خەنجەر ئۇچىدەك چوققىلار پەيدا بولدى…
زېمىن قايتا يارالماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئەڭ گۈزەل خاتىرە

(ھېكايە)

ئاپتوبۇس ئاشۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ تونۇش، توپىلاڭ بېكىتىگە كىرىپ كەلگەندە، قەلبىم چىداپ تۇرغۇسىز بىر خىل تەلپۈنۈش، ھاياجان ئىلكىدە قەپەستىكى قۇشتەك تېپىرلاشقا باشلىدى. مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم. بالىلىق دەۋرىمنى، ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل، شوخ داقلا ئەڭ مۇدھىش بىر مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ شەھەرنىڭ ھەر بىر تال گىياھ، تۇپرىقى كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق تۇيۇلۇپ، قەلبىمنى ئۆزگىچە نازۇك ھېسلارغا تولدۇردى. ئىككىنچى كۈنى مەن تولۇق بىر كۈننى سەرپ قىلىپ، بۇدۇر - بۇدۇر قوۋزاقلىق، قوچاق يەتكۈسىز قېرى تېرەكلەر بىلەن ئورالغان چاڭ - توزانلىق كوچىلارنى، شەھەرنى باغرىغا بېسىپ ياتقان زور ئەجدىھادەك تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاقىدىغان قەدىمىي دەريانىڭ قۇمساڭ قىرغاقلىرىنى، قويۇق سۆگەتلىكلەرنى ھارماي ئارىلىدىم. كىچىك شەھەرنىڭ ئۆزگىچە گۈگۈم پەيتى، ئۇتقاشتەك كەچكى شەپەق، دەريا يۈزىدە گويا كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمما تۇتقىلى بولمايدىغان ھېلىلە پەردىدەك جىمىرلاپ تۇرىدىغان سۇس تۇمان ··· ئەنە، نامازشام قۇشقاچلىرى شەپەق يۇققان قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ، كىشىنىڭ باش ئۈستىدىن چۇرۇقلىشىپ ئۆتمەكتە. سۆگەتلىك ئارقىسىدىن كالىنىڭ سوزۇپ مۆرىگەن ئاۋازى، پادىچى بالىنىڭ ھايت -

ھۆيتلىرى ئاڭلىنىدۇ، ئۆسمۈرلەرگە خاس جاراڭلىق ئاۋاز گۇگۇم پەردىسىنى تىترىتىپ، ھاۋادا بىلىنەر - بىلىنمەس ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ، ئارقىدىن ئەتراپ مۈگدەۋاتقاندەك چەكسىز جىمجىتلىققا چۆكىدۇ ... بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ قەلبىمدە شۇنچە روشەن ساقلانغان، چۈشۈمدە قانچە رەت تەكرارلانغان بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدا ئەكس ئەتمەكتە. ئەمما ئاشۇ سەبىي دىللار، خۇشخۇي كۈلكىلەر، كىچىككىنە يالاڭ ئاياغلارنىڭ نەم قۇم ئۈستىدە قالدۇرغان ئىزلىرى، قۇمدىن ياسالغان «شەھەر»، «باغلار» قېنى؟

ئاجايىپ ھاياجانلىق ھېسسىياتلار ئىچىدە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ گۈزەل خاتىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ساۋاقدىشىم مېھمانخانىغا مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. يىللار ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، كۈلۈپلا تۇرىدىغان كەپسىز بالىنى ئوتتۇرا بوي، ئىسسىق چىراي، تەمكىن بىر ئەر كىشىگە ئايلاندۇرغان، جەنۇبلۇقلارغا خاس قارامتۇل پېشانىسىدە، يېقىملىق چاقناپ تۇرىدىغان كىچىكرەك قارا كۆزلىرى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ يول - يول ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى. ئۇ ھازىر شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن، بىز ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ قوشنىسى — ئەينى يىللاردا بىزنىڭ ئائىلە بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ يۈرگەن بىر كىشىنىڭ مەندە بەكمۇ زۆرۈر ئىشى بار ئىكەن، ئۇ كىشى بولسا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاۋېتىپتۇ.

— ئۇ ... ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم سەل گاڭگىرىغان ھالدا.

— ھادى ئاخۇن.

بىر پەس ئىككىلىنىشتىن كېيىن، ئۇ يېزىغا ئەتىسلا

www.uyghurkitap.com

بېرىشقا ۋەدە قىلدىم. ساۋاقداشلىرىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن مېھمانخانىنىڭ پۈرژىنىلىق كارىۋىتىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. قىزىق، بۇ يەردە ماڭا تەقەززا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرنەچچە كۈنلۈكتىلا قالغان بىر كىشى بار ئىكەن. ئەتە ئۇنى چوقۇم يوقلايمەن. ئەمما ئۇ زادى كىمدۇ؟ ھادى ئاخۇن؟ ··· ھادى ئاخۇن؟ ··· خىيالىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆز ئالدىمدا مىس رەڭ چىرايىنى ئېرىقچىلاردەك چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇزۇن بۇرۇتى ئېسىلىپ تۇرىدىغان بىر سۈرلۈك قىياپەت خىرە ــ شىرە پەيدا بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتىرەمدىكى ئاشۇ چىرايغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر ــ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى دادام مۇشۇ شەھەردىكى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ بىزگە نىسبەتەن كۆڭلىرى تۆگمەس يىغىن، خىزمەت ئىچىدە ئۆتىدىغان قاتتىق قول دادا ئىدى. بىر دۆلەتمەن ئائىلىدە ئۆسكەن، ئائىلىنىڭ بارلىق ئۆرپ ــ ئادەت، ئەنئەنىلىرىگە ھېلىھەم رىئايە قىلىدىغان دادامغا «گەپ تېپىپ بىرىشتىن قورقۇپ» تۇرۇپمۇ، كۆڭنىگە بىرنەچچە ۋاقلىق نامازنى قولدىن بەرمەيدىغان ئانام بولسا دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئانا. ئۇنىڭ بالا دېسە، مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆز ياشلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانىلىق مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. بىز ئاشۇ مېھرىبان ئانام بىلەن قۇچىقىدا ئېغىناپ چوڭ بولغان جەننەت كەبى ماكان بالىلىق ئەسلىمىلىرىمنى ھەسەن ــ ھۈسەندەك تاۋلىنىپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن نۇرلارغا ۋە ئاجايىپ سېھرىگە چۈمۈلدۈرگەنىدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىز ئولتۇرۇشلۇق ئىدارە ئەسلىي مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ بىر باينىڭ بېغى بولۇپ، «پولات تاۋلاش» تا دادامنىڭ پۈت تىرەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن

دەل ـ دەرەخلەرگە كۆپ زىيان يەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياخشى باشقۇرۇلغىنى ئۈچۈن، بۇ باغ ھۆسنىنى يوقاتمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. بالىلىق چاغلىرىم دەل ئەنە شۇ دەۋرلەرگە توغرا كەلگەنىدى. كۆزۈمنى يۇمساملا خىش ياتقۇزۇلغان تار يوللارنىڭ ئىككى يېقىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈللۈكلەردە بوي ـ ھۆسن تالىشىپ تۇرۇشقان پىيالىدەك چوڭلۇقتىكى ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، سېرىق گۈل، مودەن گۈل ۋە يەنە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئاللىقانداق گۈللەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. باغدىكى دەل ـ دەرەخ ۋە گۈللەرنى ئاشۇ كىشى — مىس رەڭ چىرايىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، ئۇزۇن بۇرۇتى قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدا ئېسىلىپ تۇرىدىغان باغۋەن باشقۇراتتى. باغۋەن بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا بىزگە نامەلۇم بولغان يېقىنچىلىق، دوستلۇقتەك بىر نەرسە بار ئىدى. مەن، دادام بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان جايىدىن ئۆتۈپ قالغان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ياش كۆچەتلەر ياكى ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ چوڭقۇر سالام قىلىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئەلۋەتتە، داداممۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئالاتتى. ئۇ تېخى ۋاقىت تاپسىلا، گۈللۈك ياكى كۆچەتلىككە كىرىۋېلىپ، باغۋەن بىلەن گۈل كۆچۈرەتتى. مېۋىلىك دەرەخ ئۇلايتتى ياكى بوۋاينىڭ ئەپچىل كەتمىنىدە گۈل توپىسىنى يۇمشىتاتتى. ھېرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ، بىللە تاماكا چېكىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن باغۋەننىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەتتىم. ئىلگىرى ئۇنىڭ قورۇقلىرى يېشىلىپ، ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن چىرايىنى، كۈلكىسىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە، ھېسسىياتسىز سۇرلۇك ياغاچ ئادەم، مەخسۇس كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇشقىلا

www.uyghurkitap.com

يارالغان غەلىتە «مەخلۇق» ئىدى.

بىز ئىدارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خېلىلا كونىرىغان ئۈچ ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. ئۆيىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە ئەتراپى پاكار ـ پاكار چاتقاللار بىلەن ئورالغان كۆل، يەنە بىر تەرىپىدە تۇتاش كەتكەن گىلاسلىق بولۇپ، ئىشىك ئالدىمىزدىن گىلاسلىققا ياندىشىپ ئۆتكەن تار يول باغقا تۇتىشاتتى. گىلاس شاخلىرى ۋە قويۇق دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ تارغىنا يولنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ھەر يىلى باھاردا دەسلەپكى چېچەك بىلەن تەڭ ئىچىمگە بىر جىن كىرەتتى. ھەر كۈنى يېپەكتەك يۇمشاق تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئىككى يىقىمدىكى، باش ئۈستۈمدىكى بۇلۇتتەك ئاپپاق، قىزغۇچ چېچەكلەرگە قاراپ تويمايتتىم. كۆزۈمنى ئۇزۇشكە، پۇتۇمنى يۆتكەشكە قىيمايتتىم، ئىچىمدىكى جىن: «ئۇز، ئۇزۇۋال، قانغىچە ئۇزۇۋال» دەيتتى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپىمغا قارىۋېتىپ، تىترىگەن قوللىرىم بىلەن ئاپپاق چېچەكلەردە بېزەلگەن ئىنچىكە نوتىنى شارتتىدە سۇندۇرۇۋالاتتىم ـ دە، كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىگە، پۇرمىلىرى ئارىسىغا ياكى يېڭىمگە تىقماقچى بولاتتىم. نېمىشقىدۇر ھەر قېتىمدا ئاشۇ سۇرلۇك بوۋاي ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. ئۇ تىللىمايتتى. ئۇرمايتتى، پەقەت تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ئۇنىڭ بۇرۇتلىرىغا قاراپلا قورققىنىمدىن دىر ـ دىر تىترەپ، قولۇمدىكى چېچەكنى ئاستىلا تاشلايتتىم ـ دە، ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي تىكىۋېتەتتىم. بۇ ئەھۋال ياز بويى تەكرارلىناتتى. چېچەك ئۈزمەي تۇرالمىغىنىمدەك، گۈللەرنىمۇ ئۈزمەي چىدالمايتتىم. ھەر ئۈزگىنىمدە دەستە ـ دەستە ئۈزۈۋالاتتىم، بوۋايمۇ ھەر قېتىمدا مېنىلا پايلاپ تۇرغاندەك يېتىپ كېلەتتى. نېرى كېتىۋېتىپ ئىچىمدە: «ئۆلمەيدىغان قېرى، يەتتە باشلىق يالماۋۇز!» دەپ تىللايتتىم. پەقەت ئۆيىمىز

بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ ئالمىغىلا ئۇنىڭ چىشى پاتمايتتى. ئەمما، ئۇ «بىزنىڭ ئالما» بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچقايسىمىز چېقىلمايتتۇق. ھەممىمىز بىرلىكتە يەتتىنچى ئاينى ـــ ئالما پىشىدىغان مەزگىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتۇق. ئۇ مەزگىل بەكمۇ ئاستا، ئەمما تۈيۈقسىز يېتىپ كېلەتتى. كۈتۈپ ـ كۈتۈپ زېرىككەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئەتىگىنىلا ئۆي ئىچى، كۆل بويى پىشقان ئالما پۇرىقىغا تولۇپ كېتەتتى. ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، ئوچۇق دېرىزە تۈۋىدە ئالمىلارنىڭ «توك»، «توك» قىلىپ يەرگە چۈشكىنىنى، كۆكاتلار ئارىسىغا يۇملاپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ياتاتتىم. ئەتىگىنى كۆپىنچە كۆلگە چۈشكەن بىرەر ئالمىنىڭ «چولتوك» قىلغان ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئورنۇمدىن سەكرەپ قوپۇپ، دېرىزىدىنلا تالاغا چۈشەتتىم ـ دە، شەبنەم باسقان ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن بىر ئېتەك ئالما تېرىۋالاتتىم. بۇنداق كۈنلەردە باغۋەننى ئۇچراتسام، قولۇمدىكى ئالمىنى قەستەن بىرلا چىشلەپ يەرگە ئاتاتتىم ـ دە، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، گىدەيگىنىمچە ئۆتۈپ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولاتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ مېنى يەنىلا بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، يول بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە يىغىپ قويۇلغان بىر مۇنچە ئالما (ھەممىسى چالا يەپ تاشلانغان ئالما ئىدى) نى كۆرسىتىپ: «قىزىم، يامان بولىدۇ. خۇدانىڭ نېمىتىنى بۇنداق خارلىساڭ، يامان بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ نەسىھەت قىلماقچى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپلا چىقتىم ـ دە، بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ: «ئۆلمەيدىغان پىشىق قېرى، سېسىق ئالمىلارنى گۆرۈڭگە ئېلىپ كېتەرسەن!» دەپ تىللىۋېلىپلا قاچتىم. دەل شۇ پەيتتە دادام قارشى تەرىپىمدىن كېلىۋېتىپتىكەن، قولۇمدىن كاپپىدا

www.uyghurkitap.com

تۇتۇۋېلىپ، كاچىتىمغا بىرنى سالدى. شۇ چاغدا تاياق زەربىسىدىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ، بېشىم ۋىڭىلداپ كەتتى. ماڭا دادامنىڭ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ھەممىدىن دەھشەتلىك بىلىنگەنىدى. ئۆمرۈمدە دادامدىن تۇنجى قېتىم يېگەن بۇ بىر كاچات مېنىڭ باغۋەنگە بولغان ئاداۋىتىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. مەن خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭدىن جىندىن قاچقاندەك قېچىپ يۈردۈم.

ئەمما دۇنيادا بالا قەلبىدەك كىرسىز ھېچنەرسە بولمىسا كېرەك. بىر كۈنى باغ ئېرىقىنى تازىلاۋاتقان باغۋەننىڭ يېنىدا توپا ئويناپ ئولتۇرغان ئون ياشلاردىكى بىر قىز بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، يولۇمدىن چېپىپ توختىدىم. ئاق سېرىقتىن كەلگەن، كۆل سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان، ئالۇچىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى سەل دۇمسايغان كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك بۇ ئوماق قىزنىڭ تېرىسى سۈتتەك ئاق بولۇپ، خىيالىمدىكى كىچىك پەرىشتىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئاستا يېنىمغا كەلدى. مېنىڭ ئۆزىگە سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، توپىغا پاتقان نازۇك، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى يوشۇردى. توپا ھەم كۆكات شىرنىسى بىلەن بويالغان قوللىرىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سۈرتتى.

— ئوينامدۇق؟ — دېدىم مەن. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن باش لىڭشىتتى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ باغۋەننىڭ ئانىسىدىن كىچىك قالغان يالغۇز قىزى مېنىڭ ياخشى دوستۇم ۋە ئائىلىمىزنىڭ دائىملىق ئەزاسىغا ئايلاندى، ئاناممۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى جۆندەپ بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مېنىڭ دەۋىتىم بىلەن ئۇ يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىلىش سەۋەبىدىن توختاپ قالغان ئوقۇشىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىككىمىز تېخىمۇ ئايرىلماس بولۇپ

كەتتۇق. شۇ جەرياندا مەن ئۇلارنىڭ كۆل بويىدىكى كىچىككىنە ئۆيىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ باغۋەننىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە — بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ قىزىنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرەتتى. باشقىلارنىڭ ئۇنى «نۇسرەتگۈل» ياكى «نۇسرەتخان» دېمەي، ئىسمىنى تولۇق چاقىرىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. قىزى بىلەن مۆكۈشمەك، تاش تەرمەك ئوينايتتى. بىر قېتىم تېخى ئۇ نۇسرەت ئىككىمىزنىڭ قونچىقىغا چىرايلىققىنە بىر كىچىك بۆشۈكمۇ ياساپ بەرگەنىدى.

بەخت قۇچىقىدا غەمسىز ئۆتكەن باللىق دەۋرىم ئاشۇ بىر يىلى كېچىسى دادامنىڭ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. كۆپ ئۆتمەي ئىسسىق ئۆيىمىزدىن قوغلىنىپ موھتاجلىق، سەرسان - سەرگەردانلىق بىلەن تولغان تىنچسىز ھايات كوچىسىغا تاشلاندۇق. شەھەر چېتىدىكى ئەسكى تاملىق كوچىدىكى ئېغىلدەك تار ئۆيدە قىستىلىشىپ، بىر - بىرىمىزنىڭ ھارارىتى بىلەن سوغۇق ئازابىنى بىردەملىك يېگىشنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بەخت ھېسابلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆيىمىزنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىقى، گىلەم، كىگىز، يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنىڭ ئىسيانچىلارغا تۇشەك بولغانلىقى، تېخى بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى دادامغا «ساداقەتمەنلىك» تىن قەسەم ئىچىشكە تەييار تۇرغان ئەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ بوسۇغىمىزدىن ئاتلاشنى ئەڭ زور ئابرۇي بىلىدىغان خانىملىرىنىڭ دادامنىڭ دىراپ پەلتوسى ۋە ئانامنىڭ سۆسەر جۇۋىسىدىن قىلچە تەپتارتماي بەھرىمەن بولۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ خەۋەرنى ئاشۇ باغۋەن يەتكۈزگەن ھەم قالغان - قاتقان كونا - يېڭى قىشلىق كىيىملىرىمىزدىن قولىغا چىققىنىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، بىزگە ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە قايتا ئاياغ بېسىش نېسىپ بولمىدى. ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتتى. نى ـ نى ئۆزگىرىشلەر بولدى. نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن كۆتۈرۈلدى. نىمە قىلغۇلۇق، ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكەن، بوراندا ئۇچقان قامغاق ـ تىكەندەك ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ بىر يەرلەردە يىلتىز تارتىپ قالىدىكەن. ئۆتمۈشنى، مەيلى ئۇ قىپقىزىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، ياكى قايغۇ ـ ھەسرەت داغلىرى بىلەن تولغان بولسۇن كەينىگە تاشلاپ، ھامان ئەتىگە، يېڭى ـ يېڭى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرگە ئىنتىلىدىكەن ··· ئاشۇ باغۋەن بۈگۈن قانداق تۇرۇۋاتىدىكىن؟ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ، يەنە قانچە باغلارنى بەرپا قىلدىكىن؟ ئۇنىڭ ھېلىقى پەرىشتىدەك گۈزەل قىزىچۇ؟ ئۇ بەختلىك بولالىدىمىكىن؟···

ساۋاقدىشىم مېنى ئەتراپى پۇختا چىتلانغان چوڭ بىر باغلىق ھويلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئىككى قوۋۇقنىڭ ئارىسىدىن قولىنى تىقىپ ئىشىكنى ئېچىش بىلەن تەڭ، ئالدىمىزغا ئېتىلىپ كەلگەن يوغان سېرىق ئىتنى ھەيدىۋېتىپ، مېنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

ياھ، يەنە بىر جەننەت، تار قومساق يولنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان، ئۈزۈمغا سوزۇلغان ئۈزۈم بارىڭى، كەھرىۋادەك سارغىيىپ پىشقان ئۈزۈملەر، باراڭلىقنىڭ ئىككى يېقىدىكى قويۇق مېۋىلىك دەرەخلەر، قوشلارنىڭ يېقىملىق چۇرۇقلاشلىرى، دىماقتا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان گۈل ۋە مېۋە پۇراقلىرى ··· ئۈزۈن ئايرىلىپ كەتكەن قەدىم جايلىرىمغا قايتىپ كەلگەندەك ھاياجان، تەقەززالىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن، مانا يېشىل كارىدور ئاخىرلاشتى. يېزا پاسونىدىكى ئاددىيغىنا ئۆي، ئۆيگە يانداش باراڭلىق ئازادە سۇپا، گۈللۈك سۇپىدا، قېلىن چىت كۆرپىدە ئېگىز تەكىيەلەرگە يۆلىنىپ ياتقان بوۋاي بىزنى كۆرۈپ قوزغالدى. ئۇ چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن دەسلەپتە ھەمراھىمغا، ئارقىدىن ماڭا ئۈزۈۋقىچە سەزگۈرلۈك بىلەن تىكىلدى. ئاھ، شۇ

تونۇش چىراي، پەقەتلا بۇرۇنقى قىزىللىقىنى ئەبەدىي يوقاتقان، قاڭشىرى قىڭراقتەك ئىنچىكىلەپ، ئۇچلۇق ئېڭىكى يەنىمۇ سوزۇلغان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇچتەك ئاقارغان ...

— ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا، هادى ئاخۇن ئاكا؟ — ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. بوۋاي خۇددى مېنىلا ساقلاپ ئولتۇرغاندەك:

— هە ... هىم، راخمان ئاخۇننىڭ قىزىمسەن؟ قايسى قىزى بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— هېلىقى ... چېچەك ... گۈل ئوغرىسىچۇ ... سىلىنى تولا خاپا قىلىدىغان.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاش يېقىملىق ئۇچقۇنلار خىرە چاقنىغاندەك قىلىپ قالدى. ئۇ بىزنى سۈپىغا تەكلىپ قىلغاچ سەل رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، مەن بىلەن ئەهۋاللىشىشقا باشلىدى:

— ئەلاخان ساق تۇردىمۇ؟ ئۆزى تېتىك دېگىن، توۋا، خاپىلىققا چىڭ چىقىپتۇ، بۇمۇ ئالتە بالىنىڭ بەخت - پېشانىسى ... راخمان ئاخۇنغا سەككىز يىل بولاي دېدىغۇ دەيمەن، رەهمەتلىك ياش كېتىپتۇ، «يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۈن» دېگەن راست ئىكەن ... ئەينى يىللاردا...

دۇنيادىكى قېرىلارنىڭ هەممىسى ئوخشاش بولارمىكىن، ئۇلار ئۆتكەن كۈنلىرى توغرىسىدا ئاغزى ئېچىلسىلا يۇمۇلمايلا قالىدۇ. مەن بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلمەي چىدالمىدىم:

— تاغا، نۇسرەتخانچۇ؟ ئۇمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟

خۇددى ماڭا بېرىلگەن جاۋابتەك باغ ئىشىكى شىرىقلىدى، ئىتنىڭ ئەركىلەپ غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. هايال ئۆتمەي قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان يولدىن تولا يۇيۇلۇپ ئۇڭۇپ كەتكەن قىزىل ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، سۇس يېشىل ياغلىقىنى قولىقىنىڭ كەينىدىن چىگكەن، زىلۋا ياش ئايال چىقىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com



دۈمبىسىدە بەش ياشلاردىكى ئوغۇل بالا، بىر قولىدا بىر قۇچاق كەلگۈدەك ئوت - چۆپ. ئۇ، قولىدىكى ئوتنى تاشلاپ، بالىنى يەرگە چۈشۈردى. تال - تال كىرپىكلىك، ئاق - قارىسى ئېنىق ھەم تېگى - تېگىدىن سۈزۈك كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە ئىتتىك - ئىتتىك يېقىنلاپ كەلدى. مەنمۇ قوللىرىمنى قۇش قانىتىدەك كېرىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدىم ... ئۇ يەنىلا شۇنداق گۈزەل ئىدى. پەقەتلا سەل - پەل ئولتۇرۇشقان سۈرمە تارتقاندەك كۆكۈچ قاپاقلىرى كۆز دائىرىسىنى يەنىمۇ چوڭايتقان، سۆز - ھەرىكەت ۋە چىراي ئىپادىسىدە بىر خىل چوڭ سۈپەت، تەمكىنلىك قارار تاپقانىدى. ئەمما ئۇ پۈتۈن تۇرقى بىلەن كىشىگە پۈرەكلەپ ئېچىلغان گۈلنى ئەمەس، ئېچىلا - ئېچىلماي ئۈششۈك تېگىپ، سولىشىپ قالغان گۈلنى ئەسلىتەتتى. تومۇرلىرى كۆپكەن، ئىنچىكە يىرىك بارماقلىرى، قىيغاچ قاشلىرىنى ئۆچۈرغاندا، سىپسىلىق پېشانىسىدە پەيدا بولىدىغان ئۇزۇن ئىككى - ئۈچ تال قورۇق ھەم چېكىسىدىكى ۋاقىتسىز ئاقلار بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايتتى. ئاشۇ كۆزىتىشلىرىم بىلەن تەڭ كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق ناخۇش ئويلار غىل - پال سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى.

— قىزىم، مېھمانلار كەلگىلى نەۋاق، ئۇسساپمۇ قالغاندۇ؟ قېنى، داستىخاننى سال، مېۋىلەردىن ئېلىپ چىق. بۈگۈن بىز قىلىشىدىغان پاراڭ كۆپ تېخى...

باياتىن بېرى مەندىنلا ئەھۋال سوراپ، ئۆزى ھەققىدە تېخى ئېغىز ئاچمىغان نۇسرەت ماڭا تارتىنىشقاندەك كۈلۈمسىرەپ بىر قارىدى - دە، لىككىدە تۇرۇپ، ئۈستى بورا بىلەن يېپىلغان يازلىق ئاشخانا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي بولسا، تەكىيەگە يۆلەنگىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ھايال ئۆتمەي ئىنچىكە ئۈشقىرتىش قوشۇلغان رىتىملىق خورۇلداش ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى. ئاشخانا تەرەپتىن سۇنىڭ شىرىقلاپ تۆكۈلگەن ئاۋازى،

چىنىلەرنىڭ غۇچۇرلاشلىرى ئاڭلىناتتى. بۇرجەكتىن گاھ ئەتلەس كۆڭلەك، گاھ ھېلىلە ياغلىقنىڭ بىر بۇرجىكى لەپپىدە كۆرۈنۈپ قالاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان ھەمراھىم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، پات - پات ئاشخانا تەرەپكە قارايتتى. نۇسرەت مىس لېگەننى كۆتۈرۈپ باغقا كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن توشقۇزۇپ چىقتى. ۋاي - ۋۇي ! ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تېتىشقا، ھەتتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان مېۋىلەر — قوش مۇشتتەك بولۇپ سارغىيىپ پىشقان سۇلۇق ھەم گۆشلۈك شاپتۇللار، پوستىدىن ھەسەل تەپچىپ تۇرىدىغان ئۈزۈم، ئالما، ئالگىرات، ئەينۇلىلار ··· مەن تەكەللۇپ - تۇزۇتلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بالىلارچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن چوڭ - چوڭ بېقىشقا باشلىدىم. يامداپ يېگەن شاپتۇلنىڭ سۈيى ئېغىزىمدىن ئېڭىكىمنى بويلاپ ئاقاتتى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى گويا ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى چېچەك ئۈزۈپ، مېۋە ئوغرىلاپ يەپ يۈرگەن كىچىككىنە كەپسىز قىز بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزەتتىم.

* * *

قۇياش يىراقتىكى تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. تەكلەر، دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى قويۇقلاشتى، سەلكىن شامال گۈل، مېۋە پۇراقلىرىغا نەم توپىنىڭ، چىرىگەن قىغنىڭ پۇراقلىرىنى قوشۇپ ھەممە يەرگە تارقىتاتتى. ئېرىق بويلىرىدىكى قىياق، يالپۇز، سېسىق ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى، سەل نېرىدىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. نۇسرەت ئېتىپ ئەكىرگەن يۇمغاقسۈتى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان چۆچۈرىنى ئىچىپ بولۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگىنىمىزدە، ئاسماندا دەسلەپكى يۇلتۇزلار پەيدا بولغانىدى. ئوغۇل بالا بوۋىسىنىڭ يېنىغىلا دوم يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

نۇسرەت قاچا ـ قومۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، بالىسىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇردى. بوۋاي گەپنى بەكمۇ ئۇزاقتىن، قىران، ياش چاغلىرىدىن باشلىدى. بىر قېتىم چوڭ بىر باغقا سەيلىگە بېرىپ، باغدا ئويناپ يۈرگەن 15 ـ 16 ياشلاردىكى چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىنى كۆرگەنلىكىنى، كىمنىڭ بالىسىدۇ، دەپ زوقلىنىپ ياندۇرۇپ قارىغىنىدا، بالىنىڭ تۇمىقى تېگىگە پاتماي چۇۋۇلۇپ قالغان چىگىلەك چاچلىرىنى، بەقەسەم تونىنىڭ بەلبېغىدىن سەل يۇقىرىسى گۆشگىردە تىقىۋالغاندەك يومپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىنى ... ئاخىرى، بىر ئاخشىمى باغۋەننىڭ ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋالغان ئاشۇ قىزنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى، كېيىن قىزغا باشتا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قېيىنئاتىسىنىڭكىدىن كاتتا بىر باغ بىنا قىلغانلىقىنى، ئەمما ئايالىنىڭ ئۇ كۈنلەرگە ئۇلىشالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق مۇھەببىتىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھقا بېغىشلىغانلىقىنى ... سۆزلەپ كەتتى. پەقەت نۇسرەت بىر نەچچە قېتىم بوشقىنا: «دادا، دادا!» دەپ قويغاندىن كېيىنلا: «ئاھ، خۇدا!» دەپ ئۇزۇن خورسىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، گەپنى يۆتكىدى.

— شۇنداق، راخمان ئاخۇن ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىت ئىدى. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ دېگەننى جېنىدەك كۆرەتتى. قاچانكى ئۇ كەتتى، باغنىڭمۇ پەيزى ئۇچتى. تۇۋا، شۇ گۈللەر نىمە گۇناھ قىلىپتىكىن، ھېلىقى يىڭنىگە پەتتە تاقىۋالغان قۇلاق كەستىلەر چەيلىنىۋېتىشتى. بىر كۈنى، يېڭى باشلىقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھاجەتخانا تازىلاۋاتسام، ئاۋۋال راخمان ئولتۇرغان ئۆيلەرنى تازىلىۋەتسۇن، مېھمان كۈتۈش قىلىدىكەن، دېگەن بۇيرۇق كېلىپ قالدى. بارسام ئەلاخان ياغ قويۇپ يالىغۇدەك قىلىپ پارقىرىتىپ ئولتۇرىدىغان ئۆي ئەخلەتخانىغا

ئايلىنىپتۇ. بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا نىجاسەت، ساق بىر كۈن تازىلىدىم. كەچتە ئەخلەتلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئەسكى لاتا - پېتىلەر ئارىسىدىن ئەپچىلگىنە پاختىلىق چاپانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بوۋاق بالىنىڭ نىمكەش بولغان چاپىنىكەن، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. ھەممىڭلار مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغان - دە، توپىسىنى پاكىز قېقىپ، ئۆيۈمدىكى ساندۇقنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويدۇم، شۇ قويغانچە ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. نۇسرەتخان ئەرگە تېگىپ يەڭگىگەن يىلى ساندۇقنى ئاختۇرسام، قولۇمغا ئاشۇ چاپان چىقىپ قالدى، بالاڭغا كىيگۈزەرسەن، دەپ ئاپىرىپ بەردىم. كىم بىلسۇن، بالا ئەتىسى يۆگۈرۈپ كەلدى، دىدارىدا قان يوق ··· مېنى ئۆيگە تارتىپ كىچىككىنە بىر خام تۇگۇنچەكنى ئېچىپ: «ئاخشام چاپاننىڭ تېشىنى يۇيۇپ ئوڭلاي دەپ سۆكسەم، ئىچىدىن چىقتى» دەيدۇ. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، بىر مۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلار! مۇنچە كۆپ بايلىق ئاشۇ ئەلاخاننىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى! «ئاغزىڭنى مەھكەم تۇت، ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، ھارام بايلىق جاننىڭ دۈشمىنى، بۇ بىزگە ئامانەت، خۇدانىڭ ئامانىتى» دېدىم. شۇ ئىشقا مانا نەق بەش يىل بولدى، شۇنىڭدىن بېرى بىر كېچە ئارامىمدا ئۇخلىغان بولسام ئىدى ··· بەزىدە ھەتتا: «ئەلاخان بۇ نەرسىلەرنى نېمە دەپ بۇ ئەسكى چاپانغا تىكىپ قويغان بولغىيدى. مەن ئەخمەقمۇ نېمىدەپ بۇ چاپاننى ئۆيۈمگە ئەكىرىپ يۈرگەن بولغىيدىم؟» دەپ ئەلاخاننىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئەيىبلەپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم بولدى ··· خەير، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سەنمۇ ئۆز ئايىغىڭدىن كېلىپ قاپسەن، مانا ئەمدى خاتىرجەم ئۆلىدىغان بولدۇم، ئۇ ئالەمدە راخمان ئاخۇننىڭ چىرايىغا قارىيالايدىغان بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

بوۋاي ئۇزاقىچە يۆتىلىپ، خىرقىراپ كېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. نۇسرەت بەرگەن ئىسسىق چاينى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئۇزۇن يول بېسىپ ئاخىرى مەنزىلگە يەتكەن يولۇچىدەك ئۆزىنى تەكيىگە تاشلىدى ـ دە، ئىغىر ـ ئىغىر تىنىپ جىم بولۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، بىر تال قۇرۇپ قالغان شاخقا ئوخشايدىغان قوللىرى بىلەن بوشقىنا ئىشارەت قىلىۋېدى، نۇسرەت ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، هايال ئۆتمەي كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ چىقتى. ئالدىمغا كېلىپ ئىككى قوللاپ ماڭا سۇندى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن تۈگۈنچەكنى ئېلىپ يەشتىم. زىبۇ ـ زىننەتلەر شەپەق نۇرىدا ۋاللىداپ چاقناپ كەتتى، بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ سۇنىك شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقاردى. ئالتۇن بىلەزۈكلەر، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر، ياقۇت كۆزلۈك پەيپەيزىلەر ... ئاھ، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىچارە ئانامنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىغان، هەربىر قىز چىقىرىپ، ئوغۇل ئۆيلىگەندە، ئۇنى بىرەر ئايلارغىچە سارغايتىپ، ئورنىدىن قوپالماس قىلىپ قويىدىغان بۇ تەۋرۈك نەرسىلەر مانا قولۇمدا. ئەمما، شۇ تاپتا ئاجىز ئاتا ـ بالا ئالدىدا بۇ نەرسىلەر نېمىشقىدۇر شۇنچىلىك، شۇنچىلىك ئەرزىمەس كۆرۈنەتتىكى...

* * *

«دېمىم سىقىلىدۇ» دەپ نەۋرىسى بىلەن هويلىدىلا يېتىپ قالغان بوۋاي خېلىغىچە توختىماي يۆتەلدى. كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغۇدەك دەرىجىدە بوغۇلۇپ خىرقىرىدى، خىرقىراش كۈچلۈك هاسىراشقا ئايلىنىپ، بارا ـ بارا جىمىپ قالدى. هەممە ياق جىمجىتلىققا چۆككەندىن كېيىنمۇ، ئۇزاققىچە ئۆيقۇم

كەلمىدى. باغ بوشقىنە گۈرۈلدەيتتى. تامدا ئاي شولىسى تىترەيتتى. باش تەرىپىمدىن تارقىلىۋاتقان نىمىنىڭدۇر مەست قىلغۇچى خۇش پۇرىقى بېشىمنى سەل ئايلاندۇرغاندەك، نىمىنىدۇر ئەسكە سالغاندەك بولاتتى. مەن ئۆرە بولۇپ ياستۇقنىڭ ئاستىغا قول سالدىم ـ دە، قولۇمغا ئۇرۇنغان بىر تۇتام ئۇسۇملۈكنى ئاستا بۇرنۇمغا ئېلىپ باردىم. رەيھان! كۈچلۈك هاياجاندىن يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولدى. كۆزلىرىمگە لىقققىدە ياش كەلدى. بىر تۇتام رەيھان گۈل ··· كىچىك ۋاقىتلىرىمدا نۇسرەتلەرنىڭ كۆلنىڭ ئېرىقى چېتىدىكى ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇ داۋاملىق ياستۇقۇمنىڭ تېگىگە ئەنە شۇنداق بىر تۇتام رەيھان گۈلنى قويۇپ قوياتتى ۋە ماڭا: «رەيھاننىڭ پۇرىقى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، هاشاراتلارنى قوغلايدۇ» دەيتتى.، مانا بۈگۈنمۇ ياستۇقۇمنىڭ تېگىدە بىر تۇتام رەيھانگۈل، ئاھ···

مەن بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن نۇسرەتكە چوڭقۇر مىننەتدارلىق ۋە مېھىر بىلەن تىكىلدىم. دېرىزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇتتەك ئاي نۇرى ئەمدى يەردىكى چىپار گىلەمگە، گىلەم ئۇستىدىكى ئورۇندا ياتقان نۇسرەتنىڭ سۇتتەك جامالىغا گويا كۈمۈشتىن بىر قەۋەت هەل بەرگەنىدى. بويۇن، مۇرە ۋە بەللىرىگە تاشلانغان ئىككى ئۆرۈم چېچى خۇددى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان ساھىبجامالنى چىرمىۋالغان يوغان يىلاندەك كۆرۈنەتتى ··· بۇ خىيالىي مەنزىرە نېمىشقىدۇر يۈرىكىمنى سىقىپ، بايا كۆڭۈل ئېكرانىمدا غىل ـ پال كۆرۈنگەن كۆلەڭگىسىز خىياللار كۈچلىنىپ قالغاندەك بولدى. بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىكى جانجىگەر دوستۇم، بىر تۇغقىنىمدەك دىلىمغا

www.uyghurkitap.com

يېقىن بۇ چوكانغا بولغان كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. ئۇ نېمىشقا يالغۇز؟ پېشانىسىدىكى ۋاقىتسىز قورۇقلارنىڭ ئاستىغا نېمە قىسمەتلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ مەن بۇلارنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. بىلمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن كېتەلمەيتتىم، راستتىنلا كېتەلمەيتتىم. ئۇزاق ئىككىلىنىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ئېغىز ئاچتىم:

— سىڭلىم، بالىنىڭ دادىسى بىر ياققا كەتتىمۇ؟

— ھەئە.

— نەگە؟

— تۈرمىگە.

— تۈرمىگە، نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى، ئوغرىلىق قىلغاچقا ... قانداق قىلاي، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، تارتماي نېمە ئىلاجىم؟ — نۇسرەت بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — بوستان ئاچا، مەن ئەسلى بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. ئەمما ... سىزگە دېمىسەم بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ ھال ـ مۇڭۇمغا ئورتاقلىشىدىغان ئانام، ئاچا ـ سىڭلىم بارمىدى مېنىڭ؟ سىزگە ئىچىمنى تۆكۈۋالاي، چۈشىنەرسىز، جېنىم ئاچا...

* * *

ئاشۇ تۈگۈنچەكنى تېپىۋالغانلىقىمىزدىن دادامدىن باشقا يەنە بىرسى — مېنىڭ ئېرىم قادىر خەۋەردار ئىدى. دادام ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن سىلەرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن، سەپەرگە تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ، سەللىمازا بولۇپ كېتەلمىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ مەن

بولسام ئاجىز مەزلۇم كىشى، قادىر تېخى ··· دادام سىلەرگە نەچچە پارچە خەت يازدۇردى. خەتنى سېلىش ئۈچۈن قادىرنى ئاتايىتەن ناھىيەدىكى پوچتىخانىغا بىر نەچچە قېتىم ئەۋەتتى. ئەمما سىلەردىن زادىلا ئۈچۈر بولمىدى. ئەسلىي گەپ قادىردا ئىكەن. ئۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مەھەللىدىن چىقىپلا كۆيدۈرۈۋېتكەنىكەن، مەن ئەخمەق ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، دادامنىڭ مەخپىي نەرسىلەرنى قويىدىغان بۇلۇڭلىرىغىچە ئېيتىپ قويۇپتىمەن. بىر كۈنى دادام ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ: «ھېلىقى نەرسىنى قويغان يەرنى يەنە كىم بىلەتتى؟ ھېلىلا مەسچىتتىن قايتىپ كېلىپ قارىسام، ئامانەت جايىدا يوق!» دەيدۇ. شۇ ھامان مېڭەمدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى. قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. نېمىشقىكىن كۆز ئالدىمغا قادىر كېلىۋالدى. ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۆزىچە ھودۇقۇپ - تۆتۈتلەپ كېتىپ بارمامدۇ، گۇمانىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. «ئۇ يەرنى سەندىن باشقا ئىنس - جىن بىلمەيتتى، ئويۇن قىلىپ ئېلىپ قويغان بولساڭ قايتۇرغىن، دادامنى خاتىرجەم قىلايلى» دەپ ياخشىلىقچە ئېيتتىم، بولمىدى. ئالداپ باقتىم، بولمىدى. ئاخىرى ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، دەپ مېڭىۋېدىم، بىردىنلا ئالدىمغا تىزلاندى. «تونۇش باللار ئېلىپ قويۇپتىكەن، ئاشۇ نارەسىدە باللىرىمىزنىڭ ھەققىدە بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلساڭ، تېپىپ قويسام» دەپ يالۋۇردى. ئۇنىمىسام، خوتۇن كىشىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتمەسمۇ، ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆز يېشى ئاسان يەردىن چىقامدۇ؟ ئېچىم ئاغرىپ «مەيلى» دەپتىمەن. مەن شور پېشانە ئەرگە ئەمەس، قارا يەرگە تېگىپتىكەنمەن. قادىر شۇ چىقىپ كەتكەنچە خېلىغىچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. ئاخىرى ساقچىغا

www.uyghurkitap.com

مەلۇم قىلدۇق. ساقچىلار ئۇنى شەھەردىن، قىمار ئويناۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپتۇ. تۇتۇلمىغىنىدا بىر گەپ ئىكەن، تۇتۇلۇش بىلەن تەڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ئەسكى مازدەك چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئەسلىي ئۇ خېلىدىن بېرى بىر توپ قىمارۋازلارغا چېتىلىپ قېلىپ، كېكىردىكىگىچە قەرزگە بوغۇلۇپتۇ، قەرزلىرىنى تۆلىيەلمەي كۆپ قېتىم ئوغرىلىقمۇ قىلىپتۇ، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ھېلىقى تۇگۈنچەكنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇتۇۋالغۇچى شېرىكى چاققان كېلىپ ساقچىلارغا تۇتۇق بەرمەپتۇ. قادىر يەتتە يىللىق كېسىلىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن دادامنىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن يامانلىششقا باشلىدى. ئۇ كۈنلەپ - كۈنلەپ سۆزسىز ئولتۇرىدىغان، كىشىلەرگە ئارىلىششىنى خالىمايدىغان، تېرىككەك بولۇپ كەتتى. يۈزەمگە سالمىغىنى بىلەن، مەندىن خاپىلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشى قاراپ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈمنىڭ دەردىمۇ يەتكۈچە ئىدى. بىر يېنىمغا قارىسام قېرى دادام بىلەن گۆدەك بالام، يەنە بىر يېنىمدا تىرىكچىلىك غېمى ... ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىن يات كۆلەڭگىلەرنىڭ ئەگىپ كېتەلمەس بولۇپ قالغىنى ئىدى. بىرنەچچە قېتىم دادام يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، نامەلۇم كىشىلەر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۆينى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىپ قېچىپ كېتىشىپتۇ. كېيىن ئۇقساق، ئۇ قادىرنىڭ ھېلىقى شېرىكىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن، قادىردىن ئۇتۇۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تېخى قولغا چۈشۈرەلمەپتىكەن. بۇ خەۋەر بىلەن دادام ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئاز - تولا ئۈمىد پەيدا بولدى. بىز قادىرنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇق، ئارىدا بىرنەچچە قېتىم

يوقلاپ بېرىپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ يالۋۇردۇم. خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەردىمۇ، قانداق، ئاخىرقى قېتىم بالامنى ئېلىپ بارغىنىمدا، ئۇ بالىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى: «مېنى كەچۈر، مېنى قارا بېسىپتىكەن، ئېزىپتىكەنمەن» دەپ، ھېلىقى تۇگۈنچەكنى يوشۇرغان جايىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى ئىش، كېيىن بۇ ئىشتىن تۇرمە تەشكىلىمۇ خەۋەر تېپىپ، قادىرنى تەقدىرلەپتۇ، ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇنراق قويۇۋېتىشنى ئويلىشىپتۇ. مانا مەنمۇ چوڭ ئۈمىد بىلەن ساقلاۋاتىمەن، خام سۈت ئەمگەن بەندە ئەمەسمۇ؟ ئاتمۇ مۆدۈرۈپ كېتىدىغۇ. سەزدىڭىزمىكىن ماۋۇ مۇئەللىم يىگىت ئىشكىمىزنى چۆرگىلەۋاتقىلى ئۈچ يىل بولدى. ئانچە چىراي ئاچمىغىنىمغا قارىماي، ئىشلىرىمىزغا قارىشىدۇ، دادام ئاغرىپ قېلىۋېدى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. نەچچە كېچە بېشىدا ئولتۇردى. ھەرقانچە ۋاپادار ئوغۇل بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلار، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆزۈمگىمۇ، ئاشۇ بىچارىگىمۇ ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ. بولدىلا، ئۇ قىمارۋازدىن يەنە نېمە خوۋلۇق كۆرەرمەن، دەيمەنۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى ئۇنىمايدۇ. يېقىن يورۇقلىرىممۇ: «قادىر سېنى ئاخىر ۋەيران قىلماي قويمايدۇ، ۋاقتىدا ئارىنى ئوچۇق قىل، قولۇڭنى يۇيۇۋەت» دېيىشىدۇ. لېكىن كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ ئىكەن. ئۇلارمۇ مەندەك بىرسى بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ باقسۇن، نى ـ نى يىگىتلەر ئارىسىدىن بىرسىنى يېتىملىقى، گادايلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن كەم تەرەپلىرىگە قارىماي، جان ـ دىلى بىلەن ياخشى كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن بىلىدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نەرسىمۇ ياكى مەنلا ئەخمەقمۇ!...

بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا چاي سورىدى. چاينى غورتۇلدىتىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېچىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۇھ، ئەجەب راھەتلىنىپ ئۇخلاپتىمەن، — دېدى ـ دە، ئارقىدىن نۇسرەت بىلەن كۇسۇرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. قارىغاندا، پاقلاندىن بىرەرنى سويۇشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى ··· ئاھ، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست كىشىلەر!

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەن بۇ قەدىردان كىشىلەر بىلەن خوشلاشتىم. خوشلىشىش ئالدىدا بوۋاينىڭ پۈتكۈل كۆرۈنۈشىنى كۆڭۈل خاتىرەمگە ئەبەدىي نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈۋالماقچىدەك، ئالدىدا ئۇزاق تۇردۇم. شۇ تاپتا قەلبىمنى چۇلغىغان ئېيتقۇسىز خىجىللىق، قەرزدارلىق تۇيغۇسىنى يېڭىشكە ئامالسىز ئىدىم. ئىچ يانچۇقۇمنى بېسىپ تۇرغان تۈگۈنچەك بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، مېنى يەرگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنى ئېلىپ ئاستىلا بوۋاينىڭ كۆرپىسى ئاستىغا تىقىپ قويسام ياكى غۇلچىمنى كېرىپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئېتىۋەتسەم، ۋۇجۇدۇم ئاندىن يەڭگىللىيدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. ئەمما، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر، ھەتتا نەچچە ھەسسە كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرمۇ بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرى، قۇربان بەرگەن بەختىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. مەن بۇ تۈگۈنچەكنى ئىككى قوللاپ ياشانغان ئانامنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىمدىلا، ئۇلارنىڭ ئەجرى، سەممىيىتىگە جاۋاب قايتۇرغان ھېسابلىناتتىم.

نۇسرەت بىلەن قارامۇتۇق يىگىت مېنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. يىگىت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ پات ـ پاتلا نۇسرەتكە قارايتتى، نۇسرەتنىڭ كۆزلىرى بولسا، يىراق ـ يىراقلاردا ئىدى. ئاپتوبۇس قوزغىلىش ئالدىدا مەن

ئۇنىڭغا: «نۇسرەت، بۇرۇن بىزگە قىممەتلىك بىلىنگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولۇش ناتايىن، ۋاقتىنىڭ، مۇھەببەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن نەرسىلەردىن دادىللىق بىلەن ۋاز كەچكىنىمىز، يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا جۈرئەت قىلغىنىمىز تۈزۈك ھەم شۇنىڭغا ھەقلىقمىز. ئۆمۈر قىسقا، ياشلىق تېخىمۇ قىسقا» دېمەكچى بولدۇم. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇرغان ھەسرەت، تېڭىرقاش، ئۆتمۈشكە بولغان تارتىنىش ۋە يەنە قانداقتۇر بىر خىل ھېسسىياتلار مېنى ئېغىز ئاچۇرمىدى.

www.uyghurkitap.com

# يىلتىز

(ھېكايە)

مەكتەپ بېغىنىڭ قويۇق دەرەخلىك سالقىن يېرىدە، مەخمەلدەك ياپيېشىل چىمەنلىك ئۈستىدە ئۈچ يىگىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ياق، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ياتىدۇ، بىرسى ئولتۇرىدۇ: ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، قەلەم بىلەن سىزىلغاندەك چىرايلىق قاشلىرى ئاستىدا چوڭقۇر قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان يىگىت، دەرەخلەر ئارىسىدىن پارچە ـ پارچە كۆرۈنىدىغان ياز ئاسمىنىغا خىيال بىلەن بېقىپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ قىممەت باھالىق رەختتىن تىكىلگەن تۆت يانچۇقلۇق، يېرىم پويىزلىق كالتە يەڭ كۆڭلىكى، توق رەڭلىك سارجا شىمىغا ماسلاشقان گالىستۇكى، رەڭگى ھەم نۇسخىسى كۆركەم خۇرۇم ئايىغى ئۇنىڭ ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق پەرزەنتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سەل نېرىراقتا، تېگى قارامتۇل ئىنچىكە ئاق يوللۇق، ئارىلاشما تالالىق رەختتىن كاستۇم ـ شىم كىيىۋالغان يەنە بىر يىگىت جەينەكلەپ دۈم ياتقىنىچە كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆزى كىتابتا ئەمەس. يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىن ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا تىكىلگەن كۆزى، چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ۋە قېلىن لەۋلىرىدە قانداقتۇ بىر خىل نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

يىگىتلەرنىڭ ئۈچىنچىسى بۇ ئىككىيلەندىن سەل نېرىدىكى

ياش ئاكاتسىيەگە يۆلىنىپ، بىر تال قۇرۇپ قالغان ئۆسۈملۈك غولىنى چىشلىگىنىچە خىيال سۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكى بەك ئالاھىدە بولمىسىمۇ، زامانغا لايىق ھەم يارىشىملىق، چىرايىدىن سەل قوپالدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما مۇلايىم قاراشلىرى بىلەنمۇ ياكى ۋۇجۇدىدىكى چوڭقۇر بىر ئىچكى كۈچ تەسىرىدىنمۇ كىشىدە ئىللىق، شۇنداقلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. يىگىتلەر دۇنيانىڭ ۋاڭ - چۇڭىدىن قېچىپ بۇ پىنھان جايغا كېلىۋالغان بولسىمۇ، ھەممىسىلا ئۆز خىياللىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، بىر - بىرىگە زادى ئېغىز ئېچىشمايتتى. بۈگۈن ئۇلارغا نېمە بولدىكىنە؟

بىر ھازادىن كېيىن ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي، ئاپپاق كۆڭلەك كىيگەن، ھۆسن - جامالدا ئايدەك، لاتاپەتتە پەرىشتىدەك بىر قىز يېنىك قەدەملەر ئېلىپ، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— پاھ، كېلىۋالغان يېرىنى بۇلارنىڭ! مەن سىلەرنى ساق ئىككى سائەت ئىزدىدىم. مۇشۇ يەرگە بىر كېلىپ باقايچۇ، دېمىگەن بولسام، سىلەرنى ھەرگىز تاپالمايدىكەنمەن…

ئۇ ئاق ئۆڭلۈك، ۋۇجۇدىدىن گۈزەللىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز ئىدى. كۆزلىرى ئاھۇنىڭ كۆزىدەك چىرايلىق بولۇپ، دولقۇنسىمان قوڭۇر چېچى مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى.

— كېلىڭ دىلئارام، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — ئېگىز بويلۇق ئەكرەم ئىسىملىك يىگىت قىزغا يېقىنچىلىق بىلەن يېنىدىكى چۆپلۈكنى كۆرسەتتى. كۆزەينەكلىك يىگىت ئەركىنمۇ ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، قىزغا زوق بىلەن تىكىلدى. ئادىل بولسا، ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بىر ئاز تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ ئۈندىمىدى.

— كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كەتسەڭلار … — دېدى قىز بىر تال شاخنى تۇتقىنىچە سەل قىزارغان ھالدا.

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن يەنە، — كىم بىلىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرگە ئولتۇرۇشىمىز بولۇپ قالار … — دەپ قوشۇپ قويدى ۋە ئۇلارغا چوقۇم بېرىشنى جېكىلەپ، كەينىگە بۇرۇلدى. ئۈچ يىگىت قىزنىڭ خۇددى كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە قاراپ خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلارغا خېلىدىن بۇيان مۇشۇنداق ئىش ئادەت بولۇپ قالدى. قىز پەيدا بولسا، ھەممىسى بەس ـ بەستە سۆزلىشەتتى، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. قىز كېتىپ قېلىشى بىلەنلا ئۆزلىرىچە جىم بولۇپ كېتىشەتتى. خېلى ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشتىن خىجىل بولغاندەك ئولتۇرۇشاتتى.

كەچقۇرۇن ئەكرەم بىلەن ئەركىن ئادىلنى زورلاپ دېگۈدەك شەھەر چېتىدىكى دەل ـ دەرەخلىك قورۇغا، ئالدى گۈللۈككە قارىغان ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ يوپيورۇق، يوغان ئەينەكلىك بالكونىدىن ئايال كىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاۋازدا گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

*تىرەك بوستان، تىرەك بوستان*
*تىرەك بوستانغا مەن ھەيران*
*سىنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپتى،*
*مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران…*

ۋالىلداپ تۇرغان ھال رەڭ يىپەكتىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس گىرىم قىلىۋالغان دىلئارام ئۇلارنى گۈلدەك ئېچىلىپ كۈتۈۋالدى ۋە يۇقىرىغا، مېھمانخانىغا باشلىدى. يەرگە چېپىپدە كەلگەن ئۇزۇن مويلۇق مايسارەڭ گىلەم، تام بويلاپ تارتىلغان توق قىزىل دوخاۋا پەردە، ئاپپاق

تورلار بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن كەڭ مېھمانخانا قىز ـ يىگىتلەر بىلەن تولغانىدى. مېھمانلارنىڭ كۆپ قىسمى داستىخاندىن قوپۇپ كەتكەن بولۇپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇزىكىغا جور بولۇپ، بەس ـ بەس بىلەن تانسىغا چۈشمەكتە ئىدى. تورۇستىكى چوڭ ئاسما چىراغنىڭ يورۇقى كەھرىۋادەك سۈزۈك بويۇنلۇق رۇمكىلاردا ۋە قىزلارنىڭ ھاياجانلىق كۆزلىرىدە چاقنايتتى. مۇزىكا بىر پەس توختىدى. تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن، دىلئارام ئۇلارنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈستەلگە يېڭى ـ يېڭى نازۇ نېمەتلەرنى تىزدى. ئارقىدىن قىپقىزىل ئۈزۈم ھارىقى تولدۇرۇلغان رومكىنى قولىغا ئالدى ـ دە، سەل قورۇنغاندەك ئولتۇرغان ئادىلغا تىكىلدى.

— قېنى ئەمىسە، مەكتەپ ھاياتىمىز ... دوستلۇقىمىز ۋە ئادىل ئۈچۈن ... ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن...

ئۇ قەدەھ سۆزىنى شوخلۇق بىلەن باشلىغان بولسىمۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرى خورسىنىشقا ئوخشاپ چىقتى، كۆزلىرىدىكى شادلىق نۇرى ئۆچۈپ، لەۋلىرى تىترىگەندەك قىلىپ قالدى.

— دوستىمىز ئادىلنىڭ تەكلىماكانىنى گۈللەندۈرۈشى، تەكلىماكاندىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئېرىشىشى ئۈچۈن! — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەركىن كۈلۈپ تۇرۇپ. يىگىتلەر رومكىلىرىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا بوشاتتى. قىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئىتتىك بۇرۇلدى ـ دە، نېرىغا كەتتى. ئۈچەيلەن يەنە جىم بولۇشۇپ قالدى. ئادىل بىلەن ئەركىن داستىخانغا ئانچە ـ مۇنچە قول ئۇزىتىپ قوياتتى، ئەكرەم بولسا نېمىشقىدۇر تىنچسىزلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى دىلئارامنى ئەگىشىپ يۈرگەن بۇدۇر چاچ يىگىتتىن ئۈزمەيتتى. مۇزىكا توختىشى بىلەنلا، ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە، ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، دىلئارامنى

تانىسىغا تارتتى. ئۇلار جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئايلىنىۋاتقانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئىبىگىز بوي ئەكرەمنىڭ مەغرۇر قامىتى، دىلئارامنىڭ يېقىملىق چىرايى ئاللاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. پاھ، نەقەدەر قاملاشقان بىر جۈپ ـ ھە! خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن يارالغاندەك. بىراق، سىنچىلاپ قارىغاندا، قىزنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بىر خىل مەيۈسلۈك خۇددى سۈپسۈزۈك سۇ ئاستىدىكى رەڭدار تاشلاردەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئادىللارنىڭ يېنىغا غەيرىي ياسانغان ئىككى قىز كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇلار ھە دېگەندىلا مودا كىيىملەر ئۈستىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ يىل مودا كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولارمىش، — دېدى ئورۇقراق كەلگەن قىز، قانداقتۇر بىر مەخپىي ئىشنى پاش قىلىۋاتقاندەك ئەتتەك ئەتراپىغا قارىۋېلىپ. ئۇ قىز چىرايلىق ئىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر كىشىدە يېقىملىق تەسىر قالدۇرمايتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن ياخشى، ئۇنداقتا كىيەلمەي يۈرگەن ھېلىقى توق سېرىق كاستيۇم ـ يوپكامنى كىيىپ، دوستلىرىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەكمەن! — دەپ بوشقىنا چاۋاك چېلىۋەتتى دۈپدۈگىلەك كۆزلىرى بىلەن تاشقورچاقنى ئەسلىتىدىغان يەنە بىر قىز. بىر پەس ھاياجانلىق پىچىرلىشىشتىن كېيىن، كىيىم ھەققىدىكى پاراڭ ئاللىكىملەرنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئۇلار تانسا ئوينىۋېتىپ، يوپكىسى چۈشۈپ كەتكەن بىر قىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ كۈلۈشۈشكە باشلىدى. تاشقورچاققا ئوخشايدىغان قىز كۈلۈۋېرىپ زېرىكتى بولغاي، بىردىنلا ئادىلغا قاراپ يېنىدىكى دوستىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۇنىمىدى، قىز ئەمەس، ئۇ بۇ كۆرۈشتە ئالدى:

— ھوي، بۇياق نېمىشقا پاراڭ قىلماي ياكى تانسىمۇ ئوينىماي بۇتتەك ئولتۇرىدىغاندۇ؟

— رەنجىمەڭلار قىزلار، ئۇ ئەنە شۇنداق غەلىتە مىجەزلىك يىگىت. ئۇ ھازىر تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ، تىنچ ··· — ئەركىن سۆزلەۋېتىپ كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ئادىلغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— بەلكى بۇياقنىڭ يۇرۇۋاتقان قىزى قىزلارغا قاراپ كۈلمەيسەن، گەپ قىلمايسەن، تانسىمۇ ئوينىمايسەن، دەپ ئەۋەتكەندۇ، — دېدى ئورۇق كەلگەن قىز.

ئادىل قىزلارغا قاراپ زورىغا كۈلۈپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقىنى تامامەن مەنىسىز، ئەخمەقلەرچە ئىشلاردەك، ئۆزى گويا بۇ كىشىلەر، بۇ ئىشلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك سېزىلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز بىر خىل يالغۇزلۇق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچە چىرايلىق كىيىنگەن، مۇلايىم، ئەدەپلىك، يالغۇز ئۇلا باشقىچە. ئۇنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ، ھەتتا دىلئارامۇ! ئەنە ئۇ ئەكرەمنىڭ مۇرىسى ئۈستىدىن كىمگىدۇر قاراپ كۈلمەكتە···

مۇزىكا ئاخىرلاشتى. كىمدۇر بىرى ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى دىسكو مۇزىكىسىغا يۆتكىدى. قىزغىن، ئەسەبىي مۇزىكا ئاۋازى بىلەن ئۆي ئىچى پورۇقشۇپ قايناۋاتقان قازاندەك قىزىپ كەتتى. چىرقىرىغان، نالە قىلىۋاتقان، گۈلدۈرلىگەن، قاراسلىغانغا ئوخشاش ئاجايىپ ـ غارايىپ ئاۋازلاردىن تەركىب تاپقان غەلىتە مېلودىيە كىشىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە نېرۋىلىرىغىچە قوزغاپ، ھاياجانغا سېلىپ، ئەقلىدىن ئازغاندەك تولغاتماقتا، پىرقىراتماقتا، سەكرەتمەكتە، تىترەتمەكتە. رەڭگارەڭ نۇرلار ئارىسىدا ئىنسان بەدىنىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ھالەتلىرى، خىلمۇخىل چىراي ئىپادىلىرى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب

بولماقتا. ئەنە، شادلىقتىن خۇدىنى يوقاتقان، ئەسەبىيلەشكەن، بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر قىلچە پەردازسىز ئىپادىلىنىپ تۇرغان، ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ، كۆبجىگەن چىرايلار، خۇمارلاشقان، ئالاڭلىغان يىرتقۇچنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ كەتكەن كۆزلەر···

ئادىل كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ھاراق ـ شاراب، تاماكا بۇسى، ئۇپا ـ ئەڭلىك پۇراقلىرى بىلەن تولغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۇسى، يۇلتۇزلۇق كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالغۇسى كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ پەيتە مۇزىكىمۇ توختىدى. ئۇ ئارىلىقتىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، دىلئارامنىڭ ئۆزگە تىكىلگەن غەمكىن كۆزلىرىنى، بۇدۇر چاچلىق يىگىتنى يەنە بىر قېتىم ئۇمىدسىز قالدۇرۇپ، دادىل ھالدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى سەزمىدى.

قىز ئۇنىڭغا قويۇق سېرىنگۈللەر ئارىسىدىكى تارغىنە يولدا يېتىشتى. ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە بىردەم يانمۇيان مېڭىشتى.

— بىزدىن قاچماقچى بولۇپسىز ـ دە، ئەمدى، — دېدى قىز غەمكىن ئاۋازدا، — مەن سىزنى مۇنداق قىلار دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن ··· ئەمەلىيەتتىغۇ، سىزنى ئەيىبلەشكە ھەققىم يوق. بىراق ··· ھېچ بولمىغاندا، بىز ياخشى ئۆتكەن ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق. بۇنداق چوڭ ئىشلاردا بىر ـ بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمىساقمۇ بولاتتى···

— خاتالىشىۋاتسىز، دىلئارام، مەن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئەزەلدىن ھېچكىمدىن يوشۇرغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، مەن سىزنىڭ مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمنى چۈشىنىدۇ، ھەتتا قوللايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

— ئادىل، سىز ئۆزىڭىزنى زايا قىلماسلىقىڭىز كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن

يارالغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ سىزنىڭ مول بىلىمىڭىز بار. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش شارائىتىڭىزمۇ بار.

ئادىل ئۈنچىقمىدى.

قىز ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ، تىترەك ئاۋازدا ئىتتىك ـ ئىتتىك سۆزلەپ كەتتى:

ــ ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، ئادىل. دادامىلارنىڭ تەتقىقات ئورنىغا دەل سىزدەك بىر ئادەم تازىمۇ زۆرۈر ئىكەن. ئۇلار سىزنى يىل ئاخىرىغا قالمايلا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىكەن. دادام تېخى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سىز بىلەن ئالاھىدە پاراڭلاشماقچى ئىدى، پەقەت سىز قارارىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىزلا...

ئۇ قورقۇنچ ئارىلاش تەقەززالىق ئىچىدە يىگىتكە تەلمۈردى. يىگىت بولسا، ئۇنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمەي، قىزدىن بىرنەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان قويۇق شاخلىق، ئاسمان ـ پەلەك چوڭ دەرەخكە نەزەر تاشلايتتى. ئۇ سۇتتەك ئايدىڭدا مەرمەر ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان قىزغا ئاستا يېقىنلىشىپ، ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە سېكۇنت تىكىلدى. ئاندىن يانچۇقىدىن قېلىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ قىزغا تەڭلىدى:

ــ دىلئارام، بۇنى ئوقۇپ باقارسىز... ــ ئۇ شۇنداق دەپلا، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. قىز يىراقلاپ كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ كەينىدىن تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ يوگۇرگىنىچە ئۆز بۆلمىسىگە كىرىپ، ئىشىكنى چىڭ تاقىغاندىن كېيىن، ئادىل بەرگەن خەتنى ئاچتى. ئاچتى ـ يۇ، نېمىدىندۇر قورققاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بىر پەستىن كېيىن يەنە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ خەتكە ئېڭىشتى.

«...بۇ خەتنى بەلكىم سىزگە ھېچقاچان كۆرسەتمەسمەن،

www.uyghurkitap.com

سىز ئۈچۈن قەلبىم ئىشىكى مەڭگۈ يېپىقلىق پېتى قالار، شۈنداق بولغىنىمۇ ياخشىدۇر، دېگەن نىيەتتە ئىدىم، لېكىن بۇنىڭغا يۈرىكىم يول قويمىدى. سىزنىڭ پاك قەلبىڭىزنى ئازابلاشنى، ئۆز ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىشنى خالىمىدىم.

بەش يىلدىن بېرى ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنى قانداقتۇر يۈكسەك ئىشلارنى ئويلاشقا، قىلىشقىلا يارالغان ئالاھىدە ئادەم، دەپ قاراپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىزمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ خىل قاراش، ماختاپ ئۈچۈرۈشلار مېنى بولۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرگەنمۇ بولدى. ئاھ، نادانلىق. ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئىش ئۆزۈمگە ئايان ئىدى، كىتابقا قادىلىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمدا تولىراق خىيالىم سىزدە بولاتتى. بىلەمسىزكىن، مەن سىزنى قاتتىق ياخشى كۆرەتتىم. بۇ مېنىڭ تۆت يىلدىن بۇيان قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان سىرىم، شېرىن خىيالىم ياكى ئاجايىپ گۈزەل چۈشۈم ئىدى. جىسمىم ۋە روھىمنى تامامەن ئىگىلىگەن بۇ خىيال، بۇ چۈش ماڭا بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەيتتى. مەن كېچە ـ كۈندۈز سىزنىلا ئويلايتتىم، سىزگە تەلپۈنەتتىم، يەنە نېمىشقىدۇر سىزدىن يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا كېتىشنى تىلەيتتىم. يالغۇز ۋاقىتلىرىمدا گاھ چۈشىنىكسىز شادلىق دەستىدىن قىن ـ قىنىمغا سىغماي كەتسەم، گاھى كۈچلۈك قايغۇ دەستىدىن يۈرىكىم يېرىلغۇدەك ئازابلىناتتىم. مۇنداق چاغلاردا مەكتەپ بېغىغا ياكى شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان يوللارغا چىقىپ كېتەتتىم. پىنھان جايلارغا بېرىپ يىغلايتتىم. پۇتبول مەيدانىنى بويلاپ ھېرىپ يىقىلىپ قالغۇچە يۈگۈرەيتتىم ياكى بېشىمنى مۇزدەك تۇرۇبا سۇيىگە تۇتۇپ تۇراتتىم. بىر كۈنى ھېلىقى قېرى سۆگەت ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تولۇق ئىككى سائەت دەرس تەكرارلىدىڭىز. سىز كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇ يەرگە باردىم.

خۇددى بىر سىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك ئالدىراش باردىم. ئەتراپ سىزنىڭ ھېدىڭىز بىلەن تولغان، چىمەنلەردە نازۇك ئاياغلىرىڭىزنىڭ ئىزى قالغانىدى. يەردە سولىشىپ قالغان كىچىككىنە بىر تال مامكاپ گۈلى تۇراتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ، بارماقلىرىڭىز تەگكەن يەرلىرىنى سىلىدىم، لېۋىمگە تەگكۈزدۈم. كېيىن ئۇنى خاتىرەمنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ قويدۇم. ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ يەردە. شۇ كۈنى مەن سۆگەتكە قەلەمتىراچىم بىلەن سىزنىڭ نامىڭىزنى چىرايلىق قىلىپ ئويۇپ قويدۇم. شۇندىن كېيىن گۈللەر نەچچە ئېچىلىپ، نەچچە سولدى. ئاشۇ قېرى سۆگەتمۇ نەچچە قېتىم يوپۇرماق چىقىرىپ، نەچچە قېتىم غازاڭ تاشلىدى. ئەمما سىزنىڭ ئىسمىڭىز يوقالمىدى. بەلكى، ئاشۇ دەرەخ بىلەن بىللە قارا تۇپراق ئاستىدىن ئۇنۇپ چىققاندەك دەرەخ غولىدىن يىتمەس ئىز بولۇپ قالدى. ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇ دەرەخ بىلەن تەڭ ياشايدۇ. بىر كۈنلەردە، زىيادە بەختتىن، كۆل سۈيىدەك تىنچ تۇرمۇشتىن زېرىككەن چاغلىرىڭىزدا، ياشلىق ئىزلىرىڭىزنى ئىزدەپ ئاشۇ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپمۇ قالارسىز، بىرگە ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئەسلەپ، بىر پەس خىيالغا چۆمۈپمۇ قالارسىز ... ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، سىزگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەمەددە بولۇشقا ھەققىممۇ يوق. چۈنكى مەن ئاشۇ قۇملۇقنىڭ ئوغلى، مەن ئۇ يەردىن ئايرىلالمايمەن، مېنىڭ يىلتىزىم ئەنە شۇ يەردە. سىزمۇ ئىللىق قۇياش نۇرى، تىنچ ۋە ئەۋزەل مۇھىتتىن ئايرىلالمايسىز. بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئىككىمىز خۇددى بىر دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا، بىر ـ بىرىگە تەلپۈنىدىغان، ئەمما مەڭگۈ قوشۇلالمايدىغان ئىككى قىرغاققا ئوخشايمىز.

بىلەمسىز دىلئارام، ئاشۇ چەكسىز كەتكەن قۇم دۆڭلىرى، ئۆرۈمە تاملىرىدىن شىرقىراپ قۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان پاكار ـ پاكار ئۆيلەر، زومچەك ـ زومچەك ئۆزۈم تۈپلىرى باللىق

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلىرىمدىكى دۇنيايىم ئىدى. مەن شۇ قۇملۇقتا دۇنياغا كۆز ئاچتىم. شۇ يەردە ئېلىپبەنى تونۇدۇم. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ناھىيەگە ئوقۇشقا باردىم. ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ياغلىشىپ كەتكەن بادام دوپپا كىيىپ، بۇرنىنىڭ ئۇستىگە كۆزەينەك قوندۇرۇۋالىدىغان جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن يەر شارىنىڭ قۇياش سىستېمىسىدىكى بىر پىلانېتا، يۇملاق شار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۈزى پايانسىز دېڭىز - ئوكيان، ياپيېشىل بوستانلىق، تاغ - ئېدىر ۋە قۇملۇقلار بىلەن ئورالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاجايىپ چوڭ، گۈزەل، رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى ۋە يەنە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. نەزەر دائىرەم بىردىنلا كېڭەيدى، تۇنجى قېتىم يېزامغا قايتقان چېغىمدىكى تەسىراتىم مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان قۇملۇق كوچا، يېرىمىغىچە قۇمغا كۆمۈلگە ئۆيلەر، يۈزىدە كۆزىنىڭ ئېقى بىلەن چىشلىرىدىن باشقا ئاق يېرى قالمىغان جۇلدۇر كېيەن ھەم ئاچ باللار، دادۇي ئامبىرىنىڭ ئالدىدا ھەپتىلىك نورمىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامبارچىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقان قېرى - چۈرىلەر … ئۇنىڭ ئۇستىگە، باللىق ۋاقىتلىرىمدىكى ھەمراھىم، ئاشۇ كېيىكتەك ئۈركۈگەك، قوزىدەك مۆلايىم، ئېتىز قىرىدا ئېچىلىپ تۇرغان لەيلىقازاقدەك گۈزەل گۈلقەمەرنىڭ ئۆزىدىن 40 نەچچە ياش چوڭ تۇگمەنچىگە مال ئورنىدا سېتىۋېتىلگەنلىك خەۋىرى مېنى ساراڭ قىلىپ قويغىلى تاس قالدى. ئاھ، خۇدا! 12 ياشلىق نارەسىدە قىز ئەمدى ئاللىكىملەرگە «خوتۇن» بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىدەك يېقىملىق كۈلكىسىنى، لاتا قورچىقىنى ئەللەيلەپ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئەمدى ئاڭلىيالماسەنمۇ؟ مەن خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۆيدە كۆزۈمگە تۇنجى چېلىققان بىر كومزەكنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئېتىپ چۇل - چۇل قىلىۋەتتىم. كۆزۈمگە قان تولغان ھالدا يەنە قولۇمغا چىققۇدەك

نەرسە ئىزدەپ پىرقىراشقا باشلىدىم. مېنى دادام تۇتۇۋالدى، ئانام بوينۇمغا گىرە سېلىپ يىغلىدى. مەن ئۇلاردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا قېچىپ چىقتىم. قوم دۆڭلىرى ئارىسىدا ساراڭلارچە يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. قەلبىمدە نىدا قىلاتتىم:

— گۈلقەمەر ... گۈلقەمەر...

تاكى مەكتەپكە قايتىپ كەتكۈچە ھېچكىمگە گەپ قىلماي قويدۇم، بىچارە ئاتا - ئاناممۇ مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھكاردەك كۆزۈمگە قارىيالمايتتى ۋە ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ مومىسى، ئاشۇ بىر ۋاقلاردىكى رەھىمدىل موماي مېنى مەسخىرە قىلدى، تىللاپ كەتتى.

— نېمىدەپ پوتلاڭنى ئېقىتىپ يۈرىسەن - ھوي، ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان ماڭقا! گۈلقەمەرنى ئانىسى تۇغقان بولسا، مەن باققان، كىمگىلا بەرسەم يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى ئارقىسىدا تۇرىدىغان يەرگە بەردىم، قانداق؟!

«يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى ئارقىسىدا...» مەن بۇ سۆزنى چۈشىنەلمەي ئىچىمدە نەچچە رەت تەكرارلىدىم. خۇددى مۇشۇ سۆزگە قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغاندەك بىرنەچچە كۈنگىچە خىيال سۈرۈپ يۈردۈم. قانداقلا بولمىسۇن، ماڭا شۇ ئايان ئىدىكى، ئۇلار بەكلا، بەكلا نامرات ئىدى. توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان قازانغا چاپلاپ پىشۇرغان زاغرا قوتۇرمىچى بىلەن خۇدانىڭ سۈيىگە چالغان ئۇماچمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەتىۋارلىق تاماق ئىدى. ئۈچىسىغا كىيگىنى باشقىلار بالىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ بېرىۋەتكەن كونا كىيىملەر ئىدى. دادام بىلەن ئانام بىرەر نەرسىدىن قىسىلىپ قالغان چاغلىرىمدا:

«ھەر نېمە دېگەنبىلەن ھال - كۈنىمىز بۇۋىسارىخان ئاچىلارنىڭكىدىن ياخشى، ھېلىمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكۈر» دەپ ئۆزلىرىنى ئاۋۇندۇراتتى. ئانام دائىم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

گېلىدىن قىسىپ ئۇلارغا بىرەر چىنە ئۇماچ، بىرەر باغلام چامغۇر، كۆكباش دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقىرىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئوبدانراق بىر نەرسە تاپسامىلا گۇلقەمەرنى چاقىرىپ بىللە يەيتتىم. گۇلقەمەر ئىككىنچى يىلى كۈزدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن غېرىب كەپىسىدە، مومىسىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى ... مىسلىسىز گۈزەل، نازۇك بىر غۇنچە ۋاقىتسىز چەيلىنىپ، غازاڭ بولدى. بۇ پاجىئە مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغانىدى. مەن ئەنە شۇ چاغلاردىن تارتىپلا يېزىمىزدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بەكمۇ ناتوغرا، ھەتتا رەزىل ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئۆزگەرتمەي بولمايدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم. كېيىنكى يىللاردا، بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن ئەللەرنى كەزگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىمۇ قاتناشقان، ئاخىرقى ئۆمرىنى يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئۈچۈن شىمالدىكى بىر چوڭ شەھەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بوغۇم ياللۇغى كېسىلى بولسىمۇ، زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان پىششىق خىشلىق يەردە ئۈچ - تۆت سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ دەرس ئۆتەتتى. ئۇ پات - پاتلا قاتتىق يۆتەل بىلەن دوسكا ئالدىدا ئىككى پۈكلىنىپ قالاتتى. ئەمما، ئۇ بىزگە دۇنيا، دۆلەت، مىللەت، تارىخ ھەققىدە ئاجايىپ پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى. بىزنى ھارماي - تالماي ئۆگىنىشكە، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ يېڭىلمەس ئىچكى كۈچ تەسىرىدىن چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە، ئورۇق گەۋدىسىدە قانداقتۇر غايىبانە بىر نەرسە باردەك ئىدى، بىزمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتۇق. باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ دوسكا ئالدىدىلا يىقىلدى، شۇ يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئارزۇ -

ئارمانلىرى شۇ يۇرتتىكى بىرمۇنچە بالىلارنىڭ قەلبىدە قايتا چېچەك ئاچتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدىم، تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئەسلىدە ئىمتىھان نەتىجەم يۇقىرى بولغاچقا خالىغان مەكتەپ، خالىغان كەسىپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولاتتىم. مەن ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى تاللىدىم. بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىم مېنى تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ئۈندەشتى. تەقسىمات ئېلان قىلىنغان كېچىسى، ئازاب ۋە زىددىيەتلىك كۈرەشكە تولغان ئاشۇ كېچىسى ئۆزۈمنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ئاشۇ يېزام، يېزىداشلىرىم، گۈلقەمەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پاك، مەسۇم قىزلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم.

دىلئارام، مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزام بەكمۇ چەت ھەم قالاق، كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ يەردىكى دېھقانلار ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمىدى. ئەكسىچە، خىلمۇخىل سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلار، قارامالارچە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر بۇ يەرنىڭ بەكمۇ كۆپ نەرسىسىنى سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت قان ـ زەرداب تامچىپ تۇرغان ناھايىتى كۆپ جاراھەتلەرلا قالدى. ئۆز ئارىمىزدىن چىققان ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئورۇن ـ مەرتىۋىسى ئۈچۈن ئاشۇ بىچارە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى سېتىپ كەلدى ياكى ئاڭسىزلىقى، نادانلىقى بىلەن خەلقنىڭ بېشىغا كۈلپەت سالدى. بۇنداق دېيىش بىلەن ھەممىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەمما مېنىڭ تىللايدىغىنىم رەزىللىك، نادانلىق ۋە خوراپاتلىق، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپەئەتى بىلەن تۈپتىن سىغىشالمايدىغان ئاشۇ قارغىش تەگكۈر سىياسەتلەر. مەن ئۇلارنى تىللىماي تۇرالمايمەن. بۈگۈنكى دۇنيادا بىرەر زامانىۋى شەھەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە

ھېچقانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. ئەمما، مېنىڭ يېزامدا مەن تۇغۇلغان 23 يىلدىن بۇيان پەقەت ئاشۇ ئىككى ئېغىزلىق ئاقارتىلغان ئۆيدە دۆي ئىشخانىسى بىلەن مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ۋىۋىسكىسى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرغاندىن باشقا ئۆزگىرىش بولمىدى. يۇرتداشلىرىم ھېلىھەم كونا، كۆرۈمسىز، تاملىرى مورىدەك قارىداپ كەتكەن ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا پۇل يوقمۇ ئەمەس، ئەمما ئۇلار پۇللىرىنى تامنىڭ كاۋاكلىرىدا، يەرگە كۆمۈلگەن ساپال كوزىلاردا ياكى سامان تىقىلغان تەكىيەلەرنىڭ ئىچىدە ساقلايدۇكى، بۇ پۇل بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى خالىمايدۇ. ئاھ! بىچارە ئادەملەر، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەدەنىيىتى ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئەپسانىلەردەك خىيالىي، ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتكە خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا كۆنۈپ قالغاندەك كۆنۈپ قېلىشقان. مېنىڭ يېزامدا كىنو ـ تىياتىرخانا يوق، باغچا ـ يەسلىلەر ··· يوق. يېزىمىزنىڭ باللىرى ھېلىھەم ئات ئېغىلىدىن ئۆزگەرتىلگەن سىنىپلاردا ئوقۇيدۇ. قانداقلا سىنىپ بولسا، ئوقۇسىلا ياخشى ئىدىغۇ. ئەمما، يېزىداشلىرىمنىڭ نەزىرىدە بۇ مەكتەپ تېخى قوشنا كەنتتىكى ساختىپەز موللىنىڭ دىنىي مەكتىپىگە يەتمەيدۇ ··· سۆزلەپ كەلسەم، مېنىڭ يېزامدا يوق نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ تولا، لېكىن مەن يەنىلا شۇنداق دەيمەن. مېنىڭ يۇرتۇم دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان ياخشى جاي. ئۇ يەرنىڭ ياشانغانلىرى ھەم قىز ـ يىگىتلىرىمۇ دۇنيادا تېپىلغۇسىز كىشىلەر. ئاشۇ چەكسىز، ھەددى ـ ھېسابسىز قۇم ۋە قۇم بىلەن دائىم بولىدىغان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشلار ئۇلارنىڭ جىسمىدا ھەم روھىدا شۇنچە بەلگىلەرنى قالدۇرغانكى، مەن بۇ بەلگىلەرنى يېزىداشلىرىم، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەربىر كۆلكىسى، ھومىيىشلىرىدىنلا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ

تىنىقلىرىمدىنمۇ ھېس قىلىپ تۇرىمەن.

شۇنداق، قۇملۇق جانسىز، ھېسسىياتسىز، تىپتىنچ. ئەمما ئۇ پۈتۈن دەرد - ئەلەمى، غەزەپ - نەپرىتىنى، شادلىقى ۋە مۇھەببىتىنى ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرغان. ئۇ پەرداز قىلىشنى بىلمەيدىغان سەھرا ئاياللىرىدەك ساددا، بىزەكسىز، كۆرۈمسىز، ئەمما، ئۇنىڭ ئىچ - باغرى پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە.

ئۇ ئۆز باغرىدىكى ھەممە نەرسىنى شۇنچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياراتقان. ئۇنىڭ ئىسسىق نەپسىدىن ئوت يېلىنجىسا، سوغۇقىدىن يۇلتۇزلارمۇ شۈركۈنىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى تاتلىقلىقتا تىلنى يارسا، ئاچچىقلىقتا ئۆتنى يارىدۇ. ئۇنىڭ باغرىدا تۇغۇلۇپ، ئۆملەپ، ئېغىناپ چوڭ بولغان ئادەملەرمۇ خۇددى شۇنداق ياۋاش، ئەمما قەيسەر، جىمغۇر، شۇنداق ھېسسىياتلىق، ساددا، ئەمما گۈزەل، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قانچە كۈچلۈك بولسا، نەپرىتى ھەم شۇنداق. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئاشۇ يەردە ياشاپ، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ياراتقان. ئاشۇ دېھقانلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزلىقتەك چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن ئالىقانلىرى دۇنيادا ئەڭ گۈزەل زىلچا - گىلەملەرنى، ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭدار شايى - ئەتلەسلەرنى، شاھ ئوردىسىغا يارىغۇدەك ساپال قاچا - قۇچىلارنى ياسايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھېلىھەم قالاق، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن. ئۇلار ئاشۇ مەھسۇلاتلىرىنى، باغلىرىدا تۆكۈلۈپ ياتقان شېرىن - شەربەت مېۋىلىرىنى چوڭ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتالمايدۇ. قاچانغىچە شۇنداق ئۆتۈۋېرەر؟ بۇ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغۇ ئاخىر؟!

دىلئارام، مەن يېزامغا قايتىپ يېزا باشلىقى بولىمەن. ئۇ يەردىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىگە جەڭ ئېلان قىلىمەن. ئۇ يەرنى ئاپتونوم رايونغا، پۈتۈن مەملىكەتكە

www.uyghurkitap.com

تونۇتماقچىمەن. مېنىڭ قىلماقچى بولغانلىرىم شۇنچە كۆپ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئانىنىڭ ئىشىنى ماڭا ئوخشاش ئوغۇللىرى قىلماي كىم قىلىدۇ؟! ئانىنىڭ دەردىگە كىممۇ ئۇز ئوغۇللىرىدەك يېتىدۇ؟! نامرات ئانىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئوغۇل چوڭ شەھەرلەردە، كاتتا بىنالاردا ئولتۇرۇپ ياخشى يەپ، ئېسىل كىيىنىپ يۈرگىنىدىمۇ ئۆز ئانىسىنى ئەسلىمەي، ئازابلانماي تۇرالامدۇ؟! ئۇنىڭ كۆلكىسىنىڭ ئاستىغا يىغا، بەختىنىڭ ئاستىغا ئازاب يوشۇرۇنماي قالامدۇ؟

دەرۋەقە، مەن يولۇمنىڭ ئەگرى ـ توقاي، تىكەن ـ چاتقاللارغا تولغان يول ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. كىشىلەرنىڭ، ھەتتا يېزىداشلىرىمنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى، مەسخىرىسى، دۈشمەنلىك بىلەن قاراشلىرىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكەنمەن. بۇ دۇنيادا ھېچبىر ياخشى ئىش قارشىلىقسىز ۋۇجۇدقا چىققان ئەمەس. گۈزەل ھەم خۇش پۇراق ئەترگۈل تىكەنلەر بىلەن تولغان شاختا ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ. ئەمما، مەن يېزامنىڭ ياشلىرىغا، ئەگتۈشلىرىمغا ئىشىنىمەن. ئۇلار قالاق دېھقانلارغا ئوخشمايدۇ. ئۇلار ئىلىم ـ پەنگە ئىشىنىدۇ، ئالغا ئىنتىلىشنى، مەدەنىيەتلىك بىر ئىنسان سۈپىتىدە دۇنياغا يۈزلىنىشنى خالايدۇ. مەن ئەنە شۇلارغا، تەجرىبىلىك دېھقانلار ۋە چېۋەر ئۇستىلارغا تايىنىپ، يېزامنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرىمەن. بۇ ھەرگىزمۇ ئەتىياز يامغۇرىدەك شۇررىدا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىردەملىك قىزغىنلىقىم، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان خىيالىم ياكى داڭ چىقىرىش يولىدىكى تەۋەككۈلچىلىكىم ئەمەس. بەش يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىمقى تەتىللەردە مەھەللىمۇ مەھەللە، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، يېزامنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىگىچە

ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىملەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئەمەلىي پىلان ـ تەدبىرلەرنىمۇ تەييارلاپ قويدۇم. ئىككىنچى قەدەمدە، شەھەرلەردىن لايىھەلىگۈچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، دېھقانلارغا چوڭ دېرىزىلىك، ئازادە ئۆيلەرنى سالدۇرىمەن. كىنو ـ تىياتىرخانا، باغچا، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى ياسىتىمەن. ياشلىرىمىزنى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ياكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا تۈركۈملەپ ئەۋەتىپ ئوقۇتىمەن. ئۇلار شەھەر ياشلىرىدەك پاكىز كىيىنىپ، گالستۇك تاقاپ يۈرىدىغان، ئەڭ چىرايلىق، مودىلىق كىيىملەرنى كىيىدىغان بولىدۇ. بالىلار باغچا، يەسلىلەردە، ئازادە مەكتەپلەردە تەربىيە ئالىدۇ. يەر شارىدا، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كىچىككىنە بىر جەننەت بارلىققا كېلىدۇ. پاھ، نەقەدەر گۈزەل تەسەۋۋۇرۇ ـ ھە! ياق، بۇ ھەرگىزمۇ كۆز يەتكۈسىز تەسەۋۋۇر ئەمەس. مۇنداق تەسەۋۋۇر نۇرغۇن جايلاردا رېئاللىققا ئايلاندى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مېنىڭ يېزامدىمۇ، تېخىمۇ كۆپ يېزىلاردىمۇ چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. گەپ دەۋر چاقىنى تېزلىتىشكە جۈرئەت قىلغۇدەك بىر ئوغۇل بالىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا. بۇ يولدا 15 يىل كېتەر، چاچلىرىمغا ئاق كىرىپ، بەللىرىم مۈكچىيەر ··· ئەمما بۇ يولغا بېغىشلانغان ھاياتلا چىن ھايات، ئۇنىڭدىن كەلگەن بەختلا چىن بەخت، ئۇنىڭ كۆلكىسىلا چىن كۆلكە بولالايدۇ.

دىلئارام، ياز كېچىسى نەقەدەر قىسقا ـ ھە! ··· شۇ تاپتا، ئۇپۇق ئاقىرىشقا باشلىدى. گىگانت شەھەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ، ئاخىرقى يۇلتۇزلارغا سەپسالماقتا. بۇ پەيتتە سىز بەلكىم شېرىن ئۇيقۇدا ياتىدىغانسىز. دېرىزىڭىزنىڭ تەكچىسىدىكى ھېلىقى بىر تەشتەك ھال رەڭ ئەتىرگۈلمۇ

مۇگدەۋاتىدىغاندۇ (ئېسىڭىزدىمۇ ئۇنى مەن تەقدىم قىلغان. نېمىسى بىلەنكىن سىزنى ئەسلىتىدىغان بۇ گۈلنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم). مەن بولسام تېخىچىلا قىيالماسلىق ئىچىدە ئولتۇرىمەن. قولۇمدا قەلەم، كۆز ئالدىمدا سىزنىڭ ئوبرازىڭىز... گويا تۇمانلار ئارىسىدىن جىمىرلاپ كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل سۈرەتتەك، ئۈپۈقتىكى تۈنجى نۇر تالاسى بىلەنلا غايىب بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئاخىرقى يۇلتۇزدەك ... ئاھ، خۇدا! ماڭا قانچىلىك ئېغىر، قانچىلىك ئېغىر ھە! ... مەن پېتوفىينىڭ ھېلىقى مەشھۇر شېئىرىنى مۇنداق ئۆزگەرتىپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

*ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،*
*ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.*
*لېكىن، كېچىمەن ھەر ئىككىلىسىدىن،*
*سۆيگەن ئىشلىرىم ئۈچۈنلا پەقەت.*

دىلئارام، سىزنى ئەركىن بىلەن ئەكرەممۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارمۇ قالتىس ياخشى باللار، بولۇپمۇ ئەركىن تېپىلغۇسىز يىگىت. مەن ئۇنىڭدەك تەبىئىي، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ؟...

زىچ يېزىلغان خەتلەر بىلەن توشقان نېپىز ۋاراقلار قىزنىڭ قولىدىن ئاجراپ، ئاياغ ئاستىدىكى پولغا يېيىلماقتا ئىدى. قىز ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ، ئۇزاققىچە ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇردى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭغا گويا بىر ئەسىردەك ئۇزاق بىلىندى. پۈتكۈل كائىناتتا پارقىراپ تۇرغان مارجاندەك يۇلتۇزلار بىلەن بىر ئۆزىلا قالغاندەك ئىدى...

سىرتتىن كىملەرنىڭدۇر ئاياغ تىۋىشى ۋە ئۆزىنى چاقىرغان

ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. تۆكۈلگەن غازاڭلاردەك يېيىلغان قەغەزلەرنى بىر - بىردىن تېرىشكە باشلىدى. ئەمما قەغەزلەر ئۇنىڭ بارماقلىرىدا ھېچ تۇرمايتتى. سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك قويۇق چاچلىرى يېيىلىپ چۈشتى. گويا قېلىن پەردىدەك كۆز ئالدىنى توسۇۋالاتتى. قېرىشقاندەك مېھمانخانىدىن يەنىلا ھېلىقى ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

*تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،*
*تېرەك بوستانغا مەن ھەيران*
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىلان كۆز

(ھېكايە)

ياز ئايلىرىدا خىزمەت بىلەن جەنۇبقا بېرىپ قالدىم، ئۇ تۆمۈر يول، چوڭ يوللاردىن يىراق، تىنچ، ياپپېشىل بىر كىچىك شەھەر ئىدى. كەچقۇرۇن مېھمانخانىنىڭ ئىككى كىشىلىك ياتىقىدا يالغۇز يېتىپ، بۇ شەھەردە يېقىنراق بىرەر تونۇش ـ بىلىشىمنىڭ يوقلۇقىغا ئەپسۇسلاندىم. تېلېۋىزوردا ھوللىۋودنىڭ رازۋېدكا فىلىملىرىدىن بىرى قويۇلۇۋاتاتتى. فىلىمدىكى ئۇچلا پېرسوناژ ــ ۋەھشىي قاتىل، يېڭىلمەس باتۇر ئەزىمەت ۋە ساھىبجامال ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك ئېلىشىش بارغانسېرى مۇرەككەپ تۈس ئالماقتا ئىدى. ئېلېكتىرلىك شامالدۇرغۇچ گويا نەپەسنى بوغقۇدەك دىمىققا تەڭ كېلەلمەيۋاتقاندەك ھالسىز ۋىڭىلدايتتى. يېرىم ئوچۇق ئىشىكتىن بىر ئايالنىڭ گۇدۇڭلىغان، كۈلگەن ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىردىنلا كۆڭلۈمنى ئېيتقۇسىز زېرىكىش ۋە غەشلىك چۇلغىۋالدى. ياتاقتا ئولتۇرغۇم كەلمەي بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كوچىغا چىقتىم. يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاندا ـ ساندا 2 ـ 3 قەۋەتلىك بىنالار ئۇچراپ قالغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى بىر قەۋەتلىك ئاقارتىلغان ئۆيلەر بولۇپ، ھەممىلا شەھەردە كۆپ ئۇچرايدىغان «سىچۇەن مەززىلىك تائاملار ئاشخانىسى»، «جېجىياڭ قۇرۇق يۇيۇش دۇكىنى»، «شاڭخەي ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى··· » دېگەندەكلەر بار ئىدى. دوقمۇش ـ دوقمۇشتا پات ـ پاتلا كۆزگە

تاشلىنىپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى ئەڭ يېڭى مودىدا ياسىتىپ، يەڭسىز مايكا، بىر غېرىچ يوپكىلارنى كىيگەن قىزلار كىشىگە بۇ كىچىك شەھەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا تىنچ، دۇنيادىن سىرت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. بۇ شەھەرمۇ تەرەققىي قىپتۇ، لېكىن يەرلىك ئالاھىدىلىكىدىن ئەسەر قالماپتۇ، ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ شەھەر ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا تارىخچىلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئالاڭلاپ مېڭىپ كېتىۋاتسام، كەينىمدىن بىرسى:

— ئابدۇللا، ھەي ئابدۇللا! — دەپ توۋلاپ قالدى. قارىسام، خىيالىمغا كىرىپ چىقمىغان بىر تونۇشۇم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئادەتتە ئانچە كۆپ ئارىلاشمايدىغان، بەزى قىلىقلىرى تازا دىتىمغا سىغمايدىغان بۇ ئاغىنە بۈگۈن كۆزۈمگە شۇنچىلىك ئىسسىق كۆرۈندىكى، ئىختىيارسىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ بۇ شەھەرگە كەلگىنىگە بەش - ئالتە كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى، تازا زېرىككەنلىكىنى، تەلىيىگە «ھەيرانى» بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى، ھەيرانى بىلەن بىرلىكتە كەم - كەملەرنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ، قايسى باغلارغا چىققانلىقىنى سۆزلەپ ئۈلگۈردى.

— ھەيرانى؟ قېنى ئۇ، قەيەردە؟

ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدىكى غەشلىك ۋە زېرىكىش سەھەردىكى تۇماندەك بىردىنلا تاراپ كەتتى. بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، كۆپنى كۆرگەن، گەپدان، دىلكەش مۆتىۋەر بىلەن مۇشۇ كىچىك شەھەردە بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇشنىڭ ئۆزى ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن بىر ئامەت ئىدى.

— ئەنە ئاۋۇ كىتابخانىدا، مۇشۇ يەرلىك بىر بۇرادىرىمىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ، شەھەر مەركىزىدىكى باغچىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەيلى دېگەنىدۇق. سىزنى ئۇچرىتىپ...

شۇنداق قىلىپ تۆتىمىز شەھەر مەركىزىدىكى باغچىغا

باردۇق. بۇككىدە دەرەخلىك ئاستىدىكى قېلىن چىملىق ئۈستىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. باغچىدا ئادەم كۆپ ئىدى. جۈپ ـ جۈپ بولۇپ قولتۇقلىشىپ يۈرگەنلەرمۇ، بىزدەك توپلىشىپ ئولتۇرغانلارمۇ، ئائىلە بويىچە يۆلىشىپ، يېتىلىشىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. گۈللۈكلەردە پۈرەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئېگىزگە ئېتىلىپ چىقىپ يۇمىلاق سۇ گۈمبىزى ھاسىل قىلغان فونتاننىڭ نېرىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ساكس مۇزىكىسى باغچا ئىچىنى خىيالىي بىر تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى.

— بۇ شەھەرگە ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم كەلگەنمەن، — دەپ پاراڭنى باشلىدى ھەيرانى، — ئىلگىرى دەل بىز ئولتۇرغان يەرنىڭ ئىككى چامدام نېرىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى قۇچاق يەتمەس تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ ئاستىدا قاتار دەڭ ـ سارايلار، ئاشخانا ـ چايخانىلار، تاقىچى، مىسكەر، تۇنۇكچى، پاختا ئاتقۇچى، پوزىچىلارنىڭ دۇكان ـ يايمىلىرى بار ئىدى. بۇ دەڭ ـ سارايلارنىڭ ئىچىدە ئايىمخان دەيدىغان بىر ئايالنىڭ سارىيى ئەڭ ئاۋات بولىدىغان…

— شۇنداق، شۇنداق، ئەسلىرىدە بار ئىكەن، ئەر كىشىدەك قاۋۇل، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ۋارقىراپ سۆزلەيدىغان ئايال ئىدى. دۇتار دېگەننى سايرىتىۋېتەتتى. ئۆستەڭ ئۈستىدە گىلەم سېلىنغان يوغان بىر كارىۋات بولىدىغان، بىر سېمىز، شاپ بۇرۇت ئۇستام توختىماي مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ تاماق توشۇپ يۈرىدىغان…

— ئۆستەڭ بويىدا كاتو
ئايىمخان دۇتا چاتۇ.
ئايىمخان دۇتا چالسا
ھەممە ئەللەر ھاڭ قاتۇ، — دېگەن قوشاقنى ئاڭلىغان

بولغىيدىڭلار، — ھەيرانى بۇ قوشاقنى ئاھاڭى بىلەن ئېيتىۋېدى، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ھىم، دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، بۇ يەرنىڭ قىزلىرى بەك چىرايلىق ھەم شوخ كېلىدۇ، — دېدى ھەيرانى يەنە. خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئالدىمىزدىن ئېگىز بوي، چىرايلىق، ياش ئىككى چوكان چىقىپ قالدى. يېڭى مودىدىكى كىيىم - كېچەكلەر بىلەن ئەنئەنىۋى ياسىنىش ئادىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا شۇنچە ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن بۇ گۈزەللەر ئەركىن ھەم يېنىك قەدەملەر بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاق قۇنىڭكىدەك ئۇزۇن بويۇنلىرىنى بۇراپ، سېھىرلىك كۈلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىز تەرەپكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇۋېدى، ھەممىمىز ھوش - كاللىمىزنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدۇق. ھەمشەھەر ئاغىنەم:

— پاھ، ئاۋۇ ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغىنى ئەجەب چىرايلىق نېمىكەن، — دەپ تىلىنى چاكىلدىتىۋېدى، قالغانلىرىمىز ھاياجان بىلەن باش لىڭشىتىپ، ئۇنى نېمە دەپ تەرىپلىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق.

— ياق، ياق، سىلەر بىلەلمىدىڭلار، ياشتە سىلەر، پارقىرىغاننىلا قوغلىشىسىلەر. ئاۋۇ ھاۋارەڭ كۆڭلەكلىكى قالتىس ئىكەن. مېڭىشىغىلا قاراڭلار كاساپەتنىڭ، ئىچىدە سىغماي تۇرغان بىر نەرسە باردەك تۇرمامدۇ. ياش ۋاقىتلىرىمدا ئۇچراتقان بىر قىز بولىدىغان، بىر يەرلىرى شۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىكەن…

— «لەيلىگە مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراڭ» دەيدىغان گەپ بار، كونا تونۇشىڭىزغا ئوخشىغىنى ئۈچۈنلا سىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەن گەپ!

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، سىلەر قانداق قارايسىلەركىن، ئەمما مېنىڭچىمۇ ئاياللارنىڭ سېھرىي كۈچى چىرايىدىلا ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە نېمىدە؟

— مەنمۇ ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما بەزى ئايالللاردا شۇنداق بىر جەلپكارلىق بولىدۇ. سىلەر يىلاننىڭ يەردە يېتىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشقاچنى قانداق تۇتۇپ يەيدىغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ ئېيتىشلارچە، يىلاننىڭ كۆزىدە شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ بارمىش، ئۇنىڭ نىشانىغا ئېلىنغان قۇش ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇپ ھەرقانچە پىرقىرسىمۇ، بىر ئىزدا جان تالىشىپ پەرلىرى پۇر - پۇر تۇزۇپ كەتسىمۇ بىكار ئىكەن، ئاخىر يىلاننىڭ ئاغزىغا چۈشمەي قالمايدىكەن.

— دۇنيادا ئەجەب سىرلىق ئىشلار بار - ھە.

— ئۇنداق بولسا، سىز ياش ۋاقتىلىرىڭىزدا تونۇشقان ھېلىقى قىز شۇنداقمىدى؟

— قانداق؟

— يىلان كۆز؟

— ھا، ھا، ھا...

ھەيرانى تاقىر بېشىنى سىلاپ، كۆزەينىكىنى تىترىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىز ئۇنىڭدىن ئاشۇ قىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۇق. ئۇ بىر دەم جىم بولۇپ كېتىپ:

— بوپتۇ، سۆزلەپ بەرسەم بېرەي، رەھمەتلىك ئايالىم ھايات بولغان بولسا، بۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەيتتىم. ئەمما ھازىر بۇ ھېكايەم ھېچكىمنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيدۇ، بۇ پەقەت ياشلىقتىكى بىر ھەۋەس، — دېدى ۋە ھېكايىسىنى باشلىدى.

— 80 - يىللارنىڭ بېشى ئىدى. نازارىتىمىزنىڭ كەسپىي مۇھاكىمە يىغىنى شىمالدىكى بىر شەھەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ ھېلىقى «مىسلىسىز ئىنقىلاب» تىن كېيىنكى تۇنجى يىغىن بولغانلىقتىن، يىغىنغا تەۋەيىمىزدىكى ئاتاقلىق كەسپىي خادىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. بىز شۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىسىغا

ئورۇنلاشتۇق، شەھەردىكىلەر ھەر ئاخشىمى تانسا، كىنو ئورۇنلاشتۇرۇپ بىزنى قالتىس كۈتتى.

ئۇ مېنىڭ دەسلەپكى ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىنىمگە بىرەر يىل بولغان، «ھەيرانمەن» دېگەن شېئىرىمنى يېڭىلا ئېلان قىلىپ «ھەيرانى» دەپ ئاتىلىپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. ئۆزۈم قىلتىرىقتەك ئورۇق بولغاچقا، تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتىم. يوغان بۇرنۇم بىلەن ئۇچلۇق ئېڭىكىم چوقچىيىپ تۇراتتى. چېكە چاچلىرىم ۋاقىتسىز چۈشۈپ پېشانەمدىن چوققامغىچە بىر تال تۈك قالمىغاچقا، شەپكەمنى بېشىمدىن ئالمايتتىم. ئۇچىغا شەپكە كىيدۇرۇپ قويغان مومنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن دەل شۇنىڭغا ئوخشايتتىم.

تۇنجى قېتىمقى تانسا باشلىنىشتىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز بىرى يېنىمغا قارا دېگەندەك قىلدى. قارىسام، ئالدىمدىكى قاتاردا ئولتۇرغان ئىككى قىز مېنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىشىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئىكەن. مەنمۇ ئۇلارغا، توغرىراقى ئۇلارنىڭ بىرسىگە قاراپلا قالدىم. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

ئۇ يۇملاق ئاق يۈزلۈك، ئاق بولغاندىمۇ ئىختىيارسىز كىشىگە «سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» دېگەن ئوخشىتىشنى ئەسلىتىدىغان قىز ئىدى. قىسقا كېسىۋالغان تەبىئىي بۇدۇر چېچى گەجگە ۋە قۇلاقلىرىنىڭ ئەتراپىدا دولقۇنسىمان بولۇپ تۇراتتى. چوڭ - چوڭ، سەل ئالغايدەك كۆرۈنىدىغان قارا كۆزلىرىنىڭ ئۇستىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ئېگىلىپ چۈشكەن قېشى، قېتى تازا ئېنىق ئەمەس، قەغەزدەك نېپىز قاپاقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان شالاڭ، ئەمما ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ئويماقتەك ئاغزى ··· ئومۇمەن قىلچە پەردازسىز

تەبىئىي چىرايى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن چىقىپ تۇرغان تۈز، تەبىئىي مىجەزى بىلەن شۇنداق ماسلىشىپ كەلگەن ئىدى. تانسا باشلاندى، ئۇ تالاش ـ تارتىشتا ئوتتۇرىدىن چۈشمەي دېگۈدەك ئوينىدى. ئۆزىمۇ شوخ كاساپەتكەن، بارغانچە كۆزۈمگە ئوتتەك كۆرۈنۈپ، بىر تارتىپ باققۇم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى كۆرۈمسىز چاغلاپ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. بىر بۇلۇڭدا تاماكىنى كۈچەپ شوراپ، ئۇنىڭغا يىراقتىن تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردۇم.

ئەتىسى شەھەر سىرتىدىكى بىر سۈت فېرمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. فېرمىغا يېقىنلاشقانچە ئەتراپتىكى مەنزىرە بەك گۈزەللىشىپ كەتتى، تاغ باغرىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈك، ئوتلاپ يۈرگەن كاللار، سۈزۈك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇت، ھەممە يەرنى قاپلاپ ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر ··· بەئەينى بىر سۈرەت ئىدى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىمنى چىقىرىپ:

— پاھ! بۇ يەر جەننەت ئىكەنغۇ! — دەپ توۋلاپ كېتىپتىمەن. كۈتۈلمىگەندە بېشىمدىكى شەپكەم ئۇچۇپ كەتسە بولىدۇ، دەرھال بېشىمنى چاڭگاللاپ پەسكە ئېڭىشىۋالدىم. ئاپتوبۇستىكىلەر قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، چاقچاق دېگەننى ياغدۇرۇۋېتىشتى، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. دەل شۇ پەيتتە ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ھېلىقى قىز ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، شەپكەمنى تېپىپ كەلدى. ئۇنى ماڭا بەرمەي بېشىغا كىيىۋېلىپ:

— ھەيرانى ئاكا، بېشىڭىز لېنىننىڭ بېشىغا ئوخشايدىكەن، بۇ شەپكىنى كىيمەي، كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان بولسىڭىز، خەقلەر نەدىن كەلگەن پەيلاسوپكەن دەپ قالىدۇ جۇمۇ سىزنى، — دېدى. ئارقىدىن ئاپتوبۇستىكىلەرگە قاراپ، — ھەي قاراڭلار،

شەپكەم يارىشىپتىمۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

شۇ گېپى بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، كىچىك - كۈندۈز بېشىمدىن چۈشمەي گىرۋەكلىرى ياغلىشىپ تۇرىدىغان شەپكەم ئۇنىڭغا شۇنداق يارىشىپ كېتىپتۇ. بېشىمنى توسۇشنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قاپتىمەن. ئاپتوبۇستىكىلەرمۇ «يارىشىپتۇ، يارىشىپتۇ!» دەپ توۋلاشتى. بىرنەچچىسى:

— ئەجەبمۇ تەلەيلىك شەپكە ئىكەن، ھەي ھەيرانى، شەپكەڭنى بىزگە سېتىپ بەر، قانچە دېسەڭ مانا پۇل، — دەپ چاقچاق قىلىشتى.

مەنمۇ:

— بالدۇرراق دېگەن بولساڭلار بىر گەپ ئىدى، ئەمدى جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ بۇ شەپكىنى ساتمايمەن، — دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋالدىم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى باشقىلار ئۇخلاپ بولغاندا مېھمانخانا دەھلىزىدىكى يوغان ئەينەك ئالدىدا شەپكەمنى ئېلىۋېتىپ، تاقاشقا جۈرئەت قىلالماي يۈرگەن كۆزەينىكىمنى تاقاپ ئۇزاق تۇردۇم. ئۇياق - بۇياققا مېڭىپمۇ كۆردۈم. ئەينەككە قارىغانچە قارىغۇم كېلەتتى. قارىغانچە ئۆزۈمنى راستىنلا سالاپەتلىك بولۇپ قالغاندەك سېزەتتىم. بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئاخىر شەپكەمنى بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە تاشلىۋەتتىم، تاشلىۋېتىپ بولۇپ بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم.

ھەجەر ئىسىملىك ئۇ قىز مەن بىلەن ئەنە شۇنداق تولا چېقىشاتتى، باشقىلار بىلەنمۇ شۇنداق ئەركىن ئارىلىشىپ چاقچاقلىشىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچكىم ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلىمايتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى زالدا كىنو كۆرۈۋېتىپ ياتاقداشلىرىمنىڭ بىرسىنىڭمۇ كىنو كۆرگىلى كەلمىگەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى كۈنلىرىمۇ شۇنداق بولغان

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇلار كەچتە نەگە بېرىشىدىكىنە؟ شۇ خىيال بىلەن بالدۇرراق قايتىپ چىقتىم، ھەمراھلىرىم ياتاقتىمۇ يوق، ئەمما 2 ـ قەۋەتتىكى بىر ياتاقتىن ناخشا ـ ساز ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېرىپ ئىشىكنى چەكتىم. پاھ، ياتاق ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئوتتۇرىدا گىتار چېلىۋاتقان ھەجەردە ئىدى. ئىشىكتىن كىرىۋاتسام، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاپقارا كۆزلىرىدە ماڭا مۆللىدە بىر قاراپ قويدى. بۇ شوخلۇق، يېقىنلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئادەتتىكىچىلا بىر قاراش ئىدى، لېكىن ئادەمنىڭ ئىسىدىن ئۆلگۈچە چىقمايتتى. بىرنەچچە ئاخشام ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا بىردىن ـ ئىككىدىن ھەجەرنىڭ ياتىقىغا يىغىلىمىز، چاقچاقلىشىمىز، دۇتار ـ تەمبۇر چېلىشىمىز ياكى ھەجەرگە گىتار چالدۇرىمىز. ئۇ گىتارنى ۋاي دەپ كەتكۈدەك چالالمايدۇ، ناخشىسىمۇ شۇنچىلىكلا، لېكىن چاقچاققا يامان. گەپنى چاقماقتەك قىلىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ قويۇپ، سەل ئالغاي كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرىدۇ.

شۇ چاغدا باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش تۇيغۇدا بولدىمۇ ـ يوق، ئۇنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئاشۇ سېھىرلىك كۈلۈمسىرەشلىرى كىشىدە ئاللىقانداق خىيالىي تۇيغۇلارنى قوزغايتتى، ئۇنىڭ ياتىقىغا بىرلا كىرىپ قالغان كىشى ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ كىرمەي قالمايتتى، سانىمىز كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. ھەر ـ ھەر كاتتىلارمۇ، ھەتتا نازىرلارمۇ سېپىمىزگە قېتىلدى. بۇ جەرياندا ھەجەرنىڭ بىرەرسى بىلەن ئارتۇقچە يېقىنلىشىپ كەتكىنىنى، بىرەرسىگە ۋەدە بەرگىنىنى ئاڭلىمىدۇق. ئەمما ھەممىمىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قانداق باغلىنىپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەي قالدۇق، ھەر كۈنى ئارىمىزدا

ئاخشامقى سورۇنىنىڭ، ھەجەرنىڭلا گېپى بولاتتى. «ھەجەر پالانى تاماققا ئەجەب ئامراقكەن»، «ھەجەر پالانچىنى گەپ بىلەن ئەجەب بابلىدى ـ ھە»، «ھەجەر پوكۇنى ناخشىنى بىلەمدىغاندۇ؟» دېگەندەك پاراڭلارنى قىلىپ زېرىكمەيتتۇق. ئاخشىمى ئۇنى ئۇيلاپ يېتىپ، خېلىغىچە ئۇخلىيالمايتتۇق. ئاخىر بىر كۈنى 50 ياشلاردىن ئاشقان بىر بۇرادىرىمىز كارىۋىتىدا يېتىپ:

— ئاھ ھەجەر ··· كاساپەتنىڭ كۆزلىرىزە! — دېۋىدى، ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەتىسىدىن تارتىپ نېمىشقىدۇر بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قاراشتىن ئۇيىلىدىغان بولۇپ قالدۇق.

15 كۈن توشۇپ دەھشەتلىك ئايرىلىش كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. مەن ھەجەرگە خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە ئاشىق بولغانىدىم. مۇشۇ شەھەردىن ئايرىلغىچە ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى ئىزهار قىلىۋېلىش ۋەسۋەسىسىدە يۈرۈپ، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ مەندىن ئۆتە ۋەيرانچىلىقتا ئىكەنلىكىنى سەزمەپتىمەن.

يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى كەچلىك زىياپەتتە بولدى دېگۈچە ئىچىپ، ھەجەرنىڭ ياتىقىغا چىقتىم، ئىشىكنى چەكسەم ئېچىلمىدى، قايتا ـ قايتا چەكتىم، ھەجەرنى چاقىرىپ يالۋۇردۇم، بولمىدى. ئىشككە قولىقىمنى يېقىپ تىڭشىسام، ئۆيدە تىرىقلىغان، گۇدۇڭلىغان ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك قىلدى. بىردىنلا قېنىم قايناپ ياتاققا يۈگۈرۈپ چىقتىم. ياتىقىمىز 4 ـ قەۋەتتە، دەل ھەجەرلەرنىڭ ياتىقىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. كارىۋات كىرلىكىنى يىرتىپ، بىر ئۇچىنى پارىۋايغا، بىر ئۇچىنى بېلىمگە باغلاپ پەسكە يامىشىپ چۈشتۇم. ھەجەرلەرنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «ھەجەر، رازى بولۇڭ، — دەپ توۋلىدىم، — دىدارىڭىزنى كۆرەلمەي ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، ئەلۋىدا!»

ھەجەرنىڭ قېشىغا قانداق كىرگىنىمنى بىلمەيمەن. پەقەت

www.uyghurkitap.com



قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەن ھەجەرنىڭ «چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ نېمە سەتچىلىك بۇ» دەپ ئەيىبلەپ كەتكىنىلا ئېسىمدە. ھەجەرنى كۆرۈپ مەستلىكىم يېشىلىپ، بايىقى باتۇرلۇقۇم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. دۇدۇقلاپ بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئۇڭلاپ قىلالمايى ئولتۇرسام، ئىشىك چېكىلىپ بىرسى پالاقشىدە كىرىپ كەلدى ۋە ئىككىمىزنى كۆرۈپلا كەينىگە ياندى. بۇنى كۆرۈپ يەنە تەلۋىلىكىم تۇتتى. نەدىن كەلگەن جۇرئەتكىن، بىرىپلا ھەجەرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ كۈچەپ قولىنى تارتىۋالماقچى بولاتتى. مەن ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى تېخىمۇ بەكرەك قىسىپ تۇرۇپ:

— ھەجەر، ئىككىمىز توي قىلايلى، بولامدۇ؟ بۈگۈن ماڭا ئېنىق بىر جاۋاب بېرىۋەتسىڭىز، — دېدىم.

— ئەجەب گەپ قىلىدىكەنسىز، ھەيرانىكا، ئىككىمىز تونۇشقىلى تېخى 10 كۈنمۇ بولمىسا…

— بولدى، سىز ماڭا ماقۇل دېمىسىڭىز، بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىمەن، ئۆمۈرۋايەت توي قىلمايمەن!

خاپا بولۇپ تۇرغان ھەجەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— يائاللا، نېمانچە ئۇششۇق ئادەم بۇ، ھېلى ئۆلۈۋالىمەن دەپ قورقاتسىڭىز، ھېلى ئۆمۈرۋايەت توي قىلمايمەن، دەپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالسىڭىزا! دەپ بېقىڭە، مەن نېمە قىلدىم زادى سىزگە؟

شۇ پەيتتە ئىشىك يەنە چېكىلدى، ئىشىك چەككۈچى «كىرىڭ» دېيىشىنىمۇ كۈتمەي، ئۇسۇپ كىردى ۋە ئىككىمىزنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ كەينىگە ياندى.

— خەقلەر نېمە دەپ قالىدۇ، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ! قانداق ئادەم بۇ … — ھەجەر خىجىللىقتىن قىزىرىپ، ھە دەپ قولىنى ئاجراتماقچى بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۈگۈن سىزدىن جاۋاب ئالماي ھېچيەرگە چىقمايمەن!

بىرىپ ئىشىكنى تاقىدىم. ھەجەر ماڭا بىر ئالىيىپ قويۇپ گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاشۇ دومسىيىپ ئولتۇرغان قىياپىتىمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى. ئىشىك توختىماي چېكىلەتتى، بىرىپ ئاچاتتىم، كىرمەكچى بولغانلار ئىككىمىزنى كۆرۈپ كەينىگە ياناتتى. شۇ تەرىقىدە ساناپ ئولتۇرسام، ئىشىك 27 قېتىم چېكىلىپتۇ. ئىشىك چەككەن بۇرادەرلەرنىڭ تولىسى مەست ئىدى، «ئاھ، ھەجەر، نەدە سىز، بىزنى ئەجەب تەقەززا قىلدىڭىز» دېيىشەتتى، مەستلىككە ئېلىپ جاھىللىق بىلەن ئۇسۇپ كىرمەكچى بولغانلىرىنى بىر ئامال قىلىپ چىقىرىۋېتەتتىم. يەنە ئىشىكنى تاقاپ، ھەجەرگە كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتىم. گەپلىرىم ھېچ قولاشمايتتى. ھەجەر گاھ قاپىقىنى تۈرۈۋالسا، گاھ كۈلۈپ، توختىماي ئەسنەپ ئولتۇراتتى. كېچە سائەت 12 يېرىمدا ئىشىك يەنە بىر قېتىم چېكىلدى. بىرىپ ئاچسام ياشانغان نازىرىمىز ئاسما مايما، كالتە ئىشتان بىلەن ئىشىك ئالدىدا:

— ئاھ ھەجەر، ئەتە كېتىدىغان بولدۇم، دىدارىڭىزنى بىر كۆرۈۋالسام، — دەپ يىلىنىپ تۇرىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، نازىر ئاكا، ھەجەر ئىككىمىز توي ئىشىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتۇق، — دېۋىدىم، نازىر:

— شۇنداقمۇ؟ مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن، — دېگىنىچە غىپپىدە كېتىپ قالدى.

شۇ ئاخشىمى سائەت ئىككىلەرگىچە ئاۋارە بولۇپ ھەجەردىن جاۋاب ئالالماي، ئاخىر غەزەپ ۋە نومۇستىن سىرتقا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم. مېھمانخانا ئالدىدىكى دەرەخلىكتە بىرنەچچە بۇرادەر مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ: «ئاھ ھەجەر، ۋەسلىڭگە يېتەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ يېتىشقان ئىكەن، مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتتىم. يەنە سەكرەپ قوپۇپ، ياتاقتىن كىمدۇر بىرى تىقىپ قويغان بىر بوتۇلكا

ھاراقنى تېپىپ چىقىپ، بىر كۆتۈرۈشۈمدىلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتىم. ئۆمرۈمدە شۇ قېتىملىقىدەك مەست بولمىغانىدىم. ئويغانسام ياتاقتا يېتىپتىمەن. كۈتكۈچى ئايال:

— ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۇخلىدىڭىز، قورقۇپ دوختۇر چاقىرتتۇق، شۇنداقمۇ ئىچكەن بارمۇ! — دەپ كايىپ كەتتى. سۈرۈشتۈرسەم ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى كېتىپ بوپتۇ. ھەجەرنىڭمۇ مېنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشىم بىلەن كارى بولماپتۇ. ھەجەرنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىمگە پىچاق سانجىلغاندەك ئازابلاندىم. يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ، كوچا ئاغزىدىكى خويزۇ ئاشخانىسىغا چىقىپ، بىر قاچا ئاچچىق سۇيۇقئاش ئىچىۋېلىپ، قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندىم. ھەجەرنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغانلىقىم ئايان بولسىمۇ، كوچا - كوچىلاردا، بېكەتتە ياكى ئاپتوبۇستا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارايتتىم.

قايتىپ بېرىپ ئىككى ھەپتىگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىم. ھېچقانداق ئادەمنىڭ چىرايىغا قارىغۇم كەلمەيتتى. ھەجەرنى ئىزدەپ باراي دېسەم، ئەينى چاغدىكى رەھىمسىزلىكى ئېسىمگە كېلىپ بېرىشقا پېتىنالمايتتىم.

ھەيرانى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جىم بولۇپ قالدى. قارىغاندا ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، بىر قىز (مەرھۇم ئايالىم) بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىدىغان چاغدا، قانداقلا بولمىسۇن كۆڭۈل توختىتىش مەقسىتىدە ھەجەرنىڭ يۇرتىغا ئۇنى ئىزدەپ باردىم···

ھەيرانى يەنە جىم بولۇپ كەتتى.

— قانداق بولدى؟ سىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ — ئالدىراپ سورىدۇق.

— ئىلگىرىكىدەكلا ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلدى. بىراق

ئەرگە تېگىۋاپتۇ. قانداق ئەر دېمەمسىلە، تازا ··· بىر شوپۇرغا. ئۇ پادىشاھتەك ئولتۇرۇپ: «ھەي خوتۇن، ئۇنى قىل، ھەي خوتۇن بۇنى قىل» دەپ ئىشقا بۇيرۇغىلى تۇرسا، ھەجەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدا پارلاپ تۇرغان سېھرىي مۇھەببەتنى، ئېرىگە قارىغان چاغدا كۆزلىرىنىڭ چاقناپ كېتىشىنى دېمەمسىلە تېخى. كېيىن شۇ شەھەرلىك بۇرادەرلەر بىلەن بىر يەردە بولۇپ قېلىپ، ھەجەرنىڭ گېپى چىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەجەر ئۈچ بالىلىق بولۇپتۇ. ئېرى ئۇنى پات ـ پات دۇمبالاپ تۇرىدىكەن···

— تاللاپ ـ تاللاپ تازىغا ئۇچراپتۇ ئەمەسمۇ مانا.

— خوپ بوپتۇ، ئۇجمە كۆڭۈللۈك قىلغاندىن···

— ئۇجمە كۆڭۈل دېگىلىمۇ بولماس، بۇ خۇددى كۆرگەنلىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىۋالىدىغان كۇلۇمسىرىشى ئۈچۈن مونىلىزانى ئەيىبلىگىلى بولمىغاندەك بىر ئىشتە.

— بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، يەنى ئايالىم تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ باردىم، — ھەيرانى يەنە گەپ باشلاپ قالدى.

— ھە، ھە، قېنى قانداق بولدى؟ — دېيىشىپ يەنە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتۇق.

— بۇ قېتىم ئۆيىگە كىرمىدىم. ئۇلار ئۆي كۆچۈۋاتقان ئىكەن. ئۆيىنىڭ ئالدىدا چوڭ كوزۇپلۇق بىر ماشىنا تۇراتتى. بىرنەچچە ئىشلەمچى ئۆيدىن گىلەم، ئىشكاپ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا بېسىۋاتاتتى. بىر چاغدا سېمىز بىر ئايال چىقىپ، بوغماق بىلەكلىرىنى ئىككى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ ئىشلەمچىلەرگە ۋارقىراپ بىر نەرسىلەرنى دېگىلى تۇردى. بىر يەرلىرى تونۇشتەكلا قىلىدۇ. سىنچىلاپ قارىسام، دەل ھەجەرئىكەن. ئېرى بىر خىل تۇرۇپتۇ، ئەمما چاچلىرىغا ئاق سانجىپ قاپتۇ. بىر ئوغۇل بالىمۇ چىقىپ ـ كىرىپ ئىشلەپ

www.uyghurkitap.com

يۇرىدۇ. چىرايى خۇددى ھەجەرنىڭ ياش ۋاقىتلىرىنىڭ ئۆزى… دوقمۇشتا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ قالدىم…

ھەممىمىز جىم ئولتۇرۇشۇپ كەتتۇق. بۇ ھېكايىنىڭ مۇنداق ئاخىرلىشىشى كۆڭلىمىزنى غەش قىلىپ قويغانىدى. بىراق تۇرمۇش دېگەن شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ كىمنىڭ ئارزۇسىغا باققان دەيسىز.

بايا جىمىپ قالغان ساكس ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن تانسا ئويناۋاتقان ياشلار خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز بەكرەك كۆزگە تاشلىناتتى…

# شەھەردە كالا يوق

قاچانلاردا يۇرتۇمدىكى دەريا بويىغا كېلىپ قالغاندىمەن؟ ئەنە، ئاۋۇ يەردە كىچىك چاغلىرىمدىكى ئاغىنىلىرىم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ سۇغا چۆمۈلۈۋاتىدۇ. بەزىلىرى بەس ـ بەستە سۇغا شۇڭغۇسا، بەزىلىرى غۇلاچلاپ بۇژغۇن چاچرىتىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ، يۈرەكسىزرەكلىرى سۇنىڭ تېيىز يېرىدە تۇرۇۋېلىپ، ئىككى مۇرىسىنى قورۇغىنىچە سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ بەدەنلىرىگە چېچىۋاتىدۇ...

— تازا ھۇزۇرلىنىۋېتىپتۇ ـ دە، بۇ ئاغىنىلەر. قېنى، يانلىرىغا بىر بېرىپ باقاي، مېنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشارمىكىن...

نېمىشقىدۇر بۇ سۇ باللىق چاغلىرىمدىكىدەك مۇزدەك ھەم سۈزۈك ئەمەس، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاشپۇزۇللارنىڭ قاچا يۇيىدىغان سۈيىگە ئوخشاش قويۇق، مايلىشاڭغۇ ئىدى، بەدەنگە تەگكەنلا يەردە سارغۇچ داغ قالدۇراتتى. سۇنىڭ سۈزۈك يېرىنى تاپماقچى بولۇپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئاغىنىلىرىمنىڭ يېنىغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتىم. پۇت ـ قولۇم باغلاپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ مىڭبىر جاپادا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا باردىم. ئەمما سۇ يەنىلا شۇنداق يېپىشقاق، سارغۇچ. ئاغىنىلىرىمدىن دېرەك يوق. قانداقلارچە شۇنچە كەڭ دەريادا ئۆزۈم يالغۇز قالدىمكىن؟ پاسكىنا سۇ لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتىدۇ، ئېگىز بىر دولقۇن باش ئۈستۈمگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچارمەن، دەپ ھەريان تەلپۈنۈپ

www.uyghurkitap.com



تۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئايالىمنىڭ:

— تۇرسۇن، ھەي تۇرسۇن! قوپۇڭ، ئىشقا ۋاق قالدىڭىز، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئايالىم ئاشخانىدا سۇنى شارىلدىتىپ قويۇپ بېرىپ قاچا يۇيۇۋاتاتتى.

ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە، ئاشخانىدىكى سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى چۈشۈمدە مېنى يۇرتۇمدىكى دەريا بويىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. دېمىسىمۇ چۈش دېگەن تولا ۋاقىتلاردا رېئاللىقتىكى بەزى ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سائەتكە قارىسام، چۈشتىن كېيىنكى ئىككى يېرىمگە يېقىنلىشىپ قالغانىكەن. ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈزۈمنى چالا - بۇلا سۈرتۈپ، پىيالىدىكى سوغۇق چايدىن ئوتلىۋېلىپ، دەرھال سىرتقا قاراپ ماڭدىم. بىزنىڭ بۇ بىنانىڭ ھەر قەۋىتىدە ئۈچتىن ئۆي بار. ئوڭ تەرەپتىكىسى كىچىكرەك باشلىقلار، سول تەرەپتىكىسى ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى كادىرلار ئولتۇرىدىغان كىچىكرەك ئۆيلەر. يان قوشنامنىڭ ئىشىكى چىڭ تاقاقلىق تۇرىدۇ. ئۇ، ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان، خىزمەتتىمۇ، مەنپەئەتتىمۇ ئالدىدا ماڭىدىغان ئادەم. ئوڭ تەرەپتىكى چوڭ ئۆينىڭ ئىشىكى ھاڭغىرقاي ئوچۇق. ئىشىك يېنىدىكى ئاياغ ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە خوجايىنىنىڭ دائىم كۆتۈرۈۋالىدىغان ھۆججەت سومكىسى، ئىشكاپ ئالدىدا ئۇنىڭ ئالاھىدە نومۇرلۇق يوغان ساپما كەشى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر قاچانقىدەك چوڭ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئېھتىيات بىلەن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتىم - دە، ئىككى قانتى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن زال ئىشىكىدىن سىرتقا چىقتىم. چىقتىمىيۇ، بوران سوققاندەك كەينىمگە يېنىپ، ئۆزۈمنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئېتىشقا ئاران ئۈلگۈردۈم. ماڭا سوڭدىشىپ يوغان بىر كالا ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزىنى دېۋەيلىگىنىچە زال ئىشىكىدىن ئۈچقاندەك كىرىپ، پاتراقشىپ چاپقىنىچە ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن سەكرەپ چىقىپ، خوجايىنىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن

لوڭگىدە كىرىپ كەتتى. ئىشىكتىن كىرىشتىكى زالغا سىپسىلىق ھاۋارەڭ چاقچۇق ياتقۇزۇلغانىدى. كالا مۇدۇرگەندەك بولۇپ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، كەينىگە تىرەجەپ تۇرۇپ قالدى. تېز - تېز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىقىنىدىن، جاۋغايلىرىدىن ماغزاپ ئېقىپ، كۆزلىرى ئالايغان ئەلپازىدىن گويا ھازىرلا كۆرگەن نەرسىنى ئۇسۇپ ۋەيران قىلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. دەل شۇ پەيتتە يان تەرەپتىن قولىنى سۈرتكىنىچە خوجايىن چىقىپ كەلدى. ئۇ، ئېگىز بوي، قامەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ، بەخىرامان ھالدا ئىشىك تەرەپكە ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ، بىردىنلا كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— ۋايجان، كا... قا... قالا! — دەپ غەلىتە ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى.

خوجايىن بىلەن كالا بىرەر مېتىرچە ئارىلىقتا بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. كالىنىڭ سەل ئېگىلگەن ئاجايىپ يوغان ھەم ئۇچلۇق مۈڭگۈزى قان ۋە كۈچكە تولغان ئاشۇ قامەتلىك بەدەننى ھازىرلا تېشىپ ئۆتىدىغاندەك تىترەيتتى. خوجايىننىڭ كۆزى مۈڭگۈزنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەنىدى. خوجايىن ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن قولياغلىقنى تاشلاپ، چاي شىرەسى ئۈستىدىكى چۆچىلىق داستىخاننى يۇلۇپلا ئالدى. زەر يىپتا تۇقۇلغان داستىخان ۋال - ۋۇل قىلىپ كەتتى.

پاھ، بىر قەپەس ئىسپانچە ئېلىشىش بولامدۇ، نېمە؟ دېگەن غەلىتە خىيال كاللامغا كەلدى. دېمىسىمۇ قالتىس ئادەمدە بۇ. ئەمەل سورۇنىدىكى رىقابەتلەردە، ھاراق ۋە چاقچاق سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگەنمىز. ئۆزۈمچە ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

خوجايىن داستىخاننى بىردەم پوملاپ تۇتۇپ، بىردىنلا ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. داستىخان پەسكە سېلىنىپ كالىنى توسۇپلىۋالدى.

— داستىخاننى يانغا تۇتۇڭ، يانغا!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاياجانلىنىپ تولۇقۇپتىپ، خوجايىنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ قالدىم. خوجايىن داستىخان بىلەن ئۆزىنى توسقان پېتى ئاستا ـ ئاستا چېكىنمەكتە ئىدى.

كالىمۇ ھامان ئىسپانىيەنىڭ كالىسى ئەمەستە. ئۇ، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، زال ئىشىكىدىن چىقىپ يان تەرەپتىكى قورۇق تامنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. كالا دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كۆزدىن يىتىشىگە، تۇرقىدىن سەھرالىق ئوقەتچىلەرگە ئوخشايدىغان ئىككى كىشى، ئىدارە كۆزەتچىسى ۋە ئىككى ـ ئۈچ بىكارچى يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى.

ــ مۇشۇ يەردىن كالا ئۆتتىمۇ؟ ــ دەپ ھودۇقۇپ سورىدى كۆزەتچى.

ــ ھازىر بىزنىڭ بىنادىن چىقىپ ماۋۇ قورۇق تامنى بويلاپ چېپىپ كەتتى، ــ دېۋىدىم، ھەممەيلەن قورۇق تام تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى، پاقالاندەك سېمىز بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان بىر بالا باققۇچى ئايالمۇ ئۇلارغا ئەگىشىۋالغانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي كۆزەتچى بىلەن بىكارچىلار، بالا باققۇچى ئايال قايتىپ كېلىشتى.

ــ قانداقراق كالىكەن، سىز كۆردىڭىزمۇ زادى؟ ــ فورما كىيگەن كۆزەتچى مەندىن ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى.

ــ ئۇ راستتىنلا بىناغا كىردىمۇ؟ تېخى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىردى، دەڭ! بىر كىمگە زىيان يەتكۈزمىگەن بولسىلا مەيلىغۇ... ئىسسىقتا مۈگدەپ قاپتىكەنمەن، دەرۋازىدىن يوغانلا بىرنەرسە كىرگەندەك قىلىپ قالدى...

ئاڭغىچە كىشىلەر «ساۋۇت بوتكا» دەپ ئاتايدىغان دۇكانچىمۇ كېلىپ گەپكە ئارىلاشتى:

ــ دۇكاننىڭ ئىشىكىدىن شۇنداق قارىسام، سېمونت يولدا بىر نەرسە چېپىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ شەھەردە كالا نېمە ئىش قىلىدۇ، كۆزۈمگە كۆپكۆندۈزدە جىن كۆرۈنۈۋاتقان ئوخشايدۇ،

دەپ ئىككى يېنىمغا تۇكۇرۇپ تۇرسام، ماۋۇلار كالىسىنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى...

بالا باققۇچى ئايالمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— شۇنداق يوغان تاغىل كالىكەن، مۈڭگۈزىنىڭ يوغانلىقچۇ تېخى. ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ بىرەر كىمنى ناكار قىلىپ قويمىدى.

— چۈش ۋاقتى بولغاچ، يولدا ئۇششاق بالىلارمۇ يوقكەن، دەڭلار...

شۇنداق دېيىشىپ تۇرساق، خوجايىن ھۆججەت سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ قالدى. كۆزەتچى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئاڭلىسام، ھېلىقى كالا... — دەپ گەپ باشلىۋېدى، قوشنام ئۇنى قاتتىق سىلكىدى:

— ھە، نېمە كالا، نېمە ئۇنداق تىلىڭلىنى چاينايسىلە! جۆيلۈۋاتامسىلە، نېمە؟ مېڭىڭلا، بېرىپ ئىشىڭلىنى قىلىڭلا!

كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام، دەرۋازا تۈۋىدە بىر توپ ئادەم يىغىلىۋېلىپ، قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزەتچى، پېنسىيەگە چىققان ئىككى بوۋاي، «ساۋۇت بوتكا» ۋە ئۇ بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن ئىككى - ئۈچ ئىچەرمەن، چىرايىدىن مەسئۇلىيەتچانلىق چىقىپ تۇرىدىغان يان قوشنام بار ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇدۇل كېتىۋەرسەم بولاتتى، ئەمما ئادىتىم بويىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— ھە، مانا تۇرسۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، ھېلىقى كالا دەل مۇشۇلارنىڭ بىناسىغا، يەنە كېلىپ ئۇدۇل خوجايىننىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرىپتۇ، — دېدى كۆزەتچى مېنى گەپكە قىزىقتۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

— تۇرسۇناخۇننى ئۇسۇپ ئۆرۈۋەتكىلى قىل قاپتۇ ئەمەسما، — دېدى «ساۋۇت بوتكا». شۇ ئەسنادا سەل نېرىدا بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئايالمۇ قېشىمىزغا كېلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— تووۋا، شۇنداق يوغان كالىكەنكى، مۈڭگۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىلا بىرەر - ئىككى مېتىر كېلەمدىكىن، دەيمەن. ئادەمنى ئەمەس، بىرەر بىنانىمۇ ئۇسسۇپ ئۆرۈۋەتكۇدەك پەيلى بار، جۇما.

ھەممىسى ھېجىيىشىپ ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇشاتتى. مەنمۇ ھېجايدىم. ئەمما خوجايىننىڭ چۈشتىكى ئەلپازىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ زوۋان سۈرمىدىم.

— ھە، شۇنداق قىلىپزە، كالا ئۇدۇل خوجايىننىڭ ئۆيىگە كىردى، دەڭ، يامانلىقىنى. كۆزى بار ئىكەن جۇمۇ كاساپەتنىڭ.

— ھەي قويۇڭلا، شۇنداقىمۇ بىمەنە گەپ بولامدۇ، كالا دېگەننىڭ چوڭ يولنى تاشلاپ بىناغا، يەنە كېلىپ ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىشى ئادەمنىڭ ھېچ ئەقلىگە سىغمايدۇ، جۇمۇ.

يان قوشنامنىڭ گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى بىردىنلا قېنىمنى قىزىتىپ قويدى.

— بەزىدە شۇنداق ئەقلىغە سىغمايدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ ئىشەنمەيتتىم.

— مانا مەنمۇ كۆردۈم. بالا ئۇخلىماي خەقىشلىك قىلىپ، يولنىڭ چېتىدە مېڭىپ يۈرەتتىم، كالا پاتىراقشىپ چاپقىنىچە ئۇدۇل ئاشۇ بىناغا كىرىپ كەتتى. ۋات ئىسىت، دەپ قالدىم. تىللا خانىمنىڭ يۈرىكى ئاجىز ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالماپتۇ...

— ئۇنداق بولسا، ئۇ ئۆيگە كىرىپ بىرەر قور ئايلىنىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ - دە. قارىسا ھەممە يەر ۋال - ۋۇل قىلىپ تۇرغان، ئەسكىلىك قىلىشتىن ئەيمەنگەندۇ، تايىنلىق.

— ئىشىك تۇۋىدىلا توختاپ قالدى، سىيرىلىپ ماڭالمىدى بولغاي، يا ئالدىغا ماڭماي، يا ئارقىسىغا يانالماي تىرەجەپ بىردەم تۇردى...
— بىرەرسى چىقىپ قالمىدىمۇ؟
— چىقتى. خوجايىن ھاجەتخانىدىن قولىنى سۈرتكىنىچە چىقىپ كەلدى، كالىنى كۆرمەي، ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ، ئاندىن كۆردى.
— ۋارقىراپ تاشلىمىدىمۇ؟
— ۋارقىرىدى. «كالا» دەيمەن دەپ «قا... قالا»! دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.
— ھا - ھا - ھا... تازا قورقۇپتۇ - دە...
— كىملا بولمىسۇن قورقىدۇ. بىزدەك ئادەملەر بولساق، قورقۇپ يۈرىكىمىز يېرىلىپمۇ كېتەر ئىدى.
— خوجايىن دېگەن خوجايىن - دە.
— قالتىس ئادەم جۇمۇ...
— شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن شىرە ئۈستىدىكى داستىخاننى ئالدى - دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى.
— پاھ، ما يۈرەكنى!
— مەن تېخى خوجايىن چەت ئەلگە چىققاندا ئۆگىنىپ كەلگەن بولسا، بىر قەپەس ئىسپانچە ئېلىشىش بولىدىغان بولدى، دەپ ھاياجانلىنىپ كېتىپتىمەن.
— شۇنداق قىلسىمۇ قىلىدۇ، جۇمۇ.
— بىزنىڭ خوجايىن بەك قاۋۇل - دە.
— ھەم بەك چاقچاقچى...
— خوجايىن داستىخاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى كەينىگە چېكىنىپ، شارتتىدە يانغا بۇرۇلدى - دە، ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى.
— ھا - ھا - ھا... قاراڭلار، ماۋۇ پەم - پاراسەتنى.

— ھى - ھى - ھى... بىكار باشلىق بولمىغان - دە... كالىچۇ؟

— كالىمۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپلا چىپىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قارىسام، بىنانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قورۇق تامنى بويلاپ چىپىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاڭغىچە سىلەرمۇ كېلىپ قالدىڭلار...

بىز قىزىق پاراڭلىشىۋاتقاندا، تويقا قوشۇلغان بىر نەچچەيلەن قىزىقىپ سورىغىلى تۇردى.

— نېمە كالا؟ نەدىن كەلگەن كالىكەن ئۇ؟

— سەھرالىقلار سېتىۋېلىپ يۇرتىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان كالىكەن، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماشىنا بۇزۇلۇپ قېلىپ...

كۆزەتچى بىلەن «ساۋۇت بوتكا» ھېكايىنى باشتىن باشلىغىلى تۇرۇۋېدى، ئايالىمنىڭ كىچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدىغانلىقى، كەچلىك تاماقنى ئۆزۈم ئېتىشىم كېرەكلىكى ئېسىمگە كېلىپ، دەرھال ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئىشىك ئالدىدا سومكىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مېنى ساقلاۋاتقان ئوغلۇمنى كۆرۈپ بىردىنلا: ھېلىقى كالا ئوغلۇم مۇشۇنداق ئولتۇرغان چاغدا كېلىپ قالغان بولسىچۇ... دېگەن خىيال كەلدى - دە، كۆڭلۈم باشقىچە بولۇپ ئوغلۇمغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. كەچتە ئوغلۇمغا ئامراق غىزاسىنى ئېتىپ بېرىپ، تېلېۋىزور كۆرگەچ ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ۋاقتىمدا، بۇ بىر كۈندە يۈز بەرگەن ھەممە ئىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگەندى.

* * *

بىر كۈنى كەچتە ئايالىم: تىللاخان ئاچام چاقىرتىپتۇ، نېمە گېپى باردۇ، دەپ چىقىپ كېتىپ ئۆتكۈسۈلى يوقلا يېنىپ كىردى. بىر نەرسە دەرمىكىن، دەپ تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا ساقلاپ

ئۇلتۇرسام، ماڭا قاراپمۇ قويماي، ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ دومسىيىپ كىر يۇيغىلى تۇردى. ئارقىسىدىن كىرىپ: «نېمە بولدى» دەپ سورىسام، قولىدىكى داسنى «پالاققىدە» قويۇپ:

— سىززە، زادى ئادەم بولمايسىز، نېمىدەپ ئاغزىڭىزنى يىغماي، خەقنىڭ كەينىدە يوقىلاڭ گەپ قىلىپ يۈرىسىز؟ باشقا ئادەم ئەمەس، يەنە كېلىپ دۆلەت ئاكىنىڭ كەينىدىن! — دەپ قايناپلا كەتتى.

— مەن؟... دۆلەت ئاكىنىڭ كەينىدىن...؟ مەن نېمە دەپتىمەن؟

— نېمە دەيدۇ، خۇدايىم... يوقلا بىر گەپنى تېپىپسىزغۇ. كۈپكۈندۈزدە بىزنىڭ بۇ بىناغا بىر كالا كىرىپتىمىش، ھە تېخى، دۆلەت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى قوغلاپ كېتىپتىمىش... تىللاخاچام: «تۇرسۇننى خېلى تۈزۈك بالا دېسەم، تازا بىر ئوڭ ـ تەتۈرىنىڭ تايىنى يوق نېمىكەنغۇ» دەپ بەك خاپا بولدى، دېمىسىمۇ...

— توختا، توختىغىنا، دۆلەت ئاكام بارمىدى؟ ئۇ نېمە دېدى؟

— نېمە دەيتتى؟ تۇرسۇن كۈپكۈندۈزدە تولا جۆيلۈپ يۈرمىسۇن، دەيدۇ!

تىلىم تۇتۇلۇپ پېشانەمگە پاققىدە بىرنى قويدۇم. ئايالىممۇ ماڭا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، يۇمشاق ئاھاڭدا:

— مەن ئۇلارغا: «مەن تۇرسۇننى چۈشىنىمەن، ئۇ، قارىسىغا سۆزلەپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس، بۇ يەردە چوقۇم ئويۇن بار» دېدىم. ماڭا قارىڭا، سىزگە بىرسى زىيانكەشلىك قىلىۋاتامدۇيا؟

مەن ئايالىمغا شۇ كۈنى بولغان ئىشنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئايالىم تۇرۇپ كېتىپ:

— باشقىلارمۇ كۆرۈپتىكەنغۇ. ئۇنداق بولسا، سىز ياۋاشلىق قىلىپ تۇرماي، گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئاقلاڭ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— مانا، خوتۇن كىشىلىكىڭنى قىلغىلى تۇردۇڭ. دۆلەت ئاكام ئۆزى مېنى «جۆيلۈپتۇ» دەپ يۈرگەن يەردە كىم ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرنەرسە دېيەلەيدۇ.

ئىككىمىز خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئاخىرى ئايالىم ئېغىز ئاچتى:

— بۇغۇ چوڭ ئىشمۇ ئەمەسكەن، ئەگەر كالا بىزنىڭكىگە كىرىپ ھېلىقى ھۇنەرنى سىز كۆرسەتكەن بولسىڭىز ئىدى، دۆلەت ئاكام خەقنى بىرەر يىل كۈلدۈرەتتى... بوپتۇ، كەچۈرۈممۇ سورىماي، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاقلىماي، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىڭ، سىزدە گۇناھ يوقكەن.

* * *

كېيىن مەن مۇشۇ گەپلەرنى تالاي قېتىم ئەسلەپ ئۆزۈمگە: «راستىنلا مەندە گۇناھ يوقمۇ؟»، «شۇ چاغدا، كەچۈرۈممۇ سورىماي، ئۆزۈمنىمۇ ئاقلىماي يۈرگىنىم توغرا بولغانمۇ؟» دەپ سوئال قويدۇم ۋە سوئالىمغا ئېنىق جاۋاب تاپالمىدىم. گۇناھىم بارمىكىن دېسەم يوقتەك تۇرىدۇ، يوقمىكىن دېسەم باردەك، تۇرمۇشتىغۇ ھەرقانداق ئادەم ئۈشتۈمتۈت بىرەر خېيىم – خەتەرگە ئۇچراپ قالمايمەن، دېيەلمەيدۇ. خېيىم – خەتەردىن ھەممە ئادەم قورقىدۇ، تېخى كۆپىنچە كىشىلەر قورققىنىدىن ئەقلى – ھوشىنى يوقىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا دۆلەت ئاكامنى كارامەت قاملاشتۇردى، دېيىش كېرەك. ئەنە شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئۆزىنى قوغداشمۇ بىر ماھارەت. ئاشۇ چاغدا مەن دۆلەت ئاكامغا ھەقىقەتەن قول قويغانىدىم. كېيىن باشقىلارمۇ قايىل بولۇشتى. دېمىسىمۇ، باشقىلىرىمىز شۇنداق قىلالىسا، تازا ماختانغان بولاتتىغۇ، لېكىن...

*　　　*　　　*

كېيىن ئىشلار بىردىنلا مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. يېقىنلىرىم ئالدىمنى توسۇپ:

— ھەي تۇرسۇن، سەن دۆلەت ئاكامنى كالا قوغلاپ كەتتى، دەپ يۈرۈپسىنا، بۇ ھىندىستان بولمىسا...

— نېمىشقا بۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ يۈردۈڭ، بۇ شەھەردە كالا نېمە ئىش قىلسۇن، — دېيىشتى.

بەزىلىرى ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ قەستەن گەپ ئالماقچى بولاتتى. مۇنداقلارنىڭ بەزىلىرىگە گەپ قىلغۇممۇ كەلمەيتتى. بەزىدە تۇرۇپلا ۋىجدانىم قايناپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ كېتەتتىم. بارا ـ بارا «يېقىن» لىرىمغا قىلىپ بەرگەن ھەربىر ئېغىز سۆزۈمنىڭ ئەتىسىلا ئىداردە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا يۈرگىنىنى، مېنىڭ سۆزۈمگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ياكى ئىشەنگۈسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتتىم. دوستلىرىم بىلەن «يېقىنلىرىم» ناھايىتى تېزلا مەندىن يۈز ئۆرۈشتى، دۈشمەنلىرىم قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا كەلسەم، بىر توپ ئادەم تازا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆزەتچى ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتىپ:

— توۋا دەڭلار، بۇ شەھەردە كالا نېمە ئىش قىلىدۇ، مانا مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئون يىلدىن بېرى... — دەپ قايناۋېتىپتۇ. دەرھال ئۆزۈمنى بىر دۇكاننىڭ ئىچىگە تارتىپ قۇلاق سالسام، «ساۋۇت بوتكا:»

— ئاشۇ ئالىقاپنىڭ گېپىگە ھەممىمىز ئىشىنىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ. ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن، بولسا قېنى كىم كۆرۈپتۇ، — دېدى.

— ئادەم دېگەن گېپىم بار، دەپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىسە

قانداق بولىدۇ. قايسى كۈنى، مۇشۇ يەردە ھېلىقى گەپ بولغان كۈنى خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىرسەم... خوجايىن ئاڭلاپ ناھايىتى تېرىكتى. دېمىسىمۇ بۇ دېگەن رەھبەرنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرمەكچى بولغانلىقتە!

بۇ، يان قوشنامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بالا باققۇچى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇشتتەك تۇرۇپ ئەجەب ئالا نىيەت بالىكەنا ئۇ! قاراپ تۇرۇپ دۆلەت جۇيجاڭنى قولغا داستىخان ئېلىپ كالا بىلەن چەت ئەلچە ئۇسسۇل ئوينىدى، دەۋاتامدا! توۋا دەيمەن، توۋا. مەنغۇ بۇ شەھەرگە كەلگەندىن بېرى كالا كۆرۈپ باقمىدىم، كالا دېگەن سەھرادا بولامدىغان...

دۇكاننىڭ تار، قاراڭغۇ دالىنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. دۇكانغا ئالدىراپ كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلەر مېنى ئۇيان - بۇيان سوقۇپ يىقىتقۇدەكلا تاس قالاتتى. كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى، ھېچنەرسە ئويلىيالمايتتىم، پەقەتلا قۇلاق تۈۋىمدە بايىقى نەپرەتلىك ئاۋازلار ياڭرايتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن موخوركا يۆگەپ، ئاچچىق ئىسسىنى كۆچەپ ئىچىمگە تارتتىم. ئاغزى - بۇرنۇمدىن پۇرقىراپ چىققۇۋاتقىنى قاپقارا ئىس، ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن دەرد - ئەلەمدەك قىلاتتى. باشقىلارنىڭ گېپى يىنىمدىن ئۆتكەن بولسا، ھەممىدىن بەك يان قوشنامنىڭ گېپى جىنىمدىن ئۆتكەنىدى. نەچچە يىلدىن بېرى بىر - بىرىمىزگە ھال - مۇڭ بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتكەن يان قوشنامنىڭ بىقىنىمدىن پىچاق ئۇرۇشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئاستا - ئاستا تىنچلاندىم. خەير، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، سۆزلەپ - سۆزلەپ ئۇنتۇپمۇ قېلىشار، بۇ ئۇزۇن جاھانغۇ، دەيتتىم.

توپلاشقانلارنىڭ يېنىدىن بىشىمنى تىك تۇتۇپ ئۆتۈپ

كەتتىم. ئۆيگە كېتىۋېتىپ كاللامغا بىر سوئال كەلدى: «ئەگەر مەن كۆرگەن ئىش يان قوشنامغا ئۇچرىغان بولسىچۇ...؟ بەلكىم ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ يۈرگەن بولاتتى...ياق! خوجايىن باتۇرلۇق بىلەن كالىنى بىنادىن قوغلاپ چۇشۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغدىدى، دەپ تەشۋىق قىلىنغان بولاتتى. توغرا، شۇنداق قىلاتتى. شۇنداق ئىشلار نېمىشقا خىيالىمغا كەلمەيدىكىنا؟» بىردىنلا كۈلكەم قىستاپ ئىچ ـ ئىچىمدىن كۈلكە قايناپ چىقتى.

— ھى ـ ھى ـ ھى...

بىنانىڭ ئىشىكىدە ئالدىمغا ئۇچرىغان ئايال، يان قوشنام پاتەمخان كۆزۈمگە قورقۇمسىراپ بىر قاراپ قويۇپ، قايسى كۈنى مەن كالىدىن قورقۇپ قاچقاندەك ئالدىمدا پاتىراقشىپ قېچىپ ئۆيىگە كىرىۋالدى. ئىشىكنى ئېچىۋاتقىنىمدىمۇ ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئوغرىلىقچە مارىلاپ تۇردى. پاكار، دوغىلاق كەلگەن بۇ ئايالنىڭ ئۇچ بۇرجەك يۈزى، كىچىك، ھەرىكەتچان كۆزلىرى، بوينى ۋە پۇت ـ قوللىرىنى ئىتتىك ئۇيان ـ بۇيان سوزۇپ، ئىتتىك يىغىۋېلىشلىرى كىشىگە چاشقاننىلا ئەسلىتەتتى.

— مىيا...ۋ، مىيا...ۋ، مىيا...ۋ...

شۇنچىلىك ئوخشىتىپ مىياڭلىۋەتتىمكى، ئىست، ئوغلۇم يېنىمدا بولغان بولسا نەقەدەر خۇشال بولغان بولاتتى ـ ھە.

*　　　*　　　*

كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ قورقۇپ قاراشلىرىدىن، مېنى كۆرسە ئىتتىك ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشلىرى ياكى زورۇقۇپ بىر ـ ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراپلا كېتىپ قېلىشلىرىدىن يەنە قانداقتۇر بىر پېشكەللىكنى سەزگەندەك بولدۇم. بىر كۈنى ئىشتىن كەلسەم، دۆلەت ئاكام تۈمۈر ئىشىكى ۋالىلداپ تۇرىدىغان

يېڭى پولات ئىشىككە ئالماشتۇرۇلۇپتۇ. ئەتىسى يان قوشنامۇ تۆمۈر ئىشىكنى ئالماشتۇردى. ئۇنىڭ ئىشىكى دۆلەت ئاكامىنىڭكىدىن ئاددىيراق، ئەمما سىرتىغا خەنزۇلارنىڭ جىننى قورقۇتىدىغان ئىلاھىنىڭ باش شەكلى ئورنىتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ پولات ئىشىكى دائىم دېگۈدەك تاقاقلىق تۇراتتى. ئۇچرىشىپ قالساق، ئەرلىرىلا ئەمەس، خوتۇنلىرىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى. فورما كىيگەن مۇھاپىزەتچىلەرمۇ پات - پات ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

«تېررورچىلار سەل ئەدەپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلدىم. يەنە بىر قېتىم بالا باققۇچى ئايالنىڭ مېنى كۆرۈپ، يولدا تايتاڭلاپ كېتىۋاتقان بالىنى كۆتۈرۈپلا قاچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندىم. يەنە بىر تۇرۇپ ئۇمۇ ئاددەمدە، بەلكىم ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغىنىدىن خىجىل بولۇۋاتسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدىم. شۇ ئارىدا روزى ھېيتمۇ كېلىپ قالدى. ھېيتنىڭ تۇنجى كۈنى بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىدا پەتچىلەر ئۆچىرەتتە تۇرغىدەك بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللىرىنى چىرايلىق ياساندۇرغان تەڭتۇشلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇلار مېنىڭ ئىشىكىمگە قاراپمۇ قويۇشمىدى.

بىر كۈنى ئايالىم سىرتتىن كىرىپلا ماڭا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. يۈرۈش - تۇرۇش، ئولتۇرۇش - قوپۇشۇم، چاي ئىچىشىم، تاماق يېيىشىمگە زەن سالدى. ھاجەتخانىغا كىرسەم، ئالايىتەن كەينىمدىن كىرىپ قاراپ باقتى. ئوغلۇم ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— تۇرسۇن، راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭا، يېقىندىن بۇيان مىجەزىڭىز قانداقراق؟ كۆزىڭىزگە باشقىچە بىر نەرسىلەر كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ! مىجەزىمنىڭ قانداقلىقىنى سەن

بىلمەمسەن؟ مېنىڭ كۆزۈمگە نېمە كۆرۈنىدىكەن، يەنە شۇ كالىنىڭ گېپىما؟ قويە شۇ گەپنى، مەنمۇ ھېچنىمىنى كۆرمىگەن بولاي.

— كالىنىڭ گېپىگىغۇ ئىشەنگەن ئىدىم. بىراق... بەزىلەر سىزنى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان، ئۆزىچە كۈلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا كۆزىگە كالا كۆرۈنگىنىمۇ بىكار ئەمەس، دېيىشىۋاتىدىغۇ؟ ئادەمنى قورقۇتماي راست گېپىڭىزنى قىلىڭە، زادى...

— ئەخمەق. مەن شۇ ھالەتتە بولسام، سەن بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرارمىدىم؟ تولا بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا. شۇنداق دېگەنلەر ئۆزلىرى ئېلىشىپ قاپتۇ.

— سىز شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، پاتىمخان ئاچام ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ: «تۇرسۇن كېتىۋېتىپلا ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلىدىغان، مۇشۇكتەك مىياڭشىيدىغان بولۇپ قاپتۇ» دەپ نامىڭىزنى سېسىتىپ بوپتۇ. سىززە...

— خەقلەر شۇ خوتۇننىڭ گېپىگە ئىشىنەرما؟

— ئارقىسىدا ئېرى، دۆلەت ئاكام بىلەن پاتىمخان ئاچاملار تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي سىزگە ئىشىنەمدۇ ئەمىسە.

يېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئايالىم: «سىز بىر نېمە بولۇپ قالسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن، بالا تېخى كىچىك تۇرسا» دەپ خېلىغىچە يىغلىدى.

* * *

يېقىندىن بۇيان ئۆزۈمچە ساراڭلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. قارىغاندا، ساراڭلارنىڭ كۆپ قىسمى ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىدىن شۇنداق بولۇپ قالسا كېرەك. ھەيرانمەن، «ساراڭ» بولۇپ قاپتۇ، «سۆزلەپ قاپتۇ» ياكى «ئوڭ ـ تەتۈر» بولۇپ قاپتۇ

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك گەپلەر شامالدا تارالغاندەك شۇنداق تېز تارىلىدىكەن، ياكى بۇ بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئەۋزەللىكىمىكىن. بۇ ئالاھىدە ئاتاق بىر ئادەمنى ئەقەللىي ئادەملىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدىكەن. كىشىلەر سەندىن قاچىدىكەن، نورمال گەپلىرىڭگە ھېجىيىشىپ بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىشىدىكەن، رەزىل ـ شاللاق ئادەملەر سېنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئويناتماقچى بولۇشىدىكەن. بىر ئادەمگە ئۆزى خالىغانچە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن باھا بېرىشىپ، ئاشۇ باھالارغا ئۆزلىرىچە ئىشىنىپ، ئۇنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تارقىتىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىدىكەن. باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ھېسابىغا روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىماقچى بولۇشىدىكەن. قان چىقارماي جان ئالىدىغان بۇنداق ئادەملەر، بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر، ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى شۇ قەدەر دەپسەندە قىلىشلار ھېچقاچان، ھېچقانداق قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايدىكەن.

شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، شۇنچە ئادەملەر ئىچىدىن بىرەرسىمۇ: «ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداقمىدۇ؟» دېمەيدىكەن.

خىيالىم شۇ يەرگە يەتكەندە ئىختىيارسىز بىر زامانلاردا ئىستېداتى، تۈز كۆڭۈللۈكى بىلەن داڭق چىقارغان، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن بىر كىشىنى، قۇرۇق تۆھمەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ يېرىم ھاياتىنى روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئۆتكۈزگەن يەنە بىر بەختسىز سەنئەتكارنى ھېسداشلىق ئىچىدە ئەسلىدىم. تارىختىكى ئۆزۈم بىلىدىغان نۇرغۇن مىساللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ھېلىگەر، رەزىل ئادەملەرگە ئالدىنىپ، سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي ئاجىزلىقى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ئۇۋال قىلىنغان تۇنجى ھەم ئاخىرقى سەممىي ئادەم

ئەمەسلىكىمنى تونۇپ يېتىش ماڭا غايەت زور تەسەللى بولدى.

*                    *                    *

كۆتمىگەندە يۇرتۇمدىن تاغام كېلىپ قالدى.

— سىلەرنى كۆرۈپ كېلەي، دېدىم. يېقىندىن بېرى ئاچام تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. سىلەردىن ئەنسىرەپ زادىلا ئولتۇرالمىدىم، — دېدى. ئەمما تاغامنىڭ بىزدىن ئەنسىرەپلا كېلىپ قالىدىغان ئادەم ئەمەسلىكى ماڭا ئايان.

تاغام يەنىلا بۇرۇنقى تاغام ئىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆتكەن قېتىم كىيىپ كەلگىنى چىمەن دوپپا بولسا، بۇ قېتىم يېشىل دۇخاۋا دوپپا، ئۆتكەندە ئۇچىسىغا كونا توپىرەڭ سارجا تۇجۇركا كىيگەن بولسا، بۇ قېتىم كۇلرەڭ مېترو تۇجۇركا، ئۆتكەن قېتىم ئىچىگە ئىككى چاپان، بىر مايكا كىيگەن بولسا، بۇ قېتىم بىر چاپان بىر مايكا كىيىۋالغانىدى. مىسىرەڭ چىرايدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، قىپقىزىل كۆزلىرى تېخىمۇ غىلايلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تاغام كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولغاچقىمىكىن، ماڭا بەك سىنچىلاپ قاراپ كەتمىدى، ئالدىمدا پۇل تاپار ئوغۇللىرىنى ئۆتكەنكىدەك ماختاپمۇ كەتمىدى. ماڭا مېھرىبانلىقى تۇتۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى يىللار ئۇنىڭ قەددىنىلا ئەمەس، روھىنىمۇ پۈكۈپ قويغانلىقىدىنمۇ، ئۇنىڭ كۆزىدىكى مېنى مەنسىتمەسلىككىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى ئىپادە پەقەت بىر قېتىملا غىل - پال چاقناپ يوق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ، ئايالىم بىلەن كۇسۇرلاشقاندىن باشقا چاغلاردا بازارغا چىقىپ كېتىپ ئايلىنىپ يۈردى. ھەر كۈنى كەچتە تۆردىكى كۆرپىدە تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇپ، دوپپىسىنى تىزىغا كىيدۈرۈۋېلىپ، تۇكسىز بېشىنى سىلىغاچ:

— يايپىرىم، بۇ ئۈرۈمچى بىر قارىساڭ توختىماي

ئۆزگىرىپ، كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىۋاتقان ئاجايىپ يوغان مەخلۇققا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭدىكى بىنالارنىڭ ئېگىزلىكى، ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكى، چۈمۈلىدەك مىغىلدىشىپ، پاتماي يۈرگەن ئادەملەر... ھەر كۈنى چۈشتە بۇ چۈمۈلىلەر ئېگىز بىنالاردىن چىقىشىپ ئاشخانىلارغا ئاقىدىكەن. ئېگىزدىكى ئاشخانا، پەستىكى ئاشخانا، ئالىي ئاشخانا ... ھەممىسىگە تولۇپ شالاپلىتىپ يەيدىكەن. خۇددى پۈتۈن جاھاننى يالماپ قۇرۇتۇۋېتىدىغاندەك يەپ توختىمايدىكەن. شۇنىڭغا قاراپ ئادەمگە بۇ جاھاندا ھېلىمۇ يەيدىغان نەرسە تۈگەپ قالمايدىكەن، دەپ قالىدىكەن... — دەيتتى. جەنۇبتىكى كىچىك شەھەرلەر بىلەن ئۈرۈمچىنى، دېھقانلار بىلەن بۇيەردە ياشاۋاتقانلارنى سېلىشتۇرۇپ: «پۈتۈن شىنجاڭدىكى بايلىق، راھەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۈرۈمچىدىكەن. شۇڭا ھەممە ئادەم بۇ يەرگە كېلىۋالىدىكەن...» دەپ تەھلىل قىلىپ كېتەتتى. بىر مەزگىل ھەپتىلەردىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى تاغام ئاخىر راست گېپىنى قىلىپ، ئەسلى مۇشۇ يەردىن جەنۇبقا تۇغقان يوقلاشقا بارغان بىرەيلەندىن مېنى «ساقسىز بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئاڭلاپ تۇغقانلارنىڭ ناھايىتى قايغۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن مېنى كۆرگىلى، زۆرۈر تېپىلسا يۇرتقا ئېلىپ كېتىپ داۋالاتقىلى كەلگەنلىكىنى، ئەمما كەلگەندىن بۇيان مېنىڭ روھىي ھالىتىم، گەپ ـ سۆزۈمدە ھېچقانداق نورمالسىزلىقنى بايقىماي خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخشىمى ئىككىمىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق. تاغام گېپىمنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇ ئىشنى تۈزگىلى بولىدۇ، يولىمۇ بەك ئاددىي. ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمىز شۇ. بىر ئاخشىمى ئىككىمىز بىللە دۆلەتئاخۇنىڭكىگە كىرىمىز، ماۋۇ يان قوشنىڭنىمۇ چاقىرىمىز. مەن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ،

ئۆتكەنلەردە تۇرسۇناخۇننىڭ تازا مىجەزى يوق بولۇپ قالغانىكەن، شۇڭا كۆزىگە بىر نەرسىلەر كۆرۈنۈپ، ھەرقايسىلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ. مانا ئەمدى ساقىيىپ، خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئالدىلىرىدا ئولتۇرىدۇ. ئەيىبكە بۇيرۇشمىغايلا، دەيمەن. سەندىن ناھايىتى كەتسە «ساراڭ» دېگەن ئاتاق كېتىدۇ، ئەمما ئىش شۇ ھامان ئوڭشىلىدۇ، — دېدى.

— نېمە؟ ساپساق تۇرۇپ ئۆزۈمنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئىدىم، دەمدىمەن؟ «ساراڭ» مەن ئەمەس، ئاشۇلارنىڭ ئۆزى، — دەپ سەكرەپ كەتتىم.

— بالام تۇرسۇناخۇن، بۇ شەھەردە سېنى يۆلەيدىغان ھېچنېمەڭ يوق. بىر ھېسابتا مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئاتاڭمۇ شۇ دۆلەتئاخۇن، ئاناڭمۇ شۇ دۆلەتئاخۇن. ۋاقتى كەلسە گېپىڭنى قىلىدىغانمۇ شۇ دۆلەتئاخۇن. شۇ خەق بىلەن ئېيتىشىپ، بۇ يەردە كۈن كۆرەلمەيسەن. ھازىرغۇ ساراڭغا چىقىپسەن، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئاقىۋىتىڭ نېمە بولار؟ بالاڭنىمۇ ئويلاپ قوي...

— ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ مېنى بىر نېمە قىلىۋېتەرمۇ بۇ دۆلەت ئاكام؟ ئۇ ھازىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئالدىدا بۇ دېگەن...

— ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

تاغامنىڭ بالامنى تىلغا ئېلىشى بىلەن، يىقىندىن بۇيان ئوغلۇمنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، ئۇ يەر - بۇ يېرى قىزىرىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئېسىمگە كەلدى، ئىختىيارسىز چوڭقۇر بىر تىنىپ، جىم بولۇپ قالدىم.

* * *

ھەممە ئىش، ھەتتا ئاقىۋىتىمۇ تاغامنىڭ دېگىنىدەك بولدى. قوشنىلىرىمنىڭ ئىشكى ئېچىلدى، چىرايىمۇ ئېچىلدى. بىر

www.uyghurkitap.com

تويدا دۆلەت ئاكام يېنىمغا كېلىپ:

— ھە نوچى، قانداق؟ ئەمدى كۆزىمىزگە كالا كۆرۈنمەيدىغان بولغاندۇ؟ — دېۋىدى، تويدىكى ھەممە ئادەم پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىم «تۈرسۈن كالا» بولۇپ قالدى. ئەمدى كىشىلەر مەن بىلەن ئىلگىرىكىدەك كۈلۈمسىرەپ سالاملىشىدىغان، «ھە، قانداق، ياخشى بولۇپ قالدۇقمۇ؟» دەپ سورايدىغان، تەڭتۇشلىرىم: «يورە كالا، پوكەيگە يۆلىنىپ ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى» دەيدىغان بولدى. تاغام ئەمدى ئوغۇللىرىنىڭ، نەۋرىلىرىنىڭ، ئوقتىنىڭ گېپىنى قىلىپ، كېيىنكى تەرەددۇتىگە چۈشتى. ئۇ ماڭىدىغان ئاخشىمى ئىككىمىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق. ئۇ مەندىن ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە تونۇشۇپ قالغان سوپى ئاكىنى سورىدى. مەن ئۇ ئىداردىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن بېرى ئۇنى بىرلا كۆرگىنىمنى، ئۇنى پېنسىيەگە چىقىپ راستتىنلا سوپى بولۇۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىغىنىمنى ئېيتىپ بېرىۋېدىم، تاغام كۈلۈپ كەتتى. مەن ئاشۇ قېتىم ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن يۈز بەرگەن ئىشلارنىمۇ دەپ بەردىم. تاغام دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئاخىرىدا:

— ھەي تۈرسۈناخۇن... خوتۇنۇڭنىڭ گېپىمۇ راستكەن. سەن زادى چوڭ بولماپسەن. ھايۋان جىنىدا زىيان تارتىدىغان يولغا ماڭمايدۇ. سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ھەرقانداق گەپ ـ سۆزنى ئويلاپ، پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ قىلىشنى ئۆگەن. بەك راستچىل، ساددا بولۇپ كەتمە، بۇ جاھاندىكى ئىشلار دېگەن بىرى جەك، توققۇزى رەڭ بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، تاغا، ئەگەر سەن مەكتەپتە ئوقۇپ ئۇرۇمچىدەك يەرلەردە ئىشلەپ قالغان بولساڭزە، قالتىس ياشايدىكەنسەن، — دېسەم:

— مەن سەندەك قۇرۇق خىيالنىڭ ئارقىسىدا يۈرمەيتتىم. بۇ چاغقا كىچىك دېگەندە نازىر بولۇپ بولاتتىم، — دېدى.

شۇنداق دەۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مېنى بىزار قىلىدىغان ھېلىقى ئۇچقۇن يەنە چاقناپ كەتتى.

تاغام كەتتى، قارىماققا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئادەملەرنىڭ چاقچاقلىرىغا كۈلۈپ قوياتتىم، ئەمما ئۇلار كۆزۈمگە بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان، مەنپەئەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، تۇتۇرۇقسىز، خاراكتېرسىز، ھېسسىياسىز «كىلون ئادەم» لەردەك كۆرۈنەتتى. ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە ھاراق ئىچىشەتتىم، چاقچاقلىشاتتىم. ئەمما ئۇلارمۇ نەزىرىمدە ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى يۈزلىمچى ئەبلەخلەر، ياش تۇرۇپ چىرىپ كەتكەن پور كۆتەكلەر ئىدى. (ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.)

مەن كىشىلەر ئارىسىدا يېتىمسىرايتتىم. ئىلگىرىكى يەككە - يېگانە يۈرگەن ۋاقىتلىرىمنى، ھەسرەتلىك، ئەمما پاك، خورلانغان، ئەمما پەيلاسوپلارچە ھېس - تۇيغۇلىرىمنى سېغىناتتىم. بىر قېتىم كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. تۇزلۇق ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئۇدۇل ئاغزىمغا كىردى. ئۇ بىر رېستوران ئىدى. ئىچىپ قىزىۋالغان كىشىلەر شاۋقۇنلۇق، ئەسەبىي مۇزىكىغا ئەگىشىپ ئېگىز - پەس سەكرىشەتتى. ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا ئۇلار بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ، كىشىگە گويا كۇنۇپكا بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# بىزمۇ ئاتا ـ بوۋا

مەن بۇ يولدىن ھەر كۈنى تۆت قېتىم ماڭىمەن، ئىشقا بارغىچە ئىككى قېتىم، ئىشتىن يانغىچە ئىككى قېتىم. شۇڭا، بۇ يول ماڭا ھەر بىر تال تېشىغا قەدەر تونۇش. ئىلگىرى بۇ يول يازلىقى ئوشۇقىغىچە توپا ئۆرلەپ تۇرسا، قىش ـ ئەتىيازلىقى پاتقاق دەستىدىن پۇت ئالغىلى بولمايدىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يول ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېقىدا ھازىرقىدەك ئاكاتسىيە بىلەن ئارچا ئەمەس، قېرى تېرەك بىلەن دوڭغاق سۆگەت بار ئىدى. ئەنە، ئاۋۇ سېمونت كۆۋرۈكنىڭ ئورنىدىكى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن تار تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپى قاچانلا قارىسا توسۇلۇپ قالغان ماشىنا ـ تىراكتور، ئات ـ ئۇلاغلار بىلەن تىقما ـ تىقما بولۇپ تۇراتتى. كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەنرەكىدە بىر موزدۇز بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىغا رەڭگىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان كونا تۇماق كىيىپ، ئۇچىسىدىكى مازلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ھەربىيچە جۇۋىسىنىڭ بېلىنى ئىنچىكە تاسما بىلەن باغلىۋالاتتى، قېرىلىق داغلىرى بىلەن تولغان زەپىرەڭ چىرايىدا ئاپپاق ساقىلى، كۆزلىرىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قاشلىرى، بولۇپمۇ مۇشتۇمدەك يوغان بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا خېرىدار كەمدىن ـ كەم كېلەتتى. ئەمما، ئۇ ھەر كۈنى مەيلى بوران ـ يامغۇردا بولسۇن ياكى قەھرىتان سوغۇق، پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا بولسۇن، خۇددى يول بويىغا يىلتىز تارتىپ قالغاندەك ياكى ئەشۇ ئەبجەق كۆۋرۈكنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك كۈندە شۇ يەردە ئىدى.

بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ، يوغان بۇرنىنى جۇۋىسىنىڭ ياغلىشىپ كەتكەن ياقىسىغا تىقىۋېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇراتتى، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا، يولدىن گۇرۇلدەپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنا ـ تىراكتورلارغا، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئادەم، ئات ـ ئۇلاغلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. خۇددى ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك، دۇنيامۇ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. پەقەت مەنلا ھەر كۈنى بىر خىل تىنچسىزلىق، ئازاب ۋە ئەيمىنىش بىلەن بوۋايغا يېقىنلىشاتتىم ۋە يەنە خۇددى شۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۇزاپ كېتەتتىم. بۇ ئەھۋال ھەر كۈنى تۆت قېتىم تەكرارلىناتتى. مەن يەنە پات ـ پاتلا ئۆزۈمنىڭ ۋە ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ئاياغلىرىنى چوڭ تور سومكىغا سېلىپ، ناھال قاتتۇرۇش، يامىتىش ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتىم. بوۋاي ئاغزىغا بىر ئوچۇم ئۇششاق مىخ سېلىۋېلىپ، ئاياغلاردىن بىرنى دۇپپىغا كىيدۈرەتتى. ئاياغنىڭ پاشنىسىنى قوللىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ناھالنى جايىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، تىترەك قوللىرى بىلەن مىخ ئۇراتتى. ھەر دائىم بىرىنچى قېتىمدا بولقا مىخقا تەگمەيتتى، ئىككىنچى قېتىمدا سەل سىڭايان تېگەتتى. ئۇ قويۇق ساقاللىرىنىڭ ئارىسىدىن ساڭگىلاپ ئېقىپ چۈشكەن پوتلىسىنى يوغان پەنجىلىك ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ بولقىنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم ئۇراتتى. مەن بولسام بوۋاينىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكى ئۈستىدە ئويلانغاچ تاكى ئۇ ئاياغلارنى بىر ـ بىرلەپ قولدىن چىقارغىچە تاقەت بىلەن ساقلاپ ئولتۇراتتىم.

بوۋاي ئىككى كوي تەلەپ قىلسا تۆت كوي، ئۈچ كوي تەلەپ قىلسا، ئالتە كوي بېرەتتىم. ئۇ، پۇلغا قاراپمۇ قويماي يانچۇقىغا سالاتتى. مەن شۇ ئارقىلىق، قەلبىمنى تاشتەك بېسىپ تۇرغان پۇشايماندىن قۇتۇلماقچى بولاتتىم، ئەمما، قۇتۇلالمايتتىم. كۆز

ئالدىمدا ھامان بىر مەنزىرە، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى بىر قەبىھ چۈش قايتا ـ قايتا تەكرارلىناتتى...

ئەمدىلا 14 ـ 15 ياشلارغا كىرگەن، كۆك غورىدەك ۋاقىتلىرىم ئىدى. دۇنيانىڭ ئوي ـ دۆڭنى، ئادەم دېگەن بۇ غەلىتە مەخلۇقنى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مۇناسىۋەتلەرنى تېخى چۈشەنمەيتتىم. كىشىلىك ھايات مېنىڭ نەزىرىمدە گويا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھېساب دەرسىدىكى تۆت ئەمەلدەك ئاددىي ئىدى. ئادەملەر ياخشى ۋە يامان، قىپقىزىل ۋە قاپقارىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. «ياخشى» ئادەملەر ياشىشى، «يامان»لار بولسا، بۇ دۇنيادىن يوقىلىشى، ھېچ بولمىغاندا، ئادەمدەك ياشىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا كوچا ـ كويلاردا ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەتتە دېگۈدەك شوئار، داقا ـ دۇمباق سادالىرى ياڭراپ، «يامان»لار ئۆي ـ ئۆيلەردىن، زاۋۇت ـ ئىدارىلەردىن تۇتۇپ چىقىلاتتى. ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيىپ، جىنايى قىلمىشلىرى پۈتۈلگەن يوغان تاختاينى ئالدىغا، قىزىل كىتابنى يېنىغا ئېسىپ، قولىدىكى ئەسكى داسنى تاراڭشىتقاچ، جامائەتكە ئۆز قىلمىشلىرىنى سۆزلەيتتى:

— مەن جىن ـ شەيتان پالانچى بولىمەن... ئىت كاللامغا سىڭىپ كەتكەن ئەكسىلئىنقىلابىي شىۋجېڭجۇيىلىق ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرىدىن ئىت يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ...

رەستىدە، كىنوخانىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەيتتى، تۆت ئادەم توپلاشقان يەردە، ھەتتا ئۇششاق بالىلارغىمۇ سۆزلەيتتى، سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ خىرىلداپ كېتەتتى. بۇنىڭ ئۆزى ئىنقىلاب، دۆلەت ـ خەلقنى بالايىئاپەتتىن ساقلاش يولىدىكى «ئۇلۇغ» ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ ئىش بىزدەك ئالاھىدە سىياسىي ئېچىتقۇ بىلەن كۆپتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاددىي ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنىمۇ يوقاتقان «كىچىك ئەزىمەت»لەر ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ھەم جەلپ قىلارلىق مەشغۇلات بولۇپ قالغانىدى. چوڭلار

باشلىقلىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئاستاغىنە ئارقىغا ئۆتۈۋېلىشاتتى. بىز بولساق ھەش - پەش دېگۈچە تەشكىللىنىپ، سەپ تارتىپ، ياكى بىر بەختىسىزنى قەيەردىن بولسىمۇ تېپىپ چىقاتتۇق. شۇڭا، بىزنى كۆرسىلا كىشىلەرنىڭ چىرايى ئۆزگىرەتتى، قورقۇنچاقلىرى بەدەر تىكىۋېتەتتى.

بىر كۈنى، شەھەرنىڭ چەت كوچىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە باردۇق. ئۇ يېرىم خارابىلىققا ئايلانغان كونا پوسۇندىكى ئۆي بولۇپ، ھويلا ۋە دالان، كىچىككىنە تۈڭلۈكىدىن قول چىراغنىڭ يورۇقچىلىكىلا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان گۆڭگا ئۆيلەر مىغ - مىغ ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. كىشىلەر توپا بېسىپ كەتكەن ئويۇق، تەكچىلەرنى، يوغان، قاپقارا كات ساندۇقلارنى ئاختۇرۇشاتتى، كۈپلەرنى، كۆتەكلەرنى ئاغدۇراتتى. دالاننىڭ ئوتتۇرىسىغا توپلاشقان بىر توپ كىشى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرغان بۇرنى ئالاھىدە يوغان بىر بوۋاينى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى.

— ئەكسىيەتچى كىتابلىرىڭنى نەگە يوشۇردۇڭ؟ ئېيتە! ئېيت، كونا جەمئىيەتنىڭ قالدۇقى!

— تىققان كىتابىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن تېپىپ بەرمەيدىكەنسەن، ئىت كاللاڭنى يانجىپ تاشلايمىز!

ئۇلار بوۋاينى ئۇيان - بۇيان تارتقۇشلاپ دۆشكەلەيتتى. بىرلىرى تەھدىت سالسا، يەنە بىرلىرى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى. ئەمما، بوۋاينىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە قورقۇنچ، خورلۇقتىن ئەسەر يوق، بەلكى، بۇ ئالەمنىڭ غەم - غۇسسىلىرى تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغاندەك ئاجايىپ خاتىرجەملىك بار ئىدى. بۇ ھەددى - ھېسابسىز قۇرۇق ئاۋارىچىلىق، ھەممىدىنمۇ بوۋاينىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ خاتىرجەملىك ئەتراپتىكى كىشىلەرنى غەزەپلەندۈرۈپ، ھوش - كاللىسىنى

ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. كىشلەر مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەنچە قىزىشىپ، قايناپ، ئېغىز ۋە پۇت ـ قوللىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىشقا سېلىشماقتا ئىدى:

ـــ ئىنقىلابىي ئاممىنى بىكار ئاۋارە قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ! چاپسان ئېيت!

ـــ ۋۇي ئۆلۈمتۈك قېرى! يەنە مۇشۇنداق بېزىرىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولساڭ، ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمىز ھېلى!

ـــ بەش مىنۇتقىچە ئىقرار بولمايدىكەنسەن، كېلىپ چىققان ھەر قانداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ مەسئۇل!

تەمبەل كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى بىگىز قولىنى بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە تىقىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەندىن كېيىن، سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ ۋاقىتنى ھېسابلاشقا باشلىدى:

ـــ بىر مىنۇت...

ـــ ئىككى مىنۇت...

ـــ ئۈچ مىنۇت!

ـــ تۆ...ت مىنۇ...ت!

ئەتراپنى گۆردەك سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. ھەممە كۆزلەر قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغان ئېچىلىپ، بوۋايغا مىقتەك قادالغانىدى.

ـــ بەش مىنۇت!

ئاخىرى، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك غەزەپلىك سادا بىر سىقماي تۇرۇپلا كىشلەر تەۋرەپ كېتىشتى، گالاچ ـ گۈلۈچ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بوۋاي يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، يامغۇردەك تېگىۋاتقان تېپىك، مۇشت زەربىسىدىن غال ـ غال تىترىگىنىچە خېلىغىچە يەرگە چاپلىشىپ ياتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشلەر ئۇرۇشتىن توختاپ، ئۇنى يەنە تارتقۇشلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندا، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى تامامەن

قانغا بويالغاندى. ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرىنى ئاغزىغا ئاپىرىۋېدى، ئالقىنىغا لاي ئارىلاش قان بىللەن بىللە بىر نەچچە تال ساپسېرىق چىش تۆكۈلدى...

شۇ چاغدا، نېمىشقىكىن كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى. چىداپ تۇرالماي ھويلىغا چىقىپلا ياندۇرۇۋەتتىم. ئىچىمدىن بەكمۇ ئاچچىق، ساپسېرىق زەرداپ سۇ ياندى. ئۇنىڭ ئاچچىقى ھېلىھەم ئاغزىمدا تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، تۇيۇقسىز ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى كونا ئېغىلدىن تەنتەنە سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بىر نەچچە كىشى قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا: «تېپىلدى! ئەكسىيەتچى كىتابلار تېپىلدى!» دېيىشكىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئېغىلغا ئېتىشتى. بىزمۇ چوڭلارنىڭ كەڭ مۈرىلىرى ئۈستىدىن، تەر پۇراپ تۇرىدىغان قولتۇقلىرى ئاستىدىن ئۇلارنى مۇنچە خۇشال قىلىۋەتكەن ئولجىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدۇق. ئېغىل كولانغان، توپا دۆۋىلىرى ئارىسىدا جىگەررەڭ كونا كىلىيونكا بىلەن ئورالغان بىر نەچچە ساندۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەستلىك بىر نەچچە ئەر كىشى كۈچىگىنىدىن گەدەنلىرىگىچە قىپقىزىل بولۇشقان ھالدا ساندۇقلارنى بىر ـ بىرلەپ ھويلىغا توشۇدى. ساندۇقلارغا سېلىنغان داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چاقتى. ساندۇقلارنىڭ ھەممىسى گىرۋىكىگىچە كىتاب، يۆگەم ـ يۆگەم قول يازمىلار بىلەن تولغانىدى. ۋاراقلىرى سارغىيىپ يۇمشاپ كەتكەن كىتابلار، سۆسۈن سىياھ بىلەن كونىچە خەتلەر يېزىلغان سامان قەغەزلەردىن دىماقنى ئېچىشتۇرغىدەك زەي، چىرىندى پۇرىقى، بوۋاينىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇزاق زامانلارنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. كىتابلار ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆكۈلۈپ، كىچىك بىر تاغ بولۇپ دۆۋىلەندى، بىرەيلەن بىر بوتۇلكا بېنزىننى ئۇنىڭ ئۈستىگە چاچتى، يەنە بىرى سەرەڭگە يېقىۋەتتى، شۇ ھامان

لاپپىدە قىلىپ كۆتۈرۈلگەن زور يالقۇن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى. بۇژۇلداپ كۆيۈۋاتقان كىتابلار خۇددى ئادەمدەك ئاۋاز چىقىراتتى. كۆكۈچ، ياغلىشاڭغۇ ئىسسى بالىخانىلارنىڭ ئۆگزىلىرىدىن، تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، ئاستا ـ ئاستا پارچىلىنىپ، كۆپكۆك ئاسمانغا سىڭىپ كېتەتتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقمۇ كۆچەيمەكتە ئىدى. كۆزلەر ئەسەبىي قىزغىنلىقتىن چاقنايتتى. كىتابلارنىڭ كۆمۈلگەن يېرىنى ئەڭ بۇرۇن تېپىۋالغان سېرىق چىراي بىر ئەر كىشى ئالەمشۇمۇل ئىش قىلىۋەتكەندەك ھاياجانغا چۆمگەنىدى. ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىغىلىغا قانداق كىرگەنلىكى، قانداق ئاختۇرغانلىقى... نى ھېلىدىن ـ ھېلىغا تەكرارلايتتى. ساندۇقلارنى كۆتۈرۈشكەن، قولۇپ چاققان، ھەتتا سەرەڭگە چىقارغانلارمۇ بۇ سورۇندا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىماي، بەس ـ بەستە ماختىنىشاتتى. مەن بۇۋايغا قارىدىم. ئۇ ئەمدى تۇۋرۇككە يۆلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قېتىپ قالغانىدى، چىرايى تامدەك تاتارغان، چوڭقۇر كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پىلىلدايتتى، ئىككى يېقىغا ھالسىز تاشلانغان قوللىرى بوراندا قالغان قۇرۇق شاختەك دىرىلداپ تىترەيتتى...

يىللار كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بەربات بولغان ئېتىقاد، كۆپۈككە ئايلانغان گۈزەل ئارزۇنىڭ ھەسرىتى، تېڭىرقاش، خىيال ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە بارا ـ بارا ئۆسۈپ يېتىلدىم. يىللار ماڭا بەك كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قىممەتلىكى، نېمىنىڭ راست، نېمىنىڭ يالغان، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى، ھاياتتا نېمىگە ئېتىقاد قىلىش، قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىنىم بولدى. بۇ يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، ماڭا ئوخشاش كىچىككىدە ھاياتتىن راست گەپ ئاڭلىمىغان، ئەگرى يولنى كۆپ

ماڭغان دەۋرداشلىرىم، تەڭتۇشلىرىمنىڭ ئورتاق ھېسسىياتى بولسا كېرەك.

شۇنداق، بۈگۈن مەن قايسىبىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە ئەمەس، ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدىكى چىنلىق، ئالىيجانابلىق ۋە گۈزەللىككە ئىشىنىمەن. ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كىشىنى تاڭ قالدۇرغىدەك كۆپ تەرەپلىمىلىكىگە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مەڭگۈ ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە، ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، كۆپچىلىك بىرەرسىنى قارا دېسە، ئەگىشىپ شۇنداق دېمەيمەن. زۆرۈر تېپىلغاندا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كەچۈرۈۋېتەلەيمەن. ھېچقاچان ئۆزۈمدىن كۈچلۈكلەرگە ھەسەت قىلمايمەن، ئاجىزلارنى ئانىي تاپمايمەن. ئەتراپىمدىكىلەرگە زەررىچە خۇشاللىق بېغىشلىيالىسام، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. كۆڭلۈم كۆل سۈيىدەك تىنچ ھەم تىنىق. ئاھ، ھاياتلىق نەقەدەر ياخشى - ھە! ... تاكى يەر يۈزى دەسلەپكى سېرىق ياپراقلار بىلەن قاپلىنىشقا باشلىغان ئاشۇ كۈز ئەتىگىنىگە قەدەر ئۆزۈمنى بەختلىك ھەم مۇكەممەل چاغلاپ يۈردۈم. ئۇ، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يۇرتۇمدىكى ئانا مەكتىپىمگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن دەسلەپكى كۈننىڭ ئەتىگىنى ئىدى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك. قاتار تېرەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يوغان، قىپقىزىل قۇياش كۆك ئاسماننىڭ بىر قىسمىغا، كەڭ دالاغا، يوللار، دەل - دەرەخلەرگە، لەرزان ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان سېرىق ياپراقلارغا قىزغۇچ ئالتۇن ھەل بەرگەنىدى. زېمىن قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتنىڭ قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان، ئەمما كىشىنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا جاراڭلايدىغان ھەيۋەتلىك ئوركېستىرى ئاستىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جانلىنىۋاتاتتى. تەبىئەتنىڭ ئەشۇ ساداسىغا مەپتۇن بولۇپ، ئىچ-ئىچىمگە سىغمايۋاتقان ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە تويماي قارايتتىم. ئىچىمدە، رەسسام بولۇپ قالمىغىنىمغا، تەبىئەتنىڭ مۇشۇ بىردەملىك سېھىرلىك كۆرۈنۈشىنى بوياقلىرىم بىلەن تۇتۇپ قېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغانلىقىمغا مىڭلارچە ئەپسۇسلىناتتىم.

تۇيۇقسىز كۆزلىرىم يول بويىدا ئولتۇرغان موزدۇز بوۋايغا چۈشتى، خۇددى چۈشۈمدە كۆرگەندەك تونۇش چىراي ئۈستىدە بىر پەس تېڭىرقىدىم. خىيالىمدا بولسا، شۇ تاپ چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بولدى. پارلاق قۇياش كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. ئالدىمدا پەقەت كۆپ يىللار ئىلگىرىكى بىر مەنزىرە، بىر قاباھەتلىك چۈش. تىرىك ئادەمدەك ئاۋاز چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان كىتابلار، تويىدا لاغىلداپ تىترەپ ياتقان بىر بوۋاي قايتا - قايتا گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. مەن بېشىمنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ، بوۋايغا يەنە قارىدىم. خۇدايا توۋا، دەل ئۆزى، شەك - شۈبھىسىز شۇنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل قورقۇنچ ئورىۋالدى. خۇددى ئۇ مېنى تونۇۋالىدىغاندەك، ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ئارىدەك قوللىرى بىلەن گېلىمنى بوغۇپ:

— سەنغۇ مېنى بوزەك قىلغان! كىتابلىرىم قېنى؟ كىتابلىرىمنى تېپىپ بەر! — دەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. مەن بوۋاينىڭ ئالدىدىن يۈگۈرگەندەك ئىتتىك كېتىپ قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەن دۇنيادىكى بارلىق ئازابنى، قاتىلنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان تەقۋادارنىڭ مېھراب ئالدىدىكى ئىزتىراپى ۋە دەھشىتىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئاخىر، شۇ ۋاقىت، شۇ شارائىتنى ھەم گۆدەكلىكىمنى سەۋەب قىلىپ، ئۆز - ئۆزۈمگە

ئاز ـ تولا تەسەللىمۇ بەردىم. ئەمما، ئۆز سەۋەبلىرىمنىڭ خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ قولىدىن ياسىغان ئىمارەتلىرىدەك ئاجىز ئىكەنلىكى ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئىدى. چۈنكى، گۇناھ ھەر خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى توۋا قىلىش، ئەپۇ سوراش، ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق گەدەندىن ساقىت قىلغىلى بولىدۇ، يەنە بەزىلىرىنى بولسا، گەدەندىن ساقىت قىلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ سېنىڭ ھايات يولۇڭدا خۇددى توختىماي سىيىق بۇس چىقىرىپ تۇرىدىغان تەگسىز ھاڭدەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ۋىجدانىڭنى تامامەن يوقاتمىغان ئادەم بولساڭ، ئەنە شۇ ھاڭغا ئەبەدىي بەند قىلىنغاندەك روھىي ئازاب تارتىسەن، پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھەر خىل يوللار بىلەن ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايسەن.

بىر كۈنى، ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان دوستۇمنى ئىزدەپ باردىم ۋە گەپ ئارىلىقىدا غەرەزلىك ھالدا ھېلىقى بوۋاينىڭ گېپىنى چىقاردىم. ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى، ئۇنىڭغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ھاياجان بىلەن يېرىم سائەت سۆزلىدىم. راست ئەمەسمۇ، شۇنداق بىر يېرى بولمىسا، ئاشۇ قېرى بوۋاي ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئەتىدىن كەچكىچە يولدا ئولتۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسىر مەسىلىسىمۇ بار...

— ھە، ھېلىقى تاختا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ موزدوزلۇق قىلىدىغان بوۋايمۇ؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، — شۇنداق، ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى يوق. ئۇ ئاللىقاچان بىزنىڭ نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىمىزنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىنلا بىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن، ئۇ بىر

غەلىتە مىجەزلىك قىرى، يىمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغىدۇ. يىڭى يوتقان، كىيىم ـ كېچەك بەرسەك ئەتىسىلا سېتىۋېتىدۇ. بىزنىڭ بەرگىنىمىزگە قانائەت قىلماي، مۇزدۇزلۇق قىلىپمۇ پۇل تاپىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ يىغقان پۇللىرىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغىنىنى...

دېمىسىمۇ، قېرىغاندا ئادەملەردە ھەر خىل غەلىتە ھەۋەسلەر پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. لېكىن، پۇل يىغسا يىغمامدۇ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىغاندىكىن... شۇنداقتىمۇ...

مەن ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە قايتىپ كەلدىم. كېچىچە ئويلىنىپ، ئەمدى ئۇنىڭغا پۇل بەرمەي يەيدىغان ـ ئىچىدىغان، تېنىگە قۇۋۋەت بولىدىغان نەرسىلەرنىلا ئاپىرىپ بېرەي، دېگەن يەرگە كەلدىم. ئەتىسى چۈشتە ئانامغا تازا مەززىلىك قىلىپ شويلا ئەتتۈرۈپ، بىر قاچىغا ئۇسۇپ بوۋايغا ئالغاچ كەلدىم. ئەمما، بوۋاي ئورنىدا يوق ئىدى. ئۇ يەردە ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلى قۇرۇق غازاڭلارنى ئۇچۇرتۇپ يۈرەتتى. ماڭا ئەتراپ بىردىنلا چۆللىشىپ كەتكەندەك، بۇ يەردىكى ھەممە، ئاسمان، يول، كۆۋرۈك ھەتتا دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ مۆكۈنۈپ قالغاندەك بىلىندى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈممۇ غەشلىك ئىچىدە قالدى. مەن ئۇنى ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ... ئۇچرىتالمىدىم. ئاخىر، تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەپسۇسكى، مەن بەكمۇ كېچىكىپ بېرىپتىمەن. ھويلىدا توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋاي ئالدىنقى ئاخشىمى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلىرى بىرلىشىپ، ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن يەرلىكىدە قويۇپمۇ بولۇپتۇ. ئۇلار يەنە ماڭا بوۋاينىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى يىغىپ كەلگەن كىتابلارنى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلغانلىقى ھەققىدە ۋەسىيەت

قالدۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. تېخى ئۇيلىنىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەندىم، بوۋاينىڭ ئىچكەركى ئۆيىدىن ياشانغان، كۆزەينەكلىك كىشى بىلەن بىر ياش يىگىت چىقتى. ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىن كۈچلۈك ھاياجان بىلىنەتتى، قېرىراقى پات ـ پاتلا قول ياغلىقى بىلەن بۇرنىنى سۈرتەتتى.

— قانداق؟ كىتابلار ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە پايدىلىنىش قىممىتى بارلىرىمۇ بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى بىزنىڭ قاتارىمىزدا تۇرغان خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېرەنسىزلىك بىلەن.

ياشانغان كىشى بىر پەس سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن كۈچلۈك بىر ئىچكى ھاياجاندىن ئۆزگەرگەن ئاۋازدا:

— بار ئىكەن، بولغاندىمۇ قانداق دەڭ! بۇ ھۆرمەتلىك زات قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابلار ئارىسىدىن قەدىمكى تارىخىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىزغا ئائىت بىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان، مەلۇم بولغاندىمۇ تېپىلمىغان بىر مۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۇچراتتۇق. قالغانلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ... — دېدى.

كۆپچىلىك ھاڭ ـ تاڭ قالغاندەك جىمىپ كېتىشتى. خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خىجىل بولغىنىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ غودۇڭشىدى:

— ھەي... كىم بىلىپتۇ دەيسىلەر، ئۇنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي، تاپقىنىغا كىتاب سېتىۋېلىپ يۈرگىنىنى... ھەي!

مەن ئاشۇ تونۇش يولنى بويلاپ قايتىپ كەلدىم. ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جەنۇب شامىلى چىقىۋاتاتتى. كەڭرى داللاردىن، يوللاردىن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. مەن بوۋاينىڭ داۋاملىق ئولتۇرىدىغان جايىغا قاراپ زېمىندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

ھورلار ئارىسىدىن ئۇنىڭ قامىتىنى غىل - پال كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ قامەت تەسۋىرلىگۈسىز ئۇلۇغۋار، نۇرانە ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟ مەنچۇ؟ بىزنىڭ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىرىمىز يالغۇز كىتابلىمۇ؟ بىز ساقلاپ قالالمىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلارنى قارغايمىز. بىراق، ئۆزىمىزنىڭمۇ كېيىنكىلەرگە ئاتا - بوۋا ئىكەنلىكىمىزنى داۋاملىق ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىز.

# ئامان بولۇڭ، ئاننا مارىي

مەن ئاننا مارىي بىلەن پويىزدا تونۇشتۇم. يېرىم كېچىدە ھاجەتخانىغا كېتىۋېتىپ، قوشنا بۆلۈمچىنىڭ ئاستىنقى كارىۋىتىدا ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. پاھ، قالتىس چىرايلىق قىز ئىكەن. ئاخشام ئەجەب كۆرمەپتىمىنا، دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى.

كېيىن، پويىزنىڭ تار كارىۋىتىدا ئۇخلىيالماي، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتقىنىمدىمۇ خىيالىمغا ئاشۇ قىز كىرىۋالدى. ئۇ قارىماققا ئوقۇغۇچىدەكمۇ قىلىدۇ ياكى ساياھەتچىكمىكىن؟ ساياھەتچى بولسا، يات بىر ئەلدە ئۆزى يالغۇز يۈرمەس ئىدى. ياق، چەت ئەللىكلەرنى ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ. قايسىبىر يىلى گېرمانىيەلىك بىر يىگىتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئۆزى يالغۇز نەچچە ئاي ساياھەت قىلغانلىقىنى، يېنىدا پۇلى قالماي، ئاچلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن يىقىلىپ قالغاندا، يەرلىك دېھقانلارنىڭ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئۇلار بىزگە نىسبەتەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تويۇنغان خەلق. ئۆز تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ يىراق، ناتونۇش جايلارنى، ئۇ يەرلەردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى، يېڭى تەسىرات، يېڭى غىدىقلاشلارنى ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ. ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يەرشارىنى، ئىنسانلارنىڭ خىلمۇخىل ياشاش شەكلى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ... قانداقلا بولمىسۇن، ساياھەت قىلىش ياخشى ئىش. شارائىتىم يار بەرسە، مەنمۇ دۇنيانى تولۇق ئايلىنىپ يۈرسەم،

www.uyghurkitap.com

مۇئەللەقتىكى ئاشۇ ئوقۇرسىمان ئىشخانىلارنى، ئېلېكتىرونلۇق مېڭىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ سارغىيىپ كەتكەن چىرايلارنى، خۇنى قالمىغان كۆزلەرنى كۆرمىسەم...

پويىزنىڭ قاتتىق سىلكىنىپ، بېكەتكە كىرىپ كېلىشى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بىر كىچىك بېكەت ئىدى. غۇۋا چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان قۇپقۇرۇق، تىنچ ۋوگزال سۇپىسى پويىزنىڭ توختىشى بىلەن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، پويىزغا قاراپ كېلىشتى. ئاق خالاتلىق ئورۇق ئايال لىقىدە يېمەك ـ ئىچمەك بېسىلغان بىر هارۋىنى ئىتتىرىپ، پويىزنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى، ۋارقىرىشاتتى، چىرايلىرىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

پويىز قوزغالدى، بۇ ئالدىراشلىق ناهايىتى تېزلا بېسىقتى. بىردىنلا چۆلدەرەپ قالغان ۋوگزالنى تاشلاپ، يەنە قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئەمدىلىكتە ۋوگوندىكى بوش ئورۇنلار، دېرىزە يېنىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقلار، ۋاگونلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەرچامدام بوشلۇق ئادەمگە تولدى. سولىياۋ ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغان ۋاگوننىڭ ئىچى بىردىنلا دىمىق بولۇپ كەتتى.

پويىز ھەقىقەتەنمۇ سولىياۋ ئويۇنچۇققا ئوخشايتتى. سولىياۋ تام، سولىياۋ كارىۋات، سولىياۋ ئورۇندۇق، سولىياۋ شىرە، سولىياۋ پەردە... پەقەت ئادەملا سولىياۋ ئەمەس. كىم بىلىدۇ، ھەممە يەرنى قاپلىغان خىمىيەۋى نەرسىلەر ئادەملەرنىڭ ئورگانىزمىنىمۇ ئۆزگەرتىپ ياساۋاتامدۇ تېخى. ھاۋا گەرچە ئاپتوماتىك تەڭشىلىپ تۇرسىمۇ، ئادەم خۇددى سولىياۋ قۇتىغا سولىنىپ قالغاندەك بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. ئازراق بولسىمۇ ساپ ھاۋا، سالقىن شامال بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە! ئۇدۇلدىكى دېرىزىنى توسۇپ، تۆت ـ بەش ئادەم ۋارقىرىشىپ قارتا

ئويناۋاتاتتى. ئۇلار بۇيەردە ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئۇخلاش ـ ئۇخلىماسلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدىغاندەك قىلاتتى.

تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرسام، فورما كىيگەن پويىز خىزمەتچىسى كېلىپ، بوش ئاۋازدا: «باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا دەخلى يەتكۈزسەڭلار بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە چەت ئەللىك بىر يولۇچى بىئارام بولۇۋاتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قۇتا دورا بار ئىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ يېنىمىزدىكى بىر چەت ئەللىك قىز بىلەن پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— مانا بۇ دورىنى يەپ كۆرۈڭ، ئاشقازان ئاغرىقىغا بەك پايدا قىلىدۇ. توختاڭ، مەن قايناق سۇ ئەكېلىپ بېرەي.

چەت ئەللىك قىز پويىز خىزمەتچىسىنىڭ قىزغىنلىقىغا ئانچە پىسەنت قىلماي، ئۆلچەملىك بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا:

— ھە، مۇشۇمىدى، بۇ دورا مەندىمۇ بار، بايا يېگەنىدىم، تازا پايدىسى بولمىدى. سىلەردە بۇنىڭدىن ياخشىراق دورا يوقمۇ؟ — دېدى.

— بار ئىدى، تۈگەپ كېتىپتۇ. ھەراست، پويىز باشلىقىمىز ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ دورىلىرىنى ساقلايدىغان. سىز خاپا بولماي بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن پويىز باشلىقىدىن سوراپ باقاي.

پويىز خادىمى بىردەمدىن كېيىن ئۆزىدىن چوڭراق ئىككى كىشىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن بىرنەچچە خىل دورىنى ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ، ئۇنىڭ ياخشى دەم ئېلىشىنى تاپىلاپ كېتىپ قېلىشتى. چىراغ ئۆچۈپ ۋاگون ئىچى جىمىپ قالدى.

— بۇ قىز بىرەر مۇھىم شەخسمىدۇ؟ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا نەزىرى ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەن، — دېدى نېرىقى كارىۋاتتىكى سەپەرداشىم. قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكىنىگە خېلى بولغاندەك قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە،

www.uyghurkitap.com

—

ئادەم يول ئۈستىدە، بولۇپمۇ مۇشۇنداق يالغۇز سەپەرگە چىققاندا ئاغرىپ قالسىزە... — دېگىنىچە بېشىنى يۇركۈپ ئۆيقۇغا چۈشتى. مەنمۇ ئۇنى دوراپ يېتىپ باقتىم، ئەمما ئۇخلىيالمىدىم. ئۆيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. تېخى چۈشىمۇ كۆرۈپتىمەن. ناھايىتى كۆپ ئادەملەر بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقۇدەكمەن. نەرسە – كېرەكلىرىمنى تەييارلاپ بولالماي، پويىز كېتىپ قالىدىغان بولدى، دەپ ئەندىشە قىلغۇدەكمەن. بۇ مەن دائىم كۆرىدىغان چۈش. سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدى – كەينىدە، سەپەر ئۈستىدە، بەزىدە ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بۇ چۈشنى تەكرار – تەكرار كۆرىمەن.

ئويغانسام ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. پويىزدىكى يېگى بىر كۈن پەردىلىرى قايرىۋېتىلگەن دېرىزىدىن قىيا چۈشۈپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك قۇياش نۇرى، رادىيودا ئاڭلىنىۋاتقان يېنىك مۇزىكا، قول بىلەن ئېتىرىدىغان ھارۋىدىكى رەڭگارەڭ ئىچىملىكلەر بىلەن داغدۇغىلىق باشلىنىۋېتىپتۇ. نىمىشقىدۇر سەل – پەل ھاياجانلىنىپ قالدىم. يېڭى بىر كۈن — يېڭى بىر ھايات، يېڭى بىر كەچۈرمىش. ئادەمنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق يېڭى كۈنلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن ھەربىر كۈن قىممەتلىك. مەيلى ئۇ پويىزدا، ئايروپىلاندا ئۆتسۇن ياكى يىراق سەھرا يولىدا كالا ھارۋىسىدا ئۆتسۇن، مەيلى قار – يامغۇر ياغسۇن ياكى قۇياش پارلاپ تۇرسۇن...

يوغان ئەينەك قۇتىغا دەملەنگەن چاينى ئىچكەچ، ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇۋاتقان سەپەرداشىم قولى بىلەن سولياق تامنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ:

— ئاخشامقى قىز ساپساق، كۈلۈپ ئولتۇرىدۇ. سالام قىلسام، ئىلىك ئالدى. قارىسام بىر يەرلىرى بىزنىڭ قىزلارغىلا

ئوخشاپ تۇرىدۇ، ئۇيغۇرمىدۇ ـ يا؟ ــ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا گەپكە سېلىپ باقمامسىز، ــ دېدىم ئېرەنشىمەي.

قايناق سۇ ئالغىلى كېتىۋېتىپ قارىسام، ئۇ قىز كىچىك چامادانىدىكى خىلمۇ خىل گىرىم بۇيۇملىرىنى كارىۋاتقا يېيىپ قويۇپ، ئەينەككە قاراپ گىرىم قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇچىسىدا ئۆرە ياقىلىق يېشىل پوپايكا، ئەمدىلا ئۆسۈپ بېشىنىڭ تېگىنى ياپقان ساپسېرىق بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تۆت ئىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى كىچىك، بىرتال ئۆرۈم چېچى ئارقىسىدىن قارىغاندا، ئۇنى كەپسىز ئوغۇل بالىغا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. قايتىپ كەلگىنىمدە، سەپەرداشىمنىڭ ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم:

ــ سىز ئۇيغۇرمۇ؟ قەيەردىن كېلىۋاتىسىز. ئىسمىڭىز نېمە؟

چەت ئەللىك قىز مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ«NO ـ NO» دېدى ۋە ئىككى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

سەپەرداشىم بايىقى سوئالنى خەنزۇچە سورىغىنىدا، قىز سەل ئىككىلەنگەندەك قىلىپ، خۇشياقمىغان تەلەپپۇزدا:

ــ مەن ياۋروپالىق، ئىسمىم ئاننا مارىي، ــ دەپ جاۋاب بەردى ۋە دەرھال يانچۇقىدىن يۇمشاق قەغەزگە باستۇرۇلغان ئىسىم كارتوشكىسىنى ئېلىپ، ئىككىمىزگە بىردىن سۇندى. ئىسىم كارتوشكىسىدا، ئۇ مەلۇم بىر چوڭ شەھەردىكى «ھاۋاي كېچىسى ئويۇن قويۇش ئۆمىكى»نىڭ باشلىقى دېيىلگەنىدى.

ــ شىنجاڭغا ساياھەت قىلغىلى ماڭدىڭىزمۇ؟

ــ ياق، ئارتىس قوبۇل قىلغىلى. ئاڭلىسام، شىنجاڭلىقلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بەك ماھىر ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدۇق تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ۋە ئىختىيارسىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق. قىز ئويناق، يېشىل كۆزلىرى بىلەن ئىككىمىزگە «لەپپىدە» بىر قارىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك تاماقنى تېخى يېمىگەنلىكىنى، قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. گەپدان سەپەرداشىم ئۇنىڭغا پويىز تاماقخانىسىدا ئەتىگەندە قانداق تاماقلارنىڭ بارلىقىنى، چۈشتە قانداق قورۇمىلارنى بۇيرۇتسا، كەچتە نېمە يېسە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگىلى تۇرغاندا، قىز ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىنتايىن قىزىقسىنغان هالدا ئاڭلىدى ۋە ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئالاهىدە تاماقلىرىدىن يەپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداقتا، پولۇ، پېتىر مانتا ياكى كاۋاپ يېسىڭىز بولاتتى، لەڭمەنمۇ بولىدۇ، بىراق پويىزدا ئۇنداق تاماقلار يوق. ئۇنى پەقەت شىنجاڭغا بارغاندىلا يېيەلەيسىز.

قىز چۈشىنىكسىز تىلدا بىر نېمىلەرنى دەپ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. ئارقىدىن خەنزۇ تىلىدا ئۆزىنىڭ ناهايىتى ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بىزنى تاماقخانىغا بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. بىز ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئاخىرقى توقاچلىرىمىز بىلەن ناشتا قىلدۇق.

پويىز تاغلىق رايوندا كېتىۋاتاتتى. تۆمۈر يولنى بويلاپ سوزۇلغان ئېدىرلىقلار گاه يىراقلاپ كەتسە، گاه قول ئۇزاتسىلا يەتكۈدەك يېقىنلاپ كېلەتتى. پويىز هېلىدىن هېلىغا غارقىراپ تونېللاردىن ئۆتەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ ئەتراپتىكى توپا تاغلاردا يەرلىك دېهقانلار ياشايدىغان ئۆڭكۈر ئۆيلەر ناهايىتى كۆپ ئىدى. بۈگۈن هەرقانچە سىنچىلاپ قاراپمۇ بۇنداق ئۆڭكۈرلەرنى ئۇچرىتالمىدىم. توپا تاغلارنىڭ ئۈستىگە ئالىقاندەك يەرنىمۇ ئالا قويماي بۇغداي تېرىلغان. دېكابىردىمۇ ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرى كۆزگە شۇنداق

چىرايلىق كۆرۈندۇ. پويىز دېرىزىسىدىن تاغ باغرىلىرىغا سېلىنغان خىش، كاھىشلىق ئۆيلەر، زاۋۇت بىنالىرى، تۇرخۇنلار ھېلىدىن ھېلىغا «يالت» قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتىدۇ.

تۇپا تاغلار بارا - بارا پاكارلىشىپ، كەڭ تۈزلەڭ يەرلەر، ئېتىزلار قۇچاق ئاچتى. ئېتىز - ئېرىق، يول بويلىرىدىكى ئېگىز ئاينىغان ئاپپىلسىن، مانگو دەرەخلىرىنىڭ قۇرۇق شاخلىرى بوشلۇقتا توردەك يېيىلىپ تۇراتتى. داللاردا قوي - كاللار تېپتىنچ ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. توساتتىن ھەيۋەتلىك گۈدۈك ئاۋازى بىلەن تەڭ شەرققە ماڭغان بىر پويىز يېنىمىزدىن غارقىراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ سۈرئىتى ۋە شاۋقۇنى بىلەن گويا بىزنى ئورنىمىزدا قاتۇرۇپ قويغاندەك بولدى. بۇ تۇيغۇ بىرپەس داۋاملىشىپ، بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى. يەنە شۇ ئېتىز - داللار، دەرەخلەر، ئوتلاۋاتقان قوي - كاللار، پات - پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان قەۋەتلىك ، قەۋەتسىز ئۆيلەر...

كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغاچقىمۇ، ھارغىنلىق ھېس قىلىپ ھېچ نەرسىنى ئويلىماي بىردەم يېتىشقا تىرىشتىم. بىراق پويىز چاقىنىڭ رېلىسقا ئۇرۇلغاندىكى بىرلا خىل، توختىماس ئاۋازى كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەنلا كۈچىيىپ، ئاجايىپ يېقىندىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك، گويا ئېچىمگە كىرىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. مەن پويىزدا ئادەمنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزىدىغان نەرسىنىڭ مۇشۇ ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. توغرا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئۇنى ئويلىماسلىق. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. سەپەردىشىم تار كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قوشنا بۆلۈمچىدىكى چەت ئەللىك قىزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇدۇلدىكى دېرىزىدىن تارغىنە يوچۇق ئېچىپ، سالقىن شامالدىن نەپەسلىنىپ بىر پەس تۇردۇم - دە، يۈزۈمنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇپ كەلمەكچى بولدۇم.

سۇخاندا ھېلىقى چەت ئەللىك قىز دېرىزە تەرەپكە قاراپ يانفوندا بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. يۇزۇمنى يۇيۇۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ ئۆلچەملىك خەنزۇچە سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى بۇنچە پىششىق ئۆگىنىۋالغانلىقىغا باشتىلا ھەيران قالغانىدىم. كۈتمىگەندە، تېخىمۇ ھەيران قالغىدەك ئىش يۈز بەردى. ئۇ خەنزۇچە سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا «ۋىيەي، قوۋۇرغامنى ئەگمىگىنە ئاداش، قالغان گەپلەرنى مەن بارغاندا بىرنېمە دېيىشەرمىز، خوش ئەمىسە!» دېدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىمۇ جەنۇبتىكى قايسىبىر يۇرتنىڭ يەرلىك شېۋىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنتايىن ئۆلچەملىك سۆزلىدى.

توساتتىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇ سەل ھودۇققاندەك بولدىيۇ، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ماڭا قاراپ كۈلدى. شۇ تاپتا ئالدانغىنىمغا ئەمەس، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىكى قانداقتۇر بىر ئىپادە غۇزژىدە ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەنىدى. گەپ ـ سۆزسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم. ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا، ئۇمۇ كەينىمدىن كەلدى.

— خاپا بولماڭ ئاچا، خاپا بولماڭلار، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار بەك مۈرەككەپ، مەنمۇ شۇنداقلارغا چېتىلىپ قالماي، دەپ چەت ئەللىك بولۇۋالغانىدىم. قارىسام، سىلەر ياخشى ئادەملەر ئىكەنسىلەر...

يېڭىلا ئويغانغان سەپەردىشىم ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئاخىرى ئاغزىنى ئۆمەللەپ:

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۇيغۇرمۇ؟ ئىسمىڭىز...؟

— ھەئە، مەن ئۇيغۇر، ئەسلىي ئىسمىم ئانارگۇل. يېڭى بارغان ۋاقتىمدا ئۇ يەردىكىلەر ئىسمىمنى ئۇزۇن كۆرۈپ ئاننا دەپلا چاقىرىشاتتى، كېيىن خوجايىنىم... ياق، مۇئەللىمىم ئاننا

مارىي دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن.

— مۇنداق دەڭ... سىز ئۇ شەھەرگە قانداق بېرىپ قالغانتىڭىز؟

ئاننا مارىي بىردەم نېزىقاپ باقتىيۇ، يەنىلا بىزنىڭ ئەڭ زېرىكمەي ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالدى بولغاي، سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

مەن جەنۇبتىكى چەت بىر ناھىيەدە، نامرات خىزمەتچى ئائىلىسىدە چوڭ بولدۇم. بىز بىر ئوغۇل، يەتتە قىز ئىدۇق. مەن قىزلارنىڭ كىچىكى ئىدىم. دادامنىڭ ئازغىنە مائاشى بىر ئائىلىدىكى ئون نەچچە جاننىڭ قورسىقىغا ئارانلا يېتەتتى. شۇڭا كىچىكىمىزدىن تاپقاننى يەپ، كونا كىيىملەرنى ئۆرۈپ، ياماپ، چوڭلىرىمىزدىن ئاشقاننى كىچىكلىرىمىز كىيىپ غۇربەتچىلىكتە چوڭ بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانام كونىچە ئادەملەر ئىدى. «قىز بالا دېگەن خەقنىڭ ئادىمى» دەپ ئاچىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنى ئوقۇتماي ئەرگە بېرىۋەتكەنىدى. ئۇلار پەقەت ئاكامنىلا ھەقىقىي ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ياخشىراق بىرنەرسە تاپسا، ئۆزلىرىمۇ يېمەي، تىقىشتۇرۇپ شۇنىڭغا ساقلاپ بېرەتتى. «ئۇ دېگەن ئوغۇل بالا، خەقنىڭ ئالدىدا بويىنى قىسىلىپ قالسا بولمايدۇ» دەپ ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈرەتتى، قولىغا خەجلىگىلى پۇل بېرەتتى. تېخى مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقانىدى. ئەمما ئاكام مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇماي، باشلانغۇچ مەكتەپنى چالا پۈتكۈزۈپلا، بازاردىكى بىر داڭلىق تىككۈچىگە شاگىرت بولدى. «ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسام بېلىم ئاغرىيدىكەن» دەپ ئۇ يەردىمۇ ئۇزاق ئىشلىمەي ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئانام بىلەن دادام ئاخشاملىرى قارا چىراغ يورۇقىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىدا (بىزنىڭ بۇيەردە داۋاملىق توك توختاپ قالاتتى) ئازراق پۇل يىغىپ، ئاكامغا بىر دۇكان ئېچىپ بېرىشنىڭلا ئارمىنىنى قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كونا

قۇراق يوتقاندا تۈگۈلۈپ يېتىپ، مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالارمۇ دەپ قورقاتتىم. مېنى ھەممىسى چىرايلىق ھەم ئەقىللىق دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ مەكتەپتە يامان ئەمەس ئوقۇغاندىم. ئۇسسۇل ئويناشنىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئاتا ـ ئانام مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالمىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ۋىلايەتتىكى دارىلمۇئەللىمىننىڭ سەنئەت سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. مىڭبىر جاپادا ئوقۇشنىمۇ پۈتكۈزدۈم. ئەمما دادام مېنى ناھىيە ئىچىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرالمىدى. يىراق يېزىلارغا بولسا ئەۋەتكۈسى كەلمىدى. بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئاخشاملىرى دوستلىرىمنىڭ چاي ـ ئولتۇرۇشلىرىغا بارسام، ئانام: «قىز بالا دېگەننى بالدۇر ئەرگە بېرىۋەتمەي ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ! مانا ئەمدى خىزمەتمۇ يوق، ئالىدىغان ئەر تېخى يوق. مۇشۇنداق يۈرۈپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويسا نى ئات، نى نومۇس» دەپ تاپا ـ تەنە قىلىپ ئارام بەرمەيتتى. بالدۇرراق ئۆيدىن ئايرىلىپ، بۇ گەپلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، نېمە قىلسام مەيلى ئىدى، دەپ كېتەتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرىمان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم مېنى ئىزدەپ كېلىپ: «ئىچكىرىدىكى بىر چوڭ شەھەردىن ئارتىس ئالىدىغانلار كەپتۇ، ئۇ يەرگە بارساق پۇل دېگەننى سوزۇپلا ئالىدىكەنمىز. ئىككىمىز بېرىپ تەلىيىمىزنى بىر سىناپ باقايلى، جېنىم ئاداش» دېدى. شۇ ھامان باردۇق. ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ كىشى بىلەن چاچلىرىنى سېرىق بويىۋالغان بىر ئۇيغۇر ئايال بىزدىن ئىمتىھان ئالدى. راستىنى ئېيتقاندا، تۈلىراق چىرايىمىز، بەدەن تۈزۈلۈشىمىز، قول ـ پۇتىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەكشۈردى. ئانچە ـ مۇنچە ئۇسسۇل ئوينىتىپ، ناخشا ئېيتقۇزۇپمۇ باقتى. بىز ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا ھېلىقى خەنزۇ ئەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى، كېيىن ئۇ بىزنى كۆرسىتىپ ئايالنىڭ قۇلىقىغا

بىرنىمىلەرنى پىچىرلىدى، ئايالمۇ بىزگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇلارنىڭ بىزنى ياقتۇرغانلىقىنى شۇ چاغدىلا سەزگەنىدىم. دېگەندەك ئەتىسى ئەركىشى بىلەن ئايال بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ مېنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىمنى، توختام تۈزۈشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئانام مېنى «ئىچكىرىگە پالانى ئىش قىلغىلى بارماقچىمىدىڭ» دەپ تىللاپ، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. دادامۇ تامدەك تاتارغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ ئولتۇرۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى نۇرمان ئىككىمىز ئۇلار بىلەن ئۆز ئالدىمىزغا توختام تۈزۈپ، ئاتا - ئانىلىرىمىزغا ئۇقتۇرماي، ئىچكىرىگە مېڭىپ كەتتۇق. مەن ئۇلارنىڭ يىغلاپ - قاقشايدىغانلىقىنى، «بىزنىڭ بۇنداق قىزىمىز يوق» دەپ داۋراڭ سالىدىغانلىقىنى، بىرەر يىلغا بارا - بارماي ھەممىنى ئۇنتۇپ مېنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ئۈرۈمچىدە ئېگىز بىنالارغا تولا قاراپ ھەيرانلىقتىن ئېڭىكىمىز چۈشۈپ قالغىلى تاس قالغانىدى. ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن، بىرەر ئايغىچە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ يۈردۇق. ھەممە يەرنى قاپلىغان يېشىللىق، گۈل، فونتان، ئاجايىپ ئىمارەتلەر، ئىسسىق بەلباغ دەرەخلىرى ئارىسىدىكى خىيابان يوللار بىزگە جەننەتتەك كۆرۈندى. راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغدا نۇرمان ئىككىمىز ئاشۇ توپىلاڭ يۇرتىمىزنى بۇ يەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «نېمىشقىمۇ ئاشۇنداق يەردە تۇغۇلۇپ قالغاندىمىز» دېيىشىپ كەتكەنىدۇق.

ئۇلار بىزنى شەخسلەر ئاچقان بىر سەنئەت مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇيەردە بىز چەت ئەللەرنىڭ خىلمۇ خىل ئۇسسۇللىرىنى، تانسا، دىسكو، زامانىۋى ئۇسسۇللاردىن تارتىپ كىيىم مودېللىقى، مېھمان كۈتۈش، ھۆسن تۈزەش قاتارلىقلارغىچە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنىدۇق. ئارىدىن يېرىم يىل

ئۆتكەندە نۇرىمان جىمجىتلا مەكتەپتىن غايىب بولۇپ كەتتى. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇنىڭ بويى پاكارراق بولغاچقا، مەكتەپكە يارىماپتۇ، شۇڭا كېچىلىك بەزمىخانىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ، دېيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ نۇرىمانغا ئىچىم ئاغرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ تەلەيلىكلىكىمدىن سۆيۈندۈم... مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مائاشى يۇقىرىراق بىرەر يەرگە ئورۇنلاشسام، تۇنجى قېتىملىق مائاشىمنى ئۆيگە ئەۋەتىپ بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. ئوقۇش يىلى ئاياغلىشىش ئالدىدا دوكلات يۈزىسىدىن ئويۇن قويدۇق. ئويۇنىمىزنى ناھايىتى كۆپ ئادەم كۆردى. زالدا توختىماي ئالقىش ياڭراپ تۇردى. بىر قېتىمقى نومۇردا ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، بىزنى يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن ئەركىشىنىڭ يېنىدىكى خوجايىن سۈپەت يەنە بىرسىگە مېنى كۆرسىتىپ، بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. خوجايىن سۈپەت كىشى شۇ ئويۇندىن كېيىن مەكتەپكە پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، يولىنىڭ چېتىدە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ، يوشۇرۇنچە مېنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇمغا سەپسالاتتى. بەزىدە ئاشخانىدا تاماق يېگەچ، يىراقتىن مېنى كۆزىتەتتى. ئۇ سەل نېرىدا كەشتىلىك داستىخان سېلىنغان ئايرىم ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. مۇشۇ ئىشلار بىلەن بىللە ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. تامىقىمنىڭ سۈپىتى ئالاھىدە ياخشىلانغاندىن سىرت، يوتقان - كۆرپە، ياتىقىمنىڭ دېرىزە پەردىلىرىگە قەدەر يېڭىلاندى. دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈل قاچىسىغا كۈندە يېڭى گۈللەر چىلاپ قويۇلىدىغان بولدى. مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرىدىن تارتىپ تازىلىق ئىشچىلىرىغىچە مېنى كۆرسە ئاغزىدىن شېكەر تامدۇرۇپ ئەھۋال سورىشاتتى، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي

قېلىشاتتى. بىر دەم ئېلىش كۈنى ياتاقدىشىم شياۋفەن مېنى «مېك دونالد تامىقى» يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. «پاھ، بۈگۈن نېمانچە مەرد بولۇپ كەتتىڭ؟» دېسەم: «پۇل دېگەننى خەجلەيدىغان يەردە خەجلەش كېرەك، بولمىسا ئۇنى نېمىدەپ تاپىدۇ» دەپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشىمىزغا يېنىمىزغا ئىككى ئەر كىشى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى دەل ھېلىقى خوجايىن سۇپەت كىشى ئىدى.

شياۋفەن: «ئاننا، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەڭ چوڭ خوجايىنى مانا مۇشۇ لى ئەپەندى بولىدۇ، ئۇ شەھىرىمىزدىكى كاتتا ئەرباب. ئىككىڭلار ئالدىرىماي تونۇشۇۋېلىڭلار، بىز چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى» دەپ يەنە بىر ئەر كىشى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئىككىمىز قالدۇق، پارىڭىمىز تازا قىولاشمىدى. قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ بارلىق ئەھۋالىمدىن خەۋەرداردەك قىلاتتى. ئاتا ـ ئانامنى، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، بىر تۇغقانلىرىمنى، مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قانداق قىلىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم. راستىمنى ئېيتسام، ئۇ ئادەم كۆزۈمگە بەكلا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئۇ مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. سىرتتا زۇڭتۇڭلار ئولتۇرىدىغان «مىرسىدىس»تىن بىرسى تۇراتتى. ئۇ پىكاپنى شەھەر سىرتىغا ھەيدەپ، «بۈگۈن كېچىچە پىكاپتا سەيلە قىلايلى، مېنىڭ سىزگە نۇرغۇن گەپلىرىم بار» دېدى. مەن «بالدۇرراق قايتمىسام بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدىم. شۇ كۈنى ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا ئائىلە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەھەرلىك ئاكسىيە شىركىتىنىڭ لىدىرى ئىكەنلىكىنى، دادىسى ئۆلكە دەرىجىلىك چوڭ كادىر، بىر تاغىسى مەن تۇرغان شەھەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى بىر رۇس قىزنىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ يۈرۈپ، توي ئالدىدا

ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلىنى ئېلىپ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە يېقىنلاشماقچى بولغان ئاياللارغا ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە:

— مەن پەرىشتىدەك گۈزەل ھەم ئاق كۆڭۈل بىر قىزنى ئۇچراتتىم. ئۇ مېنىڭ ئورنۇمغىمۇ، مال دۇنيايىمغىمۇ پىسەنت قىلىپ قويمايدۇ. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن ھەم ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازىمەن، — دېدى...

ئاننا سۆزلەپ شۇيەرگە كەلگەندە قىسقا چاچلىق بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ بىر پەس جىم بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتامدىكىن ياكى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ـ داۋاملاشتۇرماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ دېلىغۇل بولۇۋاتامدىكىن.

ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. مەن ئۇنىڭ خۇش پىچىم گەۋدىسىدە نازاكەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمىلاق بېشىغا، سارغۇچ قەلەم قاشلىرى ئاستىدىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك كۆزلىرىگە، ھەربىر تېلى تۈۋىگىچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەگمە كىرپىكلىرىگە، سۈزۈك ئۆڭدە غۇنچىدەك چاقناپ تۇرغان لەۋلىرىگە يان تەرەپتىن قاراپ ئولتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سەھرالىرىدا قىزىل گۈللەر ئارىسىدىكى سېرىق سەبدىدەك شۇنداق ساپ ھالىتىدە ئۇچراپ قالىدىغان سەپكۈن يۈز، «پىروزا كۆز»لەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئاننا، ياق، ئانارگۈل ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ لى ئەپەندى بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدىڭىزمۇ؟

— دەسلەپتە قوشۇلمىدىم. ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىۋەردى. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىنمۇ بىرخىل بېسىم ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ياتاقدىشىم شياۋفەن دائىم: «ھەي ئاننا، بۇ

ساڭا كەلگەن بىر پۇرسەت، قولدىن بېرىپ قويساڭ، ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالىسەن... نۇرىماننىڭ قانداق بولغىنىنى بىلەمسەن؟» دەيتتى. «نۇرىمان نېمە بولدى، ئۇ نەدە زادى؟» دەپ سورىسام گەپنى يوپۇتۇپ، ئېنىق جاۋاب بەرمەيتتى. دېمىسىمۇ مەن ئۇلارغا كېكىردىكىمگىچە قەرز ئىدىم. ئۇلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالسام، بۇ يات شەھەردە قانداق جان باقىمەن، دەپ قورقاتتىم. بەزىدە قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلايتتىم، لېكىن قاچالماسلىقىمنى بىلەتتىم.

مەن خىياللىرىمنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، غەم ـ قايغۇدىن ئاغرىپ قالدىم. خوجايىن مېنى ئالاھىدە ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىمدىن ئىنتايىن ياخشى خەۋەر ئالدى. شۇ كۈنلەردە مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئاتا ـ ئانامدىن تۇيۇقسىز خەت كېلىپ قالدى. خەتتە ئاتا ـ ئانام مەن ئەۋەتكەن ئون مىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، مەندەك بىر ۋاپادار قىزىدىن نەقەدەر رازى بولغىنىنى يېزىپتۇ. ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. مەندە ئون مىڭ يۈەن نېمە ئىش قىلسۇن؟ بۇمۇ خوجايىننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

مەن دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى خوجايىن مېنى پىكاپ بىلەن شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدىكى ياۋروپاچە تاماقخانىغا ئېلىپ باردى. كۈتكۈچى خېنىمنىڭ باشلىشى بىلەن 2 ـ قەۋەتتىكى زالغا كىرىشىمىزگە، مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ ئالدىمغا چىقتى. ئىككى ئەر كۈتكۈچى ئەتىرگۈللەر ئارىسىغا ئىسمىم يېزىلغان قەۋەتلىك چوڭ تورتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مەن 20 تال شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋاتقىنىمدا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا پىلىلداپ تۇرغان ئاللىقانداق ئەسلىمىلەرمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۆچكەندەك بولدى. راست، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. بۇ كۈننى يىراقتىكى ئاتا ـ ئانامۇ ئۇنتۇپ كەتكەندۇ،

www.uyghurkitap.com

ئەمما مەن بۈگۈن ئاجايىپ بىر دۇنيادا، راھەت ـ پاراغەت، خۇشاللىق ئىچىدە قايتا تۇغۇلدۇم. ئۆتمۈش، يىراقتىكى چەت ناھىيە، دائىم ئەرلەردىن تاياق يەپ نۆۋەت بىلەن يامانلاپ كېلىدىغان ئاچلىقلىرىم، جاپاكەش يەتتە قىزنىڭ كەنجىسى ــ بىچارە، نامرات كۆل قىز... ھەممە، ھەممە غايىب بولدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى خوجايىن مېنى شەھەر سىرتىدىكى مەنزىرىلىك جايغا سېلىنغان پولدارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي رايونىغا ئېلىپ باردى. قاتار كەتكەن ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى داچىلارنىڭ بىرى ئالدىدا پىكاپىنى توختىتىپ، يىپيېڭى بىر تىزىق ئاچقۇچنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. بۇ مەندەك بىر قىز چۈشۈمدىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئاجايىپ ئۆيلەر ئىدى... شۇنداق قىلىپ... ئۇنىڭ توي قىلىش تەكلىپىگە قوشۇلدۇم.

ئاننا مارىي يەنە بىر قېتىم سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇ چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى. سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى باشقا بىرسىنىڭ ھېكايىسىدەك شۇنچە ھېسسىياتسىز، سوغۇققان ئىدى. بۇ سوغۇققانلىق ئۇنىڭ قەلبىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ، چىرايىغا ئۆزگىچە جەلپكارلىق، سېھرىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇ كەلكۈنىدەك يامراپ، باشلار ئېغىرلىشىپ، كۆزلەر يۇمۇلۇشقا باشلىغاندا، ئاننا مارىينىڭ يانفونى تەخىرسىز سايراپ كەتتى. يانفوندىن ياش ئايالنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

ــ ئانارگۈل، ھەي ئانارگۈل، ئۇرۇمچىگە چۈشەمسەن ياكى داخېيەندىن ئۇدۇل كېتىۋېرەمسەن؟

ئاننا مارىينىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىدە يىرگىنچ ئەكس ئەتتى:

ــ قويە ئۇ ئۇرۇمچىنى! نىمىدېگەن مەينەت، نىمىدېگەن قالايمىقان شەھەر ئۇ. ئۇرۇمچىدە بىر كۈن تۇرسام، ئىچ ـ ئىچىمگە ئىس ـ تۈتەك توشۇپ كەتكەندەك بولىمەن. سەن بارغۇ ئاداش، ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىدىن ياتاق ئېلىپ قوي. بىزنىڭ

ئۆيەردە يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلار باردۇ؟

— ...

سەپەردىشىم ماڭا مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ يەنە سورىدى:

— شۇنداق قىلىپ ئاشۇ لى خوجايىن بىلەن توي قىلىپسىزدە، ئۇنداقتا ئۆيىڭىزدىكىلەرچۇ، ئۇلار نېمە دېدى؟

— ئۆيدىكىلەر نېمە دەيتتى، دەسلەپتە «بىزنىڭ سەندەك قىزىمىز يوق» دەپ تىللاپ - قارغاپ خەتلەرنى يېزىشتى. بىرنەچچە يىل مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر كۈنلەردە ئىككىنچى ئاچامدىن خەت كېلىپ قالدى. ئۇ، ئاچا - سىڭىللىرىمنىڭ ئىچىدە ماڭا ھەممىدىن ئامراق ئىدى. خېتىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنى بەك سېغىنغانلىقىنى، ئانام گەرچە ئاغزىدىن چىقىرالمىسىمۇ، دائىم سۈرىتىمگە قاراپ كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنى، دادامنىڭمۇ مېنىڭ دەردىمدە ھەسرەت چېكىپ يۈرگەنلىكىنى يېزىپتۇ. خەتنىڭ ئاخىرىدا ئاكامنىڭ تۇيۇقسىز يېرىم پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى، دوختۇرلارنىڭ ۋىلايەتكە ياكى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى... قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. خەتنى ئوقۇپ تەلەيسىز ئاكامغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر ھازا يىغلىدىم. كەچتە بۇ گەپلەرنى ئېرىمگە ئېيتسام، ئۇ: «دەرھال بۇ يەرگە ئالدۇرۇپ داۋالىتايلى، ئۆيدىكىلەردىن بىر - ئىككيلەن بىرگە كەلسۇن» دېدى. ئۇلارنى ئايروپىلاندا ئېلىپ كەلدۇق. ئۆلكە بويىچە ئەڭ چوڭ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەڭ داڭدار دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ داۋالاتتۇق. ئېرىم ھەر كۈنى دېگۈدەك ۋاقىت چىقىرىپ دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. دەسلەپتە ئاچام بىلەن كېلىنىمىز ئۇنىڭدىن يېتىرقىشىپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى ئەخلەتكە تۆكۈۋېتىپ يۈرۈشتى. كېيىن تونۇشقانچە ئۇنى مەندىنمۇ يېقىنراق كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ سەككىز ئاي بولغاندا، ئاكام ھاسا تاياق بىلەن ماڭغۇدەك بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن چىرايلىق يولغا سالدۇق. كېيىنكى يىلى ئانامنى ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ يېنىمىزدا بىر يىل تۇرۇپ قايتتى. پۇل دېگەن ھەرقانداق توڭنى ئېرىتىۋېتىدىكەن، ياتنىمۇ تۇغقانغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىكەن. يەنە بىر يىلى ئېرىم ئىككىمىز ئۇلارنى يوقلاپ بارغاندا سەھرالىق ئىككى يېتىم قىزنى پاناھىمىزغا ئېلىپ كەلدۇق. ئۇلارنىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ تەربىيەلىدۇق. ئېچكىرىنىڭ نەم ھاۋاسى ياققانلىقتىنمۇ، ھەر ئىككىسى شۇنداق رەڭ تۇزۇپ، بىر پىيالە چاي بىلەن گۈپپىدە يۇتۇۋەتكۈدەك چىرايلىق قىزلاردىن بولۇپ كەتتى. ھەر ئىككىلىسى ھازىر بىزنىڭ سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۆيەردە ناھايىتى ئەتىۋارلىق، كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئۇلارنى تالىشىپ كېتىدۇ تېخى...

كېيىنكى سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئاننا مارىيىنىڭ چىرايىدا ئۆزىنىڭ ئېسىلزادە خېنىملارغا خاس تۇرقىغا مۇناسىپ بولمىغان ھېلىقى كۈلۈمسىرەش يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتى. بۇ كۈلۈمسىرەش نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويدى ۋە بۇ غەشلىك كۆڭۈل ئاسمىنىمدا گويا قاراڭغۇ تۇماندەك ئۇزاققىچە تارقالماي تۇردى. مەن خېلىغىچە ئۇخلىماي ئاننا مارىيىنىڭ ھېكايىسىنى ئويلاپ ياتتىم. ماڭا ھەقىقەتەنمۇ كول قىز بىلەن شاھزادىنىڭ ھېكايىسىنى ئەسلەتتى. تۇرمۇشتا تەلەيلىكلەرمۇ بار، ئەمما يار ـ يۆلەكسىز، ئاجىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەكى ئەگرى ـ توقايلىق، قان ۋە ياش، خورلۇق ۋە ئازاب ...

سەھەردە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا پويىز كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان پايانسىز چۆل ـ جەزىرىدە كېتىۋاتاتتى. قوغۇشۇن رەڭلىك چۆل ئاسمىنىدا كۆز يېتىدىغانلىكى يەردە توزۇنىڭ ئاپپاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. يەر يۈزى ھېلىلىدەك نېپىز بىر قەۋەت قار بىلەن قاپلانغانىدى.

بۇ ئانا يۇرتىمىزنىڭ چۆللىرى. تۈنۈگۈن يول بويىدا ياپيېشىل

مايسىلارنى كۆرگەنىدۇق. بۇ يەردە ئاپپاق قار لەپىلدەپ ياغماقتا. ياغە قار، ياغ.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ۋاگوندا ئاپتومات ئاسقان بىرى ئېگىز، بىرى پاكار ئىككى ساقچى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ پاكارراقى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا توختاپ، يۈك ـ تاق جازىسىدىكى تۇرغان چامادانلارنى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىمنىڭ نەرسىلىرى؟ — دەپ توۋلىدى.

— مېنىڭ، نېمە بولدى؟ — دېدىم ھودۇقۇپ.

— چامادانلارنى ئاقتۇرۇمىز، دەرھال ئېچىڭلار، كىملىكىڭلارنى چىقىرىڭلار، ھەي سەنمۇ بار، — دېدى ساقچى سەپەردىشىمنى كۆرسىتىپ.

مەن ياردەم تىلىگەندەك ئەتراپقا قارىدىم.

— نېمىشقا ئاختۇرىسىلەر؟ ئاختۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىغان گۇۋاھنامەڭلار بارمۇ؟

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئاچ دېگەندىكىن ئاچامسەن، بىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز، سەن دۆلەتنىڭ كادىرى تۇرۇپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ماسلاشمامسەن؟ — دېدى ئارقىدىكى ئېگىز بويلۇق ساقچى كىملىكىمنى قايتۇرۇپ بەرگەچ. ئۇ مۈرىسىدىكى ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ تۇردى.

ئاپتومات ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ قاپقارا ئاغزى بەك سۈرلۈك ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى غورۇرى ۋە قەدىر ـ قىممىتىدىن ئايرىپ چۈمۈلىدەك ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويالايتتى. ئەزەلدىن ساقچى، قورال دېگەنلەردىن يىراق تۇرىدىغان مۆمىن پۇقرالارنىڭ گەرچە گۇناھسىز بولسىمۇ، ئاپتوماتنىڭ ئالدىدا قانداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. تىزىمىز ۋە قوللىرىمىزنىڭ سۈس تىترىشىنى چاغدۇرماسلىققا تىرىشىپ، چامادان ـ سومكىلىرىمىزنى ئاچتۇق ۋە مىڭ تەستە قىستاپ سىغدۇرغان

كېيىم ـ كېچەك، سوۋغاتلارنى چۇۋۇپ، بىر ـ بىرلەپ سىلكىپ يايدۇق. قورال ئالدىدا غۇرۇرىمىزنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشقا ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىتائەتمەن پۇقرا ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەشكە ئاشۇ يوسۇندا تىرىشتۇق. ئېگىز بوي ساقچىمۇ كۆڭلىمىزنى چۇشەنگەندەك دوستانىلىق بىلەن بىزنىدىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ قوياتتى. بۇ جەريان بىزگە پۈتكۈل ئۆمرىمىزدەك ئۇزۇن تۇيۇلدى. قاچانلاردىدۇر ساقچىلار بىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ بولۇپ، يەنە يۇك ـ تاق جازىسىغا قاراشتۇرۇشقا باشلىدى:

ــ ماۋۇ سومكا كىمنىڭ؟

ــ مېنىڭ، نېمە بوپتۇ؟ ــ ئاننا مارىينىڭ ئاۋازى چىرقىرىغاندەك ئاڭلاندى.

ــ ئاختۇرىمىز، دەرھال ئاچ! ــ ئاپتومات شاراقلاپ قالدى.

ــ سومكىدا كىيىم ـ كېچەكلەردىن باشقا نەرسە بولمىسا، ئاختۇرۇشقا نېمە ھەددىڭلار بار!

ــ ئۆزۈڭچە بىزنى سېنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ، دەپ قالدىڭمۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ياۋاشراق بول، بولمىسا...

ــ كىم بىلىدۇ، سەنلەر يالغان ساقچىمۇ تېخى!

ــ ئاغزىڭنى يۇم، ھو سېسىق جالاپ!

ئاننا مارىي بىر دۈۋە كىيىم ـ كېچەك ۋە رەڭگارەڭ گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ يېنىدا بىچارە قىياپەتتە ئۆرە تۇراتتى. بېشىنىڭ ئارقىسىدىكى دىڭگىيىپ تۇرغان بىر تال ئۆرۈمە چېچى شۇ تاپتا بەكمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى. پاكار ساقچى پادىچىلار رەختىدىن تىكىلگەن چوڭ سومكىغا قولىنى تىقىپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى سىلكىپ ئاتاتتى. ئاننا مارىي ھېلى: «بۇ مېنىڭ ئىچ كىيىمىم تۇرسا، مۇشۇنىمۇ ئاختۇرامسىلە؟» دەپ جېدەللەشسە، ھېلى: «بۇ بىر قۇتىسى ئىككى مىڭ يۈەنلىك يۈز ماي، چېقىلىپ

كەتسە تۆلىشەمتىڭ» دەپ ساقچىلارنىڭ قولىغا ئېسىلاتتى، ساقچىلار ئۇنى سىلكىپ قورقۇتۇپ تىنچلاندۇرماقچى بولغانچە، ئۇ ساقچىلارغا ئۆزىنى ئېتىپ: «ھەرقايسىڭ ساقچىمۇ ياكى باندىتمۇ؟ نېمىشقا مەندەك يالغۇز ئايالنى بوزەك قىلىشىسەن، نوچى بولساڭ ئېتىۋېتىشە قېنى؟» دەپ ۋارقىراپ ۋاگوننى بېشىغا كىيەتتى.

— يۇم ئاغزىڭنى! — ئېگىز بويلۇق ساقچى مۇشتىنى تۈگۈپ دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىۋىدى، دېرىزىلەر جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى. ئاننا مارىي پەسكويىغا چۈشۈپ، بىرنەچچە قۇتىنى قۇچاقلىغىنىچە خىرتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات - پات ساقچىلارغا قاراپ قويۇپ، ئۇلار دىققەت قىلمىغان چاغلاردا ئۇلارنى تىللىۋالاتتى. ساقچىلار بىر ھۆرپىيىپ قويسا يەنە شۇمشىيىپ كېتەتتى.

چۈشكە يېقىن ئاختۇرۇش، يىغا - زارىلار تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ھېچقايسىمىزنىڭ چۈشلۈك تاماق يېگۈمىز كەلمىدى. گويا مەڭگۈ چارچىماس مەخلۇقتەك ئاخىرقى مەنزىلگە قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقان پويىز دېرىزىسىدىن يىراقلارغا قاراپ ئولتۇردۇق.

— ئېرىڭىزنىڭ ئۆلكە باشلىقى دادىسى بىلەن شەھەر باشلىقى تاغىسى بايىقى ئىشلارنى ئاڭلىسا نېمە دەپ كېتەر؟ — سەپەردىشىم ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئاننا مارىيغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ دېدى.

ئاننا مارىيغا جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ بىردىنلا جىددىي قىياپەتكە ئۆتۈپ قاپىقىنى تۈردى:

— ئۇلارغا دەيدىغان بولسامغۇ، بۇ بىرنېمىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى بار ئىدى!

— شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ ئارقا تىرىكىڭىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن!

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

بىز كۈلۈشكە باشلىدۇق. پۇخادىن چىققۇچە، ئۇزاققىچە كۈلدۇق. بەزى كۈلكىلەر شۇنداق سەۋەبسىز قايناپ چىقىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ كۈلكە ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

پويىز داخېيەن بېكىتىگە يېقىنلاشقاندا ئاننا مارىي ئەستايىدىل گىرىم قىلدى. قونچلۇق ئۆتۈكىنى، چوڭ ياقىلىق تەتۈر خۇرۇم كالتە جۇۋىسىنى كىيدى. پويىز توختىغاندا بويى بىلەن تەڭ دىگۈدەك يوغان سەپەر سومكىسىنى يۇدۇپ، چاقلىق چامادانىنى سۆرەپ پويىزدىن چۈشتى. بىزگە ئىچكىرىگە بېرىپ قالساق، ئۆزىنى چوقۇم ئىزدىشىنى يەنە بىر قېتىم تاپىلىدى.

داخېيەن ۋوگزالىدا ئادەم مىغىلدايتتى. ئادەملەرنىڭ باش ئۈستىدە قار تۇزانلىرى ئۇچاتتى. ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق، يوغان سومكا يۇدۇۋالغان ئاننا مارىي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ ھەقىقەتەن چەت ئەللىكلەرگە ئوخشايتتى. لېكىن يەنە ئوخشىمايدىغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ روھىدا بىر سۇنۇقلۇق بار ئىدى.

— ئامان بولۇڭ، ئاننا مارىي!

مەن پويىز دېرىزىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدىم. ئاننا تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىدا ئىللىق بىر نەرسە ۋاللىدە قىلىپ قالدى ـ يۇ، دەرھال ئۆچتى. ئۇنىڭ ئورنىنى مەنىسىز، سوغۇق ئىپادە ئىگىلىدى. ئۇ بىز بىلەن ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ، سىردىشىپ باقمىغاندەك، ئىككى كۈندىن بۇيانقى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرمىگەندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھايات يولىمىزدا قايتا ئۇچرىشىپ قالساق تونۇشماي ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىر خىل ئىپادىدە ئىدى.

پويىز ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقاندا، سەپەرداشىم ياتقان ئورنىدىن قوپۇپ سورىدى:

— سىزنىڭچە، ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى راستىمدۇ؟

— كىم بىلىدۇ...

— بەلكىم راستتۇ؟

— راست بىلەن يالغاننىڭ ئارىلاشمىسىدۇ...

مەن سىرتقا قارىدىم. پايانسىز دالىنىڭ يىراق بىر يېرىدە كۆڭلىكى ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغان، سېرىق چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈۋالغان بىر قىز بالا پويىزغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تاش شەھەر

بىر كۈنى ئىشخانىدىكىلەر ھازىرقى زاماندا ياخشى ئادەملەر بارمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدى. بۇ مۇنازىرىگە سەۋەب بولغىنى، ئالدىنقى كۈنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش» پىروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ بالىسىنى داۋالىتالماي، قىيىنچىلىقتا قالغان بىر كىشىگە پۇل ئىئانە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىدى. خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا كېسەل بالىنىڭ دادىسى — ياداڭغۇ، ئۈچ بۇرجەك يۈزىدە بىرجۈپ چېقىر كۆزى سوغۇق پارقىراپ تۇرىدىغان، رۇسىيەدىكى مۇھىم ئەرباب ۋىلادىمىر پۇتىنغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر ئادەم تاماشىبىنلارغىمۇ قارىماي، نەگىدۇر بىر يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، نارەسىدە بالىسىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە ياردەم قىلىۋاتقان كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتقان، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن ئاغزىغا لىق ئالتۇن چىش سېلىۋالغان گەپدان ھاجى خېنىم بىلەن كالتە خورۇم پەلتو كىيگەن، تۇخۇمدەك پارقىراپ تۇرىدىغان كېلىشكەن شىركەتچىمۇ تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسىنىڭ ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىم ئىئانە قىلغان پۇل سانىنى ۋە ئىلگىرىدىن تارتىپ مەكتەپلەرگە، تەنتەربىيە ئىشلىرىغا داۋاملىق ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكەن، بولۇپمۇ ھاجى خېنىم كېسەل بالىنى تىلغا ئالغاندا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ،

ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلىگەنىدى.

چاتاق يېرى، شاكىر ئاكا ھاجى خېنىمنى ناھايىتى ئوبدان تونۇيدىكەن. ئۇنىڭ يۇرتتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ كىراكەشلىك قىلىۋاتقان بىر كەمبەغەل تۇغقىنىنىڭ 12 ياشلىق ئوغلىنى ئاشۇ ھاجى خېنىمنىڭ ئىككى قىزى ئالداپ، ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەنىكەن. شاكىر ئاكا بىلەن تۇغقىنى نۇرغۇن يول مېڭىپ، پۇل خەجلەپ، ئىزدەپ - سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. ئۇ بىر كاتتا قورۇ - جاي بولۇپ، بۇ قورۇدا كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئانىسى — ھاجى خېنىم تۇرىدىكەن. ھاجى خېنىم: «مەن قىزلىرىمنىڭ ئىشىنى ئىللا - بىللا بىلمەيمەن» دەپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىپتۇ. بىراق، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ دائىم بۇ ئۆيگە ناتونۇش بالىلارنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى، ئادەتتە ئۇلارغا ھاجى خېنىم قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىچكىرى ئۆيدىن چىقارماي، ئۇرۇپ - تىللاپ قورقۇتىدىغانلىقىنى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بالىلارنىڭمۇ، قىزلىرىنىڭمۇ يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر مەزگىلدىن كېيىن، يەنە يېڭى - يېڭى بالىلارنى باشلاپ پەيدا بولىدىغانلىقىنى... بىلىدىكەن.

— ھازىر جەمئىيەت بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ھەرقانچە ساۋابلىق ئىشلارمۇ بەزىلەرنىڭ داڭ چىقىرىشتىكى ياكى بولمىسا ئاللىقانداق رەزىل مەخپىيەتلىكلىرىنى ئەل كۆزىدىن يوشۇرۇشتىكى قالقىنى بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئادەملەر ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. قارىغاندا، خالىسلىق، ئاق كۆڭۈللۈك دېگەندەك گۈزەل پەزىلەتلەر ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى شاكىر ئاكا مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە باياتىن سۆزلىگەنلىرىنى خۇلاسىلاپ.

— مەن بىر ھاجىنى تونۇيمەن. ئۇ ھېچكىمگە داۋراڭ

سالماي، بەش نامرات ئوقۇغۇچىنى تىبىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇۋاتىدۇ، ــــ دەپ قوشۇپ قويدۇم مەن.

ــــ ھېلىقى كىچىك بالىلارچۇ، ئاتا ـ ئانىلىرى شاكىلات ئېلىپ يېيىشى ئۈچۈن بەرگەن پارچە پۇللىرىنى ئىئانە قىلغان ئاشۇ ئوماق بالىلاردىمۇ بىرەر خۇسۇسىي مۇددىئا بارمىدۇ؟

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن لالە ئىسىملىك قىزمۇ ئۈزۈن، قايرىلىپ تۇرىدىغان سۇنئىي كىرپىكىنى سېھىرلىك لىپىلدىتىپ، لەۋسۇرۇخ سۈرۈلگەن قىپقىزىل لەۋلىرىنى ئۈچلاپ شۇنداق سوئال قويدى.

ــــ ئۇ باشقا گەپ. ئۇلار جەمئىيەتنى، ھاياتنى تېخى چۈشەنمەيدۇ. چىنلىق، ئاق كۆڭۈللۈك دېگەنلەر، بەلكىم، شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىلا ساقلىنىپ قالدىمىكىن. خۇددى بۇلاق سۈيى باشلانغان يېرىدە پاكىز، ئاققانسېرى مەينەتلىشىشىپ كەتكەندەك.

ــــ ئۇلاردا نېمىشقا خۇسۇسىي مۇددىئا بولمايدىكەن؟ ئۇلارمۇ دوستلىرىدىن ئېشىپ كېتىش، مۇئەللىملىرىگە كۆرسىتىش ياكى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ پۇلىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىدۇ ـ دە.

تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپلەرنى قىلىپ قويىدىغان توختىنىڭ بۇ گېپى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇ، تەسۋىرلەش قىيىن بىرخىل كۈلكە ئىدى.

كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچكىرىكى ئىشخانىدىن باشقارمىمىزنىڭ باشلىقى ــــ ئېگىز بويى، ئاقسېرىق، دولقۇنسىمان چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ تارىغان، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە كۆزەينەك قىستۇرۇۋالغان 38 ـ 39 ياشلاردىكى غالىب چىقىپ كەلدى ۋە جىددىي قىياپەتتە ھەممەيلەنگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، شاكىر ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىچىك قەغەز قۇتىدىكى موخۇركىنى تاماكا قەغىزىگە تۆكۈپ يۆگەشكە

باشلىدى.

ئىشخانا ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى.

— مۇشۇمۇ بولىدىغان موخوركا ئىكەن، — دېدى ئۇ كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن شاكىر ئاكىغا قاراپ قويۇپ.

— بولىدىكەن، لېكىن سەل بوشكەن، تازا دېگەن يەرلەرگە بارمايدىكەن، كاساپەت.

غالىب (خەنزۇچىدا «غا» تەلەپپۇزى بولمىغانلىقتىن، ئادەتتە بىز ئۇنى «ئا چۇجاڭ» دەپ ئاتايمىز) تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، كەينىگە قايرىلىپ، ماڭا:

— تۇرسۇن، ماۋۇ يەرگە كەلگىنە، — دېگىنىچە ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

تاشقىرىدىن كىچىككىنە دالان ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىچكىرىكى ئىشخانا چىرايلىق ياسالغانىدى. يوغان دېرىزىسىگە تارتىلغان دۇخاۋا پەردە كۈن نۇرىنى توسۇپ، ئىشخانىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. دېرىزە تەكچىسىگە يوغان يوپۇرماقلىق ئىسسىق بەلباغ ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىرنەچچە تەشتەك تىزىلغانىدى. تۆردە جىگەررەڭ، سىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئېگىز، كۆركەم ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ ئۇدۇلىغا تام ياقىلىتىپ يۇمشاق دىۋان تىزىلغانىدى.

مەن غالىبنىڭ سۆزىنى كۈتۈپ ئىشىك تۈۋىدىلا تۇردۇم.

— كېلە، كەل، نېمانچە قورۇنىسەن، بىز دېگەن ئەل - ئاغىنە جۇمۇ. سەن بىلەن پات - پات مۇڭدىشىپ تۇرسام دەيمەن، لېكىن مۇشۇ ئالدىراشلىقنىزە...

ئۇ سۆزلىگەچ، قولىدىكى موخوركىنى ئىشىك تۈۋىدىكى تۇكۇرۇك قاچىسىغا پىرقىرىتىپ ئېتىپ، تارتمىسىدىن «خۇڭتاسەن»دىن بىر قاپ ئالدى ۋە پېچەتتىنى يىرتىپ، ماڭا تەڭلىدى.

تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، ئىككىلىمىز بىر پەس جىم

www.uyghurkitap.com
نۇر كىتاب تورى

بولۇشۇپ قالدۇق.

— ھە، ئايالىڭ قانداقراق؟ تازا سەمرىگىلى تۇرۇپتۇ ـ ھە، ئۇ. ئوغلۇڭچۇ، ئوغلۇڭ نەچچىنچى سىنىپقا چىقتى؟

مەن بىر چاغلاردىكى ئاغىنەمنىڭ سوئالىغا قورۇنۇپراق، ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم.

— بايام نېمە دېيىشتىڭلار؟ ئەجەب كۈلۈشۈپ كەتتىڭلار ـ ھە. سېنىڭغۇ بىلىمەن. سەن... ئۆكتى ـ سۆكتى گەپلەرگە ئانچە ئارىلاشمايسەن، كۆڭلۈڭمۇ تۈز. لېكىن مۇشۇ شاكىر ئاكامزە، قېرىغىچە ئەقىل كىرمىگەن ئادەم ـ دە، گېپىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ، شۇڭىمۇ تېگىشلىك ئورنىنى تاپالماي سۆيۈرۈلۈپ يۈرگەن گەپ. ئاۋۇ توختىمۇ تازا بولمايدىغان ئاداش. ئاشۇنداق ئادەمگە ياقمايدىغان گەپلەرنى نەدىنمۇ تاپىدىكىن...

— باشقا گەپ قىلىشمىدۇق. ئاخشام تېلېۋىزوردا چىققان بىر ئايالنى شاكىر ئاكام تونۇيدىكەن. شۇنىڭ پارىڭى.

— ئاران شۇلىما؟ شۇنچە ئۇزاق پاراڭلىشىپ كەتتىڭلارغۇ، بىرەرسى مېنى چىشلەپ تارتمىغاندۇ؟ باشقا باشلىقلارنىڭ غەيۋىتى بولدىمۇ يا؟

— نەدىكىنى، تېلېۋىزوردىكى بىر خەۋەر توغرىلىقلا... سەنمۇ كۆرگەنسەن بەلكىم، ھېلىقى كىچىك بالىغا بەك ئۇۋال بوپتۇ جۇمۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ، بوپتۇ، بوپتۇ. سەندىن ئۈمىدىم چوڭ جۇمۇ، ئاغىنە. مېنى كۆپرەك قوللاپ، گەپ ـ سۆزلەر بولسا... كىرىپ تۇرارسەن. ئۆزۈڭگىمۇ مەلۇم، باشقارمىمىزغا بىر مۇئاۋىن باشلىق كەم. رەھبەرلىك ماڭا نامزاتنى ئۆزۈڭ كۆرسەت، دەۋاتىدۇ. مەن ... سېنى كۆرسەتمەكچى. سېنىڭمۇ گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىپ، دېگەن يېرىمدىن چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇھىمى شاكىر، توختى دېگەنلەردىن ئۆزۈڭنى

تارت. ماقۇل ئەمىسە، ھېلىقى توختى دېگەننى چاقىرىۋېتە. ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي ئۇنىڭغا.

چۈجاڭ (باشقارما باشلىقى) ئىشخانىسىدىن چىقىپ كۆزۈمگە تىكىلگەن شۈبھىلىك كۆزلەر ئالدىدىن ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرغىچە نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ قاندەك بولدۇم. توختىغا غالىبنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، كۆزلىرىمنى ئالدىمدىكى گېزىتكە قادىدىم.

توختىدىن كېيىن خاسىيەت ئىسىملىك پاكار، سېمىز چوكان كىرىپ كەتتى. ئۇمۇ خېلى ئۇزۇندا كۈلۈپ - يايراپ، ھاياجاندىن كۆزلىرى يانغان ھالدا چىقتى. شاكىر ئاكا بىلەن لالە بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، ئوڭايسىزلانغاندەك جىم بولۇشۇپ كەتتى. كېيىن قىز ئۈزۈلۈپ قالغان پاراڭنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، ئۇيەر - بۇيەردىن گەپ يېشىپ باقتى. ئەمما ھېچكىم ئاۋاز قوشمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خەققە نېمە بولغاندۇ، دېمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىغا ئوغرىلىقچە قاراپ چىقتى. ئەمما گېزىتكە قادالغان سورلۇك، ياسالما چىرايلاردىن ھېچنەرسىنى بايقىيالماي، يەنە شۈك بولۇپ قالدى. ئىشخانا ھاۋاسىنى قاپلىغان كىشىنى بوغۇقتۇرما قىلىدىغان بىر خىل جىددىي كەيپىيات كەچكىچە يوقالمىدى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۈنجى قېتىم ئۆزلۈكۈمدىن شاھمات ئويناشقا چىقمىدىم. بالكوندىكى ياتما ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ، كۈندۈزى يۈز بەرگەن ئىشلارنى، غالىبنىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ دېگەن سۆزلىرىنى، توختى، خاسىيەتلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا قايتىپ چىققىنىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ، ئۇلارغا نېمە دېگەندۇ؟... مۇئاۋىن چۈجاڭدىن بىرنى قويىدىكەن، دېگەن گەپ خېلىدىن بېرى بار. بۇ ئىشخانىدا ئىستاژ، قابىلىيەت جەھەتتىمۇ مەندىن ئېشىپ كېتىدىغان

بىرەرسى يوق. شاكىر ئاكام بار دېگەندىمۇ، پېنسىيە يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان «ئۆلۈك يولۋاس» ئۇ. شۇغىنىسى بۇ دۇنيادىكى ئىشلار تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدىكەن. ساڭا قاراپ ھەجىيىپ، سەن بىلەن ئاغىنە بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ساڭا قانداق تۇزاقلارنى قۇرۇۋاتقانلىقىنى، خۇپىيانە ھالدا سېنىڭ چىتلىقىڭنى بۇزۇپ، ئۆز قاشاسىنى قانداق ئېگىزلىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەنسەن. بىلگىنىڭدە ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدىكەنسەن. بۇ ئىشلار بېشىمدىن بىر قېتىم ئۆتكەن. بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ ھەممە ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ، باشلىقلارنىڭ ئالدىدا تازا ئەتىۋارلىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم بولغان. تەلەي ـ ئامەت دېگەن بۇرنۇمغا پۇراپ تۇراتتى. نەگىلا قارىسام ئاپتاپتەك ئىسسىق چىرايلارنى كۆرەتتىم، ئايالىممۇ ئەتىۋالىقىنىڭ دەستىدە قىلغىلى قىلىق تاپالماي، تېرىسىگە سىغماي يۈرەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە ھېلىقى مەرتىۋىلىك «ئاكام» ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولۇپ كەتتى. قازا دېگەنگە ئامال يوق ئىكەن. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز شۇنىڭدىن كېيىن «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق» چۆچىكىدىكى بىر ئۇخلاپ قوپۇپ، يەنە پۇچۇق تەڭنىسى بىلەن قالغان بوۋاي ـ مومايغا ئوخشاپ قالدۇق. نېمىشقىدۇر باشلىقلار ماڭا چىرايىنى ئېچىپ قارىمايدىغان، ئەينى چاغدا ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرگەن سەتەڭلەر مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ھەسەت قىلىپ تۇرالماي قالغانلار تەنە گەپلەر بىلەن مېنى چېقىۋالىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن.

دەل شۇ كۈنلەردە غالىب ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. بىر ھېساباتا ئۇنىڭ چىقىشى تاسادىپىي ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. بوي ـ بەستىگە قارىسا، خېلىلا ئوغۇل بالىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بىر تىيىنلىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئار ـ نومۇسلا ئەمەس، جېنىنىمۇ تىكىدىغان بۇ «ئەزىمەت» ھازىرقىدەك شارائىتتا ھامان ئوتتۇرىغا

چىقاتتى. مەنپەئەت بار يەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال پۇراپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق ۋاسىتىلارنى قوللىناتتى. بۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار گەرچە ناپولېئوننىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە مەستلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسىمۇ، ناپولېئونغا چوقۇنىدۇ. ئۇنىڭ: «گېنېرال بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە ناپولېئون بۇ سۆزنى قىلغاندا، قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدىكى باتۇرلۇقنى، ھايات - مامات ئالدىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتنى كۆزدە تۇتقان، ھەرگىزمۇ تەمەخورلۇق، ھىيلە - نەيرەڭ، خۇشامەتچىلىكنى كۆزدە تۇتمىغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يەنى ناپولېئوننىڭ ئەسكەرلىرى ھازىرقى بەزى ياشلىرىمىزدەك بولىدىغان بولسا، ناپولېئون ناپولېئون بولالمىغان بولاتتى.

بىر كۈنى دەل ھازىر غالىب ئولتۇرۇۋاتقان ئىشخانىنىڭ دالىنىدا تۇرۇپ، غالىبنىڭ ئەينى چاغدىكى باشلىققا مېنىڭ گېپىمنى قىلىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ ئىدارىدىكى بەزى ئىشلار، بەزى ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى باھا، چاقچاقلىرىمنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى راست ئىدى. شۇغىنىسى كەيپچىلىكتە دېيىلگەن بۇ گەپلەرنى غالىبنىڭ قانداقلارچە زىر - زەۋىرىگىچە ئېسىدە ساقلىغانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيتتى.

ئۇ چاغدا غالىبنىڭ ئۆيى دەل مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئاستىدا ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆز ئۆيۈمدە چىڭراق دەسسەپ مېڭىشتىن قورقىدىغان، ھەتتا ئوغلۇمنىڭمۇ بەكرەك شوخلۇق قىلىشىغىمۇ يول قويمايدىغان، ئاخشاملىرى غالىبنىڭ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كارىۋىتىمنىڭ بەكرەك غىچىرلىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدىم.

دائىم ئاغىنىلىرىنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ، ھارىقىنى ئىچىپ تۇرسىمۇ، تۇتۇنىنى بولۇت، يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان غالىب ئەمدى پات - پات مېھمان چاقىرىدىغان بولۇپ قالدى. تۇنجى قېتىم غالىبنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ناخشا - مۇزىكا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلارنى ئاڭلىغىنىمدا، ھە، غالىبمۇ ئەمدى ئادەم بوپتۇ، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭكىنى يېدىم - ئىچتىم، ئەمدى مەنمۇ ياندۇراي دېگەن ئوخشايدۇ، شۇنداق بولسا مېنى ئەجەب ئۇنتۇپ قاپتىغۇ، دەپ قالغانىدىم. يېرىم كېچىدە غالىبنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ مېھمانلار ئۇزىغىلى تۇرغاندا، ئايالىم: كىملەركىن، قاراپ باقاي، دەپ ئىشىككە چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا پېشانىسىنى تۇتقان پېتى يېنىپ كىردى ۋە «توۋا، بۇ غالىب قالتىس ئىكەن، ساپلا ئىدارىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپتۇ، يەنە كېلىپ كىملەرنى قوشۇپ چاقىرىپتۇ، دېمەمسىز، قىزلارنى! ھەر قىزلار، سېرىق چاچلىق، بىر غېرىچ يوپكىلارنى كىيىشكەن...» دەپ ۋاتىلداپلا كەتتى. «ئاپلا»! دەپ قالدىم. ئايالىمغا گۆلىيىپ: «بولدى، ئاغزىڭنى يۇم، ھېچنېمە كۆرمىدىڭ، ئاڭلىمىدىڭ، ئۇقتۇڭمۇ؟» دەپ ھەرقانچە قورقۇتقان بولسامۇ، بۇ پاراڭ ئەتىسىلا پۈتۈن ئىدارىغا پۇر كەتتى. بۇنى تارقاتقۇچى، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئايالىم ئەمەس ئىدى.

كېيىن بۇنداق مېھمان چاقىرىشلار كۆپ تەكرارلاندى، گاھى يېڭىدىن ئېچىلغان ئىسمى غەلىتە، مۇلازىمەتلىرى يېڭىچە رېستوران - بەزمىخانىلاردا، گاھى ئۆيىدە. قىزىق يېرى، بۇنداق مېھماندارچىلىقلار ئەتىسىلا كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بولاتتى. غالىبنىڭ ئايالى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىدارىدىكى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ خانىملىرى، بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە تېلېۋىزىيە چولپانلىرىغا ئايلىنىپ بولايلا دېدى.

غالىبنىڭ پىلانلىشى بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ بەش ياشلىق نەۋرىسىنىڭ يەسلىدە باشقا مىللەت بالىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشلەنگەن ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مەخسۇس پىروگرامما جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ بۇ ئىدارىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى. ئىدارىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىر مەھەل بۇ پىروگراممىنى تەلەپ قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

غالىب ئۆز ئالاھىدىلىكىنى بارغانسېرى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ رېستورانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، كىملەرنىڭدۇر بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تويلىرىنى ئەرزان، ئەمما ھەشەمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى، ئۆيلىرىنى ئەرزان ھەم سۈپەتلىك بېزىتىپ بەرگەنلىكى، يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۇنىۋان ئالىدىغان بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، ھەتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈپ بەرگەنلىكى، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان بالىلىرىنىڭ نۇقتىلىق مەكتەپلەرگە كىرىشىنى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلمىگەنلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىدەك ئىشلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى (ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئىدى)، ھەيران قېلىشاتتى، ئاغزىدا سەل مەسخىرە قىلغاندەك قىلىشقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەسەت قىلىشاتتى، كۆڭۈللىرىدە ئىختىيارسىز قايىل بولۇشاتتى، بولۇپمۇ ياشلار شۇنداق ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىكى ئەخلاق، دىيانەت توغرىسىدىكى گەپلەرنى ۋاقتى ئۆتكەن، زاماننىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان كونا گەپ، دەپ قارايتتى. بازار ئىگىلىكى بولغانىكەن، مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىشقا، ھەممە نەرسىنى سېتىشقا بولىدۇ، پەقەتلا نامراتلىققا تاقەت

www.uyghurkitap.com

قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىشاتتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆز مەنپەئىتىدىن باشقا ئىشقا پەرۋا قىلمايتتى، ھېچقانداق ئىشقا ئەجەبلەنمەيتتى. رەزىللىكتىن سەسكەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق ئالىيجاناب ئىستەك، ئېتىقاد يوق، پەقەت ئۆزىلا بار ئىدى.

غالىب ناھايىتى تېزلا ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىگە باشلىق بولدى. مەنپەئەتكە بولغان تۇغما سەزگۈرلۈكى، كۆرۈنۈشتىكى سالاپىتى، مۇئامىلىگە ئۇستىلىقى بىلەن جەمئىيەتتە خېلىلا كەڭ مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلغان ۋە بۇنىڭ تەمىنى خېلىلا تېتىپ قالغان بولغاچقا، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ، يېرىم يالەچ ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنى جانلاندۇردى. بىر ــ ئىككى يىلدىلا خېلى پايدا تېپىپ، چوڭ ــ چوڭ سۆزلەيدىغان، كاتتا كىيىنىپ، تاللاپ يەپ ــ ئىچىدىغان، ئۇنداق ــ مۇنداق دېگەن ئادەملەر ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن سورۇنلارغا كىرىپ ــ چىقالايدىغان بولدى. ئۆينى كەينى ــ كەينىدىن ئىككى قېتىم بېزەتتى. بىر قېتىم ئىلگىرىكى ئاغىنىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ كەيپچىلىكتىنمۇ ياكى ماختىنىپمۇ: «ھەرقايسىڭ مېنى بەك ئاسان يول تېپىپ كەتتى، دەپ ئويلىشىسەن، لېكىن مېنىڭ يول تېپىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىمنى بىلىشمەيسەن. مەن بارغۇ، پالانچىغا؟ تۆگە، پۇستانچىغا؟ ئات؟، پوكۇنچىگە؟ كالا؟ بەردىم. ھېچنەرسە ئالالمىدى دېگەنلىرىمۇ؟ تەخەيچىلىك پايدامنى كۆردى. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىداردا مېنىڭ گېپىم گەپ. ئەمەل، ئۆي دېگەننىڭ مەندىن ئاشقىنى باشقىلارنىڭ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ گېپى ئاز كۈن ئۆتۈپلا ئىسپاتلاندى. ئۇ باشقارما باشلىقى بولدى، كاتتا ئۆيلەرگىمۇ كۆچۈپ چىقتى، ياسىداق ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ نەچچە ئون ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان ــ بۇيان قىلىدىغانمۇ

بولدى. بىراق ئۇ بەك گۇمانخور ئىدى. بولۇپمۇ بەزىدە كەيپىياتى يامانلىشىپ قالغان چاغلاردا پۈتكۈل دۇنيا ئۆزىنى ئالداۋاتقاندەك، ھەممە ئادەمگە گۇمان بىلەن تىكىلەتتى. باشقىلار ئىلگىرىكى يىللاردىكى نامراتلىقنىڭ، تېز بېيىپ كەتكەن بىرەر ئادەمنىڭ، ئېرىنى ئالدىغان بىرەر ئايالنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالسا، شۇ ھامان ئۆڭەتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم ئىدارىدىكىلەر تاغقا ئويناشقا چىقىپ، قايتقاندا شاكىر ئاكام بىلەن غالىبنىڭ سومكىسى ئالمىشىپ قالغانلىقى، شاكىر ئاكام ئۆيىگە كىرىپ سومكىنى ئاچسا، ئىچىدە بىرمۇنچە لۇق گۆش، ئىچىملىك چىققانلىقى ھەممە ئادەمگە پۇر كەتكەچكە، گۆش توغرىسىدىكى گەپلەرگە ئالاھىدە سەزگۈر ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلماي كۈلۈمسىرەپ تۇرسا: «ھە، نېمە بولدى؟ نېمانداق ھىجىيىش بۇ، گەپ بولسا ئوچۇق قىلمامسىلەر!» دەپ ۋارقىراپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە قوپاللىق قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ھوقۇق، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى رەت قىلاتتى، ئىشلىرىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنىلا ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئىسلاھاتچى، قابىلىيەتلىك ياش رەھبەر، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقتىن يايراپ، ئېچىلىپ، پۈتكۈل دۇنيادىن مەمنۇن بولاتتى. شۇنداق دېگەنلەرنىڭ تەلىپىنى ئاسان ئورۇنداپ بېرەتتى. بارا - بارا قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ مىجەزىگە ماسلىشىۋېلىشتى. ئادەتتە ئۇ بار يەردە نامراتلىق، پىخسىقلىق توغرىسىدىكى، خوتۇنى تالاغا قارايدىغان ئەرلەر توغرىسىدىكى سۆزلەرنى، بولۇپمۇ گۆشكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى زادى تىلغا ئالمايدىغان، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرىدىغان پۇرسەتلەر بولسا ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بولدى.

قارىغاندا، ئەمدى ماختاش دولقۇنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* * *

— ئاخشىمى يوتقان ئىچىدە يېتىپ، ئاپالىمغا غالىبنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاپالىم ئېڭىكىنى قولى بىلەن تىرەپ يېتىپ، سۆزۈمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

ئاشۇ غالىبتىن سىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ؟ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تەمە قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىغىچە، غورۇرىڭىز بىلەن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ياشىغىنىڭىز ياخشى، — دېدى.

ئاپالىم يېقىندىن بېرى، ئۆز تىلىمىزدا راۋان سۆزلەشنىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

— بۇ گېپىڭىزنىڭ جېنى بار، ئەمدى مېنىڭ خوتۇنۇمدەك گەپ قىلىدىغان بولۇپسەن، — دېدىم ئۇنى يېنىمغا تارتىپ.

بىر پەستىن كېيىن نېمىشقىدۇر بۇ ئىش يەنە خىيالىمغا كىرىۋالدى. غالىبنىڭ دېگەنلىرىنى، ئۆزۈمنىڭ ئىستاتىز، قابىلىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىمنى، يېشىمنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭلۇقىنى قوشۇپ ئاپالىمغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردىم. ئاپالىممۇ بۇ قېتىم سەل تۇرۇپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا سىزنىڭ ھەققىڭىز ئىكەنغۇ، بوشاڭلىق قىلىپ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماڭ. غالىب ئۆزى شۇنچىلىك دەپ تۇرغان يەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك يېقىنلىشىپ، سىردىشىپ تۇرۇڭ. گەپلەرگە ئارىلاشماڭ، — دېدى. ئويلاپ باقسام ئاپالىمنىڭ بۇ گېپىمۇ توغرا ئىكەن. دېمىسىمۇ ئىلگىرى مېنىڭ باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشىم دەل نېمىنى ئويلىسام، شۇنى سۆزلەپ قويغانلىقىمدا ئەمەسمۇ.

* * *

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن غالىب باشقا ئىشخانىلاردىكى 35 -

36 ياشلىقلاردىن يەنە بىر نەچچەيلەننى چاقىرىپ پاراڭلاشتى. ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئىشخانىدىكىلەرگە ئوخشاش ھاياجانلىنىپ يېنىپ چىقىشتى. قارىغاندا، مۇئاۋىنلىققا كىمنى قويۇش توغرىسىدا ئاممىدىن پىكىر ئېلىۋاتسا كېرەك. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھەممىلا ئادەم سەل سىرلىقلىشىپ قالغاندەك بولدى، ئىشخانىدىكى كەيپىياتمۇ ئۆزگىرىپ قالدى. يېڭى كەلگەن قىزغىلا يۈكلىنىپ قالغان ئىشخانا تازىلاش، قايناق سۇ ئەكىرىشكە ئوخشاش ئىشلارنى ھەممەيلەن تالىشىپ يۈرۈپ قىلىدىغان، تالىشىپ يۈرۈپ باشقىلارغا چاي دەملەپ بېرىدىغان، توختىغا ئوخشاش، ئەتىگەندە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا خوتۇنى تاپشۇرغان تۈگمەس ئۇششاق ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا چېپىپ يۈرىدىغان، قولىدىن ئايلاپ - يىللاپ ئىش چىقمايدىغانلارمۇ سائەت توشقىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۆزۈمنى ئالسام، كۈندە ئەتىگىنى ئىستاكىنىمدىكى توختى ياكى خاسىيەتِ دەملەپ قويغان چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، باش كۆتۈرمەي گېزىت ئوقۇيمەن. گېزىتتە شۇنچە ھەيران قالارلىق ئالاھىدە خەۋەرلەر، قىزىق گەپلەر بولسىمۇ، غىڭ قىلىپمۇ سالمايمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش، كۆنگەن خۇيۇمنى ئۆزگەرتىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئەسىرنىڭ ئاخىرقى بۇ يىلى يېڭى ھادىسە، يېڭى قاراش، يېڭى ئوي - پىكىرلەرگە شۇنچىلىك تولۇقكى، مۇشۇنداق ھادىسىلەر ئالدىدا تىلى بار تۇرۇپ گاچا بولۇۋېلىش ئاسان دەمسىز. بۇ ئىشتىمۇ ئايالىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئەسقاتتى. ئۈستىلىمدە توشقان شەكىللىك بىر قەلەمدان بار ئىدى. قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان، كۆزلىرىگە قىزىل مارجان پاتۇرۇلغان شوخ توشقانچاقنىڭ كاللىسىغا رەڭگارەڭ قەلەملىرىمنى سېلىپ قوياتتىم. ئۇ دائىم كوماك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ماڭا ھەيبارلىق بىلەن كۈلۈپلا

تۇراتتى. ئايالىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇنىڭ يىرتىق كالپۇكىنى يېلىملىق لاتا بىلەن «×» شەكلىدە چاپلىۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىسام، گەپ قىلماسلىقىم كېرەكلىكىنى ئېسىمگە ئالىدىغان بولدۇم.

ئىشخانىدا ھەممىدىن بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنى شاكىر ئاكام ئىدى. غالىب، توختى ۋە ماڭا ئوخشاشلار ئۇلۇك ـ سولىمىزنى بىلمەي يۇرگەن چاغلاردا، ئىدارىنىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتقان، ھالال ئىشلىگەن، ئەمەل تەمەسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر كىملەرگە خۇشامەتمۇ قىلمايدىغان، خۇشلۇقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ ئۆتكۈر چاقچاق، كۆلكە بىلەن ئىپادىلەيدىغان بۇ ئادەم تاماكىنى ئۇلاپ چېكىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى كۈنلىرى ئىشنى بالدۇرراق تۈگىتىپ، چۈشتىن كېيىنلىرى سىرتلارغا چىقىپ كېتەتتى. غالىب شاكىر ئاكامنىڭ ئالدىدا يالغان ھېجىيىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ چاندۇرمىغىنى بىلەن، ئۇ چىقىپ كېتىشىگە قەستەن سۇرۇشتۇرۇپ، ئۆزىنى بېسىۋالغان قىياپەتتە: «قانداق ئۆزىنى سورىمايدىغان ئادەم بۇ، گەپ قىلاي دېسە تېپخى، گەپ قىلمىسا...» دەپ غۇدۇرايتتى ياكى چىرايىنى ھەر قىسما قىلىپ بىزارلىقىنى ئىپادىلەيتتى. قاچانلاردىن تارتىپكىن توختى بىلەن خاسىيەت شاكىر ئاكامغا گەپ قىلمايدىغان، ئۇ يوق يەرلەردە، بولۇپمۇ غالىب ئاڭلايدىغان يەرلەردە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بولۇۋالدى. غالىبنىڭ ئەتراپىدا يۇرىدىغان بىرنەچچىسىمۇ ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرا ئايرىشتى. يېڭى كەلگەن قىز باشقىلارنىڭ مۇئامىلىسىگە، گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ ئۇنى ئەسكى ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىمىكىن، بىر كۈنى ئۇ يوق چاغدا ئۇستىلىنى ئۇنىڭ ئۇستىلىدىن ئايرىپ، ئايرىم ئولتۇرۇۋالدى. بۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ ئۇندىمەي ئولتۇرغىنىمدا، بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى قەلبىمنى

چىرمىغۋالاتتى. شاكىر ئاكامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى مەندەك چۈشىنىدىغان باشقا بىر ئادەم يوقتۇ، دەپ ئويلايمەن. ئۇن نەچچە يىل بىللە ئىشلەپ، ئۇنىڭ خىزمەتتە ياكى باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ساختىپەزلىك قىلغىنىنى، باشقىلارغا قارا سانىغىنىنى كۆرمىدىم. بەزىلەر كىچىككىنە ئىش قىلىپ قويسا، قىلغىنىنى ھەممە يەرگە داۋراڭ سېلىپ، قىلمىغىنى قالمايدۇ. شاكىر ئاكام بولسا، باش كۆتۈرمەي ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، قىلغان ئىشى سۈپەتلىك، ئېپتىلىق، ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بىكار ۋاقىتلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە ئىچىۋېلىپ، شېئىر ـ قوشاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوقۇپ قويىدۇ. بىرلا يېرى، تولىمۇ ئادەملەرنى كۆرسە، يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ، ئۆزى گەپچى، يۇمۇرچى بولغاچ، ئېپىگە كەلتۈرۈپ گەپ بىلەن سوقۇپ، جاجىسىنى بېرىپ تۇرىدۇ. غالىب ئىلگىرى شاكىر ئاكام بىلەن بىللە ئىشلىگەندە، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر چاقچاقلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىدى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ھەممە يەردە كۈلكە قوزغايتتى، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارىلىپ يۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا...

بىر كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا شاكىر ئاكامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. شاكىر ئاكام يېتىپ بولغان ئىكەن. ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يېقىندا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گەپ ـ سۆزنىڭ كۆپىيىپ قالغىنىنى، سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا غالىبنىڭ بىرنەچچە قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ خاپا بولغىنىنى ئېيتىپ، سەل دىققەت قىلىشىنى تاپىلىدىم. شاكىر ئاكا ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى:

— مېنى ئاشۇ غالىب سۈرۈشتۈردىمۇ؟ ئۇ... ئۆزى ماڭا رۇخسەت قىلغانتىغۇ! مەن ئۇنىڭغا ئوغلۇمنىڭ تويىغا جابدۇنۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتقان، ئۇ ئۆزىمۇ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي، ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، دېگەن تېخى... ھا، ھا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھا...

شاكىر ئاكام قاتتىق كۈلدى. ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

كېچىچە ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە گېزىتتىن «راستتىنلا تاشقى پىلانېتتا ئادەملىرى بارمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ شاكىر ئاكامدىن سورىدىم:

— شاكىر ئاكا، ماۋۇ ماقالىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭچە قانداق، باشقا پىلانېتىلاردا ھاياتلىق بارمىدۇ؟

لاله كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ماڭا بىر قاراپ قويدى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سىلىۋالدى. توختى بىلەن خاسىيەت بېشىنى كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، بەدەن قىياپىتىدىن خاترجەمسىزلىك، ھوشيارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— كىم بىلىدۇ، دەيسىز. بىراق ئىنسانلار ئىپتىدائىي ئورمانلاردا يۈرگەن چاغلىرىدا ئاشۇ ئورمانلىقنى ئالەم، دەپ بىلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار يۇلتۇزلارنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئەتە باشقا بىرەر پىلانېتتىكى باشقىچە بىرخىل ئادەملەر بىلەن ئالاقە ئورناتامايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

شاكىر كامىنىڭ سۆزى مېنى بىردىنلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى:

— راست ئېيتىسىز، ئالەم شۇنچە كەڭ، يۇلتۇزلار سانسىز. شۇ سانسىز يۇلتۇزلارنىڭ بىرسىدە بىز بولغان يەردە، بىزگە ئوخشاش يەنە باشقىلار بولماي قالامدۇ؟ كىم بىلىدۇ، كېچىلىرى بىز يۇلتۇزلارغا نەزەر سېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئاشۇ يۇلتۇزلاردىكى تالاي كۆزلەرمۇ بىزگە تىكىلىدىغاندۇ... ئۇ يەردىمۇ نى ـ نى ئادەملەر، ئالىملار، زالىملار باردۇ، پادىشاھ، ۋەزىر، ياساۋۇل ياكى جويجاڭ، چوجاڭ دېگەنلەرمۇ باردۇ. ھىيلە ـ مىكىر، تەخسىكەشلىكلەر، خۇشامەتلەرمۇ باردۇ...

توختى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، غالىبنىڭ ئىشخانىسىغا

كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا خاسىيەتمۇ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئۈستىلىگە پاققىدە تاشلاپ قويۇپ، ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بىلەن «تاق، تاق» دەسسەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

شاكىر ئاكام ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. يېڭى كەلگەن قىز لالە قوڭۇر چاچلىق بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سېلىڭۋالدى. ئىختىيارسىز ئالدىمدىكى توشقانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ، ئالغاي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، چاپلىڭۋېتىلگەن يىرىق كالپۇكلىرى بىلەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھېجىيىپ تۇراتتى. بىردىنلا غەزىپىم ئۆرلەپ، توشقاننى قاماللاپ تۇتتۇم ـ دە،ئوچۇق دېرىزىدىن گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىتىپ ئاتتىم. جايىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ گالستۇكۇمنى يېشىپ ياقامنى بوشاتتىم. دېرىزىدىن باش يازنىڭ سالقىن شامىلى يېڭى ئېچىلغان گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كىردى. ئۆزۈمچە:

— پاھ، قىزىلگۈل ئېچىلىپ، توزۇغىلىمۇ تۇرۇپتۇ، بۇ يىلقى باھارنىڭ قاچان كىرىپ، قاچان ئۆزاپ كەتكىنىنى ئەجەب بىلمەي قاپتۇق ـ ھە، — دېدىم.

شاكىر ئاكام ئىككىمىز بىردىن تاماكا ئوراپ چېكىشىپ تۇرساق، توختى كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە يېنىپ چىقتى. گويا «ئىككىڭنىڭ كۆرىدىغىنىڭ بار تېخى» دېمەكچى بولغاندەك ئاۋۋال شاكىر ئاكامغا ئارقىدىن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، ئۈنلۈك بىر يۆتىلىۋېتىپ، جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. چىرايى ھۆپپىدە قىزارغان، ھاياجانلانغان خاسىيەت بولسا، نېمىدىندۇر خۇدۇكلەنگەندەك ھەممەيلەنگە ئالاق ـ جالاق بولۇپ قاراپ قويدى.

— خىزمەت ۋاقتىدا بىكار پاراڭ سېلىشىشاڭلار خىزمەتكە تەسىر يېتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن گېپىڭلار بولسا، سىرتقا چىقىپ قىلىشىڭلار، — دېدى توختى غىڭىلدىغاندەك چىقىدىغان ئاۋازىغا قەتئىي تۈس بېرىپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— ھە، شۇنداقمۇ، بىز تېخى بىلمەي يۈرۈپتۇق، بولىدۇ، پاراڭ سېلىشمايلى، — دېدى شاكىر ئاكام.

شاكىر ئاكامغا قارىسام، قاتتىق ئەستايىدىل قىياپەتتە ماتېرىيال ئاختۇرۇشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھېچ ماڭا قارايدىغاندەك، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغاندەك ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە جىددىي ھەرىكەتلىرىدىن خۇددى تىرىك ھەجۋىي رەسىمدەك كۈچلۈك مەسخىرە ۋە ھەييارلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇندىن بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى شاكىر ئاكام توختىنىڭ بىر پارچە گېزىتنى يىتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسى قىزىرىشىپ قالغان. توختىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گېزىتكە قانداقتۇر بىر مۇھىم ھۆججەت بېسىلغانىكەن. ئەينى چاغدا شاكىر ئاكام ئۇنىڭغا: «ھۆججەت بېسىلغان گېزىت بولسا نېمە بوپتۇ، ناھايىتى بىر پارچە گېزىتقۇ» دېگىنىدە، توختى يىغلىغۇدەك بولۇپ: «سىز شۇڭا ئۆسەلمىگەن ئادەمسىز، مۇشۇنداق مۇھىم گېزىتلەرنى ساقلاپ قويۇشنىمۇ بىلمەيسىز، سىزگە چاقچاق بولسا بولىدى» دەپ چېپىلغانىدى. شاكىر ئاكام شۇ چاغدىمۇ بۈگۈنكىدەك: «ھە، شۇنداقمىتى، بىز تېخى بىلمەي يۈرۈپتۇق، ئۆسۈشنىڭ يولىنى مانا بۈگۈن بىلىۋالدۇق» دېگەن ۋە بىر كۈن كەچكىچە خۇددى بۈگۈنكىدەك جىددىي قىياپەتتە يۈرگەنىدى.

توختىنىڭ ئاۋازى غىڭىلدىغاندەك ئارانلا چىقاتتى. خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا ئېگىلىپ يۈرۈشكە يارالغاندەك. يول ماڭسا، سەل دۈمچىيىپ، ھازىرلا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدىغاندەك ماڭاتتى. ئادەمگە يەرنىڭ تېگىدىن سوغۇق قارايدىغان ئورا كۆزلىرى كۆزنىڭ كەينىدە يەنە بىر كۆز باردەك تەسىر بېرەتتى. توختى كەسپكە ئانچە بېرىلمەيتتى، ئەمما ئەتە ـ ئاخشاملىرى خۇشامەتنى ياخشى كۆرىدىغان باشلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ تۇراتتى، كىرگەندىمۇ قۇرۇق كىرمەيتتى. باشلىقلارنىڭ يېشى

بىر يەرگە بېرىپ قالغان، توقلۇق ۋە شوخلۇقتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي يۈرگەن، قۇرۇق غەيۋەت بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان خانىملىرىغا كۆچۈكلىنىپ قولتۇقىدىن چىقمايتتى، ئىش - كۈشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. خوتۇنىنىڭ ئالدىدا شۇ قەدەر بىچارە بولسىمۇ، خوتۇنى يوق يەردە ياش قىز - چوكانلارغا، ھەتتا ئانىسىدەك ئاياللارغىمۇ چاقچاق قىلىپ باقاتتى. كەسپتە تازا روناق تاپالمىغانلىقىغا قارىماي، ئەمەلدار بولۇش تەمەسى ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى. كىچە - كۈندۈز قانداق قىلىپ بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى. خىيالىدا بولۇم باشلىقى، مۇدىرلارنى پالاكەت بېسىپ، بىر كېچىدىلا موللاق ئاتقان، راك بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆزى ئىگىلىگەن ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. رېئاللىقتا ئۇلارنىڭ موللاق ئاتمىغانلىقىنى، راكمۇ بولۇپ قالمىغانلىقىنى، ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىچە كۈنلەپ، ھەپتىلەپ خۇيلىنىپ ئاياللىرىنىمۇ، خىزمەتداشلىرىنىمۇ بىزار قىلاتتى. ئېچىلىپ قالغان چاغلىرىدا بولسا، ئۇنىڭ - بۇنىڭ گەپلىرىگە قوشۇق سېلىپ، گەپ كوچىلاپ باشلىقلارغا توشۇيتتى ياكى ئىشخانىدا قايسىمىز بولمىساق، شۇنىڭ يامان گېپىنى قىلاتتى. توختى ئەنە شۇنداق ياشاپ، 1999 - يىللارغا كەلگەندە غالىبنىڭ ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن جەھەتتە بىرىيەردىن چىقالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بىراق ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى بەك كۆپ ئىدى. باشقا ئىشخانىدىكى ياشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، بىقىنىدىلا خاسىيەت بار ئىدى. خاسىيەتمۇ بوش چوكان ئەمەس، نام - مەنپەئەت ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ كوزىرى ــ ئاياللىقى، چىرايلىقلىقى. كاساپەتنىڭ بىلىنى

www.uyghurkitap.com

تولغاپ، تولغان كاسىسىنى يېنىككىنە چايقاپ مېڭىشلىرى، كۆلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ھەرقانداق ئەر كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئويناتتۇۋېتەلەيدۇ! بىراق ۋاقتى كەلسە، ئايال كىشى دېگەن بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ. بولۇپمۇ بىز خەقنىڭ ئارىسىدا ئايال كىشىنىڭ نامىنى بۇلغاشتىنمۇ ئاسان ئىش يوق. ھېلىغۇ خاسىيەتتەك دەزى بار ئاياللار ئىكەن، تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق ئاياللارنىمۇ بىردەمدە قاپقارا قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ نامى بۇلغانغىنى — تۈگەشكىنى. يېقىندىن بۇيان ئاياللار ئارىسىدا غالىب بىلەن ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە كۇس – كۇس گەپ چىقىپ قالدى. بۇنچىلىك گەپكە غالىبنىڭ مويى تەۋرىمەيدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسىدۇ. ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشىدۇ. خاسىيەتنى بولسا ئاياللارمۇ، ئەرلەرمۇ كەچۈرمەيدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ گەپنى غالىبنىڭ ئايالى ئاڭلىماي قالمايدۇ...

* * *

خۇشامەتچىلىك ھاياتلىققا ئوخشاش قەدىمىي نەرسە. ئۇ، جانلىقلارنىڭ تەبىئىتى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغان، ئۇ ئەڭ ئىپتىدائىي جان بېقىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، ئادەملەرگىلا خاس ئەمەس، شىر – يولۋاسلار ئىچىدىمۇ تاپقان ئولجىلىرىنى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر چەتتە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ تۇرۇپ، ئاشقىنىنى يەيدىغانلىرى ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ھەرخىل قىلىقلار بىلەن ياخشىچاق بولىدىغانلىرى بار. ھايۋانلار ئىچىدە ئىتنىڭ خۇشامەت قىلىش ماھارىتى ھەممىدىن يۇقىرى بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ئىگىسىگە سۈركىلىشلىرى ئىنسانلارنىڭ ئۆز خىلىغا قىلىدىغان

خۇشامىتىدەك كىشىنى يىرگەندۈرمەيدۇ. ئۇ تولىراق بىرخىل ساپ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا، سەۋەبى باللارنىڭ ئەركىلەشلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ ئۇنىڭ ئىگىسىگە بولغان ھەقىقىي ساداقىتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىتنى خۇشامەتچى دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭ خۇشامىتىگە كىشىگە ئېيتقۇسىز تۈرلۈك غەرەزلەر يوشۇرۇنغا بولىدۇ. ئۇنىڭ قىسمەنلىرى زۆرۈرىيەتتىن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرخىل تەمەلەردىن، ئاچ كۆزلۈك، ئەمەلپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك.. تىن بولىدۇ. ئىنسان ئۆز خۇشامەت ئوبيېكتىغا ھېچقاچان ھەقىقىي سادىق بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئورا كولايدۇ، ئۇنىڭدىن ھامان بىر كۈنى يۈز ئۆرۈيدۇ.

جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر خۇشامەتنىڭ پارنىكى، گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. شېكىسپىر: «كىچىككىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنىمۇ بىرھازا ماختىۋېتىپ، ئاندىن ئېمەتتىمىكىن» دەپ تەرىپلىگەن خۇشامەتچىلەر يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەۋجۇتلۇق ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ، بىزنىڭ ئارىمىزغا كۆچۈپ كەلگەن بولسا كېرەك. بىزدە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس تۈرىمۇ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان، زامانغا يارىشا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا يۈزلەنگەن، ۋاستىلىرى زامانىۋى بولغان يېڭى تۈرلىرىمۇ بار.

يېقىندىن بۇيان باشقارمىمىزدىكى ياشلار ئارىسىدا ئەرلەر غالىبىنى، ئاياللار ئۇنىڭ ئايالىنى مەركەز قىلغان رېستوران ئولتۇرۇشى ئەۋج ئالدى. خۇددى قۇياش سىستېمىسىدىكى پىلانېتلار قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلانغىنىدەك، بىز ئۇلارنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىمىز. كۆزىمىز ئۇلاردىن ئۈزۈلمەيدۇ، بارلىق ئوي ـ خىياللىرىمىز، پاراڭ ـ چاقچاقلىرىمىز ئۇلارنى رازى قىلىشقا، خۇشال قىلىشقا بېغىشلانغان. ئەنە شۇنداق ئايلىنىپ نۆۋەت ئەسقەرگە كەلگەندە ئازراق چاتاق چىقتى. ئۇ

ئاخشىمى بىز «تولۇن ئاي»دا ئولتۇرغاندۇق. ئولتۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا خېلىلا قىزىۋالغان غالىب يانفونىدا سۆزلىشىپ بولۇپ، بىر قىز بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى، قايتىپ كەلگەندە يانفونىنى ئاختۇرۇپ ھېچيەردىن تاپالمىدى. گەپنىڭ توغرىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ يانفونىنى قەيەرگە قويغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. ئەسقەر خىجىل بولۇپ، پىر - پىر پىرقىراپ كەتتى، ئەمما غالىب كېرەكتىن چىقاي دەپ قالغان ئەڭ كونا يانفونغا ئانچە قىلىپ كەتمىدى. ئەتىسى كەچتە ئەسقەرنىڭ غالىبنىڭ ئۆيىگە ئايالى بىلەن بىللە كىرىپ، يېپيېڭى، ئېسىل يانفوندىن بىرنى قويۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. قائىدە بويىچە، ئەلۋەتتە، ساھىبخانا تۆلىشى كېرەكتە. بەزىلەر بۇنى ئەسقەرنىڭ ھىيلىسىمىكىن، دېيىشتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىش ھەممىمىزنى ئويغا سېلىپ قويدى. باشقىلارنىڭ قانداق پىلانلارنى سوققانلىقى ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ئايالىم ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ئۆيدىكى بىردىنبىر پەخىرلىنىدىغان نەرسىمىزنى — بىر تامغا لىق كېلىدىغان ئىمپورت گىلەمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلماقچى بولدۇق. لېكىن گىلەمنى ئېلىپ بولۇپ، ئاپپاق كۆرۈنۈپ قالغان تامغا قاراپ، گويا ئۇن نەچچە يىللىق ئۆيۈمنى ئۆز قولۇم بىلەن ۋەيران قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئاچچىق تاماكىدىن بىرنى يۆگەپ چېكىپ ئولتۇرۇپ، قىلىۋاتقىنىمنىڭ نەقەدەر رەزىل، بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم - دە، گىلەمنى جايىغا ئېسىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن رېستورانلارغىمۇ بارماس بولدۇم، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارىم بولمىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئاستىنقى قەۋەتتىن تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار، ناخشا - ساز ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىلگىرى غالىب ئولتۇرغان ئۆيدە ھازىر توختى ئولتۇراتتى. يېرىم كېچىدە

مېھمانلار ئۇزاشقا باشلىغاندا، ئايالىمنىڭ كونا كېسىلى يەنە تۇتۇپ ئۆتكەن قېتىمقىدەك: «توختى كىملەرنى چاقىردىكىن، قاراپ باقاي» دەپ چىقىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن:

— پاھ، پاھ، قايسى كۈنى قورۇدىكى باللارنىڭ توختىنىڭ بالىسىنى: «توختى، كالا پوقىدىن قورقتى» دەپ تېرىكتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە توختىمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەن. ئۇمۇ ساپلا باشلىقلارنى چاقىرىپتۇ. يەنە كېلىپ كىملەرنى قوشۇپ چاقىرىپتۇ دېمەمسىز، قىزلارنى! ھەر قىزلار، ھەر قىزلار... — دەپ سايراپلا كەتتى.

— بولدى قىل، يېرىم كېچىدە تولا سېغىزخاندەك شاراقلاۋەرمە. خەقنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن، سەن بىلەن بىزدىن نوچىكەن، قانداق قىلاتتىڭ، سەن قىلالمىغاندىكىن چىدا، چىدىغانغا چىقارغان، — دېدىم.

— ۋىيىەي، مەن چىدىيالماي قاپتىمەنمۇ، چىدىيالماي قالغۇدەك قانچىلىك ئىشتى ئۇ، — ئايالىم قايناپلا كەتتى، — ئەگەر مەن قىلاي دېسەم بارغۇ، كوچىدىن كەلگەندەك رەپ - رەپ بىر نېمىلەرنى ئەمەس، ئۇرۇمچىنىڭ تىرناقتا توختىغۇدەك قىزلىرىنى ئەكىلەلەيمەن جۇمۇ. بىلىسىزغۇ، بىزنىڭ زاۋۇتتىن شياگاڭ (ئىش ئورنىدىن قالغان) بولۇپ كەتكەن ھەر - ھەر قىز - چوكانلارنى. بىچارىلەرنىڭ قولىدىن ئازراقلا ئىش كېلىدىغان كىشىلەرگە قىلىپ كېتىدىغانلىرىنى كۆرسىڭىز، ئىچىڭىز سىيرىلىپ كېتىدۇ... ئاشۇلارغا «ھايت» دەپلا قويىدىغان بولسام...

— بولدى، بولدى، سېنىڭ بىگىسىڭ بار، ئىشەندىم، ئىشەندىم. لېكىن سەن قىلمايسەندە ئۇنداق ئىشنى.

— ھە، مۇنداق دېمەمسىز. گەپ دەل بىزنىڭ قىلمايدىغانلىقىمىزدا. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقىمۇ شۇ يەردە.

ئايالىمنىڭ گېپىدىن بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتىم:

— توغرا دەيسەن، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى دەل شۇ يەردە. سەنزە بارغانچە ئەقىللىق بولۇپ كېتىپ بارىسەن جۇمۇ...

*　　　*　　　*

بىر كۈنى ئەتىگەندە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، گېزىتنىڭ مۇھىم خەۋەرلەر بېتىگە، باش تەرەپكە بېرىلگەن بىر تەپسىلىي خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم. «تەدبىرلىك يېتەكچى، مۆجىزىكار ئىسلاھاتچى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا غالىبنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان بۇ تەپسىلىي خەۋەرنى توختى يازغانىدى. گېزىتخانىنىڭ مۇھەررىرلىرىمۇ قانداق مۇھەررىرلەركىن، ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك كۆپتۈرمە مەدھىيە، ئاشكارا خۇشامەت يېغىپ تۇرغان سۆزلەرنى شۇ پېتى قويۇپ بېرىپتۇ. گېزىت، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە دېگەنلەر پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنى ماختايدىغان بولۇپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ماقالە ئېلان قىلىنغان كۈنى ياشلار ئىدارە يېنىدىكى يېڭى ئېچىلغان ئاشخانىغا يىغىلىپ، ئۇنى تەبرىكلىدۇق. بىرنەچچىسى ماقالىدىكى سۆزلەرنى گويا بەكمۇ شېرىن بىر نەرسە يەپ ئاغزىنى تامشىۋاتقاندەك، ھەۋەس بىلەن بەس ـ بەستە تەكرارلىشىپ كېتىشتى. يەنە بەزىلەر: غالىب ئاكامنىڭ نەتىجىلىرىنى بىرەر پارچە ماقالە بىلەن تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، دېيىشتى. توختى بىرنەچچە كۈنگىچە كېرىلىپ يۈردى. ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان كونا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، سىپتا تىكىلگەن يېڭى شىم ـ كاستيۇم كىيىپ، رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىش ياشلار ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم داۋالغۇش پەيدا قىلدى. دېمىسىمۇ، مەنسەپ شۇنداق خاسىيەتلىك

نەرسىكى، ئۇ دۆتنى ئەقىللىق، سەتنى چىرايلىق، يارامسىزنى يارامىلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ھەممە ئىشىڭغا ئوڭايلىق، تۇرمۇشۇڭغا ھوزۇر، كۆڭلۈڭگە شادلىق بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم جان تىكىپ ئۇنى قوغلىشىدۇ. ھازىرقى كۈندە كىمدىن كىم كەم؟ ئەخلاق - پەزىلەت، بىلىم - ئىقتىدار دېگەنلەر ئاز - تولا بولسىمۇ ھېسابقا ئېلىنىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى. كەسپىي قابىلىيىتىڭگە، بىلىمىڭگە ئىشەنگەنلەر ئاغزىنى ئېچىپ قېلىۋەرسۇن. كىم تەدبىرلىك بولسا، مەلۇم جەھەتتە باشلىقنى رازى قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتالىسا ئامەت شۇنىڭ.

ئىشخانىلاردا ھەممىلا ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان بىرخىل كەيپىيات دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويغانىدى. كىشىلەرنى نېرۋىسى جىددىيلىشىپ، خۇددى ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ تارتىلغان دارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

مۇشۇنداق پەيتتە، تاغقا ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى. يېشىل تاغلارغا، ئورمانلارغا، تەبىئەتنىڭ قۇچىقىغا قايتىش ئىس - تۈتەك باسقان شەھەرنى، تۈگىمەس تىرىكچىلىك غېمى، رىقابەت، ھىيلە - مىكىر، رەزىللىكلەرگە تولغان ئىشخانىنى بىر پەسكە بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، ساڭا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى، ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىنى، كەڭلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. روھىڭنى پاكلاپ، قېنىڭنى ئۇرغۇتۇپ، قەلبىڭدە ئادەمگە خاس گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ. بۇنداق پەيتلەردە روھىڭ ۋە تېنىڭ ھەقىقىي ئارام ئالىدۇ، تاشتەك قاتتىق ئۇخلايسەن، يېگەن - ئىچكىنىڭ تېنىڭگە سىڭىدۇ. ئىككى كۈندە پۈتۈن بىر يىللىق ھاردۇقۇڭ چىقىدۇ.

بۇ قېتىم شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز تاغلار ئارىسىدا يېڭىدىن ئېچىلغان بىر ساياھەت رايونىغا چىقىدىغان بولدۇق. ئاپتوبۇسىمىز تۇزلەڭ يولدا بىرەر سائەتتىن ئوشۇقراق مېڭىپ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. دۇمبەل، تۆپىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان پاكار تاغلار بارا ـ بارا ئېگىزلەپ، تىكلەشتى. ئاپتوبۇس ئىچى خىرە، خىيالىي تۇس ئېلىپ، بىز ھازىرلا تاشلاپ كەلگەن ۋاڭ ـ چۇڭلۇق شەھەر ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە گويا قاچانلاردىدۇر كۆرگەن چۈشكە ئوخشاپ قالدى. يول قاتمۇ قات تىك تاغلار ئارىسىدا تېخىمۇ ئېگىزگە قاراپ، ئەگرى ـ بۈگرى سوزۇلغاندى. يول بەزىدە زىچ تاغلار ئارىسىدا يوق بولۇپ كەتكەندەك ئاپتوبۇس بىرپىلا ئۇسىدىغاندەك تۇيۇلسا، تۇرۇپلا يىراقتىكى قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىن تاغنىڭ بېلىگە چىگىلگەن بەلباغدەك لەپپىدە كۆزگە تاشلىناتتى. بەزىدە تاغلار خۇددى چۆچەكلەردىكى توختىماي بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ تۇرىدىغان، سۇمۇرغنىڭ پەيلىرىنى ئېلىپ قالغان تاغلاردەك باش ئۇستىمىزگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك، ھېلىلا بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ ئاپتوبۇسنى مىجىپ تاشلايدىغاندەك بىلىنسە، بەزىدە ئاستا يىراقلاپ نېرىدا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ بىر تەرىپىدە قۇرقۇنچلۇق چوڭقۇر جىرالار، جىرانىڭ تېگىدە بۇژغۇن چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار كۆزگە تاشلىناتتى. بۇنداق چاغدا ئەتراپ خىيالىي تۈسكە كىرىپ، كىشى ئۆزىنى ئالدىغاندىن سىرلىق، مەڭگۈ يېتىپ بارغىلى بولمايدىغان مۆجىزىلىك دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا بولسا، شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەندەك قىيالماسلىق ئىچىدە قالاتتى.

ساياھەت ئورنى ئۈچ تەرىپى قارىغايلىق تاغلار بىلەن ئورالغان، بىر تەرىپىدە دولقۇنلۇق دەريا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان ياپپېشىل ئويمانلىقتا ئىدى. بىر نەچچە يىگىت كېلە ـ

كەلمەي تاغقا يامىشىشقا باشلىدى. يەنە بىر قىسىممىز قىزلار بىلەن دەريا بويىدىكى توقايلىقنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ تۇرساق، ئىدارە باشلىقى بىلەن خانىمى چۈشكەن پىكاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار پىكاپتا غالىبنىڭ ئىككى بالىسىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئىككى بالا چوڭلار بىلەن بىرلىكتە چىملىقتا سېلىنغان ئەدىيال ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى خالىماي، دەريا تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئوماق ئىدى. ھەر قېتىم ئۇلارنى كۆرسەم، تازا بوي تارتالمايۋاتقان ئوغلۇم بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھەسەتخورلۇقۇم تۇتاتتى. ئون ياشلاردىكى، دادىسىغا ئوخشاش ئاقسېرىق، پۇتلىرى ئۇزۇن، يېشىغا قارىغاندا خېلىلا ئېگىز كەلگەن قىز قىسقا سېرىق يوپكا، توق قىزىل ئۆرە ياقىلىق مايكا، ئاق شىلەپە، پۇتىغا ئالىبالداق ئۇزۇن پايپاق كىيىۋالغانىدى. سەككىز ياشلاردىكى ئوغۇل ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق بىر يۈرۈش پادىچىلار كىيىمى، پۇتىغا چەت ئەلنىڭ ساياھەت ئايىغىنى كىيگەن، ھەر ئىككىسى دۈمبىسىگە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ سومكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىردىن كىچىك سومكا ئېسىۋالغانىدى. ئۇلارغا ھەممەيلەننىڭ مەستلىكى كەلدى. خاسىيەت بالىلارنى قۇچاقلاپ، مەڭىزلىرىگە سۆيۈپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سىلاپ كەتتى:

ــ پاھ، سىلەر نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇددى مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ ئۆزى. بۇنچە چىرايلىق كىيىملەرنى داداڭلار ئېلىپ بەردىمۇ، ئاپاڭلارمۇ؟

قالغانلار بالىلارنىڭ دۈمبىسىدىكى سومكىلىرىنى ئېچىپ، قىزنىڭ سومكىسىدىكى كىچىك فوتو ئاپپاراتى بىلەن ئوغۇلنىڭ سومكىسىدىكى دۇربۇننى سىناپ كۆرۈشتى.

دەريا بويىدا چىرايلىق بىر راۋاق بار ئىدى. بالىلار يۈگۈرۈشۈپ راۋاققا چىقتى. راۋاقنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قويۇق ئوت ـ چۆپ قاپلىغان، ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن يانباغىر

بۇككىدە قارىغايلىق تاغقا تۇتىشاتتى... قامچا گۈلدەك ئۇزۇن، سۆسۈن ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈل باللارنى جەلپ قىلىۋالدى. باللار گۈل تېرىشكە باشلىۋىدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا بەس ـ بەستە گۈل ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى گۈلگە كۆمۈۋەتتۇق. باللار گۈل تېرىشتىن بىردىنلا زېرىكىپ قالدى. ئوغۇل بالا كېپىنەك قوغلاشقا باشلىدى. قوغلاپ يۈرۈپ باشقىلاردىن سەل يىراقلاپ كەتتى ۋە تۇيۇقسىز:

— توشقان، توشقان! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا قىيا تۈۋىدىن ئۇزۇن قۇلاق، سۇر رەڭلىك بىر جۈپ توشقان «پارت» قىلىپلا قاچتى. بالا ئىنچىكە بويىنىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى جايىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ تاكى دادىسى كېلىپ قولىدىن تارتقىچە شۇ پېتى تۇردى.

— دادا، ئاۋۇ يەردە توشقان بار ئىكەن، تۇتۇپ بېرىڭە.

— توشقان دېگەن بەك تېز يۈگۈرەيدۇ، تۇتماق تەس. مەن ساڭا ئۆيگە قايتقاندا بازاردىن ئاق توشقان ئېلىپ بېرەي. جۇر، تاماق يەيمىز.

— ياق، مەن مۇشۇنى ئالىمەن. تۇتۇپ بېرىڭە، تۇتۇپ بېرىڭە...

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ياشلار بالىغا بولۇشتى:

— بولدى، بولدى، غالىب ئاكا، بىزگە قويۇپ بېرىڭ. بىز دېگەن توشقان قوغلاپ چوڭ بولغان يىگىتلەر تۇرساق.

— بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، غالىب ئاكا، سىز ئۈچۈن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز دەڭا.

— باللىرىڭىز ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ساياھەتنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن.

ياشلار چاپانلىرىنى سېلىپ، ئاياغلىرىنىڭ بۇغقۇچلىرىنى



www.uyghurkitap.com

چىڭىتىپ، توشقان قوغلاشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كېتىۋىدى، پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى يادىمغا كېلىپ كەيپىم راسا ئۇچتى. ئالدىنقى يىلى قىشتا مەستلىكتە بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن دوملاپ كېتىپ، ئوشۇقۇمنى زەخىملەندۈرۈۋالغانىدىم. شۇندىن تارتىپ قار - يامغۇر ياغقان كۈنلەر ياكى قاتتىقراق ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىمدا زەخىملەنگەن يەر ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بولمىسىزە، توشقان قوغلاشقا قانچىلىك پەمىمنىڭ بارلىقىنى بۈگۈن بىر كۆرسىتىپ قوييدىكەنمەن.

ئالىم، ئەسقەر، توختىلار قالغانلارنى باشلاپ، تاغ ئېتىكىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يانباغىرنىڭ خىلۋەترەك يېرىگە يۈرۈپ كېتىشتى. غالىبمۇ ئەگىشىپ تۇرۇۋالغان بالىلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئۇلار كەتكەن تەرەپتىن خېلىغىچە ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشلار، «تۇت»، «چاققان بول» دەپ ۋارقىراشلار، غالىبنىڭ بۇيرۇقلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئوۋچىلار خۇرام - خۇشال قايتىپ كېلىشتى. بىر توپ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاپانغا يۆگەلگەن توشقاننى قورقۇمسىراپ كۆتۈرۈۋالغان ئوغۇل بالا كېلىۋاتاتتى. ئالىم، ئەسقەر، قەيسەرلەر بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي، توشقاننى قانداق قوغلىغانلىقى، ئالدىنى قانداق توسقانلىقى، ئالىمنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشۈپ، چاپان بىلەن قانداق ئوراپ تۇتۇۋالغانلىقىنى تەكرار سۆزلىشەتتى. توختى بولسا، زەئىپ ئاۋازدا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشكە ئۇرۇنۇپ، ھاياجاندىن دۇدۇقلاپ:

— غالىب ئاكا... غالىب ئاكام بەك جايىدا قوماندانلىق قىلدى، خۇددى توشقاننىڭ نەگە قاچىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك... - دەپ توختىماي تەكرارلايتتى.

تاماقتىن كېيىن بىر نەچچىمىز دەريا بويىدىن سۆگەت شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ كېلىپ قەپەس توقۇدۇق. ئۇزۇق قۇلاق

قەپەسكە سولاندى. ئىككى بالا كەچكىچە توشقان بىلەن بولدى.

مەن ئايالار بىلەن بىرلىكتە پاكارراق تاغلارغا چىقتىم. شۇنداقتىمۇ ھارغىنىمدىن ۋە پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىدىن بالدۇرلا يېتىپ، تاشتەك ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

* * *

ئەتىگەندە ئويغىنىپلا بىنا ئالدىدىكى رەڭدار تاش ياتقۇزۇلغان ئارا ـ ئارىسىدىن ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈپ چىققان يول بىلەن دەريا بويىغا ماڭدىم.سەھەردە ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى يۇيۇپ ياشارتىۋەتكەنىدى. ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالغان قارا يەر تېخى نەم ئىدى. دەرەخلىكتە قۇشلار ۋىچىرلاپ سايراشماقتا. سەھەرنىڭ نەمخۇش، سوغۇق ھاۋاسى بەدەننى سەل قورۇپ تۇرسىمۇ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بۇ، شەھەردە زادىلا تېپىلمايدىغان، پاكىز زېمىنىنىڭ، تاغنىڭ، دەريانىڭ، يېشىللىقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ھاۋا ئىدى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تاغ ئارقىسىدىن قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى چېچىلىشقا باشلىغانىدى.

دەريا بويىدا كەڭ ئېتەكلىك ئاق تور كۆڭلەك كىيگەن، قوڭۇر چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرغان بىر قىز خۇددى ھازىرلا سۇ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن سۇ پەرىسىدەك خىيال بىلەن ئاياغ تەرەپكە قاراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا، قويۇق دەرەخلىك ئىچىدە بىر يىگىت قىز تەرەپكە پات ـ پات قاراپ قويۇپ، دەرەخكە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇزايىدىن ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولسىمۇ پېتىنالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، يۇۋاش، ئاق كۆڭۈل يىگىت كامىل ئىدى.

— لالە، ھەي لالە، توختاڭ، ماۋۇ يامغۇرلۇق چاپىنىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، زۇكامداپ قالماڭ يەنە!

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

ئالىم يېنىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ، دەريا تەرەپكە چۈشتى. مەن بۇرۇلۇپ دەريانىڭ باش تەرىپىگە كەتتىم. يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ، نەگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك توختىماي ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ، گويا ئاشۇ سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق چاغلىرىمنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇلاق كۆزلۈك قىزنى، ئۇنى دەپ چەككەن ئازابلىرىمنى ئەسلىدىم. قىزلار ھامان ئۆزىنى ئەڭ پاك مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلەرنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، پەقەت ئۇلار ياۋاش بولغانلىقى ئۈچۈنلا. مەن شۇ تاپتا كاملىنىڭ دادىلىراق بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر مۇستەقىل ئوي - پىكىرلىك، سەممىي يىگىت ئىكەنلىكىنى، مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى قىزغا چۈشەندۈرەلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

چۈشتە داستىخاننى دەريا بويىغا سالدۇق. يەپ - ئىچىپ بولۇپ، قىز - يىگىتلەر تانسىغا چۈشتى. ئىدارە باشلىقىنىڭ يېشىغا باققاندا ھۆسنى ۋە خۇلقىنى يوقاتمىغان خانىمى بەسخور يىگىتلەر بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تانسا ئويناپ چىملىقتىن ئوت چىقىرىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتە ئىدارە باشلىقى بىلەن غالىبنى چۆرىدەپ ئىچىشۋازلىق داۋام قىلماقتا ئىدى. تۇتۇلغان ھاراقلارنى ئىچىۋېتىپ خېلىلا قىزىۋالغان غالىب ئىدارە باشلىقىغا يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات پىلانلىرى توغرىلىق نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. باشلىق ئۇنى ھەدەپ ماختايتتى، دۈمبىسىگە شاپىلاقلايتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنى چۆكۈرۈپ، ئۆزىنى ماختايدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلىشاتتى. قالغانلىرىمىز ئۇلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گېپىگە كەلسە - كەلمەس ۋارقىرىشىپ، دوست تارتىپ كۈلۈشەتتۇق.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاربىلىقتا تەرتىپىم قىستاپ ھاجەتخانىغا كىرىۋاتسام، غالىب ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ، مورەمگە قولىنى سالدى، تومشۇقىنى قۇلىقىمغا سوركەپ:

— قاراپ تۇر، ئۇزاقتا بارماي ئاۋۇ قېرى ئەبلەخنى يىقىتىپ، ئورنىغا ئۆزۈم چىقىمەن. شۇ چاغدا بارغۇ... شۇ چاغدا كۆرسەن، بايا قىلغان گەپلىرىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلمىسام، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي. سەن مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، مۇشۇ گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا:

— سەن مەست بولۇپ قاپسەن، ئەمدى ئىچمىسەڭ بولاتتى. سەنمۇ مېنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قوي، — دېدىم.

ئۇ، قىزارغان، ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:

— بۇ دېگىنىڭمۇ راست. مەن دېگەن تېخى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى ئايىمىسام بولمايدۇ. مەن ئەمدى ئىچمەيمەن، سەن ماڭا ئاۋۇ... ھېلىقى... خاسىيەتنى چاقىرىپ بەر، مېنى ياتاقتا ساقلاپ قالدى، دەپ قوي، — دېدى.

بىردىنلا غەزىپىم ئۆرلەپ: «يوقال كۆزۈمدىن! مەن قىلمىغان مۇشۇ ئىپلاسلىق قاپتىمۇ، يا مېنى توختى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ» دېمەكچى بولدۇم، ئەمما نېمىشقىدۇر زۇۋان سۈرمىدىم. قايتىپ كىرىۋېتىپ، كۆز ئالدىمغا خاسىيەتنىڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپلا تۇرىدىغان، خاسىيەت نېمە دېسە، شۇنىڭغا ئىشىنىپلا قالىدىغان تۈز كۆڭۈل ئېرى كېلىۋالدى. پوچتىخانىنىڭ يېشىل رەڭلىك فورمىسىنى كىيىپ، ئالدىراشلا يۈرىدىغان بۇ يىگىت غالىبنى ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى، بىرەرسى غالىبنىڭ يامان گېپىنى قىلسا،دەرھال ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ كېتەتتى. تۈرۈپلا: نېمانچە قىلىمەن، گەپ ئايال بولغۇچىدىغۇ، قېنى، خاسىيەت نېمە دەيدىكىن، كۆرۈپ باقمايمۇ، دېگەن ئوي كېلىپ

قالدى ـ دە، بىرىپلا خاسىيەتنى تانىسىغا تارتتىم. تانسا ئويناۋېتىپ:
— غالىب سىزنى ئىزدەپ ياتاق تەرەپكە كېتىپ قالدى، — دېدىم.
خاسىيەتنىڭ چىرايى شۇ هامان ئۆزگىرىپ، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، ئالىقىنىمدا تۇرغان قولىنى تارتىۋېلىپ:
— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن بېرىپ باقاي جۇمۇ، — دەپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇ قەدەر چاققان، كەسكىن ئىدى، تۇرقىدىن ھاياجان ئارىلاش تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى.
ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. نېمىشقا دېدىم شۇ گەپنى، مەن زادى قانداق ئادەم؟ دېگەن سوئال يۈرىكىمنى تاتىلايتتى. ئۇنىئالغۇدىن «كۆك دوناي دەرياسى» ياڭراۋاتاتتى. ئەتراپتا رەڭگارەڭ كېيىنگەن كىشىلەر ئويناپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. ئالىم سۇ پەرىسى بىلەن پىرقىراپ ۋالىس ئويناۋاتاتتى. ئۇلارغا قارىساڭ، جون ستىرائۇس بۇ مۇزىكىنى خۇددى مۇشۇ بىر جۈپ ياش ئۈچۈن ئىجاد قىلغانمىكىن، دەپ قالىسەن. سەل نېرىدا ئەسقەر ئىدارە باشلىقى بىلەن خانىمىنى، غالىبنىڭ بالىلىرىنى ھەرخىل كۆرۈنۈشتە سۈرەتكە تارتىۋاتىدۇ. ئارىلاپ ئۇلارغا باشقىلارمۇ قېتىلىۋالاتتى. بالىلارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئوغلۇمنى سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك مەنىسىز بىلىندى. شۇ تەرىقىدە نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرسام، تۇنۇگۇن ماشىنىدىن چۈشكەندىن تارتىپ ئوچاق بېشىدىن ئايرىلمىغان شاكىر ئاكام بەش ـ ئالتە زىخ كاۋاپ بىلەن يېرىم بوتۇلكا ھاراق كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ خۇددى نىجاتچىمنى كۆرگەندەك خۇشال بولدۇم. ئىككىمىزلا راۋاق تەرەپكە كەتتۇق. ئەتراپتىكى ياپيېشىل تاغلارغا، دەل ـ دەرەخلەرگە، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئىككى رومكىدىن

قېقىۋەتتۇق. ئۇچىنچى قېتىمدا:

— ئەمدى ئىچمەيلى، يول يامانكەن، شەھەرگە ساقراق كېتىۋالايلى، — دېسەم، شاكىر ئاكام:

— قويۇڭە شۇ شەھەرنى، — دەپ كىمنىڭدۇر شېئىرىنى يادلاشقا باشلىدى:

*— تەلۋە، مىسكىن بۇ گۈزەل شەھەر،*
*تەبىئەتتىن يىراق بىر جايدا،*
*بىر بوۋاينىڭ تەمكىن چۈشىدە:*
*تاش يۈز، تاش قول ھەم تاش يۈرەكلىك،*
*تاش كۆزىدە شېغىل يىغلىغان،*
*نادانلىقنىڭ قاتلاملىرىدا ـ*
*ئۇخلاپ يېتىپ تاشقا ئايلانغان*
*تاش بەدەنلىك، تاش ھېسسىياتلىق ـ*
*دېمەككى تاش ئادەملەر تولغان ـ*
*تاش شەھەرگە كەتتى ئايلىنىپ.*

ئۇنتۇلغۇسىز ئىككى كۈن ئاخىرلىشىپ، شەھەرگە قايتىدىغان چاغمۇ بولۇپ قالدى. ئىدارە باشلىقى بىلەن ئايالى چارچاپ كەتكەنلىكتىن، پىكاپ بىلەن خېلى بۇرۇنلا يولغا چىقىپ كەتكەنىدى. قالغانلار نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاپتوبۇستىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدۇق. غالىبنىڭ بالىلىرى توشقان سېلىنغان قەپەسنى كۆتۈرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا ئالدىنقى رەتكە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەسقەر بىلەن توختى، يان تەرىپىدە ئالىم بىلەن خاسىيەت ئولتۇردى. غالىب شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئىدى. توختى ئوچاق بېشىدىن ئېلىۋالغان سەۋزە بىلەن قەلەمتىرىچنى چىقىرىپ، بالىلارغا توشقانغا سەۋزىنى قانداق

توغراپ بىرىشنى ئۆگەتكىلى تۇردى.

ئاپتوبۇس قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا ئارقىدىكىلەر ناخشا باشلىدۇق. شاكىر ئاكامنىڭ ناخشىغا كەلگەندە خېلى پەيزى بار ئىدى. ئۇ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتىۋەردى. قالغانلىرىمىز چالا مەستچىلىكتە ئەگىشىپ، كەلسە - كەلمەس توۋلاۋەردۇق. ئاپتوبۇس ئەگرى - بۈگرى يوللاردىن ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، تىك تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. يولمۇ تىكلەشتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى بىردە قاراڭغۇلىشىپ، تۇيۇقسىز يەنە يورۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا تاغ قاپتاللىرىدا، ئاپتوبۇستىن خېلى پەستە لەيلەپ يۈرگەن يۇپقا بۇلۇتلار كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ مەنزىرە ئىختىيارسىز كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، يۈرەكنى دۈپۈلدىتەتتى، كەيپچىلىكنىمۇ تارقىتىۋېتەتتى.

غالىب يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرىنىڭ «خەير - خوش دوستلار» دېگەن ناخشىسىغا ئىسقىرتىشقا باشلىۋېدى، ئالدىنقى قاتاردىكىلەر دەرھال ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بۇنى كۆرۈپ ئارقىدىكىلەر ئاۋازىمىزنى تېخىمۇ قويۇپ بەردۇق. ئاپتوبۇس ئىچىنى ناخشا، ئىسقىرتىش ئاۋازى ۋە خۇشال كۈلكە سادالىرى قاپلىدى.

ھەممىمىز ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، شوپۇرنىڭ جىددىيلىشىپ ئارقىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، ئاپتوبۇس سۈرئىتىنىڭ بىردىنلا ئىتتىكلەپ كەتكەنلىكىنى سەزمەپتۇق. تىزگىنىدىن ئايرىلغان تۇلپاردەك چاپچىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس خەتەرلىك ئەگىمدىن ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەتتە چىرقىراپ بۇرۇلغىنىدا ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزدىن ئۇچۇپ چۈشتۇق.

— نېمە ئىش، نېمە بولدى؟ - غالىب تەستە ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ شوپۇردىن سورىدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— تورمۇز ئىشلىمەيۋاتىدۇ! — دېدى چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن شوپۇر.

ھەممەيلەن بىردىنلا جىددىيلىشىپ، ۋارقىرىشىپ كەتتى، بالىلار يىغلاشقا باشلىدى. ئاپتوبۇس تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ ئوقتەك ئۇچتى، ئالدى تەرەپ چوڭقۇر جىلغا ئىدى! شوپۇر چەبدەسلىك بىلەن رولنى ئوڭغا بۇرىدى. جىلغا لېۋىدىن قايتقان ئاپتوبۇس سىلكىنىپ، چاپچىپ تىك تاغقا قاراپ چاپتى. كىمدۇر بىرىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىشى كىشىلەرنىڭ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزىۋەتتى. ئاپتوبۇس قاتتىق بۇرۇلۇپ تاغنىڭ سىپسىلىق قارا تاشلىرىغا سۈركىلىپ ئۆتتى.

ئاپتوبۇس ئەگرى - بۈگرى، گاھ ئېگىزگە ئۆرلەپ، گاھ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتكەن يولدا قۇترىغان يىرتقۇچتەك ھۆۋلاپ، ھەريان چاپاتتى. شوپۇر ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، رولنى ئارانلا باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر ئالدى تەرەپتىن بىرەر ماشىنا تېز كېلىپ قالغۇدەك بولسا ياكى شوپۇر كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا... ئۇ ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى دېگەندىمۇ، بىر نەچچە سائەتلىك تاغ يولىدا قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەر؟ بالا - قازا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مۇشۇنداق تېز ھەم تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەنمىدۇ؟!

كىشىلەر تەلۋىلەشكەن ئاپتوبۇس ئىچىدە ھەريان تاسقىلىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيت يېتىپ كەلگىچە جېنىنى ئېلىپ قاچقىدەك بىرەر ئىمكانىيەت ئىزدىشەتتى. بەزىلەر ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سەكرىمەكچى بولۇشۇۋاتاتتى. لېكىن بۇمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىدى. غالىب ئۆزىگە مەھكەم يېپىشىپ يىغلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ قالغانىدى، پات -

پاتلا ئەتراپىدىكىلەرگە نىمىنىدۇر كۇتۇۋاتقاندەك قاراپ ـ قاراپ قوياتتى، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. توختى بىر بۇلۇڭغا تىقىلغان بولۇپ، ئورۇندۇق يۆلەنچۇكىگە ئېسىلغان قوللىرى لاغىلداپ تىترەيتتى. خاسىيەت دېرىزىگە قاراپ: «ۋاي ئىسسىت باللىرىم...» دەپ يىغلايتتى. ئالىم، ئەسقەرلەرمۇ ئۆز جانلىرىنىڭ قايغۇسىدا قىلىشقانىدى. ئاپتوبۇس ئۇياققا بىر، بۇياققا بىر چايقىلىپ، لىق بىر ئاپتوبۇس ئادەمنى گويا دوزاخنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىۋەتمىسە كۆڭلى تىنمايدىغاندەك تېنىمسىز ئالغا ئېتىلماقتا، شوپۇر ئاخىرقى كۈچىنى ۋە غەيرىتىنى ئىشقا سالماقتا. قاچانلاردىدۇر شاكىر ئاكام شوپۇرنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شوپۇرلۇقتىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بوم ـ بوم چىقىدىغان ئاۋازى كىشىگە ئىشەنچ بېغىشلايتتى.

ئارقىدىكى بىر نەچچەيلەن دېرىزىدىن سەكرىدى، قالغانلارمۇ قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ دېرىزىگە ئۇلاشتى.

مېنىڭ پۇتۇم سەكرەشكە يارىمايدۇ. بەلكىم جىلغىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلگىنىمدىن ئاپتوبۇس بىلەن بىللە پاچاقلىنىپ كەتكىنىم ياخشىراقتۇ. ھەممە ئادەم شۇنداقمۇ ـ ئەمەسمۇ، بىلمىدىم، لېكىن شۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئۆلۈمگە قاراپ چېنىنىڭ بارىچە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئىچىدە ئىختىيارسىز ھاياتىمدا ئۆتكۈزگە گۇناھلىرىمنى ئەسلىدىم. بېقىپ قاتارغا قوشۇپ قويغان تاغامنى يوقلاپ تۇرالمىغانلىقىمنى، باشلىق ئاكام بار، دەپ يالغان سۆزلەپ ئىدارىدىكىلەرنى ئالداپ يۈرگىنىمنى، ھەتتا خوتۇنۇمنى قويۇۋەتمەكچىمۇ بولغانلىقىمنى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولىمەن، دەپ سۆزلىمەس بولۇۋېلىپ، شاكىر ئاكامنىڭ دىلىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

رەنجىتكەنلىرىمنى، تېخى بۈگۈنلا خاسىيەتنى جىنايەت يولىغا باشلىغانلىقىمنى...

بەلكىم بۇ، ئالەمنىڭ ئىگىسىنىڭ ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاشلارغا بەرگەن ھەققانىي جازاسىدۇ، ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلگەن نومۇس، ۋىجدانىمىزنى ئاخىرقى مىنۇتلاردا بولسىمۇ ئويغاتماقچى بولغاندۇ...

كىشىلەر جانلىرىنى ئالىقانغا ئېلىپ تەلۋىلەشكەن ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كەينى - كەينىدىن سەكرىمەكتە. ئالىمۇ دېرىزىگە ياماشتى. دىرىزدە گىرۋىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان لالەگە بىر قاراپ قويدى - دە، بېشىنى بۇراپ كۆزىنى يۇمغىنىچە چۈشۈپ كەتتى.

خاسىيەت ئۆزىگە ئېسىلىپ تۇرغان كىچىك قىزىنىڭ قولىنى سىلكىپ ئاجرىتىپ دېرىزىگە چىقتى. پۇتلىرىنى يىغىپ، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى...

لالەنىڭ يېنىغا جىمغۇر يىگىت كامىل كېلىپ ئولتۇردى. لالە گويا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمدىن خەۋەرسىزدەك خاتىرجەملىك بىلەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى، يىگىت ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

باللار يىغلاشماقتا، غالىب تېخىچە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئولتۇراتتى، قانسىز بارماقلىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. بىر چاغدا ئۇ ئوغلىنىڭ قولىدىكى قەپەسنى كۆرۈپ قېلىپ، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا چاڭ سالدى:

— تاشلا بۇنى! ئىككىڭ ئاز كېلىپ قاپسەنمۇ ماڭا، ھە؟

بالا قەپەسنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ كىچىك بارماقلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەندەك ئىدى. شۇ پەيتتە ئاپتوبۇس تېز بۇرۇلۇشتىن قاتتىق سىلكىندى. كىشىلەر يەنە بىر قېتىم ئۆرتۆپە بولۇشتى. بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان

توختى كىملەرنىڭدۇر ئۈستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ دېرىزىگە ئېسىلدى. غالىب بىردىنلا ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ، بوغۇق ئاۋازدا يالۋۇردى:

— توختى، توختاپ تۇرغىنا، ماۋۇ باللارنىڭ بىرسىنى...

— ئۆتۈپ بارە ۋاي ئاداش، باللىرىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بولمامسەن! — توختى غالىبنىڭ قوللىرىنى سىلكىۋەتتى.

غالىب دەھشەتلىك بوراندا قالغان قولۋاقتەك چايقىلىۋاتقان ئاپتوبۇستا دەلدەڭشىپ تۇراتتى، پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان باللىرىغا قاراپمۇ قويماي، گويا قانداقتۇر بىر سادالارغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ھەممىلا يېرى تىترەيتتى، غىچىلدايتتى، جالاقشىيتتى، توپا توزۇتاتتى. گويا ھازىر ئۇگە - ئۇگىسىدىن ئاجراپ، پاچاق - پاچاق بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. دېرىزىدىن يولنىڭ بىر چېتىدىكى قويۇق يېشىل ئوت - چۆپ ئۆسكەن يانتۇلۇق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

غالىب بىردىنلا باللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، تىترەپ تۇرۇپ دېرىزىگە ياماشتى. قىزى يەنە ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يالۋۇردى:

— جېنىم دادا، سەن بولمىساڭ، بىز قورقىمىز، بىزنى تاشلاپ كەتمە، دادا...

غالىب قىزىنى كۆچەپ تەپتى. قىز ئۇڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئوغۇل ئاچىسىغا قاراپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆز يېشى ئۇنىڭ كىرلەشكەن يۇمىلاق يۈزىدە روشەن سىزىقچىلارنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى.

غالىب سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

مەن دەلدەڭشىپ بېرىپ، قىزچاقنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئالدىم، قولۇمغا قويۇق، ئىسسىق قان ئۇرۇلدى. ھېلىمۇ يارا ئېغىزى چوڭ ئەمەس ئىدى. ئوغۇل يېنىمغا كېلىپ ماڭا ئېسىلدى. بىر قولىدا قەپەسنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. ئىلگىرى

بۇ بالىلارنىڭ ئېگىز بويى، قىزنىڭ قويۇق، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ئوغۇلنىڭ قاپقارا چاچلىق يۇملاق بېشى ھەسەتخورلۇقۇمنى قوزغايتتى. ئۇلارنى كۆرسەملا ئۆز ئوغلۇمنىڭ ئادەتتىكىدەك، كۆرۈمسىز بالا بولۇپ قالغانلىقىغا ئىچىم ئېچىشاتتى. شۇ تاپتا، ۋاقىتسىز يېقىنلاپ كېلىۋاتقان رەھىمسىز ئۆلۈم ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۇمران بەدەنلىرىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارغا بولغان ھېسسىياتىمنىڭ ئوغلۇمغا بولغان ھېسسىياتىم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قەلبىم ئېلىپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى...

تۇيۇقسىز شاكىر ئاكام بىلەن شوپۇرنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىنى، كامىل بىلەن لالەنىڭ جانلىنىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بالىلارنىڭ ئالا - پاساق چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولغانىدى. بۇ، نېمە ئىش؟ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى چۈشۈمدە ياكى يىراق جايدا ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىمەن. ئەتراپ بىردىنلا ئاجايىپ جىمجىتلىققا چۆمگەندەك، يەر شارى ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك تۇردى. ياق، ئاپتوبۇس ئاستا، سىلىق كېتىۋاتىدۇ. ئەنە ئۇ توختىدى. شۇ چاغدىلا كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ۋۇجۇدۇم تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىققا، بەختىيارلىققا چۆمۈلدى. قارىسام، شاكىر ئاكام بىلەن شوپۇر قۇچاقلىشىۋېتىپتۇ. لالە بىلەن كامىلمۇ قۇچاقلاشتى، بىزمۇ قۇچاقلاشتۇق. ھەممىمىز بىر بولۇپ قۇچاقلاشتۇق، يىغا ئارىلاش كۈلۈشتۇق. بۇ ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەملەرنىڭ شادلىقى ھەم بەختىيارلىقى ئىدى.

شوپۇر ئاپتوبۇسنى كەينىگە ياندۇردى. ئاپتوبۇستىن سەكرىگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى يارىلانغان بولسىمۇ، مەسىلە چوڭ ئەمەس ئىدى. پەقەتلا غالىبنىڭ يارىسى ئېغىردەك قىلاتتى. يول

بويى توختىماي ئېگىراپ چىقتى، تېنىنىڭ ئاغرىقىمۇ ياكى قەلبىنىڭ ئاغرىقىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. چۈنكى بالىلىرى ئۇنى كۆرگەندە ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارمىدى، بەلكى قورقۇپ مېنىڭ كەينىمگە ئۆتۈۋالدى. يەنە بىرى، ئۇلار قەپەسنى ئېچىپ توشقاننى قويۇۋەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن غالىب مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، تەشكىلنىڭ مېنى ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن تەشكىلگە رەھمەت ئېيتىپ، قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. سەۋەبىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمىدىم. ئىشقىلىپ، مەن ئۇچۇن ئۆتكەنكىدەك گەپ قىلمايدىغان بولۇۋېلىش ناھايىتى ئېغىر ئىش. مەن شاكىر ئاكامغا ئوخشاش كۆڭلۈمگە كەلگەننى دەپ، خالىسام چاقچاق قىلىپ، خالىسام، ئانچە ـ مۇنچە ئېچىپ قويۇپ، خالىغاندا كىشىلەر بىلەن شاھمات ئويناپ، ئەركىن ـ ئازادە ياشاشنى خالايمەن. شۇنداق، مەن ئېيتىپ بېرەلمىگەن سەۋەب مانا مۇشۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى توختى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قورۇدىكى كىچىك بالىلار ئۇنىڭ بالىسىنى: «توختى، كالا پوقىدىن قورقتى» دەپ تېرىكتۈرمەيدىغان بولدى.

# مەختۇمسۇلا

بوۋاي ئوۋدىن قايتىپ، ئىرغاي كۆتىكى يېنىپ كۆيۈۋاتقان ئوچاق يېنىغا سېلىنغان يىلپىز تېرىسى ئۈستىگە يىقىلغاندىن بېرى ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ئۇنىڭ ئاي يۈزلۈك قىزى، كۆڭۈل ئارامى مەختۇمسۇلا قايىنتىپ بەرگەن قارىئۆرۈك شورپىسىمۇ، نەۋقىران ئوغلى، قايرىلماس قانىتى چىن تۆمۈر تاغ ئارقىسىدىن باشلاپ كەلگەن قېرى داخانىنىڭ كۆرسەتكەن كاراماتلىرىمۇ، قارا ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە ئېلىپ تەرلىتىشلەرمۇ كار قىلمىدى. ئىككى كۈن بولدى، ئۇ زۇۋاندىن قالدى. مەختۇمسۇلا ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مۆل ـ مۆل يىغلاشتىن باشقىنى بىلمىدى. بىر چاغلاردا ئاجايىپ زور بوي ـ بەستى، تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن يايلاقتا پاتماي يۈرىدىغان پالۋان يىلپىز تېرىسى ئۈستىدە يېتىپ، خۇددى كۆيۈپ تۈگەۋاتقان شامدەك تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ. چاناقلىرىغا چوڭقۇر چۆككەن كۆزلىرى گاھ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك چىرايلىق قوشماق پەرزەنتىگە تويماي باقسا، گاھ كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پارچە زەڭگەر ئاسمانغا تىكىلىدۇ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تەلمۈرىدۇ. ئۈنسىز، بىر تېمىم ياشسىز يىغلايدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا «ئېھ» دېگۈدەك مادار يوق، كۆز ياشلىرى بولسا، سۈيى تۈگىگەن بۇلاقتەك قۇرۇپ تۈگىگەن. ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە دېيىشىدىكەن، ئۇنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلىمىگە تاغۇتاش بولسىمۇ ۋاققىدە يېرىلىپ كەتمەسمىدى.

ئۇنىڭ بەخت ـ ئامەتتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەن كۈنلىرىمۇ بولغان. بۇ دېگەن ياش چاغلىرىدىكى ئىشلار، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭدەك مەرگەن، ئۇنىڭدەك پالۋان يوق ئىدى. ئۇ، يەتتە تاغنىڭ بىرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل قىزغا ئۆيلەندى. خوتۇنى ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئۇ، ھەپتە ـ ھەپتىلەپ شىكاردا، ئوغلاق ـ بەيگىلەردە بولاتتى، ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن باشقا، ئۇستا چەۋەندازلىقى، ھوشيار ـ چېچەنلىكى بىلەن ئۇيۇر ـ ئۇيۇر يىلقىلارنى ھەيدەپ كېلەتتى. بىر قېتىم يوغان بىر ئالا باش ئۆكۈزنى بېشىدىن كۆتۈرۈپ ئاتقىنى ئۈچۈنلا 50 ئات تارتۇق ئالغانىدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ يىلقىلىرى بۇ ئەتراپتىكى يايلاقلارغا پاتماي قالدى. سىرتتىن بۇ يايلاققا تۇنجى كەلگەن كىشىلەر ھەيران بولۇپ: «بۇ كىمنىڭ يىلقىلىرى؟» دەپ سورىشاتتى، ھەممىلا يەردە كىشىلەر ئۇلارغا: «رۇستەم پالۋان» نىڭ دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ مال ـ دۇنياسىدىنمۇ، جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئوغۇللىرى ئىدى. ئوغۇللار ئەۋلادىغا تارتتى. 16 ـــ 17 لەرگە كىرە ـ كىرمەي، بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ قاۋۇل، كېلىشكەن ئەرلىرىدىن سانالدى. چوڭى شىرمۇھەممەد ئېگىز، كەڭ يەلكىلىك يىگىت بولدى. ئۇنىڭدا پالۋانلىقتىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغىنى پەم ـ پاراسەت ئىدى. ئۇ كىتابلارغا، شېئىرلارغا، ئاتا ـــ بوۋىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە قىزىقاتتى، ئاغزى ئېچىلىدىغانلا بولسا، تەڭتۇشلىرىدىنلا ئەمەس، بېشىنى قار باسقان چوققىلاردەك ئاقارغان چاللارنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى «جاھان كۆرسە، چوڭ يەرگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلسا، داڭقى ئالەمگە تارىلىدۇ» دېيىشەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قىسمەت كىتابىغا ئۇ ئىشلار پۈتۈلمەپتىكەن.

يۇرت كۆرۈپ، جاھان كېزىپ كەلگەنلەر كۆپتىن بۇيان

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

دۇنيانى يالماپ يۇتۇپ كېلىۋاتقان مىسلىسىز زور ئاپەت ــ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باسمىچى ئەسكەرلىرى تۇغرىسىدا سۆزلىشەتتى. مەدداھ ـ ۋاھىزلار ئەل ئىچىگە ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى، باتۇر، جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ قىسسە ـ ھېكايىلەرنى تارقىتىشقانىدى. كىشىلەر بۇ ھېكايىلەرنى دەسلەپ ئاڭلىغاندا ھاڭ ـ تاڭ قېلىشاتتى، قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشەتتى. بىراق، ھەر كۈنى شەرقتىن قىزىرىپ چىقىدىغان كۈن، يەنىلا ئۆز قىنىدا شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەريا، بۇرۇنقىدەكلا گۈزەل ئايدىڭ كېچىلەر، ئاسماندا بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرىدىغان ئاق بۇلۇتلار كىشىلەرگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى، تىرىكچىلىكنىڭ تۈگىمەس غېمى ئىچىدە، يۇرت ـ ماكانىنىڭ، يايلاقلىرىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغان يانغىن گويا ئالەمنىڭ نېرىسىدىكى ئىشتەك، ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەكلا تۇيۇلاتتى.

شۇ يىلى يازدا ئىسسىق بەكمۇ قاتتىق بولدى. كىشىلەر كېچىلىرى ئىسسىقتىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ ئۆگزىگە، باغلارغا، دەريا بويىدىكى سالقىن جايلارغا چىقىپ كېتىشتى. كۈندۈزى مەھەللىلەردە، يوللاردا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان مۇساپىرلارغا ھەيرانلىق، ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە قارىشاتتى، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ ئېلىپ كىرىپ، نان ـ چاي، مېۋە ـ چېۋە بېرەتتى. قورقۇنچ، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار ئېتىز ـ باغلىرى، ئۆي ـ ماكانلىرىنىڭ قانداقلارچە كۆلگە ئايلانغانلىقى، ئېرى، خوتۇنى، بالا ـ چاقىلىرى ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئاڭلىشاتتى. بىر كۈنى مەھەللىگە ئاتلىق جاكارچىلار كەلدى، ئۇلار ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ياۋغا قارشى قوشۇن

تەشكىللەۋاتقانلىقىنى، يۇرتتىكى ئەرلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى سىنايدىغان پەيت كەلگەنلىكىنى جاكارلاشتى.

شۇ كېچىسى تۇنجى تۇركۇم يىگىتلەر جەڭ ئېتىغا مىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىرمۇھەممەدمۇ بار ئىدى. يىگىتلەر ئاتلىنىشتىن بۇرۇن پالۋان ئاتا ئوغلىنى قورال - ياراغ ساقلايدىغان ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئادەتتە ئۇ، بۇ ئۆيگە ھېچكىمنى كىرگۈزمەيتتى. ئۇ، تامغا ئېسىلغان نەيزە - قالقان، پالاخمان، ئوقيا، گۈرزە، قىلىچ - خەنجەرلەرنى كۆرسىتىپ، «خالىغىنىڭنى ئال، ئوغلۇم» دېدى. يىگىت كىرىچى بىر غۇلاچ كېلىدىغان چوڭ ئوقيانى تاللىدى. پالۋان ئاتا ئۆزى مىنىپ يۈرىدىغان ئاق قاشقىلىق قارا ئارغىماقنى ئېلىپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئانا ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ يىغلىدى. 16 ياشلىق شىرئېلى بولسا بىر ياندا ئاكىسىغا يېۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ قاراپ تۇردى، خوشمۇ دېمىدى. ئۇ، ئاكىسىنىڭ ئامىتىگە قىزغىناتتى، ئۆزىنى ئوغرىلىقچە بىللە ئېلىپ كېتىشكە رازىلىق بەرمىگەنلىكىنى زادىلا كەچۈرەلمەيتتى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇنى ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ كېلىشتى. ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرمەكچى بولۇپ ئېتىلغان ئانىنىڭ ئاياغ ئاستىغا يۈرەك پارىسىنىڭ قانغا بويالغان بېشى دومىلاپ چۈشتى. ئالتە ئايدىن كېيىن شىرمۇھەممەدنىڭ ئارغىماق ئېتىغا شىرئېلى مىندى. ئۇ، دادىسىنىڭ قورال - ياراغلىرى ئارىسىدىن گۈرزە بىلەن پالاخماننى ئېلىپ، قارشى قىرغاققا — ياۋ تاپىنى ئاستىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يايلاققا يۈرۈپ كەتتى.

شىرئېلى بويىدىمۇ، ئۇستىخاندىمۇ تەڭ يېتىلگەن، ئاق سېرىق، چېقىر كۆزلىرى سەل ھاياسىز، مەي - بوزا، ئويۇن - تاماشىغا جېنىنى بېرىدىغان، ئەمما قالتىس باتۇر يىگىت ئىدى. كىچىكىدىن ئۇرۇش - جېدەل، جەڭ - ماجىرالارغا بېشىچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرىپ بېشىچە چىقاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا خۇدايىم بەردى. ئۇ، خۇددى سۇغا قويۇپ بېرىلگەن بېلىقتەك، قەپەستىن قۇتۇلغان ئارسلاندەك ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە كىرىپلا كەتتى. گۇرزە، پالاخمىنى بىلەن مىڭلىغان ياۋ لەشكىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، دەريا ـ دەريا قان تۆكۈپ، كىم دېسە «شىرئېلى پالۋان» دەپ داڭق چىقىرىپ، تاغ ـ دالىنى ھەيۋە بىلەن كېزىپ يۈردى. شىرئېلىنىڭ نامىنى ئاڭلىسا، دىر ـ دىر تىترەيدىغان ياۋ كاتتىلىرى ئۇنى يەكمۇيەك جەڭدە يېڭەلمەيدىغانلىقىغا تەن بېرىپ، ھىيلە بىلەن يېڭىش پىلانىنى تۈزۈشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن خىزمەتكارىنى سېتىۋالدى. بىر ئاخشىمى ئۇنى ئۇخلىغۇدەك مەست ھالىتىدە قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەتتى ۋە قىلىچ بىلەن چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلاپ، بىر توپ غالجىر ئىتقا تاشلاپ بەردى. ئاتا ـ ئانىسى پەرزەنتىنىڭ بىر تال سۆڭىكىنىمۇ تېرىۋالالمىدى.

ياۋ قارشى قىرغاقتا كېلىپلا قالغانىدى، بەزىدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنىڭ كۆن ۋە ئاي سۈرەتلىك بايرىقى، پاكار، يوگۇرۈك ئاتلارغا مىنگەن ئەسكەرلىرى چېلىقىپ قالاتتى، ئاندا ـ ساندا سالاپەتلىك، جەسۇر سەركەردىلىرى دەريا بويىغا كېلىپ ئايلىنىپ ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى، بەزىلەر ئۇلارنى «دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتىدۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «ئۇلار دەريا سۈيىنىڭ مۇز تۇتۇشىنى ساقلاۋاتىدۇ، بولمىسا كىگىز ـ چېدىر، ئوزۇق ـ تۈلۈك، خوتۇن ـ بالىلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟» دېيىشەتتى. ئەمما، جەڭ توختىمىغان ئىدى، يىگىتلەر كېچىلىرى دەريادىن ئۆتۈپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلاتتى، بەزىدە دۈشمەننى سۈر ـ توقاي قىلسا، بەزىدە ئۆزلىرى تالاپەتكە ئۇچراپ، جانلىرىنى ئارانلا ئېلىپ قېچىپ كېلىشەتتى. ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان جەڭلەردە قاۋۇل، ئەڭ باتۇر يىگىتلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى.

شىرزات تېخى كىچىك ئىدى، ئانا كېچىلىرى ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپ چىقاتتى، ئۇنىڭمۇ ئاخىر بىر كۈنى قولىغا قورال ئالىدىغانلىقى، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدەك بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئاكىلىرىغا ئوخشاش قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ئۆلۈكتەك قاتتىق ئۇخلايدىغان، چىرايىدىن گۈدەكلىك ۋە ھايات تەشنالىقى چىقىپ تۇرىدىغان كىچىك ئوغلى ئۇچۇن ئۇ جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا، ئوغلىنى قانىتى ئاستىدا ئاسراپ، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە ئۇرۇش ئوتلىرى يېتىپ بارالمايدىغان يەرلەرگە ئېلىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، دادىسى جاھىل، «ئوغۇل بالا دېگەن جەڭگە يارالغان، قاچانغىچە كۈرۈك توخۇدەك قانىتىڭ ئاستىدىن چىقارمايسەن» دەپ ئۇرۇشقىنى ئۇرۇشقان. ئانا بىكار ئەنسىرىمەيدۇ. رۇستەم پالۋان ئۇنى جەڭگە ئۆزى ئېلىپ كەتتى ۋە تۇنجى جەڭدىلا ئوغلىنىڭ دۈشمەن قىلىچى ئاستىدا تېپىرلاپ جان بەرگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ، ئوغلىنى قانداقلارچە كۆزىدىن نېرى قىلىپ قويغاندۇ ـ ھە!

ئۇ كۈنى يەرلىك ئاھالىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن تۇتۇشقانىدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى قاتار ـ قاتار تۆت چاسا سەپ بولۇپ، كاناي ـ سۇنايلارنى چېلىپ، ئۆز تىلىدا ناخشىلارنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئېشەكتىن سەللا چوڭ، باشلىرى يوغان ئىدى. ئېگىز، خىل ئاتلارغا مىنگەن پىدائىيلار قارشى تەرەپتە گويا ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك توپلىشىپ كۈلۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىتە ئاڭلىنىدىغان ناخشىسىنى، پاكار ئاتلاردىن ئىككى پۇتىنىڭ يەرگە تەگكۈدەك ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى، باش ئۈستىدە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆلۈمنى زادىلا ئويلىمايتتى.

www.uyghurkitap.com

جەڭ دۇمبىقى چېلىندى، دۇمباق ساداسى بۇرغا، ناغرا ـ سۇناي، ناخشا ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شاۋقۇن ـ سۈرەن ھاسىل قىلغانىدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوشۇنى ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، يەرلىك ئاھالىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلارمۇ ئالغا دەۋرەپ چىقىشتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە تەرەپ ـ تەرەپتىن يامغۇردەك ئوقيا ئوقى يېغىپ، سەپ ـ سەپ ئاتلار بىلەن ئادەملەر تەڭلا يىقىلدى. ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قورال ـ ياراغلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى جەڭگە يېڭى كىرگەنلەرنىلا ئەمەس، كۆپ جەڭلەرنى كۆرۈپ يۈرىكى قاتقان كىشىلەرنىمۇ ئەندىكتۈرۈپ ۋەھىمىگە سالاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوقلىرى تۈگىشى بىلەن تەڭ، قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى نەيزە، قىلىچ، توقماقلار بىلەن بىر ـ بىرىنى جەھەننەمگە يوللاشقا باشلىدى. ئاتلار ۋە ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى يەر يۈزىنى قاپلىدى. ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ يىقىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قېنى قايناپ ھەممىنى ئۇنتۇغان رۇستەم پالۋان شىرزاتنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلغان چېغىدا شىرزات تۆت ـ بەشچە دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. ئۇ، ئوغلى تەرەپكە ئېتىلدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى. شۇ قېتىمقى قۇچاقلاشما جەڭدە رۇستەم پالۋان ئۆزى يالغۇز نۇرغۇن دۈشمەننىڭ بېشىنى كەستى، بىراق ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ شىرزاتنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ، ئەتىسى سۇبھىدە، سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن جەسەتلەر ئارىسىدىن ئوغلىنى تېپىپ، ئۇنىڭ مۇزدەك تېنىنى قۇچاقلاپ ئۇزاق ئولتۇردى. چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ، شىرزاتنىڭ تۇغۇلغان ۋاقىتلىرىدىكى خۇشاللىقلىرىنى، ئۆمىلىگەن، تىلى چىققان، ماڭغان چاغلىرىنى، تۇنجى قېتىم ئاتقا مىنگىنىنى، تەڭتۇشلىرى بىلەن «سوقۇش» قىلىپ ئويناپ

يۈرۈپ، قانداقلارچە بىردىنلا يىگىت بولۇپ قالغىنىنى... ئەسلىدى. بالىنىڭ كىچىكى بولغاچقىمىكىن، شىرزات ئاتا - ئانىسىغا ھەممىدىن يېقىن ئىدى. ئۇ، ئاكىلىرىنىڭ دەردىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى. ئۇ، ئەمدى ئۆيگە قانداقمۇ كىرەر؟ ئۇ ئايالىغا «ئوغلۇڭنى قولۇڭغا چوقۇم ساق - سالامەت تاپشۇرىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىغۇ؟...

* * *

يەرلىك خاقانلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتنىڭ كۈچىيىشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشىگە ۋە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدى. يۇرت چوڭلىرى دۈشمەن قوشۇنى بىلەن سۈلھى تۈزۈشتى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى، ئېسىل ئاتلارنى ئېلىپ، موڭغۇل خانىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىراق شەرققە قاراپ يولغا چىقىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ خانىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ئالىي مەرتىۋىلەرگە تەيىنلەنگەنلىكى، خانىنىڭ ئۇلارغا ناھايىتى كەڭ سۆيۈرغاللىق يەرلەرنى ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر كەلدى. ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق جەڭلەردىن ھالسىرىغان زېمىن كۈن ۋە ئاي سۈرەتلىك بايراقنىڭ ئارقىسىدىكى ھەددى - ھېسابسىز موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئەسكەرلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئاستا - ئاستا تىنجىدى. ئۇيەر - بۇيەردە كۆتۈرۈلگەن قارشىلىقلار تېخىمۇ كۆپ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ، قېرى - چۈرى، نارەسىدىلەرنىڭ قانلىق ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۆي - زېمىنلىرىنىڭ كۈلگە ئايلىنىشى بىلەن خۇلاسىلىناتتى. بۇ ۋەھشىيلىكلەر كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، ھەربىر كۈننى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان

www.uyghurkitap.com

قىلىپ قويدى.

موغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ھامان غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان قوياشنىمۇ توسۇۋالاتتى. ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يەرلەر قاغجىراپ قالاتتى. كەنت - يوللارغا توشۇپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ ئەتراپىدا قاغا - قۇزغۇنلار ئايلىناتتى. ئادەم بويى ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن ئېتىز - باغلار، قورۇ - جايلاردا ئىگىسىز ئاتلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، گويا ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولۇپ كەتكەندەك سائەتلەپ قېتىپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ سايىسىنى كۆرۈش بىلەنلا بەدەر قاچاتتى. تاپ يەپ سەمرىپ كەتكەن لالما ئىتلار ھەممىلا يەردە لاغايلاپ يۈرۈشەتتى.

چوڭ قوشۇن غەربكە ئىلگىرىلەپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە ھۆكۈمران بولۇپ قالغان موغۇل ئاقسۆڭەكلىرى تاغ باغرىدىكى ئەڭ چىرايلىق، مەنزىرىلىك يايلاقلاردا ئۆز كۇرەلىرىنى قۇرۇشتى. كەڭ ۋىلايەتلەرنى بولسا، يەرلىك ئەمەلدارلار ئارقىلىق باشقۇراتتى، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن يەرلىك ئەمەلدارلار خوجايىنلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ياكى ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يەرلىك خەلققە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ زۇلۇم سالاتتى. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن خەلق ئەمدى يۇرت - ماكانسىز، قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بىراق، ھايات قانۇنىيىتى بەربىر ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى، ھەممە ئادەمنى باشقۇرۇپ، ئۆز يولىغا سالاتتى. پادىشاھ ئۈچۈنمۇ، قۇل ئۈچۈنمۇ ياشاش، تىرىكچىلىك زۆرۈر ئىدى. ئەينى يىللاردا ئاتىلىرى جەڭگە ماڭغاندا، بۆشۈكتە ياكى قورۇلاردا لاي ئويناپ قالغان باللار بىلىندۇرمەيلا يىگىت - قىزلارغا ئايلانغانىدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ خالىي يەرلەردە كۆز بېقىشىپ، ئۇچرىشىپ

يۈرگىنىنى سەزگەن ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىشقا ئالدىرىشاتتى. تويلار بىلەن تەڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مەشرەپلەر، ئوغلاق - بەيگىلەر ئەسلىگە كەلدى. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشتى. دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرىپىگە تۇتىشىدىغان يوللار ئېگىز چاقلىق هارۋىلار، ئاتلىق، تۆگىلىك، پىيادە سودىگەرلەر، سەيياهلار، جاهانكەزدى دەرۋىشلەر، مۇساپىرلار، قەلەندەرلەر بىلەن ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى.

رۇستەم پالۋان يەنە ئوۋغا جابدۇندى، ئۇنىڭدا ئوۋچىلىقتىن باشقا هەۋەس قالمىغانىدى. هەممىلا يېرى ئوغۇللىرىنىڭ، ئۆتۈپ كەتكەن بەختلىك كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى بىلەن تولغان ئۆي ئۇنىڭغا خۇددى گۆرىستاندەك تۇيۇلاتتى. دەرد - ئەلەمدىن مۈكچىيىپ 80 ياشلىق مومايغا ئوخشىشىپ قالغان، باشتىن - ئاياغ قارا كىيىنىپ قۇپقۇرۇق ئۆيلەردە مەقسەتسىزلا ئەگىپ يۈرىدىغان ئايالى بىلەن ئىككىسى خۇددى بۇ گۆرىستانلىقتىكى ئەرۋاھقا ئوخشايتتى. ئايالى غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپلا چىقىپ كېتەتتى، بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى، چىرايىغىمۇ قارىمايتتى، كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتەتتى.

ئۇ، ئۆزىگە ئوخشاش قېرى ئېتىنى مىنىپ، ئوقياسىنى ئېلىپ، بۈركۈتنى مۈرىسىگە قوندۇراتتى - دە، جىم - جىملا ئوۋغا چىقىپ كېتەتتى، هېچكىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاتمايتتى، قايتىپ كەلسە، هېچكىم ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقمايتتى. پايانسىز يايلاق، زەڭگەر ئاسمان، ئېگىز تاغ، قويۇق ئورمانلىقلار ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتەتتى. ئۇ، ئېتى، بۈركۈتى بىلەن، كۆپىنچە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ داللاردا، ئورمانلاردا، گۈلخان يېنىدا يېتىپ - قوپۇپ، هەپتە - ئايلارنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

تۈگىدى، هەممىسى تۈگىدى، يۇرتنىڭ ئەڭ ئېسىل يىگىتلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى مۇشۇ ئاقىۋەت ئۈچۈنمىدى؟

مۇنداق بولارىنى ئالدىن بىلگەن بولسا، ئۇلار ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ نېمىمۇ قىلاتتى؟ ئۇمۇ ئوغۇللىرىنى جەڭگە ئەۋەتمەي ساقلاپ قالسا بولماسمىدى؟!

مۇنداق ئويلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قىلاتتى، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى، يۈزىنى قارا يەرگە يېقىپ كۈنلەپ بىھوش ياتاتتى. كېيىن ئۇنى بىر سادا ھوشىغا كەلتۈرەتتى. يۈرەككە بەكمۇ يېقىن، تەمكىن بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا «ئوغۇللىرىڭدىن پەخىرلەن. سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ ئۆلمەپ ياشاشقا يارالغانمىدى؟ راست، ئۇلار باش ئېگىپ ياشىيالمايتتى. ئۇلار بىكاردىن ـ بىكار ئۆلمىدى. بەلكى، ئۆزلىرىگە ھاۋا بىلەن سۇدەك زۆرۈر نەرسە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى. بېشىڭنى كۆتۈر، ئوغۇللىرىڭنىڭ روھىنى قورۇندۇرما!» دەيتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، روھلىنىپ قالاتتى. ئۆيىنى، ئايالىنى سېغىناتتى. ئۆيى تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ بارغۇسى كېلەتتى. ئەمما، يىراقتىن ئىشىكى ئالدىدىكى ئاسمان ـ پەلەك چىنارنى كۆرۈشى بىلەنلا كەيپى ئۇچاتتى، يەنە ئازابلىق ئەسلىمىلەر قايىنىمىدا بوغۇلۇشقا باشلايتتى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆيىگە كېلىۋېتىپ، توقايلىقتىكى يالغۇز يولدا بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. قارا رومال ئارتقان، ئۇزۇن قارا كۆڭلىكى تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ ئايال شۈبھىسىز ئۇنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ مۇشۇ يولدا دائىم ماڭاتتى، بىراق ئۇ چاغلاردا تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. چىرايىدا بەخت شادلىقى ۋە ھايات ئىشتىياقى پارلايتتى. ئۇ، ھەممە ئايالاردىن چىرايلىق ياسىنالايتتى. كېيىكتەك يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ماڭغان چېغىدا، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئۆرۈم چېچى رىتىملىق يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بىلەزۈك، چاچتەڭگىلىرىدىن يېقىملىق جىرىڭلىغان ئاۋازلار چىقاتتى...

ئۇ، ئىختىيارسىز ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئايالى

تونۇش يولدا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇ، باشتىن - ئاياغ قارا كىيىمى بىلەن خۇددى قويۇق دەل - دەرەخلەر، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر قاپلىغان، كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بۇ ماكانغا ئەسلا تەۋە ئەمەستەك، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان خىيالىي كۆلەڭگىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، شۇ قەدەر يەككە - يېگانە، شۇ قەدەر مىسكىن ئىدى.

يالغۇز ئاياغ يولنىڭ ئاخىرى تۆۋەنلەپ دەريا بويىغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئايالى دەريا قولتۇقىنىڭ بۇككىدە مەجنۇنتاللار بىلەن ئورالغان پىنھان بىر يېرىگە كەلگەندە كۆزدىن غايىب بولدى. پالۋان ئاتتىن ئاستا چۈشۈپ، قويۇق شاخلار ئارىسىدىن مارىلاپ ئايالنىڭ تاشقىنىدىن ھاسىل بولغان ئەينەكتەك سۈزۈك كۆلچەكنىڭ بويىدا توختىغىنىنى كۆردى.

ئايال ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىدى. قولتۇقىدىكى كىچىككىنە بوپىسىنى يەرگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەتراپنى تىڭشىغاچ كىيىملىرىنى ئاستا يەشكىلى تۇردى. ئايالى ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، بېشىدىن روملىنى ئالدى، ئۇزۇن قارا كۆڭلىكىنى، ئىچ كۆڭلىكىنى، تامبىلىنى سېلىۋېتىپ ئىچ تامبال بىلەن سۇغا كىردى. ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاۋايلاپ مېڭىپ، كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئايالنىڭ بەدىنى ھېلىھەم قاردەك ئاپپاق ھەم يۇمران، كۆكسى تېخى چىڭ، بېجىرىم ئىدى. ئۇ، ئۇزاقتىن بۇيان رومال ئىچىدىن چىقارمىغان چاچلىرىنى چۇۋۇپ، دۇگىلەكرەك كەلگەن مۈرىسىگە يېيىلدۇردى. قوللىرى بىلەن سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ چاچلىرىنى، مۈرىلىرىنى ھۆل قىلدى. تۇگۈنچەك ئىچىدىن ئاللىقانداق خۇش پۇراقلىق دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ چېچىنى ۋە بەدىنىنى ئۇزاققىچە ئۇۋۇلاپ يۇيدى، ئۇ گويا مۇشۇ يۇيۇشىدا قەلبىدىكى ھەممە دەرد - ئەلەملەرنىمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى ...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

پالۋان كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر ئىشنى تۇيغاندەك ئەنسىز تىپىپ كەتتى. ئۇ، تومۇرىدا قانلىرىنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

شۇ كېچىسى بۇ بىر جۈپ ئەر ـ ئايالغا گويا ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتمىگەندەك، شۇنچە ئىشلار يۈز بەرمىگەندەك ياكى بىر كارامەت كۆرۈلۈپ، ۋاقىت كەينىگە يېنىپ ئۆزلىرى ياشلىقىغا قايتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ۋىسال قايىنىمىدا ھارغۇچە ئۈزۈپ، شېرىن تۇيغۇلاردىن مەستخۇش بولۇپ يانمۇيان ياتقان چېغىدا ئايالى ئۇنىڭغا:

ــ مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، مەن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغاندەك قىلىمەن، ــ دېدى.

ــ قانداق بىلىۋالدىڭ؟

ــ چۈشۈمگە ئايان بولغان. چۈشۈمدە پەرىشتىدەك بىر موماي قىپقىزىل ئالمىدىن بىرنى بېرىپ «بۇ ئالمىنى كۆيۈك بىلەن يە» دەۋاتقۇدەكمىش. ئالمىنى قولۇمغا ئالسام، ئۇ جۇلالىق، قاتتىق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانمىش، ئۇنى «سۇمۇرغىنىڭ تۇخۇمى ئىكەن» دېگۈدەكمىشمەن ... ئويغىنىپ، راستتىنلا بىر يەردىن ئالما چىقىپ قالىدىغاندەك ھەممە يەرنى قويماي ئىزدەپتىمەن ...

پالۋان ئايالىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. بۇ كېچە ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئەمما، ئۇلار ياتقان ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن بىر ئىلاھىي نۇر چۈشۈپ تۇراتتى.

توققۇز ئايدىن كېيىن ئايالى رۇستەم پالۋانغا بىر جۈپ ـ قوشكېزەك ئوغۇل ـ قىز تۇغۇپ بېرىپ، ئۆزى ئۆرە بولماي ئۆلۈپ كەتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ ئېغىلىدىمۇ بىر بايتال قۇلۇنلىدى. قاردەك ئاپپاق ھەم بەكمۇ چىرايلىق بۇ تايچاق پالۋاننىڭ قەدىناس ئارغىماق ئېتىنىڭ نەسلى ئىدى.

پالۋان قوشكېزەكلەرنى بايتال سۈتى بىلەن باقتى. ئوغلىغا چىن تۆمۈر، قىزىغا مەختۇمخان دەپ ئات قويدى. ئۇلار كۈنلەپ ـ

ئايلاپ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. چىن تۆمۈر بىلەن تايچاق بىر - بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. چىن تۆمۈر كىچىكىدىن تارتىپلا قىلچۇازلىق، مەرگەنلىك، چەۋەندازلىقتا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. 15 ياشقا كىرگەندە كىشىلەر ئۇنى «چىن تۆمۈر باتۇر» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. مەختۇمخانمۇ باتۇر، چەبدەس قىز بولدى. ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئات مىنىشنى، قىلچۇازلىقنى ئۆگەندى، بىراق ئۇنىڭدا ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغىنى ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ھۆسن ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گويا نۇردىن، سۇدىن پۇتۇلگەنگە ئوخشايتتى. ئەگمەچ، ئۇزۇن كىرپىكلەر بىلەن ئورالغان كۆزلىرى يېشىل، زەڭگەر، قارا، سېرىق، قىزغۇچ رەڭلەردە چاقنايتتى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرى قامىشاتتى. ئۇنىڭ قويۇق، سۇمبۇل چاچلىرىمۇ كۆزلىرى بىلەن رەڭداش ئىدى، بىر قارىسا قارا، بىر قارىسا يېشىل، بىر قارىسا قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. ئۇ، بويىغا يېتەر - يەتمەي ئۇنىڭ تەرىپى ھەممە يەرگە تارالدى. كىشىلەر ئۇنى «مەختۇمسۇلۇ» (گۈزەل مەختۇم) دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئاكا - سىڭىل دادىسىنىڭ ئاتا - بوۋىلار، بۇرۇنقى جەڭلەردە ۋە باشقا مەردۇمەردانىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى زېرىكمەي ئاڭلايتتى. قېرى پالۋان چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ۋۇجۇدىدىن ئوغۇللىرى، قولىدىن ئۇچۇپ كەتكەن لاچىنلىرىنى، قەدىناس ئايالىنىڭ ياش چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى، توغرىراقى، ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك كۈچ - پاراسەت ۋە ھۆسن - جامالنى كۆرەتتى. ئاتىنىڭ قورۇق باسقان، دەرد - ئەلەمدىن سولغان چىرايىدا يەنە خۇشاللىق پارلىدى. ئۇ، ئۆز ھاياتىنىڭ داۋامى ۋە ئۈمىدى بولغان قوشماق پەرزەنتىدىن زوقلىناتتى، پەخىرلىنەتتى، «مېنىڭ ئۇرۇقۇم، مېنىڭ نەسلىم ئەمەسمۇ» دەپ ماختىناتتى، نى - نى ئارمانلارنى قىلاتتى.

بىراق... مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈم تۆشىكىدە ئەزرائىلنى كۈتۈپ

www.uyghurkitap.com

ياتىدۇ. قارىغاندا، ئۆلۈمگە تەن بەرمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ. ئاتا ئوغلىغا تىكىلدى، كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بۇلۇڭدىكى كونا تۆمۈر ساندۇقنى ئىملىدى. يىگىت دەس تۇرۇپ بۇلۇڭغا باردى ــ دە، ھېچقانچە كۈچىمەي، تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئاغزىدىكى يوغان سېرىق قۇلۇپنى داتلىشىپ كەتكەن زەنجىرى بىلەنلا سۇغۇرۇۋېلىپ، ساندۇقتىن قىزىل لاتىغا ئورالغان كۈمۈش غىلاپلىق، كۈمۈش دەستىلىك قىلىچنى ئالدى، ئىككى قوللاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بېلىگە تاقاپ دادىسىغا كۆرسەتتى. دادا زەئىپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، مۆل ــ مۆل يىغلاپ ئولتۇرغان قىزىنىڭ قولىنى پالۋان ئوغلىغا تۇتقۇزدى ــ دە، تىنى لەسسىدە بوشاپ كەتتى.

* * *

ئۆي ئالدىدىكى چىنار تۈۋىدە، ئېگىز ئۆسكەن يۆگىمەچ، قىياق، يالپۇزلارنىڭ ئارىسىدا تۆپە تەرىپى مەرمەردەك پارقىراپ، ئاستىنى قىلىن سارغۇچ موخ قاپلىغان يوغان قارا تاش چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېگىدە قۇرت ــ قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرنىڭ تۇخۇملىرى بىلەن تولغان سانسىز كىچىك ئۆۋۈلار بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تاشنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قايسىبىر ئۇلۇغ بوۋىسى ياش ۋاقتىدا مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ تاشلاپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يۆتكەيدىغان ئادەم چىقماپتىمىش. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «كىمكى ئۇنى يۆتكىسە، ئات بېشىدەك ئالتۇن بېرىمەن» دېگۈچىلەرمۇ، بۇ ۋەدىلەرنىڭ راست ــ يالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى يۆتكەشكە ئۇرۇنۇپ باققۇچىلارمۇ چىققان ئىكەن. ئەمما، ئات بېشىچىلىك ئالتۇنغا ئېرىشىش ھېچكىمگە نېسىپ بولماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تاش بارا ــ بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ

كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشمايدىغان، چېلىشىپ، كۈچ سىنىشىپ بەسلەشمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىراق، بۇ تاش ھەققىدىكى رىۋايەتنى چىن تۆمۈر ئۇنتۇمىدى. ئۇ، ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا دادىسىغا: «قاراپ تۇر دادا، مەن چوڭ بولغاندا، مۇشۇ تاشنى يۆتكىۋېتىمەن» دېگەندە، دادىسى مۇشتۇمدەك ئوغلىنىڭ گېپىگە زوقلىنىپ كۈلگەنىدى. بۇ گەپلەرنى دادىسىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، ئەمما چىن تۆمۈر ئۇنتۇمىدى، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە چىقىپ بۇ تاشنى سىلايتتى، مىدىرلاتماقچى بولاتتى، تاشنىڭ كاۋاكلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى... مانا بۈگۈنمۇ ئۇ تاڭ سەھەردىلا پىكىر ـ خىيالىنى ئىگىلىۋالغان بۇ تاشنىڭ ئالدىدا جىممىدە تۇرىدۇ. خۇددى مەشۇقى ئالدىدا تۇرغان تەجرىبىسىز يىگىتتەك يۈرەكلىرى دۈپۈلدەيدۇ، كۈچلۈك ھاياجاندىن كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىدۇ. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى ماھىرلىق بىلەن ياسالغان گۈزەل ھەيكەلگە ئوخشىشىدۇ. ئۇ بەك ئېگىزلەردىن ئەمەس، ئەمما ئالاھىدە كەڭ يەلكىسى، ئۇزۇن، بەردەم پاچاقلىرى ئۇنىڭ پالۋانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. كۈچلۈك ھەم توم بوينى، پۇت ـ قوللىرىنىڭ جايلىشىشىدا ئۆزگىچە بىر ماسلىشىشچانلىق، سەنئەت بار. بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىكى جەسۇرلۇقتىن دېرەك بېرىپ تۇرغۇچى قويۇق قارا قاشلىرى قالپىقىنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرىدىغان سەل بۇدۇر چېكە چاچلىرىغا قەدەر سوزۇلغان. ئېگىز قاڭشىرىنىڭ ئىككى يېقىدىكى قاپقارا، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر خىيال چۆككەن. ئاشۇ خىيال ۋە نامەلۇم ئىچكى كۈچ تەسىرىدىن گاھ ئوتقاشتەك قىزارسا، گاھ تاتىرىپ، سوزۇلۇپ قالىدىغان چىرايىدا ئەجدادىغا خاس قىزىققانلىق، كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە مەرد ـ مەردانە، ئوچۇق تەبىئەت تېشىغا تېپىپ تۇرىدۇ.

چىن تۆمۈر سارغۇچ تونىنىڭ ئۆڭ پېشىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ، تاشنىڭ يېنىغا زوڭزايدى. ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ سىلىق تاشنىڭ ئەپلىك يەرلىرىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن: «يا پىرىم!» دەپ قاتتىق بىر كۈچىدى. پاھ، يەرگە يىلتىز تارتىپ كەتكەندەك تاش خېيلىلا كەڭ دائىرىنىڭ توپىسىنى قومۇرۇپ، خۇددى داڭگالدەك دومىلاپ، سەل نېرىدىكى ئويمانغا بېرىپ توختىدى. چىن تۆمۈرنىڭ تەر تەپچىپ تۇرغان، قان تولغان چىرايىغا تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق تەپتى. ئۇ، شەھەر ئالغاندەك خۇشلۇق ئىچىدە چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىپ، بەلبېغى بىلەن تەرىنى سۈرتتى، ئالدىنى ئېچىۋېتىپ يەلپۈندى، سىڭلىسى يۈگۈرۈپ ئاكىسىنى قۇتلۇقلىدى، ئىشىك ئالدىغا ئېتىلىپ چىققان كاپ - كاپ كۈچۈكى ئۇنىڭغا ئەركىلىدى، قوللىرىنى يالاپ ئويناشتى، ئېغىلدىكى ئارغىمىقى گويا ئىگىسىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشماقچىدەك ياڭراق ئاۋازدا كىشنىدى. يۇرت - مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىشنى كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن نە - نەلەردىن يېتىپ كېلىشتى، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندە بولسا، ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن خاسىيەتلىك ئادىمىگە ئېرىشكەندەك روھلىنىپ، ئۈمىدلىنىپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىنار تۈۋى يەنە ئاۋاتلاشتى. يېقىن - يىراقتىكى قېنى قايناق، جەسۇر يىگىتلەر بۇ يەرگە يىغىلىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەختۇمسۇلانى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

* * *

كېيىنكى يىللىرى بۇ ئەتراپتا كىچىك بىر ئاتلىق قوشۇن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار يەرلىك خەلقنى زار - زار قاقشاتقان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە زوراۋان بەگلەرگە كېچىلىرى ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرەتتى. زۇلۇم، ناھەقچىلىق قەيەردە ئېغىر

بولسا، چەۋەندازلار شۇ يەردە پەيدا بولاتتى. ئۇلار قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولاتتى. دۇشمەنننىڭ قاتمۇقات قورشاۋلىرى ئىچىدىن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بۆسۈپ چىقىپ كېتەيتتى. ئۇلارنىڭ باشچىسى قاردەك ئاپپاق ئارغىماق مىنگەن، كەڭ يەلكىلىك بىر زەبەردەس پالۋان ئىدى. خەلق ئارىسىدا ئاق ئاتلىق پالۋان ۋە ئۇنىڭ يەتتە كۇنلۇك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان ئارغىمىقى توغرىسىدا ئاجايىپ رىۋايەتلەر تارقالغانىدى.

— بىر قېتىم بىزنىڭ پالۋان ھەمراھلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز دۇشمەنننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ، — دەپ ھېكايە قىلاتتى ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار ھەۋەس بىلەن، — ئۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ بەدىنىگە دۇشمەنننىڭ شۇم ئوقى كېلىپ سانجىلىپتۇ. پالۋان ئاتتىن يىقىلىپتۇ. دۇشمەنلەر ئۇنى تىرىك تۇتىدىغان بولدۇق، دەپ قىن ـ قىنىغا پاتماي، ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. شۇ چاغدا كارامەت بىر ئىش بوپتۇ. پالۋاننىڭ ئېتى ئۇنى بەلبېغىدىن چىشلىگىنىچە ئوقتەك ئۇچۇپ، دۇشمەن مۇھاسىرىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دۇشمەن ئاغزىنى ئاچقىنىچە قاراپ قېلىشىپتۇ...

— بىزنىڭ باتۇر ئارغىمىقى بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغان ئىكەن، ئانىسى ئۇنى تۇغۇپ بولۇپلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇ ئارغىماقنىڭ ئانىسىنىڭ سۇتىنى ئىچىپ چوڭ بولغانىكەن، ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىكەن، ئۇنىڭ جېنى ئاشۇ ئارغىماقتا ئىكەن...

— ئۇنىڭ تەڭداشسىز بىر مىسران قىلىچى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇ قىلىچىنى ئېلىپ، ئارغىمىقىغا مىنىپ دۇشمەن توپىغا كىرىپ كەتسە، ئۆزى يالغۇز بىرەر مىڭ دۇشمەنگە تېتىيدىكەن، — دېيىشەتتى يىگىتلەر.

— ئۇنىڭ ئاجايىپ ساھىبجامال ھەم باتۇر سىڭلىسى بار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىكەن. ئۇ، سىڭلىسى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدىكەن، — دېيىشەتتى قىزلار ۋە كۆڭۈللىرىدە مەختۇمسۇلاغا ھەۋەس قىلىشاتتى.

— ئۇنىڭ كاپ ـ كاپ كۆچۈكىمۇ بار تېخى، — دېيىشەتتى باللار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي، — ئۇ، باتۇرنىڭ ئۆيىگە ھېچقانداق يات ئادەمنى يولاتمايدىكەن، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى يىراقتىنلا بىلىۋېلىپ، تالاپ جېنىنى ئالىدىكەن...

كىشىلەر تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان ۋە يوشۇرۇن ئۈمىد ئىلكىدە تەنلىرى جۇغۇلدىغان ھالدا ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى سېلىشاتتى، ئاڭلىغان يېڭى خەۋەرلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىشاتتى، ھەممىلا يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ بىرلا گەپ ئىدى.

ئاق ئاتلىق پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن زوراۋان بەگلەرنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويغانلىقتىن، ئۇلار كۆرەلىرىدىن ئاسانلىقچە سىرتقا چىقمايدىغان، دەريادىن ئۆتۈشكە تېخىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزى جايلاردا كىشىلەر قوزغىلىپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ئولپان، ئالۋان ـ ياساق تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. بۇ ھالەت خېلى ئۇزاق داۋاملىشىپ، خەلق ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

قىسقىغىنا بىر نەچچە يىللىق ئەمىنلىك ئىچىدە يايلاقلار يەنە ئۈيۈر ـ ئۈيۈر يىلقىلارغا، ئامبارلار ئاشلىققا تولدى. كىشىلەر ئارىسىدا مەئىشەت، داغۇزلۇق ئەۋج ئالدى. قىز ـ چوكانلار تۇزدەك ياسىنىشاتتى. مەيخورلۇق، ئىچىشۋازلىقلار نەچچە كېچە ـ كۈندۈزلەپ داۋام قىلاتتى. پەقەن چىن تۆمۈرلا مۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ ئويچان يۈرەتتى. تولاراق سەپەرگە، ئوۋغا چىقىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى سەپەردىن قايتىپ، مەختۇمسۇلانىڭ يىغلاپ

ئۇلتۇرغىنىنىڭ ئۇستىگە چۈشتى.

— نېمە بولدۇڭ جانجىگەر قېرىنداشىم؟ ساڭا كىم ئازار بەردى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھېچكىم، جان ئاكا، ئۆزۈمچە شۇنداق...

— كۆز ياشلىرىڭ ئارامىمنى بۇزدى، چىن سۆزۈڭنى ئىشىتسەم دەيمەن، — دېدى چىن تۆمۈر يەنە.

— ... چەرچىنىمالچىنىڭ بەك چىرايلىق تارغىقى بار ئىكەن، كۈمۈش ساپلىق، ياقۇت كۆزلۈك، — قىز خۇددى ئەيىبكاردەك قىزىرىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تۆۋەنگە قاراتقىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

— شۇنچىلىك ئىشمىدى، ھېلىغۇ كۈمۈشكەن، ئالتۇن بولسىمۇ، سېنىڭ بىر تامچە يېشىڭغا ئەرزىمدۇ سىڭلىم، كۆڭلۈڭنى بۇزما، — دېدى چىن تۆمۈر جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ. ئۇ، ئۇندىمەي بىرىپ تامدىن ئوقياسىنى ئالدى، ئېغىلغا كىرىپ، ئېتىنى ئېگەرلەپ، كۈچۈكنى ئەگەشتۇرۇپ دالىغا — ئوۋغا ماڭدى.

كۆپ ئۆتمەي كۈمۈش ساپلىق، ياقۇت كۆزلۈك تارغاق مەختۇمسۇلانىڭ بولدى. ئۇ تاپىنىغا چۈشىدىغان يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قۇچىقىغا ئېلىپ چۇۋۇپ چىرايلىق تارغىقى بىلەن تاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىغا مۇشۇ تارغاقلا لايىق ئىدى. تۇم قارا، دانە - دانە چاچ تالالىرى تارغاقنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن، قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇدەك قۇيۇلاتتى، كۆكۈچ، قىزغۇچ رەڭلەردە جۇلالىنىپ، ھەسەن - ھۈسەندەك چاقنايتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى چاچ ئەمەس، بىر كارامەت ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاكىسى دوستلىرى بىلەن سەپەرگە جابدۇندى، يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ سىڭلىسىغا جېكىلىدى:

— سىڭلىم، ئوبدان سىڭلىم، ئۆيدىن تالاغا چىقما،

چىقساڭمۇ ئۇزۇن ھايال بولما!

— خوپ، جان ئاكا، — دېدى مەختۇمسۇلا.

ئۇ بىر چىرايلىق باھار ئەتىگىنى ئىدى. دەريا بويىدىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، مۇنداق چاغلاردا دەريا بويىدىكى توقايلىقنى رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر ۋە ياۋا ئالما چېچەكلىرى قاپلاپ كېتەتتى. ياۋا گۈل ۋە چېچەك ھىدى كىشىنى مەست قىلاتتى. مەختۇمسۇلانىڭ دەريا بويىغا ئۆتتەك بارغۇسى كەلدى، ئەمما ئاكىسىنىڭ نەسىھىتىنى يادىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقمىدى. ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ ھاۋا شۇنداق ئوچۇق بولدى. كاككۇك ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. مەختۇمسۇلا ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتى، ئاخىر ئۇ، كۆمۈش ساپلىق تارغىقىنى ئېلىپ، كاپ ـ كاپ كۈچۈكىنى ئەگەشتۈرۈپ، دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى.

دەريا بويى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى، ئىللىق باھار شامىلى ئۇنىڭ قەلبىدە شېرىن ئارزۇلارنى ئويغاتاتتى. ئۇ ئۈنچە ـ مارجانلىرىنى چاچرىتىپ، قىنىغا پاتماي، شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەريانى بويلاپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، ياپيېشىل قىرغاقنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پىنھان بىر يېرىگە بېرىپ ئولتۇردى. شايى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى جەينەكلىرىگىچە تۈرۈۋەتتى.

كۆمۈش بىلەزۈكىنى بۇدرۇق بىلەكلىرىنىڭ سەل يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈپ قويدى، بېشىدىن رومىلىنى ئېلىپ تاشلاپ چاچلىرىنى قويۇلدۇرۇپ سۇغا ئېگىشتى، ئېگىشتىيۇ، سۈزۈك سۇ يۈزىدە كۆرۈنگەن بىر سۈرەتتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى ...

پاھ، كىمدۇ بۇ؟ كاماندەك ئەگىم ـ ئەگىم قاشلار، يۇلتۇزدەك نۇرلۇق كۆزلەر، ئاناردەك مەڭزلەر ... ئاۋۇ تولغان، ئاپپاق بىلەكلەرچۇ تېخى ... تەڭداشسىز بىر ساھىبجامال! ھايال ئۆتمەي ساھىبجامال سۈرىتىنىڭ يېنىدا شوڭقار كۆزلۈك، جەسۇر بىر

چىراي پەيدا بولدى، ئۇ چىن تۆمۈرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ مەختۇمسۇلاغا قاراپ كۈلدى. بىر نەرسە دېمەكچىدەك تەلمۈردى، ئۇنىڭغا قاراپ قوللىرىنى سوزدى...

مەختۇمسۇلا بىردىنلا شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئەتراپقا چۆچۈپ قارىدى، ئۆزىچە ئۈيلىپ يۈزىنى قوللىرى بىلەن توستى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ بايىقى سۈرەتنى قايتا كۆرمەكچى بولۇپ ئېڭىشىۋىدى، كۆزى سۇ يۈزىنى قاپلىغان چاۋار - چاتقالغا چۈشتى. تېز ئېقىن بۇ تىنچ قولتۇقتا بىرمۇنچە ئەخلەت - چاۋار، قۇرۇق شاخ، يوپۇرماقلارنى سۈرۈپ كىرگەنىدى.

*　　　*　　　*

شۇ سائەتتە دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدا بىر چىشى كېيىك ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ، دەريا بويلاپ قېچىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 30 — 20 دەك ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئىككى يېقىدىنمۇ ئونلىغان تايغانلارنى ئالدىغا سالغان چىنتۇچىلار قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. ئادەملەرنىڭ هايت - هۈيتلىرى، تايغانلارنىڭ قاۋاشلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، مۇهاسىرە چەمبىرىكى تارىيىشقا باشلىدى. بىچارە جانىۋارنىڭ كۆزلىرى پاناھ ئىزدىگەندەك ئەتراپىغا مۆلدۈرلەپ باقاتتى، پۇتلىرى دىر - دىر تىترەپ، پات - پاتلا مۈدۈرۈپ كېتەتتى، شۇ هامان يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ جان ئاچچىقىدا ئالدىغا — تېخىمۇ بىپايان هەم يوچۇن مەنزىلگە قاراپ چاپاتتى. يىراقتا بىر تۆپىلىك كۆرۈندى. ئۇ ئاشۇ تۆپىلىكتىن ئۆتۈۋالسىلا قېچىپ قۇتۇلغان بولاتتى. ئەمما... تۆپىلىكتە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىككى ئاتلىق پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇ، جان - جەهلى بىلەن ئۆزىنى دەريا بويىدىكى توقايلىققا ئاتتى. ئاتلىقنىڭ بىرى

قولىدىكى بۈركۈتنى قويۇۋەتتى. بۈركۈت چىشى كېيىك تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ ئۇنىڭ باش ئۈستىدە بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن، شىددەت بىلەن پەسكە شۇڭغۇدى. ئىككى ئاتلىق يېتىشىپ كەلگەندە، چىشى كېيىك بۈركۈتنىڭ تۆمۈر پەنجىسى ئارىسىدا جان تالاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئۆلۈم ئالدىدىكى ساھىبجامالنىڭ كۆزلىرىدەك چەكسىز ھەسرەت، مۇڭ بىلەن يېنىپ خىرەلەشتى ۋە بۇ كۆزلەردىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. كىم بىلىدۇ، ئاشۇ ئاخىرقى پەيتتە ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى، ئۆزىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان بالىلىرىنى ئەسلىگەندۇ...

ياندىن تۈگمىلەنگەن ئۇزۇن سېرىق چاپان كىيگەن ئاتلىق كېيىكنى ھەمراھلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. بېشىدىن كىگىز قالپىقىنى ئېلىپ، ياقىسىنى سەل ـ پەل بوشاتتى، يەڭلىرىنى تۈرۈپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ 30 ياشلاردىن ئاشقان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، يۈز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان پاكار، دىقماق ئادەم ئىدى. يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن ھۆكۈمرانلارغا خاس سۆلەت، ئات ئۈستىدە، جەڭ ئوتلىرى ئىچىدە چوڭ بولغان كىشىلەرگە خاس چەبدەسلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سۇ بويىغا زوڭزايدى. پەنجىسى كەڭ ئالىقانلىرىغا توشتۇرۇپ سۇ ئېلىپ، تەرلەپ كەتكەن بويۇن ـ باشلىرىنى يۇيدى. يۇيۇۋېتىپ تۇيۇقسىز بارماقلىرىغا ئىلىنغان بىر نەرسىگە ھەيران بولۇپ سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ، ئات يالىدەك بىر نەرسە بولۇپ، ئات يالىدىن ئۇزۇن ھەم پارقىراق، جۇلالىق ئىدى. سۇ ئىچىدە خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك، جىنى باردەك، تۈرلۈك رەڭلەردە چاقنايتتى. بۇ نېمىدۇ؟ ئات يالىسى بۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇن كىشىنىڭ چېچى دېيىشكە توغرا كەلسە، دۇنيادا مۇشۇنداق چاچمۇ بولامدىغاندۇ؟ مۇشۇنداق چېچى بولغان خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى قانچىلىك گۈزەلدۇر؟

ئۇ ھالىدا ئورۇندىن تۇرۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن يىپەك ياغلىقىنى ئېلىپ، چاچنى ئورىدى ـ دە، چىدىغۇسىز بىر ۋەسۋەسە ئىلكىدە دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى توقايلىققا تىكىلدى. قارشى قىرغاق تىپتىنچ ئىدى، ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئىرغىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، ھېچكىمگە بىر ئېغىز گەپ قىلماي، چېدىر ـ بارىگاھلىرى تەرەپكە چېپىپ كەتتى. ئۇ، ئۆز قەبىلىسىدىكى ئەڭ قېرى دانىشمەننىڭ ئالدىغا كىردى. دانىشمەن ئۇنىڭغا: «شاھزادەم، بۇ بىر بولسا دۇنيادىكى ئېسىل ئاتنىڭ يالىسى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىزنىڭ چېچى» دېدى.

— ئەگەر دۇنيادا مۇشۇنداق ئېسىل ئات بولسا، ئۇ چوقۇم ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق گۈزەل قىز بولسا، چوقۇم ماڭا خوتۇن بولىدۇ، — دېدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسە كۈنسېرى كۈچىيىپ، ئۇنى ئۇيقۇ ۋە غىزادىن بىدار قىلدى. ئۇنىڭ ياپياڭ يۈزلۈك خوتۇنلىرى ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالماس بولۇپ قالدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئۇنىڭ ھالىدىن تەشۋىش ـ ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. ئۇلار باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا ھىيلىگەر ۋە قىزىقچى ھەرەم بېگى (تەيجى) نى كىرگۈزدى. ھەرەم بېگى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يەرنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئادەملىرىنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغان، بىلمىگىنى قالمىغان، گەپدان، قىزىقچىلىقى بىلەن ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ، داۋاملىق دەريادىن ئۆتۈپ يەرلىك بەگلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلاتتى، ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قىيىن، مەخپىي ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ئەمما، بۇ قېتىم شاھزادىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئامالسىز قالدى.

— شاھزادەم، — دېدى ھەرەم بېگى، — بۇ چاچ دەريانىڭ

www.uyghurkitap.com

نېرىقى قېتىدىكى تەڭداشسىز بىر گۈزەل قىزنىڭ چىچى. ئەمما، ئۇنى ئەمرىڭگە ئېلىش نىيىتىڭدىن ۋاز كەچكىنىڭ ياخشى، چۈنكى خانىدانىمىزغا تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتقان چىن تۆمۈر، يەنى ئاق ئاتلىق پالۋان ئۇنىڭ ئاكىسىدۇر. ئەگەر ئاشۇ پالۋاننىڭ قولىدىن بۇ قىزنى تارتىۋالماقچى بولساق، يەرلىك خەلق بىزگە قارشى قوزغىلىدۇ، دەريا ـ دەريا قان تۆكۈلىدۇ.

شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىدىن دەرغەزەپكە كېلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھەرەم بېگىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى.

— مۇشۇ بىرلا قېتىم سەندىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، شاھزادەم، — دېدى چىرايى تويپىدەك تاتارغان ھەرەم بېگى بېشىنى چوڭقۇر ئەگكىنىچە، — ماڭا مۆھلەت بەرگىن، ئەگەر ئاشۇ مۆھلەت ئىچىدە مەن ئۇ قىزنى ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىپ بېرەلمىسەم، بېشىمنى قىلىچىڭ ئاستىغا ئۆزۈم تۇتۇپ بېرىمەن.

شاھزادىنىڭ كۈمۈش دەستىسىگە بۇركۈت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئەگرى قىلىچى ھاۋادا بىر پەس تۇرۇپ، ئاستا تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ، پۇشۇلداپ ئېغىر تىنىدى. ساڭگىلاپ چۈشكەن قاپىقى ئاستىدىن ھەرەم بېگىگە ھومىيىپ قاراپ:

— بوپتۇ، ئۆمرۈمدە مۇشۇ بىرلا قېتىم قىلىچىمنى كەينىگە ياندۇرغان بولاي، ساڭا توققۇز كۈن مۆھلەت بېرىمەن، ئېسىڭدە بولسۇن، جېنىڭ مېنىڭ ئالقىنىمدا، — دېدى.

ھەرەم بېگى بېشىنى چوڭقۇر ئەگكىنىچە ئارقىچىلاپ مېڭىپ، چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقتى، بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭماي پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەپ يەرگە موكىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە چاچلىرى ئاپپاق ئاقارغان بېشىدىن قاما تۇمىقىنى ئېلىپ يۈزىگە باسقىنىچە يىغلاپ تاشلىدى.

سەيياھلار «كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان بىپايان زېمىندا، ئىنسان ئايىغى تەگكەنلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە كۈن ۋە ئاي بەلگىلىك بايراق لەپىلدەيدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى موڭغۇل ھۆكۈمرانىغا قارايدۇ» دېيىشەتتى. تاغ يوللىرىدا يىراق ئەللەرنىڭ كارۋانلىرى ئۈزۈلمەيتتى. غەربتىكى ئەللەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئالماس - مەرۋايىتلىرى، ئەينەك قاچا - قۇچا، ئېسىل كىيىم - كېچەك، يۇڭ چەكمەن، گۈللۈك رەخت پاختىلىرى، نەسىللىك ئات، ئاق شۇڭقار، پولات قوراللىرى، ئىپار، ئەتىر، بۆكەن مۈڭگۈزلىرى، قىممەتلىك جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن كەمەر، ئۆتۈك قاتارلىق ماللىرى، تۈرلۈك ئۆي جابدۇقلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە يىراق شەرقتىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانىنىڭ ئاستانىسىگە توشۇلاتتى. بۇ كارۋانلار تىك داۋانلاردا داۋاملىق يەرلىك تاغلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. بەزىدە قاتتىق جەڭلەر بولۇپ تاغ يولى جەسەتكە تولاتتى، كارۋانلار مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى جېنىنى ئاران ئېلىپ قاچىدىغان ئىشلار تولا يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا، كارۋانلار بۇ يوللاردا يالغۇز - يېرىم مېڭىشتىن ھەزەر ئەيلىشەتتى، خىل قورال - ياراغلار بىلەن قوراللىنىپ، توپلىشىپ ماڭاتتى، شۇنداقتىمۇ زىيان تارتىدىغانلار تولاراق يەنىلا كارۋانلار بولاتتى.

بۇ قېتىم تاڭ ئالدىدا قىسقا، ئەمما شىددەتلىك جەڭ بولدى. گۈلخانلار ئۆچۈپ، ھارغىن يولۇچىلارنى سەھەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسى باسقان چاغدا، تاغۇتاشلارنىڭ ئارقىسىدا ئەرۋاھتەك سىرلىق كۆلەڭگىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىدا مۈشۈكتەك يەڭگىل ھەم چەبدەس قەدەملەر بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، مۈگدەۋاتقان كۆزەتچىلەرنى جايلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئات ۋە تۆگىلەرنى يېتىلەپ چاقماق

تېزلىكىدە ئېگىز قىيا تاشلارنىڭ ئارقىسىدا غايىب بولدى. شۇ پەيتتە كىمدۇر بىرى چۇشەكىگەندەك قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتمىگەن بولسا، بەلكىم تاڭ ئاتقاندا ئويغانغان يولۇچىلار قوللىرىدا مەھكەم تۇتۇۋالغان چۇلۋۇرلارنىڭ بىرەر تاش ياكى بىرەر دەرەخكە باغلاپ قويۇلغانلىقنى كۆرۈپ بىر پەس قايغۇرغان، كېيىن جانلىرىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىشقان بولاتتى، ئەمما ئىش ئۇنداق بولمىدى. كىمدۇر بىرى چۇشەكىگەندەك قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى. كىشىلەر چۆچۈپ ئويغىنىپ، قوراللىرىنى قولغا ئېلىشتى. كارۋانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى، نى - نى جەڭلەرنى كۆرۈپ پىشقان ئاجايىپ باتۇر يىگىتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم موڭغۇل هۆكۈمرانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەشكە ئاتالغان بۇ ئېسىل سوۋغاتلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىك مىڭبېشىلىرىدىن بىرى ۋە بىر توپ جەڭگىۋار ئاتلىق ئەسكەرلەر تەيىنلەنگەنىدى.

ئۇلار قىيا تاشنىڭ ئارقىسىدىكى يانباغىرىدا بىر توپ نىقابلىق پالۋانلار بىلەن تۇتۇشتى. بىر پەستىلا تاغ باغرىنى قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى، داد - پەرياد، ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئەنسىز كىشنەشلىرى قاپلاپ، ياپيېشىل چۆپلۈك قانغا بويالدى. ھەر ئىككى تەرەپ جان - پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئىككىلا تەرەپتىن تالاپەت ئېغىر بولدى. تاڭ سۈزۈلگىلى تۇرغاندا، نىقابلىقلار جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قاچتى. بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپلا كەتسە، ئۇلارنى تۇتىمەن دېيىش دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش بولاتتى. كۆپ قىسىم كارۋانلار بۇ تاغلار ئارىسىدا تېنەپ يۈرۈپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. بۇ تاغلار ئارىسىدىكى ھەربىر تاغۇتاش، دەل - دەرەخنىڭمۇ ئۆزلىرىگە دۈشمەن ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان قىلدى. پەقەت مىڭبېشىلا ئامان قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن تاغچىلارنى

قوغلاپ ماڭدى، ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى، ئۇلار تاغلىقلار ئارىسىدا ئۆلمىسە، ئۆز ئادەملىرىنىڭ قولىدا ئۆلەتتى.

* * *

چىن تۆمۈر بىلەن كەنجىتاي كەينىگە چۈشكەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز چۆرگىلىتىپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى تاشلاپ پەقەت ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان بىخەتەر يولغا چۈشتى. يىگىتلەر ئىلگىرىكى مەسلىھەت بويىچە ئولجىلارنى ئاللىقاچان ئىشەنچلىك جايغا يوشۇرۇپ بولدى، مانا ئەمدى تىك تاغلار شالاڭلاپ، يول خېلى ئاسانلاشتى، ئۇلار ئاتلارنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئارام ئالدۇرغاچ، ئالدىرىماي كېتىپ بارىدۇ. چىن تۆمۈر ھارغىن، ئويچان، ئەمما سەگەك، دەرەخلەردىكى قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ئۈملەشلىرىنىمۇ تۇيۇپ تۇرىدۇ. كەنجىتايغا گويا ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق ھېچقانچە تەسىر كۆرسەتمىگەندەك، بارار مەنزىلدە قانداقتۇر چوڭ خۇشاللىق كۈتۈپ تۇرغاندەك، ماڭغانچە روھلىنىپ، ئېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ قارايدۇ. ياراتقۇچىنىڭ چېۋەر قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاتمۇقات يېشىل تاغلار، قاتار سانجىلغان نەيزىدەك كۆككە قاراپ تەكشى بوي تارتقان 1000 يىللىق قارىغاي ـ ئارچىلار، قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر، تاغلار ئارىسىدىن تولغىنىپ، يۆگىشىپ، چاپچىپ چىقىپ، گاھ تاغلارنىڭ ئېتىكىدە، گاھ چوڭقۇر جىلغىلاردا شارقىراپ ئاقىدىغان جىرا سۇلىرى ئۇنىڭغا گويا خىيالىي كۆرۈنۈشلەردەك، ئاشۇ سۈرەتتەك چىرايلىق مەنزىرە ئىچىدىن، قايسىبىر قارىغاي ـ ئارچىلارنىڭ ئارقىسىدىن لىپلا قىلىپ بىر گۈزەل قامەت چىقىپ

www.uyghurkitap.com

قالدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇ، يېقىن دوستى، قېرىندىشى چىن تۆمۈرنىڭ سىڭلىسىغا ئاشىق ئىدى. ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپلا، ياق، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، بىللە ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ئاشىق ئىدى. «چوڭ بولغاندا كىمنى ئالىسەن؟» دەپ سورىشىسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرماي: «مەختۇمسۇلانى!» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىراق، ئۇ چاغلاردا كۆڭۈل كىرسىز، ساپ ئىدى. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا قارىشىپ بىللە ئوينايتتى، بىر كۈنمۇ ئايرىلمايتتى. ئەمما، چوڭ بولغاندىن كېيىن بىللە بولالمايدىغان، ھەپتە ـ ئايلاپ بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. كەنجىتاي مەختۇمسۇلانى كىچە ـ كۈندۈز سېغىناتتى، كېچىلىرى ئۇنى ئويلاپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۇ، چىن تۆمۈرنى ئىزدەپ بارغان چاغلىرىدا مەختۇمسۇلانى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر خىل باھانىلەرنى ئويلاپ تاپاتتى. ياناشىدا قەستەن بىرەر نەرسىسىنى تاشلاپ قويۇپ، يېرىم يولدىن ئارقىسىغا يېنىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولاتتى. ئۇ ھويلىدا، ئىشىك تۈۋىدە مەختۇمسۇلانى كۆرۈۋالالايتتى، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىغا جان دەپ قارىشىپ بېرەتتى. ئەتىيازدا مەختۇمسۇلا ئۈچۈن باغقا رەڭگارەڭ گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى، خىلمۇخىل چىرايلىق قۇشلارنى تۇتۇپ قەپەسكە سېلىپ ئېلىپ كېلىپ بېرەتتى. مەختۇمسۇلا قۇشلارنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولاتتى، ئەمما ئۇ ئۇزاپ كېتىشى بىلەنلا قۇشلارنى قويۇۋېتەتتى. ئۇ دائىم: «بىچارە قۇشلارنىڭ ئىسسىق ئۇۋىسىدىن، جۈپتى ياكى باللىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى، قەپەسنىڭ چىۋىقىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ سايراشلىرىنى كۆرسەم چىدىيالماي قالىمەن» دەيتتى.

ئۇ مەختۇمسۇلانىڭمۇ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىنى تۇياتتى.

ئەمما، ئىمىشقىدۇر بۇ ئىشنى دوستى ياكى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولسا «توختاپ تۇرۇڭلار، تېخى ۋاقتى ئەمەس» دەيتتى. ئۇنىڭچە بولسا ئاۋۋال چىن تۆمۈر ئۆيلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، دوستىنىڭ يوغان قورۇدا يالغۇز قېلىشىنى خالىمايتتى، ئەمما ئىمىشقىدۇر چىن تۆمۈر ئۆيلىنىش ئىشىنى زادىلا ئاغزىغا ئالمايتتى. كۈنلەر بولسا ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ نەزىرىدە قارىسا كۆز يېتىدىغان، ئەمما قول يەتمەيدىغان ئايغا ئوخشىشىپ قالغانىدى.

ئۇلار كېتىۋاتقان ئېدىرلىقنىڭ ئاخىرىسى چەكسىز ھەم مۇنبەت بىنەم يەرلەرگە تۇتىشاتتى. ئالدى تەرەپتىن باش يازنىڭ غۇر ـ غۇر شاملى ئۇرۇشقا باشلىدى. كەنجىتاي قامچا دەستىسى بىلەن دوپپىسىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تونىنىڭ ئالدىنى بوشاتتى، ئۇ كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ، بىر تىنغاندىن كېيىن، مۇڭلۇق لەرزان بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى. يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىدىن چىقىدىغان، مۇشۇ تاغ يوللىرىنىڭ، مۇشۇ كۆز يەتكۈسىز مۇنبەت زېمىنىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئاھاڭلار، بۇ ناخشىلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخنىڭ يالدامىسى ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى مۇشۇ قەدىمكى ناخشىلار ئارقىلىق ئەۋلادلارغا يەتكۈزگەنىدى. شۇڭا، بۇ ناخشىلار ئۆلمەيتتى. بۇ يۇرتنىڭ باللىرى تىلى چىقىشى بىلەن تەڭ ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنەتتى، بۇ يۇرتتا ناخشىچىلار قەدىرلىنەتتى، ئەتىۋارلىناتتى. كەنجىتاي يۇرتنىڭ باتۇرلۇقتىمۇ، ناخشا ـ سازدىمۇ بار ئەتىۋارلىق يىگىتى ئىدى.

يىراقتىكى تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىسنى دەسلەپتە چىن تۆمۈر بايقىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى تىزگىنلەپ، بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى. كېيىن دېۋىتىپ، ئىس

چىقىۋاتقان تەرەپكە تەڭلا چاپتۇردى. تۆت ـ بەش چاقىرىم كەلگۈدەك تۇزلەڭ سايىنى چاقماق تېزلىكىدە بېسىپ ئۆتۈپ، ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئالدى تەرەپكە نەزەر سالدى. بۇ چاغدا چوغدەك لاۋۇلداپ يېنىپ، دۆڭلەرنىڭ ئارقىسىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش ئاسماننىڭ يېرىمىنى قىپقىزىل بويىغانىدى. ئاشۇ ھەيۋەتلىك قىزىللىقتا چۆمۈلگەن تۆپىلىكمۇ، تۆپىلىك ئۈستىدە ئالدى تەرەپكە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئىككى چەۋەندازمۇ چوغ بولۇپ يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار يېقىنلا يەردە كېسەك تاملىرى ئۆرۈلگەن، كۆيۈپ بولمىغان ياغاچلىرىدىن تېخى ئىس چىقىپ تۇرغان بىر ۋەيرانە ئۆينى كۆردى. ئۆي ئالدىدا بىر قېرى خوتۇن يىغلاپ ئولتۇراتتى. يىگىتلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى، ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. موماي ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز، ئاجىز تۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى، بىردىنبىر ئوغلىنىڭ ئاق ئاتلىق باتۇرنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەتىگەندە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئادەملىرى ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ زار ـ زار يىغلىدى. ئانىسىز چوڭ بولغان چىن تۆمۈرنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئىدى، ئۇ ئەزەلدىن تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ يىغا ـ زارىغا چىدىمايتتى، يەنە كېلىپ بۇ موماي ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يىگىتلىرىدىن بىرىنىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ، مومايغا چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتىپ:

ــ ئوبدان موما، مەن سىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي، يالغۇز سىڭلىمغا ھەمراھ بولۇڭ، ئىككىمىزگە ئانا بولۇڭ، ئىككىمىز ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىڭىز ئورنىدا سىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەيلى، ــ دېدى. مومايىنىڭ كۆز يېشى مىڭبىر يېرىدىن تۆكۈلدى، گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن

مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى:

— پالۋىنىم، سەندەك باھادىر يىگىتنىڭ ئانىسى بولۇشقا لايىق ئەمەستۇرمەن. خىزمەتكارىڭ، قۇلۇڭ بولاي، سىڭلىڭ ئىككىڭلار ئۈچۈن بېشىم بىلەن مېڭىپ، كېچە ـ كۈندۈز خىزمەت قىلاي، نامىزىمدا سىلەرگە دۇئا قىلاي...

چىن تۆمۈر باتۇر مومايىنى ئاتقا مىنگەشتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئات چاپچىپ ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى، ئامالسىز ئۇنى كەنجىتاي ئېتىغا مىنگەشتۈردى. بۇ ھالدا قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى تۇيغاندەك ئىككىسىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئەمما، موماي يول بويى كارامەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى.

ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان كاپ ـ كاپ كۈچۈك مومايغا قاراپ توختىماي قاۋاشقا باشلىدى. چىن تۆمۈر بىلەن كەنجىتاي مومايىنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋاتقاندا، كۆزلىرىدىن بۆرىنىڭ كۆزىدەك ئوت چاقنىتىپ، قورقۇنچلۇق خىرىلدىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى، ھەتتا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كايىش، جىملەشلىرىگىمۇ قارىماي، بىچارە مومايىنى تالاپ جېنىنى ئالغىلى تاس قالدى. پەقەت چىن تۆمۈر باتۇر قارنىغا بىر نەچچىنى تەپكەندىن كېيىنلا، ئازار يېگەندەك بىر چەتكە ئۆتۈپ، زوڭ ئولتۇرغىنىچە ئۇزاق ـ ئۇزاق غىڭشىدى، يەنىلا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ توختىماي قاۋىدى.

— ھايۋان بەرىبىر ھايۋانلىقىنى قىلىدىكەن ـ دە! — دېدى چىن تۆمۈر باتۇر ئىتىنىڭ ئەلپازىدىن ھەيران بولۇپ.

چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، خۇشخۇي، شېرىن سۆز، خۇداگۈي بۇ موماي ھەپتە ئۆتمەيلا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قانداق غىزاغا ئامراقلىقى، قانداق ۋاقىتتا يېتىپ، قانداق ۋاقىتتا تۇرىدىغانلىقى، مىسران قىلىچىنى نەگە قويىدىغانلىقى، مەختۇمسۇلانىڭ قايسى كىيىمى بىلەن خۇشى يوقلۇقى، قانداق

پاراڭلارغا ئامراقلىقى، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ كىملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغانلىقىغىچە بىلىپ بولدى. ئۇ ئۇلار ئامراق غىزالارنى تاللاپ ئېتىپ بېرەتتى. ئۇلار خۇش بولىدىغان ئىشلارنى تاللاپ قىلاتتى. ئۆيلەرنى چىننىدەك يىغىشتۇراتتى. ئىشىك ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچاتتى. ئاخشاملىرى چاق ئېگىرگەچ يەتتە ئىقلىمنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى، قەدىمكى پالۋانلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ، ئاغزىنى ئاچىدىغان بولسا، سۆزلەر ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك تۆكۈلەتتى، ھەرقانداق ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ قاتۇرۇپ قوياتتى، نەچچە كۈلدۈرۈپ، نەچچە يىغلىتاتتى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بۇ مومايىنى پەرىشتىدەك كۆرۈپ ئىززەتلەيدىغان، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغان بولدى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ تەتۈرىسىچە، ئېغىلدىكى ئارغىماق بىلەن كاپ ـ كاپ كۈچۈكنىڭ مىجەزى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئات توختىماي يەرنى تېپىپ پۇشقۇراتتى، كىشنەيتتى، يۇلقۇناتتى، بىر نەرسە يېمەي تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭكىدەك ئەقىللىق كۆزلىرىدىن ھەسرەت تۆكۈلەتتى. كۈچۈك توختىماي قاۋايتتى، باغلاق زەنجىرىنى ئۈزمەكچى بولۇپ ئۆزىنى ھەر يان ئۇراتتى. ئۇنىڭ سۇرلۇك ھاۋشىشلىرى كېچىلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى.

بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، موماي مەختۇمسۇلانىڭ چاچلىرىنى تاراۋېتىپ:

— ئاھ، قىزىم، خۇدايىم ساڭا ھۆسن ـ جامالنى شۇ قەدەر ئاتا قىپتۇكى، نى ـ نى شاھزادىلەرنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا ساراڭ بولمىقى ھەق ئىكەن. سەن بۇ نامرات كەپىگە ئەمەس، خان سارىيىغا لايىق ئىكەنسەن، — دېدى.

— نېمە دېدىڭىز موما؟ قانداق شاھزادىلەركەن ئۇ؟ — مەختۇمسۇلا ئەجەبلەندى.

— ھەي ئەخمەق گۈزىلىم. سەن مۈشۈ تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي نېمىنى بىلەتتىڭ، بىراق سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭ گويا پارلاپ تۇرغان قۇياش. قۇياشنى توسۇۋالغىلى بولمىغانىدەك، سېنىڭ گۈزەللىكىڭنىمۇ توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭنىڭ تەرىپى يىراق - يىراقلارغا تارالغان. ئاجايىپ ئېسىل يىگىتلەر، نى - نى بەگزادە، شاھزادىلەر سېنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئۇلار پالۋان ئاكاڭدىن قورقىدۇ.

مەختۇمسۇلا ئاكىسىدىن پەخىرلىنىپ كۈلدى. ئەتىسى ئىككىسى يالغۇز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا موماي يەنە:

— ھەي بىچارە قىزىم، سېنى كۆرۈپ ھالىڭغا ئېچىنىمەن. مۈشۈ گۈزەل ھۆسنۈڭ بىلەن ياشلىق باھارىڭ تۆت تامنىڭ ئىچىدە زايە بولۇپ كېتىپتۇ. سەن بىلەمسەن، ھۆسن ۋە ياشلىق چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدۇ. شۇڭا، پەيتنى تۇتۇپ، ياشلىقنىڭ مېغىزىنى چېقىش ھەر كىمگە راۋادۇر. ئاكاڭ بىلەن قاچانغىچە بىللە ئۆتەلەيسەن؟ بىر كۈنلەردە خوتۇندىن بىرنى ئالسا، بۇ ماكان ساڭا تار كەلمەسمۇ؟ كۆڭلۈڭگە پۈككەن يىگىتىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن، مەن مۇرادىڭلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

ئەزەلدىن مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان مەختۇمسۇلا غەزەپ ۋە نومۇستىن لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى، كايىماقچى بولدى. ئەمما، پەرىشتە سۈپەت بۇ مومايغا ئېغىز ئاچالمىدى. مومايىنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن يەنە يۇمشاپ، قەلبىدىكى پەقەت ئۆزى بىلىدىغان سىرلىرىنى مومايغا ئاشكارىلىدى.

— پاھ، كۆزۈڭ بار ئىكەن قىزىم، كەنجىتاي تېپىلغۇسىز ئېسىل يىگىت ئىكەن. بىراق، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ ئېيتىپ قوياي، قايسى كۈنى يولدا كېلىۋېتىپ، ئاكاڭ بىلەن بىر قىزنىڭ گېپىنى قىلىشىپ قالدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ماقۇلغا كەلگەنمىش. ئەمدى پەقەت قۇتلۇق بىر كۈننى بەلگىلەپ توي

www.uyghurkitap.com

قىلىشلا قالغانمىش...

مەختۇمسۇلا يۈرىكىگە خەنجەر ئۆرۈلگەندەك ئىڭرىدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەينىگە قىڭغىيىپ قالدى. ھودۇقۇپ قالغان موماي پايپاسلاپ چىقىپ، بىر قاچا سوغۇق سۇ ئەكىرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سەپتى، ئايەت ئوقۇپ ئۆرىدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ مەختۇمسۇلا زادىلا ئىچىلماس بولۇپ قالدى، چىرايى ساماندەك سارغايدى. چىن تۇمۇر باتۇر ئۇنىڭ ھالىدىن پەرىشان بولدى. مومايىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تېۋىپ - داخانلارنى چاقىرىپمۇ كەلدى، ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى.

كەنجىتاي مەختۇمسۇلانى كۆرمىگىلى بىر ئاي بولدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن يورۇق كۈنلەر زۇلمەتكە، كېچىلەر دوزاخقا ئايلاندى. ئۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭكىگە بارسا، مەختۇمسۇلا ئىشىكنى ئاچقىلى يۈگۈرۈپ چىقمايدۇ. جادۇ كۆزلىرىدىن نەچچە خىل نۇر چاقنىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلمەيدۇ. خۇددى يۈزىنى قارا بۇلۇتلار توسۇۋالغان ئۆلۈك ئايدەك، جامالىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ كەنجىتايدىن رەنجىپ قالغانمىدۇ ياكى ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ، بىر قېتىم مەختۇمسۇلانى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سىرىقلىق، پۈتۈن قىياپىتىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان دەرد - ئەلەم كەنجىتاينىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ، چىن تۇمۇر باتۇردىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى مومايدىنمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىدى، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، قولى ئىشقا بارمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى، كۆزى سەل ئىلىنسىلا قارا بېسىپ، جۆيلۈپ كېتەتتى. چۈشلىرىنىڭ تولىسى مەختۇمسۇلاغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ، ھەر قېتىم چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان چېغىدا پۈتۈن بەدىنى چىپ - چىپ تەرلەپ، ئازابتىن يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىيتتى. كۆڭلىگە چۈشىنىكسىز ئەندىشە، ۋەھىمە چۈشۈپ، مەختۇمسۇلادىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن

كۆرۈشكۈسى، ھال ـ ئەھۋالىنى بىلگۈسى كېلەتتى، ئەمما يىقىندىن بۇيان ئۆيدىكىلەر بىلەن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئارىلىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس يارنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، دىلىغۇل بولۇپ توختاپ قالاتتى. كېچىلىرى ئۇخلىيالماي چىن تۆمۈر باتۇر، مەختۇمسۇلا ئۇچى بىللە ئويناپ يۈرگەن شاد ـ خۇرام كۈنلەرنى ئەسلەيتتى، ئۆزى يالغۇز چىنارلىق ھويلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىناتتى، ئۇنىڭ مەڭزىدىن سۆيگەن، ئۇنىڭ ھىدىنى ئالغان غۇر ـ غۇر شامالغا باغرىنى تۇتۇپ: «ئەي شاماللار، مەندىن مەختۇمسۇلاغا سالام دەڭلار، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى، ساداقىتىمنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىڭلار، ئۇ ماڭا مۇنداق باغرى تاشلىق قىلمىسۇن» دەپ پىچىرلايتتى.

كەنجىتاي يەر ـ جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان بىر كېچىسى چىنارلىق ھويلىنىڭ ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلغىنىنى، ئۇزۇن قارا رومالغا پۈركەلگەن بىر گەۋدىنىڭ ئىشىكتىن غىپپىدە چىقىپ توقايلىققا بارىدىغان چىغىر يول تەرەپكە كەتكىنىنى كۆردى.

«مەختۇمسۇلا»! دەھشەتلىك بىر گۇمان ئۇنىڭ نەپسىنى بوغدى. ئۇ غەزەپ، ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمىدىن تىترىگىنىچە كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. كۆلەڭگە نېمىدىندۇر قورقۇۋاتقاندەك پات ـ پات توختاپ، ئالدى ـ كەينىگە كەينىگە قارايتتى، كۆڭلىنى تىندۇرغاندىن كېيىن، يەنە تېمىسقىلاپ مېڭىشقا باشلايتتى. خۇددى قاراڭغۇلۇققا سىڭىشىپ يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېچقانداق شەپە چىقارمايتتى. دەرياغا يېقىنلا بىر يەردە ھېلىقى كۆلەڭگە تۇيۇقسىز توختاپ ئارقىسىغا بىر قارىدى ـ دە، شارت قىلىپلا سول قاتتىكى دەرەخلىككە كىرىپ كەتتى. مۇشۇكتەك چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كەنجىتاي ئۇنىڭ ئېرىق ـ ئازگاللاردىن چاققانلىق بىلەن ئاتلاپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەرەخ شاخلىرىنى قايرىۋېتىپ، ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقىنىنى، بىر تۈپ دوڭغاق سۆگەتنىڭ يېنىدا توختاپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپقا قاراپ ئاستا ئۇچ قېتىم چاۋاك چالغىنىنى كۆردى. سىياھەتەك قاراڭغۇلۇقنىڭ قايسىدۇر بىر تەرىپىدىن جاۋابەن ئۇرۇلغان چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى، قويۇق شاخلارنىڭ غىرىسلىغان ئاۋازى، شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، يوچۇن بىر ئەر ئايالغا يېقىنلاشتى. ئۇلار دوڭغاق سۆگەت ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشكە باشلىدى. كەنجىتاي كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى. «چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن» دەپ مەڭزىنى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ باقاتتى. ياق، بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، رەھىمسىز ھەقىقەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. دېمەك، مەختۇمسۇلا شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كىمدۇر بىرى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرۈپتۇ. كەنجىتاينى بولسا ساختا نازۇ كەرەشمىلىرى، شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بىلەن ئالداپ كەپتۇ. ئەگەر شۇ تاپتا كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرمىغان بولسا، مۇنداق ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىغا كاللىسىنى ئېلىۋەتسىمۇ ئىشەنمەس ئىدى. ئەمما ... ئۇ غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن تىترەشكە باشلىدى. ئادەتتە جەڭ مەيدانىدا، دۈشمەنگە ئېتىلىش ئالدىدا ئۇنى مۇشۇنداق سۈس تىترەك باساتتى. ئۇ دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىراپ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، قىلىچىنى ئوينىتىشقا باشلىغاندىلا بۇ تىترەك بېسىلاتتى. ئۇنىڭ مەيلىچە بولسا، شۇ تاپتا بېرىپ ئاۋۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرسە، ئارقىدىن ئۆزىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشسا ... بىراق مەختۇمسۇلا ئادەتتىكى قىز ئەمەس، ئۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەمكىن قىز. ئۇ چوقۇم ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يىگىتتىن بىرىنى تاپالايدۇ. بۇنداق قىلىشقا باشقا قىزلارنىڭ ھەققى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققى بار. كەنجىتاي

چىن تۆمۈر باتۇرغا ئوخشاشلا ئۆزىنى جەڭگە ئاتنىۋەتكەن، ئۇنىڭ پۇلى، مال ـ دۇنياسى يوق. ئۇ، كۆز ئالدىدىكى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇققا قىلچە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى قوغداشقا، خىزمىتىدە بولۇشقا رازى ئىدى...

«ئاشىق ـ مەشۇق» لار ئورنىدىن تۇردى. بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پەس ئاۋازدا يەنە بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. ئارقىدىن ئايال كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى. «يىگىت» بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ، كەينىگە قاراپ ئايالغا خېلى ئۇنلۇك قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. كەنجىتاي پەقەت ئۇنىڭ: «ئەتە كەچتە... چوقۇم...» دېگەن سۆزلىرىنىلا پەرق ئېتەلىدى. ئۇ، چاقچاقلىق بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ «يىگىت» نىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇدۇل دەريا بويىغا چۈشۈپ كەتكىنىنى، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان بىر قولۋاقتا ئولتۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار كەلدى...

كەنجىتاي بۈگۈنمۇ تۈنۈگۈنكى ئورنىدا ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپىدىكى بولۇشىغا ئۆسۈپ، شاخلاپ كەتكەن پاكار ئالما شاخلىرى ئۇنى دالدىغا ئېلىپ تۇراتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان قېنىپ ئۇخلىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق ئىدى. بەلكى ئۇ كۆزلەر بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىرايتتى. ئاي كۆتۈرۈلدى. ئۇ خۇددى قىياقتەك نېپىز، نازۇك ئىدى. ئۇنىڭ يورۇقىدا تۈنۈگۈن «ئاشىق ـ مەشۇق» لار ئولتۇرغان دوڭغاق سۆگەت ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئەتراپ جىمجىت، پەقەتلا قۇشلارنىڭ چۈشەكىگەندەك ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سايراشلىرى ياكى ئۇركۇپ قانات قېقىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئەتراپىدا قۇرت ـ قوڭغۇزلار تىنماي ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى. پاقىلار ئارقا پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا سەكرىشەتتى. ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تىترەپ

تۇرغان ئايغا يەنە بىر قېتىم قارىغىنىدا، قەلبىنى سېغىنىش ۋە ھەسرەت ئوتى چۇلغىۋالدى. ئۇ، ھەمراھلىرى بىلەن گۈلخان تۇۋىدە تۈنەگەن كېچىلەردە، ئۇزاق سەپەرلەردە، ھەتتا دۈشمەن ئۇستىگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئاشۇ ئايغا تەلمۈرەتتى. ئۇنىڭدىن مەختۇمسۇلانىڭ ئەگمە قاشلىرىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ... مەختۇمسۇلا باشقا بىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ، ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەجەبا، ئۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ ئۇ مەختۇمسۇلانى ئەمدى راستتىنلا قايتا قولغا كەلتۈرەلمەسمۇ؟

كەنجىتاي ئازابتىن يارىلانغان يىرتقۇچتەك ئىڭراپ، بېشىنى ئالقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى. شۇ ھالەتتە قەلبىدىكى ھەسرەتلىرىگە بويۇن ئېگىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قولىنى قۇلىقىنىڭ كەينىگە تۇتۇپ، ئەتراپنى تىڭشىدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى، ياق، قۇلاقلىرى ئەمەس، نامەلۇم بىر سەزگۈسى غەيرىي بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئورمانلارنىڭ بوغۇق شاۋقۇنىغا، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشىشىدىغان بۇ ئاۋاز گويا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ يەر ـ جاھاننى قاپلىسا، بىر تۇرۇپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كەنجىتاي چاتقاللارنى ئارىلاپ تېزلىكتە دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. قىرغاققا چۈشۈپ ئەپلەك بىر يەنى تاللاپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، ئەمما بۇ جىمجىتلىق ئىچىگە بىر ئەنسىزلىك يوشۇرۇنغانىدى. دەريا سۈيىنىڭ شارقىرىشى، دەريا بويىدىكى ھەربىر تۇپ دەرەخ، ھەربىر كۆلەڭگە شۇ قەدەر سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. كەنجىتاي نېرىقى قىرغاققا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قاراۋېتىپ، چۆچۈپ كەتكىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

نېرىقى قىرغاقتا بىر تۇتاش قاپقارا كۆرۈنگىنى تامامەن

دەرەخ ئەمەس ئىدى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، ئادەملەر يوغان - يوغان كېمىلەرنى سۇغا سۆرەپ چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئۇ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېمىسى ئىدى. ئۇلار بۇ كېچىدە دەريادىن ئۆتۈپ نېمە قىلماقچىدۇر؟! ئۇلارنىڭ چىن تۆمۈر باتۇرنى تۇتقىلى كەلگىنى ئېنىق، ئۇنىڭ ئىشىنى ئۇلارغا مەلۇم قىلغان، بۇ زۇلمەت كېچىدە ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن لەنىتى خائىن كىمدۇ زادى؟!

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كەنجىتايىنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن چىرايلار لىپ قىلىپ ئۆتتى. بىراق، ئۇ ئالدىرىغىنىدىن ھەم ھودۇقىنىدىن ئىلگىرى - كېيىنكى ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ ئويلىنىشقا ئۇلگۈرەلمىدى، ئاخىر يول تاللاپ ئولتۇرمايلا تۆپىلىك، ئويمانلىقلارنى، ئازغانلىق چاتقاللىقلارنى ئۇچقاندەك بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ بېغىنىڭ تېمىغا ياماشتى.

كاپ - كاپ كۈچۈك ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقمىدى، ئۇ ھەيران بولدى. قورۇ ئادەتتىن تاشقىرى تىنچ ئىدى، پەقەت چىن تۆمۈر باتۇر ياتىدىغان ھوجرىنىڭ تۈڭلۈكىدىن سۇس چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ماردى. چىن تۆمۈر باتۇر ئېگىز ھەم كەڭ كات ئۈستىدە ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى قاتمۇقات ئارغامچىلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئۇزۇن رومال ئارتقان موماي كۆزلىرىنى يۇمۇپ مىسران قىلىچىنى ئېتىكىگە ئېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، قولىدىكى ئۇزۇن تەسۋىسىنى سىيرىغاچ، قورۇق بېسىپ ماكچايغان ئاغزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتاتتى. ئادەتتە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىدا كۆرەڭلىك، مېيىغىدا زەھەرلىك كۈلكە قېتىپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

كەنجىتاي ئىشىكنى تېپىلا ئاچتى ـ دە، قىپچىشقا تەمشەلگەن مومايىنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىدى. قىلىچىنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ:

— چىن تۆمۈرنى نېمە قىلدىڭ؟ ئېيتە جەددال، ئېيتمىساڭ هازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

موماي دەسلەپتە زورۇقۇپ كۈلۈپ، كەنجىتاينى ئالدىماقچى بولدى، كېيىن ئۆزىنى كەنجىتاينىڭ ئايىغى ئاستىغا ئېتىپ، ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازدا يىغلاشقا، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن بىر ئاجىز تۇل خوتۇن ئىكەنمەن، قانداق قىلاي، لەنتى بەگزادىلەر مېنى مەجبۇرلىدى، ئۇردى، قىينىدى، ئۆيۈمگە ئوت قويۇپ، كۈلۈمنى توزۇتتى...

— ئېيتە، چىن تۆمۈرنى نېمە قىلدىڭ؟

— دورا بېھوش بەردىم، هازىرلا هوشىغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ شاهزادىسىمۇ هازىر يېتىپ كېلىدۇ، گۈزەل مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ بولىدۇ...

— نېمە؟! هە... ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن ـ دە، بۇ شۇم ئويۇننى ئويناۋاتقان! مانا ئەمىسە، مۇناپىقلىقىڭغا توي، ئارمىنىڭغا يەت، ماڭە بوۋىيىڭنىڭ قېشىغا بار!

كەنجىتاي قىلىچىنى غەزەپ بىلەن شىلتىدى. مومايىنىڭ بېشى بىر بۇلۇڭغا دومىلاپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچى خۇددى كونا مازدەك بېشىغا چاپلىشىپ تۇراتتى.

— ئاھ، كەنجىتاي...

بايىدىن بېرى هەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرغان مەختۇمسۇلا ئۆزىنى يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئۇزاقتىن بۇيان بىر ـ بىرىگە تەشنا بولغان، بىر ـ بىرىنىڭ دەردىدە يەتكۈچە ئازاب تارتقان، پۇچۇلانغان ئىككى ۋۇجۇد ئۆزلىرىدىن باشقا هەممىنى ئۇنتۇپ بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتى. خۇددى باياۋاندا ئاچلىق، تەشنالىقتىن ئۆلەر هالغا كېلىپ قالغاندا، شىرىن ـ

شەربەت بۇلاق سۈيىگە ئېرىشكەندەك جانلىنىپ، قىن ـ قىنىغا سىغماي قېلىشتى. ئەمدى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ نەرسە ئايرىۋېتەلمەيتتى.

بىراق، بۇ شېرىن دەملەر بەك قىسقا بولدى. مۇدھىش دۈشمەن ئۇلارنى قورشاپ كەلمەكتە ئىدى.

* * *

ئۇلار ئۆگزىنىڭ ئەتراپىغا تاش دۆۋىلەپ پاناھ ياساپ، قوراللارنى جاي ـ جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تەييار بولدى. ئۇنىڭغىچە مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ كەلكۈندەك دەۋرەپ كەلگىنىچە ئۆيىنى 200 چامدامچە نېرىدىن مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى توپىدىن بەش ـ ئالتە ئادەم ئاجراپ چىقىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇلار دەل يېرىم يولغا كەلگەندە، چىن تۆمۈر بىلەن كەنجىتاي ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يەر چىشلەتتى.

دۈشمەن توپى ئەھۋالنى چۈشىنىپ بىر پەس جىمىپ قالدى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى مەسلىھەتنى باشقىدىن پىشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

دۈشمەن ئەمدى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۈچى ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەننى توستى. ئۆگزىگە دۈشمەننىڭ يا ئوقلىرى قار ئۇچقۇنلىرىدەك چۈشەتتى، ئۇلار يا ئوقلىرىنى تېرىۋېلىپ يەنە دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتاتتى.

كەنجىتاي سۇمبۇل چاچلىرىنى تۇماقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، بېلىنى باغلاپ يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئۈزۈۋاتقان مەختۇمسۇلاغا سۆيۈنۈش ۋە ئەندىشە ئىچىدە قارايتتى. ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ كېتەرمىكىن دەپ يۈرىكى سۇ بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن قىزى ئۈچۈن زور يانغىنغا ئايلىنىپ،

ياۋ ئەسكەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى، قەھرىلىك ئوق بولۇپ، ھەربىر ياۋ ئەسكىرىنىڭ يۈرىكىگە قادىلىشنى، بارلىقى، قىممەتلىك ھاياتى بەدىلىگە ئۇنى ھىمايە قىلىشنى چىن يۈرىكىدىن ئارزۇ قىلاتتى.

ئۈچ پالۋان ئۈچ تەرەپتىن زەربە بېرىپ دۈشمەننى يۈرەكلىك ھۇجۇمغا ئۆتەلمەس قىلىپ قويدى، بىراق تاڭ ئاتقاندا ئۇلار ئۆگزىدە ھېچقانچە ئادەم يوقلۇقىنى بەربىر بىلىۋالاتتى. شۇڭا، پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى بىلەن كەنجىتايىنى تاڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۈندىدى، ئۇلارغا ۋارقىرىدى، كايىدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىمىدى. كەنجىتايىمۇ: «ئاكا ـ سىڭىل ئىككىڭلار بىللە چىقىپ كېتىڭلار، مەن سىلەرنى ھىمايە قىلىمەن» دېدى، ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىگە گەپ ئۆتكۈزەلمەي يىغلىغۇدەك بولۇشتى. ئاخىر «ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز، ھايات قالساق بىللە ياشايمىز» دېگەن قارارغا كېلىشتى.

شەرق ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئاجايىپ ئۇزۇن كېچە بولدى، قىسقىغىنا مۇشۇ بىر كېچىدە مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم، جۇدالىق ۋە ۋىسال، رەزىللىك ۋە مەرد ـ مەردانىلىكنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلىرى يىغىنچاقلانغانىدى.

دۈشمەن ھۇجۇمىنى كۈچەيتتى. ئۈچەيلەن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە پەم ـ پاراسەت ۋە چەبدەسلىك بىلەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ تۇردى. ئەمما، ھەر نېمە قىلغان بىلەن ئۇلار ئۈچلا ئادەم، ئەتراپىنى قورشاپ كېلىۋاتقىنى ھەددى ـ ھېسابسىز دۈشمەن ئىدى. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا قەدەممۇقەدەم شىپقاپ كېلىشتى. كەنجىتاي قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ، چوڭ ئىشىكنى بۇزۇپ ھويلىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولغان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى، بىراق ئۇلگۈرەلمىدى، ئىشىكنىڭ



www.uyghurkitap.com

يېنىغا بارغۇچە بىر توپ دۈشمەن ھويلىغا بېسىپ كىردى. ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىر پەس قىر - چاپ بولدى. كەنجىتاي بىر مۇنچە دۈشمەننى جېنىدىن جۇدا قىلدى، بىراق ئۇ، تېخىمۇ كۆپ دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئېگىز بويلۇق بىر ئەسكەر كەنجىتايغا ئارقا تەرەپتىن قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ياش ھەم كۈچلۈك ۋۇجۇد ئۆلۈمگە، جۇدالىققا رازى بولمىغاندەك قاتتىق - قاتتىق سىلكىندى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئوچۇق پېتى قالدى.

مەختۇمسۇلانىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك قۇيۇلدى، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكتىن تاشتەك قاتقان يۈرىكى تىترىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى، ھەر ئىككىسى ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويغان، ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە قوللىرىدىكى قىلىچ بىلەن ئۆلۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭغىچە ئۇلار تېخى خېلى كۆپ دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ، بىر كەنجىتاي ئۈچۈن ئونلاپ دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

شۇ پەيتتە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى . پۈتۈن بەدىنى كۈمۈشتەك ئاپپاق، بوينى ئۇزۇن، پۇتلىرى ئىنچىكە، خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك ئېۋەنسىز، چىرايلىق بىر ئارغىماق ئۇدۇل كەلگەنلىكى دۈشمەننى تېپىپ، چەيلەپ، ياڭراق ئاۋازدا كىشنەپ، جەڭ مەيدانىنى زىلزىلىگە سالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاتنىڭ سۈر - ھەيۋىتىگە، گۈزەللىكىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ، قېتىپ قېلىشتى، يەنە بەزىلىرى ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى. پۈتۈن سەپ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى. ھوشىنى بالدۇرراق يىغىۋالغانلىرى ئاتقا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشتى. ئات يامغۇردەك ئوق ئىچىدە ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ سوزۇلۇپ، ئاپپاق ياللىرىنى لەپىلدىتىپ چاپقىنىچە بىر پەستىلا كۆزدىن

غايىب بولدى.

دۈشمەن ئۆزىنى رۇسلاپ يەنمۇ قىستاپ كەلدى. چىن تۆمۈر باتۇر ئۆگزىگە دۆۋىلەنگەن يوغان ـ يوغان تاشلارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۈشمەن توپىغا ئېتىشقا باشلىدى، ھەربىر تاش چۈشكەندە ئۈچ ـ تۆت دۈشمەن يىقىلاتتى، يۈز ـ كۆزى قانغا مىلىنىپ، قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلەتتى، قالغانلىرى پىتىراپ قاچاتتى. مەختۇمسۇلا ئاخىرقى بىر تال ئوقى بىلەن كەنجتايىنى چېپىپ تاشلىغان ئېگىز بوي، قىزىل يۈزلۈك دۈشمەننى ئۆلتۈردى ۋە ئوقيانى تاشلاپ ئۆگزىگە يامىشىشقا باشلىغان دۈشمەننى چېپىشقا باشلىدى. ئاكا ـ سىڭىل:

— كېلە قېنى، كېلىشە! — دەپ ۋارقىرىشىپ، چەبدەسلىك بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ دۈشمەنلەرنى كەينى ـ كەينىدىن يىقىتىۋەردى. ئۆگزىنىڭ تۆۋى جەسەت بىلەن توشتى. شۇ پەيتتە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان دادىسى ۋە ئاكىلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تېخىمۇ كۈچكە تولدى.

— سىڭلىم، دادام بىلەن ئاكىلىرىمنىڭ روھى بىزگە مەدەت بېرىۋاتىدۇ، روھىڭنى چۈشۈرمە، بىز ھەرگىز ئەسىرگە چۈشۈپ قالمايمىز! — دەپ ۋارقىرايتتى چىن تۆمۈر باتۇر.

— ياق ئاكا، مەن روھىمنى چۈشۈرمىدىم، مەن سەن بىلەن بىللە جەڭ قىلالىغىنىمدىن خۇش، — دەپ جاۋاب بېرەتتى مەختۇمسۇلا.

دۈشمەنلەرئۆينىڭ ئەتراپىغا قۇرۇق ئوتۇن، شاخ ـ شۇمبىلارنى دۆۋىلەپ ئوت قويىۋەتتى. ئوت ھەش ـ پەش دېگۈچە تۇتىشىپ، ئاسمان ـ پەلەك بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا مىراس ئۆي ـ جايى، نەقىشلىك پېشايۋانلار، ئاتخانا، يوغان ـ يوغان لىم ياغاچلار، ئېغىللار چاراسلاپ كۆيۈپ، كۈلگە ئايلانماقتا ئىدى. ئاكا بىلەن سىڭىل قىلىچلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ،



www.uyghurkitap.com

ئۆگزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ تۇردى. ئۇلار بىلەن تۇغۇلغان، بىللە ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. پەستە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىر نەرسىلەرنى دەپ توختىماي ۋارقىرىشاتتى.

ئۆگزىگە بىر توپ دۈشمەن باستۇرۇپ چىقتى. ئوت يالقۇنى، ئىس - تۈتەك ئىچىدە قۇچاقلاشما جەڭ باشلاندى. ئادەملەر بىر - بىرىنى پەرق ئېتەلمەي قارىقويۇق پومالاقلىشىپ كەتتى، بەزىلىرى كېيىملىرىگە ئوت تۇتىشىپ، بەدەنلىرى كۆيۈشكە باشلىغاندا ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ۋارقىراپ، يۇمىلاپ كېتىشەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، زەربەردەس بىر موڭغۇل مەختۇمسۇلانى دەس كۆتۈرگىنىچە ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، كۆيۈۋاتقان ئۆيدىن ئىككى قەدەم يىراقلاشماي تۇرۇپ، ئۆي غاراسلاپ ئۆرۈلدى. ئوت يالقۇنى ۋە ئىس - تۈتەك كۆككە ئۆرلىدى. چاڭ - توزان بېسىلغاندا، ئىلگىرىكى ھەيۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا توپا - كېسەك دۆۋىسى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا داردىيىپ، قاپقارا ئىس چىقىرىپ تۈتەپ كۆيۈۋاتقان ياغاچلارلا قالغانىدى.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى جەسەتلىرىنى تېزلىكتە يىغىشتۇرۇپ، كەلگەن يوللىرى بىلەن قايتىشتى. ئۇلار كۆزدىن يىتەر - يىتمەي، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

ئاخشىمى مەھەللىگە بىر توپ ئاتلىق يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلار كەنجىتاينى دەپنە قىلىشتى، ئەمما ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ جەسىتىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. شۇ پەيتتە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئارغىمىقى پەيدا بولدى. ئۇ چۇلۋۇرنى ساڭگىلىتىپ، ئەتراپتا بىر دەم ئايلىنىپ يۈردى. كېيىن ئۆي ئورنىدىن بەش - ئالتە قەدەم يىراقلىقتىكى ئۈستىنى ئوت - چۆپ قاپلاپ كەتكەن بىر ئازگالغا قاراپ

تېپىچەكلەپ، پۇشقۇرۇشقا باشلىدى. ئاتنىڭ ھەرىكىتى كۆزىتىپ تۇرغان كىشىلەر دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئازگالنى ئاختۇرۇشتى.چىن تۆمۈر باتۇر راستىنلا شۇ يەردە ياتاتتى. ئۇ تېخى ھايات ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرى يورۇق دۇنيانى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغانىدى.

*　　　*　　　*

قاتمۇقات قارىغايلىق تاغلارنىڭ باغرىدىكى كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل تۈزلەڭلىككە موڭغۇل خانىنىڭ قارارگاھى جايلاشقانىدى. قارارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان، سىرتىغا قارا قوڭۇر يوللۇق شىر تېرىسى يېپىلغان چېدىر دەل خاننىڭ چېدىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپپاق بۇلغۇن تېرىسى بىلەن ئەستەرلەنگەن ئىچ تەرىپىنى نەقىشلىك ئۈچ تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پەردە تارتىلغان كىچىك ئىشىكتىن شەكلى ۋە قۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق يەنە بىر چېدىرغا چىققىلى بولاتتى. ئۇ، خاننىڭ قوبۇلخانىسى شۇنداقلا ھەر خىل زىياپەت، كېڭەشلەرنى ئۆتكۈزىدىغان زالى ئىدى. چېدىرنىڭ ئالدىدا توقماق تۇتقان ئىككى قاراۋۇل كۆزەتتە تۇراتتى. خان چېدىرىنىڭ قارشىسىغا خان چېدىرىغا ئوخشاشلا ھەشەمەتلىك، ئەمما سىرتىغا تەڭگە گۈللۈك يولۋاس تېرىسى، ئىچىگە قارا بۇلغۇن تېرىسى تۇتۇلغان يەنە بىر چېدىر — شاھزادىنىڭ چېدىرى جايلاشقان. خان بىلەن شاھزادىنىڭ چېدىرىنىڭ ئارقىسىغا خانىكە (خانىكە — خاننىڭ چوڭ ئايالى.)، بىكەچ (بىكەچ — خاننىڭ باشقا ئاياللىرى ۋە شاھزادىنىڭ ئاياللىرى.) لەرنىڭ چېدىرلىرى قاتار - قاتار ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ چېدىرلارمۇ ھەشەمەتتە ئالدىنقى

چېدىرلاردىن قېلىشمايتتى. سىرتىغا ۋە ئىچى تەرىپىگە ئېسىل مويلار تۇتۇلغان، تۆۋرۈكلىرىگە نەپىس ھەم كۆركەم نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئارغامچىلىرىمۇ مەشۇتتىن ئىدى.

ئاياللارنىڭ چېدىرلىرىنىڭ ئىچىمۇ ئالاھىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تا ئىشىك تۈۋىگىچە قېلىن كىگىز، يىلپىز ياكى يولۋاس تېرىسى، تۆرگە كىمخاب پەردىلەر سېلىنغانىدى. بۇلۇڭدىكى زەرلىك شايى چىمىلدىق ئىچىدىكى شاھانە كارىۋاتقا سېرىق تاۋاردىن تىكىلگەن قېلىن يوتقان ـ كۆرپىلەر تىزىلغانىدى.

ئاق رومىلىنى چېكىلەپ چىگىۋالغان مەختۇمسۇلا چىمىلدىق ئىچىدىكى كارىۋاتتا كۆزلىرىنى چېدىرنىڭ تورۇسىغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سەل جۇدىگەن، تاتىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى. ئەكسىچە، تاتىراڭغۇلۇق ئۇنىڭغا بىر خىل لاتاپەت بەخش ئېتىپ، كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان، كىرپىكلىرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن، قاشلىرىنى تېخىمۇ تىك ۋە سىپتە كۆرسىتەتتى. چوڭقۇر بىر ھەسرەت، زادىلا يوقالمايدىغان، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر خىل غەمكىنلىك ئۇنىڭ ئاشۇ قىياپىتىگە كىچە ـ كۈندۈز ھەمراھ ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ بىر قېتىممۇ كۈلۈپ باقمىدى، ئۆزلۈكىدىن ياسىنىپ، پەرداز قىلىپ، ھەسەن ـ ھۈسەندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاراپمۇ باقمىدى.

ئۇ ئاشۇ كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئۆلۈمنى ئويلايتتى. ئاشۇ كۈنى سەھەردە ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قەپەسكە ئوخشىشىدىغان موڭغۇل بېگىنىڭ چېدىرىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. بېشىدا قاراپ تۇرغان قارامتۇل ياپپاڭ يۈزلۈك، تەمبەل كەلگەن قېرى خوتۇن ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقىنىنى كۆرۈپ، بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ

كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي بىر ئەر كىشىنى باشلاپ كىردى. 30 ياشلاردىن ئاشقان بۇ ئەر كىشىنىڭ تۇرقىدىن دۆلەتمەن ئادەملەرگە خاس ھاكاۋۇرلۇق، شۇنداقلا چوڭ خەلقلەرگە خاس قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، مەختۇمسۇلاغا بىر قولغا، بىر ياخشى ئاتقا ياكى بىرەر ئېسىل قىلىچقا قارىغاندەك ھەۋەس بىلەن سىنچىلاپ قارىدى، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي كۈلدى. قولىنى ئۇزىتىپ، مەختۇمسۇلانىڭ كۆرپە ئۈستىگە چېچىلغان چاچلىرىنى سىلىماقچى بولدى. نەدىن كەلگەن كۈچكىن، مەختۇمسۇلا چايان چاققاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئېتىلىپ بېرىپ يەردىكى داستىخان ئۈستىدە تۇرغان خەنجەرنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇچىنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە توغرىلىدى. ئۇنىڭ چوغدەك يانغان كۆزلىرى ئاكىسى بىلەن كەنجتايىنى ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە غەزەپلىك تىكىلگەنىدى. كۈچلۈك غەزەپ ۋە ھاياجاندىن كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى. موڭغۇل خوتۇن بىلەن ئەر كىشى ھودۇقۇپ قالدى. شۇ چاغدا سىرتتىن كىرگەن بىر قاراۋۇل ئارقا تەرەپتىن كېلىپلا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئايرىلمايدىغان، يېنىغا قايچا ـ پىچاقتەك نەرسىلەرنى يېقىن يولاتمايدىغان بولۇشتى. كۆپ ئۆتمەي شاھزادە كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مەختۇمسۇلانى نىكاھىغا ئالدى. مەختۇمسۇلا ھاياتىدا تۇنجى قېتىم دۈشمىنىنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل چىرايىدىن، دۈشمىنىگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان تېنىدىن يىرگەندى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى ئويۇۋالغۇسى، ناپاك تېنىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكۈسى كەلدى. ئۇ، پەقەت ئۆلۈمنىلا ئويلايتتى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ غىزامۇ يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي

يېتىۋالدى. ئۇنى ئالداپ بېقىشتى، قورقۇتۇپ بېقىشتى، يېمەكلىكنى ئاغزىغا زورلاپ تىقىپ بېقىشتى...

بىر كۈنى ئۇ يېقىملىق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ يېنىدا ھەر كۈندىكى موڭغۇل خوتۇن ئەمەس، 15 ـ 14 ياشلاردىكى چىرايلىق بىر قىز بالا تۇراتتى. ئۇلار ئايشە ئىسىملىك بۇ قىزنى مەختۇمسۇلاغا دېدەكلىككە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېلىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى، گەپلىرى مەختۇمسۇلاغا خۇددى ناخشىدەك چىرايلىق ئاڭلاندى. مەختۇمسۇلانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ــ مەختۇمسۇلا ئاچا، غىزا يەڭ، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئاكىڭىز چىن تۆمۈر باتۇر سىزنى دەپ ياشاۋاتىدۇ، ئەگەر سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز چىن تۆمۈر باتۇر قانداق قىلىدۇ؟

ــ نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە! ــ مەختۇمسۇلا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلدى. ئايشە بايىقى سۆزنى يەنە بىر تەكرارلىدى ۋە ئۇنىڭغا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ھايات قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارغىماق ئېتى بىلەن كاپ ـ كاپ كۆچۈكىنىڭمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى، دوستلىرى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئۆيىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كاتتا ئۆي سېلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر كۈنى دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ مەختۇمسۇلانىڭ يولىغا تەلمۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ خەۋەر مەختۇمسۇلاغا قايتا ھاياتلىق بەخش ئەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى، چېچىگە ئاتلىق موڭغۇل خوتۇنغا غىزا، چاي ئەكەلدۈرۈپ، تويغۇچە يەپ ـ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېچە ـ كۈندۈز قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولدى.

شاھزادە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى تەقدىرگە تەن بەرگەنلىك، دەپ چۈشىنىپ، خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتتى. مەختۇمسۇلانىڭ تەرسالىقى، باتۇرلۇقى، قارشىلىقلىرى ئۇنىڭ مەختۇمسۇلانى ئىگىلەش، بويسۇندۇرۇش ھەۋىسىنى ھەسسىلەپ

كۆچەيتىۋېتەتتى. ئۇ، مەختۇمسۇلادىن بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنى قىممەتلىك جاۋاھىراتلار، ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن دۆلەت ئىشى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇدى. شاھزادىنىڭ يات خوتۇننى ئېلىشىغا ئەزەلدىن نارازى بولغان خانىكە ـ بېكەچلەر ئەمدى دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قېلىشتى. ئۇلار بىرلىشىپ خانغا ئەرز قىلىشتى. خان قاتتىق غەزەپلىنىپ، شاھزادىنى غەربكە — يىراق ئەللەردىكى توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە مەختۇمسۇلانىڭ قورساق كۆتۈرگەنلىكى ئاشكارىلاندى. خانىنىڭ ئوغۇل نەۋرىسى يوق ئىدى. بۇ خەۋەر خاپىلىقنى خۇشاللىققا ئايلاندۇردى. شاھزادە ئامالسىز چوڭ خوتۇنىنىڭ چېدىرىغا كۆچۈپ چىقتى. مەختۇمسۇلانى بېقىش ۋە كۈتۈشكە يېڭىدىن دېدەك، قاراۋۇللار كۆپەيتىلدى.

ئۇ دەل ئەتىيازدىكى قۇرۇقچىلىق كۈنلەر ئىدى، مەختۇمسۇلانىڭ سىزىكى بەكمۇ قاتتىق بولدى. ئۇنىڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە كۆڭلى ئېلىشاتتى، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى. قەپەستەك چېدىر، ئاچچىق تېرە پۇرىقى، تۆردىكى تەكچىگە تىكلەپ قويۇلغان ئەۋلىيا ناتىگەينىڭ ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەيكىلى، شاھزادىنىڭ چىرايى.. ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرى زادىلا ئېچىلمايتتى، كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. شاھزادە بىلەن چېچەكى ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە، بالىنىڭ ساغلام تۇغۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، مەختۇمسۇلانىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىشىگە يول قويىدىغان بولدى. پەقەت بىرلا شەرت — ئۇنىڭغا نۇرغۇن دېدەك، قاراۋۇللار ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدى.

مەختۇمسۇلا تاغلارنىڭ، دۆڭلەرنىڭ نېرىسىغا، چېدىر ـ بارگاھلار كۆرۈنمەيدىغان يەرگە بېرىپ، يۇرتىنىڭ ئاسمىنىغا

يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇدۇل تەرەپتىن سوققان غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ يۈرتى تەرەپتىن ئالما چېچەكلىرىنىڭ ھىدىنى، كىشىلەر كەچلىك غىزاغا ياققان ئوتنىڭ ئىسىنى، بۇغدايلىرى تەكشى ئۈنۈپ چىققان بىنەم يەرلەرنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاق ئولتۇراتتى. خىيالىدا ئۆزىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ، ئاكىلىرىنىڭ، كەنجىتايىنىڭ ئىزى ساقلانغان قەدىم جايدا كۆرەتتى. ئىشىك ئالدىدىكى ئاسمان - پەلەك چىنارنى، چىنار ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرىدىغان، ئاكىسى چىن تۆمۈرلا مىدىرلىتالايدىغان يوغان قارا تاشنى، تورۇسى ئېگىز، گۈللۈك ئويۇقلىرىغا قەدىمكى چىنە - قاچىلار تىزىلغان، گىلەم سېلىنغان خىرە يورۇق ساراي، ئۆي - ھوجرىلارنى، تۆپىسىدە كەپتەر گۇگۇلداپ تۇرىدىغان ئېغىل - سامانخانا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى، ئالمىلىق بېغىنى ئايلىناتتى. ئۇ، ئېسىنى بىلگەن ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئاشۇ ماكانىنىڭ شاد - خۇرام مەلىكىسى ئىدى. مېھرىبان دادىسى بىلەن پالۋان ئاكىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇمۇ ئۇلار ئۇچۇن جان - دىل بىلەن كۆيۈپ - پىشاتتى. ئۆيلەرنى، ئوچاق باشلىرى، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى سىيرىپ سۈپۈرەتتى، ئاش ئېتىپ، چاي قايناتاتتى، ئارغىماق ئاتنىڭ، كاپ - كاپ كۈچۈكنىڭ، مۈشۈكلىرىنىڭ، كەپتەرلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئاشۇ قورۇ، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە، ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاق ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش، شۇنچە يېقىن ئىدىكى، دادىسى بىلەن ئاكىسى قويغان نەرسىسىنى تاپالمىسا، ئۇ بىردەمدىلا تېپىپ بېرەلەيتتى.

ئاكىسى ۋە كەنجىتاي بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىغاندا، «ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان» يەرلەرگە مۆكۈۋېلىپ، ئىككىسىنى نەچچە ئاش پىشىم ئىزدىتەتتى...

ئاشۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە كەنجىتاينىڭ يۈرىكى،

www.uyghurkitap.com

ساداقىتىنىڭ يالدامىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئەجەبمۇ خاسىيەتلىك ئىدى. ئۇ، بىرەر تال نوتىنى نەم يەرگە سانجىپ قويسا تۇتۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ قولى تەگكەن ئالمىلار ئۇخشاپ كەتكىنىدىن شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى. ئۇ كۆچۈرۈپ بەرگەن قىزىلگۈل خۇددى دەرەختەك تۈۋلەپ، ئوتتەك لاۋۇلداپ ئېچىلىپ كېتەتتى. قىزىلگۈل پەسلىدە باغدىن كېچىچە بۇلبۇل ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ تۇزەپ بەرگەن چاق باشقىچە يەڭگىل بولۇپ كېتەتتى... چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنى بىردەم كۆرمىسە چىديالمايتتى. ئۇ بىرەر كۈن كەلمەي قالسا، مەختۇمسۇلا يولىغا تولا قاراپ، ئىشىك ئالدىغا نەچچە چىقاتتى، كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.. كەنجىتاي ئارمان بىلەن كۆزلىرى ئوچۇق كەتتى. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلەلمىدى، كۆزىنى ئۆز قولى بىلەن يۇمدۇرۇپ قويالمىدى، ئۇنىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ قۇچاقلاپ يىغلىۋالالمىدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەنجىتايدىن باشقا ئادەم سىغقان ئەمەس ئىدى. ئۇ، كەنجىتاي بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈشنى، ئۇنىڭدەك قاۋۇل، ئەقىللىق ھەم چىرايلىق باللارنى تۇغۇپ قاتارغا قوشۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئارزۇسى باللىق، ياشلىق ۋاقىتلىرى قالغان ئاشۇ قەدىم جاي بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان كەنجىتاي ئەنە شۇنداق ئارماندا كەتتى، ئاكىسى چىن تۆمۈر بولسا، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئايرىلدى. ئۆزى بولسا، يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ، نەچچە يىل بىر قازاندا قايناتسىمۇ قېنى قوشۇلمايدىغان قالماق شاھزادىسىگە خوتۇن بولدى. ئاھ خۇدا! شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقىدا مىدىرلاۋاتقىنى ئۇنىڭ دۈشمىنىنىڭ پۇشتى. ئۇ ئۆز تېنىدىن، ئۆز تېنىدىكى تىنىمسىز ھايات ئىگىسىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇ دۈشمەنىنىڭ ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىۋاتقان، يۈركى ئۆچلۈك ۋە زەردابتىن يېرىلغۇدەك بولغان

پەيتلەردە ئۇنىڭ تېنى ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆز تېنىنى رەھىمسىزلەرچە قىيىنىدى، ئازابلىدى، كېچىلىرى قوپۇپ قولىغا چىققان نەرسە بىلەن قورسىقىغا ئۇردى، تولغاندى، سەكرىدى، نەچچە قېتىم ئايشەگە «قورسىقىمغا تەپكىن» دەپ بۇيرۇدى، يېلىندى، تىللىدى. ئايشە قورقۇپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. بىر كېچىسى ئۇ ئۆز ــ ئۆزىنى ئازابلاۋاتقاندا، ئاغرىققا چىدىماي ئىڭراپ سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن چېچىگى ئۇنىڭ بېشىدا ئۆرە ئولتۇرىدىغان بولدى. قورسىقىدىكى «هازازۇل» مۇ ئۇنىڭ بىلەن تەرسالارچە ئېلىشتى، بارغانسېرى كۈچلىنىپ، ئۇنىڭ قورساقلىرىغا توختىماي تېپىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قورسىقى كۈندىن ــ كۈنگە يوغىنىدى. شاهزادە ئۇنى كۈندە بىر قېتىم يوقلاپ كېلەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، چېچىگىدىن ئىشتىھاسىنى، قانداق غىزا يەۋاتقانلىقىنى سورايتتى. ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ تاپىلايتتى. كېيىن يوتقاننى قايرىپ مەختۇمسۇلانىڭ قورسىقىنى سىلايتتى، قورسىقىغا قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشايتتى. «هازازۇل» نىڭ تېپىچەكلەشلىرىنى سەزگەندەك بولسا، خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلەتتى، كۆرەڭلىك بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە:

— پاھ، بۇنىڭ تېپىشلىرىنى! چىڭگىزنىڭ ئەۋلادى مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك بولىدۇ، قارىغاندا بۇ ئوغۇل ئوخشايدۇ! — دەيتتى.

مەختۇمسۇلا قورقۇنچ ۋە نەپرەت ئازابلاشقان چۈشىنىكسىز ۋەھىمە ئىچىدە ۋۇجۇدىدىكى هاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتەتتى.

ئۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. نامازشام بىلەن تەڭ مەختۇمسۇلانىڭ قورسىقى ئاغرىشقا باشلىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان مەختۇمسۇلاغا سەپسېلىپ كېلىۋاتقان چېچىگى مەختۇمسۇلانىڭ چىرايىغا قاراپ بىردىنلا ئالدىراپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئايشەنى ۋە باشقا دېدەكلەرنى بۇيرۇپ ئىسسىق سۇ، پاكىز لاتا تەييارلاتتى، چېدىرنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم يېپىپ، ئەر كىشىلەر ۋە يات ئادەملەرنىڭ كىرىشىنى توستى. ئارقىدىن تاختا پەردىكى ئەۋلىيا ناتىگەينىڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھەيكىلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن شام يېقىپ قويۇپ، ئىككى قولىنى جۈپلىگىنىچە يەردە دۈم يېتىپ، ئۇزاق دۇرۇت ئوقۇدى، كەينى ـ كەينىدىن يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ لاپ ـ لاپ يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىدا مىس رەڭ تۈسكە كىرگەن، ئىخلاس ۋە ھاياجان تەپچىپ تۇرغان چىرايى ناتىگەينىڭ يېنىدىكى سۈرلۈك ئىلاھە ھەيكىلىگە ئوخشىشىپ قالغانىدى.

يېرىم كېچىدە مەختۇمسۇلانىڭ تولغىقى كۈچەيدى. گويا كىمدۇر بىرى ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن ئىچ ـ باغرىنى قىزىق ياغدا داغلاۋاتقاندەك، ئۈستىخانلىرىنى غاراسلىتىپ پارچىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ چىدىغۇسىز، توسۇۋالغۇسىز دەھشەتلىك ئاغرىق دەستىدىن چىپ ـ چىپ تەرلەپ تولغىناتتى، ئىڭرايتتى، بوغۇلاتتى، ئۆزىنى ھەر يانغا تاشلايتتى. پۇت ـ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان خوتۇنلار ئۇنىڭغا: «ئىنجىقلا!»، «ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت» دېيىشەتتى. ھەر قېتىم ئاغرىق ئەۋجىگە چىققاندا تەگسىز ئازابلىق بىر قاراڭغۇلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بىھوشلىنىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك ئالىيىپ، نەپەسى توختاپ قالاي دېگەندە ئېچىدە: «ئاھ، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشاللىناتتى، ئۆلۈمنىڭ قوللىرىغا مەھكەم ئېسىلماقچى بولاتتى، بىراق ھەر قېتىم ئۆلۈم ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتەتتى. ئۇ يەنە دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تولغىنىشقا باشلايتتى.

ئۇ ساق بىر كېچە تولغاق ئازابىنى تارتتى. چارچاپ، قىينىلىپ تامامەن ھالىدىن كېتەي دېگەندە قوزغالغان يەنە بىر قېتىملىق تولغاقتىن ئۇنىڭ بەدىنى كىرىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، بەدىنىنىڭ «چىرىس» قىلىپ يېرىلىشقا باشلىغانلىقىنى

سەزدى ۋە جان تالىشىۋاتقاندەك قاتتىق چىرقىراپ جىمىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە بوۋاق بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى چېدىرنى بىر ئالدى. ئۇ، بىھوشلۇق ئىچىدە خوتۇنلارنىڭ: «ئوغۇل ئىكەن، ئوغۇل!»، «شاھزادىگە خەۋەر قىلايلى» دېيىشكىنىنى ئاڭلىدى. ھەممەيلەن ئەمدىلا: «ئۇھ» دېيىشكەندە، مەختۇمسۇلا يەنە بىر قېتىم دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىدى، چېچىگى يۇگۇرۇپ كېلىپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئايىغىدا بىر دەم ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، خۇش بولغىنىنى ياكى ئەندىشە قىلغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاۋازدا:

— ئوھوي، قوشكېزەك ئىكەن! — دەپ توۋلىدى. مەختۇمسۇلا ھوشىدىن كەتتى.

* * *

مەختۇمسۇلا ئوخشاش يۆگەككە يۆگىلىپ، ئىككى تەرىپىدە ياتقان بىر جۈپ بوۋاققا ھېلىدىن ـ ھېلىغا تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى.

قىزىق ئىش، ئۇ بالىلارنى قولىغا ئالغاندىن تارتىپلا، ئۇنىڭ «ھازازۇل» لارغا بولغان ئۆچمەنلىكى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئەكسىچە، قەلبىدە پەيدا بولغان يېڭىچە ئىللىق بىر سېزىم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى ئۇ بالىلىرىغا قارىماسلىققا، يىغلىسىمۇ كارى بولماسلىققا تىرىشتى، بىراق چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ باللىرىغا قارىغانچە ھەيران قالدى، ئامراقلىقى كەلدى، ئاخىر قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. تويغۇچە ئېمىپ، مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغۇللىرىنىڭ يۇمران مەڭزىگە سۆيدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت بىلەن ئۆچمەنلىك تەڭلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن بىگۇناھ پەرزەنتلىرى

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئۆزى كېچە ـ كۈندۈز ئۆلۈمنى تىلەيدىغان دۈشمىنىگە، قەپەسكە ئوخشايدىغان ھەشەمەتلىك چېدىرغا باغلاپ قويىدى.

مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىغا ھەسەن ـ ھۈسەن دەپ ئات قويىدى. بىر جۈپ بۆشۈك ياسىتىپ، ئوغۇللىرىنى بۆشۈككە بۆلىدى. قوشكېزەكلەرنىڭ چىرايى بىر ـ بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشاتتى، بىرى يىغلىسا، يەنە بىرىمۇ تەڭلا يىغلايتتى، بىرى ئاغرىسا، يەنە بىرىمۇ تەڭلا ئاغرىپ قالاتتى. مەختۇمسۇلانىڭ كۈنلىرى ئىككى بۆشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتەتتى. ئۇلارنى ئېمىتەتتى، بۆشۈكنى تەۋرەتكەچ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئەللەيلەيتتى. بۆشۈكتىن يېشىۋېلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك بۇدرۇق تېنىگە، پىلتىڭلاشلىرىغا، بىر يەرلىرى ئۆزىگە، بىر يەرلىرى دادىسىغا ئوخشىشىدىغان چىرايىغا سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ تېنىدە ئېقىۋاتقان قاننىڭ يېرىمى ئۇنىڭ — رۇستەم پالۋاننىڭ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ، شىرمۇھەممەد، شىر ئېلى، شىرزاتلارنىڭ؛ قالغان يېرىمى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ. ئەمما، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ چوڭ بولسا، باشقىلارنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان، خەلققە زۇلۇم سالىدىغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باسمىچىلىرىغا قوشۇلۇپ كېتەرمۇ؟ ياق، مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدىلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ باسمىچى بولۇپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ. ئوغۇللىرىغا ئىنساب، ئادەمگەرچىلىك، راستچىللىقنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ، كېچىلىرى ئوغۇللىرىنىڭ بۆشۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا رۇستەم پالۋان ۋە چوڭ ئاكىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، ئامراق ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇر، ئۇنىڭ ئارغىماق ئېتى ۋە كاپ ـ كاپ كۇچۇككى توغرىسىدىكى ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى... سۆزلەپ بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوغۇللىرىغا ئەمەس، ئۆزىگە سۆزلەيتتى، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيتتى، قايغۇ ـ

ھەسرىتىنى، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنى ئامال بار ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى..

*　　　*　　　*

شاھزادىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا كۆرگەن بىر جۈپ ئوغلى ئۇنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى. خانمۇ ھەرەم بېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا نەۋرىلىرىنى كۆرگىلى كەلدى. چېچىگى باللارنى بۆشۈكتىن يېشىپ قىپيالىڭاچ قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— نېمىدېگەن قاۋۇل، نېمىدېگەن چىرايلىق باللار - ھە! قاڭشىرى بىلەن قېشى ئانا جەمەتىنى، قالغان يەرلىرى پۈتۈنلەي بوۋامنى تارتىپتۇ. بوۋام شۇنداق كەڭ مۈرىلىك، زەبەردەس، جەمەتىمىز ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن ئادەم ئىدى، — دېدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئانا - بالا ئۇچەيلەننىڭ ھالىدىن ئالاھىدە ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. خەيرلىك بىر كۈننى بەلگىلەپ، نەۋرىلىرىنىڭ شەرىپىگە كاتتا بەزمە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى ۋە يىراق - يېقىندىكى بەگلەرگە خەۋەرچىلەرنى ماڭدۇردى.

بەلگىلەنگەن كۈن يېقىنلاشقاندا، تەرەپ - تەرەپتىن ئاتلىق، ھارۋىلىق ئەزىز مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئات - ھارۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا سوۋغاتلىق ئېسىل ئاتلار، يۈك - تاق ھارۋىلىرى بار ئىدى. سوۋغاتقا ئېلىپ كېلىنگەن ئاتلار 36 ياكى 81 بولاتتى، باشقا سوۋغاتلارنىڭ سانىمۇ شۇنچە بولاتتى. ئاق ئات، ئاق رەڭلىك سوۋغاتلار ئالاھىدە ئەتىۋارلىناتتى، شۇڭا سوۋغاتلارنىڭ ئارقىسىغا ئاق رەخت قوشۇپ قويۇلاتتى. ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغا - سالاملار بىر - بىرىدىن ئېسىل ۋە ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە يېگى چېدىر

تىكىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن قوي ـ كالا، ئات ـ تۆگىلەر سويۇلدى. يوغان ـ يوغان كۈپ، كومزەكلەردە ئۇزاق يىل ئېچىتىپ ياسالغان مەي ـ بوزىلار تەييارلاندى. يەتتە ئىقلىمنىڭ ھۆل ۋە قۇرۇق يېمىشلىرى، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر تەقلەندى. موغۇل دالالىرىنى كۆيلەيدىغان، قەدىمىي ھەيۋەتلىك ناخشىلارنى ئېيتىشقا ماھىر قېرى ئۆلەنچىلەر، شوخ، جۇشقۇن ناخشا ـ سازلىرى بىلەن سورۇننى قىزىتىدىغان ياش سازەندىلەر، گۈزەل ئۇسسۇلچى قىزلار يىغىلدى. چېدىرلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈككە شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ خان، شاھزادە ۋە خانىكىلەر ئۈچۈن ئېگىز سۇپا، تەخت تەييارلاندى، ئەتراپىغا ۋەزىر، سەركەردىلەر، تۈمەن بېگىلەر، مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلار ئۈچۈن مەرتىۋىسىگە قاراپ رەت بويىچە ئورۇنلار ھازىرلاندى.

بەلگىلەنگەن كۈنى ھەممە مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندا، خان مۇلازىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇپىدىكى تەخت ئۈستىدە جەنۇب تەرەپكە يۈزلىنىپ ئولتۇردى. مۇلازىملار ئۇ يېنىدىن ئايرىمايدىغان، كۆندۈرۈلگەن شىر بالىسىنىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە شاھزادە، سول تەرىپىگە خانىكە، خانىكىنىڭ ئارقا تەرىپىگە شاھزادىنىڭ خوتۇنلىرى جايلاشتى. تەييار بولۇپ تۇرغان مۇلازىملار شۇ ھامان پەتنۇس ـ لېگەنلەرگە ئېلىنغان ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى، پىششىق گۆش، چۆجە ۋە ئۈچار قاناتلارنىڭ گۆشىدە قىلىنغان كاۋاپلار، يەل ـ يېمىشلەرنى تۆكمە قىلىپ تىزىۋەتتى. مېھمانلار يەپ بىر يەرگە بارغاندا، مەي ـ بوزىلار تارتىلدى، يەپ ـ ئىچىش ئەۋجىگە چىققتى. موغۇل ئاياللىرىمۇ يەپ ـ ئىچىشتە ئەرلەردىن قېلىشمىدى. ئەرلەرنى چۈشۈرىدىغان، قىزىتىدىغان چاقچاقلارنى قىلىپ، ئۇلارنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا تارتىپ، سورۇننى قىزىتىۋەتتى. سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلارمۇ ئۆز ماھارىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا باشلىدى. ئانا يۇرت، موغۇللارنىڭ

قەھرىمانلىقلىرى كۈيلەنگەن قەدىمكى ناخشىلار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ياش كەلتۈرسە، شوخ، چەبدەس ناخشا ـ ئۇسسۇللار يۈرەكلەرنى ئويناتتى، قانلىرىنى قىزىتاتتى. ئويۇن ـ تاماشا، مەيخورلۇق كەچكىچە داۋاملاشتى.

كەچ كىرگەندە، مۇلازىملار ھەرئون قەدەم ئارىلىقتا گۈلخانلارنى يېقىۋەتتى. ئىچىملىكتىن چىرايى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشقان كىشىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشتى. مەست بولغانلىرى ئولتۇرغان يېرىگىلا يىقىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئەتىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، يەنە يەپ ـ ئىچىشتى، ئويناشتى. ئويۇن ـ كۈلكە، تاماشا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلدى. بەزمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ناھايىتى ئابرۇيلۇق، ئېسىل نەسەبلىك بىر تۆمەنبېگى ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چاڭ تۇرۇۋالدى. مەختۇمسۇلا ئۇنىمىدى. بەگ: «مەختۇمسۇلا تىلىكىمنى ئىلىك ئالمىدى» دەپ رەنجىگەندەك قىلىپ، يېمەي ـ ئىچمەي ئولتۇرۇۋالدى. شاھزادە: «بۈگۈن بەگنىڭ دېگىنىنى قىلسىلا، قانداق تەلىپى بولسا ئورۇندايمەن» دەپ بىر مۇلازىمنى مەختۇمسۇلانىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

مەختۇمسۇلا: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن شاھزادە مېنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇش ئىختىيارىمنى چەكلىمىسۇن» دەپ شەرت قويدى. شاھزادە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ماقۇل بولدى. مەختۇمسۇلا بېشىدىن رومىلىنى ئېلىپ تاشلاپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. يەرلىك بەگلەردىن بىرى باشلاپ كەلگەن بىر تەمبۇرچى تەمبۇرنى مۇڭلۇق ھەم كۆپ ئۆزگىرىشلىك بىر كۈيگە چېلىۋىدى، سورۇن يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا چۆمدى. مەختۇمسۇلا ئۆزىنى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۇرتى، ئۆز ئۆيى، ئاكىسى، مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ گۈلى، چاقماقتەك چەبدەس كەنجىتاي جانلاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن

ئېتىلىپ چىققان پىغان ئاجايىپ نەپىس تەن ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا كەنجىتاي بىلەن بىيىقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، دەريا بويىدىكى توقايلىقتا قوغلىشىپ يۈرگەندەك تۇيۇلدى، بارا ـ بارا قەلب ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئىتىز ـ يايلاقلار، ئىگىسىز جەسەتلەر، خارابىلىككە ئايلانغان ئۆيلەر... بېشى تېنىدىن جۇدا بولغان كەنجىتاي كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ كەنجىتاينىڭ يۈزىنى سىلىماقچى بولۇپ قوللىرىنى ئۇزىتاتتى، تولغىناتتى، پىرقىرايتتى، گاھ يەرگە، گاھ ئاسمانغا تەلپۈنەتتى، نالە، ئىلتىجا قىلاتتى.ئۇنىڭ قىياپىتى گاھ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈلگە، لەرزان تال چىۋىقىقا ئوخشىسا، گاھ ئوق تەگكەن كېپىنەككە، مۇلدۇر سوققان ياپراققا ئوخشايتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى... ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان مۇنداق پۇخادىن چىققۇچە ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغانىدى. ئۇ يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن شامالدەك تېز پىرقىراپ، ئاخىر يەرگە يىقىلدى، سۇمبۇل چاچلىرى قىلىن پەردىدەك يېيىلىپ تېنىنى توسۇۋالدى.

تىمتاسلىقتا چۆمگەن ئالامان ئىچىدىن بىردىنلا كۈچلۈك قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئۇنى دېدەكلەر كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. بەگ مەردانىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق قارا تورۇق ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى ـ دە، ئۇنى مەختۇمسۇلانىڭ چېدىرى ئالدىغا باغلاپ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى. بەيگىلەردە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ئات ئۇزاقتىن بۇيان ھەممە ئەرلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ كېلىۋاتاتتى. شاھزادىمۇ ئۇنىڭدەك ئابرۇيلۇق ئادەم بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا ئات ھەققىدە ئېغىز ئاچالماي كەلگەنىدى. بىراق، ئۇ ئېسىل ئاتنىڭ ئاخىر ئامراق ئايالىنىڭ چېدىرى ئالدىغا باغلانغىنىدىن ئانچە

خۇشال بولمىدى. ئەكسىچە قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك شۈكلەپ كەتتى.

قوشكېزەكلەر كۈندىن - كۈنگە ئەت ئېلىپ، بوي تارتىپ چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلار ئوخشاش ئاۋازدا گۈگۈراپ بىر نېمىلەرنى دەيدىغان، ئانىسىنى كۆرسە خۇشاللىقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان بولغانىدى. ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن باشقا بىرى ئالسا قىرقىراپ يىغلىشاتتى، ئانىسى قولىغا ئالغاندىلا ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ، تويغۇچە ئېمىپ، مەڭزىلىرى ياش پېتى ئۇخلاپ قالاتتى. مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ يۇمران تېنىدىن، پۇرىقىدىن ھوزۇرلىناتتى. ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ قىرقىراپ يىغلىشىدىن قورقاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئانىلىق مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە تەڭداشسىزلىقىدىن ھەيران بولاتتى. «خۇدا نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىۋالا كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغاندۇ؟ مېنىڭ يۈرىكىم بالىلىرىمنىڭ ئوتىدا نېمە ئۈچۈن مۇنداق پىژىلداپ كۆيىدىغاندۇ؟ باشقا ئانىلارمۇ ماڭا ئوخشامدىغاندۇ؟» دەپ قالاتتى. خۇددى بىر سىرنىڭ تېگىگە يەتمەكچىدەك، موڭغۇل ئاياللارنىڭ بالىلىرىنى بېقىشىغا سىنچىلاپ سەپسالاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك، ئېزىلەڭگۈلۈك چىقىپ تۇراتتى. بالىلىرى يىغلاپ تېلىقىپ قالسىمۇ كارى بولمايتتى، ئالدىراپ ئەمچەكمۇ سالمايتتى، بەزىدە ۋارقىراپ، كايىپ كاسىلىرىنى چىمدايمۇ ئالاتتى. مەختۇمسۇلا ئۇلارنى دورىماقچى، ئۇلاردەك بىپەرۋا بولۇۋالماقچى بولسىمۇ، بولالمايتتى. ئوغۇللىرىنىڭ بۇدرۇق چىرايى، پۇت - قوللىرى، ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرۇشلىرى ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى، ئۇلارغا قاراپ تويمايتتى، مەڭزىلىرىگە،

بەدىنىگە، ئالىقانلىرىغا سۆيۈپ قانمايتتى. باشقىلار ئىككى بالىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى. بىر - بىرىگە مۇنداق ئوخشىشىدىغان قوشكېزەكلەرنى ھېچ يەردە كۆرمىگەنمىز، دېيىشەتتى. پەقەت مەختۇمسۇلا ئانىلىق كۆڭلى بىلەن ئۇلارنى بىر قاراپلا پەرقلەندۈرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا ئاجايىپ نازۇك ھېسسىيات، ئامراقلىق چىقىپ تۇراتتى. ئوغۇللىرىدىن بىرەرسى قىزىپ، يۆتىلىپ قالغۇدەك بولسا، كېچىلىرى بېشىدا كىرپىك قاقماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ باللىرى ئۇچۇن مۇنچە كۆيۈپ - پىشىشى، باللىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلالماسلىقى شاھزادىنى خېلىلا خاتىرجەم قىلدى. ئۇ چاندۇرماي مەختۇمسۇلانىڭ ئەتراپىدىكى كۆزەتچىلەرنى ئازايىتتى. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات مىنىپ سىرتلارغا چىقىشىغا يول قويىدىغان بولدى.

قارا تورۇق ئات شاھزادىنىڭ ئېغىلىدا بېقىلاتتى. ئاتلارغا بىر پۇتى ئاقسايدىغان، يېشى 50 لەردىن ئاشقان دامىرىن ئىسىملىك موڭغۇل قارايتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ مەختۇمسۇلانى ئاتخانىغا كىرىشتىن توسۇيتتى، ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ قالسا، قورقۇپ دەرھال چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلاتتى، قوللىرى بىلەن بېشىنى كۆرسىتىپ: «خوجايىن ئاڭلاپ قالسا، بېشىمدىن ئايرىلىمەن» دەيتتى.

مەختۇمسۇلانىڭ خۇش مۇئامىلىسى، يېقىملىق گەپ - سۆزلىرىدىن ئېرىپ قالدىمۇ ياكى شاھزادىنىڭ پەيلى ئۆزگىرىپ قالغاچقىمۇ، كېيىنچە ئۇ مەختۇمسۇلا بىلەن كارى بولمايدىغان، ئۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان بولدى. مەختۇمسۇلا بەزى كۈنلىرى باللىرىنى ئايشەگە تاپشۇرۇپ ئاتخانىغا كېلەتتى. قارا تورۇق ئاتنىڭ بويۇن - باشلىرىنى سىلاپ، يانچۇقىدىن تاتلىق - تۈرۈملارنى چىقىرىپ يېگۈزەتتى. ئۇنىڭغا مىنىپ تالا - تۈزگە چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئاتخانىنىڭ ئىچى - تېشى ئۇنىڭغا بەش

قولدەك تونۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ، دامىرىنىڭ مەيگە ئامراقلىقىنى، كۈچلۈك، ئۆتكۈر مەيلەرنى ساقلاپ ئىچىدىغانلىقىنى، ئادەتتە ناھايىتى سەگەك ئۇخلىسىمۇ، مەست بولغان چاغلاردا ئۆلۈكتەك ھېچ نەرسىنى تۇيمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئاتخانىنىڭ تاقىقىمۇ ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. گەپ پۇرسەتنى كۈتۈشتىلا قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇنداق پۇرسەتلەر كەلمىدىمۇ ئەمەس، ئەمما مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىغا قىيالمىدى. ئۇلار بەك كىچىك، سەل چوڭ بولسۇن، ئۇنىڭغىچە ئۇلارنى ئۆزۈمدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتۇرارمەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ يوقلۇقۇمنى سەزمەي قالار، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇنىڭ خىيالى خىيال پېتىچە قالاتتى، ئۇ ئوغۇللىرىدىن ئۆزىنى تارتالمايتتى. بىركۈنلەردە ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىسىلا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى، ئۆزىنى تۇتالماي ئوغۇللىرىنى باغرىغا مەھكەم باساتتى.

قوشكېزەكلەر يېشىغا يەتكەندە، دەسلەپتە بۆشۈكلىرىگە ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇرىدىغان بولدى، كېيىن بىردىنلا تەمتىم مېڭىپ كېلىشەتتى. يېرىم يولدا يىقىلىپ چۈشسە، يىغلىماي ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭاتتى، بىر - ئىككى قەدەم قالغاندا تەڭلا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۇلار تەمتىلىگىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان چاغلاردا مەختۇمسۇلا كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ: ئۇلار يىقىلمايدىغان بولسۇن، شۇ چاغدا... دەپ ئويلايتتى.

بالىلار يىقىلمايدىغانمۇ بولدى. ئايشە ئۇلارنى چېدىرنىڭ ئالدىدا ئوينىتاتتى. بىر جۈپ بۇدرۇق ئوغۇل ھەممە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللار، مۇلازىملار ياكى ئەمەلدار - بەگلەر ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىختىيارسىز توختاپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى. مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىغا كۆز تەگمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن چوڭ بولۇشى ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com

بىرجۇپ چىرايلىق تۇمار ياستىپ، بوينىغا ئېسىپ قويىدى ھەم ئايىشەگە ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ ئۇنى ئېلىۋەتمەسلىكىنى تاپىلىدى. بۇ تۇمارغا قارىسىلا ئۇنى يىغا تۇتاتتى. ئۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قولىدىن يىپ ـ يىڭنە چۈشۈرمەي، ئوغۇللىرىغا بىر نەچچە قۇردىن كىيىم تىكتى، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى سۆكۈپ يۇيۇغۇزدى. يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرۇپ چېدىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن يىراقتىكى تاغ ـ ئېدىرلارنىڭ ياپيېشىل تۇسكە كىرگەنلىكىنى بايقىدى. كۈنلەر نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە! مانا ئۇنىڭ مۇشۇ قەپەستە ئۆتۈۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى. ھەر يىلى مۇشۇ پەسلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە يىراقتىكى ئۇلۇغ موڭغۇل خانىنىڭ مەۋلۇت كۈنى خاتىرىلىنەتتى. موڭغۇللار ئەتىگەندىن تارتىپلا يېيىش ـ ئىچىشكە، ناخشا ئېيتىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. كەچتە ھەممىسى غەرق مەست بولۇپ يېتىشىپ كېتەتتى. مەختۇمسۇلا بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇ كۈنگە ئانچە ئۇزاق قالمىغانلىقىنى بىلدى...

قۇياشمۇ كەيىپ بولۇپ قالغاندەك قىزىرىپ، ئۆزىنى يىراقتىكى تاغلارنىڭ كەينىگە ئالدى. ئەتراپنى ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق باستى. تاغلارنىڭ كەينىدە چوغدەك تاۋلىنىپ يېنىۋاتقان كەچكى شەپەق، يېنىۋاتقان بۇلۇتلار نېمىشقىدۇر ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى چۈشتەك خىرە، ھاياجانلىق ئەسلىمىلەرنى قوزغايتتى، كۈندۈزدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ، ئوتقاشلار، چېدىرلارنىڭ چىراغلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆچتى، سىرتتا ئەتىياز ئاخشىمىنىڭ ئىللىق، يەڭگىل ھاۋاسىدا سۈس مەي پۇرىقى، مەستلەرنىڭ جۆيلۈشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى لەيلەپ يۈرەتتى. كېيىنچە بۇ ئاۋازمۇ يوقالدى. تۇيۇقسىز يىراقتىكى بىر چېدىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى، بىرىنىڭ ئات باشلىق

غېجەككە تەگكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى. ناخشىچى بوغۇق، سەل تىترەك ئاۋازدا يىراقتىكى يۇرتىنى، ئۆزىنى ئۆزىتىپ قالغان سۆيۈملۈك يارىنى كۈيلەيتتى. يايلاق ئاسمىنىغا ئوخشاش مۇڭلۇق، بۇلۇتلاردەك لەرزان بۇ ناخشا يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغان، كۆڭلىدىكى مۇھەببەت ۋە نازۇك تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ قويغان بۇ كىشىلەرنى بىر پەس ئەسلى ھالىتىگە ياندۇرغاندەك بولدى، كىمدۇر بىرى خىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. پۈتۈن بارىگاھ گويا سۈكۈت ئىچىدە بۇ ناخشىنى ۋە بىرەيلەننىڭ دەردلىك يىغىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تىمتاسلىققا چۆمدى، دۇنيادا دەردى يوق كىم بار؟

يىغا ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. گويا مەست ناخشىچىنىڭ قولىدىكى غىجىكى تۇيۇقسىز يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۇ ھېچ نەرسىنى تۇيماي ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كەتكەندەك، ناخشىمۇ چورت ئۈزۈلدى.

تۆردىكى شايى چىمىلدىق قايرىلىپ، شاھزادىنىڭ كەيپلىك ۋە تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈندى، ئۇ دەلدەڭشىپ كېلىپ مەختۇمسۇلانى كارىۋاتقا تارتتى، مەختۇمسۇلا ئۇنى يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇشىغا، ئۇ يەنە ھېچ نەرسىنى تۇيماي خورەك تارتىشقا باشلىدى.

مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ گاھ ئۇ ئوغلىغا قارىسا، گاھ بۇنىڭغا قارايتتى، گويا تاتلىق ئۇيقۇ ئىچىدىكى ئوغۇللىرىنىڭ چىرايىنى قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويۇۋالماقچىدەك ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. كىچىككىنە قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سۆيەتتى، ئىچىدە يىغلايتتى، ئوغۇللىرىغا يۇرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلاتتى.

«ئاھ، بىچارە قوزىچاقلىرىم، جىگەرلىرىم، مەن سىلەرنى تاشلاپ كېتىمەن، ئەمدى سىلەرنى باغرىمغا باسالمايمەن، سىلەرمۇ ئۇيقۇدىن گۆڭراپ ئويغانغان چېغىڭلاردا ئاناڭلارنى

كۆرەلمەيسىلەر. ئاناڭلارنى يىقىلىپ ـ قوپۇپ ھەريان ئىزدەرسىلەر، قىرقىراپ كېتەرسىلەر ... بىراق ئەمدى يىغلىساڭلار ھېچكىم چىن كۆڭلىدىن باغرىغا بېسىپ تەسەللى بېرەلمەيدۇ، يىقىلىپ كەتسەڭلا ھېچكىم ئالدىڭلارغا يۈگۈرۈپ بارمايدۇ ... بۇلارنى ئويلىسام، يۈرىكىم پارە ـ پارە بولىدۇ. سىلەردىن ئايرىلسام، كۈچ ـ مادارىمنى يوقىتىمەن. بىراق ... مەن بۇ يەرگە، بۇ كىشىلەرگە تەۋە ئەمەس. بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە ماڭا دۈشمەن. مەن دۈشمىنىمنىڭ ئالتۇن قەپىسىدە 100 يىل ياشىغاندىن، ئۆز يۇرتۇمدا ئۈچ كۈن ئەركىن ياشاپ ئۆلۈپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆرىمەن. مېنىڭ دادام، ئاكىلىرىم شۇنداق ياشىغان، دۈشمىنىگە تىز پۈكمىگەن، مەنمۇ شۇنداق ياشايمەن. يۇرتۇمدا ئۆي ـ ماكانىم، مېھرىبان، تەڭداشسىز باتۇر ئاكام بار. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆنى زۇلمەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇنى مېنىڭ دۈشمەنلىرىم شۇنداق قىلىپ قويغان. ئۇ مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج. ئۇ مېنى كۆرەلمىسە، غېرىبلىقتىن، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما، سىلەرنىڭ داداڭلار، بوۋاڭلار بار، سىلەرنى باقىدىغان ئايشە، چېچەكلەر بار. خەير، جېنىم باللىرىم، بوينۇڭلاردىكى تۇمار سىلەرنى ئامان - ئېسەن ساقلىغاي. شور پېشانە، باغرى تاش ئاناڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، خۇدايىم مېنى كۆڭلۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتكەي، ئىلاھىم! ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈڭلار، ئىنسابلىق ئادەم بولۇڭلار ...»

مەختۇمسۇلا تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئوغۇللىرىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى، ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ ـ سىيپىدى، ئالدىراپ كۆڭلىكىنى يېشىپ ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم ئېمىتتى. كىچىك ئوغلىنى ئېمىتىۋاتقاندا، ئۇ گويا ئۇيقۇلۇقتا بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، كىچىككىنە قولىنى ئۇزىتىپ، ئانىسىنىڭ بىر تۇتام چېكە چېچىنى مەھكەم

قاماللىۋالدى. ئېمىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قويۇپ بەرمىدى. مەختۇمسۇلانىڭ كۆزلىرىدىن يەنە بىر قېتىم ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى ئاۋايلاپ ئاجرىتىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئوغۇللىرىنى ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ، ئالدىراپ كىيىندى. تىقىپ ساقلاپ يۈرگەن ئاش پىچىقىنى قوينىغا سالدى. دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، پەگاھتا ئۇخلاۋاتقان ئايشەنىڭ ئايىغىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

پۈچۈق ناندەك يېرىم ئاي نېپىز بۇلۇتلار ئارىسىدا غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇيەر - بۇيەردە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار نېمىگىدۇر ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەختۇمسۇلا ئاتخانىنىڭ ئالدىغا بارغاندا يۈرىكى بىردىنلا ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. خۇددى كىمدۇر بىرى پوسۇرلاپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك، بولۇڭ - پۇچقاقلاردىن سىرلىق كۆزلەر ماراپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ، پۇت - قولىدىن ماغدۇر قاچتى. ئىشىككە چاپلىشىپ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ، ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. ئەتراپ جىمجىت، ئىنسۇجىن كۆرۈنمەيتتى. ئاي يۈزىنى بۇلۇتلار توسۇۋالغانىدى.

ئۇ قوينىدىن پىچاقنى چىقىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ تۇرغان توغرا ياغاچنى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بىر تەرەپكە سۈردى، ئىشىك تىرىققىدە قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بۇرنىغا يەم - خەشەكنىڭ، تېزەكنىڭ ھەم ئاتنىڭ ھىدى قوشۇلۇپ كەتكەن دىمىق ھاۋا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. ئەڭ چەتتىكى ئوقۇرنىڭ ئىچىدىن دامىرىنىڭ ئىككى پۇتى ساڭگىلاپ تۇراتتى. يەردە مەي كومزىكىنىڭ سۇنۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. مەختۇمسۇلا پۈتىنىڭ ئۇچىدا تۆردىكى ئوقۇر تەرەپكە ئۆتتى. تورۇق ئات ئۇنى كۆرۈپ ھاياجانلانغاندەك دەپسىنىپ بوش

www.uyghurkitap.com

پۈشقۈردى، قۇلاقلىرىنى مىدىرلاتتى. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىپ، بويۇن ـ باشلىرىنى سىلىدى، ئات يەڭگىل قەدەم بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

مەختۇمسۇلا ئىشىكنى ئاۋۋالقىدەك يېپىپ قويۇپ، ئاتقا سەكرەپ مىندى. ئۇنىڭ يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپچەكلەيتتى. يىراقتىكى دۆڭگىچە ئاتنى ئاستا يورغىلىتىپ، دۆڭدىن ئۆتكەندە مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئات خۇددى چېپىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغاندەك ئالغا قاراپ ئۇچتى. تورۇق ئاتنىڭ پاچاقلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە، قەدەملىرى شامالدەك يەڭگىل ئىدى. چاپقان چېغىدا تۇياقلىرىنىڭ يەرگە تەگكەن ـ تەگمىگىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

«دەريا شىمال تەرەپتە، مۇشۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋالسالا دەريانى كۆرىمەن...»

مەختۇمسۇلا كۆڭلىدە شۇنداق ئويلاپ ھاياجانلىناتتى. ئاتنى توختىماي دېۋىتەتتى، ئاتمۇ مەختۇمسۇلانىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرغاندەك شامالدەك تېز چاپاتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلار كېچىدە باشقىچە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، تاغلارنىڭ نېرىسىدىكى ئاسمان رەڭگارەڭ بولۇپ ياناتتى، تۇرۇپلا بىرەر ـ يېرىم يۇلتۇز ئاسماندا ئوتلۇق ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن چاچراپ چىققان تاشلارنىڭ يول بويىدىكى چوڭقۇر جىلغىلارغا چۈشۈپ كەتكەن ئاۋازى يۈرەكنى جىغىلدىتاتتى.

«قارارگاھتىكىلەر مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلدىمىكىن؟ ئوغۇللىرىم كۈندە مۇشۇ چاغلاردا قورسىقى ئېچىپ يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىدىغان، چوقۇم ئاۋۋال ئايشە ئويغىنىدۇ. مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىپ، قورقۇپ نېمە قىلارنى بىلمەي قالىدۇ. يىغلاپمۇ كېتەر بىچارە قىز. مەختۇمسۇلانى سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ، دەپ ئۇنى ئازابلاشمىسىلا مەيلى ئىدى...»

تاغ ئارىسى خېلىلا سوغۇق ئىدى. مەختۇمسۇلا بۇلغۇن جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى مەھكەم ئېتىپ، رومىلىنى مەھكەم ئورىدى. تورۇق ئاتنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاپ، ئازراقمۇ تەرلىمىگەنلىكىنى بىلىپ خۇشال بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھېلىقى تەكەببۇر موڭغۇل بەگنى ئەسلىدى. ئاشۇ بەگ مەختۇمسۇلاغا ياردەم بەرگەندەكلا بىر ئىش قىلدى. تورۇق ئات بولمىغان بولسا، ئۇ ھازىرغىچە بۇ يولنىڭ يېرىمىنىمۇ باسالمايتتى. قوغلاپ كەلگەنلەر ئۇنى بىردەمدىلا تۇتىۋالاتتى. ئاپىرىپ ئىتتىنىڭ ئورنىدا سولاپ قوياتتى، خارلايتتى، ئۇرۇپ - سوقاتتى. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرىگۈچىلەرگە رەھىم قىلمايدۇ...

«.. بۇ چاغقىچە ئايشە قورقۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ چېچىگىنى ئويغاتقاندۇ، چېچىگى شاھزادىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، مېنى ھەممە يەردىن ئىزدەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئاۋۋال ئاتخانىغا بارىدۇ. تورۇق ئاتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسە، ھەممە ئىشنى چۈشىنىدۇ. كەلگۈلۈك بىچارە دامىرىنغا كېلىدىغان بولدى. قول ئاستىدىكى لاياقەتسىز خادىملارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن دائىملىق ئەمەك. دامىرىن دائىم: خوجايىن بېشىمنى ئالىدۇ دەيدىغان، دېگىنىدەك بولىدىغان بولدى...»

تاغلار بارا - بارا شالاڭلاشقا باشلىدى، سوغۇق شامال كۆچەيدى. شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغاندا مەختۇمسۇلا بىردىنلا پايانسىز ياپيېشىل تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالدى. ئۇ روھلىنىپ، ئۈمىد بىلەن شىمال تەرەپكە نەزەر سالدى، دەريا كۆرۈنمەيتتى. بىراق، ھاۋا ئىسسىپ يول مېڭىش ئاسانلىشىپ قالغانىدى. چۈشكە يېقىن ئۇ بىر پادىچىنىڭ كەپىسى ئالدىدا توختاپ، ئېتىنى سۇغاردى. پادىچى ئۇنىڭغا كەچكىچە توختىماي ماڭسا، دەريا بويىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەختۇمسۇلا ئېتىنى بىردەم ھاردۇق ئالدۇرۇۋېلىپ، يەنە يولغا

چۈشتى. ئۇ، ئوت ـ چۆپلەر يەلپۈنۈپ، سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، توپ ـ توپ يىلقا، قوي ـ كالىلار ئوتلاۋاتقان يەرلەردىن ئۆتتى. يەنە قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇ شىمال تەرەپتە بۆرە كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزدىن كۆزىنى ئالمايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خىرە، ئۇششاق يۇلتۇزلار چۆرىدەپ تۇراتتى. كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئۇنىڭغا ئاشۇ يۇلتۇزنى تونۇۋېلىشنى، ئېزىپ قالغان چاغلاردا ئاشۇ يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ماڭسا، ئۆيىنى تېپىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

دەريا ئاشۇ يۇلتۇز تەرەپتە، دەريا ئاشۇ تەرەپتە، دەپلا ئويلايتتى ۋە هامان ئاكىسىنى ئەسلەيتتى.

بىچارە ئاكام شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتىدىكىن، ئۇخلاۋاتامدىكىن ياكى تامغا قاراپ ئولتۇرامدىكىن، ئەگەر ئويغاق بولسا مېنى ئويلاۋاتامدىكىن، مېنى كۈتۈپ ئولتۇرامدىكىن ...؟ شۇنداق، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ يولۇمغا قارايدۇ. ئۇ مېنىڭ هامان قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى، هايات قايتىپ كېلەلمىسەم، روھىمنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ مېنى چۈشىدە كۆرۈۋاتىدىغاندۇ، كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيۇپ بولغاندۇ... ئاھ ئاكا، دىدارىڭنى كۆرسەم، كىچىك ۋاقتلىرىمدا مۇرەڭگە بېشىمنى قويۇپ ئولتۇرغاندەك، يېنىڭدا ئولتۇرسام، ساڭا ئىچىمدىكى تۈگىمەس گەپلىرىمنى ئېيتىپ بەرسەم، كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىڭدە بولۇپ قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولسام...

تورۇق ئات شامالغا، ئوتقا ئوخشايتتى، ياق، ئۇنىڭ ئۇچۇشىنى بىر نەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ئات بار دېسە، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئارغىماق ئېتى تەڭ كېلىشى مۇمكىن ئىدى، باشقا ئاتلار چاڭ ـ توزاندا قالاتتى.

ئۇدۇل تەرەپتىن نەم هىدى كېلىشكە باشلىدى. تورۇق ئات هەدەپ بېشىنى ئالدىغا سوزۇپ، بۇرۇنلىرىنى كۆپتۈرۈپ نەم هاۋانى ئىچىگە سۈمۈرەتتى ـ دە، بېشىنى تىككىدە تۇتقىنىچە

چېپىپ كېتەتتى. مەختۇمسۇلا قولاق تۈۋىدە ئۇشقىرتىپ تۇرغان شامالنىڭ ئاۋازىدىنمۇ كۈچلۈك، بوغۇق گۇرۇلدەشنى ئاڭلىغاندا، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئاۋازىدەك، ئۆزى يۈزىنى كۆرەلمىگەن ئانىسىنىڭ ئەللەيلىشىدەك ئاڭلىناتتى. ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ ئاۋازغا شۇ قەدەر تەشنا بولغانىدى! ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە كۆزلىرى تالغۇچە قاراپ، ئاقۇچ تۇمان ئىچىدە ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتقان ئانا دەرياسىنى كۆردى. خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ھاياجاندىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى.

خۇددى شۇ پەيتتە يىراقتا، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بىر توپ ئاتلىق چۇقان - سۈرەن بىلەن مەختۇمسۇلا تەرەپكە چېپىپ كېلىشكە باشلىدى. مەختۇمسۇلا چۆچۈپ كەينىگە بىر قارىدى - دە، ئېتىنى قامچىلىدى، ئات دەريا تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. دەريا بويىدىكى چاتقاللار شالاڭ كۆرۈنەتتى. ئۇلۇغ سۇ دەريا قىنىغا پاتماي شىددەت بىلەن ئېقىۋاتاتتى. نېرىقى قىرغاقتىكى يوغان دەرەخلەر بۇ تەرەپتىن قارىغاندا خۇددى كىچىك - كىچىك كۆچەتلەردەك كۆرۈنەتتى. مەختۇمسۇلا دەرياغا سەپسېلىپ، تېيىزرەك يېرىنى تېپىشقا ئالدىرايتتى. قوغلاپ كەلگەنلەر بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاشقا باشلىدى. يەر - جاھان ئاقۇچ پەردە ئىچىگە يوشۇرۇندى. بەش قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مەختۇمسۇلا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئەسكەرلىرىنىڭ ۋارقىراشقانلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

دەريا سۈيى شىددەت بىلەن تۇرۇلۇپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى شۇ قەدەر تېز، سۈيى شۇ قەدەر ئۇلۇغ، گويا ھەرقانداق نەرسىنى يالماپ يۇتۇپ، ئېقىتىپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەختۇمسۇلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى خېلىلا ئارقىغا تاشلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. مەختۇمسۇلا ئەندىشە ئىچىدە ھېلى دەريا، ھېلى يورۇپ كېتىۋاتقان ئاسمانغا قارايتتى.

ئۇ ئەمدى دەريا بويلاپ چېپىپ يۈرەلمەيدۇ، تورۇق ئات ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ھامان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى بىردەمدىلا تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنىڭغا دەريانى كېچىپ ئۆتۈشتىن ئۆزگە يول يوق، بىراق ئات بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن؟... شۇ پەيتتە ئالدى تەرەپتىن، يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىنلا قويۇق تۇمان ئىچىدىن ھايت - ھۇيتلاپ ئىككى ئاتلىق چىقىپ كەلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئاشۇ پەيتتە، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۆركۈتنىڭ چاڭگىلىدىكى چىشى كېيىكنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش خىرەلەشتى. قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن پۇت - قوللىرى تىترىدى. خۇددى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئېرىنىڭ: «قايسىڭ قاچۇرۇۋەتسەڭ، جېنىڭغا ئاگاھ بولۇش!»، «تىرىك تۇتىمىز، تىرىك...!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۈچلۈك غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكتىن لەرزىگە كەلدى، گويا غايىبانە بىر كۈچ مەدەت بېرىۋاتقاندەك شىجائەتكە تولدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى ئاتنىڭ قورسىقىغا تىرەپ، ئاتنىڭ ئىسسىق بويىنىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە، ئاتنى دەرياغا قاراپ دېۋەتتى. دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشكەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيرانۇھەس بولۇپ قېلىشتى.

— سادىغاڭ كېتەي تورۇق ئېتىم، باتۇر ئېتىم، گۈزەل ئېتىم، ئىككىمىزنىڭ جېنى سېنىڭ مەزمۇت پۇتلىرىڭغا باغلاندى. مۇدۇرۇپ، تېيىلىپ كەتمىگىن، ھەممە كۈچ -

قۇدرىتىڭنى، كارامىتىڭنى ئىشقا سال، ئىككىمىز قىرغاققا ئامان ـ ئېسەن يېتىۋالايلى، ئاڭلاۋاتامسەن، تورۇق ئېتىم...

مەختۇمسۇلا توختىماي پىچىرلاپ، ئاتقا بارغانسېرى چىڭ يېپىشاتتى. سۇ بىردەمدىلا ئاتنىڭ قورسىقىغا كەلدى، بارا ـ بارا چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. مەختۇمسۇلا ئاتنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى، تىترەك ئۇنىڭ بەدىنىگىمۇ ئۆتتى. ئۇ توختىماي:

— تورۇق ئېتىم، باتۇر ئېتىم، گۈزەل ئېتىم... — دەپ تەكرارلاۋەردى. ئۇنىڭغا ئات گويا ھەممە گېپىنى چۈشىنىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى قىرغاققا توپلىشىۋېلىپ ھەدەپ ۋارقىرىشاتتى. مەختۇمسۇلا دەسلەپتە ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلالمىدى. كېيىن بىردىنلا تېنى جۇغۇلداپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى. بۇ چاغدا تۇمان خېلىلا شالاڭلاپ قالغانىدى، يەر ـ جاھان خىرە ـ شىرە يورۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قولىدا قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى.

— مەختۇمسۇلا، كەينىڭگە قايت! شۇ تاپتا ئىككى بالاڭ قولۇمدا، كەينىڭگە قايتمىساڭ، باللىرىڭنى دەرياغا تاشلايمەن!

بۇ ئېرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە گۇۋاھلىق بەرگەندەك قىرغاق تەرەپتىن ئوغۇللىرىنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى كەلدى.

ئاھ خۇدا، لەنتى قانخور راستىنلا دېگىنىنى قىلارمۇ؟ راستىنلا ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى دەرياغا تاشلاپ، بېلىقلارغا يەم قىلىۋېتەرمۇ؟

مەختۇمسۇلا تورۇق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى باللىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا پارە ـ پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئىككى كۆكسى چىڭقىلىپ ئاپپاق سۈتى ئاقماقتا ئىدى.

مەختۇمسۇلانىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىنى كۆرگەن ئېرى

تېخمۇ كۈچەپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىدى:

— قايتىپ كەل، مەختۇمسۇلا قايتىپ كەلسەڭ، كەڭچىلىك قىلىمەن، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن!...

مەختۇمسۇلا ئوغۇللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى ئىچىدە قەپەسكە ئوخششىدىغان چېدىرنى، ئۇنىڭ ئىچىدە تارتقان خورلۇقلىرىنى، شاھزادىنىڭ يىرگىنىچلىك تېنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۇ، ھېچنىمىگە قارىماي ئاتنى دېۋىتتى. ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ كەتتى.

— مەختۇمسۇلا! كېلىپ بالاڭنى تۇتۇۋال!

مەختۇمسۇلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئېرىنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان قولىدا يىغلاۋاتقان چوڭ ئوغلىنىڭ دادىسىنىڭ قولىدىن ئايرىلىپ، بىر كاللەك چالمىدەك شىددەتلىك ئېقىنغا چۆكۈپ كەتكىنىنى كۆردى.

ئۇنىڭغا يەر، ئاسمان ۋە دولقۇنلۇق دەريا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزى ئوغلى بىلەن بىللە يەرنىڭ قەرىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

ئۇ بىھوشلۇق ئىچىدە ئېرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدى:

— مەختۇمسۇلا! دۇنيادا سەندەك باغرى تاش ئانا بارمىدۇ؟ چوڭ ئوغلۇڭغا تارتىشمىدىڭ، ئەمدى كىچىككىنىغۇ تارتىشارسەن؟ كەينىڭگە قايت، يالغۇز ئوغلۇڭنى ئۆزۈڭ باق...!

مەختۇمسۇلا دەريا سۈيىنىڭ ئاتنىڭ بوينىغا چىققىنىنى، ئۆزىنىڭمۇ بوينىغىچە مۇزدەك سۇ ئىچىدە قالغىنىنى، جۇۋىسى بىلەن رومىلىنىڭ ئېقىپ كەتكىنىنى سەزمىدى. ئاتنىڭ نەچچە مۇدۈرۈپ كېتىپ، ئېقىپ كەتكىلى تاس ـ تاس قالغىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ پەقەت ئېرىنىڭ قەھرلىك ئاۋازىنى، كىچىك

ئوغلىنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك ــ باغرىنى ئېزىۋەتكۈدەك يىغىسىنى، خۇددى دەرياغا يوغان تاش چۈشكەندەك «چولتۇك» قىلىپ چۆكۈپ كەتكىنىنى، يىغلاش ئۈچۈن يوغان ئاچقان ئاغزىغا سۇ قاپلىنىشىپ كىرگەندە «ھىق» قىلىپ بوغۇلۇپ قالغىنىنى ئاڭلىدى ھەم كۆردى. راست، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئاندىن يەنە بىرى تېپىلارمۇ؟! ئۇنداق ئانا بۇ دۇنيادا ياشاشقا لايىقمىدۇ؟!

تورۇق ئات دەريانىڭ تېز يېرىگە چىقىپ قالدى. ئاتنىڭ ھەم ئاتقا مەھكەم يېپىشىۋالغان مەختۇمسۇلانىڭ ھەممە يېرىدىن سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىدىن ئېقىۋاتقان سۇ تامچىلىرى سەھەر قۇياشىدا مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

تورۇق ئات قىرغاققا چىقىپ توختاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن، كۆركەم پاچاقلىرى ھېلىھەم تىترەۋاتاتتى، مەختۇمسۇلامۇ تىترەۋاتاتتى، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان ھۆل چاچلىرى يۈز ــ كۆزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ دەرياغا قاراپ ماڭدى، تىزىغىچە سۇ كېچىپ تۇرۇپ مەڭگۇ نەگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك تېز ئاقىدىغان دەريا سۈيىگە تىكىلىپ قالدى. سەھەر قۇياشى سۇ يۈزىنى قاندەك قىزارتقانىدى. ئۇ نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك، نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك قان رەڭگىدىكى دولقۇنلارغا ئۇزاق قارىدى. ئۇ كۈتكەن نەرسىسىنى كۆرەلمىدى، دولقۇنلار ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دەپ بېرەلمىدى، ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەممە، ھەممە نەرسىسىنى ئەنە شۇنداق ئېلىپ كەتتى.

نېرىقى قاتتا مەختۇمسۇلاغا قاراپ تۇرۇشقان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇ يەر خۇددى ئەزەلدىن ھېچكىم تۇرمىغاندەك، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك جىمجىت، ئىنس ــ جىنسىز بولۇپ قالدى.

مەختۇمسۇلا قىرغاقتا چىقىپ تورۇق ئاتقا سەكرەپ مىندى. كۆز ئالدىدا سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چەكسىز مۇنبەت زېمىن يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ دىمىقىغا بىنەمنىڭ، ئالما چېچەكلىرىنىڭ ھىدى، ئەتىگەنلىك چايغا يېقىلغان ئوتنىڭ ئىسى ئۇرۇلدى. ئۇ كۆكسىنى كېرىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، شۇ ھامان كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلدى...

ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ يېشىللىق قوينىدا ئاقىدىغان يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ كەتتى.

# قەلبىمدىكى ھېكايە

(پوۋېست)

ھەرقانداق قەلبتە بىر ھېكايە بولىدۇ. ئادەم قەلبى خۇددى تۇگۈلۈپ، قاتتىق قېپى ئىچىگە كىرىۋالىدىغان يۇمشاق قۇلۇلىگە ئوخشايدۇ. ئەمما بىرنەچچە تامچە ئىللىق يامغۇر ئۇنى قېپىدىن چىقىرالايدۇ. قەلبلەرگە ئاشۇ يامغۇر تامچىلىرىدەك غەمخۇشلۇق، ئىللىقلىق ئاتا قىلالىساڭ، چىن قەلبتىن ئۇرغۇغان نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلايسەن. ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىنى گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلىتىدىغان، ئاجايىپلىقتا ۋەھىمىلىك كىنولاردىكى ياكى ۋەقەلىك قوغلىشىدىغان رومانلاردىكى ئىشلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېكايىلەرمۇ، قارىماققا ئاددىي، تىپتىنچ، ئەمما كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان سىر - ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان ھېكايىلەرمۇ بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ قەلبىمدىمۇ بىر ھېكايە بار، مەن بۇ ھېكايەمنى بالامغا ــ تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىمگە بېغىشلىماقچىمەن.

بالام، بۈگۈن مەن سېنىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدىغانلىقىڭدىن خەۋەر تاپقان چېغىمدا، بەخت ۋە شادلىقتىن بېشىم ئاسمانغا يېتىپ، يىگىدىن بىر ئادەمگە ئايلانغاندەك بولدۇم. بىلىمەن، سەن تېخى بەك كىچىك، كىچىكلىكتە خۇددى بىر تال غۇنچىغا ئوخشايسەن. سەن ئاپاڭنىڭ تېنىدە كۈنسېرى بوي تارتىپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىسەن. تەن، ئەقىل ۋە ھۆسن

تۇزۇپ، ھەقىقىي كىشىلىك ھاياتقا يۈزلىنىشكە تەييارلىنىۋاتىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە يەتتە ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. مەن بۇ يەتتە ئاينىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى، سېنى باغرىمغا باسىدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى سەن مېنىڭ 35 يېشىمدا ئاران ئېرىشكەن يۈرەك پارەم، ھاياتىمنىڭ مەنىسى، مېنىڭ بارلىقىم. مەن سەن بىلەنلا مۇكەممەل ئادەمگە، بىر دادىغا ئايلىنىمەن. شۇ تاپتا مەن نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە! بىراق ··· قەلبىمدە سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بىلەن تەڭ پەيدا بولغان بىر تىنچسىزلىق، غەليان ماڭا بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەي، مېنى ئازابلاپ كەلمەكتە. چۈنكى مەن سېنىڭ پەرىشتىدەك پاك، گۈل بەرگىدەك يۇمران چىرايىڭغا قانداق قاراشنى، بىر كۈنلەردە ھامان سورايدىغان سوئاللىرىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى تېخى بىلمەيمەن. مېنىڭ تېخى تەييارلىقىم يوق، بالام. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈم ھەققىدە، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىم بولغان دادام بىلەن ئاپام، مېھرىبان ئايالىم، يەنى، سېنىڭ ئاپاڭ ھەققىدە، بىزنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات يولىمىز ھەققىدە بىر ھېكايە يازماقچىمەن. بۇ ھېكايەم بىر كۈنلەردە سوراپ قېلىشىڭ مۇمكىن بولغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىسە، سېنىڭ، مېنىڭ ۋە ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش، مۇھەببەت ئىشەنچىنىڭ پاك نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، روھلىرىمىزنى مەڭگۈ ئايرىلماس قىلىپ بىرلەشتۈرەلىسە، كەلگۈسىدە ھاياتنىڭ ئېگىز ـ پەس داۋانلىرىدا ساڭا ئاز ـ تولا مەنىۋى كۈچ بەخش ئېتەلىسە، مەن ھەممە ئارزۇيۇمغا يەتكەن بولاتتىم.

شۇ تاپتا كەچ سائەت 11 بولدى. تام سائىتىنىڭ تىلى چىك ـ چاك، چىك ـ چاك قىلىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتلارنى توختىماي ساناپ، مېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. ئاپاڭ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكىلى نەۋاق، چىرايىدا بەختىيار تەبەسسۇم. قارىغاندا، چۈشىدە ئۇ سېنى

ئەركىلىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭ چىرايى، يۈرۈش - تۇرۇشىدا بىر خىل سۈلكەت، يوشۇرۇن بىر خۇشاللىق، جانلىنىش پەيدا بولغانىدى. ئەسلى بۇ سىنىڭ سەۋەبىڭدىن ئىكەن، بالام.

مەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم، قوللىرىم تىترەپ زادىلا قولاشمايىتتى. كەتمەن - گۈرجەككە پىشقان، ماشىنا رولىغا كۆنگەن بۇ قوللار كىچىككىنە قەلەم ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ قانچە يىللار بولۇپ كەتتى - ھە، مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ باقمىغىلى.

مەن بۇ ھېكايەمنى راستتىنلا يېزىپ چىقالارمەنمۇ؟

## 1

بۈگۈن مەن كوچىدا 40 ياشلارغا تېخى بارمىغان، بېشىغا ياغلىق ئارتىپ، ئاددىيلا كىيىنگەن بىر ئايالنى ئۇچراتتىم. ئۇ مەندىن بەش - ئالتە قەدەم ئالدىمدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغانچە قارىغۇم كېلىپ، ئۆزۈمچىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى يەرگىچە كېتىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ بوي - تۇرقى، كىيىنىشى، يەرگە قاراپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىشى رەھمەتلىك ئاپامغا شۇنچىلىك ئوخشايتتىكى، خۇددى راستتىنلا ئاپام تىرىلىپ قايتىپ كەلگەندەك ھاياجانلاندىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. ئۇ ئايال 7 - يول ئاپتوبۇسىغا چىقىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن نە بىرەر ئېغىز پاراڭلىشالمىدىم، ھەتتا چىرايىنى بولسىمۇ كۆرەلمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ قىياپىتى ئاپامنىڭ كۆڭۈل خاتىرەمدىكى قىياپىتى بىلەن بىرلىشىپ، كەچكىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئاپام شۇنداق ياش، شۇنداق مۆلايىم، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. قايتا پەرزەنتلىك بولالمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، مەن ئۈچۈنلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياشاۋاتقاندەك قىلىپ كېتەتتى. ھازىرغىچە ھايات بولغان بولسا، 50 ياشلاردىن ئاشقان بولاتتىمىكىن.

دادام بۇ يىل 60 ياشقا كىردى. ئۇ بەك سەممىمىي، تۈز كۆڭۈل ئەمما جاھىلراق ئادەم. ئۇ كىچىك ۋاقتىلىرىدىكى ئىشلارنى سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ سۆزلەپ بېرىدىغان ئىشلار ۋە ئادەملەر ئەينى يىللاردا ماڭا خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. بەزىدە مەنمۇ نېمىشقا ئاشۇ چاغدا تۇغۇلۇپ قالمىغان بولغىيتتىم، دەپ ئارمان قىلىپ كېتەتتىم.

— يەنىلا ھازىرقى زامان ياخشى، بالام، — دەيتتى دادام، — بىز كۆرگەن ئاچارچىلىق يىللارنى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى خۇدا بەندىلىرىگە ئىككىنچى قېتىم كۆرسەتمىسۇن...

ئاچارچىلىق يىللىرى دادامنىڭ 13 ـ 14 ياشلاردا، تازا ئۆسۈۋاتقان ۋاقتى بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭدا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قالدۇرغانىكەن. ھەر قېتىم مەن تاماق يېگىلى ئۇنىماي خەقنشلىق قىلسام: «بالام، بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا يەيدىغان نان يوق، بىر ۋاقلىق تامىقىمىزغا ئاران بىرەر تىلىم كاۋا ياكى بىرەر سىقىم پۇرچاق يەيتتۇق. ئاچلىقتىن پۇت ـ قولىمىزدا ماغدۇر بولمىغاچقا، سىنىپتا ھەممىمىز پارتىغا چاپلىشىپ يېتىپ كېتەتتۇق. مۇئەللىم دەرس سۆزلىسە، قۇلىقىمغا خۇددى توختىماي ‹نان، نان› دەۋەتقاندەك ئاڭلىناتتى. شۇڭا مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى بەش يىلدا ئاران تۈگەتكەن» دەيتتى. شۇ يىللاردا دادام نۇرغۇن باللار ۋە چوڭلارنىڭ بىر بۇردا ناندا زار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكىنىنى، بەزى ياشلارنىڭ بىر نان ئۈچۈن ئوغرى، قاتىل بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ ئىسراپچىلىقنى بەك يامان ئالىدۇ. ئۇنىڭ نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ، پۈۋلەپ ئاغزىغا سېلىشلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ رېستورانلاردىكى ئىسراپچىلىقلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئاشۇنچىۋالا

ئىسسىل تائاملارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم، يۈرىكىممۇ سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك، ئۆزۈم چوڭ بىر گۇناھقا شېرىك بولغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدىكەن، دەيدۇ. باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ بىر قېتىم شۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ: «ھەي، خالايىق، بۇنداق قىلمايلى، گۇناھ بولمامدۇ، قورسىقى تويمايۋاتقان نى - نى ئادەملىرىمىز تۇرۇپ، بىز بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەك، خۇدا راۋا كۆرەمدۇ!...» دەپ سۆزلەپ قويۇپ، توي ئىگىلىرىنى نارازى قىلىپ قويغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ رېستورانغا بارماس بوپتۇ.

دادام يەنە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللىكگە قىزىل بەلگە تاقاپ، موماىلارنىڭ چېچى بىلەن بوۋايلارنىڭ ساقىلىنى كەسكەنلىرىنى، مەسچىت، خانىقا، گۇمبەزلەرنى چاققانلىرىنى، كىتابلارنى كۆيدۈرگەنلىرىنى، ئىلگىرى كۆزىگە تىك باقالمايدىغان مۇئەللىملىرىنى «جىن - شەيتان» دەپ سۆرەپ يۈرۈپ، كۈرەش - تەنقىد قىلغانلىرىنى ئاجايىپ كۈلكىلىك قىلىپ ۋە ئېچىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى.

— ئىنقىلاب قىلىپ يۈرۈپ، نورما ئاشلىقىنىمۇ ئالالماي، ھەپتىلەپ ئۆچرەت تۇرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدۇق. بىر قېتىم ئۆزۈم تولا قاقشاتقان بىر مۇئەللىمىمنىڭ ئۆچرەتنىڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن مەيۈس ھالدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى خالتىسى بىلەن كىنىشكىسىنى ئېلىپ، ئۆچرەتتىكى مىغ - مىغ ئادەمنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ بېرىپ، نورما ئاشلىقىنى بىردەمدە ئېلىپ بەردىم. مۇئەللىم كۈرەش قىلىمىز دەپ سالغان جاپالىرىمنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ كىچىككىنە ياخشىلىقنى ئېسىدە تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ مېنى نەدە كۆرسە، شۇ ئىشنى سۆزلەپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ كېتىدۇ، — دەپ بەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

دادامىلار جاھاننى سوراپ يۈرگەن كۈنلەردە يۇقىرىدىن زىيالىي ياشلارنى تاغ - يېزىلارغا «قايتا تەربىيە ئېلىش» قا چۈشۈرۈش توغرىسىدا پەرمان كېلىپ قاپتۇ. دادام 6 ساۋاقدىشى بىلەن بىر چەت يېزىغا ئورۇنلىشىپتۇ. دەسلەپتە دېھقانلار «زىيالىي ياشلار كەلدى» دەپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ھەرجەھەتتىن ئېتىبار قىپتۇ. ئەمما كېيىن قارىسا، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئۆتە ئاقنانچى، ھورۇن ئىكەن. كۈن بويى ئەمگەككە چىقماي ئۇخلايدىكەن، توخۇ - تۇخۇم، قوغۇن - تاۋۇز ئوغرىلاپ دېھقانلارغا ئارام بەرمەيدىكەن. شۇڭلاشقا بىلەن دېھقانلار ئۇلارنى «زىياندا شلار» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئاشۇ يېزىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ، بىردىن - ئىككىدىن يول تېپىپ، شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ. دادامنىڭ تالاي ئەگرى - توقاي يوللار ئارقىلىق كىچىك بىر زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ ئورۇنلىشىپتۇ. بىرەر يىلدىن كېيىنلا، بۇ زاۋۇت ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپتۇ، دادامنۇ باشقا ئىشچىلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ئۆزى بىلەن بىر يۇرتلۇق، گېزىتخانىدا نابورچىكلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. ئىككىنچى يىلى مەن تۇغۇلۇپتىمەن. دادام ئاشۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ: «كىچىككىمدە، تازا ئۆسۈۋاتقان چېغىمدا ئاچارچىلىقتا دۇچ كېلىپ كۆرمىگەننى كۆردۇم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئادەم بولىدىغان چاغدا مەكتەپلەر تاقىلىپ يېزىدا قىغ توشۇدۇم. زاۋۇتتا سېخ مۇدىرى بولۇش نۆۋىتى ئەمدىلا ماڭا كېلىۋىدى، يۇقىرىدىن ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەنلەرنى، زىيالىيلارنى ئۆستۈرۈش سىياستى كېلىپ، سېخ مۇدىرىمۇ بولالمىدىم. مەن زادى تەلىيىم تەتۈر رەك ئادەممەن» دەيتتى.

ئاپام ئۇنىڭغا قايىل بولماي: «سىلىدەك يېزىغا چۈشكەنلەردىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، كاتتا ئادەم بولۇپ كەتكەنلەرمۇ جىققۇ!»

دېسە، دادام: «ئوسمىنى دەمدەك قويۇپ، ھىلىھىلە ياغلىقنى بوينۇڭغا سېلىپ، كۈندە كەچتە كېلىپ، كۆزۈمگە قاراپ ئولتۇرۇۋالمىغان بولساڭ، مەنمۇ ئۆيلىنىمەن دەپ يۈرمەي، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولاتتىم» دەپ تېرىكتۈرەتتى. ئاپام چىدىماي قېلىپ: «كۈندە كەچتە كېلىۋالغان كىم ئىكەن؟» دەپ تالاشقىلى تۇرسا، دادام: «بولدى، خوتۇن، تالاشمايلى، بىز قىلالمىغان ئىشلارنى ئوغلىمىز بەختىيار قىلار. بىز ئېرىشەلمىگەن كۈنلەرگە بەختىيار ئېرىشەر. بالىمىزنىڭ پېشانىسى ئوچۇق بولسۇن، دەپ تىلەيلى» دەيتتى. ئارقىدىن ماڭا قاراپ: «ئوغلۇم، سەن ماڭا ئوخشاش يېرىم ئادەم بولۇپ قالما. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، بولسا چەت ئەللەرگىمۇ چىقىپ ئوقۇ. ھازىر جاھان كەڭرىپ قالدى، قانچىلىك ئوقۇيمەن دېسەڭ، ئىمكانىيەت بار» دەيتتى. مەنمۇ ئىچىمدە: «ھەر نېمە بولسىمۇ دادامدەك بىچارە بولۇپ قالماسمەن»، دەپ ئويلايتتىم.

مەن مەكتەپتە خېلى ياخشى ئوقۇيتتۇم. بەك ئەلاچىلاردىن بولمىساممۇ، ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي قالمايتتىم. مۇئەللىملىرىم: «كاللاڭ خېلى ئىشلەيدۇ، لېكىن تىرىشمايسەن» دەيتتى. ھازىر ئويلاپ قارىسام، ئەينى چاغدا دىققىتىمنى چېچىپ تۇرىدىغان ئىشلار كۆپ ئىكەن. مەن كۆپ ئىشقا قىزىقاتتىم. ئەدەبىي كىتابلارنىمۇ خېلى ئوقۇپ قوياتتىم. «تىنچ دون» دىكى گىرىگورىي، «مەمەت ئاۋاق» تىكى مەمەت، «گىراف مونتى. كىرىستو» دىكى ئىدمون، «سپارتاك» تىكى سپارتاك، «ئۆتكەن كۈنلەر» دىكى ئاتابېكلار چوقۇنىدىغان قەھرىمانلىرىم ئىدى. ئۇلار مېنى گاھ نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى غۇۋا ئۆتمۈشكە ئېلىپ كەتسە، گاھ يېقىنقى زاماندىكى ئىس - تۈتەكلىك جەڭ مەيدانلىرىغا ياكى ئاددىي تۇرمۇش، ھېسسىيات قاينىمىغا باشلايتتى. مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ پېرسوناژلاردەك ھېس قىلىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ ھاياجانلىنىپ، قانلىرىم تەڭ قاينايتتى،

www.uyghurkitap.com

ئېچىنىشلىق، تەسىرلىك يەرلىرىدە كۆزلىرىمدىن ياشمۇ چىقىپ كېتەتتى. مەن مۇزىكىغىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. مودا ناخشىلارنىمۇ خېلى قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ قوياتتىم. بىر مەزگىل بىر ساۋاقدىشىمدىن گىتار چېلىشنى ئۆگىنىپ، مەكتەپتە ھەم مەھەللىدە گىتارچى ئاتىلىپ يۈرگەنىدىم.

ئۆيدە توك، سۇ يوللىرىنى، بۇزۇلغان كارىۋات، دىۋانلارنى ئوڭشايدىغان ئىشلارنى ئۆزۈم قىلىپ، دادامنىڭ يۈكىنى خېلى يەڭگىللەتكەنىدىم. بىر قېتىم سۇنۇپ كەتكەن كونا بىر دىۋاننى ياساپ قويسام، ئاپامنىڭ نەچچە ۋاقىتقىچە خۇشال بولۇپ، ئۆيگە كىرگەنلىكى ئادەمگە كۆرسىتىپ، داڭلاپ يۈرگىنى ئېسىمدە.

مېنى ئاتا ـ ئانامىلا ئەمەس، ساۋاقداشلىرىممۇ ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ بىرمۇنچە قىز ساۋاقدىشىم «بەختىيار، بىزگە گىتار چېلىپ بەرگىنە» دەپ كەينىمدىن چىقمايتتى. مەن ئۆزۈمچە ئۇنداق شوخ، سادda قىزلارنى ياراتماي، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ناخشىلارنى تاللاپ ئېيتىپ، ئۆزۈمدىن بەزدۈرمەكچى بولاتتىم.

مەن تولۇق ئوتتۇرىغا چىققان يىلى سىنىپىمىزغا باشقا مەكتەپتىن بىر بالا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ چوڭ ئادەملەردەك ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ يۈرىدىغان، ئېگىز بوي، ئاقسېرىق، قىزلارنىڭكىدەك ئىنچىكە، سارغۇچ قاشلىق، چېقىر كۆزلۈك، سەل ئالىقاپراق كۆرۈنىدىغان، پاراڭچى بالا ئىدى. مۇئەللىم ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئىككىمىز تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئىسمى خالمۇرات ئىدى. بىز «مۇرات» دەپلا چاقىراتتۇق. ئۇ ياسىنىپ يۈرەتتى ھەم كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئامراق ئىدى. دەرسخانىدا پۇتىنى ئورۇندۇقتىن ئۇزۇن سۇنۇپ، چىرايلىق خۇرۇم ئايىغىنى كۆرگەزمە قىلىپ ئولتۇراتتى. «توغقانلار سايىۋزدىن ئالغاچ كەپتىكەن» دەپ، سىپتا تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكىلارنى

كېيىپ كەلسە، ھەممىمىز ھەۋەس قىلىپ قالاتتۇق. ئۇ ماڭا ئىشتان بىلەن ئاياغنىڭ ماندىقىنى، پايپاقنىڭ ئاندىقىنى كىيسەن، دەپ ئۆگەتەتتى. ئۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭ بولغىنى بىلەن تېخى بۇرۇتى چىقمىغانىدى. مېنىڭ ئەمدىلا خەت تارتقان قاپقارا بۇرۇتۇمغا بەك ھەۋەسلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇستىرا سېلىپمۇ بۇرۇتىنى ئۆستۈرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ قاقشايتتى. مۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنى «سەن ئاپاڭنى دوراپ قاپسەن، مەن دادامنى دورىغان» دەپ تېرىكتۈرەتتىم. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بەك مەرد بولۇپ كېتەتتى. چوڭ ـ چوڭ پۇللارنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، ئوغۇللاردىن بىرنەچچىمىزنى مېھمان قىلاتتى ياكى بىزگە خېلى قىممەت سوۋغىلارنى تەقدىم قىلاتتى. بالىلار ئارىسىدا ئۇنى كاتتا بىر باينىڭ بالىسى ئىكەن، دېگەندەك گەپلەر تارقالغانىدى.

ئالدىمىزدىكى پارتىدا چىرايلىق ئىككى قىز ساۋاقدىشىمىز ئولتۇراتتى. مۇرات ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بوي، ھاكاۋۇرراق كەلگەن سانىيە ئىسىملىك قىزنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان ئوتتۇرا بوي، تولۇقراق كەلگەن، ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىك، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان مەرزىيە كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. بىراق مۇراتقا ئوخشاش مەن ئۇنىڭغا ھەرخىل سوۋغىلارنى تەقدىم قىلالمايتتىم، كاتتا ئاشخانىلارغا باشلاپ بارالمايتتىم. دادامنىڭ ئاددىي ئىشچى، ئاپامنىڭ ئائىلە ئايالى ئىكەنلىكىنى، ئائىلەمنىڭ نامرات ھالىتىنى ئويلاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى.

بىر قېتىم مۇرات ئىككىمىز بىللە كوچا ئايلاندۇق. «دۆڭكۆۋرۈك» تىكى قاتار بوتكا دۇكانلار جايلاشقان بازارنى ئايلىنىپ بولۇپ، بىر كىچىك ئاشپۇزۇلدا لەڭمەن يېدۇق. بۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى خېلى بازارلىق ئاشخانا ئىدى. پولۇ، كاۋاپ، پېتىر مانتىلىرىمۇ ئىشتىھانى تارتىپ تۇراتتى. بىز لەڭمەننى يەپ بولغاندا، مۇرات يەنە كاۋاپ بۇيرۇتقانىدى، مەن ئۇنىڭ

مەردلىكى ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالدىم. دېمىسىمۇ، خەقنىڭ پۇلىغا تاماق يەپ يۈرۈش ئوغۇلبالىغا لايىق ئىش ئەمەستە. «خەپ، بۈگۈندىن كېيىن مۇرات بىلەن بازارغا چىقىدىغان بولسام، ئادەم بولماي كېتەي» دېدىم ئىچىمدە. كاۋاپنى يەپ بولغاندا، مۇرات:

— «بەيگە مەيدانى» تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى، ھازىر ئۇ يەر قالتىس چوڭ بازار بولۇپ كەتتى، بەلكىم سەن ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىغانسەن، — دەپ قالدى. «بەيگە مەيدانى» غا بارغۇم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئاپتوبۇستا ئادەم جىق ئىدى. ئىككىمىز قىستىلىپ يۈرۈپ ئاران چىقتۇق. جەڭ مەيدانىدىن قايتقان كونا ئەسكەردەك تاتۇق، يارا ئىزلىرى بىلەن تولغان بۇ ئاپتوبۇس ئىڭراپ ـ غىچىلداپ ئاران ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ناچار بولغانلىقتىن، ھەر بىر ئەگمىدە ياكى يولنىڭ ئېگىز ـ پەس يەرلىرىگە كەلگەندە، خۇددى دەھشەتلىك دولقۇندىكى كونا قولۋاقتەك چايقىلىپ، ئادەملەرنى ئۇياقتىن بۇياققا تاسقايتتى. شۇنداق تاسقىلىشلارنىڭ بىرىدە ئۆزۈمنى ئەمدىلا رۇسلاۋېتىپ، ئالدى تەرەپتە تۇرغان ئۆزۈم دېمەتلىك بىر بالىنىڭ ئۆزىنى جايلاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن چوڭ ياشلىق بىر ئايالنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە سومكىدىن بىر پورتماننى ئېلىپ قوينىغا تىقتى ـ دە، ئەتراپقا ئالىيىپ بىر قاراپ قويۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپكە قىستىلىپ كەلدى. پورتمان ئىگىسى ئاپامدىن چوڭراق ئايال ئىكەن، بىچارە ھېچنېمىنى سەزمەيلا قالدى. يانچۇقچى بالا ئارقىسىچە مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىپ، مېنى ھەدەپ قىستاشقا باشلىدى. مەن ئۇنى ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ: «پۇلنى چىقار، ئاپاڭدەك ئادەمنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاشتىن نومۇس قىلمامسەن!» دەپ ۋارقىراشقا تەييارلاندىم. قولۇمنى مىدىرلىتىشىمغىلا بىرسى ئىككى قولۇمنى چىڭ

تۇتۇۋالدى، قارىسام مۇرات. كۆزلىرى نىمىشقىدۇر ئادەمنى ئەيمىنىدۇرگىدەك پارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ: «جىم تۇر!» دېگەن ئىشارىنى قىلدى. قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇۋالغىنىچە ئوتتەك يانغان كۆزلىرى بىلەن يانچۇقچى بالىنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىغا قىزىقىپ قاراپ تۇردى.

كېيىنكى بېكەتتە بىزمۇ چۈشۈپ قالدۇق. ھېلىقى ئايال خىرامان ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن پۇلىنىڭ يوقالغانلىقىنى سەزگەندە نېمە بولۇپ كېتىشىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئىككىمىز بىردەم جىمجىت ماڭدۇق. مەن ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىمنى دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە:

— ئەتتەڭەي، ئىككىمىز بولغاندىكىن، ئوغرىنى تۇتۇۋالغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى، — دېدىم.

— كېيىن ئۆچ ئالسا قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ ئىرەنشىمەيلا. مەن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلىنىۋاتسام، ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى، — مەن ساڭا دادامنىڭ بىر گېپىنى دەپ بېرەي. ئۇ دائىم: «تۇرمۇشتا بەزى ئادەملەر ھەرقانداق تىرىشىپ ـ تىرماشسىمۇ، ئۆمۈرۋايەت نامراتلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. يەنە بەزىلەر ھېچقانداق ئەجىر قىلمايمۇ باي بولۇپ، تىنىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ ھازىرقى بەزى بايلار يا باج ـ سېلىق، يا ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئوغرىلاش ھارام بولمايدۇ. دۇنيادىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق تەڭشىلىپ تۇرىدۇ» دەيدىغان. مېنىڭچە، ئاۋۇ ئايال چوقۇم بىر ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى. قارىمامسەن، ئۇنىڭ كىيىمى ئادەتتىكى ئادەملەر كىيەلەيدىغان كىيىملەردىن ئەمەس، قولىدىكى سومكىسىمۇ ئاز دېگەندە بەش ـ ئالتە يۈزگە يارايدۇ، ھېلىقى بالا بولسا، يوقسۇزلۇقتىن شۇ يولغا ماڭغان بىر بىچارە دېگىنە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. ئۇ مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئاڭلىماققا ئۇنىڭ ھەق تەرىپىمۇ باردەك قىلاتتى. بىراق…

— ئوغرىلىق دېگەن بەربىر ئوغرىلىقتە، — دېدىم ئۆز ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك غودۇڭشىپ، — ياپپاشلا تۇرۇپ تۇتۇلۇپ قالسا، ياشلىقىغا ئۇۋال بولمامدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغرىلىق - يانچۇقچىلىق دېگەن ناھايىتى پەس ئىشلارغۇ.

— سەن بەك نادانكەنسەن. ئوغرىلىق دېگەنمۇ بۇ دۇنيادىكى 72 خىل ھۈنەرنىڭ بىرى. چوڭ دادام «تۇتۇلۇپ قالمىسىلا ئوغرىلىق دېگەنمۇ ئوبدان ھۈنەر» دەيدىغان. ئوغرىلىققىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ، نى - نى ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر بولىدۇ، ئوغرىلارنىڭمۇ ئاجايىپ بايلىرى بولىدۇ.

— قانداقلا بولمىسۇن خەقنىڭ نەرسىسىگە قول ئۇزىتىش، تەييارغا ھەييار بولۇش ھالال ئىش ئەمەس، مەيلى قانۇندا بولسۇن ياكى خەقلەرنىڭ نەزىرىدە بولسۇن…

— سەن ھالال - ھارام دەپ ئايرىپ قالدىڭ. سەن بىلەن مەندەك بىچارىلەر شۇنداق گەپلەر بىلەن دەككە - دۈككىدە ئۆتىمىز. خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىرەر چاپىنىنى ئوغرىلاپ قويساڭ، ھارام بولىدۇ، 10 ـ 20 يىللىق كېسىلىپ كېتىسەن. لېكىن تېلېۋىزورغا قارىساڭ، دۇنيادا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ يۇرت - ماكانىنى بېسىۋېلىۋاتقان، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقان، ئادەملىرىنى قىرىپ - چېپىۋاتقان، يەنە ھەممىدىن يوللۇقى شۇلار بولۇۋاتقان. بۇنداق ئىشلار ئازمۇ؟ مەن ساڭا يەنە بىر گەپنى دەپ بېرەي. يېقىندا بىزنىڭ مەھەللە تەرەپتە ئۈچ بالا ئويناۋېتىپ، توختىتىپ قويۇلغان پىكاپتىن كونا بىر سومكىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇلار سومكىنى نېرىراق ئاپىرىپ قارىسا، ئىچىدە لىق پۇل بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پۇلنى بۆلۈشۈپتۇ. لېكىن ئۇلار

بىر - بىرىدىن قورقۇشۇپ، پۇلنى چوڭراق بىرەر ئىشقا ئىشلىتەلمەپتۇ. ئاخىرى، ئاردىن بىرسىنىڭ ئاچىسى بۇ ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، بالىلارنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ كەتتى. ئەسلى ئۇ بىر زاۋۇتنى كۆتۈرە ئالغان خوجايىنىنىڭ، ياق، زاۋۇتنىڭ پۇلى ئىكەن. ئاردىن بىرەر يىل ئۆتكەندە ھېلىقى خوجايىن تېخىمۇ جىقراق پۇلنى ئېلىپ كاناداغا قېچىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ئۇ يەردە كاتتا باي ھېسابلىنىپ، راھەت - پاراغەت، ئىززەت - ھۆرمەت ئىچىدە ياشاۋاتىدىغاندۇ؟ مەن دەيمەن، دۇنيادا ئادالەت يوق. ھەرقانداق ئىشنى چاندۇرماي قاملاشتۇرۇپ قىلساڭ بولىۋېرىدۇ. شۇ چاغدا ھەممىدىن كاتتا ئادەم سەن بولىسەن. لېكىنزە، چاندۇرۇپ قويساڭ، ئۆزۈڭدىن كۆرمەي ئىلاجىڭ يوق…

ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ مەندىن جىق بولسا ئىككى ياش چوڭدۇ، شۇنچىۋالا گەپلەرنى نەدىن ئۆگىنىۋالغاندۇ، ئۇنىڭ دادىسى قانداق ئادەمدۇ؟ دېگەن خىياللار نەچچە كۈنگىچە كاللامنى چىرمىۋالدى. كەچلىكى ئاپام ئەتكەن بىر چىنە سۇيۇقئاشنى ئىچىپ، كېكىرىپ قويۇپ، شەھەر ئالغاندەك قانائەت بىلەن يانپاشلاپ يېتىپ كېتىدىغان دادامغا دېلىغۇللۇق ئىچىدە قارايدىغان بولۇپ قالدىم. مۇرات بىلەن ئاشخانىلاردا يېگەن پېتىر مانتىلار، كاۋاپلار، ھەر خىل قورۇمىلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆينىڭ تاماقلىرى تاماق بولامدۇ؟ بەسەي بىلەن ياڭيۇدا قورۇپ ئەتكەن لەڭمەندىن چىۋىنىنىڭ قانىتىدەك ئىككى تال گۆشنى ئاران تاپقىلى بولىدۇ. شۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ. دادام ئەجەبمۇ بوشاڭ ئادەم ئىكەن، تۇزۇكرەك ئوقۇپ، چوڭراق يەرلەردە ئىشلەپ قالماپتىكەن. يا بىرەر ئەمەلمۇ تۇتالماپتىكەن.

بىر قېتىم دادامنىڭ قاتار ئېسىۋەتكەن تەقدىرنامىلىرىنى كۆرسىتىپ:

www.uyghurkitap.com

— دادا، ماۋۇ نېمىلىرىڭنى ئېلىۋەتكىنە، ساۋاقداشلىرىم كۆرسە زاڭلىق قىلىدىكەن، — دېدىم. دادام بىردىنلا ئۆڭۈپ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ، گەپ قىلالماي قالدى. ئارقىدىن:

— بالام، سەن بۇ نەرسىلەرنى ئاددىي كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ بۇ دېگەن مېنىڭ هالال ئەمگىكىم بىلەن زاۋۇتتا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنىڭ ئىسپاتى. كىم زاڭلىق قىلسا قىلىۋەرسۇن. لېكىن، ساڭا دەپ قوياي، ناننى هالال ئىشلەپ يېگەن ئادەمنىڭ ئىككىلا دۇنيادا يۈزى يورۇق بولىدۇ. ئەمگەك قىلغان، تەر ئاققۇزغاننى زاڭلىق قىلغان ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس، سەن ئۇنداق بالىلار بىلەن ئارىلاشما، — دېدى.

مەن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ:

— ئەمىسە، ئاۋۇ نەرسىلىرىڭنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ ساتساڭ، بىرمۇچەنگە يارامدۇ؟ — دېدىم.

— هۇ، مۇناپىق، تۇزكۇر!

دادام ئىشتا پىشىپ كەتكەن ئالىقانلىرى بىلەن ئاغزىمغا بىر كاچات سالدى. كالپۇكۇم يېرىلىپ، ئالىقىنىم قانغا بويالدى. ئاپام دادامغا كايىغىنىچە ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ يىغلاپ يۈرۈپ، پاختا كۆيدۈرۈپ بېسىپ، كالپۇكۇمنىڭ قېنىنى توختاتتى. كالپۇكىمدا دادامنىڭ ئاشۇ كاچىتىدىن قالغان كىچىككىنە ئىز خېلى ۋاقىتلارغىچە مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن دادامغا گەپ قىلماس بولدۇم. داداممۇ ماڭا گەپ قىلماقچى بولسا، ئاپامغا قاراپ سۆزلەيتتى. نەزىرىمدە دادام كاللىسى قېتىپ كەتكەن، قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان، تۇرغانلا بىر هاماقەت ئىدى. بىر سىنىپتىكى بالىلار ئارىسىدا كىمنىڭ دادىسىنىڭ قانچىلىك پۇل تاپىدىغانلىقى، كىمنىڭ دادىسىنىڭ ئەمەلدار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كاتتا ئادەملىكى توغرىسىدىكى گەپلەر تولا بولاتتى. مۇنداق چاغلاردا مۇرات گىدىيىپ، ئۇندىمەي سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. مەن

بولسام باشقىلارنىڭ: «بەختىيار، داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بېشىمنى سىلىسىپ، كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتىم. نىغمەت ئىسىملىك ساۋاقدىشىمىزنىڭ دادىسى ساقچى ئىدى. نىغمەت دادىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى بىزگە ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىدىغانلىرى ئىچىدە خىروئىن سېتىپ بېيىپ كەتكەنلەر، ئوغرى - بۇلاڭچىلار، كەسپىي قىمارۋازلار توغرىسىدىكى گەپلەر بىزنى بەك قىزىقتۇراتتى. بولۇپمۇ مەن بىر ئاخشامدىلا مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن داڭلىق قىمارۋازلارنىڭ پۇلىنى پاك - پاكىز ئۇتۇۋېلىپ، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن توكۇر قىمارۋازغا بەك ھەۋەس قىلاتتىم. مەن پات - پاتلا نىغمەتتىن:

— ھەي نىغمەت، داداڭدىن سوراپ باقتىڭمۇ؟ ھېلىقى توكۇر قىمارۋاز ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟ — دەپ سورايتتىم.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى نىغمەت:

— ئۇ توكۇر گۇاڭجۇدا مىليونېرلار ياتىدىغان خەلقئار مېھمانسارايغا يوشۇرۇنۇۋاپتىكەن. بىر كۈنى شېرىكلىرى ئۇنى كاتتا بىر قىمار سورۇنىغا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ. كېيىن دېڭىز بويىدىن جەستى تېپىلىپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا پۇلىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، چاناپ، تاغارغا سېلىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنىكەن، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولدۇم، مۇرات:

— مەيلى ئەمەسمۇ، بىرەر يىل ئاشۇ توكۇردەك ياشىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ ئەرزىيدۇ جۇمۇ! — دېگەنىدى. قانداقتۇ بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك يۈرىكىم مۇزلاپ، تەنلىرىم تىكەنلەشكەندەك بولدۇم.

ئۇ يىللار شۇنداق يىللار ئىدى. ھاۋادىن ئالتۇن - كۈمۈش

پۇرىقى كېلىۋاتقاندەك ھەممىلا ئادەم ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىۋاتقان ئادەملەر، بەس ـ بەستە قەد كۆتۈرۈۋاتقان ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز بىنالار خۇددى بىر ئۇستا سېھىرگەر سېھىر تايىقىنى بىرلا چۆرۈپ چوڭ بىر شەھەرنى، يەنە بىر چۆرۈپ مىليونلاپ ئادەمنى بەرپا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ بازار ئىزدەپ غەربكە كېڭىيىشى، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالغىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان ئالاقە يوللىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ، دۆلەتلەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى جېنى بارلىكى ئادەمنى سودىگەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. توپ ـ توپ سودىگەر دېڭىز بويلىرىدىكى ئۆلكىلەردىن رەڭدار نىلون رەخت، كىيىم ـ كېچەك، پولات ماتېرىياللىرىنى توشۇيتتى. كاتتا ئېگىز بىنالاردا، شىركەتلەردىلا ئەمەس، كوچا ـ كويلاردىمۇ سودا قىزىپ، پۇل دېگەن شاراقشىپ ئاقاتتى.

يات ـ ياتلا ساۋاقداشلىرىمىزدىن ئىككى ـ ئۈچى بىر بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىغقان ـ تۈگكەنلىرىنى يېنىغا سېلىپ، ئوغرىلىقچە ئىچكىرىگە كېتىپ قالىدىغانلارمۇ چىقاتتى. لېكىن ئۇلار كۆپىنچە بىرەر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ، پۇللىرىنى خەجلەپ تۈگىتىپ، قىقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ، ساقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ياكى ئۆزلىرىلا قايتىپ كېلىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاق تاماكىغا خۇمار بولۇپ قاپتۇ، دېيىشەتتى. ئۇنداقلا جىن چاپلىشىپ قالغاندەك، كۆزلىرى نامەلۇم نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئالدىراش يۈرۈشەتتى. نىغمەت: «ئاق تاماكىغا خۇمار بولۇپ قالغان ئادەم ئۇنىڭ خۇمارىدىن ئۆمۈرۋايەت قۇتۇلالمايدىكەن، چېكىشۋېرىپ، پۈتكۈل بەدەنلىرى چىرىپ كېتىدىكەن» دەيتتى. باللار ئارىسىدا ئاق

تاماكا توغرىسىدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق، سىرلىق ھېكايىلەر تارقالغانىدى. بولۇپمۇ قىزلار ئاق تاماكا چېكىدىغانلار چېكىدىغانغا پۇلى قالمىغاندا، ئاق تاماكا چېكىپ ئۆلگەن جەسەتنىڭ ئۇستىخىنىنى ئېزىپ چېكىدىكەن ··· دېگەندەك گەپلەرنى ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇنداق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندا ئوغۇل بالىلارمۇ قورقۇپ جىنىمىز چىققۇدەك بولاتتۇق. چېكىدىكەن دەيدىغان بىرەرسىنى كۆرۈپ قالساق، خۇددى ئادەم يەيدىغاندەك بەدەر قاچاتتۇق.

مەكتىپىمىزنىڭ يېنىدىلا سىنقويغۇخانىدىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. مۇرات ئىككىمىز شىياڭگاڭنىڭ ۋەھىملىك كىنولىرىنى تولا كۆرەتتۇق. بىر قېتىم مۇرات: «قىزلارنىمۇ باشلىۋالايلى» دېدى. شۇ كۈنى تەلىيىمىزگە ئامېرىكىنىڭ تازا داڭلىق ئىشقىي مۇھەببەت كىنولىرىدىن بىرى قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆتىمىز بىللە سىنئالغۇ فىلىمى كۆرىدىغان، پات ـ پات دەرس تاشلايدىغان بولدۇق.

قىزلار بىلەن ئارىلىشىش ئۈچۈن پۇل كېرەك، ئەلۋەتتە. «8 ـ مارت» تا، روزا ھېيت، قۇربان ھېيتتا، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بىرەر سوۋغات بىلەن خۇشال قىلمىساق، «چۇپەي»، «ئادەمگەرچىلىكى يوق» دېگەن ئاتاقتا قالىسەن. مەرزىيە ئۆكتەبىردە تۇغۇلغانىكەن، ئۇ گەپ قىلمىسىمۇ مۇنىرە ماڭا نەچچە قېتىم سوۋغاتنىڭ گېپىنى پۇرىتىپ بولدى. مۇراتمۇ «بىر ئامال قىلىپ ئاز ـ تولا پۇل تاپساق بولاتتى» دەپ قوياتتى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە مېنى ئىزدەپ كەلدى. قولىدا بىر يەشىك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرەنچە كالتە يەڭ مايكا ئىكەن، ئاكىسىنىڭ دۇكىنىدىن ئاپتۇ. سېتىپ پۇلنى تەڭ بۆلۈشىدىكەنمىز. ئىككىمىز كەچلىك بازارغا چىقىپ مايكىنىڭ بىرىنى ئون كويدىن ساتتۇق. مېلىمىز ھەش ـ پەش دېگۈچە سېتىلىپ بولدى. ساناپ باقساق بىردەمدىلا 500 كوي

تېپىپتۇق. بۇ بىز ئۈچۈن، بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. يەنە بىر كۈنى ئىككىمىز كەچلىك بازارنى ئارىلاپ پىلان سوقۇپ كېتىۋېتىپ، يەر تالىشىپ ياقا سىقىشىۋاتقان يايمىكەشلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. بىرمۇنچە ئادەم ئۇلارنى ئورىۋاپتۇ. سېتىۋاتقان ماللىرى بىر ياندا قاپتۇ. مۇرات ماڭا بىر قاراپ قويۇپ بىر يەشىكنى كۆتۈرۈپلا ماڭدى. بىز ئۇنىڭدىكى ماللارنىمۇ يەنە بىر بازارغا ئاپىرىپ، ئەرزانلا سېتىۋەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مال سېتىشقا ھەۋەس قىلىدىغان، دائىم كەچلىك بازارلارنى ئارىلايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۆكتەبىردە مەرزىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى يېڭى ئېچىلغان رېستوراندا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. مەن ئۇنىڭغا سۇس شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كۆز قويۇلغان بىر جۈپ ھالقا سوۋغا قىلدىم. بۇ ھالقىنى مۇرات ماڭا سوۋېت ماللىرى بازىرىدىن ئېلىشىپ بەرگەنىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن قۇلۇپلانمىغان يېپىيېڭى ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئۆزۈم يالغۇز سوقۇۋەتتىم. بۇ ئىشىمدىن نەچچە كۈنگىچە پەخىرلىنىپ يۈردۈم. مۇرات ئىككىمىز «ئوتتۇرا كۆۋرۈك» تە قىممەت باھالىق خۇرۇم چاپان كىيگەن بىر ئەركىشىنىڭ سومكىسىنى بۇلاپ قاچتۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 5000 يۈەن نەق پۇلنى ئېلىۋېلىپ، سومكىنى قالغان نەرسىلىرىنى بىلەن قوشۇپ تاشلىۋەتتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن كاللامغا دەرس چۈشمەيدىغان بولدى. بارغانچە قېنىم قىزىپ، تېخىمۇ قارامالارچە پىلانلارنى تۈزۈپ، چوڭراق ئىشلارنى قىلىپ باققۇم كېلەتتى. يەنە بىر تۈرۈپ، مەن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن؟ بۇنداق كېتىۋەرسەم ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟ ئاتا ـ ئانامچۇ ···؟ دەپ ئويلاپ قورقۇپمۇ قالاتتىم. مۇرات دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغىنىمنى سېزىپ:

— بۇ دۇنيادا پۇل تاپقان ئادەملەرنىڭ قايسىبىرى توغرا يول بىلەن تاپقان دەيسەن. ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن

سېتىۋالغان قىممەت ئاياغلار كىيىپ ئۆيۈڭگە يېتىپ بارغىچە بۆسۈلۈپ كېتىدۇ. ئەمەلدارلارغا پۇل بەرمىسەڭ، ئىشىڭنى ھەل قىلمايدۇ. دوختۇرنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويمىساڭ، ئاغرىقنى هارام ئۆلتۈرۈپ قويسا قويىدۇكى، ئوپېراتسىيە قىلمايدۇ. مۇئەللىمگە پۇل بەرمىسەڭ، سېنى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەيدۇ. دادام: «مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەڭ، بۇلاڭچىلىقتىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ» دەيدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ، — دەپ ۋەزخانلىق قىلاتتى.

— داداڭ زادى نېمە ئىش قىلىدۇ، ئاداش؟ ئۇ بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورىمۇ ياكى چوڭ سودىگەرمۇ؟ — دەپ سورىسام، مۇرات كۈلۈپ قويۇپ:

— دادام ئۆزىنى تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىگەن ئادەممەن، بولمىسا مەنسەپدارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولاتتىم، ھېچبولمىغاندا، كىتاب يېزىپ، ھەممە ئادەم قول قويغۇدەك ئالىم، ئۆلىما بولاتتىم، دەيدۇ. شۇنداق دېسەم، بەلكىم، ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئۇ تېخى قۇرئانغا تەپسىر ئېيتالايدىغان چوڭ موللا. هازىر چىقىۋاتقان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىمۇ قويماي ئوقۇيدۇ، تېلېۋىزورغىمۇ بەك ئامراق، ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرۇپ، پۈتكۈل جاھاننىڭ ئىشلىرىنى باھالاپ چىقىدۇ، — دەيتتى.

قىشلىق تەتىل ئالدىدا دادام ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، چىرايى قارا بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ كەتتى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندا، دادام ئاپامنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ مېنى تازا بىر تىللىۋېتىپ، ئاخىرىدا يۇمشاپ، نۇرغۇن نەسىھەت قىلدى. يەنىلا شۇ «مەنغۇ ئوقۇي دېسەم شارائىت يوق، يېرىم ئادەم بولۇپ قاپتىمەن. سېنى ئوقۇپ پۈتۈن ئادەم بولسۇن دەپ ھەممە شارائىتىڭنى تەل قىلىپ بېرىۋاتساق، نېمەڭگە نېمە يەتمەي، ئوقۇشنى تاشلاپ مەكتەپتىن قېچىپ يۈرىسەن؟…»

دېگەندەك گەپلەر. ئىچىمدە: «ھە، شارائىتىمنى بەك تەل قىلىپ بېرىۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا قاراپ ئۆتكەن كۈنىمۇ كۈن بولامدۇ؟ سىلەردەك ئادەملەر ئات ـ ئېشەكتەك ئىشلەپلا ياشىساڭلارمۇ رازى بولىسىلەر» دەيتتىم. دېمىسىمۇ، 18 يىللىق ئىستاژغا ئىگە دادام ئارام 100 نەچچە كويچە مائاش ئالاتتى. ئاپام بىچارە زاۋۇت قورۇسىدا پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىپ، ئايدا ئاران 50 ـ 60 كويچە تاپاتتى. مەن ئۇلاردەك ئادەم بولۇشنى، ئۇلاردەك ياشاشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. بىراق، ئۇلارغا بۇ گەپلەرنى قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم، ھەتتا يالغاندىن خورەكمۇ تارتىپ قويدۇم. دادام مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ، چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ ئاپامغا:

— بۇ ئەتىۋارلىق ئوغلىمىز بەش پەندىن ئۆتەلمەپتۇ، ھە دېسە دەرس تاشلايدىكەن. قارىغاندا، بۇ ئەتىگەندە ئۆيدىن مەكتەپكە بارىمەن، دەپ چىقىپ كەتكىنى بىلەن باشقا يەرلەردە يۈرىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ — دېدى. ئارقىدىن يەنە:

— ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا بارسام، بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆڭلۈم توق ئولتۇراتتىم. بۈگۈن بېشىمنى يەردىن كۆتۈرەلمەي قالدىم، — دېدى.

— بۇ بالا ئىلگىرى بۇنداق ئەمەس ئىدى، — دېدى ئاپاممۇ، — ھېلىقى چېقىر كۆز بىلەن ئارىلاشقاندىن بېرى تالاغا تولا قاترايدىغان، قولىقىغا گەپ كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى. قايسى كۈنى كىيىملىرىنى يۇيۇۋېتەي دەپ يانچۇقىنى ئاختۇرسام، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدا بىر مۇنچە پۇل تۇرىدۇ. قورقىنىمدىن تاس قالدىم ئايلىنىپ چۈشكىلى. ئاخشىمى «بالام، نەدىن كەلگەن بۇنچىۋالا پۇل بۇ؟» دەپ سورىسام، بىردەم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

«سىنىپتىكى بالىلارنىڭ كىتاب پۇلى، مۇئەللىم يىغىپ بەر دېگەن» دېدى. بۇ گېپىگە تازا ئىشىنەلمىدىم. قارىغاندا، بىرەر يامان يولغا كىرىپ قالدىمۇ نېمە بۇ بالا؟ — دېدى.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمىگىنە، يوقىلاڭ گۇمانلارنى قىلمايلى، بەختىيار ئۇنداق ئەسكى بالىلاردىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن بەكرەك پەخەس بولايلى، سەن مەريەم مۇئەللىم بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرغىن.

— سىلە دىققەت قىلدىڭلىمۇ؟ يېقىندىن بېرى بۆلەكچە بوي تارتىپ، قاڭشىرى ئېگىزلەپ، سىلىنىڭ ياش ۋاقتىڭلىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ بۇ بالا. كۈندە ئەتىگەندە كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ مەكتەپكە ماڭسا، «مېنىڭ ئوغلۇم چوڭ بولدى. مۇشۇ چىرايلىق يىگىت مېنىڭ بالام - ھە» دەپ ئارقىسىدىن قاراپ قالىمەن. ئۆزىمۇ ئەينەككە تولا قارايدىغان، توختىماي چېچىنى تارايدىغان بولۇپ قالدى. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بېرەر، بەخت - تەلىيىنى بېرەر بىر تاللا بالامنىڭ ... — ئاپامنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى ئېسەدەشكە ئۆزگەردى.

دادام ئىشكاپنى تاراقشىتىپ بىر نەرسىلەرنى ئالغاندەك قىلدى. كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا كېلىپ:

— بۇ پوپايكىنى بەختىيار كىيسۇن. ئېسىڭدىمۇ، ئۆتكەندە كىيىپ بېقىپ، ئەينەككە قاراپ: «دادا، مۇشۇ پوپايكاڭنى ماڭا بېرىۋەتە» دېسە، سەن: «داداڭنىڭ ئۆمرىدە كىيگەن تۇزۇكرەك پوپايكىسى مۇشۇ. سەن تېخى ياش، نى - نى كىيىملەرنى كىيىسەن» دەپ توسۇپ قويغانىدىڭ. ھازىرقى بالىلار كىيىم - كېچەككە بەك ئېتىبار بېرىدىكەن. بىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشىراق كىيىم ئېلىپ بېرەلمىدۇق. ئاداشلىرىنىڭ ئالدىدا بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن دەيمەن، — دېدى.

مەن يوتقاندا يېتىپ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋاتقان ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يىغىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن

بېسىۋالمىغان بولسام، ھۆكرەپ يىغلاپ، ئۆزۈمنى ئانا ـ ئانامنىڭ ئايىغىغا ئاتقان، «ئاپا، دادا، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن ئادەم ئەمەس، مەن سىلەرنى ئالدىدىم، يامان ئىشلارنى قىلدىم. سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى ئاقلىيالمىدىم» دېگەن بولاتتى.

دادام پوپايكىنى كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئاپاممۇ چىقىپ كەتتى. مەن كىچىككىنە نۇرغۇن ئىشنى ئويلىدىم. ئىغمەتنىڭ تېخى يېقىندىلا مېنى چاقىرىپ: «بەختىيار، سەن مۇراتتىن ئۆزۈڭنى تارتقىن. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن داڭلىق ئوغرى ئىكەن. ئۇ ھازىر ياشقا چوڭقىيىپ ئۆزى ئوغرىلىق قىلمىغان بىلەن، چوڭ ئوغۇللىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنمىش، مۇراتنىمۇ بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، شۇڭا دىققەت قىلغىن. بۇ گەپلەرنى ئۆزۈڭ بىلىپ قال، باشقىلارنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ مۇراتنىڭ ئالدىدا ئاغزىڭدىن چىقارما» دېگەنلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم. مۇراتقا ئەگىشىپ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنى ئويلىسام، ۋۇجۇدۇمدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلغاندەك، چاقماقنىڭ يورۇقىدا روھىمنىڭ چوڭقۇر جىرا، ئوي ـ دوڭغۇللىرى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك، «سەن زادى قانداق ئادەم، نېمىشقا قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئوتقا ئۇرىسەن، بىلىپ تۇرۇپ جىنايەت يولىغا ماڭىسەن؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ، ئاقىۋىتىڭ قانداق بولماقچى؟» دېگەن سوئاللار سىرتماق بولۇپ گېلىمنى بوغۇۋاتقاندەك بولاتتى. بىراق، بۇ ئازاب ـ پۇشايمانلار مەرزىيەنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى مەستخۇش كۆزلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن يوق قىلىۋېتەلمەيتتى. تۈتىمىز بىر بولۇپ رېستورانلاردا، ئاسمان ـ پەلەك قارىغايلىق تاغلاردا، ھەيۋەتلىك شارقىراتما بويلىرىدا، قويۇق ئورمانلاردا ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك ـ لەززەتلىك پەيتلەرنى خىيالىمدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتەلمەيتتى. ئەكسىچە، ئاشۇ

كۆرۈنۈشلەر باشقىچە سېھىرلىك تۈستە جۇلالىنىپ، مېنى قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك، قۇلاق تۈۋىمدە: «هايات دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن سادا توختىماي تەكرارلىنىۋاتقاندەك بولاتتى…

كېچىچە تولغىنىپ، تولا ئۆرۈلۈپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. سەھەردە ئاپام ھەرقاچانقىدەك سەل يىرىك، ئەمما مېھىرلىك قوللىرى بىلەن پېشانەمنى، بويۇن - باشلىرىمنى سىلاپ، قۇلاقلىرىمنى ئاستا تارتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن مېنى ئويغاتتى. ئاپامنىڭ قولىدىن ئەتىگەندە سۈت بىلەن سىڭىپ پىشقان نانىنىڭ ھىدى كېلەتتى. مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدىكىدەك بۇ پۇراقنى كۆچەپ سۈمۈرۈپ، ئاپامنىڭ سىلاشلىرىدىن ئۇزاقراق ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن كۆزۈمنى ئاچماي يېتىۋالدىم. ئاپام مېنى چاي ئىچىشكە چاقىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئالدىراپ كىيىنىشكە باشلىدىم. ياستۇقۇمنىڭ يېنىدا چىرايلىق قاتلانغان كۆل رەڭ يۇڭ پوپايكا — دادامنىڭ پوپايكىسى تۇراتتى. ئۇنى كىيىپ باقماقچى بولۇپ قولۇمنى ئاپاردىمۇ، قوللىرىم ئوتتا كۆيگەندەك بولۇپ، شۇئان تارتىۋالدىم. چاي ئىچىۋاتقاندا دادام:

— پوپايكىنى كىيىۋالماپسەنغۇ؟ ھاۋا سوۋۇپ قالدى. سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالما يەنە! — دېدى.

— مەن تېخى توڭلىمىدىم، — دېيەلىدىم بوغۇق ئاۋازدا ئارانلا.

شۇ كۈنى كەچكىچە كىتاب ئوقۇغان، كونسېپىك كۆرگەن بولۇپ مۇراتقا گەپ قىلمىدىم. مەرزىيەنى مىجەزى يوقكەن، ئىككى كۈنلۈك ئىسپىراپكا ئېلىپ كېلىپ بېرىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. مۇراتنىڭ بۇرۇلۇپ چىرايىمغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى، ماڭا گەپ قىلغۇسى بارلىقىنى سېزىپ

تۇراتتىم. دەرستىن چۈشكەندە، ئۇ كەينىمدىن كېلىپ:

— نېمە بولدى، ماڭا ھېچ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بىز دېگەن قىيامەتلىك ئاغىنە جۇمۇ. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بىرەرسىگە دەپ قويمىغانسەن؟ — دېدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدىمەن، — ھېچكىمگە دېمەيمەن بىراق ... ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايلى، سەنمۇ ماڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلما.

— قورقۇۋاتامسەن نېمە؟ مەن سېنى خېلى ئەركەك تۆكى بار ئوغۇل بالا دەپ بىلىمەن جۇمۇ. ماڭا قارا بەختىيار، بۈگۈن بەك ئىشەنچلىك بىر خەۋەر كېلىپ قالدى، ئازراقلا غەيرەت قىلساق، ئۆمۈر بويى يەپ ياتقۇدەك بىر نەرسىگە ئېرىشىپ قالاتتۇق. مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن قولۇمنى يۇيۇۋېتەتتىم.

— مەنغۇ قورقمىدىم، لېكىن بۇ گەپلەرنى قىلما ماڭا.

مۇرات كەينىمدىن يەنە سوڭدىشىپ كەلدى:

— ھەي، ئەخمەق بولما دەيمەن. باشقىلارغا دېسەمغۇ ياغدەك ياقىدۇ، لېكىن دېگۈم كەلمىدى ئۇ گۈيلارغا. پۇلنى تاغارلاپ تاپىدىغان ئىبراھىم تاز دېگەننى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ئايروپىلاندا خىروئىن يۆتكەپ سېتىپ، بېيىپ كەتكەن نېمە ئۇ. ئۇنىڭ پۇلىنى ئالساق ھارام بولمايدۇ. ياخشى يېرى، ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، دائىم ئۆزى يالغۇز، بەك سىرلىق ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەتە كەچتە ئۇ بىر يەرگە مال ئالغىلى بارماقچى، ئىككىمىز قولىدىكى سومكىنى تارتىۋېلىپ قاچساقلا بولىدۇ.

ئۇ، گەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ يەنىمۇ يېقىنلاپ گۇدۇڭلىدى:

— ئۇنچىلىك پۇلنى ئاتا ـ ئاناڭ ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ. بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك، ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالىمىز جۇمۇ ... ئۇنداق بولسا ئەتە كەچ سائەت سەككىزدە «ئوتتۇرا كۆۋرۈك» تە — ئۆتكەنكى يەردە كۆرۈشەيلى،

كىچىكىپ قالساڭ قەتئىي بولمايدۇ!

ئەتىسى شەنبە ئىدى. ئەتىگەندە دادام بىلەن «بەيگە مەيدانى»غا گۆش ئالغىلى باردۇق. دادام: «سەن دېگەن ئوغۇل بالا، گۆش ئېلىشنى ئۆگىنىۋال، كېيىنچە مەن يوق بولۇپ قالساممۇ، ئاپاڭغا ئەسقاتىسەن» دەپ گۆش ئالىدىغان چاغدا دائىم مېنى باشلىۋالاتتى. مەن قۇشخانىدىن بەك سەسكىنەتتىم. تېرىسى سويۇلۇپ، كانارلارغا قاتار ـ قاتار ئېسىلىپ كەتكەن قويلار، قويۇق قان ھىدى كەيپىياتىمغا تەسىر قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. گۆشنى ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولغۇچە كۆزۈم تۆت بولاتتى. تەلىيىمىزگە ئۇ كۈنى دادام ئانچە ئۇزۇن ئايلانمايلا سودىسىنى پۈتكۈزدى. شۇنداق بولسىمۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا گېلىم غىسقىدە بولۇپ، ھېچ نەرسە يېگۈم كەلمىدى. ئاپام بىلەن دادامغا مىجەزىم يوق دەپ قويۇپ، مېھمانخانىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ھېچنېمىنى، ھېچكىمنى ئويلىماي يېتىشقا تىرىشتىم، ئەمما بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە نېمىلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيدىغان، كۆڭۈل ئېلىشىشقىمۇ، بىئارامىلىققىمۇ، بىزارلىققىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر تۇيغۇ بار ئىدى. ئەنە شۇ تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، كاللام ئەندىشىلىك، غەمكىن خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. خىيالىمغا نېمىشقىدۇر تولىراق ئۆتكەن ئىشلار، بالىلىق چاغلىرىملا كېلەتتى. بۇ كىچىككىنە مېھمانخانىدا ئۆزۈم يالغۇز يېتىۋاتقىلى قانچە يىل بولغاندۇ؟ بەلكىم سەككىز ـ توققۇز يىل بولدىمىكىن. كىچىك ۋاقتىلىرىمدا ھۇجرا ئۆيدىكى چوڭ تاختا كارىۋاتتا دادام بىلەن ئاپامنىڭ يېنىدا ياتاتتىم. مەن مەكتەپكە كىرگەن يىلى دادام ماڭا ئاتاپ بىر كارىۋات، بىر ئۇستەل چىرىغى ئېلىپ مېھمانخانىغا قويۇپ بەردى. ئاخشىمى ئۇ قولىغا بىر پارچە گېزىت ئېلىۋېلىپ، يېنىمدا ئولتۇرۇپ

تاپشۇرۇق ئىشلىشىمگە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى ياكى «ھېساب» تىكى تۆت ئەمەل، كەررە دېگەنلەرنى ئۆگىتەتتى. ئاپام نېرىقى ئۆيدە دېرىزە تۈۋىگە قويۇۋالغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا شىلدىرلىتىپ كىيىم تىكەتتى. مەن خېلى چوڭ بولغۇچە ئاپام تىكىپ بەرگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈردۈم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، دادام ماڭا دەرس ئۆگىتەلمەيدىغان بولدى. ئاپامۇ ماڭا كىيىم تىكىپ بەرمەي، بازاردىن ئېلىپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخشاملىرى مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ، ئۆزۈم خالىغان كىتابلارنى ئوقۇۋېتتىم، دادامنى تاپشۇرۇق ئىشلىدىم، دەپ ئالدايتتىم. باشلانغۇچنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئالدىنقى يىللىقتىن چۈشۈپ قالغان چوڭ باللار بىز بىرنەچچىمىزنى تۇتۇۋېلىپ: «ئوغۇل بالا دېگەن تاماكا چېكىشنى بىلمىسە، ئەركەك ھېسابلانمايدۇ، قېنى چېكىشە!» دەپ زورلاپ تاماكا چەكتۈرگەنلىرى، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش، تاماكا چەككەندە يۆتەلمەيدىغان بولۇش ئۈچۈن بىر قاپ تاماكا سېتىۋېلىپ، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ تاماكا چېكىشنى ئۆگەنگەنلىرىم؛ سەل چوڭ بولغاندا ئەرزان ھاراقتىن بىر بوتۇلكا سېتىۋېلىپ، ئىشىكنى تاقاپ ئۆزۈم يالغۇز يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىچىپ مەست بولۇپ قالغىنىم، ئەتىسى دادام ئۇقۇپ قېلىپ، قاتتىق كايىپ كەتكەنلىرى تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەكلا تۇرىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدۇم. بويۇم ئۆسۈپ، ئاۋازىم غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. مەن پات ـ پاتلا كارىۋاتتا يېتىپ قىزلارنى ئويلايدىغان، ئۆزۈن ئەينەكنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. كېيىن ... مۇرات دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئىسقىرتىپ، مېنى چاقىرىدىغان بولدى. مەن ئاۋۇ ئاق تور پەردىنى قايرىپ تۆۋەنگە بىر قارىۋېتىپ، ئاپامنىڭ «نەگە بارىسەن؟ مانا، تاماق

تەييار بولدى» دەپ توسۇشلىرى قارىماي، يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم. يولنىڭ نېرىقى قېتىدا چوڭ قىزلاردەك ياسىنىپ، گىرىم قىلىۋالغان سانىيە بىلەن مەرزىيە بىزنى ساقلاپ تۇراتتى. سورۇنلاردا ئۇلار بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ، كېلەر قېتىمقى ئۇچرىشىش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى قانداق تېپىشنى ئويلايتتىم. مەرزىيە ··· كۆزۈمگە بەزىدە ئاجايىپ سەبىي، ئاجايىپ ئوماق كۆرۈنىدىغان، بەزىدە مۇزدەك سوغۇق، مەنمەنچى كۆرۈنىدىغان مەرزىيەدىن زادىلا مېھرىمنى ئۈزەلمەيتتىم···

ئاپام تاماققا چاقىرغاندى، «بىر نەرسە يېگۈم يوق» دەپ چىققىلى ئۇنىمىدىم. ئاپام يەنە ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ: «بەختىيارجان بالام، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ مۇنداق تاماق يېمەي يېتىۋالساڭ، ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن» دېدى. «ھېچنېمە بولمىدى ئاپا، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويە، تولا كوتۇلدىما!»

ئاپام ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ بېقىپ كېتىپ قالدى. تۇرۇپلا ئاپامغا قوپاللىق قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. خىيالىم يەنە كىچىك ۋاقىتلىرىمغا كەتتى. مەكتەپكە بارىدىغان تۇنجى كۈنۈم ئاپامنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، چاچلىرىمنى تاراپ، مەڭزىمگە سۆيۈپ ئەركىلەتكەنلىرى، دادامنىڭ «ئوغلۇم، سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، مۇئەللىملىرىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، ئوبدان ئوقۇ. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنى، قىز بالىلارنى بوزەك قىلما. كەپسىز، ئەسكى بالىلارغا ئارىلاشما» دېگەنلىرى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋېلىسىپىت بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشلىرى ··· كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقسام، ۋېلىسىپىتنى تۇتقىنىچە مېنى ساقلاپ تۇرغان دادامنى كۆرەتتىم. بەزىدە باشقا بالىلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، دادامنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ سىرتقا چىقىۋالاتتىم. دادام

بىچارە مېنى خېلىغىچە ساقلاپ بېقىپ، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپ، ئاداشلىرىمنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ باراتتى. كەچتە ئۆيگە كېلىپ مېنىڭ بەخىرامان ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ: «ئۆزۈڭ قايتىپ كېلەلىدىڭمۇ بالام؟ قارا سېنى» دەپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ئارقىدىن «ئەمدى بۇنداق قىلمىغىن، مېنى مۇشۇنداقمۇ ئاۋارە قىلامسەن؟» دەپ كايىپ قوياتتى. دادام تاكى مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە مەكتەپكە ئاپىرىپ ـ ئەكىلىپ قويۇشنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈلدۈرمىدى. مەن ئوقۇيدىغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىدى. دادام دائىم دەرستىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە قايتىشىمنى تاپىلايتتى. ئۆزى كۈندە كەچتە ئاپتوبۇس بېكىتىدە مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئاغىنىلىرىم بىلەن ئويناپ كېچىكىپ قالغان چاغلىرىمدىمۇ دادامنىڭ قاراڭغۇدا ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك مېنى ساقلاپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ياز كۈنلىرىغۇ بىر گەپ، بولۇپمۇ بالدۇر قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىغان قىش ئايلىرىدا، قار ـ شىۋىرغانلىق كېچىلەردە قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان دادام توختىماي يەرنى تېپىپ، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ھەر قېتىم دادامغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىمدا، پۇتلىرىم مىڭ جىڭ تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ، كۆزلىرىمگە ياش تولاتتى. «دادا، ئەمدى ئالدىمغا چىقمىساڭمۇ بولىدىغۇ» دېسەم، «يەنىلا سەندىن ئەنسىرەيدىكەنمەن، ئوغلۇم» دەيتتى. ھازىر ئويلىسام، دادامنىڭ كۆڭلى شۇ چاغلاردىلا بىر نەرسىنى تۇياتتىمىكىن، دەپمۇ قالىمەن. ئىككىنچى يىلى دادام قاتتىق ئاغرىپ ئوپېراتسىيە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن بېكەتكە چىقمايدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مېنى چوڭ بولۇپ قالدى، دەپ ئويلىدىمىكىن، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇمنى ئانچە قاتتىق چەكلىمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما تاماق يەۋاتقان، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان، ھەتتا بەزىدە ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ دادامنىڭ ماڭا ناھايىتى ئەستايىدىل قىياپەتتە، زادىلا كۆرۈپ

باقمىغان يېڭى بىر نەرسىدىن زوقلىنىۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇنىڭ بۇ قارىشى كىچىك ۋاقىتلىرىمدىكى ئامراقلىق بىلەن قاراشلىرىغا ئوخشىمايتتى. يېقىندىن بېرى دادام ماڭا گاڭگىراپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا چۈشىنىكسىز بىر نەزەردە بىرپەس قاراپ تۇراتتى ــ دە، كۆزىنى ئېلىپ قىچىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، جىمىپ كېتەتتى. نېمىشقىدۇر بۇ جىمجىتلىقتىن مەن ئاجايىپ قورقاتتىم. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيۈمگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالاتتىم. دادام ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا بىر پەس مېڭىپ يۈرەتتى ــ دە، چاپىنىنى كىيىپ، بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە جاھاننىڭ پارىڭىنى سوقۇپ ئولتۇرىدىغان بوۋايلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتەتتى. دادام بۈگۈن نەدە ھايال بولۇپ قالدىكىن، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا چوقۇم ئۆيدە بولاتتى، ئەزەلدىن كوچىدىكى ئاشخانىلارغا كىرىپ تاماق يېمەيتتى…

ئىختىيارسىز سائەتكە قارىدىم. سائەت دەل يەتتە يېرىم بوپتۇ! تېنىم جۇغغىدە قىلىپ قالدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرغىنىمنى، تەخسىگە ئېلىپ قويغان تاماقنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى، ئاپامغا قاراپمۇ قويماي، پەلەمپەيدىن ئوقتەك چۈشۈپ كەتكىنىمنىلا بىلىمەن. كاللامدا «ئاخىرقى قېتىم ئاخىرقى قېتىم! ئاخىرقى قېتىم!» دېگەن بىرلا سۆز توختىماي پىرقىراپ ئايلىناتتى…

## 2

مۇرات ئىككىمىز نۇرغۇن تونۇش، ناتونۇش كوچىدىن ئۆتۈپ چوڭ بىر قورۇلۇش ئورنىنىڭ ئارقىسىدىكى خالتا كوچىغا

كىردۇق. قاراڭغۇ كېچىدە ئەخلەت، يۇندى بىلەن تولغان ئارقا كوچىلاردا، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللاردا ئېگىز ـ پەس دەسسەپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدۇق. مۇرات:

ــ ھېلى ئالدىمىزغا پاكار، دوغىلاق، پاينەكباش بىر ئادەم ئۇچرايدۇ. سەن بېرىپ: ئابلەت موزدۇزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟ دەپ سورايسەن. ئاڭغىچە مەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ قولىنى كەينىگە قايرىپ تۇتىمەن ـ دە، بىر قولۇم بىلەن پىچاقنى گېلىغا تەڭلەپ: «جان لازىم بولسا يېنىڭدىكى پۇلنى چىقار!» دەيمەن، ــ دېدى. ئۇ بىر پىچاقنى كۆرسىتىپ قويۇپ قوينىغا سېلىۋالدى. پىچاقنى كۆرۈپ: «ئاپلا، ئىش چاتاقمۇ ـ نېمە؟ ئۇ باشتا سومكىنى ئېلىپ قاچساقلا بولىدۇ دېگەنتى،» دەپ ئويلىدىم. جىمىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ مۇرات ماڭا ئالىيىپ بىر قاراپ قويدى:

ــ نېمە بولدى، قورقۇۋاتامسەن؟ دېمىسەڭ ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىمۇ؟

ــ ياق، ياق، مەن...

دەل شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئىككىمىز ئۈن ـ تىنسىز ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. مەن ئۆزۈمنى پايانسىز قۇملۇقتا كېتىۋاتقاندەك سېزەتتىم. قەدىمىم ئېغىرلىشىپ، تاماقلىرىم قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، پاينەكباش ئادەم بىپايان قۇملۇقنىڭ نېرىقى چېتىدىن بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى...

ــ دەل ئۆزى! سەل يېقىنلىشىپ كەلگەندە سەن ئالدىغا بېرىپ گەپ سورا. مەن بايا دېگەندەك، ئابلەت موزدۇزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟ دېگىن.

ئىككى تىزىمنىڭ تىترىشىنى تەستە بېسىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچقاندەك يانغا داجىدى.

ــ ئاۋۇ ... ئابلەت موزدۇزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟

مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنىدۇق، ئۆيىنى تاپالمايۋاتىمىز...

ئۇ مېنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولۇپ قالدى بولغاي، سەل ئىككىلىنىپ جايىدا توختىدى، ئارقىسىغا يېرىم بۇرۇلۇپ، قولى بىلەن كوچىنىڭ ئىچكىرىسىنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇدۇل مېڭىۋېرسەڭلار، بىر دوقمۇش بار. دوقمۇشتىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ... ھەي... ئىسىت!

ئۇ پىچاقنىڭ گېلىغا تىرەلگەنلىكىنى سەزگەندە، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋەتتى. مۇرات ئۇنى يەنە بىر دۆشكەلىدى:

— زۇۋانىڭنى چىقارما، جان لازىم بولسا، يېنىڭدىكى پۇلنى ياۋاشلىق بىلەن چىقار، ھەممىنى!

ئۇ يېنىدىكى پۇلنى ئالماقچىدەك ئېڭىشتى. ئۇشتۇمتۇت ئارقىچىلاپ بىر پەشۋا ئېتىپ مۇراتنى ئوڭدىسىغا يىقىتتى ـ دە، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي كوچا ئېغىزى تەرەپكە يۈگۈردى. مۇرات سەكرەپ قوپۇپ پىچاقنى تۇتقىنىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىۋېتىپ:

— بەختىيار! نېمە قاراپ تۇرىسەن، ئاۋۇنى تۇتۇۋالايلى، چاققان يۈگۈر! — دەپ توۋلىدى. ئاڭغىچە پاينەكباش خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى، ئىككىمىزمۇ بار كۈچىمىز بىلەن ئۇنى قوغلاشقا باشلىدۇق.

جاھاندا ئىشلار تاسادىپىي يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھەتتا دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. پاينەكباشنى تۇتۇۋېلىشتىن ئۈمىدىمىز ئۈزۈلگەن بىر پەيتتە، ئۇلەر ـ تىرىلىشكە باقماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان پاينەكباش بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلدى. ئۇ دەل ھېلىقى قۇرۇلۇش ئورنى ئىدى. مۇرات ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ھاسىرىغىنىچە:

— پۇلنى چىقار، تېز بول! ئەمدى قۇتۇلۇپ كېتەرمەنمىكىن دەپ خىيال ئەيلىمە! — دېدى.

— ھۇ، ھارام سۈيدۈك، پۇل لازىم بولسا كېلە قېنى! ئاكاڭنى بوش كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟!

قولىغا يوغان پىچاق ئىلىۋالغان پاينەكباش ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پىچاقنى شىلتىپ ھەيۋە قىلدى. يۇقىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنىڭ بىسى ۋال - ۋۇل قىلىپ يالىلدىدى. شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە قېنىم قايناپ، كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلغاندەك بولدى. يان تەرەپتىن ئېتىلىپ بارغىنىمچە، پاينەكباشنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا بار كۈچۈم بىلەن ئېسىلدىم. مۇرات ئۇنىڭ كۆكرەك، قورسىقىغا كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە پىچاق تىقىۋەتتى. ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق، قاڭسىق قان يۈز - كۆزلىرىمگە، كىيىملىرىمگە چاچرىدى. مۇرات تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پاينەكباشنىڭ بېلىنى سىلاشتۇرۇپ، ئايالچە ئۆزۈن پايپاقتىن ئۇچىنى تارتىپ چىقاردى. ئۇچىلىسىنىڭ ئىچىدە باغلام - باغلام پۇل بار ئىدى.

ئىككىمىز ئەتراپقا ئالاق - جالاق بولۇپ قارىغىنىمىزچە، بىر پۇتى پۈكۈلىنىپ، غەلىتە ھالەتتە قىيسىيىپ تۇرغان پاينەكباشنى تاشلاپ قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئايرىلدۇق. ئەڭ قاراڭغۇ، ئادەمسىز يوللارنى تاللاپ مېڭىپ، «تىنچلىق» ئۆستىڭىنىڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان يېرىدە يۈز - كۆز، قوللىرىمىزدىكى قاننى يۇيۇپ تازىلىدۇق. ئارقىدىن مۇراتنىڭ مەسلىھىتى بويىچە بىر توپ قارىياغاچنىڭ تۈۋىنى چوڭقۇر كولاپ، پۇلنى كونا سولياۋ پارچىسىغا يۆگەپ، پىچاق بىلەن قوشۇپ كۆمدۇق. مۇرات يوغان بىر تاشنى پۇل كۆمگەن يەرنىڭ ئۆستىگە ياستۇرۇپ قويۇپ:

— مانا، بۇ بەلگە، سەنمۇ ئوبدان كۆرۈۋال. كېيىن، خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندە، ئىككىمىز بىللە كېلىپ پۇلنى تەڭ

بولۇشىمىز. ئەگەر قايسىبىرىمىز ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلمىساق، تەقدىرىمىز پاينەكباشنىڭكىدەك بولىدۇ! — دېدى. ئارقىدىن، — ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق ياكى... بىرسىمىز ئېتىلىپ كەتسەك، پۇلنىڭ يېرىمى شۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا تەۋە بولىدۇ. لېكىن جان چىقسا چىقىدۇكى، پۇلنىڭ گېپى ئېغىزىمىزدىن چىقمايدۇ، — دېدى.

دەككە - دۈككە، قورقۇنچ ئىچىدە چىراغ يورۇقىدىن، ئادەملەردىن قېچىپ قاراڭغۇ بولۇڭ - پۇچقاقلاردا يىرتقۇچتەك تىمىسقىلاپ يۈرگىنىم كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ پات - پات تەكرارلىنىپ تۇردى. ھەر قېتىم ئويغىنىپ چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە خۇشال بولۇپ، ئۆزۈمنى شۇقەدەر يەڭگىل سېزەتتىم. ئەمما ئاخشامقى ئىشلار چۈش ئەمەس ئىدى... ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، چىراغنى ياقمايلا ئۆزۈم ياتىدىغان مېھمانخانىغا كىرىۋالدىم. بۇ جەريان شۇنچىلىك ئۇزاق ھەم چىدىغۇسىز ئازابلىق بىلىندى. قاراڭغۇدا كىيىملىرىمنى ئالدىراپ سېلىپ تاشلاپ، كونا بىر سومكىغا پوملاپ تىقتىم - دە، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇردۇم. ئىشكاپتىن پاكىز كىيىملىرىمنى ئېلىپ كىيىپ، يوتقانغىمۇ كىرمەي، تىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدا ئاشۇ دوزاختەك قاراڭغۇ كوچا، غەلىتە ھالەتتە قىيسىيىپ قالغان پاينەكباش، ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئاغزى - بۇرنۇمغا چاچرىغان قان، قاننىڭ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان قاڭسىق ھىدى...

قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، دېرىزىنىڭ خىرە - شىرە ئاقارغىنى، چىشلىرىم كاسىلداپ، جالاقلاپ تىترەۋاتقىنىم ئېسىمدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق.

قاچاندۇر ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. بەك يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۇ يىغا بارا - بارا يېقىنلاشتى.

www.uyghurkitap.com

تەستە كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئاپام بىلەن دادام كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاپام يىغلاۋاتىدۇ.

— بولدى يىغلىما، كۆزىنى ئاچتى، ھوشىغا كەلدى، ئەمدى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دادام شۇنداق دەپ يوغان ئالقىنىنى پېشانەمگە قويۇپ، ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ماڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى باشقىچىلا ئولتۇرۇشۇپ، چېكە چاچلىرى بىردىنلا ئاقىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇسىبەت قايغۇسىنى كۆرۈپ، دادامنىڭ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغانلىقىنى سەزدىم.

— ئادەمنى شۇنداقمۇ قورقۇتامسەن جېنىم بالام، كېچىچە ۋارقىراپ، جۆيلۈپ، ئۆزۈڭنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئېتىپ چىقتىڭ. ئارقىدىن ئوت — كاۋاپتەك قىزىپ، جىمىپ كەتكىلى ساق تۆت سائەت بولدى. ھەرنېمە بولسا ھوشۇڭغا كەلدىڭ. بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ؟ يا كۆزۈڭگە بىر نەرسە كۆرۈندىمۇ؟ — ئاپام كارىۋىتىمنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوللىرىمغا سۆيۈپ كەتتى. بىردىنلا چۆچۈپ قولۇمنى تارتىۋالدىم.

— قولۇم مەينەت ئاپا...

— تولا گەپ قىلما، بالىنى جىم ياتقىلى قوي، چىقىپ سۇيۇق - سەلەك بىرنەرسە قىلغىن، بەختىيارنىڭ قورسىقى ئاچقاندۇ.

ئاپام چىقىپ كەتتى. دادام دىۋاندا قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، ئۆمرۈمدە مۇنداق ئازابنى تارتىپ باقمىغانىدىم. پۈتۈن بەدىنىم ئوتتا داغلىنىپ، قورۇلۇپ، سىرقىراپ كېتىۋاتقاندەك، يۈرىكىمگە سانسىز خەنجەر سانجىلىپ قوچۇۋاتقاندەك، كاللامدا سانسىز زەھەرلىك ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك... بىراق، بۇ جىسمانىي ئازاب ئەمەس، روھىي ئازاب. ئۇ جىسمانىي ئازابتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. تىنىڭ ئازابلانسىمۇ يۈرىكىڭدە بىر كۈچ، بىر ئۈمىد بولىدۇ،

يۈرىكىمدىكى ئازابتىن، ئۈمىدسىزلىك، قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇنچلۇق نەرسە بولمايدۇ.

دادامنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرى ماڭا بىر نەچچە قېتىم سوئال نەزىرىدە قاتتىق تىكىلدى. ھەر قېتىمدا كۆزلىرىمنى ئېلىپ قېچىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. دادام بىرنەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك پەرىشان ھالەتتە ئېغىر - ئېغىر تىناتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئاپام ماڭا ئاخشام جۆيلۈگەنلىرىمنى دەپ بېرىۋىدى، قورققىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، ئاپا. بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، شۇنداق قورقۇنچلۇقكى، ھازىر ئويلىساممۇ چېچىم تىك تۇرۇپ كېتىدۇ، — دېدىم. شۇنداق دەۋېتىپ دادامغا قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قاپتۇ. گۇمان، پەرىشانلىق قاپلىغان چىرايىدا بىر خۇشاللىق پەيدا بوپتۇ.

— شۇنداقمۇ، ئوغلۇم؟ توختا، مەن ساڭا بىر دورا قىلاي. سەن بارغۇ، ئېغىر كېلىدىغان بىرنەرسە يەپ سالغان ئوخشايسەن. ئاخشام كەچ قالغانتىڭ، مەنمۇ سېنى چوقۇم شۇنداقراق بىر يەرگە كەتتى، دەپ ئويلىغان.

دادام دورا ئالغىلى كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن تەمتىرەپ كەتكەن ھالىتى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى. ئاخشىمى دادام سوقۇپ تەييارلاپ بەرگەن دورىنى ئىچىپ، بالدۇرلا يوتقانغا كىرىۋالدىم. ئاپام مېنى قورقۇتقان جىنلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن، ئادراسمان بىلەن ئۆيگە ئىسرىق سالدى. سەل يىرىك قوللىرى بىلەن باش - كۆزۈمنى، بەدەنلىرىمنى مۇجۇپ پىچىرلاپ بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ «ئوت كۆچۈردى». ئاپام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گاراڭ ھالەتتە چۈش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىسىدا خېلى ئۇزاق ياتتىم. يېرىم كېچىدە كەينى - كەينىدىن ھاجەتكە چىقىپ، راستتىنلا خېلى

www.uyghurkitap.com

يەڭگىللەپ قالغاندەك، كاللامىۇ سەگىپ قالغاندەك بولدۇم. ئىككى كۈندىن بېرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ: «بولغۇلۇق بولدى، بۇ ئىش هامان ئاشكارىلانماي قالمايدۇ، بېشىمغا كەلگەننى تارتماي ئىلاجىم يوق» دېگەن يەرگە كەلدىم. پەقەتلا ئاتا ـ ئانامنىڭ مەندىن ئەنسىرەپ سەدپارە بولغان هالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىمنى ئۆرتەيتتى. ناۋادا مەن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىپ، ئۆلگۈچى ئالدىدىكى گۇناهىمنى يۇيغان تەقدىردىمۇ، نى ـ نى ئارزۇ ئۈمىدلەر بىلەن بېقىپ ئۆستۈرگەن ئاتا ـ ئانام ئالدىدىكى گۇناهىمنى هېچقانداق قىلىپ يۇيالمايتتىم. مەن ئۇلارنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمىنى، شادلىقى ۋە هاياتلىق ئۈمىدىنى نابۇت قىلغانىدىم. مېنىڭ ياشلىقىم بۇنداق خاراب بولماسلىقى، ئاتا ـ ئانامۇ بارچە شادلىقى ۋە هاياتلىق ئۈمىدىدىن مەهرۇم قالماسلىقى، بەختلىك ياشىشى كېرەك ئىدى...

كۆز ياشلىرىم توختىماي ئېقىپ ياستۇقۇمنى نەمدەشكە باشلىدى. مەن كىم؟ مەن بىر ئەشەددىي جىنايەتچى، قاتىل، ماڭا هېچكىم ئوڭ كۆزىدە قارىمايدۇ، هېچكىم مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ، مەرزىيەدەك قىزلار ئەمدى مەندەك ئادەمدىن سەسكىنىدۇ...

بارغانچە ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەيتتى. يوتقاننى بېشىمغا يۆرەپ ئېسەدەپ، ئۆپكىدەپ ئۇزاق يىغلىدىم. يىغلا ـ يىغلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، هەتتا چۈشمۇ كۆرۈپتىمەن.

ۋاقچىرەك قوپۇپ، زورلاپ ئاز ـ تولا ناشتا قىلىپ، مەكتەپكە ماڭدىم. يول بويى ئۇچرىغان ساقچىلار خۇددى ماڭىلا قاراۋاتقاندەك بىلىندى. دەككە ـ دۈككىدە سىنىپقا كىرىپ ئولتۇردۇم. مۇرات مەكتەپكە كەلمەپتۇ. مەرزىيە مېنى ئۆزىگە قارىمىدى، دەپ دومسىيىپ قاپتۇ. مەن نېمە كويدا، ئۇ نېمە كويدا، ئىشىك تىرىققىدە قىلسا، چاچراپ تۇرۇپ كېتىمەن،

ساۋاقداشلىرىم ياكى مۇئەللىم ئېتىمنى چاقىرىپ قالسا، ئەندىكىپ كېتىمەن. بىر كۈننى ئاجايىپ تەستە كەچ قىلدىم، ئەتىسىمۇ تىنىچ ئۆتتى. ئۆگۈنى بۇ ئىشلارنى بەلكىم ھېچكىم بىلمەي قالار، دەپ يۈرەكلىنىپمۇ قالدىم. چۈشتىن كېيىنكى ماتېماتىكا دەرسى ۋاقتىدا سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپقا كىرىپ، مېنى سىرتقا چاقىردى، ئىككىمىز مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئىشخانىدا ئىككى ساقچى ئولتۇرغانىكەن...

شۇنداق قىلىپ قولغا ئېلىندىم. مۇراتمۇ ئەتىسىلا تۇتۇلۇپتۇ. مۇراتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ: «بالىمىز ئېتىلىپ كېتىدىغان بولدى. بەختىيار ئەمدى 16 ياشقا كىرىپتۇ، ئۇنىڭغا ئېغىر جازا كەلمەپتۇ. جىنايەتنى ئۇ ئۈستىگە ئالغان بولسا، ئىككى يىلدىن كېيىن كاپالەت پۇلىنى تۆلەپ چىقىرىۋالساق» دەپ يېلىنىپتۇ. دادامنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقى، ئادۋوكاتنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن مۇرات بەش يىللىقلا كېسىلدى، ئىككى يىلدىن كېيىنلا نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ، ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى. مەن بولسام ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىندىم، «قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ئورنى»دا ئۆزگىرىش ئىپادەم ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن 20 يىللىق كېسىمگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبتىكى بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەلدىم.

* * *

تۈرمە دېگەن ئاجايىپ بىر دۇنيا، تۈرمىدە چار ساقال موللا سۇپەت، سۆزمەن بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ دائىم: «تۈرمە دېگەن

پانىي ئالەمدىكى دوزىخىيلار يىغىلغان جاي» دەيتتى. ئارقىدىن: «ئۈچ ۋاق غىزايىمىز بار. تۈزۈمگە بويسۇنۇپ ئوبدان ئىشلىسەكلا، بىر كۈنلەردە چىقىپ كېتىپ، يېڭىدىن ئادەم بولىمىز. ھەممىدىن دەھشەتلىكى ئۇ ئالەمدىكى دوزاختا تارتىدىغان جازا! دوزاخقا تاشلانغان گۇناھكار بەندىلەر ئېغىر زەنجىر بىلەن تۇۋرۇكلەرگە ئېسىلىدۇ، پەستە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان دوزاخ ئوتى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ئۆرتەپ قاپقارا قىلىۋېتىدۇ. قان ـ زەرداپ ئېقىپ تۇرغان بەدىنىگە يىرىك قىلدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىدۇ. قورسىقى ئاچسا گالدىن ئۆتمەيدىغان زەققۇم بىلەن زەرئىي دەيدىغان سېسىق تىكەننى يەيدۇ. ئون توققۇز پەرىشتە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا مۇئەككەل بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دەيتتى. بىز پانىي ئالەمدىكى جىنايەتچى ـ دوزىخىيلار ۋەھىمە ئىچىدە كۆزلىرىمىزنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتۇق. بۇ يەرگە ھەقىقەتەنمۇ پانىي ئالەمدىكى بارچە رەزىللىك ۋە جىنايەتنىڭ ئىگىلىرى توپلاشقانىدى. بۇ يەردىكى ھېكايىلەر ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. ئاچ كۆزلۈك، ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە كۈنداشلىق، يۈگەنسىز ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر ئادىمىيلىك تۇيغۇسى ۋە نورمال ھايات مىزانلىرىدىن ئايرىپ تاشلىغان بۇ بەندىلەر ئاخىرەتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە ۋەھىمىسى ئالدىدا ئادەمنىڭ كۆزىگە بەكمۇ ئېچىنىشلىق، بىچارە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇدا بىلەن كۈننىڭ ئەتىگەندە چىقىپ كەچتە پاتىدىغانلىقىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ئۆز مەھەللىسىدىن چىقىپ باقمىغان، شەھەرنى، تاغنى، چوڭراق دەريانى، دېڭىزنىڭ نېمىلىكىنى، دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدىغان؛ 20 ـ 30 كوي پۇل ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسى ئۆيلەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان نادان باللارمۇ كۆپ ئىدى. ھەممىمىز ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئاستىدا ھاياتىمىز، ياشلىق باھارىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزنى بەدەل قىلىپ



www.uyghurkitap.com

گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇشقا، روھىي جەھەتتىن پاكلىنىشقا تىرىشاتتۇق. ئەمما… بۇ راستتىنلا مۇمكىنمۇ؟ ئۆلگەن ئادەملەرنى تىرىلدۈرۈش، بەختسىزلىك، پاجىئەلەرنى يوقىتىپ ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ زادى؟! ئۈرۈمچىدىن يىراق چەت جاڭگالدا، مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆتكەن ئۆمرۈمنى، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام، خۇددى چۈشتەك غۇۋا، بەكمۇ يىراقتىكى ئىشلاردەك بىلىنەتتى.

مەن ئۆزۈم ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى ناھەق بولدى، دەپ قارىمايتتىم. ئاشۇ چاغدا پاينەكباش ئىبراھىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، ئۇ بەلكىم ئۆلمەي قالغان بولاتتى ـ ھە، دەيدىغان بىر خىيال ھەردائىم مېنى قىيناپ كەلگەنىدى. ھېچكىمدىن ئاغرىنىشقا ھەققىم يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئەمما يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئەتراپىمدىكى ئالاھىدە مۇھىت، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ تۇرىدىغان خىلمۇخىل ئىشلار مەندە: «مەن تېخى بىر گۆدەك ئىكەنمەن، مەن دۇنيانى، ئادەملەرنى تېخى چۈشەنمەيدىكەنمەن، دۇنيادىكى ئىشلار كىتابتا يېزىلغىنىغا مۇتلەق ئوخشىمايدىكەن» دەيدىغان چۈشكۈن بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ۋۇجۇدۇمدىكى نورمال ھېس ـ تۇيغۇلار، ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى مەندىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. مەن پەقەت ئەتراپىمدىكىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن، خارامۇش ـ گاراڭ ھالەتتە، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك بىر يولغا كىرىپ قالغانىدىم.

بىر ئاخشىمى كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدە تېلېۋىزوردىن «ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدىشى» دېگەن كارتون فىلىمنى كۆرۈۋېتىپ، كىچىك ۋاقىتلىرىمدىكى ئىشلارنى ئويلاپ قالدىم. «ماركونىڭ ئاپىسىنى ئىزدىشى» يېڭى قويۇلغان چاغلاردا، مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتىم. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىزدە

تېلېۋىزور يوق ئىدى. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مەھەللىدە تەڭتۇشلىرىم بىلەن تازا قىزىق ئويناۋاتسام، بالىلاردىن بىرەرسى بالكونغا چىقىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە: «بالىلار، ماركونى باشلىدى!» دەپ توۋلايتتى ياكى بىرىنچى قەۋەتتىكى سىمىز ئايال ئىشىك ئالدىغا چىقىپ: «زۇلپىقار، قونچىقىڭنى باشلىدى، ئىتتىك كىرىپ كۆرۈۋال، بالام!» دەپ چاقىراتتى. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ئويۇننى تاشلاپ، شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشەتتى. پەقەت مەنلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ يالغۇز قالاتتىم. بىر قېتىم ئاپام بالكوندا قاراپ تۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىشىمگە، ئۇ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باش - كۆزۈمنى سىلاپ: «بىچارە بالام، ئاداشلىرىڭ كۆرگەن قونچاقنىمۇ كۆرەلمەي بوينۇڭنى قىسىپ قالدىڭ - ھە. ھېلىمۇ بالىمىزنىڭ بىرلا بولۇپ قالغىنى... » دەپ يىغلاپ كەتتى. شۇ كۈنى ئاپام بىلەن دادام مەن ئېسىمنى بىلگەندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم ۋارقىرىشىپ جېدەللەشتى. ئەتىسى ئاپام مېنى ئېلىپ چوڭ ئاپاملارنىڭكىگە يامانلاپ بېرىۋالدى. ئىككى - ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن قايتىپ كەلسەك، دادام كىچىككىرەك رەڭسىز تېلېۋىزوردىن بىرنى ئېلىپ كېلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى كەچتە ئاپام بالكونغا چىقىپ: «بەختىيار، قونچىقىڭنى باشلىدى، چاققان بول بالام!» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ئاپام ئاۋازىنى ئەتەي چىڭ چىقىراتتىمىكىن، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن جاراڭلىق ئاڭلىناتتى. مەن خۇشال بولۇپ: «مانا، ھازىر كىرىمەن، ئاپا» دېگىنىمچە، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتەتتىم... ئاشۇ خىياللىرىم بىلەن تەڭلا ئاپامنىڭ مېھرىبان سىماسى، يورۇش - تۇرۇشى، ئۈنى يەۋال، بۈنى كىيىۋال دەپ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇشلىرى، ھورى چىقىپ تۇرىدىغان ئىسسىق تاماقنى ئالدىمغا قويۇپ، ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە تاماق يېيىشىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ

كېيىنكىلىرى شۇنچىلىك روشەن جانلىنىپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدىكى...

ئۇرۇمچىدە «قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنى تەربىيەلەش ئورنى» دىكى ۋاقىتىمدا، دادام مېنى ئۆزى يالغۇز يوقلاپ كېلەتتى. ئاپامنى سورىسام: «ئاپاڭنىڭ مىجەزى يوق، كېلەلمىدى، ساڭا سېغىنىپ سالام دېدى» دەيتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا داداممۇ بارغانچە ئاز كېلىدىغان بولدى. بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيانقى ئالتە ئاي ئىچى بىر پارچىلا خەت كەلدى. بەزى كۈنلىرى پىغانىم ئۆرلەپ قالغان چاغلاردا: «ئاتا ـ ئانامموُ مەندىن بىزار بوپتۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق،» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

① بىز، دادام مېنى يوقلاپ كەلگەن كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىسى ئاپامنى چۈشەپ قاپتىمەن. مەن دادامغا:

— بىر كۈنى سەھەردە ئاپامنى چۈشەپ قاپتىمەن. ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان ئاپام كارىۋىتىمنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، باش ـ كۆزۈمنى سىلاپ: «بالام، مەن سېنى بەك سېغىندىم، سەن مېنى يوقلاپ بېرىپ قويايمۇ دېمىدىڭ. مانا سەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۆزۈم كەلدىم» دەۋاتقۇدەك. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاپامنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتسام، ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كەتكۇدەك، — دېدىم. دادا كۆزلىرىنى چىمچىلىقتىپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىغان بولۇپ گەپنى يۆتكەپ كەتتى. ئاخىرىدا:

— بالام، ئاپاڭمۇ سېنى سېغىندى. ئۇ: «بەختىيار مېنى سېغىنغان بولسا تىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى ئۆزگىرىپ، تېزراق قايتىپ كەلسۇن» دەيدۇ، — دېدى. بىچارە دادام ماڭا دېمەكچى بولغان نۇرغۇن گېپىنى دېيەلمەي، مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي بىرەر ھەپتىدەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن بىر تەربىيەچىمىز ماڭا ئاپامنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم يىل

www.uyghurkitap.com

بۇرۇن، يەنى مەن تۇتۇلۇپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسىلا كارىۋات ئاستىدىكى قانغا بويالغان كىيىملىرىمنى كۆرۈپ قىلىپ «ئىسىت بالام… !» دېگىنىچە بىھوشلىنىپ يىقىلىپ قالغانلىقىنى، دادام ئۇنى تەرەپ - تەرەپكە ئاپىرىپ داۋالاتقان بولسىمۇ، ياخشىلانماي بىر ئاينىڭ ئالدىدا دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. شۇ كۈنلەردە مەن ئۈمىدسىزلىك، ئازاب، چۈشكۈنلۈك تۈپەيلى ئەقلىمدىن ئېزىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئاشۇ تەربىيەچى مېنى نورمال ھايات قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ دادام دېمەتلىك، ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ئىشلەپ، ھەددى - ھېسابسىز بەختسىزلىك، پاجىئەنى كۆرگەن، ئادەملەرگە بىر قاراپلا باھا بېرەلەيدىغان، ھەربىر ئېغىز گېپىنى كىشىنىڭ يۈرەك بېغىشىغا يەتكۈزەلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ھەربىر ئىش، ئادەملەرنى مەن بىلەن بىللە تەھلىل قىلاتتى. قىزىق - يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن ئادەمنى روھلاندۇرۇۋېتىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇ مۇراتنىڭ دادىسىنىمۇ تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ: «سەن شەيتان ئەلەيھىلەننى بىلەمسەن؟ ئۇ دەل شۇنىڭ ئۆزى. سەنلا ئەمەس، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن خېلى - خېلى ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ قىلتىقىدىن ئامان قالمىغان» دەيتتى. ئارقىدىن: «ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، ئۇنىڭغا ئامال يوق. ئوغۇل بالا دېگەننىڭ بېشىغا ھەر ئىشلار كېلىدۇ، گەپ، بۇنىڭدىن كېيىن يولۇڭنى تېپىپ مېڭىشىڭدا. سەن تېخى ياش، ياخشى كۈنلەر ئالدىڭدا» دەيتتى.

مەن ھەددى - ھېسابسىز خىيالدىن، پۇشايمان ۋە تەگسىز ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئىشقا ئۇراتتىم، نەدە ئېغىر، پاسكىنا، خەتەرلىك ئىش بولسا، تالىشىپ ئىشلەيتتىم. ئىشتىن يېنىپلا ئۆلۈكتەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتەتتىم. ئاندا - ساندا بىكار قالغان ۋاقىتلىرىمدا، تۈرمە قىرائەتخانىسىدىن كىتاب ئېلىپ ئوقۇيتتىم. تۈرمىدە نۇرغۇن ئەدەبىي كىتابنى ئوقۇپلا قالماي، قانۇنغا، سىياسەتكە، تېبابەتچىلىككە ئائىت

كىتابلارنىمۇ كۆپ ئوقۇدۇم. كىتاب مېنى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يەنە بىر سىرداش دوست بولۇپ قالغانىدى. بىر قېتىم «گىراف مونتى. كىرىستو» نى ئوقۇپ ئولتۇرسام، ھېلىقى پېشقەدەم تەربىيەچى كىرىپ كىتابنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ بېقىپ:

— ھە، قانداق؟ سەنمۇ ئىدموندەك بىرەر غايىب بايلىققا ئېرىشىپ قالسام دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي جىم تۇرۇپ قالدىم. مەن بايلىقنى دەپ مۇشۇ كۈنگە قالغان ئادەم، مەن ھاياتىمنى بەدەل قىلىپ ئېرىشمەكچى بولغان ئۇ بايلىق ئۇرۇمچىدىكى بىر تۇپ قارىياغاچنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. بەلكىم بۇ ۋاقىتچە مۇرات ئۇنى ئېلىپ كەتكەندۇ. ئۆز ۋاقتىدىمۇ ئىككىمىز بىللە ئاچىمىز دەپ قەسەم ئىچكەن···

— تۈگىمەيدىغان بىر بايلىق، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، قېنى ئولتۇر! — ئۇ، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن سىرلىق كۈلۈمسىرەپ چىرايىمغا قارىدى. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇرنى ئادەتتىن تاشقىرى يوغان، ئەمما ئېگىز يوق ئادەم ئىدى. كۈلسە ئاغزى ئۇ قۇلىقىدىن بۇ قۇلىقىغا يېتەتتى.

مەن ئۈنچىقماي بېرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— ئۇ بايلىق ئادەمنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ يۈرىكىدە. سەن كۈلمە، بىر كۈنلەردە گېپىمنىڭ تېگىگە يېتىپ قالىسەن، — دېدى. ھەقىقەتەنمۇ مەن ئۇنىڭ گېپىنى كۆپ يىلدىن كېيىن چۈشەندىم. مەنمۇ بۇ سۆزنى ئۆزۈم يېقىن كۆرىدىغان ئادەملەرگە دەپ بېرىدىغان بولدۇم. ئۇلارمۇ ئەينى يىللاردىكى ماڭا ئوخشاش بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇشاتتى. بىراق، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

تۈرمىدە ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل تىپىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاندا ـ ساندا بۇ يەرگە قانداقلارچە كىرىپ قالغاندۇ، دەپ قالغۇدەك مۇلايىم، پاك تەبىئەتلىك كىشىلەرمۇ، ھېسسىيات ۋە پىكىرگە باي، يۇرىكى ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان ئېسىل يىگىتلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. مەن ئەنە شۇنداق يىگىتلەرنىڭ بىرى بىلەن يېقىن ئۆتتۇم. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنى ناخشا، ناخشا ـ مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياق يېقىنلاشتۇردى.

بىر كۈنى ئىش ۋاقتىدا ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى ھەممىمىزنى جەلپ قىلىۋالدى. كۆپچىلىك بېشىنى بۇراپ قارىشىپ، «كىم ئىكەن؟ ئەجەب مۇڭلۇق ئېيتتا!» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇنى تونۇيدىغانلار: «يېڭى كەلگەن غۇلجىلىق يىگىت، تەمبۇرنى ئاجايىپ چېلىۋېتىدىكەن، كاساپەت» دېيىشتى. دەرۋەقە، قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىشتا يار مۇھەممەت ئىسىملىك بۇ يىگىتنىڭ كارامىتىنى كۆردۈم. ئۇلاپ ئېيتىلغان «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»، «بىۋاپا»، «يوللۇق ئالما»، «خانلەيلۇن» دېگەندەك ناخشىلار جىنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى.

*يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،*
*قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.*
*ھەر سېغىنغاندا يۇراپ،*
*يادىڭغا ئالغىن يار مىنى.*

دېگەن يەرلىرىگە كەلگەندە يۇرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن كونا جىنايەتچىلەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاپىرىن ئېيتىپ كېتىشتى. يۇرىكىنى تۇتۇپ: «ئاھ، يۇرىكىم، بۈگۈن مەن يۇرتۇمغا قايتقاندەك بولدۇم» دەپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. تۈرمە نازارەتچىلىرى ناخشا ـ سازنىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى بولغاي، بىر باشلىقىمىز ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئاراڭلاردا

ساز چالالايدىغان، ناخشا ئېيتالايدىغانلار بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، «مانا مەن بار، گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتالايمەن» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. يەنە بىر نەچچە دۇتارچى، راۋابچى، ئۇسسۇلچى باللارمۇ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىمىز قۇرۇلدى.

يارمۇھەممەت تولىراق مۇڭلۇق، غەمكىن ئىلى ناخشىلىرىغا چالاتتى. مەن گىتار بىلەن ئۆزۈمگە ئوخشاش ياشلار ياخشى كۆرىدىغان «تارىم ناخشىسى»، «سېنى ئەسلەيمەن»، «ئىلى يولى» دېگەندەك ناخشىلارغا، «سىگانوچكا» دەك تاتارچە ئاھاڭلارغا چالاتتىم. بىز تاتارچە ئاھاڭلارغا ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان ياكى ئۆزگەرتكەن تېكىستلەرنى سېلىپ ئوقۇۋېرەتتۇق. ئۆزىمىزمۇ نۇرغۇن يېڭى ئاھاڭ ئىجاد قىلغاندۇق. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يار مۇھەممەت ئىككىمىز ئىجاد قىلغان:

*ئىچىم قاينايدۇ، قاينايدۇ،*
*قازاندا قاينىغان چايدەك.*
*① ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،*
*② تارىمدىكى لاي سۇدەك.*

دېگەن ناخشا تۇرمىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ كەتكەندى. كېيىن:

*ئانامنىڭ كۆزلىرى قان ـ ياش،*
*گېلىدىن ئۆتمەيدۇ ھەم ئاش.*
*رازى بولغىن جېنىم ئانا*
*ئاق سۈت بېرىپ باققانغا.*

*تاياق يېگەننى ئېيتايمۇ،*
*ئاچ قالغاننى ئېيتايمۇ.*

*رازى بولغىن جېنىم ئاتا*
*ئەجىر قىلىپ باققانغا.*

دېگەن ناخشا ھەممىلا ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بىز تۇرمە دائىرىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى باشقا تۇرمىلەرگىمۇ، ھەتتا مەكتەپلەرگىمۇ بېرىپ ئويۇن قويدۇق. ھەر قېتىمقى ئويۇندا زالغا ئادەم پاتماي قالاتتى. بىز يۈرىكىمىزدىكى ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمىزنى، پۇشايمان، سېغىنىشلىرىمىزنى، گاڭگىراش، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنى ناخشا ئارقىلىق ئىزھار قىلاتتۇق. ناخشا ئېيتىۋېتىپ كۆزلىرىمىزدىن ياش ئاقاتتى. تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشنى سۈرتمەيلا ناخشىمىزنى داۋام قىلاتتۇق. تۆۋەندە ئولتۇرغانلارمۇ بىز بىلەن تەڭ يىغلايتتى، تەڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتاتتى. ناخشا ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ ياتقان ۋىجدانىنى، گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇ، ئارمانلىرىنى ئويغىتاتتى. ئۇلارنى بەختكە، سۆيگۈگە، ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيتتى.

*　　　　*　　　　*

كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 2000 ـ يىلى يېڭى ئەسىر كىرىش ئالدىدا مەن ۋە يارمۇھەممەت باشلىق بەش ـ ئالتىمىزنى قويۇپ بېرىدىكەن، دېگەن پاراڭ تارقالدى. راستتىنلا شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ بىچارە دادام قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر. جەمئىيەتكە چىقسام، باشقا ئادەملەردەك بېشىمنى تىك تۇتۇپ يۈرەلەرمەنمۇ؟ دېگەندەك خىياللار بىلەن كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 2000 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر يارمۇھەممەت ئىككىمىز تەڭلا ئەركىنلىككە چىقتۇق. ئۆيدىكىلەرنى تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتەيلى دەپ، ھېچكىمگە

خەۋەرمۇ قىلمىدۇق. ئاپتوبۇس بېكىتىدە يارمۇھەممەتنى غۇلجىغا يولغا سېلىۋاتقان چېغىمدا، بۇ ئوخشىمىمۇ ـ چۈشۈمىمۇ دەپ پات ـ پات مەغزىمنى چىمداپ باقاتتىم. يارنىڭ ھالىمۇ مېنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. مەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. 31 ـ دېكابىر كەچتە، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. خاتىرەمدىكىدىن ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۈرۈمچىنىڭ قېلىن قار باسقان كوچىلىرىدا ئۇزاق ئايلىنىپ يۈردۈم. ئۈرۈمچى ئون نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئۈرۈمچى ئەمەس، مەنمۇ ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى بەغۋاش بالا ئەمەس ئىدىم. مەن خۇددى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ قەدىناس شەھىرىم بىلەن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋە كىرىپ كېلىۋاتقان يىللار بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك، «بۇ مەن، شەھىرىم، بۇ مەن، يىللار. مەن ئەمدى سىلەرنىڭ قوينۇڭلاردا ئەركىن ياشايمەن. ئەمدى قانداق ياشايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قويۇڭلار» دەۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدىم. شەھەر نېمىشقىدۇر ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت، ماشىنىلار ۋە يولۇچىلار شالاڭ ئىدى. خىرە يورۇپ تۇرغان يول چىراغلىرى قارغا كۆمۈلگەن يوللارنى، قار باسقان شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قارىغاي، قارىياغاچلارنى، ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز بىنالارنى خۇددى بىر تىلسىمات شەھەردەك سىرلىق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاسماندىن توزۇپ چۈشۈۋاتقان قار خۇددى نەچچە ئەسىرلىك قەرزىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك ياكى بۇ شەھەرنى ئەبەدىيلىككە كۆمۈپ تاشلاشقا ئەھدە قىلغاندەك بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئاخشىمى ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەمنى، ئۆز ئۆيۈمنى تاپالماي خېلى تەمتىرىدىم. ئۆيىمىز جايلاشقان چوڭ يول كەڭرىپ، ھەيۋەتلىك ئۆتۈشمە كۆۋرۈك قەد كۆتۈرۈپتۇ. يول بويىدىكى ئەسلىدىكى زاۋۇت دەرۋازىسى، زاۋۇت ئۆيلىرىدىن ئەسەر قالماپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا رەت ـ رەت زامانىۋى

www.uyghurkitap.com

ئولتۇراق ئۆيلەر سىلىنىپ كېتىپتۇ. يوچۇن بىر دۇنياغا كىلىپ قالغاندەك تەمتىرەش ئىچىدە ئەتراپقا نەزەر سېلىۋېتىپ، يول بويىدا ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە تەنها قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كونا سېرىق بىناغا كۆزۈم چۈشكەندە، نېمىشقىدۇر يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. چوڭقۇر تەلپۈنۈش ئىچىدە بىشىمنى كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە نەزەر سالدىم. ئىلگىرى بىنانىڭ ئاشۇ بۇرجىكىدە بىر تۈپ باراقسان تېرەك بار ئىدى. بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۇ ئۆي ئىلگىرى كۆزۈمگە دەرەخ ئۈستىدىكى قۇش ئۇۋىسىدەك كۆرۈنەتتى. بىر چاغلاردا ئاشۇ ئىسسىق ئۇۋىدا ئاتا ـ ئانا قۇش بىلەن بالا قۇش بەختلىك ياشايتتى. كېيىن بالا قۇش يولدىن ئېزىپ غايىب بولۇپ كەتتى. ئانا قۇش بالا قۇشنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ قالدى. هازىر پەقەت تەنها دادا قۇشلا قالدى ... ئۆينىڭ قىلىن چاڭ ـ توزان باسقان دېرىزىلىرىدىن زەررىچە يورۇقلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۆيدە ئادەم يوقمىدۇ، دادام كۆچۈپ كەتكەنمىدۇ ياكى...

تونۇش پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقىنىمدا پۇت ـ قولۇم تىترەپ، نەپسىم قىسىلدى. نېمىدىندۇر قورققاندەك ئىككى تىزىم ماغدۇرسىزلىنىپ، پەلەمپەي رېشاتكىسىغا چاپلىشىپ قالدىم. «غەيرەت قىل! بەختىيار، غەيرەت قىل! سەن هەممىگە كۆنۈشۈڭ، هەممىگە بەرداشلىق بېرىشىڭ كېرەك!» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە مەدەت بېرەتتىم. ئاخىرى ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدىم. ئىشىكنى چەكتىم. ئۈچىنچى قېتىم چېكىپ بولۇپ، كەينىمگە يېنىپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئىچكىرىدىن دادامنىڭ يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام مېنى كۆرۈپ بىردەم قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىنلا مېنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى يۆلىشىپ ئۆيگە كىردۇق. بەكمۇ تونۇش، مېهرى ئىسسىق، ئەمما نامرات

چىراي ئۆي. ھەممە نەرسە ئىلگىرىكى ئورنىدا. پەقەتلا كونىرىغان، ئۆڭگەن، غېرىبلىق تۇزانلىرى باسقانىدى. دادامنىڭ قولىدىن ئاجراپ خۇددى ئاپام كۈتۈپ تۇرغاندەك ھەممە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ چىقتىم.

— ئاپا، ئاپا، مەن كەلدىم، گۇناھكار ئوغلۇڭ كەلدى، ئاپا! سەن مېنى نېمىشقا ساقلاپ تۇرمىدىڭ ئاپا ··· — دەپ ۋاراقىراپ يىغلىدىم. يىغلىغىنىمغا ئاپام تىرىلىپ قالمىدى. ۋاقىت كەينىگە يانمىدى. ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان مۇزدەك تۆت تامدىن بىرەر سادا چىقمىدى.

دادام مېھمانخانىدىكى، ئەينى چاغدا مەن ياتقان كارىۋاتنى كۆرسىتىپ:

— ئاپاڭ كېسەل ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ كارىۋاتتا ياتقان، — دېدى. مەن كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئاپامنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىگە يۈزۈمنى يېقىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم. قاچانلاردۇر كۆزۈم ئىلىنغاندەك بولدى. ئىللىق شامالدەك راھەتبەخش بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمنى سىيپاپ ئۆتۈپ، قۇلاق تۈۋىمدە «ئورنۇڭدىن تۇر، ئوغلۇم!» دېگەندەك يېقىملىق شىۋىرلاش ئاڭلانغاندەك بولدى. بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا نەزەر سالسام، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دادام نېرىقى ئۆيدە يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. دېرىزە ھىم ئېتىلگەن، توپا باسقان دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر پارچە ئاسمان ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. بۇ يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى تېڭى ئىدى.

## 3

مەن تولۇق بىر ئاي ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىم. كۈنلىرىم دادام بىلەن پاراڭلىشىش، خىيال سۈرۈش، تاماق ئېتىش، ئۆي تازىلاش بىلەن ئۆتتى. تالا - تۈزگە چىقساممۇ، مېنى ھېچكىم

www.uyghurkitap.com

تونۇمايتتى. ئەينى يىللاردىكى ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق ئۆسمۈر بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ساقال باسقان، ئىش ـ ئەمگەكتىن پىشىپ سۆڭىكى قاتقان 31 ياشلىق ئەركەكنىڭ پەرقى بەك چوڭ ئىدى.

بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر بىلەن كوچىلار ماڭىمۇ يوچۇن كۆرۈنەتتى. ئىلگىرىكى زاۋۇت ئورنى يەر ـ مۈلۈك سودىسى قىلىدىغان بىر شىركەتكە سېتىۋېتىلىپ، شىركەت بۇ يەرگە ئاھالىلەر مەنزىرىلىك ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ساپتۇ. دادام شۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ بىرىپ ئايدا 1000 يۈەن ھەق ئالىدىكەن. «ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتى، يېڭى ئىشتىن قالغاندا ئايدا بېرىدىغان 300 كويغا قاراشلىق بولۇپ قېلىپ خېلى تەمتىرىگەنىدىم» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتقان دادامغا قاراپ، ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «مەن زادى تەلىيىم تەتۈر كەلگەن ئادەممەن...» دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ كەتتىم.

ئۆيىمىز يولنىڭ بويىدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەشىنچى قەۋەتتە بولغاچ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قارىسا، ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپتوموبىل ـ پىكاپلار خۇددى كارىۋىتىمىزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ ئۆيگىلا قاراپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئون نەچچە يىل جاڭگالدا يۈرۈپ، بىردىنلا تەرەققىياتنىڭ قاينىمىغا كىرىپ قېلىش تولىمۇ قىزىقارلىق ئىش ئىدى. خىلمۇخىل، بىر ـ بىرىدىن كاتتا پىكاپلار مېنى تولىمۇ قىزىقتۇرغانلىقتىن، دادام مېنىڭ پىكاپلارغا قىزىقىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ:

— ماۋۇسى سانتانا، ماۋۇ شيالى، ماۋۇ خوندا، ماۋۇ نىسسان... — دەپ زېرىكمەي تونۇشتۇراتتى.

بىر كۈنى دادام مۇراتنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، مۇراتنىڭ ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى بولماپتۇ.

ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى «ئەسلىي قاتىل مۇرات ئىدى» دەپ، ھېلىغىچە ئۇنى ئىزدەپ، پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىكەن. مۇرات يوقاپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاتا ـ ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى مىراس بۆلۈشەلمەي پىچاقلىشىپ، بىرى ئۆمۈرلۈك ناكار بوپتۇ، يەنە بىرى تۈرمىدە ئىكەن.

— بۇ شۇنداق ئۆتنە ئالەم، ياخشىلىق قىلساڭمۇ، يامانلىق قىلساڭمۇ، ئۆزۈڭگە قىلىسەن. يامانلىقنىڭ جازاسىنى تارتماي ئىلاجىڭ يوق، ياخشىلىقنىڭ بولسا، ئەجرىنى كۆرىسەن، بۇ دۇنيادا ھالال ئىشلەپ يېگەن، تۈز يولدا ماڭغان كىشىنىڭ دىلى يورۇق، كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، يېگىنى تېنىگە سىڭىدۇ، ئىشلىرى روناق تاپىدۇ. بالام، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولۇڭدا مۇشۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن. كىچىك ۋاقتىڭدا بىز ساڭا مۇشۇنى بىلدۈرۈپ قويالمىغاچقا، بىر قېتىم قاتتىق ئازدىڭ. ھەممىمىز تارتقۇلۇقنى تارتتۇق. ئەمدى بۇ ساۋاقنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئۆمۈرلۈك ۋەسىيىتىم بولسۇن، — دېدى. مەن يەردىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم. ئىچىمدە: «مەن بۇ ساۋاقنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئارماندا ئۆلۈپ كەتكەن ئاپامنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، دادا!» دەپ نىدا قىلاتتىم.

تۇنجى قىلغان ئىشىم شوپۇرلۇق كۇرسىغا ئىمتىھان بېرىش بولدى. ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم، ئۈچ ئاي ئوقۇپ پىراۋىمۇ ئالدىم. دادامنىڭ بىر تونۇشى ئارقىلىق خېلى يېڭى بىر شىيالىنى ئەرزانلا سېتىۋالدۇق. شۇنداق قىلىپ مەن تاكسى ھەيدەپ، كىراكەشلىك قىلىشقا باشلىدىم. كېچە ـ كۈندۈزلەپ تىرىشىپ ئىشلەيتتىم. ناھايىتى ئاز ئۇخلايتتىم. بەزىدە تاماقنىمۇ ماشىنىدىلا يەيتتىم. پۇلنى كۆپرەك تېپىپ، بىر كۈنلەردە يارى بىلەن بىرلىشىپ بىر مۇزىكا ئەترىتى قۇرۇشنى، ئەينى چاغدا

تۇرمىدە ئېيتقان ناخشىلىرىمنى ئۇنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەشنى، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىر كىنو سېنارىيەسى قىلىپ يېزىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. دادامغا تازا ئېسىل ئۆيدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى، ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىمگە تايىنىپ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى، خېلى – خېلى ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغانلىقىمنى مېنى تونۇيدىغان ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلايتتىم. بىر كۈنى تاكسى ھەيدەپ ئەينى يىللاردىكى ئاشۇ ۋەقە سادىر بولغان ئارقا كوچىدىن ئۆتۈپ قالدىم. قانداقتۇر ۋەھىمە ۋە قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە پىكاپنى ئاستىلىتىپ ئەتراپقا سەپسالدىم. ئۇ يول ھازىر تۈزلىنىپ چوڭ كوچا بولۇپ كېتىپتۇ. ئەينى چاغدا سېلىنىۋاتقان ئېگىز بىنا ھازىر خەلقئارالىق مېھمانخانا ئىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئايلانما يول، ماشىنا توختىتىش مەيدانى، فونتانلىق گۈللۈك، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى چوڭ – كىچىك دۇكانلارغا قاراپ، ئەينى يىللاردىكى ئېگىز – پەس ئارقا كوچىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. مەن ئېسىمدە قالغىنى بويىچە پىكاپىمنى ھەيدەپ، مۇرات ئىككىمىز يۈز – كۆزىمىزنى يۇيغان ئۆستەڭ بويىغىچە باردىم. ئۆستەڭ قاشالىنىپ، يېنىدىن سېمونت يول ئېلىنىپتۇ. ئەتراپتا قارىياغاچتىن ئەسەر يوق، قاتار – قاتار بىنالار سېلىنىپ، بىنا ئارقىسىغا قارىغاي بىلەن پاكار، كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر تىكىلىپتۇ. دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈلگەن ئۇ پۇلنى مۇرات ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى تېپىۋالغاندۇ، لېكىن مۇرات ئۇنداق تەييار پۇلنى خەققە تاشلاپ بېرىدىغانلاردىن ئەمەس...

بۇ ئەتراپ شەھەر مەركىزىگە قارىغاندا تىنچ ئىدى. خۇددى ئەينى يىللاردىكىدەك شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى كىشىگە خۇددى ۋاقىت ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئىزىدا توختاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەمما ئەتراپتىكى ئۆزگىرىش،



www.uyghurkitap.com

يېڭىلىنىۋاتقان شەھەر يىللارنىڭ قۇرىغىچە جايىدا بولغان بولسا، پۇلنى ئالغان بولاتتىمىكىن؟ ئۇنى بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن، پۇلنىڭ بولمىغىنى ياخشى بولدى. ئۇ مەينەت پۇل، قان - زەرداپ، ئۆلۈم ۋە جىنايەت سىڭگەن پۇل، ئۇنى ھەرقانچە خەيرلىك ئىشقا ئىشلەتتىم دېگەن تەقدىردىمۇ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. مەن قىلمىشىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم. مەن جىنايەتلىك ئۆتمۈشكە ھەرقانداق يول بىلەن قايتا باغلىنىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن.

ماشىنامنىڭ رولىغا قولۇمنى قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز يېنىك تىن ئالدىم. ئۆستەڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. مەن ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ھۇزۇر، ئازادىلىك تۇيغۇسىدا بولۇپ باقمىغانىدىم.

*　　*　　*

مەن تولىراق «چېگرا رايون» مېھمانخانىسىدىن پويىز ئىستانسىسىغىچە، سۇ ئۇستى ئىستىراھەت باغچىسىدىن «بۇلاقبېشى» كوچىسى ئەتراپلىرىغىچە قاتنايتتىم. كەڭرى، رەتلىنىپ، كۆركەملىشىپ كەتكەن يوللار، ئاسما كۆۋرۈك، يەر ئاستى ئۆتۈشمە ئېغىزلار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتۈرگەن چىرايلىق، زامانىۋى بىنالار، خىلمۇخىل كىيىنگەن، قوللىرىغا يانفون ئېلىپ، ئالدىرىشىپ يۈرگەن ئادەملەر كۆز ئالدىمدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. شەھەر ۋە ئادەملەرنىڭ قىياپىتى گۈزەللەشكەن بىلەن ئادەملەر ماڭا باشقىچە رەھىمسىز، ئاچ كۆز، ساختىپەز بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. يىكاپىمغا پات - پاتلا كىچىك تۇرۇپ بەك غەلىتە ياسىنىۋالغان، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان قىز ئوقۇغۇچىلار چىقاتتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۇياتسىز - لاۋزىلىقىدىن ھەيران قالاتتىم. ئاشۇنداق كىچىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قىزلارنى ئەگەشتۈرگەن «خوجايىنلار»، سالاپەتلىك، ھەتتا چوڭ ياشلىق ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى. ئىسىل كىيىنىپ، قېنىق گىرىم قىلغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي كېيىم ـ كېچەكنىڭ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بەزىدە قىزىقىپ كۈلسەم، بەزىدە بىزار بولاتتىم. پىكاپىمغا چىقىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياش ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەست ئىدى. ئۇلار مەستلىكتە بىلىپ ـ بىلمەي، ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنىمۇ، پۇلغا تويمايدىغان ئاشنىلىرىنىمۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىشاتتى. ماڭا ھەممىدىن قۇلاقلىرىغا بىر نەرسە تىقىۋېلىپ، جىن چاپلىشىپ قالغاندەك تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرگەن ئۇقۇغۇچىلار غەلىتە تۇيۇلاتتى. ناخشا ـ مۇزىكىغا بىزمۇ ھەۋەس قىلغان، لېكىن ھازىرقى زاماننىڭ باللىرى باشقىچە ئىكەن، دەپ قالاتتىم.

بىر كۈنى، كېچە سائەت 12 لەردە ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيگە قايتتىم. پىكاپىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېتىۋاتقىنىمدا، ئورۇندۇقتا سومكىدەك بىر قارا نەرسە كۆزۈمگە چېلىقتى. دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ھەقىقەتەنمۇ ئاياللارچە خۇرۇم سومكا ئىكەن. ئىچىدە كىملىك، ھەرخىل كارتا، ھۆججەتلەردىن باشقا، ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كويدەك نەق پۇلمۇ بار ئىكەن. شۇ چاغدا يۈرىكىم بىردىنلا دۈپۈلدەپ تېز سوقۇپ، ھەممە قانلىرىم بېشىمغا يىغىلغاندەك بولدى.

ئۆزۈمنى توختىتىپ، كىملىكتىكى سۈرەتكە قارىسام، تېخى بايىلا ئۆزۈم ئۇن زاۋۇتى تەرەپكە ئاپىرىپ قويغان ياشتا چوڭراق ئايالغا ئوخشايدىغاندەك كۆرۈندى. كىملىكتىكى ئادرېسىمۇ شۇ تەرەپتە ئىدى. دەرھال پىكاپىمنى ئوت ئالدۇرۇپ، كەلگەن يولۇمغا قاراپ ماڭدىم. ئايال چۈشۈپ قالغان يەرگە كېلىپ، كىملىكتىكى بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرسام، ئايال ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىنادىن چىقىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ سەل

قورققاندەك بولدى. ئارقىدىنلا قولۇمدىكى سومكىنى كۆرۈپ:

— بۇ مېنىڭ سومكامغۇ! خۇداغا شۈكۈر، سومكام بار ئىكەن، ۋاي ئاللا، ئۆيگە كىرىپلا سومكامنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ چۈشكەنىدىم. چۈشكىنىم بىلەن قانداق تاپاتتىم. ئۇ ھېلىمۇ سىزدەك ئىنسابلىق شوپۇرغا ئۇچراپ قاپتىمەن. رەھمەت بالام! — دەپ سۆزلەپلا كەتتى. سومكىنى ئېچىپ پۇللىرىنىڭ جايىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ، 100 كويلۇق پۇلدىن ئىككىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالغانىدى. رەھمەت ئېيتىپ ئالغىلى ئۇنىمىدىم. پىكاپىمنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋاتقىچە، ئۇ ئايالنىڭ «ھېلىمۇ سىزدەك ئىنسابلىق شوپۇرغا ئۇچراپ قاپتىمەن» دېگەن چاغدىكى ھاياجانلىق چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. بۇ ئىش باشقىلار ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش ھېسابلىنىشى مۇمكىن، ئەمما مەن ئۈچۈن چوڭ ئىش، ئىنتايىن چوڭ ئىش. ئەتىسى كۈن بويى خۇشال، روھلۇق يۈردۈم، بۇ ئىشنى دادامغا دەپ بېرىۋېدىم، ئاڭلاۋېتىپ دادامنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

دادام پات - پاتلا: «ئۆيىمىزگە بىر ئايال كىشى كەم. ئايال كىشى يوق ئۆي ئۆيگە ئوخشىمايدۇ» دەپ قاقشاپ قوياتتى. بۇ، دادامنىڭ مېنى تېزرەك ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلغىنىنى ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتىم. مەن بۇنى ئويلىماي قالاتتىمۇ، ئەلۋەتتە ئويلايمەن. تۇرمىدىكى ۋاقىتلىرىمىزدا ئۆيلەنگەن باللارنىڭ ياكى چوڭلارنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق تۇغرىسىدىكى ھەزىل - چاقچاقلىرىنى، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىنىمۇ قالدۇرماي سېلىشىدىغان ئەپسانە پاراڭلىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايتتۇق. ئەمگەككە بېرىپ - كەلگىچە يىراقتىن ئايال جىنايەتچىلەرنى ئۇچرىتىپ قالساق، بويىنىمىز قايرىلىپ كەتكۈدەك قارىشىپ: ئاۋۇ ئاقكەن، ماۋۇ قارىكەن، ياكى ئاۋۇ سېمىزكەن، ماۋۇ ئورۇقكەن دەپ ئۆزىمىزچە باھالاپ، ئاۋۇ

www.uyghurkitap.com

ساڭا لايىقكەن، ماۋۇسى ماڭا، دەپ تالىشىپمۇ كېتەتتۇق. مەن ئاخشاملىرى يېتىپ مەرزىيەنى ئويلايتتىم. مەرزىيە باي ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ ۋاقىتچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ تويىمۇ قىلىپ بولغاندۇ. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق. ئەمما ئۇ مېنى ئانچە - مۇنچە ئويلاپمۇ قويامدىغاندۇ، ياكى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ، دەيدىغان بىر سوئال كونا كېسەلدەك پات - پات پەيدا بولۇپ، يۈرىكىمنى تاتىلايتتى. پىكاپىمنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يولدا كېتىۋاتقان چىرايلىق قىزلارغا تىكىلىپ قارايتتىم. بىز يەرلىرى مەرزىيەگە ئوخشايدىغان قىزلارنى كۆرسەم، ئۆزۈمچە ھۇلۇقۇپ كېتەتتىم. كەچلىرى يوللاردا جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ يۈرگەن قىز - يىگىتلەرنى، ياش ئەر - خوتۇنلارنى كۆرسەم، باشقىچە ھەۋەسىم كېلەتتى. بەزىدە ماڭا سۈركىلىپ يېقىنلاشماقچى بولىدىغان قىزلارمۇ چىقىپ قالاتتى. ئەمما ئۇنداقلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

بىر كۈنى كەچتە «ياشلار» باغچىسى ئەتراپىدىكى كوچىدىن ماشىنامغا بالا يېتىلىۋالغان ياش ئەر - ئايال چىقتى. ئايالغا ئانچە سەپسالمىغان ئىكەنمەن، پىكاپقا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئېرى بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىغاندا، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇ مەرزىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى! ئۇنىڭ بەكمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئاۋازىنى بىر ئەمەس مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىنمۇ پەرقلەندۈرەلەيتتىم.

كەينىمگە شۇنچىلىك قارىغۇم كەلگەن بولسىمۇ، قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. پىكاپنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئەينەكتىن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ چىرايى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قويۇق قارا قاشلىق، كىچىكرەك قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، خېلى كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. تۆت ياشلارغا كىرگەن، دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان قىزى چۇڭۇلداپ سۆزلەپلا تۇرىدىكەن.

مەرزىيە قانداقتۇ بىر ئىشتىن نارازى بولسا كېرەك، قېپىدىغاندەك بىر گەپلەرنى قىلاتتى. ئېرى سوغۇق، ياسىما ئاھاڭدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. ئۇلارنى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم. دوختۇرخانا ئالدىدا پىكاپتىن چۈشۈپ بولۇپ، مەرزىيە يانچۇقىدىن يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى. تەڭلەۋېتىپ كۆزى ماڭا چۈشۈپ، بىر پەس قېتىپ قالدى ـ دە، بوغۇق ئاۋازدا «ۋىيەي!» دەپ تووۋلىۋەتتى. قولىنى مەيدىسىگە قويغىنىچە قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك يۈگۈرۈپ نېرىغا بېرىپ، ئارقىدىن بارغان ئېرىگە مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئاشقان پۇلنى ئالغىلى ئېرى كەلدى. مەن پۇلنى ساناپ بولغىچە ئۇ ماڭا ئاشكارا كەمسىتىش ھەم نەپرەت نەزىرىدە مىختەك تىكىلىپ تۇردى. مانا بۇ مەن ئېسىمدىن چىقىرالماي كەلگەن مەرزىيە ئىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، نەچچە كۈنگىچە بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ يۈردۈم. ئەمما ناھايىتى تېزلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم. مەرزىيەگە بولغان ھېسسىياتىم تاماكىنىڭ سۇسقىنا ئىسى بىر پەستە تاراپ كەتكەندەك تاراپ كەتتى. مەن ئۇچۇن ھېچقانداق خام خىيالغا ئورۇن يوقلۇقىنى، ھەممە ئىشنى يېڭىباشتىن باشلىشىم كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يىغقان پۇلۇم مۆلچىرىمدىكىدىن خېلى ئاشتى. دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چوڭراق بىر ئىش قىلماقچى بولدۇم. ئەمما خېلى بىر مەزگىل كۆڭۈل توختىتالماي دېلىغۇل بولۇپ يۈردۈم. دادام: «كىچىكرەك تاللا بازىرىدىن بىرنى ئاچايلى، پۇلۇڭ يەتمىسە، مەندىنمۇ ئاز ـ تولا بار» دەيتتى. پىكاپ ھەيدەپ كېتىۋېتىپ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان «تاللا بازار» لىرىنى كۆرگىنىمدە، ئىچىمدە «قانداق بولاركىن» دەپ قالاتتىم. بولۇپمۇ

بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدىلا چوڭ، ئوتتۇراھال «تاللا بازىرى» دىن ئىككى - ئۈچى بار ئىدى. بۇ ئەتراپتا كەم نەرسە تۇزۇكرەك بىر ئاشخانا، ئۇيغۇرچە تاماقلارنى ئېتىدىغان تېز تاماقخانا ئىدى. بولۇپمۇ پولۇ، كاۋاپ، لەغمەن دېگەندەك تاماقلارنىڭ بازىرى ئۆلمەيتتى. گەپ ئاشپەزدە، تاماق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىلا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆيىمىزنىڭ نېرىسىدىكى ئېگىز بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن 70 نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق ئاشخانىنى ئىجارىگە ئالدىم. ئاستىغا چاقچۇق ياتقۇزۇپ، تاملىرىنى سىرلاپ، پەردە - چىراغ ئورنىتىپ، ئاددىي، پاكىز، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان تېز تاماقخانىدىن بىرنى تەييار قىلدىم. ئاشپەزنى دادام تېپىپ كەلدى. قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىشسىز ئولتۇرغان بالىلىرىدىن ئۈچ - تۆتنى كۈتكۈچىلىككە ئالدۇق. ئۇزاق يىللار يالغۇز ياشىغان دادامنىڭ تاماق ئېتىشكە خېلى ئېپى بار ئىدى. ئۇمۇ «چارچاپ قالارسەنمىكىن» دەپ توسقىنىمغا ئۇنىماي، دەرۋازىۋەنلىكنى تاشلاپ، ئوچاق بېشىغا قاراشماقچى بولدى. دادامدەك بىر ئادەم ئوچاق بېشىدا تۇرسا، مەن ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن تاماقخانىمىز تېز يۈرۈشۈپ كەتتى.

سەھەردە ئەتكەنچاي، قۇيماق، بولاق مانتا چىقىراتتۇق. ئەتراپتىكى ئوقۇشقا، خىزمەتكە ئالدىرايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تاماققا كىرگەچكە، ئاشخانىمىز ئادەمگە لىق تولۇپ، ئورۇن يېتىشمەي قالاتتى، ياز كۈنلىرى ئىشىك ئالدىغا ئۈستەل - ئورۇندۇق تىزىشقا مەجبۇر بولاتتۇق. دادام: «مانتىغا قىيمىنى ئاز سايسەن، كاۋاپنىڭ گۆشى كىچىكلەپ كېتىپتۇ» دەپ ئاشپەز ياكى كاۋاپچى بالىلار بىلەن پات - پات تەگىشىپ تۇراتتى. «خېرىدارلار رازى بولسىلا، ئىشىمىز يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ، كىچىككىنە پايدىنى دەپ خېرىدارنى ئالدىساق، پايدا ئېلىش تۇگۇل، دەسمايىمىزدىنمۇ قۇرۇق قالىمىز» دېگەن گەپنى

ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، بىزنىڭ بىنانىڭ
نېرىقى ئىشىكىدە ئولتۇرىدىغان نىساخان دېگەن ئايال بىر قىز
بالىنى باشلاپ كىردى ۋە ئۇدۇل ئالدىمغا كېلىپ:

— ئۇكام بەختىيار، ماۋۇ سىڭلىم ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ،
سەل مىجەزى يوق بولۇپ قالغان، ئىشقا ئېلىپ قويغان
بولسىڭىز، ئاشخانىدىكى بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ، كۆڭلى
ئېچىلىپ قالار ئىدى. ئۆزى قازان بېشىغا بەك پىششىق،
قولىنىڭ تەمى بار، قانداق ئىشقا قويسىڭىز بولىۋېرىدۇ،
هازىرچە ھەق بەرمىسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى. يېقىندىن بېرى
ئادەم كۆپىيىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا سەل يېتىشەلمەي
قىلىۋاتقىنىمىزنى ئويلاپ:

— بولىدۇ، ھەدە، ئىشلەپ تۇرسۇن، — دېدىم. قىزنىڭ
ئىسمى گۈلباھار ئىكەن. تۇرقىغا قارىسام بەكلا ئورۇق، چىرايى
تاتىراڭغۇ، ياش قىزلارغا خاس خۇلق - مىجەزدىن ئەسەر يوق.
يەرگە قاراپلا تۇرىدۇ. ئەنسىزلىنىپ:

— ھەدە سىڭلىڭىزدا يۇقۇملۇق كېسەل بولسا بولمايدۇ
جۇمۇ! — دېسەم، ھەدىسى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغان، ھازىر
ئوڭشىلىپ كەتتى، — دېدى.

— ئەمىسە قازان بېشىدا كۆكتات ئادالىشىپ، قاچا يۇيۇشۇپ
بەرسۇن، — دېدىم. گۈلباھار ھەدىسىگە قاراپ بېشىنى
لىڭشىتىپ قويۇپ، قازان بېشى بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاق
ئۆتمەيلا مەن بۇ كېسەل چىراي قىز بالىنىڭ تېپىلغۇسىز
ياردەمچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ قازان بېشىدا ئۆزى
يالغۇز ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. كۈندە كەچتە
تازىلىق قىلىپ قازان بېشى، تاماق ئۇستەللىرى ۋە ئىشىك -
دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئاشپەز
ئۇستام كېلەلمەي قالغاندا، ئۆزى يالغۇز قورۇما - تاماقلارنىڭ

هۆددىسىدىن چىقتى. ئېخى ئۇنىڭ «ئۆي لەگىمىنى» شۇ كۈنى ھەممە ئادەمگە تېتىپ كەتتى.

ئاي ئاخىرىدا ئۇنىڭغا باشقا باللاردىن ئاشۇرۇپ 800 كوي ئىش ھەققى بەردىم. ھەدىسى ئالايىتەن كىرىپ رەھمەت ئېيتتى. رەھمەت ئېيتىۋاتقان چېغىدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئۇنىڭ نەقەدەر مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— بولدى، ئۇنچىۋالا رەھمەت ئېيتىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. سىڭلىڭىز بەك تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن، قارىغاندا ئۇنى ئىشقا بەك پىشۇرۇۋېتىپسىز، — دېدىم.

دادام گۈلباھارنى ئىشقا ئالغىنىمغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئادەتتە ئۇنىڭدىن سەل ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇنى كۆرسە، دادامنىڭ كۆزلىرىدە ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاشقان بىر خىل سوغۇقلۇق پەيدا بولاتتى. بۇنىڭدىن مەن ئۇنىڭ بۇ كېسەل چىراي قىز بالىنى ئانچە ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

دادام مېنى ئۆيلەشنىڭ تەييارلىقىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، يول باشلايدىغان بىر يۇرتلۇق ئىككى ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇلار ئاشخانا ئىشىكىدە پەيدا بولۇشى بىلەنلا، دادام ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇچى بىر بولۇپ بىر يەرگە بېرىپ قىز كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا پالانى يەردە مۇنداق بىر قىز بار ئىكەن ... دەپ كۆپىتۈرۈپ ماختاپ بېرەتتى. ئۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئۇلار ئېيتقانچىلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچىمدە: «چوڭلار بىلەن ياشلارنىڭ قىزلارنى باھالىشىدا پەرق بەك زور ئىكەن» دەپ قالاتتىم. ئۇ قىزلارمۇ مېنىڭ ئاشخانا، پىكاپىم بارلىقىنى، رەڭگىرويىمنىڭ يامان ئەمەس ئىكەنلىكى كۆرۈپ قىزىقىپ، بىر مەزگىل كېلىپ - كېتىپ يۈرەتتى. بىر كۈنلەردە «تۇرمىدە يېتىپ چىققانكەن، يەنە كېلىپ ئادەم

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرگەنىكەن، ئاتا ـ ئانام قوشۇلمىدى» دەپ ئارىنى ئوچۇق قىلىپ كېتىپ قېلىشاتتى. بۇ ئەھۋال ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا دادامغا: «بولدى دادا، ئۆزۈم تاپاي، مېنىڭمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىرەرسى باردۇ. بولمىسا بالىدىن بىرنى بېقىۋېلىپ، يالغۇز ئۆتۈپ كېتەرمەن» دەيتتىم. دادام بىچارە چارىسىز بېشىنى قاماللاپ، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

گۈلباھار ئاشخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ خېلى ئېچىلىپ، رەڭ تۇرۇپ قالدى. بەزىدە ئۇنىڭ ئوچاق بېشىدا ئاق خالات، ئاق پوسما كىيىپ، ماسكا تاقاپ ئىشلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئەسلىدە بىر چىرايلىق قىز بالا ئىكەن، بىچارە، كېسەلدىن شۇنداق بولۇپ قاپتىكەن» دەپ قالاتتىم. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. گەپنى ئاز، ئەمما ئورۇنلۇق قىلاتتى. باشقىلاردىن پاكىز، ئېپچىل ئىدى. قاچا ـ قۇچىلارنى، قازان بېشىنى ناھايىتى ئەستايىدىل دېزىنفېكسىيە قىلاتتى. تازىلىق قىلغاندا، كۆكتات يۇيغاندا قولىغا رېزىنكە پەلەي كىيىۋالاتتى. باشقىلار توڭلاتقۇغا كەلسە ـ كەلمەس، قالايمىقان سېلىپ قويغان نەرسىلەرنى زېرىكمەي رەتلەپ، توڭلاتقۇنى كۈندە تازىلاپ تۇراتتى. بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىغا قىزىقىپ قارىغىنىم كەلگەنچە، ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ماڭا گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ياكى يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا، چىرايىدا بىر خىل سوغۇقلۇق ئىپادىلىنەتتى. ئۇنىڭ ھالىتىنى ئۆزۈمچە: «مېنى تۈرمىدە يېتىپ چىققان دەپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىغۇ بۇ» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتە پەرۋاسىز، سوغۇق قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئادەم سەل سېلىككەن چاغدا ئاشخانا ئىشكى جالاقلاپ ئېچىلىپ، سەل سېمىز، ئاشۇرۇپ

گىرىم قىلغان، قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. سالىمىمنى ئىلىك ئالماي، ئۇدۇل قازان بېشىغا قاراپ مېڭىشىدىنلا كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيۇپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم. ئايال ئەينەك ئىشكىنى تېپىپ ئېچىپ:

— چىقىشە رەسۋالار، ئوغرىلىقچە كۇسۇرلاشماي گېپىڭ بولسا، مانا مېنىڭ ئالدىمدا قىلىش! — دەپ ئېرىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى. ئارقىدىن گۇلباھارنىڭ بېشىدىكى پوسمىسىنى قاماللاپ ئېلىپ تاشلاپ، ئۇزۇن، قويۇق چاچلىرىنى قولىغا يۆگەپ، سۆرەپ يىقىتقىنىچە ئۇرۇپ كەتتى:

— ھۇ، رەسۋا جالاپ! داشۆدە ھارامدىن بالا تېپىپ، تۇغقان بالاڭنى دېرىزىدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققان بۇزۇقۇقۇ سەن! ئېتىۋەتسە بولمامدۇ سەندەك قانجۇقنى! ئەرگە قانماي، خەقنىڭ ئېرىنىڭ پېيىگە چۈشتۈڭمۇ ئەمدى، ئۈچ بالامنى يېتىم قىلاي دەمسەن ئەمدى...

داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ دەھشىتىدىن، باغرى تاش، ھازازۇل ئايالنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۇن ـ تىنسىز تۇرغان گۇلباھارنىڭ بىچارىلىقىدىن، كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان يولسىزلىقتىن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ، يۈرىكىم بوغۇزۇمغا تىقىلىپ تۇرۇپ قالدىم.

كۇتكۇچى باللار بىلەن نەدىندۇر يۈگۈرۈپ كەلگەن دادام گۇلباھارنى ئايالنىڭ قولىدىن ئاجراتتى، دادام ئۆزىنى باسالماي:

— قانداق خوتۇنسىز، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز! گۇلباھار بۇ يەردە ئىشلەۋاتقاندىن بېرى، بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلغىنىنى ئاڭلىمىدۇق. قازان بېشىدا بولغاندىكىن، ئېرىڭىزنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشتىن باشقا نېمە گەپ قىلاتتى. گەپ ـ سۆز بولسا بىز قاراپ تۇرامدۇق، نېمىدەپ چاغلاۋاتىسىز بىزنى! — دەپ كايىپ كەتتى.

— هە، يامان كاتتا ئاشخانا بۇ، ھەرقايسىلىرىدەك كاتتا خوجايىن يوق بۇ جاھاندا! بىلمەيدۇ دېيىشمىسىلە…

ئېرى ئايالىنى زورلاپ، تارتىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا، يەنە نېمە گەپلەر بولاتتىكىن. بىرەرسى خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، گۈلباھارنىڭ ھەدىسىمۇ چىرايىدا قانى قالمىغان ھالدا كىرىپ، يىغلاپ ئولتۇرغان سىڭلىسىنى يۆلەپ چىقىپ كەتتى. جېدەل شۇنىڭ بىلەن بېسىققان بولدى. ئەمما ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىكنى سېلىپ قويدى.

دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، گۈلباھارنىڭ ئىشلىرى، تۇرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققىنى راست ئىكەن، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان يىلى بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆرۈمچىدە قېلىپ توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشكەنىكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن چاغدا، يىگىت ئاتا ـ ئانامدىن رازىلىق ئېلىپ كېلەي، دەپ بىر كەتكەنچە كەلمەپتۇ. گۈلباھار ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە يىگىتنى ساقلاپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. يىگىتنى ئىزدەپ يۇرتقا بارسا، يىگىت توي قىلىپ بولغانىكەن، ئامالسىز ئۆرۈمچىگە قايتىپ كەپتۇ. بىراق بۇ ئىشنى ھەدىسىگە دېيىشتىن قورقۇپ، قورسىقىنى تېڭىۋېتىپ، ھەدىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر كېچىسى تولغاق تۇتۇپتۇ، گۈلباھار ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىۋېلىپ، ئۆزى يالغۇز يەڭگىپتۇ. بالىنىڭ يىغلىمىغانلىقىنى قاراپ ئۆلۈك ئوخشايدۇ دەپتۇ. قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكى جىددىي چېكىلىپتۇ. گۈلباھار بالىنى ھاجەتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلىۋېتىپتۇ…

— نىساخان ئۇنى باشلاپ كىرگەندىلا، ئايىغى

www.uyghurkitap.com

ياراشمىغايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغان. بىراق، ئىچىم ئاغرىپ گەپ قىلمىغان. ئەمدى ئاشپەزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق. ياخشىراق ئاشپەز تېپىپ بولغىچە ئىشلار ئاقساپ قالىدىغان بولدى، ـــ دېدى دادام.

مەن بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

ـــ گۈلباھار ئاشپەزلىك قىلىۋەرسۇن، ئۆگەنچى بالىلاردىن بىرنى يېنىغا قوشۇپ بېرەيلى. ئۇ ئىلگىرى ئۇستام كېلەلمەي قالغان چاغلاردا، قورۇمىنى ئۇستامدىن ياخشىراق قورۇغان، ـــ دېدىم.

ئەتىسى دادام بىلەن سوۋغا ـ سالام كۆتۈرۈپ نىساخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىگە ئۆزرە قويدۇق. گۈلباھار ئاشپەزلىك قىلىشقا تەستە ماقۇل بولدى. ئاچىسى بىزنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ:

ـــ ھەرقايسىڭلاردىن يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىدى. سىڭلىم بېشىغا كۈن كېلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنى بىلەن، ئەسلىي ناھايىتى نومۇسچان، مىجەزى ئوڭلۇق، پاكىز قىز بالا ئىدى. ئۇ داشۆدىمۇ ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان. ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا، تۈرمىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئېغىر ئىشقا سالماي ئاشخانىدا ئىشلەتكەنىكەن. تاماق ئېتىش، قورۇما قورۇشنى شۇ يەردە ئۆگىنىپتىكەن. بالىلىرىمىز تاماقنى گۈلباھار ئاچام ئەتمىسە يېمەيمىز، دەپ تۇرۇۋالدۇ، ـــ دېدى.

گۈلباھار بىزنىڭ كۈتكەن يېرىمىزدىن چىقتى، ھەتتا كۈتكىنىمىزدىن ئارتۇق چىقتى. مەن ئاشخانىنى دادام بىلەن گۈلباھارغا تاشلاپ بېرىپ، يەنە تاكسىنى تېپىۋالدىم. تاكسى ھەيدەپ يۈرۈپ يېشى 30 لاردىن ئېشىپ قالغان ھەدىيە ئىسىملىك قىز بىلەن مۇھەببەتلەشتىم. ئۇ مېنىڭ تۈرمىدە يېتىپ چىققانلىقىمنى، ھەممە كەچۈرمىشىمنى ئاڭلاپ مەندىن تانمىدى. ئەكسىچە، سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى ناھايىتى قىزىقىپ

ئاڭلىدى. بەزىدە بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشمۇ ياخشى ئىش ئىكەن. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش داۋامىدا ئىلگىرى ئويلاپ يەتمىگەن نۇرغۇن ئىشنى ھېس قىلىدىكەنسەن، نۇرغۇن ساۋاقنى يەتكۈنلەيدىكەنسەن. مەن تاكسى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يېنىمدا ئولتۇرغان ھەدىيەنى ئۇنتۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك ھەممىنى بىر باشتىن سۆزلەپ چىقتىم. تۇرمىداشلىرىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ سۆزلىدىم. خۇلاسەم شۇ بولدىكى، بۇ ئالەم سەۋەبنىڭ، ئەجىرنىڭ ئالەمى ئىكەن. سەممىمي نىيەت بىلەن سەۋەب ئەجىر قىلساڭ، ھەسسىلەپ ئېرىشىدىكەنسەن. سەۋەب، ئەجىر قىلماي ئېرىشمەكچى بولغىنىڭ تۇيۇق يولغا قاراپ قەدەم باسقىنىڭ ئىكەن. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقى ئەنە شۇنچىلىك ئىكەن: بىر قارىساڭ، كۆز يەتكۈسىز يىراق، بىر قارىساڭ بىرلا قەدەم. گەپ، ئەنە شۇ بىر قەدەمنى ئېلىشىڭدا ئىكەن…

يېنىمدا ئولتۇرغان ھەدىيە بۇ مۇلاھىزىلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، مەنىستەمەسلىك بىلەن:

— ئەجەب مۇئەللىمدەكلا سۆزلەپ كەتتىڭىز. بىر قېرى مۇئەللىممىز بولىدىغان، شۇنداق گەپلەرنى تولا قىلىپ، بېشىمىزنى بەك ئاغرىتاتتى، — دېدى. ھەدىيە ئەينى يىللاردا مۇرات ئىككىمىز دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ قويغان بايلىققا بەك قىزىقاتتى. «سىز راستىنلا شۇ پۇلنى ئالالمىدىڭىزمۇ؟ پۇلنى مۇرات ئېلىپ كېتىپتىمۇ؟ ئۇنداقتا تېز تاماقخانىنى قانداق ئاچتىڭىز؟» دەپ تەكرار ـ تەكرار سورايتتى.

— 14 يىل تۇرمىدە ئىشلىدىم. چىققاندىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز تاكسى ھەيدىدىم. ياز كۈنلىرى ئۈچ ـ تۆت سائەتلا ئۇخلىدىم، بەزىدە تاماقنىمۇ تاكسىدا يېدىم. تاپقان پۇلۇمنى بۇزۇپ ـ چاچمىدىم، — دېدىم.

www.uyghurkitap.com

— قىزلار بىلەنمۇ ئارىلاشمىدىڭىزمۇ؟

— ئارىلاشمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

ئۇ ماڭا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدى. ئارقىدىنلا ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك:

— يەكشەنبە كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم جۇمۇ. چوقۇم بېرىڭ، ئاتا - ئانامنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار، — دېدى سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە:

— ئاكىلىرىمنىڭ بىرى ھالقا، بىرى ئۈزۈك ئالماقچى، سىز قۇرۇق قول بېرىپ قالماڭ. بولمىسا، بويىنۇمدىكى ماۋۇ مېدالىيوننى بېرىپ تۇراي. بۇغۇ ساختىسى. چاندۇرماي، ماۋۇ مېنىڭ سوۋغام دەپ قويۇپ تۇرامسىز؟ — دېدى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، مەن ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن، — دېدىم.

مەن شۇ كۈنلا مەخسۇس زىبۇ - زىننەت ساتىدىغان چوڭ بىر دۇكانغا بېرىپ مېدالىيوننىڭ تازا قىممەتتىنى ئالدىم. مېدالىيون ئىككى كۈنگىچە قويۇن يانچۇقۇمدا ئېغىر بېسىپ تۇردى. يەكشەنبە كۈنى ساقىلىمنى ئېلىۋاتقىنىمدا، ھەدىيە بىلەن بولغان ئىشلىرىم شۇنچىلىك مەنىسىز تۇيۇلۇپ كەتتىكى، ساقىلىمنى ئېلىپ بولۇپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. شۇ ياتقانچە ساق تۆت سائەت ئۇخلاپتىمەن، يانفونۇمنىڭ چاقىرىشلىرىمۇ مېنى ئويغىتالماپتۇ.

كەچتە ئاشخانىغا بارسام، گۈلباھار ئۆزى يالغۇز ئوچاق بېشىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— بىرەر نەرسە يەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە يەيمەن. سىزنىڭ تاماقىڭىزنى يېيىش ئۈچۈن، باشقا ئاشخانىلارغا كىرمەي ئاتايىتەن كەلدىم، — دېدىم.

ئۇ ئۈندىمەي كىرىپ كېتىپ، بىر پەستىلا بىر تەخسە لەڭمەننى تەييار قىلىپ چىقتى. تونۇش، مەززىلىك پۇراق

بۇرنۇمغا «گۇپپىدە» پۇراش بىلەن تەڭ، ئىچ سىقىلىش، بىئاراملىقلار يوقاپ، ئىشتىھايىم ئېچىلىپلا كەتتى. لەڭمەننى يەۋېتىپ:

— گۈلباھار، بىر كۈنلەردە ئاشخانىدىن كېتىپمۇ قالارسىزمۇ؟ سىزمۇ هامان توي قىلىسىز، شۇ چاغدا ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر ... — دېدىم.

— كېيىنكى ئىشلارنى مەن قانداق بىلەي، — دېدى ئۇ.

— سىز بۇ ئاشخانىنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— ياخشى كۆرسەممۇ ماڭا تەۋە ئەمەستە. مەن دېگەن بىر ئىشلەمچى.

— مەن بۇ ئاشخانىنى سىزگە بېرىۋەتسەم ئالامسىز؟

ئۇ ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا بىر تۇتام قوڭۇر چېچى كۆزىگە چۈشۈۋالغانىدى. ئۇ ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن قۇلىقىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قارىدى. ئاشۇ پەيتتە قانداقتۇر بىر خىل سېزىم يۈرىكىمنى تىترەتتى، ھودۇقۇشتىن تىلىم كالۋالىشىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، خېلى تەستە ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ:

— راست دەۋاتىمەن، مەن بۇ ئاشخانىنى سىزگە بېرىۋېتىمەن. لېكىن بىر شەرتى بار، ئىككىمىز توي قىلىمىز، — دېدىم.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولدى. بىردىنلا قىپقىزىرىپ كەتتى. كۆزلىرى يەرگە قاراپ، ئاستا ئاۋازدا:

خوتۇندەك مۇكچىيىپ، ئىلگىرىكى ھالىتىگە — ئاشخانىغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى ھالىتىگە قايتتى.

— ماڭا جاۋاب بېرىڭ، گۈلباھار. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىمىز، بىر - بىرىمىزنى كەمسىتمەيمىز. گەپ مەن سىزدەك ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزمىگەن. ئەمما، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە تازا لايىق كېلىمىز.

— ياق، مەن توي قىلالمايمەن، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

— نېمىشقا؟

— ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئۆتۈپ جازايىمنى تارتىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن.

— ياق، سىز تارتقۇلۇقنى تارتىپ بولدىڭىز، مەنمۇ شۇنداق. بىزنىڭمۇ بەختلىك ياشاش ھوقۇقىمىز بار.

... ...

مەن ئۇنىڭ ئاجىز، مەيۇس، ناتىۋان تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ تاغدەك غەمنى يالغۇز يۇدۇپ توققۇز ئاي ياشىغانلىقىنى، ھاجەتخانىدا ئاغزىغا لۆڭگە تىقىۋېلىپ، ئۆزى يالغۇز يەڭگەنلىكىنى ... يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىنى تۇتۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قورقۇپ تۇرغان ھالىتىنى ...كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىدىكى، كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى، بېشىمنى چاڭگاللاپ، كۆز يېشىمنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشتىم. ياشلىرىم ئېقىپ بولغاندا، بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ تۇرغان پىغان سەل پەسەيدى.

— ئەسلىي جازانى سىز ئەمەس، سىزنى مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار قىلغان ئادەم تارتىشى كېرەك ئىدىغۇ. ئۇ قەيەردە؟ جەمئىيەتتە باللىرىنى ئوغرىلىقچە ئالدۇرۇۋېتىپ، يەنىلا ئەخلاق - پەزىلەتلىك سانىلىپ يۈرگەن قىزلار ئازمۇ. بىراق سىز كەمبەغەل ئوقۇغۇچى بولغانلىقىڭىز، پۇلىڭىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەك ساددا، ئىش كۆرمىگەن بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن بالىڭىزنى ئالدۇرۇۋېتەلمىدىڭىز. جەمئىيەتنىڭ بېسىمىدىن، ھاياتىڭىز، ئىستىقبالىڭىز ۋە نام - ئابرۇيىڭىزنىڭ نابۇت بولۇشىدىن قورقتىڭىز. نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنى رەھىمسىز دۇنياغا سىغدۇرۇپ كېتىشكە كۆزىڭىز يەتمىدى. ئەگەر جەمئىيەت، ئادەملەر سىزگە بۇقەدەر رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولسا، شۇ ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باققان بولسا ... سىز بەلكىم بۇ يولغا ماڭمىغان بولاتتىڭىز. جىنايەتنى

قانداقلارچە سىزگە دۆڭگەپ قويغىلى بولسۇن، — دېدىم.

— بۇنىڭغا ئامال يوق. ئادەملەر رەھىمسىز، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلارمۇ شۇنچىلىك رەھىمسىز. ئۇلار ئايال كىشى ئاجىز، دېيىشىدىيۇ، ھامان ئاياللارنى جازالايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئەرنى نېمىشقىدۇر ئەركىشى، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق، دەپ ئۇلارنى ئاقلايدۇ، تېخى. راست گەپنى قىلسام، مەنمۇ ئەسلىدە نىكاھسىز تۇغۇلغانىكەنمەن. ئاپام نومۇس، ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىماي ئۆلۈۋالغانىكەن. ئۆيدىكىلەر — چوڭ ئانام، چوڭ دادام، تۇغقانلىرىم مېنى ھەممە بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبچىسى، دەپ قارايتتى. مېنى ھەمىشە ئۇرۇپ، تىللايتتى، ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى. مەن سەككىز ياشقا كىرگىچە ئۇلار مېنى قازناقتا سولاپ باقتى. مەن كۈن بويى قاراڭغۇ قازناقتا ئولتۇراتتىم، پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندىلا قازناقتىن چىقىپ ھويلىغا، تالا ـ تۈزگە چىقالايتتىم. مەن سەككىز ياشقا كىرگەندە، مەكتەپنىڭ بىر مۇئەللىمى مېنىڭ ئىشىمدىن خەۋەر تېپىپ، ئادەم باشلاپ كېلىپ قازناقنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ، مېنى مەكتەپكە ئېلىپ باردى. ئۆيدىكىلەر يۈزىمىزنى تۆكتى، دەپ ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. بىراق مەن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ كەتتىم. ئالىي مەكتەپكىمۇ ۋىلايەت بويىچە يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەنمەن ··· كېيىن ئۆزۈمنىڭمۇ ئاپامنىڭ يولىدىن مېڭىپ قالىدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلىمىغان. بىراق بەزى ئىشلار قىسمەتكە پۈتۈلۈپ كېتىدىكەن. ئاشۇ كېچىسى مەن ئاشۇ بىر پارچە يۇمران گۆشنى قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغاندا، قاراڭغۇ قازناق ئىچىدە، تىل ـ ھاقارەت، كەمسىتىلىش ئىچىدە ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىمنى ئويلىدىم···

— سىز بۇ ئالەمدە تارتىدىغان ھەممە ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تارتىپ بوپسىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنى قىيناۋەرمەي، بېشىڭىزنى تىك تۇتۇپ ياشاڭ، ھايات ھەممىدىن قىممەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ئۇ ئېتىقاد يولىدا ئۆلۈمدىنمۇ يانمايدىغان زاھىتلاردەك تەمكىن ئېپادىدە يەنە بىر قېتىم:

— مەن توي قىلمايمەن، — دېدى.

مەن قويۇن يانچۇقىمدىن مېداليوننى چىقىرىپ:

— سىز ئاشخانىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتىسىز. راستىمنى ئېيتسام، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن. بۇ ئاددىي سوۋغا، بۇنى قوبۇل قىلىڭ، قولۇمنى قايتۇرماڭ، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. قىلغان ئىشىمدىن بىر ـ ئىككى كۈنگىچە خۇشال بولۇپ يۈردۈم. بىراق، بىر كۈنى ئاخشىمى سومكامدىن بىر نەرسە ئاختۇرۇۋېتىپ، مېداليوننىڭ سومكامدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ لاسسىدە بولۇپ قالدىم. كاللامغا: «ئۇ بەلكىم ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ھېلىقى ۋاپاسىز يىگىتكە تارتىشىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن پەرەز كەلدى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئىشلار شۇنداق تەتۈر. «قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا» دېگەندەك، ئادەملەر ھامان ۋاپاسىزنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ، بولۇپمۇ ئاياللار.

ئىككى كۈن قاتتىق ئويلىنىپ، مەنمۇ قاچقاننى قوغلاپ باقاي، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى تاشقى قىياپىتىدەك بولۇشى ناتايىن، گۈلباھارنى رەھىمسىز تۇرمۇش مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. مەن مېھىر ـ مۇھەببىتىم، سەمىمىي ـ ساداقىتىم بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى مۇزنى ئېرىتمەي قويمايمەن…

34 ياشقا كىرگەن كۈنۈمنى تاكسىدا ئۆتكۈزدۈم. مەن تاكسى ھەيدەشنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. كەڭ ـ ئازادە يوللاردا ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتنىڭ، يان ـ يېنىمدىن سىيپاپ ئۆتۈۋاتقان سالقىن شامالنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنى خۇددى قانات

چىقارغاندەك سېزىمەن. ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى، قورسىقىم ئېچىپ، ئۇچەيلىرىمنىڭ تارتىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىمەن.

شۇ كۈنى كەچتە ھېرىپ - ئېچىپ ئاشخانىغا قايتىپ كەلسەم، شاگىرت باللاردىن بىرى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— بەختىيار ئاكا، سىزنى بىر كىشى ئىزدەپ كەپتىكەن، كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان زۆرۈر ئىشىم بار، دەپ ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى. ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، تۆر تەرەپتە ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرغان قاتما، ئېگىز بوي، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان سالاپەتلىك ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. شۇنچىلىك يوچۇن، سىرلىق بۇ ئادەمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى تونۇشتەك بىلىنەتتى. يۈز - كۆزۈمنى سوغۇق لۆڭگىدە سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرمايلا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سالامەت تۇردۇڭمۇ دوستۇم، سېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، — دېدى تەلەپپۇزىغا سەل - پەل چەت ئەل پۇرىقى سىڭگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن تونۇش بۇ ئاۋاز مېنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، يۈرىكىمنى جىغىلداتتى. ئۇ، مۇرات ئىدى.

ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ. بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئولجىسىغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان بۆركۈتنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى قارامتۇل كۆزەينەك ئارقىسىدىن ماڭا قاتتىق تىكىلگەنىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بۇرادەر، ئۆزۈڭ ساق - سالامەت كەلدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنى نەدىن سورايمىز، ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ ياكى يەردىن؟ — دەپ مەنمۇ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردۇم. «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، دەپ تاماق، كاۋاپ، قورۇما بۇيرۇتتۇم. ئىككىمىز غىزالانغاچ، ئالدىرىماي تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق. تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئاشخانىدا

ئادەم شالاڭلىدى، شاگىرت باللار ئىشتىن چۈشۈپ قايتىشتى. پەقەت گۈلباھارلا چاي دەملەپ بەرگەچ، يەنە بىرەر تاپشۇرۇق بارمىكىن، دەپ قازان بېشىدا ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— مەن كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. ئاغىنە، بەلكىم بۇ بىر تارتقۇلۇقتۇ، تەقدىرگە نېمە ئامال ... كېلىپلا سېنى ئىزدىدىم. بەزىلەر سېنى تۈرمىدە، دېيىشتى. بەزىلەر قايتىپ چىقتى، دېدى. ئاخىرى بۇ يەرنى ئىزدەپ تاپتىم. كۆزىتىشىمچە، ئىشلىرىڭ ئوبدان يۈرۈشۈۋېتىپتۇ. راسا قولى تاتلىق، ۋاپادار ئايالغا ئېرىشىپسەن، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى.

— رەھمەت تەرىپىڭگە، — دەپ كۈلۈپ قويدۇم، — ئۆزۈڭچۇ؟ بالا - چاقىلىق بولۇپ كەتكەنسەن؟

— بىر بالام بار، ئايالىم بىلەن تازا ئەپ ئەمەس. ئۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىزگە ئوخشىمايدۇ، دوستۇم، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— ئۆزۈڭ سالامەت تۇرۇپسەن، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن مانا مۇشۇنداق دىدارلىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز، مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش، — دېدىم.

مۇرات بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— سەنمۇ پەرەز قىلغانسەن، ھېلىقى پۇلنى مەن ئېلىپ كەتكەنىدىم. ئىچكىرىدە، دېڭىز بويلىرىدا شۇ پۇل بىلەن بىر مەزگىل ئوقەت قىلدىم. ئوقىتىم ئاقماي، جېنىمنى ئېلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتىم. ئۇيەر - بۇيەردە قاڭقىپ يۈرۈپ، ئاخىرى جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇپ قالدىم. شۇ يەردە بىر يۇرتلۇقىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئون يىل تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىگىلىك تىكلەپ ئاز - تولا پۇل تاپتىم. راستىمنى ئېيتسام، بۇ يىللاردا مەن سېنى زادى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم. سېنى تۈرمىگە تاشلاپ كەتكىنىم ئۈچۈن، ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمىدىم. مانا ئاخىرى

قەرزىمنى قايتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن خۇشالمەن. مەن بۇ قېتىم مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلگەن. مانا بۇ سىنىڭ ھەققىڭ، ئۆسۈمى بىلەن قايتۇردۇم، — دەپ، كىچىك بىر قارا چامادانىنى ئالدىمغا قويۇپ، سىيرتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى پۇلنى كۆرسەتتى.

ئىككىمىز يەنە بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئۇ مەندىن بىرەر سادا كۈتۈپ، ماڭا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. شۇنچىۋالا پۇلنى كۆرۈپ يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتمىگىنىگە، ھاياجاندىن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويمىغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتىم:

— بۇرادەر، سەن ماڭا قەرزدار ئەمەس، بۇ مېنىڭ پۇلۇممۇ ئەمەس. مەن بىر قېتىم ئازغان، لېكىن جىنايەتكە يارىشا جازايىمنى تارتىپ بولدۇم. مەن ئۆزۈمگە تەۋە بولمىغان بۇ پۇل ئۈچۈن بەك ئېغىر بەدەل تۆلىدىم. ھەممىدىن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيدىغىنىم — مەن ئاپامنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. مەن بۇ پۇلغا قولۇمنى تەگكۈزسەم، رەھمەتلىك ئاپامنىڭ روھى قورۇنىدۇ. ياشىنىپ قالغان دادامنى رەنجىتىمەن. ئەڭ مۇھىمى ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيمەن. شۇڭا بۇ پۇلنى قوبۇل قىلالمايمەن. سەن بولساڭ چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتىسەن. يەككە - يېگانە ئىگىلىك تىكلەپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىسەن، بۇ پۇلنى ئۆزۈڭ ئىشلەت. مېنىڭ ھېچقانداق دەۋايىم يوق، — دېدىم. كېيىنكى ئىشلار ناھايىتى قىزىق بولدى. ئۇ مېنى تەنە قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ تۈرمىدە 20 يىل يېتىشقا، ھەتتا ئېتىلىپ كېتىشكە لايىق ئادەمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۆز ھاياتىنى قۇتۇلدۇرغان ياخشىلىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ پۇلنى قوبۇل قىلىشىمنى قايتا - قايتا ئۆتۈندى، ھەتتا كۆز يېشىمۇ قىلدى. ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

مەن ئۇنى چۈشكەن يېرىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ، چامادانىنى جايلاشتۇرۇپ بەردىم. خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇ مېنى قۇچاقلاپ يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلدى. مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا سىنىپتا ھېچكىم كىيەلمەيدىغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان، مودا ئايىغىنى پارقىرىتىپ قىزلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان لاپچى مۇرات كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى. ئىككىمىز ئاشۇ بارسا - كەلمەس يولغا ماڭمىغان بولساق، بەلكىم بىزمۇ باشقا تەڭتۇشلىرىمىزدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، بىرەر ئىدارىغا ئورۇنلىشىپ، ئاستا - ئاستا قورساق سېلىپ، تىنچ، بىر خىلدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتۇق - ھە، دەپ ئويلىدىم.

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ، يىللارمۇ ئۆرۈلدى. ھەر كۈنى تاكسىنىڭ كىچىك ئەينىكىگە قاراپ، چاچلىرىمنى تاراۋاتقاندا چېكە چاچلىرىمنىڭ ئوبدانلا شالاڭلاپ، پېشانەمدە قورۇقلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. «قېرى يىگىتمۇ بولۇپ قالدۇق مانا» دەپ ئۆزۈمچە كۈلۈپمۇ قويىمەن. ئامال قانچە، بىز ياراتقان قىزلار بىزنى ياراتمىسا. مۇشۇ كۈنلەردە گۈلباھارغا بارغانسېرى چىڭراق باغلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاشخانىدىكى شاگىرت باللارلا ئەمەس، دادام بىلەن نىساخان ھەدىمۇ بىلىپ بولغانىدى. دادام باشتا سەل نارازى بولۇپ، كېيىن رايىمغا قويۇپ بەردى. شۇغىنىسى گۈلباھارنىڭ يۈرىكىدىكى مۇز تېخىغىچە ئېرىمەيۋاتاتتى. پەقەت ئېرىمىدى دېسەممۇ بولماس، مەن ھەممىلا يەردىن، ھەممىلا ئىشتىن ئۇنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى، كۆيۈنۈشىنى سېزىپ تۇرغاندەك بولاتتىم، ئەمما...

2005 - يىلى يازدا يارمۇھەممەت ئارقا - ئارقىدىن خەت يېزىپ، تېلېفون قىلىپ، بۇياقلارغىمۇ كېلىپ بىر ئويناپ

كەتسەڭ، دەپ يۇرتىمغا تەكلىپ قىلدى. گۈلباھارنىڭ دەردىدە پىغانىم ئۆرلەپ تۇرغان بىر كۈنى، دادام بىلەن خوشلىشىپ، غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم. بىر كېچە مېڭىپ، تاڭ سەھەردە تەلكە تاغلىرىغا كەلگەندە مۈگدەشلىرىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ، كۆزلىرىم يوغان ئېچىلىپ كەتتى. خۇددى جىمى ئالەمنىڭ گۈزەللىكى يىغىلغاندەك كۆركەم، ھەيۋەتلىك تاغلار، قاتمۇ قات، ھەددى ـ ھېسابسىز رەڭدار مەنزىرىلەر، ھېلىلا چوڭقۇر جىرالاردا تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ يۈرسە، بىردەمدىلا خىيالىي كۆرۈنۈشتەك كۆز ئالدىڭدا يېيىلىپ، جىمىرلاپ ئاقىدىغان تاغ سۇلىرى... مېنى ئۆزىگە تارتىۋالدى. قۇلاق تۈۋىمدە يارمۇھەممەت ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىدىغان ئىلى ناخشىلىرى باشقىدىن ياڭرىغاندەك بولۇپ، «شۇنچە مۇڭلىنىپ، يۇرتىنى شۇنچىۋالا ئۇلۇغلاپ، سېغىنىپ كېتىشلىرى بىكار ئەمەسكەن» دەپ قالدىم. پىكاپىمنى توختىتىپ، خۇددى كىچىك بالىدەك گاھ يانباغىردا ئېچىلغان تاغ گۈللىرىدىن ئۈزۈپ كەلسەم، گاھ ئايىغىمنى سېلىپ، پۇچقىقىمنى تۈرۈۋېتىپ سۇ كېچىپ ئوينىدىم. يېنىمدا گۈلباھارمۇ بىللە بولغان بولسا، ئىككىمىز خالىغان يەردە توختاپ، ئاز ئۇچرايدىغان بۇ گۈزەللىكلەرنى قانغۇچە تاماشا قىلغان بولساق ـ ھە. خەير، كېيىنچە مەن قاراڭغۇ قازناق ئىچىدە چوڭ بولغان ئۇ بىچارە قىزنى چوقۇم بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمەي قويمايمەن، دەپ ئويلىدىم.

پىكاپىمنى ھەيدەپ تاغلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمەن. گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا، تۇرۇپلا ئارقىغا قارايمەن. تاغلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما دىققەت قىلساڭ، ھەر بىرسىدە بىر مەنزىرە. زوقلىنىپ ھارمايسەن، كۆيلەپ ھارمايسەن.

ئەنە شۇ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە كېتىۋېتىپ، بىر ئەگمىگە كەلگەندە باش ئۈستۈمدىن يوغان، قارا بىر نەرسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

چۈشكەنلىكىنى، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر يېرىلغاندەك گۈلدۈرلىگەن سادا ئىچىدە پىرقىراپ، يۇلقۇنۇپ بىر چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ كېتىۋاتقىنىم ئېسىمدە. ئەنە شۇ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتا ياتىمەن، كۆزۈمنى ئاچالمايمەن، مىدىرلىيالمايمەن، سۆزلىيەلمەيمەن. بەزىدە ئەتراپىمدا كىملەرنىڭدۇر گەپ - سۆزلىرى، يىغىسى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئارقىدىنلا ئاشۇ دەھشەتلىك چۈش يەنە تەكرارلىنىدۇ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر يېرىلغاندەك گۈلدۈرلەش ئىچىدە قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇققا قاراپ غۇلايمەن... بىر قېتىم تەلكە تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىن يوغان، ئاپپاق بىر قۇش ئۇچۇپ كەپتۇدەك، مەن ئۇنى ئاپام دېگۈدەكمىشمەن. ئۇ مېنى قاناتلىرى ئۈستىگە ئېلىپ يەر ئۈستىگە، ماشىنامنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويۇپ غايىب بولۇپ كېتىپتۇدەك. «ئاپا، ئاپا!» دەپ توۋلاپ كېتىپتىمەن. ئۆز ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كۆزلىرىمنى ئاچسام، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، ئەتراپىمدا دوختۇر - سېسترالار، دادام... كۆزلىرى ياش يۇقى گۈلباھار تۇرىدۇ. ئۇ نېمە ئۇچۇن يىغلىغاندۇ، ئۇنى كىم يىغلاتقاندۇ... دەپ ئويلىدىم. ئۇلار كۈلۈمسىرىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئاستا ئېڭىشىپ، مەندىن بىر نېمىلەرنى سورىدى. جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ ھەر قانچە كۈچىسەممۇ تىلىمنى، لەۋلىرىمنى مىدىرلىتالمىدىم. پەقەتلا كۆزۈمدىن ئاچچىق ياش سىرغىپ چىقتى. گۈلباھار ئاستا كېلىپ ئاپپاق، يۇمشاق لۆڭگە بىلەن كۆزۈمنى سۈرتتى. ئەتراپىمدا تۇرغانلار بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى، ئىككىمىزلا قالدۇق... مەن ئۇنىڭمۇ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تەقەززالىق بىلەن قارىدىم. ئۇ، قولۇمنى يۇمشاق قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ كۆزىگە، لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. ئارقىدىن يۈزۈمگە يېقىن ئېڭىشىپ، چاچلىرى بىلەن بويىنۇمنى غىدىقلاپ، چوغدەك

لەۋلىرىنى قۇلىقىمغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:

— مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدۇم، — دېدى.

مەن «ياق، بولمايدۇ!» دېگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم. مەن ئۇنىڭغا يۈك بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتىم. ئۇ بەختلىك ياشىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ دومسىيىپ تەتۈر قارىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە يېنىمغا كېلىپ، ھەييارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— سىز رازى بولسىڭىزمۇ، بولمىسىڭىزمۇ، سىز بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان، — دېدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن قولتۇق تاياق بىلەن ماڭغۇدەك بولغان ۋاقتىمدا ئىككىمىز راستىنلا توي قىلدۇق. يارمۇھەممەت غۇلجىدىن كېلىپ تويىمىزغا قاتناشتى، بىزگە بەخت تىلىدى. دوختۇرلار مېنىڭ ساقىيىپ كېتىشىمنى بىر مۆجىزە، دېيىشتى. بۇ مۆجىزىنى گۈلباھار ياراتقانىدى. ئەسلىي مەن ھوشۇمغا كېلىشتىن بۇرۇن دوختۇرلار مېنى ئۆمۈرلۈك پالەچ بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، گۈلباھار شۇ چاغدا مەن بىلەن توي قىلىپ، مېنى ئۆمۈرۋايەت باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىكەن.

بۇ ئالتە ئاي ئىچىدە بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدۇق. ماشىنام بولسا، چوڭقۇر جىرادا پاچاق - پاچاق بولۇپ ياتىدۇ. ئەمما مەن تېخىمۇ قىممەتلىك بايلىققا — قازناق ئىچىدە چوڭ بولغان ئاجايىپ بىر قىزغا ئېرىشتىم. ئۇلا مېنىڭ يېنىمدا بولسا، مەن ھەرقانداق جاپانى يېڭىپ كېتەلەيمەن. تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ ياخشى كۆرگەن ئايالىم، كەلگۈسىدىكى بالىلىرىم ئۈچۈن بەختلىك تۇرمۇش يارىتالايمەن.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئايالىم قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— بۈگۈن دوختۇرخانىغا بارغانىدىم... بويۇمدا قالغان

www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ، — دېدى. مەن خۇشاللىقىمدىن ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتىم. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئىسىل خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇ ئاخشىمىدىن تارتىپ مەن تۇغۇلمىغان بالام ئۈچۈن ئۆز ھېكايەمنى يېزىشقا كىرىشتىم. بېشىمدىن ئۆتكەن ياخشى - يامان ئىشلارنى، تەسىرات، ئوي - پىكىرلىرىمنى، گۈلباھارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ھەممىنى، ھەممىنى يازماقچى بولدۇم...

2006 - يىل 20 - دېكابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

# مەشئەل كۆتۈرگەن كىشلەر

(پوۋېست)

1857 ـ يىلى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى دۇنيا بويىچە تۇنجى پۇتبول كۇلۇبى ــ شېفرىد كۇلۇبىنى قۇردى.

1863 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى 11 پۇتبول كوماندىسى بىرلىشىپ تۇنجى پۇتبول جەمئىيىتىنى قۇردى.

1870 ـ يىلى ئەنگلىيە پۇتبول جەمئىيىتى ئەنگلىيە ھەم دۇنيا بويىچە تۇنجى پۇتبول مۇسابىقىسى ــ «يەكگۈچى» پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيەدە پۇتبول ھەرىكىتى كەڭ قانات يېيىپ، ئاۋستىرىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارالدى.

1896 ـ يىل پۇتبول ھەرىكىتى خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىر تۈرى قىلىپ قوشۇلدى.

1904 ـ يىلى مايدا پارىژدا خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى «FIFA» قۇرۇلدى.

1928 ـ يىلى خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى 1930 ـ يىلىدىن تارتىپ تۆت يىلدا بىر قېتىم دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى...

1870 ـ يىللىرى ئەنگلىيەنىڭ مانچېستېر شەھىرىدىكى باغچا، مەيدانلاردا توپ تېپىپ يۈرگەن پىرېستان ئىشچىلىرى ئارىسىدا بىر ئۇيغۇر يىگىتمۇ بار ئىدى. بەستلىك، چاققان،

ئىنتايىن زېرەك بۇ يىگىت يېڭىلا ئۆگىنىۋالغان بىرنەچچە ئېغىز ئىنگلىزچە سۆزىگە تايىنىپ بۇ يەردىكى ئىشچىلار بىلەن چىقىشىۋالغان ۋە پۇتبول ئويۇناشنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەنگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «سەن قەيەرلىك؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— مەن ئۇستۇن ئاتۇشلۇق، ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق دېگەن يېرىدىن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان ئەنگلىيەلىكلەرگە.

ھاشىم بالىخان 17 ـ 18 ياش ۋاقىتلىرىدا ياشىنىپ قالغان ھامىسى بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتتى. ھامىسى ئىلىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجانغا، ئۇ يەردىن تۈركىيەگە باردى. ئىزمىردا مۇساپىرلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا زەرىف بەي دەيدىغان كىشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، خەلقئارا يۈك پاراخوتىنىڭ ياردەمچى مال تىزىملىغۇچىسى بولدى ۋە پاراخوت بىلەن ئەنگلىيەنىڭ مانچېستېر شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى يىلى تۈركىيەگە قايتىپ موينا (ياۋايى ھايۋان تېرىسى) ساتىدىغان بىر دۇكاندا ئىشلەپ بىر مەزگىل ئۆتكەندە، خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مال سېتىۋالغۇچىلارغا يول باشلاپ، سىبىرىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالمۇتا، رۇسىيەنىڭ شەمەي شەھەرلىرىگە، كېيىن يەنە قازانغا باردى.

قازان ئەينى دەۋردە غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي تۈگۈن بولۇپلا قالماي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، غەرب دۇنياسى بىلەن شەرق دۇنياسىغا تەۋە خىلمۇخىل دىن ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، پىكىر ئېقىملىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ توقۇنۇشىدىغان ھەم بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان،

گۈللەنگەن زامانىۋى شەھەر ئىدى. رىقابەت تۇسى قويۇق، قىزىقارلىق تەنتەربىيە تۈرى بولغان پۇتبول بۇ يەردىكى مەكتەپلەردە يېڭىدىن يولغا قويۇلۇۋاتاتتى.

ھاشىم بالىخان قازاندىكى بۇ يېڭىلىقنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى ۋە قاتناشقۇچىسى بولدى. ئۇ بۇ يەردىكىلەرگە ئەنگلىيەچە ئويناش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى، مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى ۋە ناھايىتى تېزلا بۇ يەردىكى داڭلىق توپچىلاردىن بولۇپ قالدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ سودا ئىشى بىلەن قازانغا كەلگەن بىر يۇرتلۇقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق باي — باھاۋۇدۇن ھاجى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ياش قۇرامى تەڭ، زېھنىي كۈچى، پىكىر ـ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتلەر ئىدى. ئىككىسىلا يۇرتىنى، ئىكىساقنى قىزغىن سۆيەتتى، نامراتلىق، نادانلىق ئىلكىدە ياشاۋاتقان يۇرتداش، قان ـ قېرىنداشلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى كۆپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئوي ـ پىكرى كۆپىنچە بىر يەردىن چىقاتتى. ھاشىم بالىخان ئۇزاق يىل مۇسابىقىلىق دەردىنى تارتىپ يۇرتىنى سېغىنغانلىقىنى، يۇرتقا كەتكۈسى بارلىقىنى، مۇشۇ يەردىكى بالىلارغا پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكەندەك، يۇرتىدىكى ئوشۇق ئويناپ يۈرگەن بالىلارغىمۇ پۇتبول ئويناشنى ئۆگەتكۈسى بارلىقىنى ئېيتقاندا، باھاۋۇدۇنباي كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇمۇ يۇرتىدىكى قاراڭغۇ مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا پەننىي دەرسلەرنى كىرگۈزۈش، شارائىت يارىتىپ، بۇ يەردىكىدەك يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش، تەن تەربىيەسىنى يولغا قويۇش قاتارلىق خىلىدىن بېرى ئوي ـ خىيالىنى چىرماپ، يۈرىكىدىن چىقماي كېلىۋاتقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى سۆزلىدى. ئۇلار كۆپ قېتىم ئەنە شۇنداق سىردىشىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشتى. باھاۋۇدۇنباي ھاشىم بالىخاننى يۇرتىغا قايتىدىغان كارۋانلار بىلەن يولغا سالىدىغان

www.uyghurkitap.com

چاغدا ئۇنىڭغا ئۈچ پۇتبول توپى بىلەن بىر ناسوس يوللۇق تۇتتى. بۇ توپلار پامىر تاغلىرى ئارىسىدىكى تىك، خەتەرلىك مۇز داۋانلاردىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ، ھاشىم بالىخان بىلەن بىللە ئىكىساققا يېتىپ كەلدى. تەۋەككۇلچىلىك روھىغا باي ئىكىساق دېھقانلىرى پۇتبولنى ياقتۇرۇپ قالدى.

1880 ـ يىللاردا ئىكىساقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇتبول كوماندىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار دەسلەپتە تۆت ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينايتتى. ھاشىم بالىخان، تاياخۇن، نامانكام، خەلامكام، نەسىپاخۇن، سوپىكام، نۇردۇككام، نەبىكام قاتارلىق توپچىلار ئىكىساق پۇتبولچىلىق تارىخىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ، پۇتبول ھەرىكىتى يېڭىلىق ـ تەرەققىياتنىڭ سىمۋول سۈپىتىدە ئىكىساقلىقلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس بىرلىشىپ كەتتى.

*　　　　*　　　　*

1927 ـ يىلنىڭ ئاپرېل ئايلىرى. قەدىمي شەھەر قەشقەرنىڭ نوبېشى دەرۋازىسىدىن ھېيتگاھقا قاراپ سوزۇلغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا ئەنگلىيەنىڭ كىچىك بايرىقى قادالغان تۆت چاقلىق ئىنگلىز پەيتۇنى ئىرغاڭلاپ تېز كېتىۋاتاتتى. ئانچە كەڭ بولمىغان بۇ كوچىدا ئات ـ ئۇلاغ ۋە يولۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، ئۆچقاندەك كېتىۋاتقان پەيتۇن ئالدىدىن پات ـ پاتلا دوڭغاقلاپ مېڭىپ كېتىۋاتقان ياشانغان بوۋايلار، ئىشتانسىز كىچىك بالىلار ياكى پەرەنجىلىك ئاياللار ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈشەتتى. كوچىدىكى ئادەملەر چاڭ توزۇتۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئالپتە پەيتۇنغا ھەيرانلىق، قىزىقسىنىش، ئەيمىنىش ۋە نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قارىشىپ قالاتتى.

تار كوچىدىن ئۆزۈن پەرەنجىگە يۆگەنگەن بويى زىلۋا بىر قىز يەرگە قارىغىنىچە ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەلدى. قارىغاندا ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك قىلاتتى. بولمىسا ئارقىسىدا كوچىنى بىر ئېلىپ تاراقلاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىق پەيتۇننى بايقىغان بولاتتى. ئەمما ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەيلا قالماستىن، پەرەنجىسىنىڭ گىرۋەكلىرىنى نازۇك بارماقلىرىغا يۆگەپ تۇتقىنىچە، يولنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. كىشلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا قىز ئارقىسىغا قاراپ ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يوغان ھارۋىنى، ئۆزىنىڭ يوغان قارا ئاتنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئاشۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئۇ كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك كەينىگە قارىدى. ئۇنىڭ تاتارغان، ئەمما تەڭداشسىز گۈزەل چىرايىنى، ئۈمىدسىزلىكتىن خىرەلەشكەن قارا كۆزلىرىنى كۆرگەنلەر «ۋاي ئىسىت» دەپ قېلىشتى.

دەل شۇ پەيتتە مۆجىزىدەك بىر ئىش يۈز بەردى. نەدىندۇر بۇركۈتتەك ئېتىلىپ كەلگەن بىر يىگىت قىزنى ئارقىسىدىن قۇچاقلىغىنىچە يولنىڭ چېتىگە قاراپ يۇمۇلدى. ئاتلار ئۈركۈپ، پەيتۇننى تاراقشىتىپ سۆرەپ كەتتى. ھەيران قالغان ھەم ھاياجانلانغان كىشلەر قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. بۇ كوچىدىكى كىشلەر قىزنىڭ چوڭ بىر باينىڭ يالغۇز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار يىگىتنى «سەن كىم؟ قەيەرلىك سەن؟» ، «سەن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغان بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلەمتىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارغا كۆمۈپلىۋەتتى.

— مەن بىر يولۇچى، — دېدى يىگىت ۋە كىشلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ سوئالىنى جاۋابسىز قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. قىز بولسا ئاللىقاچان بايا چىققان تار كوچىغا قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى.

پەيتۇندا ئولتۇرغان ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمىمۇ بۇ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشتىن ھاياجانلانغانىدى. بولۇپمۇ يىگىتنىڭ چەبدەسلىكى ئۇنىڭغا بەك ياراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوقتەك كېلىپ قىزنى قۇچاقلاپ يۇمۇلغان ھالىتى خانىمغا ئەنگلىيەدە پات ـ پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى، داڭلىق پۇتبولچىلارنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ توپنى ئېلىپ مېڭىشلىرىنى ئەسلەتتى. بۇ ئەنگلىيە ئەمەس، بۇ يەردە پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىر خەتەرلىك ھادىسە، بايىلا بۇ يەردە ياشلا بىر قىز ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. شۇنداق چىرايلىق بىر قىز…

گېللىئان خانىم خوزالىق[1] پەيتۇنكەشكە نارازىلىق ئارىلاشقان ئەندىشە ئىچىدە قاراپ قويىدى. قارا چاچ، تېرىسى سارغۇچ قارامتۇل كەلگەن، ياڭاق سۆڭەكلىرى بورتۇپ چىقىپ تۇرىدىغان 30 نەچچە ياشلاردىكى بۇ ئادەم تېپىك ئاسىيالىق ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئاسىيالىقلارنى، بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەرنى پەس كۆرەتتى. پەيتۇننى ئۇچقاندەك تېز ھەيدەپ، بۇ غەلىتە ھارۋىغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ قېلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئۇنتۇغان كىشىلەرنى، بولۇپمۇ سەھرالىقلارنى «چوچۇتۇپ» قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قورقۇنچتىن ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ يېنىدىن تېز سۈرئەتتە، سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ماھارىتىدىن سۆيۈنۈپ، نەچچە كۈنگىچە كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. ئەمما بۇ سىناق داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىۋەرمەيتتى. بىر قېتىم ئېشەكلىك بىر بوۋاي ئېشىكى بىلەن پەيتۇن تېگىدە قالدى. يەنە بىر قېتىم بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال يىقىلىپ، بالىسى نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشكەنىدى. ھەر قېتىم ھادىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى

[1] خونزا ـــ كەشمىردىكى كىچىك بىر خانلىق. 1891 ـ يىلى ئەنگلىيەگە مەجبۇرىي بويسۇنغان.

بۇ ئىشنى خۇدادىن كۆرۈپ، كىشنى ھەيران قالدۇرغىدەك سەۋر ـ تاقەتچانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ھەتتا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى ھال سوراش يۈزىسىدىن بەرگەن پۇللارنىڭمۇ قايسى بەگ، قايسى قازىنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەيتتى. گېللىئان خانىم قىزىل جىيەكلىك فورما كىيىپ، پەيتۇندا گىدىيىپ ئولتۇرىدىغان پەيتۇنكەشنىڭ مۇنداق ئىشلىرىدىن نارازى ئىدى. ئۇنىڭ پەيتۇننى پاكىز تۇتىدىغانلىقى، ئاتلارغا ياخشى قارايدىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە قىيىمىغانىدى. شۇڭا داۋاملىق ئۇنىڭغا پەيتۇننى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەشنى جېكىلەپ تۇراتتى:

— بۇلارمۇ ئادەمغۇ. تۇرمۇشنىڭ قىيىنلىقى، تىرىكچىلىك شارائىتىنىڭ ناچارلىقى بۇ ئادەملەرنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولسىڭىز، بۇلاردا بىر خىل ئېسىل سۈپەتلىك بار. ئاۋۇ ئاپپاق ساقاللىق بوۋاينىڭ سالاپىتىگە قاراڭ، ئۇنىڭ پېشانىسى خۇددى سوقراتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن ... ئاۋۇ ئىشىكتە تۇرغان ئايالنى كۆردىڭىزمۇ، لوندوندا بولىدىغان بولسا، چوقۇم داڭلىق گۈزەللەردىن ھېسابلانغان بولاتتى. باللىرىنى دېمەمسىز، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، نېمىدېگەن چېچەن ـ ھە. مەن ئۇيغۇر باللىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن...

خانىم ئەنە شۇنداق سۆزلەپ كېتەتتى. ئوچۇق، زەڭگەر كۆزلىرىنى سىرتقا تىكىپ، «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئاجايىپ يۇرت ۋە ئۇنىڭدا ياشايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا تىنىماي مۇلاھىزە قىلاتتى.

پەيتۇن قەشقەرنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل كوچىلىرىدا بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئەنجان رەستىسى تەرەپتىكى بۇرجىكىگە كېلىپ توختىدى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدان ھەر قاچانقىدەك يېمەك ـ ئىچمەك،

www.uyghurkitap.com

يەل - يېمىش، كىيىم - كېچەك ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر، خېرىدارلار، ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقان ھامماللار - مەدىكارلار، چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ جىمى جاھاننىڭ پارىڭىنى سوقىدىغان بىكارچىلار، ساپايى چېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەر بىلەن تولغانىدى. جامەنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تېرەكلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان سۇپىلاردا يوغان سەللىلىك، ئاپپاق ساقاللىق موللىلار قاتار ئولتۇرۇشۇپ، قىزىق سۆھبەتكە چۈشكەنىدى. دوپپىلىق، تۇماقلىق، بەقەسەم ياكى چەكمەن تون كىيىپ، بەللىرىنى بەلباغ بىلەن باغلىغان ئەركىشلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ، ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ، يۈزىنى ياپقان، باللىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئاياللار ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى. لىق گىردە تولدۇرۇلغان يۇملاق، يوغان تەۋەڭنى بېشىغا ئېلىپ، ئۇستا سېرىكچىدەك مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىدا خىرامان ئايلىنىپ يۈرگەن شاگىرت بالا، ھېلىلا بازاردىن سېتىۋالغان قىزىل خورىزىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان تاغلىق دېھقان ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. قاما تۇماق، تاۋار تون كىيگەن، چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان، كەينىدە چاپارمەنلىرى ئەگىشىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەر ئالامان ئىچىدە سوقۇشقاق خورازلاردەك گىدىيىشىپ يۈرۈشەتتى. ھېيتگاھنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭ يولدىن ئېسىل ئاتلار قوشۇلغان ياسىداق مەپىلەر قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. كاتتىراق بىرەر مەپە ئۆتكەن چاغدا، بىكارچىلاردىن بىرەرسى: كۆردۈڭلارمۇ، پالانى ھاجىمنىڭ ياكى پالانچى بەگنىڭ مەپىسى، دەيتتى. قالغانلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ تاكى مەپىنىڭ قارىسى يىتكىچە قارىشاتتى، ئارقىدىن تىلىنى چاكىلدىتىپ ئاتنى ياكى مەپىنىڭ بېزەكلىرىنى بىر ھازا ماختىشاتتى، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مەپە ئىگىسىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلىشىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىشاتتى. ئەجنەبىيچە پەيتۇن

ئەلۋەتتە بۇ يەردە ھەممىدىن زور قىزىقىش قوزغىدى. بىردەمدە پەيتۇن ئەتراپىدا بىر مۇنچە بىكار تەلەپ بىلەن تىلەمچى پەيدا بولدى. پاكار، دوغىلاق، قىزىل يۇزلۇك قاسساپ ئۆزىدىن داۋاملىق گۆش ئالىدىغان پەيتۇنكەشنى كۆرۈپ يۇگۇرۇپ يېتىپ كەلدى ۋە تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭغا شەرەت ئارىلاش بىر نەرسىلەرنى دېگىلى تۇردى. چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئەر كىشىلەر باشلىرىنى ئېگىپ، پەيتۇن ئىچىدە ئولتۇرغان ياش خانىمغا قىزىقىپ قارىشاتتى ۋە كۇلۇشۇپ بىر - بىرىگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى. بەزىلىرى پەيتۇننىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى تۇتۇپ سىلاپ بېقىشاتتى. خانىم ئەنگلىيەدىن يېڭى كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۇلۇشكىنىنى كۆرۈپ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى بىلىدىغان كاتىپتىن: «ئۇلار نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، كاتىپ ئۇنىڭغا: «كەچۇرسىز خانىم، ئۇلار سىزنى مايمۇنغا ئوخشايدىكەن دەۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

پەيتۇنكەش قاپىقىنى تۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى قوغلاشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ چېۋەر ئوغرىلار بار ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا، پەيتۇندىن قولىغا چىققان نەرسىنى ئوغرىلاپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئادەمنى قارىتىپ تۇرۇپ ئاشۇ نەرسىلەرنى قانداقلارچە شۇنچە تېز ئوغرىلاپ كەتكىنىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

كوچا ئاغزىدىن تىقىلىشىپ تۇرغان بىر نەچچە مەپە جايىدىن قوزغىلىپ ئەنجان رەستىسىگە ئۆتىدىغان يول ئېچىلدى. پەيتۇنكەش ئەتراپتىكىلەرنى «ھارامتاماق ئوغرىلار، يالقاۋلار» دەپ تىللاپ، پەيتۇننى ئەنجان رەستىسىگە قاراپ ھەيدىدى. ئەنجان رەستىسى قەشقەردىكى كەڭرەك، رەتلىكرەك كوچىلارنىڭ بىرى ئىدى. كوچا ئۇستى ياغاچ، بورىلار ياكى ئىككى ياقتىكى ئۆيلەرگە ئارتىلدۇرۇپ سېلىنغان بالىخانا ئۆيلەر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۇيەر - بۇ يەردىن چۇشۇپ تۇرغان كۇن نۇرى كوچىنى

www.uyghurkitap.com

خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا ئۆزبېك، ھىندى ۋە يەرلىك باي سودىگەرلەر، جازانىخورلارنىڭ ئىككى قەۋەتلىك خىش ئۆي ۋە دۇكانلىرى، بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن زەگەر بازىرى بار ئىدى. بۇ دۇكانلاردا چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل رەخت، موينا، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن تارتىپ ئىران گىلەملىرى، خاڭجۇ ۋە خوتەننىڭ يىپەك رەخت، ئەتلەسلىرى سېتىلاتتى. يەرلىك زەرگەرلەر ياسىغان ئالتۇن ـ كۇمۇش، زىبۇ ـ زىننەتلەرمۇ خېلى سېپتا ئىدى. گېلىلئان خانىم پەيتۇننى بازارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر تار كوچىنىڭ ئاغزىغا توختاتتى. ئاشۇ تار كوچىدا خېلى چوڭ بىر يىپەك مال دۇكىنى بار ئىدى. دۇكان خوجايىنى ئەزەلدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن سودا قىلىپ كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق يەرلىك سودىگەر ئىدى. دوقمۇشتا قىزىل سىرلانغان ئېگىز چاقلىق، ئىشىكىگە چىلتەكلىك تاۋار پەردە تۇتۇلغان مەپە توختىتىلغانىدى.

مەپە ئالدىدا قورالىق ئىككى ئەسكەر تۇراتتى. سەل نېرىدا يەرلىك كىشىلەردىن بىر توپ ياش ئەر بىلەن ئۇششاق باللار تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى. تار كوچىغا پىيادە كىرمەكچى بولۇپ تۇرغان خانىم ئەسكەرلەرنىڭ رەتلىك قەدەم تىۋىشى، ئوفىتسېرنىڭ بۇيرۇق ئاۋازى، مىلتىقنىڭ شاراق ـ شۇرۇق قىلغىنىنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. تار كوچىدىن يەتتە ـ سەككىز ئەسكەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، مەپىنىڭ ئەتراپىدا ئىككى قاتار بولۇپ ھۆرمەتتە تۇردى. ئارقىدىنلا بىر نەچچە ياش ئوفىتسېرنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزىل، ھاۋارەڭ تاۋار كۆڭلەك، زەرلىك تاۋار كەمزۇل، كىچىك پۇتلىرىغا گۇل بېسىلغان خەي كىيگەن، ئالتۇن ـــ كۇمۇش، قاشتېشى زىبۇ ـ زىننەتلەرنى بولۇشىغا تاقاپ، قېنىق گىرىم قىلغان ئىككى ياش خېنىم ئەركىلەپ، تولغانغىنىچە چىقىپ كەلدى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ياش ئەرلەر بىلەن ئۇششاق باللار ئۇلارنى كۆرۈپلا يوپۇرۇلۇپ

كەلدى. ئەرلەرنىڭ چىرايىدا ئاشكارا بىر ھەۋەس، ئىچىرقاش ئىپادىلىنەتتى. بولۇپمۇ توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈز - كۆزىنى قاسماق باسقان، گومۇش چىراي بىر ئەر ياش خېنىملارغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھىڭگىيىپ كۈلۈۋىدى، قېلىن لەۋلىرىنىڭ بۇرجەكدىن سىرغىغان شۆلگىيى يىپتەك ئۇزۇن سوزۇلۇپ، كىردىن پارقىراق كەتكەن تونىنىڭ ياقىسىغا ئېقىشقا باشلىدى. ئەركە - نايناق خېنىملاردىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەيىۇ، جېگې سىڭكۇ چى سالې، — دېيىشىگە، ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ھېلىقى گومۇشنى يەرگە يىقىتىپ مۇشتلاپ، دەسسەپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن پۇخادىن چىقماي ئەتراپتا تۇرغانلاردىن ئۈچ - تۆتىنى تارتىپ ئېلىپ كېلىپ، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى قانغا بويىدى...

بۇ ۋەقە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەردى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئىككى خېنىمنى يۆلەپ مەپىگە چىقىرىپ، مەپىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ھېلىقى گومۇش تېخىچە يەردە ئىڭراپ ياتاتتى. تاياق يېگەن بىرنەچچىسى دەلدەڭشىگىنىچە «ۋايجان - ۋايىيەي» دەپ نالە قىلىشاتتى. دۇكان خوجايىنلىرى، خېرىدارلار، بايىقى بىر توپ تاماشا كۆرگۈچى بۇ يەردە ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ھېچقانداق ئىشنى كۆرمىگەندەك بىر خىل سوغۇق ئىپادىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ سوغۇقلۇق نىمىشقىدۇر ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى...

گېلىلىئان خانىم بىردىنلا كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن مال سېتىۋالغۇسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلمىدى، بۇ كوچىدىن، بۇ كوچىدىكى، بۇ شەھەردىكى ئادەملەردىن رايى يانغانىدى.

* * *

چىنباغ ـــ ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى جايلاشقان باغلىق قورۇنىڭ نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىسىم قويۇشقا ماھىر قەشقەرلىكلەر بۇ باغنىڭ پەلەمپەيسىمان يەر شەكلىنى ۋە جانان چىنىدەك چىرايلىق، كۆركەملىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن چىنباغ دەپ ئاتىغانىكەن. چىنباغ ھەقىقەتەن گۈزەل بىر باغ. بۈككىدە دەل ـ دەرەخلىك ئارىسىغا جايلاشقان ئىنگلىز پوسۇنىدىكى ئىمارەتلەر ۋە راۋاق شەھەر سېپىلىغا ياندىشىپ، پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى چەكسىز ئېتىز ـ باغلارغا، ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن دەريا ـ ئېقىنلارغا، يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پامىر تاغلىرىغا نەزەردىن قەشقەرگە كەلگۈچىلەر ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سۈت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ قەدىمىي شەھەردىكى زامانىۋى مەدەنىيەتكە، بۇ شەھەرنى يىراقتا تاشلاپ كېتىۋاتقان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك كەڭ دۇنياغا ۋە تەرەققىياتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىچىككىنە ئارال، چۆل ـ جەزىرىدىكى خىيالىي جەننەت ھېسابلىنىدۇ.

پەيتۇن ئەنگلىيەنىڭ قالقان شەكىللىك دۆلەت گېربى قادالغان كونسۇلخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە سوكۇنودىن فورما كىيگەن، قىزىل سەللىلىك، بومبۇر ساقال ئىككى ھىندى ئەسكەر تىك تۇرۇپ كونسۇل خانىمغا سالام بەردى.

دەرۋازا ئىچىدىكى توپ مەيداندا ياللانما خادىملار بىلەن پۇتبول ئويناۋاتقان ياش ياردەمچى كونسۇل جورج. شىرىف ئەپەندى خانىمغا يىراقتىن ئېھترام بىلدۈردى. پەيتۇن يولنىڭ

ئىككى يېقىدىكى رەتلىك سېلىنغان يالالنما خىزمەتچىلەر ئۆيى، ھىندىستان ئەمەلدارىنىڭ، كونسۇلخانا دوختۇرىنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ، دۆڭدىكى قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. پەيتۇنكەش ئاۋۋال سەكرەپ چۈشۈپ، پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، خانىمنىڭ پەيتۇندىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى.

گېللىئان خانىم دەرەخلەر ئارىسىدىكى بالكونلۇق، يوغان دېرىزىلىرى كۆن نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرغان كونسۇلخانا بىناسىغا نەزەر سالغىنىدا ھەر قاچانقىدەك كۆڭلىدە مەمنۇنلۇق ۋە قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ، پەي قىستۇرۇلغان شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئاق تور پەلىيىنى يەشكەچ، كەڭ پەلەمپەيگە چىقتى. قولىدىكى نەرسىلەرنى ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن ھىندىستانلىق خىزمەتكارغا بېرىپ:

ــ ئەپەندىم ئۆيدە بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەپەندىم ھازىرلا ئاتلىق چىقىپ كەتكەنىدى، ــ دېدى خىزمەتكار ھۆرمەت بىلەن. ئۇ خىزمەتكارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك، تاملىرىغا ھايۋان مۈڭگۈزلىرى ۋە باش سۆڭەكلىرى، چوڭايتىلغان سۈرەتلەر ئېسىلغان قوبۇلخانىنى، تورۇسى ئېگىز، تىپتىنچ، سۇرلۇك ئىشخانىلارنى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى چىرايلىق بېزەلگەن، ئوتتۇرىسىغا بىليارد شىرەسى، پاتېفون، تام بويلاپ ئېگىز ئەينەكلىك كىتاب ئىشكاپلىرى قويۇلغان چوڭ ئۆينى ئارىلىدى. ئۇ شۇ تاپتا گېللىئان ئەپەندىنى بۇ يەردە كۆرۈشنى، بۇگۈن بازاردا كۆرگەنلىرىنى، كالىلىسىدىكى خىلمۇ خىل ئوي ـ پىكرىنى ئېيتىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ تەسەللى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدىكى غەشلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشنى شۇ قەدەر خالايتتى. ھەر قاچان، ھەر قانداق ئىشتا بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن پىكىر يۈرگۈزىدىغان گېللىئان ئەپەندى ھەددىدىن ئارتۇق ھېسسىياتچان خانىمنى بىر نەچچە ئېغىز ماختاپ ئۇچۇرۇش ۋە يېنىككىنە

www.uyghurkitap.com

تەنبىھ بىلەنلا پەسكويغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. خانىممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولاتتى ۋە ئۇنىڭدىن تەسەللى تاپاتتى.

ئۇ كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كىتابلارنىڭ يۇقىرىسىغا چاپلانغان «ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت قىممەتلىك ھۆججەتلەر ۋە ئەسەرلەر»، «ئوۋچىلىق قامۇسى»، «رازۋېدكا رومانلىرى» دەپ يېزىلغان كىچىك باغاقچىلارغا بىر دەم قاراپ تۇردى. ئارقىدىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، كىچىك شىرەدىكى پاتېفون پىلاستىنكىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. نېمىدېگەن قىزىق – ھە! قەشقەرلىكلەر پاتېفوننى «شەيتان نەغمىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۇ پاتېفوننى ئېچىپ كونا بىر پىلاستىنكىنى قويدى، ئۇ، موزارتنىڭ مۇزىكىسى ئىدى. بۇ يەردە — قەشقەردە موزارتنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاش تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى.

ئۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا مۇھەببەت كۈيلەنگەن يېقىملىق مۇزىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ نېمىشقىدۇر نوبېشى كوچىسىدىكى ھېلىقى كىچىككىنە قىستۇرمىنى — نازۇك، لاتاپەتلىك، گۈزەل قىز بىلەن ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان بۈركۈتتەك چەبدەس يىگىتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

* * *

ئۇ يىگىت شۇ تاپتا قەشقەردىن ئاتۇشقا قاراپ سوزۇلغان يولدا چاپىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ تېز قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، يۇمىلاقراق كەلگەن يۈزىگە يارىشىپ، ئەقىل ۋە ھېسسىياتقا بايلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان قارا كۆزلىرىگە چوڭقۇر خىيال ۋە مۇڭ چۆككەن، يۈرىكى ھاياجانغا تولغانىدى. سېھىرلەنگەندەك ئالدىدىكى نامەلۇم بوشلۇققا تىكىلگەن كۆزلىرى گويا قانداقتۇر

خىيالىي بىر ئىشنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ياكى كىم بىلەندۇر سۆزلىشىۋاتقاندەك گاھ غەزەپتىن ئوتتەك چاقناپ كەتسە، گاھ مۇھەببەتتىن مۇلايىم، خۇمارلىق جىلۋىلىنەتتى، لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقاندەك بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى

... ئەجەب بىر ئىش بولدى - ھە. خۇددى بىرسى ئىتتىك بول، دېگەندەك، پېشىمدىن تارتقاندەك يۈگۈرۈپ كەلگەنىدىم. بىر قەدەم كېچىككەن بولسامزە ... كارامەتلىك خۇدا، ئىككىمىزنىڭ دىلىغا بۇ ئوتنى باشتا ئۆزۈڭ سالغان، بۈگۈن بۇ يەردە مېنى بىر سىنىماقچى بولغانمىدىڭ؟ سىنىقىڭدىن ئۆتكەن بولسام، ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، يېتىم بەندەڭنى مۇرادىغا يەتكۈزگەيسەن، ئاھ، خۇدا!

ئۇ بۈگۈن قەشقەرگە ئاشۇ قىزنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كەلمىگەنمىدى، ئۇنىڭ كوچىسىنى، ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى نەچچە ئايلانمىغانمىدى؟ ئاخىر قىزنى كۆرۈش ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھېيتگاھنى بىر پەس ئايلىنىپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئاشۇ چاغدا كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، بىر نەرسە ئۇنى ئاشۇ مەھەللە تەرەپكە تارتقاندەك بولدى. ئۇ ئاشۇ يۈگۈرۈك پۇتلىرىغا تايىنىپ قىزنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالدى. ئۇ قىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى.

ئۇ قىزنىڭ يۇمران تېنىنىڭ ھارارىتىنى، قاتتىق ھاسىراپ، ئوق تەگكەن كېيىكتەك تېپىرلاشلىرىنى سەزگىنىدە، بىردىنلا قاتتىق ھودۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. قىز ئۇنىڭ قولىدىكى ئاجراپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى - دە، تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۆيى بار تار كوچىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى.

ئۇ قىزنىڭ قىزارغان يۈزىنى، ھاسىراشتىن نازۇك گەۋدىسىنىڭ تىترەشلىرىنى، كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە ۋە ھاياجاننى، ئۇياتچانلىقنى شۇنچە يېقىندىن كۆردى. ئۇنىڭ ئاشۇ

لەپپىدە بىر قاراپ قويۇشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى. ئۇ ھېسابسىز مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراش ئىدى، ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاشىق يۈرىكى ئارقىلىق سېزىۋالالايتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى بىخىل پۇل پارچىلىغاندەك قىزنىڭ ئاشۇ قارىشىنى ئۆز خىيالىدا پارچىلاپ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىن ئۆزگىچە زوق ـ لەززەت ئالاتتى. بۇ زوق ۋە لەززەت تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ، ئۇنى قاناتلاندۇراتتى. ئۇنىڭ خۇشلۇقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي، كۆز ئالدىدىكى يېشىل دالىنى، يەر ۋە ئاسماننى قۇچاقلىماقچىدەك قوللىرىنى كېرىپ شامالغا قارشى يۈگۈرۈپ كېتەتتى. ئەگرى ـ توقاي يوللار، ئېگىز ـ پەس سارغۇچ دۆڭلەر، كۆكىرىشكە باشلىغان ئوت ـ چۆپ، چاتقاللار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇرەتتەك رەڭدار تاغلار، ھەزرەت، ئاۋات، بەشكېرەمنىڭ باغلىرى ئۇنىڭ ئۇچقۇر تاپانلىرى ئاستىدىن ئۆتۈپ يىراقلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ تاغ باغرىنى بويلاپ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يۇرت ـ مەھەللىلىرى ئىچىدە كېتىۋاتاتتى… ئەنە، ھەمرابايىنىڭ خۇۋەينى ئۆرۈكلۈك بىغىمۇ كۆرۈندى. بىر چاغلاردا بۇ باغنىڭ ئېگىز ئەنجان تاملىرى ئۈستىدىن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى. قىز قەشقەرگە كەتكەندىن تارتىپ بۇ چوڭ باغ ئۇنىڭ كۆزىگە چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولدى.

يىراقتىن ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرىنىڭ ئېگىز مۇنارىسى كۆرۈنگەندە، ئۇ قەدىمىنى تېزلەتتى. ھەبىب ئەجەم مازىرى يېنىدىكى ئاددىي قەبرىدە ئاجايىپ بىر ئادەم مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ياق، ئۇنىڭ جىسمى ئۆلگەن بىلەن روھى ھاياتتۇر، ئوغۇللىرى قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشلارنى ئاشۇ روھ ئۇلارنىڭ دىلىغا سىڭىپ تۇرىدىغاندۇ…

مازارغا يانداپ سېلىنغان بىر كورپۇس ئاپپاق بىنا،

قاپقاقلىرى هاۋارەڭ سىرلانغان چوڭ دېرىزىلىك سىنىپلار، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، يېڭىدىن سېلىنغان ئوقۇتقۇچىلار ياتاقلىرى، تاش مۇنچا، تىياتىرخانا، كەڭ كەتكەن توپ مەيدانى ... مانا بۇ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى زارلار بىلەن تولغان بىر سەھرادا يۈز بەرگەن مۆجىزە — «هۆسەينىيە» مەكتىپى ئىدى. ئىللىق چىرايىدىن سەبىيلىك، ئاق نىيەت پارلاپ تۇرغان بۇ يىگىت بولسا، مۇشۇ مەكتەپنىڭ بالا ئەپەندىسى ئىدى.

* * *

قىز بىلەن يىگىت ئەسلىدە بىر مەھەللىدە — ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بالىلار ئىدى. ئوغۇلنىڭ ئىسمى كېرەم بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى دادىسى كىچىكئاخۇننىڭ ئىسمىنى قوشۇپ كېرەك كىچىك دەپ چاقىرىشاتتى. قىزنىڭ ئىسمى مەرىگۈل ئىدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەھەللىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلىرىدە سۇغا چۆمۈلۈپ، لاي ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇلار باراۋەر ئىدى. كېرەم مەرىگۈللەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئوينىغىلى چاقىرىپ چىقاتتى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جەننەتتەك باغ ئىچىدەئەتىدىن - كەچكىچە بىللە ئويناپتتى. ئۇلار ئاستا - ئاستا چوڭ بولدى. مەرىگۈلمۇ باشقا قىز بالىلاردەك ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، ئۇلار كۆرۈشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەرىگۈلنىڭ دادىسى پات - پات تاغ ئارقىسىغا سودا قىلغىلى بېرىپ تۇرىدىغان چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەردىمۇ كاتتا دۇكانلىرى، ئۆيلىرى بار ئىدى.

كېرەمنىڭ دادىسى كىچىكئاخۇن بولسا كېرەم قورساقتا چاغدا كارۋانلارغا ئەگىشىپ ئەنجان تەرەپلەرگە چىقىپ كەتكەنچە خەت - خەۋىرى بولمىغانىدى. ئانا - بالا ئىككىسى مەھەللىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئايىغىدىكى كىچىك بىر ھويلىدا يالغۇز ياشايتتى. كېرەم ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا، ئانىسىغا ياردەملىشىشكە باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بىر ـ ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاڭگالدا كېرەمنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئانىسى ھەر كۈنى ئاشنى تاۋاققا ئۇسۇپ، داستىخانغا چىڭ چىگىپ: «ئوبدان بالام، يۈگۈر، ماۋۇ ئاشنى چوڭ ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر. ئاش سوۋۇپ كەتسە، چوڭ ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالالماي قالىسەن، يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كەل!» دەيتتى. قولىقى يۇمشاق كېرەم ئاشنى ئىسسىق پېتى ئېلىپ بارىمەن دەپ پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ ماڭاتتى. چوڭ ئانىسى ئىسسىق ئاشنى ئىچىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ بولۇپ «تاتلىق نەۋرەم، قارا كۆز نەۋرەم» دەپ ئەركىلىتەتتى. قولىغا قۇيماقتەك ساپسېرىق، شېرىن قاقلارنى تۇتقۇزۇپ: «بىچارە ئاناڭ ئەنسىرەپ قالمىسۇن، يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ ئۆيۈڭگە كەتكىن، بىر كىملەر ئېتىڭنى چاقىرسا، ئالدى ـ كەينىڭگە قارىمىغىن» دەپ تاپىلايتتى. كېرەم ئانىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى دەرەخ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان، مەھەللىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئېتىنى بىلىدىغان جىنلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۇدۇل ئۆيى تەرەپكە چاپاتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى مۇسا ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ئاچقان «ھۇسەينىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۇنى يېتىلەپ ئىسسىق مۇنچىغا ئېلىپ كىرىپ يۇيۇندۇرغىنى، سارغۇچ ماتادا تىكىلگەن مەكتەپ فورمىسىنى كىيدۈرۈپ قويغىنى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. ئۇ مەكتەپ ھاياتىغا تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يۈگۈرۈك، چەبدەسلىكى بىلەن تۇرلۇك تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى. مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىيەنىڭ داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئون يىللاپ ئوقۇپ

كەلگەن ئالىي مەلۇماتلىق، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى ئىدى. ئۇ يەنە چىنىققان تەنتەربىيەچى، ئۇستا توپچى ئىدى. بىر قېتىم كېرەم كىچىك 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە بىرىنچىلىكنى ئالغاندا شۇ ئەپەندىم ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ: «بارىكاللا ئوغلۇم، ئاتاڭغا رەھمەت، خۇدا خالىسا مۇشۇ يۈگۈرۈك پۇتلىرىڭ بىلەن ھەممە مۇراد - مەقسىتىڭگە يېتىسەن» دەپ پېشانىسىدىن سۆيگەنىدى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ، مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىدىكىلەرگە: «مانا بۇ يىگىت ئۇزاققا بارمايلا ناھايىتى ياخشى ھۇجۇمچى بولۇپ قالىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەس - يادى پۇتبولغا باغلاندى. ئۇ، «كېرەم توپچى» دېگەن نامغا ئاشۇ مۇشتەك ۋاقىتلىرىدىلا ئېرىشتى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى مېھرىبان، ئەڭ قەدىرلىك، شۇنداقلا ھەيۋەت ئۇلۇغ ئادەم ئىدى.

ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئانىسى نامازغا قوپقاندا، كېرەم كىچىكمۇ تەڭلا ئورنىدىن تۇراتتى. ئالدىراپ ناشتا قىلىشىپلا مەكتەپكە يۈگۈرەيتتى. ئۇ ئەمدى جىنىدىن قورقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەكتەپكە بالدۇرراق بېرىش ئۈچۈن باغلارنىڭ شورىلىرىدىن ئۆمىلەپ كىرەتتى. قاشالاردىن ئاتلاپ، ئۆستەڭلەرنى كېچەتتى. بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن يوغان بۆرە ئىتلار چىقىپ، ئۇنى قوغلاپ كېتەتتى. ئىتلار تاپانلىرى يەرگە تېگەر - تەگمەي دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كېرەمنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قوغلاپ بېقىپ، ئۈمىدسىزلەنگەندەك توختاپ قېلىشاتتى. تاڭ نۇرى ھەزرىتى ھەيبەت ئەجەم مازىرىنىڭ ئاسمان - پەلەك پەشتىقىنى، پەشتاق يېنىدىكى ئاپپاق ئاقارتىلغان سىنىپلارنى، توپ مەيدانىنى، مەكتەپ ۋە مەيدان ئەتراپىدىكى قويۇق تېرەكلەرنى غۇۋا يورۇتۇشقا باشلىغاندا، ئۇ مەكتەپكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېتىپ كېلەتتى. ئۇ ھەرقانچە بالدۇر كەلسىمۇ، مەيداندا ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندىنى كۆرەتتى. ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، خۇش پىچىم كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ:

— تىنچ قوپۇپسەنمۇ ئوغلۇم؟ — دەپ سورايتتى.

— تىنچ قوپتۇم، ئەپەندىم، سىزمۇ تىنچ قوپۇپسىزمۇ؟ — دەپ سورايتتى كېرەم كىچىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ كېتەتتى. كېرەم يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغان توپ خالتىسىدىن توپنى ئېلىپ كېلەتتى. بۇ، تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزى قەشقەردىكى موزدۇزلارغا بۇيرۇتۇپ تىككۈزگەن سارغۇچ تېرە توپ ئىدى. خالتىدا يەنە توپچى بالىلارنىڭ ئانىلىرى كونا تۇماق، بۆكلەرنىڭ ئىچىگە سامان، زىغىر پاخلى سېلىپ تىكىپ بەرگەن توپلارمۇ بار ئىدى. ئادەتتە توپ ئوينايدىغان ھەرقانداق بالىنىڭ چەكمەن چاپان تىكىدىغان قىل رەختتە ياكى قېلىن ماتادا تىكىلگەن توپى بولاتتى. ئۇلار ئۇنى ھويلىدا، يوللاردا، خاماندا تېپىپ ئوينايتتى. مەھەللىدىكى ئۆششاق بالىلارمۇ ئۇلارنى دوراپ ئانىلىرىغا ھەر خىل پۇرۇچ رەختتىن گۈل تەپچىلىگەن توپلارنى تىكتۈرۈپ، ئويناپ يۈرۈشەتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن كېرەم كىچىك بىر - بىرىگە پاس بېرىپ، توپنى پۇت، مەيدە، مۈرە، باش بىلەن توختىتىشنى مەشىق قىلاتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى توپنى پىرقىرىتىپ پۇتىنىڭ ئۇچى، دۈمبىسى، تىزى، تاپىنى بىلەن تەپكۈچ تەپكەندەك تېپىپ، گاھ تىزىنىڭ ئارىسىدىن، گاھ مۈرە، قولتۇقىدىن چىقىرىپ ھۈنەر كۆرسىتەتتى. توپ خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىسىز ئىتائەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەيداننىڭ ئىككى

بېشىدا كېسەك بىلەن ياسالغان ۋاراتا بار ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى توپ تەپسە، كېرەم ۋاراتار بولاتتى. كىچىككىلىكىگە، بويىنىڭ پاكارلىقىغا باقماي، يىقىلىپ - قوپۇپ، دومىلاپ يۈرۈپ توپنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ توپ تەپكەندە تۇرسۇن ئەپەندى ۋاراتار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر توپ، ھەربىر ھەرىكىتىنى ماختاپ ياكى تۈزىتىپ تۇراتتى. بارا - بارا مەيدانغا ئابدۇرەھمان ئەپەندى، ئابلىز ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندىلەر، پۇتبول كوماندىسىدىكى ئەنۋەر، ئىبراھىم، غوپۇر، پەخرىدىن، تۇرسۇن قارىي، بېشىراخۇنلار يىغىلاتتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى بىلەن ئەنۋەرمۇ قالتىس توپچىلاردىن ئىدى. بولۇپمۇ قاش - كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مەڭزى قىزىل كەلگەن ئەنۋەرنىڭ تەپكەن توپى زايا بولمايتتى. شۇڭا ھېچقانداق مۇسابىقە ئەنۋەرسىز قىزىمايتتى.

يىغىلغانلار ئادەم سانىغا قاراپ بەش - ئالتىدىن ياكى سەككىزدىن بىر كوماندا بولۇپ مۇسابىقىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بەزىدە مۇسابىقىنى كۆرگىلى كەلگەن دېھقان ياشلارمۇ مەيدانغا چۈشەتتى. ئادەم بارغانچە كۆپىيىپ، مەيدان قىيقاس - چۇقان، بارىكاللا سادالىرى بىلەن قايناپ - تاشقىنلىققا چۆمۈلەتتى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە مەكتەپنىڭ بىر كۈنلۈك مەشغۇلاتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان گىمناستىكا باشلىناتتى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى مەيداندىكى مۇقىم ئورنىنى تېپىپ رەتلىك تىزىلاتتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى دۇخوۋۇي مۇزىكا ئەترىتى ناغرا - سۇناي، نەي چېلىپ مەيدانغا كىرەتتى. ئوقۇغۇچىلار مۇزىكا سىداسىغا تەڭكەش قىلىپ گىمناستىكا ئويناتتى. گىمناستىكىدىن كېيىن نۆۋەتچى ئەپەندىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالدىنقى كۈندىكى ئوقۇتۇش، تەرتىپ - ئىنتىزام، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن خۇلاسە چىقىراتتى، ئەلاچى - ئىلغار ئوقۇغۇچىلار تەقدىرلىنەتتى، سەۋەنلىكلەر

تەنقىد قىلىناتتى. خۇلاسە ئاياغلىشىشى بىلەن يەنە مۇزىكا ياڭراپ ئوقۇغۇچىلار:

*قوپ ئى ئاداش، تۇر،*
*ئەتراپىڭغا باق.*
*باق نە كۆرەرسەن،*
*ئويلىغىن ئۇزاق!*
*...*

دېگەن مارش ساداسى ئىچىدە سىنىپلارغا قاراپ ماڭاتتى. «ھۆسەينىيە» نىڭ يېڭى بىر كۈنى ئەنە شۇنداق باشلىناتتى.

«ھۆسەينىيە» دە شۇ ۋاقىتنىڭ ئادىتى بويىچە شەنبە ھەپتە بېشى ھېسابلىنىپ، جۈمە كۈنى ئارام ئېلىناتتى. چارشەنبە ئەتىگەندە قۇرئان تەجۋىد ئۆتۈلۈپ، پەيشەنبە پۈتۈن كۈن «قۇرئان» ئوقۇلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، شىپاھىيە (گىراماتىكا)، ياد ئىملا، ھېساب، يۇرت تەھسىلى (تارىخى)، تەبىئەت، رۇس تىلى، ئەرەب تىلى، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى شىپاھىيە، ياد ئىملا ۋە تارىخ ئۆتەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئاڭلايتتى، قاچان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دەرسى كېلەركىن، دەپ تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى «ئانا تىلنى تولۇق بىلىش، توغرا قوللىنىش ھەر بىر ئىنسان پەرزەنتى ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر. بىزنىڭ چىرايلىق، يېقىملىق ئانا تىلىمىز بولغاچقا، بىز ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا ئانا، دادا دەپ چاقىرىشنى، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى، جاھاندارچىلىق قىلىشنى ئۆگەندۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن خۇدانى، دۇنيانى بىلدۇق. دۇنيادىكى، ئىنسانچىلىقتىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشنى چۈشەندۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن شۇنداق چىرايلىق ناخشىلارنى ئاڭلىدۇق ھەم ئېيتتۇق. ئانا تىلىمىز بىلەن بوۋاقلارنى

ئېغىزلاندۇرۇپ، ئۆلگەنلەرنى ئۇزاتتۇق. ئانا تىلىمىز بولمىغان بولسا، بىز بىر بىچارە خەلق بولۇپ قالغان بولاتتۇق. شۇڭا ئانا تىلنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنى بېشىمىزغا ئېلىپ، ئەتىۋارلىشىمىز كېرەك» دەيتتى. دەرسنى بەك ئەستايىدىل ئۆتۈپلا قالماي، ئىملا ۋە تىل قائىدىسى جەھەتتە تەلەپنى قاتتىق قوياتتى. ئۆزى خەتنى چىرايلىق، ئۆلچەملىك يازاتتى. ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ شۇنداق يېزىشنى تەلەپ قىلاتتى. تارىخ ئۆتكەندە، دۇنيادىكى، يىراق ئەللەردىكى زور ئىشلارنى خۇددى مۇشۇ يۇرتتا بولغان ئىشلاردەك قىزىقارلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. دۇنيانى سۆزلەپ بولۇپ شىنجاڭنى، قەشقەرنى، ئاتۇشنى، سەلتەنەتلىك، ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق تارىخنى، ئەركىنلىك، ئازادلىق يولىدا كۈرەشكەن، قان تۆككەن باتۇر - ئەزىمەتلەرنى، داڭدار بىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرىنى سۆزلەپ، ئۆز نۆۋىتىدە مۇشۇ يۇرتتىن چىقىپ جاھان كېزىپ، كۆزى ئېچىلىپ پۇل ۋە يۈز تېپىپ، زور ئىشلارنى قىلغان كاتتا بايلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ، «ئاشۇلار بىزنىڭ يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك قان - قېرىنداشلىرىمىز ئىدى، ئۇلار قىلغاننى بىز قىلالامدۇق؟» دەپ بالىلارنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوتنى سېلىپ قوياتتى. يۇرتنى، ۋەتەننى، ئۇنىڭ تارىخىنىلا ئەمەس، تاغ - دەريالىرىنى چۈشىنىشنى، بىلىشنى، يۇرت كۆرۈپ، شەھەر، دۆلەت ئاتلاپ دۇنيانى چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ قەشقەر توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن:

— ئاراڭلاردا قەشقەرگە بېرىپ باققانلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

13 - 14 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ بالىلار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇندىمەي ئولتۇرۇشتى. ئۇ يەنە:

— قەشقەرگە بېرىشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟ — دېدى.

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

— مەن خالايمەن!

— مەنمۇ خالايمەن!

— مەنغۇ خالايتتىم، لېكىن شۇ ··· ئاشۇ···

پەيشەنبە كۈنى تۇرسۇن ئەپەندى باشلىق ئون نەچچە بالا ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يېپىنچا ئېلىپ پىيادە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. قەشقەردە تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارنى باشلاپ ھېيتگاھ جامەسى، خانلىق مەدرىسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، بۇلاقبېشى، قىلىچ بۇغراخان مازىرى، ھەزرەت قاتارلىق جايلارنى ئايلاندۇرۇدى. قەشقەرنىڭ ئاۋات بازىرى، مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئىكىساقلىق بالىلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى كېرەم كىچىك بىلەن ئەنۋەر ئېگىز بوي، سېرىق چاچ، كۆزلىرى كۆپكۆك بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، يولدىن ئېزىپ قالغاندا، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە خانلىق مەدرىسەنى ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ، ھەمراھلىرى بىلەن ئاخىر تېپىشقاندى. شۇ قېتىمقى سەپەردىن كېيىن، بۇ سەپەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بالىلار بىردىنلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك بولدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارغا قازان، ئىستانبۇل، پارىژ، بېرلىن دېگەندەك شەھەرلەرنىڭ قەشقەردىن نەچچە ھەسسە چوڭلۇقى، ئۇ شەھەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ رادىيو ئارقىلىق دۇنيادىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولالايدىغانلىقى، ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، پويىز، پاراخوتلارنىڭ سۈرئىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە، بۇ سۆزلەر ئۇلارغا چۆچەكتەك تۇيۇلمايدىغان بولدى.

تەبىئەت دەرسىنى مەسئۇد ئەپەندى، جۇغراپىيەنى ئەمرۇللا ئەپەندى ئۆتەتتى. مەسئۇد ئەپەندى ياز كېچىلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەكتەپ مەيدانىدا تۈنەپ، ئۇلارغا قاپقاراڭغۇ ئاسمان بوشلۇقىدىكى سامان ۋە ئۈنچىلەر چېچىلىپ كەتكەن يېزا يولىغا ئوخشاش ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان سامانيولى ھەققىدە، يۇلتۇزلار،

ئاي، كۈن، چولپان يۇلتۇزى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى، ھەرىكىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. مۇنداق ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىدىن ئۆمۈرۋايەت چىقمايتتى. جۇغراپىيە ئۆتىدىغان ئەمرۇللا ئەپەندى دۇنيادىكى داڭلىق يانار تاغلارنى ۋە بانار تاغلارنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى ئۆتكەندە، كەنت سىرتىدىكى قۇمساڭ يەرگە دورا كۆمۈپ، ئۇستىگە تاغ شەكلىدە قۇم دۆۋىلەپ، دورىنى پارتلىتىش ئارقىلىق يانار تاغ ھادىسىسىنى جانلىق چۈشەندۈرگەنىدى.

ئابدۇرەھمان ئەپەندى قاشلىرى قاپقارا، قاڭشارلىق، ئېگىز بوي، جانلىق، تېتىك يىگىت ئىدى. ئۇ تەنتەربىيەنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۆزى تەنتەربىيە دەرسى بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيەتتى. ئۇلارنى دائىم دالىغا، ئۆستەڭ بويلىرىغا ئېلىپ چىقىپ يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش، چېلىشىش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنى يۈگۈرتۈپ، ئاق تاغقا ئاپىرىپ تاغقا چىقىش، توشقان قوغلاشتا مۇسابىقىگە سالاتتى. ئۇ بەك ھېسسىياتلىق، كۆڭلى يۇمشاق ئىدى، ھېرىپ قالغان، مىجەزى يوق بولۇپ قالغان بالىلارنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈۋالاتتى. كەمبەغەل - نامرات بالىلارنى كۆرسە چىداپ تۇرالماي، قولىدا نېمە بولسا بېرىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ بالىلارنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىر كېيىك چىقىپ قالدى. بالىلار ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قوغلاپ چوڭقۇر بىر جىراغا قاپسىۋالدى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى ئۆزى جىراغا چۈشۈپ كېيىكنى تۇتۇپ چىقتى. كېيىكنىڭ پۇت - قولى باغلاندى. باغلاقتا چۈشكەن كېيىك دىر - دىر تىترەيتتى، ياش تولۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قاپقارا كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا غەمكىن تەلمۈرۈپ قارايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاغ ئۇستىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا، ئابدۇرەھمان ئەپەندى نېمىشقىدۇر ئېچىلالماي خىيال سۈرۈپ قالدى. كېيىكنى

www.uyghurkitap.com

سويۇپ، گۆشنى كاۋاپ قىلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان بالىلارمۇ مۇئەللىمگە قاراپ شوخلۇقلىرىنى قىلالماي شۈكلەپ قېلىشتى. ئابدۇرەھمان ئەپەندى بىر دەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— باللىرىم، كېيىكنى قويۇۋەتسەك، رازى بولامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

باللار بىر - بىرىگە قاراشتى. «قويۇۋېتىمىزمۇ؟ ئەمسە نېمىشقا جاپا تارتىپ تۇتتۇق؟ قورساق ئېچىپ تۇرغاندا، تەييار كاۋاپنى نېمىشقا يېمىگۈدەكمىز؟» باللارنىڭ سەبىي كۆزلىرىدىن ئاشۇ مەنە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بۇ بىچارە تۇتقۇنغا قاراڭلار. مۇشۇ تاغدا ئەركىن يايلاپ يۈرگەن بۇ جانىۋار بىزنىڭ نەپسىمىز تۈپەيلى ئەركىنلىكىدىن ئايرىلدى. ئەمدى جېنىدىنمۇ ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللىرى باردۇ، ئۇلار شۇ تاپتا بۇ بىچارىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندۇ...

كېرەم كىچىكنىڭ يوغان، قاپقارا كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— ئەپەندىم، قويۇۋېتەيلى، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

— قويۇۋېتەيلى! — دېيىشتى قالغان باللارمۇ.

كېيىك باغلاقتىن ئازاد بولۇپ تاقلاپ - تاقلاپ قىيالار ئارىسىدا غايىب بولدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك يوقاپ، كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تاغقا چىقسا توشقان، كېيىك ئوۋلىمايدىغان بولدى.

* * *

بىر كۈنى كېرەم ئاغىنىلىرى بىلەن يولدا توپ تېپىپ ئويناپ كېتىۋېتىپ، تاغىسى ئىمىن مەزىنگە ئۇچراپ قالدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەپكەن توپى دەل تاغىسىنىڭ قاڭشىرىغا بېرىپ

تەگكەندى. مەزىن تاغىسى ئۇنى قۇلىقىدىن تارتقىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ قوللىرىنى شىلتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ئاغزىدىن شالىلىرىنى چاچراتقىنىچە تىللاپ كەتتى:

— ھۇ جۇھۇد، مۇرتەد! ئىمانسىزلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ يولدىن چىققان نانقېپى! جېنىڭ ئىچىڭگە پاتماي قالغان بولسا، مۇشۇ ئەسكى توپنى تېپىپ يۈرگىچە، ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپساڭ بولماسمىدى!

ئىمىن مەزىن يېڭىچە مەكتەپلەرگە ۋە ئەپەندىلەرگە جېنىنىڭ بارىچە ئۆچلۈك قىلاتتى. يۇرت بېگى ۋە بىر قىسىم قازى - قۇزاتلار بىلەن بىرلىشىپ: «مۇسابايلار بالىلىرىمىزغا پەرەڭلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىتىپ نېمە پايدا تاپتى. بالىلار ئەتىدىن كەچكىچە ئەپەندىلەرنىڭ ئارقىسىدا شەيتاننىڭ توپىنى تالىشىپ يۈرۈپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئەسكى توپتىن ئاش - نان چىقامدىكەن؟» دەپ ۋەز ئېيتاتتى. تاغىسى كىرەمنى نەدە كۆرسە، تۇتۇۋېلىپ پەند - نەسىھەت قىلاتتى ياكى تىللاپ ۋەز ئېيتىپ قورقۇتماقچى بولاتتى. كىرەمنىڭ ئانىسى يا ئاكىسىغا بولۇشۇشنى، يا ئوغلىغا بولۇشۇشنى بىلەلمەي مىشىلداپ يىغلايتتى. ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ھەق. دېمىسىمۇ مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىغا نېمە جىن چاپلاشتىكىن، ئولتۇرسا، قوپسا تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن توپنىڭ گېپىدىن باشقا گەپ قىلمىغان، كېچىلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ جۆيلۈپ ئادەم قورقۇتۇۋاتقان، چۈشەكەپ، توپ تەپتىم دەپ يوتقاننى تېپىپ، يوتقان توشاتمىغان ··· ئۇ ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوغلىنى ئوقۇتۇپ، دېمىدە سۇيى ئىچكۈزۈپمۇ باقتى، نەسىھەت قىلىپمۇ، ئۆيگە سولاپ قويۇپمۇ باقتى، لېكىن كار قىلمىدى، ھېچ نەرسە كىرەمنى يولىدىن قايتۇرالمىدى. تېخى، بىر جۈمە كۈنى نامازدىن يانغاندا، ئەپەندىلىرىم سېنى

مەكتەپكە كەلسۇن دەيدۇ، ھەممە بالىنىڭ ئانىلىرى بارىدىكەن، دەپ مەكتەپكە باشلاپ باردى. ئەسلىدە ئۇ كۈنى چوڭ مۇسابىقە بولىدىكەن. كېرەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگە ئوخشاش يۇزىنى ياپقان بىر توپ ئايالنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ مەيداندا ئوقتەك تېز يۈگۈرۈپ، توپنى ۋاراتاغا قانداق تېپىپ كىرگۈزگىنىنى، توپ كۆرۈۋاتقانلارنىڭ «كېرەم كىچىك، ياشاپ كەت!» ، «ئوغالبالا!» دەپ تۇۋلاشقانلىرىنى كۆردى ھەم ئاڭلىدى. ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ، گاھىدا ئوغلىدىن ئەنسىرەپ، نەچچە قېتىم ۋارقىراپ سالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. مۇسابىقىدىن كېيىن تۇرسۇن ئەپەندى ئوتتۇرىغا چىقىپ، كېرەمنى مۇرىسىگە ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ: «خالايىق، بۈگۈندىن ئېتىبارەن كېرەمنىڭ ئېتى كېرەم توپچى بولسۇن!» دېگەندى، ھەممە ئادەم چاۋاك چېلىپ، ئالقىشلاپ كەتتى. ئانىسى شۇنىڭدىن كېيىن كېرەمنى توسمايدىغان، تېخى ئۆزىگە ئوخشاش ئانىلار بىلەن توپنىڭ، مۇسابىقىنىڭ پارىڭىنى سېلىشىدىغان، ئوغلىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى. كېرەم بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «ئانا، ئاڭلىسام پەرەڭلەرنىڭ توپى بىزنىڭكىدىن قاتتىق ئىكەن. مەن ھەرقانداق قاتتىق توپنىمۇ تېپەلەيدىغان بولسام دەيمەن. سەن ماڭا زىغىر پاخىلىنىڭ ئارىسىغا شېغىل ئارىلاشتۇرۇپ بىر توپ تىكىپ بەرگىنە» دېگەندە، نەچچە كۈن باش قاتۇرۇپ ئوغلى دېگەندەك توپتىن بىرنى تىكىپ بەردى. بۇ توپنى تەپكەن دەسلەپكى كۈنلەردە كېرەمنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرى قىزىرىپ، قاناپمۇ كەتتى. بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن قانماس بولدى، ئانىنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشتى. كېرەم ئەنە شۇنداق توپ تېپىپ يۈرۈپ چوڭ بولدى. مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، شۇ مەكتەپكە ئەپەندى بولدى. توپ تېپىپ يۈرۈپ، مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ ئېرىشتى.

بىر كۈنى كېرەم ئاغىنىلىرى بىلەن كونا تۇماقنى ئۆزگەرتىپ

بولۇپ، كۆچەپ تېپىشى بىلەن توپ يول بويىدىكى ئەنجان تاملىق چوڭ باغنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. باغنىڭ تاملىرى ئېگىز ئىدى. تام بويلاپ ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆتۈرگەن قويۇق سەگۈ تېرەكلەر باغنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. كېرەم توپنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىردى. باغدا ئۇ باينىڭ قىزى مەرىگۈلنى كۆردى. ئۇ، قىزنىڭ قولىدىكى توپنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— كېرەم كىچىك، سېنى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇيدىكەن دەيدىغۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى مەرىگۈل بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— ئەپەندىم مېنى قەشقەردە ئوقۇتماقچى بولغان، لېكىن ئانامنى يالغۇز قالىدۇ، دەپ بارمايدىغان بولدۇم. ئەپەندىم: «ئۇنداق بولسا، سېنى ئۆزۈم تەربىيەلەيمەن» دېدى، — دېدى كېرەم مەغرۇرلۇق بىلەن

— قەشقەرگە ئاناڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتسەڭ بولىدىغۇ؟

— ئانام ئۇنىمايدىكەن. سەھرادا ئازادە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم شەھەرگە كۆنەلمەيمەن، دەيدۇ. مەن تۇغۇلمىغان ۋاقتىمدا، دادام بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتىكەن، قەشقەرنىڭ گېپى چىقسا، هازىرمۇ تىترەپ كېتىدۇ.

— ئوغۇ راست، مەنمۇ قەشقەرگە كۆنەلمەيمەن، — مەرىگۈل شۇنداق دەۋېتىپ ناھايىتى چىرايلىق ھەم چەبدەس ھەرىكەت بىلەن توپنى باغ سىرتىغا قارىتىپ تەپتى. توپ ئېگىز ئەنجان تېمى ئۈستىدىن هالقىپ، كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان سەگۈ تېرەكلەر ئارىسىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

— نېمە، سەن ··· سەن ··· ؟

— قانداق، مەندىن باشقا ئادەم توپ ئوينىيالمايدۇ، دەپ قالغانمىدىڭ، — دېدى مەرىگۈل لەۋلىرىنى دومسايتىپ ۋە

بىردىنلا ئېچىلىپ كۈلدى، ــ مېنىڭمۇ بىر توپۇم بار، ئاۋۇ بۇلۇڭدا بىر ۋاراتامۇ بار تېخى.

ــ ئوغۇل بالا بولۇپ قالساڭمۇ بولۇپتىكەن، ــ شۇنداق دەپ كېرەممۇ مەرىگۈلدىن سورىدى، ــ راست، سەن ھېلىقى، مېنى قەشقەرگە بارىدىكەن، دېگەن گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ مەن ھېچكىمگە دېمىگەنتىم.

ــ كالۋا، ــ مەرىگۈل سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ يەنە كۈلدى، ــ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا سېنىڭلا گېپىڭ، تېخى سېنى ئەنجانلىق بىر ئەپەندى بىلەن ئەنجانغا كېتىدىكەن دېگەن گەپمۇ بار!

...

كېرەملەر شۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇشۇ باغنىڭ تۈۋىدە توپ تېپىدىغان بولۇپ قالدى. كېرەم ھەر قېتىمدا بىر ـ ئىككى نۆۋەت توپ ئېلىپ چىققىلى باغقا كىرىپ تۇردى. كېرەم ھەر قېتىم باغقا كىرىپ كەتسە، نېمىشقا پات چىقمايدىغانلىقىغا ئەجەبلەنگەن ئاغىنىلىرى باغنىڭ شورىسىدىن ئۆمىلەپ كىرىپ، كېرەمنىڭ مەرىگۈل بىلەن ئېرىق بويىدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىكىساقتىكى ياش باللارنىڭ ئارىسىدا بىر ناخشا تارىلىپ كەتتى. ناخشىنىڭ نامى «گۈلمەرەم» ئىدى. بۇ ناخشا شۇنچىلىك مۇڭلۇق، گۈزەل ئىدىكى، ئاڭلىغانلا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇزاققىچە ئېسىدىن چىقمايتتى.

بىر كۈنلەردە مەرىگۈلنىڭ دادىسى ھەمراباي قىزى بىلەن كېرەم توپچى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ نومۇس ۋە غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. «نى ـ نى بەگزادىلەرنى قىزىمىزغا لايىق كۆرمەي يۈرسەك، قىزىمىز بىر يالاڭ تۆش يېتىم ئوغلاق بىلەن تېپىشىپتىمۇ. ۋاي ئىسىت، قىز بالا دېگەننىمۇ باقامدىغان!» دەپ نالە ـ پەرياد چېكىپ، خوتۇنىغا يەتكىچە

كايىپ، ئاخىر خوتۇنى بىلەن قىزنى قورۇقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدىكى قەشقەردىكى پىنھان قورۇ - جايىغا يولغا سالدى.

كېرەمنىڭ پۇتلىرى ئالدىدا قەشقەرنىڭ يولى قانچىلىك يول ئىدى! ئۇ ھەپتە، ئون كۈندە بىر قەشقەرگە بېرىپ نو بېشى تەرەپتىكى كوچىلارنى ئارىلايتتى. مەرىگۇلمۇ بەزىدە يالغۇز، بەزىدە بىر قېرى خوتۇنىنىڭ ھەمراھلىقىدا كوچا تەرەپكە چىقىپ قالاتتى. ئۇ پەرەنجىگە يۆگەلگەن قىزنىڭ بۇرۇلۇپ لەپپىدە بىر قارىشىدىن، نازۇك بەدىنىنىڭ ئالاھىدە قىياپەتلىرىدىن ئۆزىنى كۆرگىنىنى سېزەتتى ۋە ئۆزىچە قىزىرىپ، ھاياجانلىنىپ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئارقىسىدىن ئۇزاق قاراپ قالاتتى. قىزنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرەلىگەن چاغلىرىدا، ئۇنىڭغا يولنىڭ يىراقلىقى، ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق، ۋىسال ئارزۇسىنىڭ بىقارارلىقى بىلىنمەي قالاتتى.

* * *

ئاق تاغ خۇددى ئاسماندىن توككىدە چۈشۈپ قالغاندەك ياكى يەر تېگىدىن ئۈسۈپ چىققاندەك ئىكىساقنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم - تاشلىق چۆلدە سىرلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قاراڭغۇ كېچىلەردە، تاڭ سەھەردە ۋە گۇگۇم پەيتىدە، ئۇ سۈكۈت ئىچىدە زېمىنغا نەزەر سېلىپ تۇرغان مويسىپىتقا ئوخشىسا، ئايدىڭ كېچىلەردە ياكى ئاپتاپ قاينىغان ياز كۈنلىرىدە كىرىستالدەك يالتىراپ نۇر چاچىدۇ. تېخىمۇ يىراقتىن نەزەر تاشلىغاندا، ئۇ خۇددى ئىكىساقتىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ بېشىدىكى ئوتۇغاتتەك كۆرۈنىدۇ. تارىختىن بۇيان شېغىل تاشلىق بۇ يۇرتتا، بۇ يۇرت ئەتراپىدىكى كىچىك - كىچىك بوستانلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بىر قوۋمى ياشىغان. بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يۇرت خەلقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى جاھان كېزىش بولسا كېرەك.

يېرىنىڭ ئۇنۇمسىز، قۇرغاقلىقى ۋە قىستاڭچىلىق ئۇلارنى باشقىلاردىن تىرىشچان، چىداملىق قىلىپ يېتىلدۈرۈپلا قالماي، جاھان كېزىپ، باشقىچە تىرىكچىلىك يولى تېپىشقا مەجبۇر قىلغان. نەتىجىدە ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد تاغ – داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل – باياۋان، دېڭىز – ئوكيانلاردىن ھالقىپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرغان. بارغانلا يېرىدە روناق تېپىپ، ئۆز يۇرتىدىكىدىن كۆپ ياخشى ياشىغان. ئەمما ئۇلار ئاشۇ كىچىككىنە، تاشلىق زېمىنىنى زادى ئۇنتۇپ قالمىغان. شۇڭا ئۇ يەر ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئەڭ زىچ، دۇنيادىكى يېڭىلىقلار ئەڭ ئاسان ئۆزلىشىدىغان كۆزنەك بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. تارىختا شۇنداق بولغان، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مۇسابايلار ئاچقان «ھۈسەينىيە»، «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتەپلىرى، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ئاچقان ۋە ئېچىۋاتقان تېخىمۇ كۆپلىگەن مەكتەپ خۇددى قاراڭغۇلۇق قوينىدا لاۋۇلداپ يانغان مەشئەلدەك كىشىلەرنى ئويغىتىۋاتىدۇ، ئۈمىدلەندۈرۈۋاتىدۇ، تېخىمۇ گۈزەل مەنزىلگە ئىنتىلدۈرۈۋاتىدۇ ... لېكىن، دۇنيادا ياخشى، گۈزەل ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى نەقەدەر مۈشكۈل، ئۇنىڭ رەقىبلىرى نەقەدەر كۆپ ۋە رەزىل – ھە...

يۇرت بېگىنىڭ ئۆيىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن چىرايى غەزەپتىن قىيسىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ تۇرغان يۇنۇس بەگ ۋە بەگنىڭ مېھمانخانىسىدا تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ سۆزلەپ «ھۈسەينىيە» نىڭ ئوقۇتۇشىغا، تەنتەربىيە ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ، چوڭ – كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ پۈتبول ئوينىشىغا

تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇۋاتقان قازى ـ قۇززات، ئىشان ـ مەزىنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

— كونىچە مەدرىسەلىرىمىزنىڭ نېمىسى يامان؟ باللىرىمىزنى قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ـ يۇمشاق، تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيەلەپ كېلىۋاتقىنى، ئاشۇ مەدرىسە ئەمەسمۇ!

— پەننىي دەرس دەپ دىنىمىزغا، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس، مۇبارەككە خىلاپ پەتىۋالارنى تارقىتىپ يۈرسە، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ كەتمەمدۇ! يەر دېگەننى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر كالا مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئىشلارنى بىر خۇدايىمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. جەدىت ئەپەندىلەر يەر يۇمىلاق — توپقا ئوخشايدۇ، توختىماي چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، دەپ دەرس ئۆتكىنىدەك. ئەگەر ئۇلار دېگەندەك بولسا، ماۋۇ پىيالدىكى چاي نېمىشقا مىدىرلىمايدۇ، تۇرسۇن ئەپەندى قانداقچە يۇمىلاپ كەتمەي، بىزنىڭ يېنىمىزدا بەخۇدۇك ئولتۇرالايدۇ، ھا ··· ھا ··· ھا···

— بىر ئۇبدان باللىرىمىزنى تاغمۇتاغ، باغمۇباغ چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ياۋايىلاشتۇرۇۋەتتى بۇ ئەپەندىلەر. ھېلىقى پەرەڭلەرنىڭ شەيتان توپى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. نەگە قارىسا شۇ، كىمنىڭ ئاغزىغا قارىسا، شۇنىڭ گېپى. ھەتتا خاتۇن خەقلەرمۇ چەتتە قالمىدى. باللار خەلپەتلەرنىڭ گېپىنىلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتتى.

— ئاۋۇ ئەمرۇللا بەگنى خېلى ئوڭلۇق ئادەم دەپ يۈرسەك، ئۇششاق باللارنى باشلاپ، تاش مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قۇملۇقتا مىلتىق دورىسى كۆمۈپ پارتلىتىپ، «يانار تاغ» مۇشۇنداق پارتلايدۇ، دەپ يۈرۈپتۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولامدۇ يا ئەمرۇللا ئەپەندىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولامدۇ! سىلى دەپ باقسىلا تۇرسۇن ئەپەندى، سىلى چوڭ يەرلەردە

ئوقۇغان، چوڭ ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم. بىزنىڭ يۇرتتىكى بۇ ئىشلار قالايمىقانچىلىق، دەھرىيلىك بولماي نېمە؟! بۇ ئىشلارنى دوتەي ئالىيلىرى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسىغۇ، كۆرگىلى بار بۇ ئەپەندىلەرنىڭ.

ئېگىز پاپاخ، ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان خورمىرەڭ تون كىيگەن تۇرسۇن ئەپەندى يوغان سەللىلىك، پار - پۇر تونلۇق، يوغان قورساق قازى-قۇززاتلارنىڭ ئارىسىدا چاقچان، خۇش پىچىم كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر قېشىنى سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېپىز لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىدە سۇسقىنە كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۇلارنىڭ قايناشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇ ئۇلارغا بۇنىڭدىن 430 يىللار ئىلگىرى پەرەڭلەرنىڭ ئىتالىيە دېگەن يېرىدە دىنىي ئۆلىمالار بىلەن بىر ئالىم ئوتتۇرىسىدا دەل مۇشۇنداق مۇنازىرىلەرنىڭ بولغانلىقىنى، كوپېرنىك ئىسىملىك بۇ ئالىم يەر شارى قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان ئادەتتىكى بىر پىلانېتا دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمۈرۋايەت نەزەربەند ئىچىدە ياشاپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ئالىم گالىلېينىڭمۇ كوپېرنىك تەلىماتىنى ياقلىغانلىقى تۈپەيلى، كوپېرنىك بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقى، 1600 - يىلى گىئوردانو بىرونو ئىسىملىك بىر ئالىمنىڭ كوپېرنىك تەلىماتىنى تەشۋىق قىلغانلىقى تۈپەيلى، رىم مەيدانىدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ... لېكىن، بۇ نەزەربەند ۋە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن ئىلمىي يەكۈن يوقالمايلا قالماستىن، بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتكەن قۇياش نۇرىدەك چاقناپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى زور بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەتكىنىنى ... دەپ بەرگۈسى كەلدى. ئەمما ئۇ ئۆلارنىڭ چىرايىغا بىر - بىرلەپ نەزەر سېلىپ بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئاچ كۆزلۈك، تەمە ۋە نادانلارچە مەنمەنلىك قاپلىغان بۇ

چىرايلار ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغانىدى. ئۇلار سۆزلەپ ھارغاندا ئۇ ئالدىرىماي گەپ باشلىدى:

— ھەرقايسىلىرى يۇرتىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى، كاتتىلىرى. ھەرقايسىلىرى كىچە - كۈندۈز پۇقرانىڭ، يۇرتنىڭ غېمىنى يېيىشىدىلا، ھەرقايسىلىرىنىڭ نەسىھەت - تەلىملىرىگە ئەمەل قىلماي ھەددىمىز ئەمەس، چوقۇم ئەمەل قىلىمىز، لېكىن بىزمۇ ھەر قايسىلىرىنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمىزنى ئاڭلاپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. ھەرقايسىلىرى ئاق تاغقا چىقىپ باققان بولۇشلىرى مۇمكىن. تاغدىن پەسكە قارىساق، بىزنىڭ بۇ ئىكىساق ئالىقانچىلىكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى قايراق، بەيساق، تاقۇت، يولچىلارنى قوشقاندىمۇ ھەتتا پۇتكۈل ئاتۇش، قەشقەرنى قوشقاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئالىقانچىلىك يۇرت. دۇنيادا تاغنىڭ نېرىسىدا تاغ، يۇرتنىڭ نېرىسىدا يۇرت، دەريانىڭ نېرىسىدا دەريا، ھەتتا قاتمۇقات دېڭىز - ئوكيانلار بار. ئاشۇ تاغلارنىڭ، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ نېرىسىدا ھېسابسىز نۇرغۇن ئادەم بار. ئاشۇ ئادەملەر نى - نى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاجايىپ يوغان دۇربۇن، تېلېسكوپلارنى ياساپ، يۇلتۇزلارنىڭ سىرىنى ئېچىۋاتىدۇ، يەر ئاستىدىن خىلمۇخىل بايلىقلارنى قېزىۋاتىدۇ. ماشىنا، ئايروپىلان، پاراخوت، پويىزلارنى كەشىپ قىلىپ ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنى ئىلىم - پەنگە، مائارىپقا تايىنىپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ياراتقان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمغىلى، شەك كەلتۈرگىلى بولماس. بىز مۇشۇ يۇرتتىن چىقماي ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاكاڭ قارىغاي ھەممىدىن كاتتا، دەپ جاھاندىكى ھەممە ئىش، ھەممە يەر بىر قېلىپتا دەپ قارىساق بولماس. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام بۇ خارايى شەرىفنىڭ ئۆلىمالىرىدىن «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىب» دېگەن پەتىۋانى ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟! يۇرتىمىزدىن چىققان مۇسا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چەت ئەللەرنى كۆرۈپ، يۇرتنى ئويلاپ،

خەلقىمىزنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن، جاھالەتتە قالمىسۇن، دەپ «ھۆسەينىيە» نى بەرپا قىلمىدىمۇ؟! ئەمدى تەنتەربىيەگە كەلسەك، ئۇسۇلى جەدىت ئەقلىي تەربىيە بىلەن بەدەن تەربىيەسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرغاندا، روھىي ۋە جىسمانىي ئىللەتلەردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. جۇشقۇن روھ ۋە ساغلام بەدەنسىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماس. ھەرقايسىلىرىمۇ بالىلىرىمىزنى، دېھقانلىرىمىزنىڭ روھىدىكى جۇشقۇنلۇقنى كۆرۈۋاتىدىغانلا. پېقىرنىڭ قارىشىچە، بۇ يامان ئىش ئەمەس. بىز خەلقنى سۇغا ئوخشاتساق، توختام سۇ چىرىندى بىلەن تولغان ئۆلۈك سۇدۇر. ئېقىپ تۇرغان جۇشقۇن سۇلا ساپ، تازا ۋە تىرىك سۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئالغاندا بەدەن چېنىقتۇرغاننىڭ نېمىسى يامان؟ ئۇ نېمە سەۋەبتىن ھەرقايسى زاتى مۇبارەكلىرىمىزنىڭ كۆزىگە سىغماي قالدىكىن؟

يۇرت چوڭلىرى بىر پەس بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، جىم بولۇشۇپ كەتتى. كېيىن ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ، دىمىقىنى قېقىپ، گاللىرىنى قىرىپ، تۇشمۇتۇشتىن سۆز باشلاشتى:

— تۇرسۇن ئەپەندىم، سىلىنىڭ دېگەنلىرىنى بىزمۇ بىلىمىز. ئۇ يەرلەرگە بارمىساقمۇ، بارغانلاردىن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. لېكىن ئۇلار كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ دىنىمىزمۇ، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزمۇ، تۇتقان يولىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنچە يىلدىن بۇيان بىز ئۇلارسىزمۇ ياشاپ، يولنى ئوڭ مېڭىپ كەلدۇق. ئەمدى، بۇگۈنگە كەلگەندە، خەقنى دورايمەن دەپ ئوڭدا چۇشمەيلى يەنە! بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىغۇ بەك كايىپ كەتكۈچىلىكمۇ يوق. خۇدايىم بىزگە بۇ دۇنيالىقنى بەرمىگەندىن كېيىن، بىز خەق نامىزىمىزنى ئوقۇپ، شەرئەت يولىنى تۇتۇپ، سىڭگەن نانىنى يەپ، تىنچ ئۆتسەك بولارمىكىن.

— ئۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا دەپلا مۇشۇ كۇنگە قالغان خەق بىز. ئۇنداق بولسا خۇدايىم بىزنى بۇ دۇنياغا — مۇشۇنداق گۈزەل،

باي ـ باياشات بىر زېمىن ئۈستىگە نېمىدەپ ياراتتى؟ ياراتقۇچى، مەن دېگەن گەپلەرنى مۇشۇ يەردە قويۇپ، ھەرقايسىلىرىغا مۇھىم بىر خەۋەرنى يەتكۈزەي. باھاۋۇدۇن ھاجىم چەت ئەللەردىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پات ئارىدا يۇرتقا يېتىپ كەلگۈدەك. ھاجىم كەلسىغۇ قاراپ تۇرماس. لېكىن بىز ھازىر تازا ئۇزۇكچىلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. بالىلىرىمىز قىينىلىپ قالمىسا بولاتتى. ھەرقايسىلىرىغا ئايان بولغىنىدەك، يېقىندىن بۇيان مەكتىپىمىزدە ئوقۇيدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى، خىراجەت بولسا، يەنە بۇرۇنقىدەك. شۇڭا ھەرقايسىلىرىنى جامائەت ئىسكىلاتىدىن بېرىلىدىغان ياردەمنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بەرسە دېگەن ئۈمىدتە بىز. بولسا، جاۋابىنى ھازىر ئېلىپ كەتسەم.

يۇرت چوڭلىرى يەنە بىر نۆۋەت جىم بولۇپ كېتىشتى. بۇ جىمجىتلىق خېلى ئۇزاق سوزۇلدى. ئۇلارنىڭ رايىچە بولسا خىراجەتنى كۆپەيتىش ئەمەس، بەلكى پەقەتلا بەرگۈسى يوق ئىدى. ئەمما باھاۋۇدۇن ھاجىم راستىتىنلا كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىگە يۈز كەلگىلى بولمايدۇ ـ دە. ئۇ دېگەن ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەم ئەمەس، دۇنيانىڭ يېرىمى تونۇيدىغان كاتتا باي. ھېلىغۇ قەشقەردىكى چوڭلار ئىكەن، ئۆلكىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھۆرت ـ پۆرت دېيەلمەيدۇ، ئاشۇنداق بىر ئادەمگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ…

باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا ھەممە نارازىلىقلار قايناپ تۇرغان قازانغا سۇ قۇيۇلغاندەك بېسىقىپلا قالماي، خىراجەت ئىشىمۇ ھەل بولدى. تۇرسۇن ئەپەندى دەيدىغانلىرىنى دەپ، مەقسىتى ھەل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئوڭچە قالدۇرۇپ، ئۆزرە سوراپ قايتىپ چىقتى…

تونۇگۇن ئاتچىلار ئەۋەتكەن كىشىدىن باھاۋۇدۇنباينىڭ يۇرتقا كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدە ئىللىق بىر سېزىم، بىر خۇشلۇق پەيدا

www.uyghurkitap.com

بولدى. ئەينى يىللىرى باھاۋۇدۇنباي مۇشۇ يۇرتلۇق ئون نەچچە بالىنى تۈركىيەگە ئوقۇشقا يولغا سالىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىدىن سۆيگەندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇنداق ئىللىق سېزىم، خۇشلۇق پەيدا بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا باھاۋۇدۇنباي ياش، قاۋۇل ئىدى. مەخمەلدەك قويۇق، قاپقارا قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقى بېشىدىكى ئېگىز پاچاخنىڭ ئىچىگە قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، كىشىگە سەممىي، ئىللىق بېقىشلىرىدىن، گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ:

— باللىرىم، تىرىشىپ ئوقۇپ، يۇرتىمىز، خەلقىمىزگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، بىز سىلەرنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز، ئاتۇش خەلقى سىلەرنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ ··· — دېگەنىدى.

ئۇ بىر كەتكەنچە تۈركىيەدە ئون يىلچە تۇرۇپ قالدى. دەسلەپتە قىسقا كۇرسلاردا، كېيىن ئالىي بىلىم يۇرتى «سۇلتانەم» دە ئوقۇدى. بۇ جەرياندا باھاۋۇدۇنباي تاپىلىغاندەك، ئۆزى يۇرتىمىزغا كېرەكلىك دەپ قارىغان ھەممە نەرسىنى — ھېساب، تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، رەسىم، مۇزىكا، ئاسترونومىيە، ھېسابات باشقۇرۇشنى، تۈركچىنىلا ئەمەس، ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىنىمۇ ئۆگەندى. تەنتەربىيە، تۇپ تۇرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماھىر بولۇپ يېتىشتى. ئاخىر ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا تۈركىيەدە تونۇشقان، ئارىلاشقان دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا چىدىماي قېلىشتى. ئىسسىت، ئاشۇ چەت، قالاق يەرگە سەندەك ئادەم بىكار كېتىسەن، دەپ ئەپسۇسلىنىشتى. ئۇنى كاتتا خىزمەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتى. ئەمما ئۇ ئاشۇ بىلىم ـ ماھارەتلىرىنى يۇرتى، خەلقى ئۈچۈن ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي يۇرتى ۋە خەلقىگە تەقدىم قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنچە

يىلدىن بېرى، ئۇ بۇ ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆيۈپ پىشتى، ھەريان چاپتى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇۋالچىلىق، ھاقارەت، زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندىمۇ ئۆز يولىدىن تەۋرىنىپ قالمىدى. ئۇ مائارىپنىڭ مەنىلىك، ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىگە چىندىن ئىشىنەتتى. مائارىپ بىلەن ئۆز يۇرتىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. شۇڭا ئۆز تەقدىرىنى، بارلىق ئارزۇ - ئارمىنىنى، بەخت ۋە ئازابىنى «ھۇسەينىيە» نىڭ ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

«ھۇسەينىيە» ھەقىقەتەنمۇ بىر مەشئەلگە ئوخشايتتى. ئۇ جاھالەت، نادانلىق قاپلىغان بۇ زېمىندا نەچچە ئەۋلاد مەرىپەت تارقاتقۇچىلارنىڭ جانىنى جانغا ئۇلاپ، قولدىن قولغا يەتكۈزۈشى بىلەن 40 يىل ياندى. ھەر قېتىم ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ سۇسلاپ ئۆچۈپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالسىمۇ، بوران توختاپ، سۈزۈك ئاسمان يۈز ئاچقاندا تېخىمۇ يالقۇنجىدى، لاۋۇلداپ ئۇلغايدى.

تۇرسۇن ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا، ئېگىز سەگۇ تېرەكلەرنىڭ نېرىسىدىكى شېغىل تاشلىق چۆللەرگە، ھەيۋەتلىك ئاق تاغقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاق تاغ چوققىسىدا راستتىنلا بىر مەشئەل لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك، مەشئەلنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن دېھقان بالىسى تىقما - تىقما بولۇپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر قولىدا قەلەم، بىر قولىدا توپ بار ئىدى. قەلەم ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندىسە، توپ ئۇلاردا غۇرۇر ۋە ئىشەنچىنى، ھەر بىر كىشى كۆپچىلىك ئۈچۈن، كۆپچىلىك ھەربىر كىشى ئۈچۈن دەيدىغان جەڭگىۋار بىرلىكنى يېتىلدۈرگەنىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى ئارقا تەرىپىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى. بىر قېتىم كۈپكۈندۈزدە

www.uyghurkitap.com

ئاشۇنداق بىر ئاتلىق ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ يىقىتماقچى بولغان. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يالغۇز ۋاقىتلىرىدا ئەتراپىدىكى شەپىلەردىن ھوشيار تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ، كېلىۋاتقان ئاتلىققا يول بەردى. ئاتلىق تېز كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ: «تىنچ ـ ئامانلىقمۇ موللا ئاكا. مەن سەندىن ئەنسىرەپ بەگنىڭ ئۆيىگە بارسام، سېنى كەتتى دېيىشتى. كەينىڭدىن ئالدىراپ يېتىپ كېلىشىم··· » دېگەندىلا، تۇرسۇن ئەپەندى كەينىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ مۇشۇ كەنتلىك مۇسا پالۋان دېگەن يىگىت ئىدى. ئۇلار ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ھەممىسىلا سۇۋادان تېرەكتەك بوي ـ بەستلىك، پالۋان يىگىتلەردىن ئىدى. ئۇلار تۇرسۇن ئەپەندىنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشاتتى.

ــ تىنچلىق، رەھمەت ساڭا مۇسا. كەلمىسەڭمۇ بولاتتى. ھە، توپخانىدا مۇسابىقە باشلىنىپ كەتكەندۇ؟

ــ سېنى ساقلاپ قېلىشتى، ئەپەندىم ئۆزى باش بولۇپ بەرسە دېيىشىۋاتىدۇ.

ــ تېزرەك ماڭايلى ئەمىسە، ــ ئۇلار ئاتنى قامچىلاپ ئىتتىك يورۇپ كەتتى.

* * *

ئاپرېل كىرىشى بىلەن چىنىباغ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. باغ ئەتراپىدىكى تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ، نازۇك يېشىل يوپۇرماقلارنى چىقاردى.

يول بويلىرىغا تىكىلگەن تۇخۇمەك دەرەخلىرى، قارىياغاچ، سېدە، ئەرمىدۇن دەرەخلىرى تۈگۈچلىرىنى يېشىپ، خىلمۇخىل شەكىللىك يېشىل يوپۇرماقلىرىنىڭ يېيىشتى. يول بويلىرىدىكى

بوش يەرلەرگە ياتقۇزۇلغان چىم يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.
باش باھاردىكى بۇ يېشىللىق كۆزگە ۋاللىدە كۆرۈنۈپ،
كۆڭۈللەرنى يايرىتىدىغان بىر خىل پاك، يۇمران يېشىللىق
ئىدى.

گېللىئان خانىم كونگەي تەرەپتىكى بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ
چېچەكلىگىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىدىن
ھۇزۇرلىنىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئەتىسىلا قورۇدىكى ۋە
باغدىكى ئالما، ئۆرۈكلەر غۇچچىدە چېچەكلەپ كېتىشتى.
پاكار، ۋىجىك، مىسىرەڭ چىرايى قات ـ قات قورۇقلار بىلەن
تولغان باغۋەن گۈللۈكتە ئىشلەپ يۈرەتتى. ئۇ ئېڭىشىپ
تۇپراقتىن ئەمدىلا بىخ يېرىپ چىققان يۇمران مايسىلار بىلەن
گەپلىشىۋاتقاندەك بىر نېمىلەرنى دەيتتى. گېللىئان خانىم
تەرجىماندىن سوراپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈللەرگە: «تىنچ ـ ئامان
ئۇنۇپ چىقىۋالدىڭلارمۇ، بالىلىرىم؟ قورقماڭلار، ياخشى كۈنلەر
ئەمدى كېلىدۇ، ئاپتاپتا ئىتتىك ـ ئىتتىك ئۆسۈڭلار...»
دېگەنلىكىنى بىلىپ، نەچچە كۈنگىچە كۈلۈپ يۈردى. باغۋەن
كونسۇلخانىدىكى چەت ئەللىكلەرگە ئۆزىچە ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى
قويۇۋالاتتى ۋە شۇنداق چاقىراتتى. بۇ ئىسىملار بارا ـ بارا
ئومۇملىشىپمۇ قالاتتى. ئۇ گېللىئان خانىمنىڭ مارگارېتا دېگەن
ئىسمىنى ئېغىزغا كەلمەيدىكەن، دەپ ياراتماي، «مەريەمخان» دەپ
چاقىراتتى. گېللىئان ئەپەندىنى جېلىلئاخۇن، كونسۇلخانىغا تولا
كېلىدىغان ئىسمى بەكمۇ مۇرەككەپ بىر قېرى مىسسىئونېرنى
«گىلدىڭباش ئەپەندى» دەيتتى. گېللىئان خانىم ئۇنىڭ بۇنداق
گەپلىرىگە ئامراق ئىدى.

گېللىئان خانىم باھار مەنزىرىسىدىن ئىلھاملىنىپ، بۇگۈنكە
چاقىرىپ قويغان مېھمانلارنى باغدا كۈتمەكچى بولدى.
خىزمەتكارلار ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سېپىل تەرەپتىكى چوڭ
بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئاستىغا ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى تىزدى.

www.uyghurkitap.com

ئۈستەلگە پاكىز ئاق داستىخان سېلىپ، سالفېتكا، تەخسە، ۋىلكا ـ قوشۇق، رومكىلارنى تىزىپ تەييار قىلدى. لوندوندىكى داڭلىق ئۈستىنىڭ قولىدىن چىققان سۇس كۆل رەڭ شىم ـ كاستيۇمىنى كىيىپ، گالستۇك تاقىغان كونسۇل گېلللىئان ئەپەندى بىلەن ياقا ۋە مەيدىسىگە تور تۇتقان، ئۆرە ياقىلىق ئاق كوپتا، ئۇزۇن قاتلاق يوپكا كىيگەن، مۈرىسىگە نېپىز تور يېپىنچا تاشلاپ، سېرىق چىڭگىلەك چاچلىرىنى ئارقىسىغا تۇرۇۋالغان گېلللىئان خانىم مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئىنگلىز پاسونىدىكى ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا باشلىدى. بۈگۈنكى مېھمانلار ياردەمچى كونسۇل شېرىف ئەپەندىدىن باشقا كونسۇلخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغان شۋېتسىيەلىك دىن تارقاتقۇچىلار ئۆمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى يوھان. ئاندىسىن ئەپەندى، شۋېتسىيەلىك مىسسىئونېر، داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس روكايتىس ئەپەندى، ئەنگلىيەلىك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى جەڭ مەيدانىدىكى قانداقتۇر كەچۈرمىشلىرى تۈپەيلى ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىيدىن قول ئۈزۈپ، تەقۋادار خىرىستىيانغا ئايلانغان، ئەنگلىيەدىكى راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى تاشلاپ، قەشقەرگە كېلىپ، شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى ئۆمىكىدە دىن تارقاتقۇچى بولغان مان ئەپەندى، يەنە شۇ شۋېتسىيەلىكلەر بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ئەنگلىيەلىك رېچېر خانىم، ئەنگلىيەلىك ساياھەتچى ۋە مۇخبىر مېچېل ئەپەندى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرىتاغلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرۈپ، تۇرگە ئايرىش خىزمىتى بىلەن كەلگەن ئۆسۈملۈكشۇناس فىرانك. لودلو، ھىندىستان ئارقىلىق قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن ئەنگلىيە قورۇقلۇق ئارمىيە لېيتېنانتى گرېگسىن ۋە ئۇنىڭ خانىمى، ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئۈچ كىشىمۇ بار ئىدى.

مېھمانلار جايلىشىپ، ئۆزئارا تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن، تېزلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى مۈشەققەتلىك يوللار ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن شوتلاندىيە ۋىسكىسى، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ قاتمۇقات قائىدە - يوسۇنلىرى، تىرىكچىلىك غېمى، رىقابەتلىرىدىن يىراق، رىۋايەت تۈسى قويۇق بۇ قەدىمىي شەھەر، ئەتىراپتىكى ئۆزگىچە باھار مەنزىرىسى، ھەممە يەرنى قاپلىغان چېچەكلەرنى ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرۈشكەن ھەرە - كېپىنەكلەر ··· مېھمانلار ۋە ساھىبخانىنىڭ كەيپىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان لوندون ۋە نيۇ يورك توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا كونسۇلخانا مەنزىرىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شىۋىتسىيەلىك مىسسىئونېر، ۋىراچ ھەم ئارختېكتور خاۋگېرېگنىڭ لايىھەلىشى، قەشقەرلىك تامچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا سېلىنغان كۆركەم ۋە ئەپلىك كونسۇلخانا ئىمارەتلىرى، بۇ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان قەشقەردىكى تۇنجى كونسۇل ماكارتنىي ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇلارنىڭ يېقىن دوستى — نېمىشقىدۇر قەشقەردە ئۇزاق يىللاپ ئۆزى يالغۇز ياشاپ، ئاخىر يەككە - يېگانە ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن گوللاندىيەلىك مىسسىئونېر ھېندىرىكسقا يۆتكەلدى. كۆپ يىلدىن بۇيان، بۇ كونسۇلخانىغا كېلىپ - كەتكەن خىلمۇ خىل ئادەملەر، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقەلەر ئەسلەندى. ئولتۇرغانلار ئىچىدە راكويتىس ئەپەندى قەشقەرگە ھەممىدىن كونا ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئاۋرېل. ستەين، سۋېن ھېدىن، گېرمانىيەلىك فون. لېكوك، ئامېرىكىلىق لاتېمۇر قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان تەسىراتىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ كۆپچىلىكنى جەلپ قىلىۋالدى. بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا مىقياسىدا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئاسار ئەتىقىلىرىگە كۈچلۈك قىزىقىش كۆتۈرۈلگەن، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ قەدىمىي خارابىلىقلاردىن قازغان ۋە يەرلىك كىشىلەردىن سېتىۋالغان ھەددى ـ ھېسابسىز مەدەنىيەت مىراسىنى ساندۇق ـ ساندۇقلاپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، خوتەنلىك كىتابپۇرۇش ئىسلامئاخۇننىڭ چەت ئەللىكلەرنى قانداق كولدۇرلاتقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ھەممەيلەنگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

ئاشۇ يىللاردا ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ماكارتنىي، رۇسىيە كونسۇلى پېتروۋسكىي ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن كەلگەن ئارخېئولوگلار ئىسلامئاخۇننىڭ قولىدىن نامەلۇم قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان، سارغىيىپ، چىرىپ كەتكەن ھۆججەت، كىتابلارنى سېتىۋالدۇ. بۇ كىتابلار كالكۇتتا، سان ـ پېتېربۇرگ، لوندون، پارىژنىڭ كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا پەيدا بولدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئالىم بۇ «قەدىمكى يېزىق» نىڭ مەنىسىنى يېشىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى سىر رودولف. خوئېرنلى بۇ «قەدىمكى يېزىق» ئۈچۈن قىممەتلىك بەش يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ كىتابلارنىڭ ئىجادچىسىنىڭ ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئۇششاق تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ستەين يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، خوتەن ئامبىلى فەن دارېننىڭ ياردىمىدە ئىسلامئاخۇن بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۇستىلىق بىلەن ئەينى يىللاردا ئۆزىگە سېتىپ بەرگەن كىتابلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا گەپ ئالدۇ. ئەسلىدە ئىسلامئاخۇن ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى خوتەن قەغەزنى توغراق يېلىمىنىڭ سۇيىگە چىلاپ سارغايتقاندىن كېيىن، قەغەزنى كونا

كىتابقا ئوخشاش كېسىپ، تۈپلەپ، خەتكە ئوخشىتىپ بىر نېمىلەرنى سىزىپ قويىدىكەن ـ دە، سېۋەتكە سېلىپ ئوچاقنىڭ مورىسىغا بىر ـ ئىككى ئايغىچە ئېسىپ قويىدىكەن ··· دۇنيادىكى نى ـ نى ئالىم، ئارخېئولوگنى نەچچە يىللار قايمۇقتۇرغان بۇ «قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان كىتابلار» نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ئەنە شۇنداق ئاددىي ھەم مۇكەممەل ئىكەن.

بۇ ۋەقەگە قارىتا، سورۇندىكىلەرنىڭ ئىنكاسى ھەر خىل بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ دىن تارقاتقۇچىلار بۇ يەردىكى ئاھالىنى چۈشكۈن، خۇراپىي، دىنىي ئاسارەت ئىلكىدە گۇناھقا پېتىپ ياشاۋاتقان دوزىخىيلار، دەپ بىلگەنلىكتىن، ئىسلامئاخۇننىڭ قىلمىشىنى كەچۈرگۈسىز ئالدامچىلىق دەپ ئەيىبلەشتى. لېيتنانت، مۇخبىر ۋە جۇغراپىيەشۇناسلار: ئۇ ھەقىقەتەن تالانتلىق سودىگەر ئىكەن، دېدى. راكويتىس ئەپەندى ئۆزى يىغىپ توپلىغان بىر نەچچە كۇپلېت ئۇيغۇرچە قوشاق ۋە ماقال ـ تەمسىلنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندە بولسا، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇشتى. گېللىئان خانىم ھەممىدىن بەك ھاياجانلىنىپ:

— بىز ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھېچقانچە چۈشەنمەيمىز. مېنىڭچە، ئۇلار بىز ئويلىغاندەك نادان ئەمەس. يەنە بىرى، سىلەرمۇ دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، ئۇلاردا بىر خىل تۇغما ئېسىل سۈپەتلىك بار. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى، بوۋايلىرى نېمىدېگەن سالاپەتلىك ھەم مەردانە، ئاياللىرى نېمىدېگەن سۇلكەتلىك. ئۇلاردا گۈزەللەر بەك كۆپ. ئۇلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرىمۇ بەك گۈزەل ··· — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ، نېرىدىكى گۈللۈكتە ئىشلەپ يۈرگەن باغۋەننى كۆردى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاۋۇ قېرى ئادەم دائىم گۈللەر بىلەن، ھايۋانلار بىلەن گەپلىشىدۇ. يېڭى ئۈنۈپ چىققان مايسىلارغا قاراپ: «تىنچ ـ ئامان ئۈنۈپ چىقالىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى

قورقماڭلار، مەن بار» دەيدۇ. ماڭا بۇ گەپلەردە ناھايىتى چوڭقۇر شېئىرىي مەنە باردەك تۇيۇلىدۇ...

ياش ھەم جۇشقۇن ياردەمچى كونسۇل ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى:

— ئىنچىكە كۆزەتسەك، بۇ ئادەملەردە ھەقىقەتەن بىر خىل سۇپەت بار. ئۇلار ھەم بەك ئەقىللىق، ئەمما ئۇلارنى چۈشەپ تۇرغان نەرسىلەر بەك كۆپ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەم ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىيالمىغان ھەم ئۇنداق شارائىتمۇ يوق.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. بىر قەدىمىي مىللەت سۇپىتىدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مەلۇم ئالاھىدە تەرەپلەر مەۋجۇت، — دەپ سۆز قاتتى ئاندىرسىن ئەپەندى، — لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇلاردا ۋەتەن، مىللەت ئېڭى يوق، بۇلار ناماز ئوقۇش بىلەن قورسىقىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدۇ. مىللىتىڭ نېمە دېسە، مەن مۇسۇلمان ياكى قەشقەرلىك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ياۋاش، ئىتائەتمەن كېلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇلار باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشقىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

— مەن قەدىمىي قەشقەرلىكلەر بىلەن شىۋېتسىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر باغلىنىش بارلىقى توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان، — دېدى مۇخبىر ھەم سایاھەتچى مېچىل ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ، — شىۋېتسىيەلىك مىسسىئونېرلارنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق جايدا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى ئاستىدا شۇنچە كۆپ ئىشنى قىلىشى ئەنە شۇ قەدىمىي رىشتىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ، قانداق؟

— بۇ رىۋايەت ئەمەس، — دېدى راكويتس ئەپەندى، — دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسكارد دېگەن شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بولغان، بەزى ئالىملىرىمىز بۇ

ھەقتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان، ئەمما بۇ ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن شىمالىي قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا پەرق قانچە زور بولسا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن شىۋېتسىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ شۇنچە زور.

ھىندىستانلىق ئاشپەز ئوخشىتىپ ئەتكەن پۇدىڭنىڭ ① داستىخانغا كېلىشى بىلەن پاراڭنىڭ تېمىسى ئۆزگەردى. ئۇلار گېللىئان خانىمنىڭ مول داستىخىنى ۋە مېھماندوستلۇقىنى مەدھىيەلىشىپ، تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلىغىچە پاراڭ تازا قولاشمىدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندا، بۈگۈنكى بۇ سورۇندا ناھايىتى ئاز سۆزلەپ، تارتىنىپ ئولتۇرغان سېرىق چاچ، ياش جۇغراپىيەشۇناس:

— مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن، — دەپ سۆز باشلاپ قالدى، — شىنجاڭنىڭ تاغلىرى كارامەت ھەيۋەتلىك، كۆركەم ئىكەن، ئادەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قوزغايدىكەن. تەكلىماكان قۇملۇقى ماڭا خۇددى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھالەتتە قاتۇرۇلغان دېڭىزنى ئەسلەتتى. بەلكىم ئۇ تېخىمۇ سەلتەنەتلىك، سىرلىق يەنە بىر خىل دېڭىزدۇ. مەن مۇشۇنداق بىر زېمىندىن يارىماس خەلقنىڭ چىقىشىنى تازا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مېنىڭچە، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئويغىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

كۆپچىلىك مۇرەككەپ خىياللار ئىلكىدە بىردەم جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئارىدىن كىمدىن بىرى:

— مۇمكىن ئەمەس، بۇ خەلق مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ئويغىنىدۇ دېگەندىمۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئاز دېگەندە مىڭ يىل بار، — دېدى.

— كەچۈرۈڭلار، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل باھار مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنايلى، مۇزىكا

① پۇدىڭ — بىر خىل ياۋروپاچە تاماق.

ئاڭلايلى، تانسا ئوينايلى…

گېللىئان خانىم چەتتىكى ئۈستەلگە قويۇلغان پاتېفوننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان «باھار ساداسى» دېگەن ۋالىس مۇزىكىسىنى قويدى. تونۇش ـ گۈزەل مېلودىيە، يەر ـ جاھاننى قاپلىغان ئاپپاق چېچەكلەر، زەڭگەر ئاسماندا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن يۇپقا بۇلۇتلار مېھمانلارغا ئۆزلىرىنى خۇددى ۋېينا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقلاردا سەيلە قىلىۋاتقاندەك خىيالىي بىر تۇيغۇنى بەخش ئەتتى. گېللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لېيتېنانت بىلەن ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق خانىمى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ۋالىس ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ يەڭگىل ئايلىنىشقا باشلىدى. شېرىف ئەپەندى بىلەن رېچىر خانىممۇ ئولتۇرالماي ئوتتۇرىغا چۈشمەكچى بولۇشتى … دەل شۇ پەيتتە، سېپىلنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر ئۇيغۇر ئەر كىشىنىڭ ياڭراق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پاتېفون ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئۇ قوپال، سەل غاز ـ غۇژ، ئەمما جەلپكار ئاۋاز خۇددى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك يوچۇن، سادda، ئەمما خېلىلا يېقىملىق بىر ئاھاڭغا جىننىڭ بارىچە تولايتى…

تانسا ئويناۋاتقانلارمۇ، ئوينىماقچى بولۇۋاتقانلارمۇ توختاپ قالدى. ھەممەيلەن ئىختىيارسىز باشلىرىنى بۇراپ، ئاشۇ ناخشىغا قۇلاق سالدى. سېپىل كەينىدىكى يولدىن ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقان يولۇچى ياكى كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ ماڭغان بىرەر دېھقان ئېيتقان بۇ ناخشا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنى رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگەنىدى.

* * *

باھاۋۇدۇن ھاجىم ئىكىساقتا كەلدى. ئۇ كېلىدىغان كۈنى

يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئىكىساق خەلقى، «ھۇسەينىيە» نىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يۈزدەك كىشى قايراقىنىڭ يۇقىرىسىغىچە بېرىپ ئۇنى كۇتۇۋالدى. كۇتۇۋېلىشقا ماڭغان خەلق توپىنىڭ ئالدىدا فورما كىيگەن پۇتبول كوماندا ئەزالىرى مارشقا دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى باشلاپ ماڭغىنى توپ سېلىنغان خالتىنى بويىنىغا ئاسقان كېرەم توپچى ئىدى. شۇ تاپتا پۇتكۇل يۇرت خەلقىگە باش بولۇپ ماڭغىنىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۆز ئانىسىلا ئەمەس، مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەم دېگۇدەك نامىزىدا نامىنى ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈرىكى تېپچەكلەپ، قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقاتتى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى باھاۋۇدۇنباينى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ يۇرتتىكى ھەربىر كىشىگە ئوخشاش باھاۋۇدۇنباينىڭ نامى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. كەنتتە، كەنتتىكى ھەربىر ئۆيدە، «ھۇسەينىيە» دە باھاۋۇدۇنباي بىلەن باغلىنىشلىق بولغان نۇرغۇن ئىش بار ئىدى.

ئىلگىرى ئىكىساق تەۋەسىدىكى كىشىلەر سۇ ماجىراسى تۇپەيلى جەڭگى ـ جېدەل، ئاداۋەت ئىچىدە ياشايدىكەن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى باھاۋۇدۇنباي ئوتتۇرىغا چىقىپ: بىر يۇرتلۇق، قان ـ قېرىنداش تۇرۇپ، خۇدا بەرگەن سۇنى نېمە ئۈچۈن باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېمەي تەڭ ئىشلەتمەيمىز؟ ـــ دەپ كەنتتىكى يەر ۋە ئائىلىلەرنى رەتكە تىزىپ، سۇنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپتۇ. ئەڭ ئادىل، ئەڭ قاتتىق قول كىشىلەرنى مىرابلىققا تاللاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ تۈزۈم بۇزۇلماپتۇ، ئىكىساقتا سۇ ماجىراسىمۇ يۈز بەرمەيدىغان بوپتۇ.

ئىلگىرى بۇ يۇرتتا يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇل كىشىلەر پۇلغا موھتاج بولغاندا، جازانىخورلاردىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر ئىكەن. شۇ تۈپەيلى نۇرغۇن ئادەم ۋەيران بولۇپ كەتكەنىكەن. باھاۋۇدۇنباي بىلەن ھۇسەيىنباي چەت ئەللەرنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىسى «ۋاردات» ۋە «جامائەت ئىسكىلاتى» نى قۇرۇپتۇ. خەلقنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسقاتىنىڭ يېرىمى، سودا شىرىنكانىسىنىڭ يېرىمى، ھەشەمەتلىك توي قىلغانلارنىڭ «ياغلىق پۇلى»، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلاردىن ئېلىنىدىغان جەرىمانىلار «ۋاردات» قا يىغىلىدىكەن. خەلقنىڭ ئۆشرە ـ كەپسەنلىرى بولسا جامائەت ئىسكىلاتىغا تۆكۈلىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ۋاردات» ھاجەتمەنلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرىدىغان، قەرزنى تۆلىيەلمىسە، ئاجىز ـ يوقسۇللارنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان، ھەتتا قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەيدىغان بوپتۇ. جامائەت ئىسكىلاتىغا يىغىلغان ئۆشرە ـ كەپسەنلەر بولسا مەكتەپلەرگە ئىشلىتىپتۇ. باھاۋۇدۇنباي جۇمە نامىزىدا ۋە ھەر خىل سورۇندا تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە تىجارەت يوللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، كىشىلەرنى تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل ياشاشقا، پاكىزلىققا، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارنى ھەشەمەتلىك قىلماسلىققا، بالىلارنى ئىلىملىك، ھۈنەرلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەش، قىز ـ ئاياللارنى ئاسراش، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە سەنئەتكارلارنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەشكە ئۈندەيدىكەن. ھۇسەيىنباي، باھاۋۇدۇنبايدەك چەت ئەللەردە نى ـ نى زاۋۇتلىرى بار كىشىلەرگە قانچىلىك ھەشەمەتچىلىك قىلسا ياراشقان بولاتتى ئەمما ئۇلار پەرزەنتلىرىگە مۇۋاپىق لايىق چىقسىلا، بىر قازان ئاشنى ئېتىپ، تۆت ئادەمنى چاقىرىپلا نىكاھ ئوقۇتۇپ قويىدىكەن. مال ـ دۇنياسىنى كۆز ـ كۆز قىلىشنى زادى راۋا كۆرمەيدىكەن،

نېمىشقا بۇ دۇنيادىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى شۇلاردەك بولمايدىغاندۇ ـ ھە...

كېرەم توپچى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان خىياللىرىنى يىغىپ، «گۈس ـ گۈس» دەسسەپ كېتىۋاتقان ھەمراھلىرىغا بويۇنداپ قاراپ قويدى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا ۋىلىلداپ تۇرغان بىر ھاياجان ـ خۇشلۇقنى كۆرۈپ، مەيدىسىدىكى توپنى ئىختىيارسىز چىڭ باستى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى يۇرت بېگى، ئىمام ـ ئىشانلار «يېڭى مەكتەپنىڭ بالىلىرى پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇسا ئوقۇسۇن، ئەمما ھېلىقى شەيتان توپنى ئويناپ، ئادەم يىغىپ يۇرتنى پاراكەندە قىلمىسۇن» دېيىشىپ مەكتەپكە بېسىم ئىشلەتكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ قەشقەردىكى ئۆمەرباي، دوتەيلەرگىچە ئەرز قىلغىنىنى، مەكتەپكە قوراللىق چېرىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇزۇن قارا تاۋار چاپان كىيگەن ئەلپازى بۇزۇق ئەمەلدارلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ... كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھېلىلا خۇشلۇق ئىچىدە تېپچەكلەپ تۇرغان كۆڭلىگە بىر غەشلىك سايە تاشلىدى. «توپتا نېمە گۇناھ؟ توپ ئوينىغاننىڭ گۇناھى نېمە؟ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئوشۇق ئويناپ، نەشە چېكىپ يۈرسە بولامتى ئەمىسە!»

كېرەم توپچى ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ، ھەمراھلىرىغا يەنە بىر قارىدى. ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇنلۇق، چىرايلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇرغان بۇ بالىلار مەدرىسەلەردىكى بالىلاردىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى. يول ماڭسا، قەددىنى تىك تۇرۇپ، روھلۇق ماڭاتتى. مۇئامىلىدە دادىل، ئوچۇق ـ يورۇق، سۆزلىرى چاقماقتەك ئىدى. بىر قېتىم بۇ يېزىغا كەلگەن بىر چەت ئەللىك ئۇلارنىڭ مەشىق، مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈپ: «ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكىرىدىكى بۇ چەت يېزىدا بۇنچىۋالا ئوموملىشىپ كېتىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. پۇتبول بۇ يەردىكى كىشىلەرگە

ئاجايىپ بىر جۇشقۇنلۇق ئېلىپ كەپتۇ» دەپ ھەيرانلىقى ۋە قايىللىقىنى ئىپادىلىگەندى. تۇرسۇن ئەپەندى ئەجەب توغرا ئېيتتى: توپتا گۇناھ يوق، توپ ئويناشتا گۇناھ يوق! گۇناھ ئاشۇلاردا، يېڭىلىقنى، تەرەققىياتنى كۆرەلمەيدىغان، ئاللىقانداق رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن خەلقنى مەڭگۈ ئىتائەتمەن، نادان ھالىتىدە قالدۇرۇشنى ئويلايدىغانلاردا. توپنى ئويىنغىنىمىز ئوينىغان. پۇتبولنى ئىكىساقىقا ھاشىم بالىخان بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىم ئېلىپ كىرگەن. باھاۋۇدۇن ھاجىم ئىكىساقىنىڭ پۇتبول ھەرىكىتىگە باشتىن ـ ئاياغ كۆڭۈل بۆلگەن، يانتاياق بولغان. بۇ قېتىم بىز ئۇ زاتقا ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگىنىنى بىلدۈرۈپ قويايلى. روھلۇق ـ جۇشقۇن ھالىتىمىز، ئەڭ يۇقىرى ماھارىتىمىز بىلەن ئۇنى خۇشال قىلايلى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەيلى...

توپ ئىچىدە بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن غۇلغۇلا كېرەم توپچىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ كىشىلەر «كەلدى، كەلدى!» دېيىشىپ كۆرسىتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ، بىر نەچچە ئاتلىق كىشىنىڭ ۋە ئۈچ ئاتلىق بىر مەپىنىڭ دوقمۇشتىن قايرىلىپ، چوڭ يولغا چۈشكەنلىكىنى كۆردى.

خەلق توپى داۋالغۇپ كەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن يۇرت چوڭلىرىدىن بىر نەچچىسى ئىتتىكرەك مېڭىپ ئىلگىرىلەپ كېتىشتى. بىر قىسىم ياشلار بىلەن ئۇششاق بالىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئالدىغا ماڭغانلارنى كۆرۈپ مەپە توختىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىم باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي، مەپىدىن چۈشۈپ جامائەت بىلەن سالاملاشتى. گاھىلىرى بىلەن قول سىقىشىپ ياكى قۇچاقلىشىپ، مورە قېقىشىپ كۆرۈشتى. كېيىن قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىللە ئاستا خەلق توپى تەرەپكە قاراپ كەلدى.

كېرەم توپچى كوماندا ئەزالىرىغا سەپنى بۇزماسلىقنى

جېكىلەپ، مەكتەپ ناخشىسىنى باشلىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تېزلا ئەگىشىپ كەتتى. توپچىلارنىڭ بىر خىلدىكى قەدەم ئاۋازى بىلەن ياڭراق ناخشا ساداسى باھار تۇسىنى ئالغان دالىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

چېكە چاچلىرى ۋە ساقاللىرى ئاقارغان، جۇدەپ، ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ كۆزلىرىدىن پاراسەت، مېھرىبانلىق نۇرى چېچىلىپ تۇرغان، كىيىنىشى ئاددىي، ئەمما يەنىلا شۇنداق سۆلەتلىك. مېھرى ئىسسىق باھاۋۇدۇنباي خەلق توپى ئالدىغا كېلىپ:

— ئەسسالام خەلقىم! — دەپ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تەزىم قىلدى. باينىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچە موماي ھۇ تارتىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئاق ساقاللىق ئىككى مويسىپىت ئىتتىك بېرىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا، كېرەم توپچى باينىڭ قارا كۆزلىرىگە ياش تولغانلىقىنى كۆردى. كېرەم توپچىنىڭ باشلامچىلىقىدا پۇتبولچىلار بايغا ياڭراق ئاۋازدا سالام بەردى. قاتار تىزىلىپ تۇرغان بىر - بىرىدىن چىرايلىق، چاققان - چەبدەس بالىلارنى كۆرۈپ باينىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ پۇتبول كوماندىسىدىكى ھەربىر بالىنى بىر - بىرلەپ باغرىغا بېسىپ: «كىمنىڭ ئوغلىسەن، بالام؟» دەپ سوراپ، پېشانىلىرىگە سۆيدى. جامائەتنىڭ توسقىنىغا قارىماي، توپچىلار قاتارىدا خېلى يەرگە پىيادە مېڭىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھىندىستان، تۇركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر مۇنچە چوڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى، بارغان يېرىدىكى مەكتەپلەردە كۆرگەنلىرىنى، گېرمانىيە، تۇركىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئۆزى كۆرگەن پۇتبول مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان بالىلار ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، ئېسىدە مەھكەم

تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. دەرۋەقە، باھارنىڭ ئاشۇ چىرايلىق، ئىللىق بىر كۈنى شۇ مەيداندىكى بالىلارنىڭ خاتىرىسىدە ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىپ قالدى.

باھاۋۇدۇنباي شۇ كۈنى ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە «ھوسەينىيە» گە بېرىپ، ھەزرىتى ھەببى ئەجەم مازىرى يېنىدىكى دادىسىنىڭ تۇپرىقىنى يوقلىدى، مەسچىتتە بىر رەكەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، دېھقانلار كوماندىسى بىلەن «ھوسەينىيە» كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆردى. بۇ، 1927 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيى بولۇپ، باھاۋۇدۇنباي شۇ يىلى 77 ياشتا ئىدى.

* * *

ئىكساق تىنچ، كىچىك كەنت ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى قويۇق ئۆرۈكلۈك، شاپتۇل، ئۈزۈملۈك باغ ئىچىگە سىڭىنغان كېسەك تاملىق ئاددىي ئۆيلەردە كىشىلەر خاتىرجەم ياشايتتى. كەنت مەركىزىدىكى مەسچىتتىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىمىن مەزىنىنىڭ مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بىلەن «ھوسەينىيە» دىكى بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازىلا كەنتنىڭ جىمجىتلىقىنى ئاندا ـ ساندا بۇزۇپ تۇراتتى. بەزى ـ بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ياپيېشىل قوناقلىقتىن ئاڭلىنىپ قالىدىغان ھەسرەتلىك ناخشا ئاۋازى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتەتتى ـ دە، جىمجىتلىق يەنە ئەسلىگە كېلەتتى. كۈنلەر بىر خىلدا، تىنچ ئۆتەتتى.

باھاۋۇدۇنباينىڭ كېلىشى بىلەن ئىكساقنىڭ زېرىكەرلىك جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. ئىكساقتىن قەشقەرگە، ئاستىن ئاتۇشقا، ئۇلۇغچات تاغلىرىغا تۇتاشقان يوللاردا ياسداق مەپىلەر، ئېسىل ئاتلارنىڭ قوڭغۇرىقى توختىماي جىرىڭلاشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

باھاۋۇدۇنباينىڭ ئېغىل، ھويلىلىرى، ئىشىك ئالدى مەيلەر، نەسىللىك ئاتلار بىلەن تولۇپ تۇراتتى. مېھمانلارنىڭ ئىچىدە مۇسا بايلارنىڭ قەشقەردىكى، يېقىن - يىراق ناھىيەلەردىكى ۋە چېگرا بويلىرىدىكى سودا ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ خادىملىرى، ئۇرۇغ - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى، ئەتراپتىكى يۇرتلارنىڭ ۋە قەشقەرنىڭ يۇرت چوڭلىرى، ئىلىم ئەھلى، ئۆلىمالار، داڭلىق تېۋىپلار بار ئىدى. كەلگۈچىلەر ئۈزاق ھايال بولمايتتى. بايمۇ ئۇلارنى ئارتۇقچە تۇتۇپ كەتمەيتتى، ساقلىقى يوقلىقى تۇپەيلى، ئۇلارنى ئۇزىتىپمۇ چىقمايتتى. پەقەت بىرلا قېتىم باھاۋۇدۇنباي بىر مېھماننى ساق بىر كۈن تۇتۇپ قالدى. ساھىبخانا بىلەن مېھمان ئىنتايىن بېرىلىپ قانداقتۇر ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشتى، سىردىشىپ، مۇڭدىشىشتى. ئاخىرىدا مېھماننىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئۇنى كوچا بېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مېھمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا خوشلاشتى. بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم مەشھۇر پېداگوك، ژۇرنالىست ھەم يالقۇنلۇق شائىر قۇتلۇق شەۋقى ئىدى.

باھاۋۇدۇنباي مەكتەپنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. سالامەتلىكى ياخشى بولۇپ قالغان كۈنلىرى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ۋاقتىدا، بەزىدە دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان چاغلاردا ھاسىغا تايىنىپ مەكتەپتە پەيدا بولاتتى. بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ، مۇئەللىملەرنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى خەت يازدۇرۇپ، خەتنى چىرايلىق، توغرا يازغان باللارنى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ، ماختاپ كېتەتتى. يېتىم - يېسىر، نامرات باللارنى كۆرگەندە ئىچ ئاغرىتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. بەزىلىرىگە ئۆزى يېنىدىن چىقىرىپ پۇل، كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بەرسە، بەزىلىرىگە جامائەت ئىسكىلاتى، «ۋاردات» ئارقىلىق ياردەم قىلاتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ھارۋىدا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ مەھەللىلەرنى، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلاپ، چوڭلاردىن كىملەرنىڭ ۋاپات بولغىنىنى، كىشىلەرنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالى، تىرىكچىلىك يوللىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى. كىم بىلەن كىمنىڭ قۇدا - باجا بولۇشقىنىنى، كىملەرنىڭ كۆكلەپ، كىملەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. تۇمقىنى قولىغا ئېلىپ، ئاق تاغقا ئوخشاش ئاقارغان بېشىنى سىلاپ، كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ سۆزلەيتتى:

— ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى ياقا يۇرتتا ئۆتتۈپتۇ، كۆپ ئەلنى كېزىپتىمەن، بايۋەچچە، باي، ھاجى ئاتىلىپ راھەت - پاراغەتتە، ئىززەت - ھۆرمەت ئىچىدە ياشاپتىمەن. لېكىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مۇشۇ ئالىقاندەك يەرنى ھېچيەرگە ئوخشاتمىدىم. ئاتىلىرىمىز سامان قالاپ ياققان ھەمەك نان، زاغرىلارنى، ئايالىرىمىز سالغان قۇيماقلارنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئاشۇ يۇرتلاردا يۈرۈپ ئاتۇشلۇقمەن. ئىكساقلىقمەن، دېگەن ئادەم كۆزۈمگە دادامدەك كۆرۈندى. چۈش كۆرسەم دائىم ئاق تاغنى چۈشىدىم، دائىم يۇرتۇمغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، دەپ پۇچۇلىنىپ يۈردۈم. ئەمدى ئويلاپ باقسام «ھۇسەيىنىيە» نىڭ ۋەزنى ئۆمۈرۋايەت تاپقان مال - دۇنيالىرىمىزنىڭ ۋەزنىدىن ئېغىر ئىكەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈزى «ھۇسەيىنىيە» بىلەن يورۇق بولىدىكەن. دادام رەھمەتلىكنىڭ بىر تەرىپىگە ھەززىتى ھەبىب ئەجەمنى، بىر تەرىپىگە «ھۇسەيىنىيە» نى ئېلىپ يېتىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن...

كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇردۇ، مۇشۇ قېتىم كەتسەم، ئاتۇشقا يەنە بىر كېلىش يوق ماڭا. شۇڭا ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيىتىم شۇ بالام: «ھۇسەيىنىيە» خاراب بولمىسۇن...

تۇرسۇن ئەپەندى باينىڭ سۆزلىرىنى ئۈن - تىنسىز

ئاڭلايتتى. ئۇ ۋەدە بەرمىگەن، چىرايلىق گەپلەرنى قىلمىغان بولسىمۇ، يۈز سۆڭەكلىرى قوپال، قارامتۇل كەلگەن بۇ ئەزىمەتنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئىپادىلەردىن باھاۋۇدىنباي غايەت زور ئىشەنچ ۋە تەسەللى تاپاتتى.

بىر كۈنى باھاۋۇدۇنباي بېغىدىكى ئۆرۈك چېچەكلىرى ئاستىغا قويۇلغان نەقىشلىك كات ئۈستىدە قوش ـ قوش دۇخاۋا تەكيەلەرگە يۆلىنىپ ئارام ئېلىپ ياتاتتى. ئىنىسىنىڭ كەنجى قىزى ئابىدەم ئۇنىڭغا كۈمۈش پەتنۇستا چاي ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈپ چاي ئوتلاۋاتقان بايدىن:

— تاغا، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ ئەتىدىن كەچكىچە قوشۇماڭنى تۈرۈپ خىيال قىلىدىكەنسەن، ئويلىغانلىرىڭنى بىزگىمۇ دەپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

13 ـ 14 ياشلارغا كىرگەن، ئۆڭى قولىدىكى كۈمۈشتەك سۈزۈك، قاش ـ كۆزلىرى سىزىپ قويغاندەك چىرايلىق جىيەن قىزىغا قاراپ باھاۋۇدۇنباي ئامراقلىق بىلەن كۈلدى:

— نېمىنى ئويلاتتىم، مېنىڭ ئابىدەم قىزىم نېمانچە چىرايلىقتۇ، خۇدايىم نېمىشقا بەزى ئادەملەرنى چىرايلىق، بەزى ئادەملەرنى سەت يارىتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— يالغانچى، تاغام دېگەن يالغانچى! — قىز نېپىز لەۋلىرىنى پۈرۈپ، دومسايغاندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— توختىغىنا قىزىم، ئاۋۇ باغۋەن تاغاڭنى قىچقىرىۋەتە بۇ يەرگە، — دېدى باي. قىز بىر قولىدا بېشىدىكى دوپپىسىنى تۇتۇپ، ئۇششاق ئۆرۈمە چاچلىرىنى سىلكىتىپ، ھويلا تەرەپكە يۈگۈردى. ھايال ئۆتمەيلا ساقاللىرى ئۇچىتەك ئاقارغان، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان باغۋەن كېلىپ، باينىڭ ئاياغ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇردى. باي سەل كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇۋدى:

— تۇردىكا، باغ بەك قۇرۇپ كېتىپتۇ، بىر سۇغىرىۋەتسەڭ

قانداق؟

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم هاجىم، شۇغىنىسى بىزنىڭ نۆۋىتىمىز تېخى كەلمىدى ئەمەسمۇ.

— بىرىپ سۇنى ئېچىۋەرگىن، بىر نىمە دىسە، باهاۋۇدۇن هاجىم شۇنداق دىدى، دە.

باغۋەن ئىككىنچى تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي باغدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ كەلدى. ئەمما دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بارماي تۇرۇپلا توختاپ قالدى. ئارقىدىنلا قىرى باغۋەنمۇ هاسىراپ ـ هۆمىدەپ يېتىپ كەلدى.

— مەن دىمىدىممۇ هاجىم، ئاۋۇت مىراب دىگەن زادى يۈزسىز نىمە، تاپقان دادىسىغىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ ئۇ. سۇنى ئېچىپ بولۇشۇمغا يۇقىرى تەرەپتىن قار ـ يامغۇر بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى. «ئېچىقنى ئەت! ئەت دىدىم ئەت!» دەپ كەتمەننى تەڭلەپ تۇردۇ ئۇ مۇناپىق. باهاۋۇدۇنباي ئاچ دىگەن، دىسەم، بۇ سىنىڭ بىيىگىنىڭ سۈيى ئەمەس، خەلقنىڭ سۈيى، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ نۆۋەتنى بۇرۇغلى بولمايدۇ، دەپ هەيۋە قىلىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن…

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان باينىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى. باغۋەننىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئابىدەم تاغىسىنىڭ ئەتىگەندىن بىرى تۇرۇكلۇك تۇرغان قوشۇمىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ هېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي بېشىنى چايقىدى. شۇنچە كاتتا باي تۇرۇپ، بىر سوكال مىرابقا سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەي، خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا كۈلۈۋاتىدۇ تېخى، دەپ ئەجەبلەندى.

ئەتىسى، جۈمە نامىزىدىن كېيىن باهاۋۇدۇنباي جامائەت ئالدىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئاۋۇت مىرابنى تەرىپلىدى. ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنى ئېيتىپ: «سۇ يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ سۈيى. مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئۇنىڭدا هەممە

ئادەمنىڭ ھەققى بار، ئەمما ئۇنى ھەر كىم قائىدە بويىچە، ئۆز نۆۋىتىدە ئېلىشى شەرت. قائىدە ـ يوسۇن بۇزۇلسا، كىشىلەر كۆڭلى پاراكەندىچىلىكتە قالىدۇ، ئەلدىن ئىنساب كۆتۈرۈلىدۇ. ئىنساب كۆتۈرۈلگەن ئەلدىن بەخت ـ سائادەت قاچىدۇ» دېدى. شۇ سورۇندا ئۆز قولى بىلەن ئاۋۇت مىرابقا تون كىيگۈزدى. بۇ ئىش، بۇ سۆز ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارالدى. ئاۋۇت مىرابمۇ ئىكساقتىكى مەشھۇر ئادەم بولۇپ قالدى.

قەشقەردىن ۋەلىخانباي كەلدى. ئۇ باھاۋۇدۇنباينىڭ قەشقەردىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىنىمۇ ئاشۇ ۋەلىخانباي باشقۇراتتى. ئۇ بۇ قېتىم خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەنىدى. ھىندىستاننىڭ شىنجاڭدىكى سودىگەر، جازانىخورلىرى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئەزەلدىن جۇڭگو تەرەپكە باج ـ سېلىق تاپشۇرمايتتى. پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بىلەن شەكىل ئۈچۈن ئاز ـ تولا رەسمىيەت بېجى تاپشۇرىدىغان بولغانىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بولسا ھىندىستاندىكى شىنجاڭلىق سودىگەرلەردىن ھەسسىلەپ باج ئېلىپلا قالماي، قەدەمدە بىر ئىشلىرىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. يېقىندا يەنە باجنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن يوللار بىلەن شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى ھىندىستانغا ئاپىرىپ تۆكمە قىلىپ سېتىپ، مۇسابايلارنىڭ ۋە باشقا شىنجاڭلىق سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى كاساتلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ۋەلىخانباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي بۇ ئىشلاردا ئەزەلدىن دوستانە ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسلىھەتىگە كېلىشتى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋەلىخانباي تۇرسۇن ئەپەندىنى

ئېلىپ قەشقەرگە باردى. چىنىباغدا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى ئۇلارنى دەبدەبىلىك، ئەمما قۇرۇق تەكەللۇپ سۆزلەر، ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراقلىق چېيى بىلەن كۈتۈۋالدى. سورۇندا كونسۇلخانىدا تۇرۇشلۇق ھىندىستانلىق مۇسۇلمان ئەمەلدارمۇ بار ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى راۋان ئىنگلىز تىلىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇسا بايلار ئىگىلىكىنىڭ ۋارىسى باھاۋۇدۇن مۇسابايې ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، كونسۇل جانابلىرى بىلەن ھىندىستان ئەمەلدارىنىڭ ئاغزى ئېچىپلا قالدى. ئۇلار ئاددىي ـ ساددا، سىپايە كۆرۈنىدىغان بۇ سەھرالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىشىنى ئەسلا كۈتمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش ۋە چۈشىنىش بىر قەدەم چوڭقۇرلىشىپ، سۆھبەت دوستانە تۈس ئالدى. ۋەلىخانباينىڭ پاكىتلىق، قائىدىلىك سۆزلىرى ئالدىدا كونسۇل جانابلىرى ئارتۇقچە بويۇن تولغاشنى راۋا كۆرمىدى. چۈنكى مۇسابايلار بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىمە ھەمكارلىقنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ، ھىندىستانلىقلارمۇ خالىمايتتى. گېللىئان ئەپەندى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش ۋە تۈزىتىشكە كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھىندىستانلىق مۇسۇلمان خىزمەتكار ئۇلارغا بىر پەتنۇستا قەن ـ گېزەك ھەم قەھۋە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار قەھۋە ئىچكەچ، راۋاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىدى. راۋاقنىڭ تۆۋىنى يول بولۇپ، يولدىن ئات ـ ئۇلاغ مىنگەن ئادەملەر، ھارۋا ـ مەپىلەر توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. يولنىڭ نېرىسى كەڭ كەتكەن ياپيېشىل ئېتىز، ئۇنىڭ نېرىسىدا قىزىل دەريا لەۋمۇ‌شۇپ ئاقاتتى. دەريا بويىدا بىر مۇنچە ئات، بەزىلىرى سۇ ئىچىپ، بەزىلىرى قىرغاقتا تۇرۇپ سۇ ئىچمەۋاتاتتى. قىپيالىڭاچ ئوغۇل باللار بۇ ئاتلارغا مىنىۋالغان بولۇپ، ياۋىداق ئاتلار ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى. ئاتلارنىڭ باش تەرىپىدە سۇ

ئېلىنغان تۇلۇم، سوغىلار ئارتىلغان ئېشەكلەر، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئوغۇل بالىلار ۋە چوڭ ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. دەريانىڭ قارشى تەرىپى بوياقچىلار مەھەللىسى بولسا كېرەك، ئۆگزىلەرگە يېيىلغان قىزىل رەختلەر يىراقتىن بەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. راۋاق ئاستىدىن تۇگمەنچىلەرنىڭ بۇرغا ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى ... بۇ تەرەپتە — كونسۇلخانا قورۇسى ئىچىدە ئاپپاق ئاقارتىلغان رەت - رەت ئۆيلەر، گۇللۇكلەر، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر، توپ مەيدانى خۇددى كەڭ يېيىلغان سۇرەتتەك كۆرۈنەتتى. مەيداندا پۇتبول ئويناۋاتقان ئاق تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك كىشىلەر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ قارىدى. ئۇلار ھەممىسى دېگۇدەك ئېگىز بوي، قاۋۇل يىگىتلەر ئىدى، ماھارىتىمۇ خېلى ئۇستۇندەك قىلاتتى.

گېلليئان ئەپەندى تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— بۇ ئويۇنغا قىزىقىۋاتسىزغۇ دەيمەن، ئەپەندى؟

ۋەلىخانباي ئۇنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى:

— كونسۇل جانابلىرى، بۇلارنىڭ يۇرتىدىمۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەنگەن پۇتبول كوماندىسى بار. مۇشۇ ئەپەندىم ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى، مېنىڭچە، ئۇ سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز بىلەن مۇسابىقىلىشىشنى ئويلاۋاتىدىغۇ دەيمەن.

كونسۇل بىردىنلا قىزىقىپ قالدى. ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ بۇ يەردىكى قانداقتۇر دېھقان پۇتبولچىلار توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇنى بۈيۈك برىتانىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر غەلىبىسىنى نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ ئويلىدى.

— راستمۇ؟ ناھايىتى ياخشى، بۇ قالتىس ياخشى گەپ بولدى. مەن سىلەرنىڭ كوماندائلار توغرىسىدا ئىلگىرى

ئاڭلىغان. بىز مۇسابىقە ئوينايلى. ئەمەلىيەتتە قەشقەردە ياۋروپالىقلارنىڭ ئىككى كوماندىسى بار. بىرى ئەنگلىيەنىڭ، يەنە بىرى شۋېتسىيەلىكلەرنىڭ. مېنىڭچە، ئۇلارمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدۇ…

شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردەمچى كونسۇلى شېرىف ئەپەندى بىلەن شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئاندىسىن ئەپەندى ئىكساققا كەلدى. ئۇلار ئىكساقلىقلارنىڭ يەرلىك توپلىرىنى، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىدا توپ تېپىپ ئوينىغان مۇسابىقىلىرىنى قىزىقىپ كۆردى. ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى بىلەن مۇسابىقە 20 ـ، 21 ـ مايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە قەشقەر، ئاتۇش دائىرىسىگە تارالدى. كۆپ قىسىم كىشى ئۈچۈن بۇ بىر كۈتۈلمىگەن خەۋەر بولدى.

— ئىنگلىزلار دېگەن كىم؟ بىزكىم؟ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۇلارنىڭ بىر پەشۋاسىغىمۇ يارىماس…

— ئىنگلىز ـ شۋېتلاربىلەن پۇتبولدا مۇسابىقىلىشىمەن، دېيىش ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتقانلىق بولماي نېمە!

— ئىكساق پۇتبولچىلىرىمۇ بوش ئەمەس، ئۇلارنىڭ قانداق ئوينىغىنىنى مانا مەن كۆرگەن!

كىشىلەر شۇنداق دېيىشىپ، ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ ـ تىللىشىپ، كاللا ـ قاپاق يېرىشقانلارمۇ بولدى.

قەشقەردىكى ئۆمەر باي قاتارلىقلار باھاۋۇدۇنبايغا دۇئايى سالام يوللاپ «دېھقانلارنىڭ ئىنگلىز ـ شۋېتلار بىلەن مۇسابىقىلەشمەكچى بولغىنى ئەخمىقانە ئىش ئەمەسمۇ، ئۇلارنى يېڭىشقۇ مۇمكىن ئەمەس، يېڭۇلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ

چىشىغا تېگىپ قويساق، ئىككى ئوتتۇرىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتكە دەز كەتمەمدۇ، ئالدى بىلەن جانابلىرىنىڭ سودا ئىشىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتمەمدۇ. جانابلىرىنىڭ بۇ ئىشنى دەرھال توسۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېيىشتى. قەشقەر دوتيىي ماشاۋۇمۇ باھاۋۇدۇنبايغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئەل كۆڭلىگە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان، چەت ئەل دائىرىلىرى بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزىدىغان»بۇنداق «مۇسابىقە» دىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، باھاۋۇدۇنباينىڭ بۇ ئىشنى ئاقىلانىلىك بىلەن توسۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، باھاۋۇدۇنباي بولسا:

«بۇ ئاددىي، دوستانە مۇسابىقە، ئۇنىڭدا باشقىچە مەقسەت، مۇددىئا يوق، يەنە كېلىپ كونسۇل جانابلىرى ئۆزى خالىغان، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، بېكىتىپ بولغان ئىش. ئۇنى ئۆز ئالدىمىزغا ئەمەلدىن قالدۇرساق مۇۋاپىق بولماس. پېقىر ھەرقايسىلىرىنىڭ قارشى تەرەپ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، قايتا يولىيورۇق بېرىشلىرىنى كۈتىمەن» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىر كۈنى، شەھەر كاتتىلىرى ھەم چەت ئەل كونسۇللىرى داخىل بولغان بىر سورۇندا، ئۆمەر بايلار گەپ ئېچىشقا پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشقاندا، گېللىئان ئەپەندى كونسۇلخانىدىكىلەر بىلەن شېۋېتسىيەلىكلەرنىڭ ئېكىساقلىق دېھقانلار بىلەن پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپ قالدى. بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى دومپىس ئەپەندى دەرھال قىزغىن قوللىدى ۋە دوتەي جانابلىرى بىلەن شەھەر چوڭلىرىنىڭمۇ بۇ ئىشنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوتەي ماشاۋۇ شۇ يەردىلا:

— ياخشى، بۇ بىر رەسمىي مۇسابىقە بولسۇن. بىزنىڭ دېھقانلار كوماندىسىنى «جۇڭگو كوماندىسى» لا دەيلى، لېكىن

www.uyghurkitap.com

ئۇلار يېڭىلىپ قالسىمۇ كېرەك يوق. كىم ئۇلارنى يېرىنى تېرىماي توپ ئوينىسۇن دەپتۇ! ـــ دېيىشىدى، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كاتتىلار بۇ «خەلقئارالىق پۇتبول مۇسابىقىسى» نى قانداق قىلىپ ياخشى ئۆتكۈزۈشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشتى. شۇ سورۇندا ئولتۇرۇغان ھوشۇر ھاجى سەمەن يولىدىكى بىدىلىكىنى توپ مەيدانى قىلىشقا بەردى. يەنە بىر باي ۋاراتا ياستىپ بەرمەكچى بولدى. مۇسابىقە توغرىسىدا ئېلانلار چاپلىنىپ، كوچىغا جاكارچىلار چىقىرىلىدىغان بولدى. مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلار باشلامچىلىق بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ مۇسابىقە توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار پەسكويىغا چۈشۈپ، ھەممە ئادەم مۇسابىقە بولىدىغان كۈنلەرگە ئىنتىزار بولۇشتى، پەقەت ھەمراباي شەھەردىكى ئۆيدە ئەتىدىن كەچكىچە كوتۇلداپ يۈرەتتى. يۈرتىدىكى «توپا توزۇتۇپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن تۆت ـ بەش قەلەندەر» نى تىللىغىنى تىللىغاندى. بىر كۈنى مەرىگۈل چىداپ تۇرالماي ئېغىز ئاچتى:

ـــ يېڭەلەمتىكى، يېڭەلمەيدۇ ئۇ خەق!

ـــ ناۋادا يېڭىۋالسىچۇ... ؟

ـــ راستلا يېڭىۋالساق قانداق قىلىسەن؟

قىزىنىڭ جاھىللىقىغا قاراپ ھەمراباي ئىچىدە «قىز بالا بولسىمۇ مېنى دورىغان دە، ئىسىت، ئوغۇل بالا بوپقالسىچۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. قىزىنىڭ بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ، قاپقارا قاشلىرىنى ھىمىرىپ تۇرغان تۇرقىغا مەستلىكى كېلىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:

ـــ ناھايىتى كەلسە ناغرا ـ سۇناي چالدۇرۇپ بېرەرمەن شۇ.

ـــ ئاران شۇنچىلىكما؟ ـــ دېدى قىز ياراتمىغاندەك لەۋلىرىنى ئۇمچەيتىپ.

ـــ ھە، بوپتۇ، ئاۋۇ ئېغىلدىكى ئېرىكنى سويۇپ مېھمان

قىلارمەن ئەمىسە، — شۇنداق دەۋېتىپ، بىردىنلا قىزىغا بەك بالدۇر ۋەدە قىلىپ قويغىنىنى سېزىپ، دەرھال قاپىقىنى تۈرۈۋالدى، — قېنى، ۋاقتى كەلسۇن، ھازىرچە كىمنىڭ ئۇتۇشىنى بىر ئاللا بىلىدۇ…

*　　　*　　　*

مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تاغلار يارالغاندىن تارتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان تۈمەن دەرياسى نېمە ئىشلارنى كۆرمىگەن - ھە! ئۇ ئۆز ۋادىسىدا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھەممە خۇشاللىق ۋە غەم - قايغۇلىرىنى، سېغىز توپىلىق يارلىق ئۈستىدىكى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن توپىرەڭ ئۆيلەرنىڭ قايسىبىرى قاچان سېلىنغىنىنى، قىيپىيالڭاچ بولۇۋېلىپ، ئۆز باغرىدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ ئوينايدىغان ئوغۇل باللارنىڭ قاچان چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىپ، قېرىپ تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگىنىنى؛ نى - نى ھەشەمەتلىك ئوردا - قەسىرلەرنىڭ قاچان بىنا بولۇپ، قاچانلاردا كۈلگە ئايلانغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە شەھەرنى ئەجدىھادەك ئوراپ تۇرغان ئېگىز، قېلىن سېپىلنىڭ قانچە قېتىم ۋەيران بولۇپ، قانچە قېتىم قايتا سوقۇلغىنىنى، سېپىلغا تىرىك كۆمۈلگەن ئادەملەرنى كۆرگەن. ئەجدىھانىڭ ئېغىزىدەك سۈرلۈك دەرۋازىلارغا قاتار ئېسىلغان ئادەم باشلىرىنى كۆرگەن. سېپىل دەرۋازىلىرىدىن توختىماي كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان بايلار ۋە نامراتلارنى، دېھقانلار، ئىشلەمچىلەرنى، سودىگەر، بەگزادىلەرنى، كېيىملىرىگە يىراق يۇرتلارنىڭ توپىسى سىڭگەن سەيياھ - جاھانكەزدىلەرنى ھەم كۆپ كۆرگەن، ئەمما ئۇ بۈگۈنكىدەك ھەممە ئادەمنىڭ شەھەر سىرتىغا قاراپ سۈدەك ئاققىنىنى كۆرمىگەن.

راست، بۈگۈن قەشقەرلىكلەرگە نېمە بولدى - ھە؟ ئەتىگەندىن

www.uyghurkitap.com

تارتىپلا قەشقەر تەۋرەپ كەتكەندى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا توپنىڭ، مۇسابىقىنىڭ گېپى. ئاشخانا ـ ناۋايخانىلار، دۇكانلار تاقالدى. ئادەم بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان كوچىلار چۆلدەرەپ قالدى. شەھەرئەتراپىدىكى ئۇچما راۋاندىن يارباغ دەرۋازىسىغىچە، بەشكېرەمدىن تۆشۈك دەرۋازىغىچە، ناچۇق ئۆستەڭ بويلىرىدىن قۇمدەرۋازىغىچە بولغان يوللاردا ئات ـ ئېشەكلىك، ھارۋىلىك، پىيادە ئادەملەر مۇسابىقە بولىدىغان سەمەن يولىغا قاراپ ئاقماقتا.

مۇسابىقە بولغان بېدىلىكتە كىشىلەر ئاق ھاك چېچىپ بەلگە قىلىنغان «مەيدان» نى چۆرىدەپ يىغىلىشقانىدى. مەيداننىڭ باش تەرىپىدە ھەمراھاي ئەكەلدۇرگەن ناغرا ـ سۇنايچىلار ئەتىگەندىن تارتىپلا توختىماي شوخ ئاھاڭلارنى چېلىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلماقتا، ھاياجانلاندۇرماقتا. مەيداننىڭ «تۆر» تەرىپىگە دوتەي، شەھەر چوڭلىرى، چەت ئەل كونسۇللىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ياغاچ ئورۇندۇقلار ياسالغان، ئاددىي پۇقرالار ـ سەللىلىك، دوپپىلىق، تۇماقلىق كىشىلەر، ئۇششاق بالىلار ئاللىقاچان ئالدىنقى ئورۇنلارنى ئىگىلەپ، چاپان ـ چارا، كىگىزلەرنى سېلىپ، بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى. مەيداننىڭ سەل نېرىسىغا ئۇششاق يايمىچىلار، غالتەكچىلەر، دوغاپچىلار، سامسىپەز ـ مانتىپەز، ئۆپكە ـ ھېسىپچىلار، گازىر ـ پۇرچاقچى، لەڭپۇڭچىلار جايلىشىپ، ئاۋات بازار شەكىللەندۇرگەنىدى. ئۇششاق بالىلار بىلەن چوڭراق بالىلار بازار بىلەن مەيدان ئوتتۇرىسىدا توختىماي چېپىشىپ، ئۈنى ـ بۇنى سېتىۋېلىپ يېيىشەتتى ياكى قوغلىشىپ ھەر خىل شوخلۇقلارنى قىلاتتى. ئۇلار بۇگۈن خۇددى ھېيت بولغاندەك خۇشال ئىدى.

مەيداننىڭ بىر چېتىدە تۇنۇگۈن ئاتۇشتىن پىيادە مېڭىپ كەلگەن ئىكىساقلىق توپچىلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن

بىرەر يۈزدەك ئادەم دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلارنى باھاۋۇدۇنباي بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى مەكتەپتىكىلەر ۋە دېھقانلار ئارىسىدىن ئىنچىكىلەپ تاللىدى. بۇ جەرياندا قايسىسىنى تاللاپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي خىجالەتچىلىكتىمۇ قالدى. بىز دېگەن ھاشىم بالىخاننىڭ شاگىرتلىرى تۇرساق، مۇنداق مۇسابىقىگە بىز چۈشمەي كىم چۈشىدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان ئاپپاق ساقاللىق ئىككى بوۋاينى ئامالسىز زاپاس توپچىلار قاتارىغا قوشۇپمۇ قويۇشتى. ئالدىنقى كۈنى توپچىلار يولغا چىقىدىغان چاغدا، باھاۋۇدۇنباي باشچىلىقىدا يۇرت خەلقى قومۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇلارنى ئۇزاتتى. پۇتبول دېسە، جېنىنى بېرىدىغان بىر توپ ئادەم يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي، ئۇلارغا ئەگىشىپ قەشقەرگىچە كەلدى. توپچىلار بىر كېچە قونغان خانلىق مەدرىسەدە بۇ سەپ تېخىمۇ زورايدى. شۇ تاپتا مۇشۇ مەيداندا ئولتۇرغان شۇنچىۋالا جامائەتمۇ توپچىلارغا چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئۈمىد ئىچىدە تەلپۈنۈۋاتىدۇ. ئاشپەز ـ ناۋايلار ئوخشىتىپ ئەتكەن تاماقلىرى، كۆڭۈل قويۇپ ياققان نانلىرى بىلەن ئۇلارنى بېقىۋاتىدۇ. دوغاپچىلار: «يۈرىكىڭلارنى سەگىتىپ، جېنىڭلارنى ياشارتىدىغان دوغاپ بۇ» دېيىشىپ، يوغان چىنىلەردە دوغاپ ئېلىپ كېلىپ بېرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ تۇرسۇن ئەپەندى ئويلىغانچە ئۆزىنى بىر تاغ يۆدىۋالغاندەك سېزەتتى. بەزىدە ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قالاتتى. لېكىن، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى توق، ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئاشۇ بىر ـ بىرىدىن قاۋۇل، چەبدەس يىگىتلەرگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ خېلى كۆپىگە قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، خەتنى توغرا ھەم چىرايلىق يېزىشنى ئۆگەتكەن. پۇتبول دېگەننى جۇرئىتى بار ئوغۇل بالا ئوينايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى — ئاۋۇ چاقماقتەك

www.uyghurkitap.com

چەبدەس كىرەم كىچىكنى، قاراقاش، قارا كۆز قاڭشارلىق، ئېگىز بوي ئەنۋەرنى، بەستلىك، چىرايى قىزىل، سېرىق ساقال ئىبراھىمنى، يوغان ـ يورپا، قاۋۇل، ئەمما، كىچىك بالىدەك ساددا غۇپۇرنى، ياۋاش، ئەمما پەملىك بېشىراخۇننى، مۇسا پالۋاننىڭ ئىنىلىرى پالۋان قامەت تۇرسۇن قاري بىلەن ئەمەت قارىيلارنى··· بەك چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ھەربىرىنىڭ مىجەزىنى، توپنى قانداق تېپىدىغانلىقىنى، ئارتۇق ـ كەم تەرەپلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى. قارىماققا ياۋاش، جىمغۇر كۆرۈنىدىغان بىر بالىنىڭ كۈتمىگەندە كارامەت ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى ھەم بىلەتتى. بىر ئايدىن بۇيانقى جاپالىق مەشىق داۋامىدا ئۇلارنىڭ ھەربىرى خېلىلا ئورۇقلاپ، چىرايلىرى قارىداپ قالغان بولسىمۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ۋۇجۇدىدىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مانا ئۇلار شۇ تاپتىمۇ:

*ئارقاداشلار توپلىنايلى، جەھلىن ئوينى بوزغىلى،*
*ئەل كۆزىدىن ئالغان قاراڭغۇ پەردىلەرنى يىرتقىلى.*
*ئىنقىلازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئىلىمدۇر،*
*بىزلەرنىمۇ دەل بۈگۈن ھەم بىلىم ئۆزى قۇتقۇزۇر.*

دېگەندەك ناخشىلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئۇلاپ ئوقۇپ، مەيداننى لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ـــ مەيداننىڭ سىرتىدا ھەممىسى بىر خىل ئاق رەڭلىك تەنھەرىكەت كىيىمى، پۇتبول ئايىغى كىيگەن ئېگىز بوي، سېرىق چاچ، كۆك كۆز كەلگەن ئىنگلىزلار ۋە ھىندىستانلىقلاردىن تەركىب تاپقان «ئەنگلىيە كوماندىسى» دىكىلەر توپلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىمۇ بىرەر يۈز ئادەم ـ كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى، شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى ھەم

دوختۇرخانا خادىملىرى ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر ئورنىۋالغانىدى.

كېيىنى ـ كېيىندىن كەلگەن ھەشەمەتلىك مەپىلەردە دوتەي ۋە شەھەر بەگلىرى، قازىكالان، ئۆلىمالار ۋە كاتتا، زەردارباياي يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا رۇسچە ۋە ئىنگلىزچە پەيتۇندا ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى خانىملىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەيدان ئەتراپى سانجاق ـ سانجاق ئادەم بىلەن تولۇپ، يىڭنە سىغقۇدەك يەر قالمىغان، ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى، دەرەخ شاخلىرىغىمۇ ئادەملەر چىقىۋالغانىدى. ئىككى كونسۇل خادىمى دوتەينىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتى. دوتەي ئىككى تەرەپتىكىلەر بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ باش لىڭشىتتى. ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىز بوي، ئاۋاق تىلماچ بىلەن مەيداننىڭ ئوتتۇرىغىراق كېلىپ سۆزىنى باشلىدى. بۈگۈنكى قەشقەر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا خەلقئارالىق مۇسابىقىنىڭ جۇڭگو ـ ئەنگلىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بەلگە تېشى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ توپچىلىرىغا ئامەت تىلىدى. ئارقىدىنلا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى سۆز قىلىپ ئالاھىدە بىر خىل ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى ئىچىدە، بۈگۈنكى شۇنچە كۆپ، شۇنچە قىزغىن تاماشىبىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پۇتبول يۇرتى بولغان ئەنگلىيەلىك ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ مۇسابىقىدە «ئەنگلىيە كوماندىسى» نىڭ ماھارىتى ھەم جاسارىتىگە، كۈچۈلۈكىدەك نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «جۇڭگو كوماندىسى» توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن تەسىرلىك تەرەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغىمۇ ئامەت تىلىدى. ئاخىرىدا يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزدا: «ئەگەر جۇڭگو تەرەپ ئۇتتۇۋالسا، بىز ئۇلارغا كۈمۈش ئېگەر ـ جابدۇقلۇق بىر جۈپ ئارغىماق بېرىشكە ۋەدە قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

بىز ئۇتتۇۋالساق، جۇڭگو تەرەپ بىزگە نېمە بېرىدىكەن؟» دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى. چەت ئەللىكلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. تۇرسۇن ئەپەندى تىلماچىنىڭ تەرجىمە قىلىپ بولۇشىنى ساقلىمايلا، يۇقىرى ئاۋازدا:

— بىز بىرگە ئىككىنى بېرىشكە تەييار! — دەپ جاۋاب بەردى. تىلماچ كونسۇلنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندا، تاماشىبىنلار باركاللا ئېيتىشىپ، چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى.

مۇسابىقە باشلاندى. ئىككى كوماندا ناغرا - سۇناي، ئالقىش ساداسى ئىچىدە مەيدانغا كىرىپ كەلدى. بۇ بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى كوماندا ئىدى. ئاق كىيىملىك «ئەنگلىيە كوماندىسى» ياردەمچى كونسۇل شىرىف ئەپەندى، كونسۇلخانا دوختۇرى، ئۇزاقتىن بېرى كونسۇلخانىدا تۇرۇۋاتقان مۇخبىر ھەم ساياھەتچى شاپ بۇرۇت مېچىل ئەپەندى، ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ لېيتېنانتى گرېگسېن، ئىككى نەپەر ياش جۇغراپىيەشۇناس ۋە ھىندىستانلىق ئۈچ خادىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن غالىبلىق، ھەتتا مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن يىراق، جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى سەھرالىقلارنىڭ ئۇلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بولغىنى كۈلكىلىك بىر ئىش ئەمەسمۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى چېنىققان شىرىف ئەپەندى بىر مەزگىل لوندوندىكى پۇتبول كۇلۇبلىرىدا توپ تەپكەن، پۇتبولغا ئائىت ئوبزورلارنى يازغان مېچىل ئەپەندى، تاغقا چىقىش ماھىرى گرېگسېنلار تۇرسا، خەيرىيەت، بۇ مۇسابىقە ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق يەڭگىل كۆڭۈل ئېچىش بولۇپ قالغۇسى. ماۋۇ يىرىم ياۋايى ئادەملەر ئۈچۈن بولسا، ھەقىقىي مۇسابىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىدىغان بىر پۇرسەت، پۇرسەت بولغاندىمۇ، ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم ئېرىشەلمەيدىغان تېپىلغۇسىز پۇرسەت.

ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر بېشىغا ئاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق ماتا كۆڭلەك كىيگەن، بەللىرىگە بەلباغ باغلىغان، پۇتلىرىدىكى مەسە - كالاچلىرىنى چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، خىلمۇخىل شوينىدا باغلىۋېلىشقانىدى. ئەمما دىققەت بىلەن كۆزەتكەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەستايىدىللىقنى، مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان «ياۋايى كۈچ» ۋە يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك قەيسەرلىكنى ھېس قىلاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقلىق رىپىرىنىڭ پۇشتەك چېلىپ بەلگە بېرىشى بىلەنلا، ساقاللىق ئىنگلىز دوختۇر توپنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا قارىتىپ تەپتى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىدىن كەلگەنلەر بىلەن «يېرىم ياۋايى» لار ئوتتۇرىسىدىكى ئىس - تۈتەكسىز كۈرەش باشلىنىپ كەتتى.

مۇسابىقىنىڭ دەسلەپكى پەيتلىرىدە، ئىككى تەرەپ كوماندا ئەزالىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.

ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە مەيداندىكى ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى، ئىكساقلىقلار بولسا ھە دېگەندىلا تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتى. ناتونۇش، كۈچلۈك رەقىب، تۈمەنلىگەن تاماشىبىننىڭ دېڭىز شاۋقۇنىدەك چۇقان - سۈرەنلىرى ئۆمرىدە بۇنداق كاتتا سورۇننى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ساددا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە كاشىلا قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ تەمتىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەنگلىيەلىكلەر چەبدەسلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ھەدېگەندىلا ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. بۇ ھالەت يەنە بىر پەس داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ غەلىبە ئاساسىنى قۇرۇۋېلىشىدا گەپ يوق ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، مەيداننىڭ بىر چېتىدىن بوراندەك غەزەپلىك ئاۋاز ياڭرىدى. ھەممە ئادەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ

قاراشتى. ئىنگلىز زاپاس كوماندا ئەزالىرى ئارىسىدا ئولتۇرغان ئاپپاق ساقاللىق، تەمبەل بىر بوۋاي ساقاللىرىنى تىترىتىپ: «…ئوينىيالمىساڭ چۈشە مەيداندىن! ھەرقايسىڭ توپنى تالاشماي، ساماغا چۈشتۈڭمۇ مەيدانغا؟!» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ ئىنگلىز ئەڭ دەسلەپكى توپچىلىرىدىن بىرى بولغان نامان ئاكا ئىدى. نامان ئاكىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ۋە ئاپپاق ساقىلى كوماندا ئەزالىرىنى سەگىتتى. كېرەم كىچىك ئىختىيارسىز بوۋايغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ بىردىنلا پۇت - قولىنىڭ كۈچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەنگلىيەلىكلەر چەبدەسلىك بىلەن پاسلىشىپ ئېلىپ كېتىۋاتقان توپنى بۇركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۈزۈپ ئالدى…

— بارىكاللا! ئوغال بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ مانا.

— ئاتاڭغا رەھمەت! — دەپ توۋلىشاتتى ئەتراپتىكىلەر.

كېرەم توپنى توختىتىپ، كوماندا ئەزالىرىغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن، ھۇجۇمچى ئورنىدا تۇرغان ئەنۋەرنى كۆردى - دە، «ئالە ئەنۋەر!» دېگىنىچە توپنى كۈچەپ تەپتى. ئالللقاچان توپنى كۈتۈپ تۇرغان ئەنۋەر توپنى مەيدىسىگە شۇنداق چىرايلىق ئېلىپ توختاتتىكى، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ چىرايىدىمۇ ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. مەيدان سىرتىدىكىلەر ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، گۇرۇلدىشىپ كەتتى.

ئەنۋەر بۇرۇلۇپ ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا قاراپ شامالدەك تېز يۈگۈردى. مۇداپىئەچىلەرنى كەينىگە تاشلاپ، ئالدىغا كەلگەن بىر ئىنگلىز بىلەن ھىندىستانلىقنى ماھىرلىق بىلەن ئالداپ ئۆتۈپ، توپنى ۋاراتاغا قارىتىپ كۈچەپ تەپتى. پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ تۇرغان ئەنگلىيە ۋاراتارى توپنى سالماقلىق بىلەن تۇتۇۋالدى. ئەمما بۇ بىر توپ ئىنگلىز كوماندىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئىلھامبەخش ھۇجۇم سىگنالى بولۇپ قالدى. مۇسابىقە بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. ئەنگلىيە

كوماندىسىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق قاملاشقان ھۇجۇمىمۇ كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ، چۇقان كۆتۈرگۈزۈۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ جان - پىدالىق بىلەن ئېلىشىشى پۈتكۈل مەيداننى مىسلىسىز جىددىيلىك ئىچىگە ئېلىپ كىردى. مەيداننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىككىساق كوماندىسىنىڭ ئىپادىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى جىددىيچىلىك ۋە يۈرەكسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئاستا - ئاستا مۇسابىقىگە كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنگلىيە كوماندىسىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ «يېرىم ياۋايى» لارنى بوش چاغلاپ قويغانلىقىنى سېزىپ، ئەسلىدىكى ھاكاۋۇرلۇقىنى تاشلاپ، توپنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويناشقا باشلىغانىدى.

ئىككىساق كوماندىسى كەينى - كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئەنگلىيە كوماندىسىنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ كېرەم توپچى بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قادالغان خەنجەردەك توختىماي زەربە بېرەتتى. مۇسابىقىنىڭ ئىككىساقلىقلارغا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار بولسا، خۇددى بۇ ئالەمدىكى ئاجايىپ كارامەتلىك مۆجىزىنىڭ شاھىتىدەك ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا چۇقان - سۈرەن سېلىشاتتى.

بۇ ھال ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇمچىسى بولغان لېيتېنانت گرېگسېننى قاتتىق تېرىكتۈردى. نېمە ئىش بۇ، ماۋۇ يالىڭاياغلار خۇددى خۇداسىدىن مەدەت ئالغاندەك كۆچىيىپ كېتىپ بارىدىغۇ. مەيلى، ئۇلارغا كىمنىڭ مەدەت بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز يېڭىشىمىز كېرەك. بۇ ياۋايىلارنىڭ بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەڭداشسىز ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرۈشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇلار يىرتقۇچ يولۋاس بولغان تەقدىردىمۇ، قامچا بىلەن باش ئەگدۈرۈش كېرەك! دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۇيلىغانسېرى غەزەپلىنىشكە، ئەسەبىيلىشىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيە تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا قاراپ توپنى ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارغان بىشىر ئاخۇنغا قاراپ ئېتىلغان قوڭۇر تەنلىك بىر بېك بىشىر ئاخۇننىڭ ئوشۇقىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تەپتى. بۇنداق يولسىز ھۇجۇمغا تەييارلىقسىز تۇرغان بىشىر ئاخۇن ئاغرىققا چىدىماي، يەردە يۇمىلاپ كەتتى.

— ياخشى! — دەپ ۋارقىرىدى لېيتېنانت، — ئۇلارنى مۇشۇنداق قوپالماس قىلىپ قويۇش كېرەك.

— نېمە قىلىق بۇ، شۇنداقمۇ نامەردلىك قىلغان بارمۇ؟!

— چىدىغانغا چىقارغان! چىدىماسلار ئوينىمىسۇن!

نارازىلىق سادالىرى مەيداننى بىر ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىن تەكلىپ قىلىنغان رېپىرى دەرھال پۇشتەك چېلىپ مۇسابىقىنى توختاتتى ۋە بېنگاللىق بېكنى ئاغزاكى ئاگاھلاندۇردى، توپنى ئېكىساق كوماندىسىغا ئىختىيارىي باشلاتقۇزدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئېكىساقلىقلار كەينى - كەينىدىن يىقىلغىلى تۇردى. تۇرسۇن ئەپەندى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكىنى سېزىپ، ئەزالىرىنى ھوشيار بولۇشقا چاقىردى. ئېكىساق كوماندىسىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىماقتا ئىدى.

ئەنگلىيە كوماندىسى ھۇجۇم قىلىپ، توپنى ئېكىساق تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونى ئەتراپىغا ئېلىپ كەلدى. ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كەلگەن مىچىل ئەپەندى توپنى ئېلىشىغا، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ «ئىلتىپاتى» دىن تولا بەھرىمەن بولۇپ، ئىچى قايناپ تۇرغان ئەمەت قارىي يۈگۈرۈپ بېرىپ، مىچىل ئەپەندىنى دولىسى بىلەن كېلىشتۇرۇپ ئۈستى.

ئېگىز بوي مىچىل ئەپەندى دەرەختەك ئۆرۈلۈپ، يەردە نەچچە

يۇمىلاپ كەتتى. رېپىر دەرھال پۇشتەك چېلىپ، ئەنگلىيە كوماندىسىغا ئىختىيارىي توپ باشلاتقۇزدى. ئىكىساق كوماندا ئەزالىرى بۇنىڭغا نارازى بولدى، تۇشمۇتۇشتىن رېپىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بۇنى قائىدىگە خىلاپ ھەرىكەت ئەمەس، دەپ تالىشىشتى.

ئەنگلىيەلىكلەر بولسا، تېز سۈرئەتتە توپنى باشلاپ، قارشى تەرەپنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋاراتاغا قارىتىپ توپ تەپتى. پۈتۈن دىققىتىنى مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى تالاش ـ تارتىشقا قارىتىپ تۇرغان ۋاراتار مۇھەممەت توپنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مەيداندىكى تاماشىبىنلار بۇ تۇيۇقسىز ئەھۋالدىن ھودۇقۇپ، ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. رېپىرى بولسا ئىككىلەنمەي، كىرگەن توپنىڭ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئوتتۇرا مەيداندىن توپ باشلاشنى ئۇقتۇردى.

گېللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمى باشچىلىقىدىكى كونسۇلخانا خادىمىرى، شۋېتسىيەلىكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلىشتى. تاماشىبىنلار بوراندەك گۈركىرەپ ۋارقىراشتى:

— ناھەق بولدى، ناھەق!

— ھۆ نامەردلەر، خوتۇن كىشىدىن ئۆششۇق نېمىلەركەن بۇ!

— يالغانلىقىمىز چىنىپ قالمىسۇن، دەپ قويۇۋالغان ساقاللىرىغا قاراڭلار، خالايىق!

بۇنچە كۆپ كىشى ئەزەلدىن بۇگۈنكىدەك بىر نىيەت، بىر مەقسەت ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ، چۇقان سېلىپ باقمىغان، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ سەكرەشمىگەنىدى. شۇ تاپتا مەيدان ئىچى بىلەن سىرتى بىرلىشىپ كەتكەنىدى. تاماشىبىنلارنىڭ يۈرىكى ئۆز توپچىلىرىنىڭ يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقاتتى. ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆركەشلەپ، دېڭىزدەك داۋالغۇيتتى.

www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقىلىق رېپىرى سائەتكە قارىدى - دە، ئىكىساق كوماندىسىدىكىلەر ئوتتۇرا مەيداندىن توپنى باشلىشى بىلەنلا، پۇشتەك چېلىپ، يېرىم مەيدان مۇسابىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى. تېزلىكتە بېرىپ توپنى قولىغا ئېلىپ، تۇرسۇن ئەپەندىگە ئەتراپتىكى چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلارنى ۋە غەزەپلىك چىرايلارنى كۆرسىتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

ئەنگلىيەلىكلەر مەيدان سىرتىغا سايىۋەن بېكىتىپ ئالاھىدە راسلانغان ئورۇنلارغا بېرىپ ئارام ئېلىشتى. شىۋېت دوختۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشاتتى، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئىچىملىك ئېلىپ كېلىپ بېرىپ، ھارغىنلىقىنى تۈگىتىشكە تىرىشاتتى.

ئىكىساقلىقلار بولسا، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا مەيدان ئوتتۇرىسىدا يۇملاق بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

— ھەممىمىز ماۋۇ خەلقنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى، — ئۇلار بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز، كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى. ئاشۇ ئەزىز خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇش بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. بۈگۈن بىزگە ئەجەل كەلگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇ مەيداندا رەقىبلىرىمىزنى يېڭىپ، يۇرت خەلقىنىڭ تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆلىمىز. قورقۇنچاقلىق قىلىشقا، چېكىنىشكە قەتئىي يول يوق. رەقىبىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك بولۇشىمىز كېرەك!

دەل شۇ چاغدا ئالمان ئىچىدىن بىر ئادەم توپنى يېرىپ، كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ مۇسابىقىنىڭ دەسلىپىدە ۋارقىراپ، ئىكىساقلىق توپچىلارنىڭ دىققىتىنى يىغقان، ئاپپاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان نامان توپچى ئىدى. ئۇ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ:

— بالىلىرىم، پالۋانلىرىم، مەن سىلەردىن رازى بولدۇم، خەلقىمىز سىلەردىن رازى بولدى. سىلەر جېنىڭلارنى تىكىپ قويۇپ ئوينىدىڭلار، ئاۋۇ هاكاۋۇر پەرەڭلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدۇڭلار، ئۇلۇغ ئاللا پۇت - قولۇڭلارغا يەنىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەي، سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي، خەلقىنىڭ ئالقىش - رەھمىتىدىن كۆكلەپ كەتكەيسىلەر ئىلاھىم، ئامىن! — دەپ دۇئا قىلدى. هاياجان ياشلىرى بوۋاينىڭ ئۇزۇن، ئاق ساقاللىرىغا ئېقىپ چۈشتى. بۇ چاغدا كوماندا ئەزالىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوتتەك يېنىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار ئەتراپقا قاراپ، بېدىلىككە يىغىلغان تۈمەنلىگەن خەلقنىڭ ئۆزلىرىگە تىككەن ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى كۆردى. بۇ كۆزلەر ئىچىدە يەتتە ياشلىق سەبىيلەرنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىمۇ، 70 ياشلىق بوۋايلارنىڭ نۇرى قاچقان كۆزلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ كۆزلەردىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى جان تىكىپ ئاقلىماي بولمايتتى.

رېپىرى مەيدانغا كىرىپ پۇشتەك چالدى. هەل قىلغۇچ جەڭ باشلاندى.

ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر خۇددى باشقىچىلا ئادەملەرگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇلار هېچنېمىدىن قورقمايتتى، نىشانغا قاراپ شىردەك ئېتىلاتتى، هەرىكەتلىرى شۇ قەدەر چاققان، چىرايلىق ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيە تەرەپ ۋاراتاسىغا توختىماي هۇجۇم قىلاتتى. هۇجۇملار خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىر - بىرىدىن شىددەتلىك، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېلەتتى. ئەمدى ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەر تەمتىرەپ قېلىشقان بولۇپ، ئۆز مەيدانىدا توپلىشىپ مۇداپىئەدىلا تۇراتتى. تېپەتتى، پۇتلايتتى، ئالدىغا ئۆتكەننى تارتىپ يىقىتاتتى. ئەمما ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر يىقىلسا، دەرهال قوپاتتى - دە، هېچ

ئىش بولمىغاندەك ئالغا يۈگۈرەيتتى، ئېتىلاتتى، يەنە يىقىلسا، يەنە تۇراتتى، يەنە يۈگۈرەيتتى، يىقىلغان يەردىن قوۋۋەت ئالغاندەك تېخىمۇ قەيسەر بولۇپ كېتەتتى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ چىرايىدا كۆرەڭلىكتىن ئەسەر قالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ھەيرانلىق، قورقۇش، ھەتتا ئاز ـ تولا قايىللىق ئىگىلىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى پەخرىدىن بەرگەن پاسنى ئالدى ـ دە، تېز سۈرئەت بىلەن قارشى تەرەپ كوماندىسىنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا ئېلىپ كىردى. ھىندىستانلىق ۋاراتار تۇرسۇن ئەپەندىنى نىشان قىلىپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقتى. قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى پەملىگەن تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى. ۋاراتار ئۆزىنى تۇتالماي، ئۆزىگە ئوخشاش مەقسەت بىلەن تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن سەپدىشى بىلەن قاتتىق سوقۇلۇشتى ۋە ھۆركىرەشكىنىچە يەردە يۇمىلاپ كېتىشتى. بۇنى كۆرگەن تۇرسۇن ئەپەندى توپنى ۋاتاراغا تەپمەستىن، يان سىزىقتىن تېپىپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، دەرھال بېرىپ ۋاراتارنى يۆلىدى. بۇ ئالىيجاناب ھەرىكەت پۈتكۈل مەيداننى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ھەتتا كونسۇل گېللىئان ئەپەندى بىلەن خانىمىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇرسۇن ئەپەندىگە قاراپ كۈچەپ چاۋاك چالدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ زاپاس ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. كونسۇلخانىنىڭ داۋالاش خادىملىرى دەرھال مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

بۇ كىچىككىنە ئۈزۈلۈش داۋامىدا گېللىئان ئەپەندى مەيداننىڭ چېتىگە كېلىپ، ئەنگلىيە كوماندىسىدىكىلەرگە: «بۇ مۇسابىقىدە بەلكىم ئۇتتۇرۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئىناۋەتنى ئۇتتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، ھازىر سىلەر بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە

تۇرۇۋاتىسىلەر. بىرىنچىلار، ئۇلارغا ھەقىقىي ئەنگلىيە مۇتىۋەرلىرىنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، پەرۋەردىگار سىلەرگە يار بولغاي» دېدى.

ئادەم ئالماشتۇرۇلۇپ، كەسكىن جەڭ يەنە باشلاندى. ئەمما بۇ قېتىم مەيداندىكى كەيپىيات تۈپتىن ئۆزگەرگەنىدى. ياپپېشىل بېدىلىكتە 22 ئەزىمەت باراۋەر ئورۇندا، كەمسىتىش ۋە كەمسىتىلىشتىن خالىي ھالدا غەلىبە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسابىقە ئىدى.

ئىكساق كوماندىسىدىكىلەر توپنى ھۇجۇم سېپىدە تۇرغان ئەنۋەرگە پاس بېرىشتى. ئەنۋەر توپنى ئەپچىللىك بىلەن كونترول قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئوقتەك تېز يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىنى توسقان ھۇجۇمچىلاردىن ئۇيان ـ بۇيان ئەگىپ، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ھەرقانچە قوغلاپمۇ ئەنۋەرگە يېتىشەلمىدى. ئۇ توپنى ئېلىپ ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا كىرىپلا، ئوڭ بۇرجەككە قارىتىپ مېڭىپ كۈچ بىلەن تەپتى، ۋاراتار توپنى توسۇپ بولغۇچە، توپ كىرىپ كەتتى. ناغرا ـ سۇناي ساداسى، قىيقاس ـ سۈرەن قاپلىغان مەيدان داۋالغۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەنتەنە قىلىشتى.

رېپىرى توپنى ئېلىپ ئوتتۇرا مەيداننى كۆرسەتتى، ئىككى تەرەپنىڭ نەتىجىسى بىردە بىر بولۇپ، تەڭلىشىپ قالغانىدى.

مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز مەيدانىغا قايتىپ، قەيسەرلىك بىلەن مۇداپىئەدە تۇرغاچقا، مۇسابىقە تىركىشىش باسقۇچىغا كىرىپ قالدى. ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە، رېپىرى توختىماي سائەتكە قارايتتى. تاماشىبىنلارنىڭ چىرايىدىن تاقەتسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ

توشۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكمۇ يوقىلىشقا باشلىغانىدى.

توپ ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ پۇتىدا بولۇپ، ئۇلار ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز مەيدانىدا پاس بېرىشىپ يۈرمەكتە ئىدى.

توپنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان كېرەم چاققانلىق بىلەن توپنى لېيتېنانت گىرېگسېننىڭ پۇتىدىن تارتىپ ئالدى ـ دە، ئەنگلىيە كوماندىسىنىڭ ۋاراتاسىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، كۆرۈپ تۇرغان ھەممە ئادەم ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدى. گىرېگسېن بولسا، ھازىرلا پۇتىدا تۇرغان توپنىڭ قانداق قىلىپ بۇ مۇشتۇمدەك بالىنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كېرەم ئاجايىپ چاققانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن قات ـ قات توساقلاردىن ئۆتۈپ ۋاراتانىڭ ئالدىدا كەلدى. ۋاراتار ئۆزىنى كېرەمنىڭ پۇتىدىكى توپقا ئاتتى. كېرەم بولسا سېھىرگەرلەردەك بىر ھەرىكەت بىلەن توپنى ۋاراتارنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ ئۆتتى ـ دە، بوش قالغان ۋاراتاغا قارىتىپ كۈچىنىڭ بارىچە تەپتى، توپ كىردى.

نەتىجە ئىككىدە بىر بولدى. مەيدان قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، كىشىلەر سەكرىشىۋاتقان، ۋارقىرىشىۋاتقان، تونۇشسۇن، تونۇشمىسۇن مەھكەم قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە، كونسۇل خانىمنىڭ چىداپ ئولتۇرالماي، پەيتۇنىغا چۈشۈپ، ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالغىنىنى كىشىلەر كۆرمەي قالدى.

رېپىرىنىڭ پۈشتەك چېلىپ مۇسابىقە ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىنىمۇ سەزمىگەن تاماشىبىنلار مەيدانغا سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان توپچىلىرىنى قاتمۇقات ئورىۋالدى. ھەممە ئادەم ئۇلارغا ئىككى ئېغىز يۈرەك

سۆزىنى ئېيتىۋېلىشنى ياكى بىرەرسىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى بولسىمۇ تۇتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كىشىلەر توپىنىڭ سىرتىدا ھەمرابايمۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. قىزارغان يۈزىدىكى تەرلىرىنى توختىماي سۈرتكەچ، كىشىلەر توپىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتمەكچى بولاتتى. سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەن ئادەملەر يول بەرمىگەندە بولسا، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بويىنىنى سوزۇپ ئىكساقلىق يۈرتداشلىرىنى ياكى ئۆزى دائىم تىللاپ، قارغاپ يۈرۈيدىغان كېرەم كىچىكنى، ياق، كېرەم توپچىنى كۆرۈۋالماقچى، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ، يوغان ئەركەك قوينى سويۇپ، مېھمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچى بولاتتى...

ئادەملەر توپى پىچاق بىلەن كەسكەندەك ئىككىگە ئايرىلىپ، يول ئېچىلدى. دوتەي باشلىق ئەمەلدارلار ۋە يۇرت چوڭلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىدىكىلەر توپچىلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ھەممىسىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن، خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىقتىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دومپىسى ئەپەندى «ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاھانگىرلىك ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى»نى تەبرىكلەپ ئىكساق كوماندىسىغا ئىككى پۇتبول تەقدىم قىلدى. توپلار ناھايىتى چىڭ بولۇپ، يېڭى، پارقىراپ تۇراتتى، خۇددى كېرەم بىلەن ئەنۋەرلەرنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى، يەنى 21 ـ مايدا ئىكساق پۇتبول كوماندىسى شىۋېتسىيەلىك دىن تارقاتقۇچىلار، دوختۇرخانا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى يەتتىدە بىر نەتىجە بىلەن يەڭدى.

مۇسابىقىدىن كېيىن مەغلۇپ بولغان خەلق ئىنقىلابى مەكتىپىنىڭ پۇتبولچىلارنى دولىسىدا كۆتۈرۈپ، شەھەر ئايلاندۇرۇپ، خانلىق مەدرىسەگىچە ئاپىرىپ قويدى.

توپچىلار ئەتىسىلا ئىنقىلابتىن قايتتى. باھاۋۇدۇنباي بىلەن يۇرت خەلقى ئۇلارنى چوڭ يولغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىنقىلابچىلار قەھرىمان توپچىلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بەردى. تويلار تويلارغا ئۇلىشىپ كەتتى. شۇ تويلارنىڭ بىرى كېرەم توپچى بىلەن مەرىگۇلنىڭ ئىدى.

ئادەم دېگەن قىزىق بولىدۇ. نامرات تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى كاتتا باينىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئېلىپ، باينىڭ ئەتىۋارلىق كۈيئوغلى بولۇپ قالغانىدى، ھېچكىم كېرەمنىڭ توپنى قالتىس ياخشى ئوينايدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى. بەلكى كېرەم كىچىكىنىڭ ئانىسىغا نەقەدەر كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى، كىچىك ۋاقىتلىرىدا چوڭ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى كۆپ ئالغىنىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ياخشىلىق ۋە دۇئالارنىڭ خاسىيىتىدە كۆكلەپ، بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشكىنىنى سۆزلەپ يۈرۈشتى.

ئىيول كىرىپ تاغ ھاۋاسى ئىسسىغاندا، باھاۋۇدۇنباي غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىنقىلاب خەلقى ئۇنى يىغا - زار بىلەن ئۇزاتتى. باھاۋۇدۇنباي غۇلجىغا بېرىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1928 - يىلى ۋاپات بولدى.

يىللار توختىماي ئۆتتۈۋەردى. جاھاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى لوندوندىكى «ئاركوس» شىركىتىنىڭ جاسۇسلۇق دېلوسى تۈپەيلى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكتىن، قەشقەردىكى ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى بىر سورۇندا ئولتۇرمايدىغان بولدى.

بۇ يىللاردا شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم ھاكىمىيەت ئالماشتى.

ئۆلكە ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، جۇدۇن ـ چاپقۇن ئۇزۇلمىدى.

1937 ـ يىلى تۇرسۇن ئەپەندى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى.

يىللار ئىككىساقتىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. كىچىكلەر چوڭايدى، چوڭلار قېرىپ ئالەمدىن ئۆتتى. «ھۇسەينىيە» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۇتۇلدى. قىرىپ ـ چېپىلدى. ئەمما «ھۇسەينىيە» تاقىلىپ قالمىدى، ئىككىساقلىقلارنىڭ پۇتبولغا بولغان ئىشتىياقىمۇ ئۆچمىدى.

1954 ـ يىلى ئىككىساقتا تۇنجى پۇتبول جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

2006 ـ يىل 1 ـ ماي، شەھىرى ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان تارقىتىشى

# باھار تىۋىشى

(پوۋېست)

— سىنىپىمىزدىكى قىزلار ئىچىدە كىم ئەڭ ئوماق، كىم ئەڭ ئەقىللىق، بىلەمسىلەر؟

سىنىپ مەسئۇلىمىز نىياسەم مۇئەللىم قىپقىزىل، گۆشلۈك لەۋلىرىنى يىمىرىپ، ئىككى مەڭزىدىكى چىرايلىق زىنىخلىرىنى كۆرسىتىپ، سىرلىق قىياپەتتە سورىدى.

— بىلىمىز، نەرگىسئاي ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق!

سىنىپتىكى كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچى ئېگىز - پەس ئاۋازدا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردۇق.

مۇئەللىم نەرگىسئاينىڭ نەقەدەر تىرىشچانلىقى، ئىنتىزامچان، ئەدەپ - قائىدىلىكلىكىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، ئارقىدىن مۇقەددەس، گۈلزىرە، نىگارە، رىزۋانگۈللەرمۇ بىرەر قۇر تەرىپلەندى.

مەن بولسام ئالدىمدىكى خاتىرەمنىڭ تېشىغا: «سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق قىز — گۈلنىسا» دەپ يازدىم. ئىچىمدە قورقۇپ ئولتۇرىمەن. ماختاشلار ئاخىرلىشىپ، ئۇچۇقداش باشلانسا، ئۆزۈمنىڭ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن. چۈنكى ئۇدا بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ كەلدىم. ئۆتكەن مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى تېخى تاپشۇرالمىدىم ··· مۇئەللىم مېنى كۆرمىسە، ئۇنتۇپ قالسا ئىلاھىم، ياكى مەن بىردىنلا كۆرۈنمەس ئادەمگە ئايلىنىپ

قالسام...

ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ ئۆزۈمگە چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بېشىمنى پەسكە ئېگىپ تۆۋەنگە سىيرىلىشقا باشلىدىم. پۇتۇم ئالدىنقى قاتاردىكى رۇستەمنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالدى.

— ھە، ئاخىر تۇتۇلدۇڭمۇ!

رۇستەم ئۇڭ پۇتۇمنى ئىككى پۇتى بىلەن مەھكەم قىسىۋالدى.

مەن قىسماققا چۈشۈپ قالغان توشقاندەك تىپىرلاپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندۇم، ئەمما قۇتۇلالمىدىم. ئۇ دېگەن «دىۋە» تۇرسا.

— گۈلنىسا، تۇرە ئورنىڭدىن!

مۇئەللىم يېنىمدىلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بايا نەرگىسئايلارنى ماختىغان چاغدىكى كۈندەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىنى ئەمدىلىكتە قارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى.

— «سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق قىز - گۈل ... نى ... سا» مۇئەللىم خاتىرەمنىڭ تېشىدىكى خەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. سىنىپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەن سەكرەپ تۇرماقچى بولدۇم، ئەمما تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتۇم. بېشىڭنى يەيدىغان دىۋە!

بېشىم قاتتىق بىر نەرسىگە تېگىپ، كۆزۈمدىن ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك بولدى ... كۆزۈمنى ئاچسام، مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن. ئۇدۇلدا — يېرىم يېپىلغان ئىشىكتە بىرمۇنچە باللار ھىجىيىشقىنىچە قىستىلىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى يېنىمدا مەكتەپ دوختۇرى بىلەن نىياسەم مۇئەللىم خۇددى مەن ئۆلۈپ، قايتا تىرىلگەندەك ھاياجان بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇشىدۇ.

مەن راسا چوڭقۇر بىر تىنىدىم.

www.uyghurkitap.com

— مانا، ياخشى بولۇپ قالدىڭىز، مۇشۇ يەردە بىر دەم ئارام ئېلىپ، بىرەر سائەتلەردىن كېيىن سىنىپقا چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇئەللىم مېھرىبانلىق بىلەن يوتقىنىمنى ئوڭلاپ يېپىپ قويۇپ، ئىشىككە قىستۇرۇلۇپ تۇرغانلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

— يارىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دوختۇر بېشىمنى شەرەت قىلىپ سورىدى.

— يارىڭىز؟ ... — بېشىمنى تۇتسام چوقامدىكى ئازراق يەر داكا بىلەن تېڭىپ قويۇلۇپتۇ.

— ياق، ئاغرىمىدى.

دوختۇرمۇ ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. مەن راھەتلىنىپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. كېسەل بولۇپ قېلىش، بولۇپمۇ ئاغرىقنى سەزمەيدىغان كېسەل بولۇش نېمىدېگەن راھەت ـ ھە! ھەممە ئادەم ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ، ساڭا غەمخورلۇق قىلىدۇ. سېنى بىئارام قىلماسلىققا تىرىشىپ ئەتراپىڭدا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ. بىراق چوڭ ئاپام مېنىڭ ئاغرىپ قېلىشىمدىن بەك قورقىدۇ. «بىز دېگەن كەمبەغەل خەق، ئاشۇ دوختۇرخانىغا بېرىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئەگەر مەن قاتتىقراق ئاغرىپ قالىدىغان بولسام، ئاپام بىلەن دادام دوختۇرخانىغا تۆلەيدىغان پۇلنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشىپ، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغۇ دەيمەن. ئۇلار مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشكە بەك ئۇستا. ھەر قېتىم ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى ... دېگەنلەرنى ئالغىلى بارسام، ئاپام: «داداڭ بەرسۇن» دەيدۇ، دادام بولسا: «ئاپاڭ نېمىشقا بەرمەيدىكەن، ئاپاڭدىن ئال» دەيدۇ. ئاپامدىن ئالمىشمەن، ئاپام ماڭا پۇل تۇگۇل بىر قاچا ئاشنىمۇ تىترەپ تۇرۇپ بېرىدىغان تۇرسا. بەزىدە ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «مەن كىمنىڭ بالىسى، مېنى

ھەرقايسىسىنىڭ بۇ دۇنياغا نېمە دەپ ئاپىرىدە قىلغان؟!» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پايدىسى يوق. مەن دادام بىلەن ئاپامنى ئۆزۈمدىن بەكرەك چۈشىنىمەن.

ئەقلىمگە كەلسەم، دادام بىلەن ئاپام كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك قاتتىق سوقۇشىدىكەن. مەن بۇ جېدەللەرنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدىم. پەقەتلا دادام نېمىشقىدۇر ۋارقىراپ، چىنە - قاچىلارنى ئاتقىلى تۇرغاندا، قىيامەت قايىم بولغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپامغا مەھكەم چاپلىشىۋالاتتىم. دادام كىچىككىنە، ئورۇق قوللىرىمنى قوپاللىق بىلەن قايرىپ، مېنى ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ ئالاتتى - دە، بىگىز بارمىقىنى كۆزۈمگە تەڭلەپ: «ئاۋازىڭنى چىقارغۇچى بولما، بولمىسا بوغۇپ تاشلايمەن!» دەپ قورقۇتاتتى. ئارقىدىن قوللىرى بىلەن بېشىنى توسۇپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋالغان ئاپامنىڭ چاچلىرىنى بىر قولىغا يۆگىۋېلىپ، يوغان مۇشتى بىلەن يۈز - كۆز، بويۇن - باشلىرىغا توختىماي ئۇراتتى. ئۇرۇۋېرىپ قولى ئاغرىپ كەتكەندە، تېپىپ يەرگە يىقىتىپ، دەسسەپ - چەيلەشكە باشلايتتى. ئاپامنىڭ نالە - زارىغا چىدىماي، يۈگۈرۈپ كېلىپ دادامغا ئېسىلاتتىم. چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى ئالىيىپ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغان دادام مېنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋېتەتتى. مەن يىقىلغان يېرىمدىن قوپۇپ، يەنە ئاپامنى چۆرگىلەپ قىرقىراپ يىغلايتتىم. قوشنىلار كىرىپ دادامنى يان ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، قورقىنىمدىن ئېسىمگە كېلەلمەي، ئۆزاققىچە ۋارقىراپ يىغلاۋېرەتتىم.

دادام ھەر قېتىم ئاپامنى ئۇرۇپ بولۇپ يېرىم كېچىلەرگىچە يوقاپ كېتەتتى. قاپاقلىرى كۆكەرگەن، يۈزىنىڭ نەچچە يېرى قىزىرىپ، ئىششىپ چىققان ئاپام مېنى باغرىغا باسقىنىچە ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە تۇرقىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قاراپ مەنمۇ يىغلايتتىم. يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاپا، بىز بۇ ئۆيدىن كېتەيلى، چوڭ ئاپامنىڭ قېشىغا كېتەيلى» دەپ يالۋۇراتتىم. «بىز نەگە كېتىمىز؟ باردىغان يېرىمىز بولمىسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كەتسەك، داداڭ باشقا خوتۇن ئالىدۇ. ئۇ خوتۇن داداڭغا بالا تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا سەن يېتىم بولۇپ قالامسەن؟ سەن بىلمەيسەن، بۇ دۇنيادا تۇل خوتۇن، يېتىم قىز دېگەننى ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدۇ. سېنىڭ يېتىم بولۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە تاياق يېسەممۇ مەن رازى» دەيتتى ئاپام. «ياق، ئاپا، مەن دادامغا ئۆچ، ماڭا ئۇنداق دادا لازىم ئەمەس» دەپ يىغلايتتىم. كېچىلەردە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم، ئىشىكنىڭ تاراقلىشىدىن، بىر كىملەرنىڭ ئۇنلۇكرەك سۆزلىشىدىن قورقۇپ تىترەيتتىم. كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئېچىشىنىشلىق مەنزىرە دائىم كۆز ئالدىمدا تەكرارلىناتتى. كېچىلىرى چۈشۈمدىن، كۈندۈزلىرى خىيالىمدىن كەتمەيتتى. مەن بارغانچە قورقۇنچاق، جىمغۇر بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاپام تاياق زەربىسىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئاپامنىڭ ئاشۇ چاغدىكى بىچارە تۇرقى، دوختۇرلارنىڭ دادامنىڭ زوراۋانلىقىنى، ئاپامنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئىتائەتمەنلىكىنى ئەيىبلەپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئاپام دادامغا خەۋەر قىلمايلا دوختۇرخانىدىن چىقىۋالدى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ، ئىشكاپ - چامادانىدىكى ئىككىمىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يوغان بىر سومكىغا سېلىپ، بىر قولىدا سومكىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا مېنى يېتىلەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭدىن توختىماي: «ئاپا، نەگە بارىمىز؟» دەپ سورايتتىم. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك گەپ - سۆز قىلماي ئىتتىك - ئىتتىك ماڭاتتى. مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاران يېتىشەتتىم. چوڭ بىر كۆۋرۈككە كەلگەندە ئاپام بىردىنلا توختاپ، يانچۇقىدىن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ،

غۇلچىنى كەڭ يايغىنىچە يىراققا قارىتىپ ئاتتى. مەن كۆۋرۈك رېشاتكىسىدىن بوينۇمنى سوزۇپ ئاچقۇچنىڭ كۈن نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقنىغىنىچە تۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە چۈشۈپ، غايىب بولغىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

بىز ئاپامنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭكىدە بىر مەزگىل تۇردۇق. كېيىن ئارقا كوچىدىكى بىر قورۇدىن بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئايرىم تۇرۇشقا باشلىدۇق. تۇنجى قېتىم ئاپام بىلەن بۇ قورۇغا كىرگىنىمدە ئالىقانچىلىك هويلىدىكى يەرنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان پاكار ئۆيلەر، بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەسكى ـ تۈسكى ياغاچ ـ تاشلار كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنۈپ، كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى. ئاپام ئىككىمىز ئۆينى ئاقلاپ، تازىلاپ، يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆي كۆزۈمگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە كونا كىيىم ـ كېچەك، كونا ئۆي جاهازلىرىنى ساتىدىغان بازار بار ئىدى. بىز ئۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ، خېلى يېڭى بىر كىيىم ئىشكاپى، ئىككى ياغاچ كارىۋات، بۇلۇڭ ئەينىكى، ئۈچ بۇلۇڭ ئىشكاپ دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق. بۇ نەرسىلەرنى تىزىپ، دېرىزىگە پەردە تارتىپ بولغاندا، ئۆيىمىز باشقىچىلا بولۇپ كەتتى.

ئاپام مېنىڭ تېلېۋىزور كۆرەلمەي زېرىكىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، كونىراق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى كۆتۈرۈپ كېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆي ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنداق ئىدى. مەن ئەمدى ئاخشاملىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم. ئەتىگىنى خۇشال ـ خۇرام ئويغىنىپ، چېيىمنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قورۇدىكى باللار، چۈجە ـ كۈچۈكلەر بىلەن ئويۇنغىلى چىقىپ كېتەتتىم. ئاپام ئاچقۇچنى بويۇمغا ئېسىپ قويۇپ ئىشقا كېتەتتى.

شۇ يىلى كۈزدە مەن مەكتەپكە كىردىم. ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى تۈنجى قېتىم يوقلىما قىلىۋېتىپ، مېنىڭ ئىسمىمغا كەلگەندە توختاپ قالدى.

— گۈلنىسا··· ؟ فامىلىڭىزچۇ، دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— مېنىڭ دادام يوق، شۇڭا فامىلەم يوق.

مۇئەللىم ماڭا قاراپ بىردەم ئويلىنىپ قېلىپ:

— ھەرقانداق ئادەمنىڭ فامىلىسى بولىدىغۇ، قىزىم. دادىڭىز ئۆلۈپ كەتكەنمىدى ياكى··· ؟ — دېدى.

— مېنىڭ فامىلەم گۈلسۈمخان، مېنى ئاپام باقىقان، — دېدىم ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ.

مۇئەللىم كۈلۈۋەتتى. ساۋاقداشلىرىمۇ: «قارا، قارا، ماۋۇ قىز بالىنىڭ فامىلىسى گۈلسۈمخان ئىكەن» دېيىشىپ كۈلۈشكىلى تۇردى.

— بولدى، بولدى، كۈلۈشمەڭلار، بوپتۇ، ھازىرچە گۈلسۈمخان بولۇپ تۇرسۇن، — دېدى مۇئەللىم.

ئادەتتە ساۋاقداشلىرىم دادىلىرى بىلەن ماختانسا، مەن: مېنىڭ ئاپام بەك چىرايلىق، دەپ ماختىناتتىم. ئاپام ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ئۇ ماڭا ئەرزان بولسىمۇ، ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك پوسما، ئاياغلارنى ئېلىپ بېرەتتى. كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى دېگەنلەردىن زادىلا قىسىلدۇرمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەن دادىسى بىلەن ماختىنىدىغان ساۋاقداشلىرىمغا ئانچە ھەۋەس قىلمايتتىم. مېنىڭ دادام يوق، مەن باشقىلاردىن بىچارە، دېگەن ئويلار خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. ئاپامنىڭ كونا تونۇشلىرى بىلەن كوچىدىكى بەزى مومايلار مېنى كۆرسىلا بېشىمنى سىلاپ: «بىچارە قىز، مۇشتتەك تۇرۇپ تىرىك يېتىم بولدى، كېيىن نېمە كۈنلەرنى كۆرەر» دەپ كۆز يېشى قىلىشىپ كېتەتتى. ماڭا ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرى ئەھمىيەتسىز، كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى، شۇڭا

ئۇلارنى كۆرسەم ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان دادامنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ مەن تەرەپكە قاراپ ئىتتىك كەلمىگەن بولسا، بەدەر قاچقان بولاتتىم.

— قىزىم، ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ قارا، چوڭ بولۇپ كەتكىنىڭنى، — دېدى دادام بېشىمنى سىلاپ. مەن بېشىمنى دادامنىڭ قولى ئاستىدىن چىقىرىۋېلىپ، نېرىراق بېرىپ تۇردۇم.

— مەن ساڭا قىشلىق ئاياغ ئېلىپ قويغان. جۇر، ئۆيگە بىللە بارايلى. مەن بىلەن بىرەر ئاي تۇرامسەن يا؟

دادام قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ تارتتى. مەن تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدىم. دادام كۆتۈرمەكچى بولۇۋېدى، ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر، كىچىك باللار ئەتراپىمىزغا ئولاشقىلى تۇردى.

مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرغان دادامنى ئىتتىرىۋېتىپ، قېچىپ كەتتىم. ئۇ، يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. مەن قېچىپ خېلى يەرگە بارغاندا توختاپ كەينىمگە قارىسام، دادام تېخىچە شۇ يەردە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئاشۇ ئىشلارغا قانچە يىللار بولۇپ كەتتى - هە. هازىر ئويلىسام، مېنىڭ باللىق هاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم ئاپام بىلەن بىللە تۇرغان چاغلىرىم ئىكەن.

* * *

— تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپتىكى ساۋاقداشلار دىققەت، ئەڭ يېڭى خەۋەر، ئەڭ يېڭى خەۋەر: يېڭى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى كېلىپتۇ. دەرس دېگەننى كاللىغا

قۇيۇپلا قويغۇدەك. لېكىن ئويۇن قېپىلارغا زادى يۈز ـ خاتىر قىلماسمىش. رۇستەم، مەردان، ئىلىيار، سىلەر ئېھتىيات قىلمىساڭلار ئىشىڭلار چاتاق…

1 ـ قاتاردا ئولتۇرىدىغان دوغىلاقىنا كەلگەن، يۇپيۇمىلاق يۈزىدە بىر جۈپ يوغان كۆزى شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان گۈلزىرە مەشىق دەپتىرىنى كانايچە قىلىپ ئاغزىغا تۇتۇۋېلىپ، ئارقىسىغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە ئورۇق، ئېگىز بوي، چاچلىرىنى ئارقىسىغا تارىغان، ئۇزۇن قارا پەلتو كىيگەن ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ بولدى. ھەممىمىز پارتىلارنى تاراقشىتقىنىمىزچە، ئالدىراپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مۇئەللىم جىددىي، سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆپچىلىككە بىر قۇر قارىۋېتىپ «ئولتۇرۇڭلار» دېدى. سىنىپ ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاشۇ بىر جۈپ كۆز بىلەن 50 نەچچە جۈپ كۆز گويا نىمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك بىر ـ بىرىگە تىكىلگەندى. بۇ تىكىلىش ئادەتتىكىدىن ئۇزاقراق داۋاملاشتى. نۇرغۇن كۆز مۇشۇ تىكىلىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، دەسلەپتىلا چاندۇرۇپ قويدى. قارىغاندا بۇ مۇئەللىم باشقىچىدەك قىلاتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم مەھمۇت، ئىلگىرى × × كان رايون مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ئەمدى بۈگۈندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايىنى بىللە ئۆتكۈزىمىز. ساۋاقداشلار، مۇشۇ پارتىدا 12 يىل ئولتۇرغان ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە بوشاڭلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ھەم مەن ھېچكىمنىڭ بوشاڭلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن. ھەربىرىڭلارنىڭ ئىستىقباللىڭلار، ئەتەڭلەرگە مەسئۇل بولۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. ئەتە ئۈچۈن، جەمئىيەتكە يارامىلىق، مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار. بىز ئورتاق بىر مەقسەت يولىدا سەپەرگە ئاتلانغان جەڭچىلەرگە ئوخشايمىز. قېنى، بۇ سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن سەپتىن

چېكىنىدىغانلار بولسا، ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن. لېكىن، كېيىن كۆز يېشى قىلىدىغانلار چىقىپ قالمىسۇن!

يېڭى مۇئەللىم كۆزلىرىنى سۈرلۈك چاقنىتىپ، شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك جەلپكار ئاھاڭدا يېرىم سائەت توختىماي سۆزلىدى. بىز ھەممىمىز چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي، كۆزىمىزنى يوغان ئاچقان ھالدا ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى قەلبىمىزگە ئورنىتىۋېلىشقا تىرىشتۇق. مەن ئىچ - ئىچىمدىن كۆتۈرۈلگەن ئىللىق بىر ئېقىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراۋاتقانلىقىنى، قەلبىمنىڭ شادلىق ۋە ئىشەنچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەتراپىمغا قارىسام، ھەممىسى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، سېھىرلىنىپ قالغاندەك ئولتۇرۇشۇپتۇ.

— قانداق، باشقىچە پىكىرلەر بارمۇ؟ كۆپچىلىك ئۆز قاراشلىرىڭلارنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، چارە - تەدبىر، تەكلىپلەر بولسىمۇ، سوئاللار بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىز ئوچۇق - يورۇق، سەمىمىي ھالدا كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى قىلىشايلى، بۇ ئۆزئارا چۈشىنىشكە پايدىلىق.

مۇئەللىم 1 - پارتىنىڭ گىرۋىكىدە جەينىكىنى پارتىغا تىرەپ، پۈتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن، ئورۇق بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى كەينىگە تاراشقا باشلىدى.

— مۇئەللىم، مېنىڭ بىر سوئالىم بار، دېسەم بولامدۇ؟ — رۇستەم ھىجايغىنىچە ئىرغاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، بولىدۇ، بولىدۇ، قانداق گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن.

— مۇئەللىم، سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز، قانچە بالىڭىز بار؟

كۆپچىلىك پاراقلاپ كۈلۈشتى. سىنىپنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلاندى.

— يارايسەن ئاغىنە، سوئالىڭ جايىدا. مەن بۇ يىل 32 ياشقا كىردىم. لېكىن تېخىچە توي قىلمىدىم. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

قىلىشىم مۇمكىن. شۇ چاغدا چوقۇم سىلەرنى تويغا تەكلىپ قىلىمەن. قېنى، ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئويلىرىڭ بار، سۆزلەپ باقمامسەن، قىيىنچىلىق، مەسىلىلەر بولسىمۇ بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ··· سۆزلەي، مەن ··· مەن ئەزەلدىن ئەدەبىيات دەرسىنى ياخشى كۆرمەيمەن. ھەرقانچە تىرىشىپ ئۆگىنەي دېسەممۇ ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن. ئىلگىرىكى ئەدەبىيات مۇئەللىممۇ مېنى شۇنداق دەيتتى. بىر قېتىم تاپشۇرۇق بەرگەندە، شېئىر يېزىپ كەلسەم، ئۇ مېنى «زامانىمىزنىڭ پۇشكىنى» دەپ زاڭلىق قىلغان···

سىنىپتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئوغۇللاردىن بىرى رۇستەمنىڭ شېئىرىنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى.

گۈلنىسا، ھەي گۈلنىسا،
گەپ قىلسا يا ئاڭلىمىسا.
ھەي گۈلنىسا، گۈلنىسا···

مۇئەللىم كۈلكىسىنى بېسىپ قىزىقسىنغان ھالدا سورىدى:

— گۈلنىسا دېگەن كىم؟

— ئەنە، ئەنە، ئاۋۇ قىز شۇ!

ھەممىسى مېنى كۆرسىتىشتى، ئىزا تارتقىنىمدىن ئۆلگۈدەك بولۇپ، يۈزۈمنى قوللىرىم بىلەن توسۇۋالدىم.

— بولدى قىلايلى ساۋاقداشلار، رۇستەم ئىككىمىز ئايرىم پاراڭلىشىمىز. باشقىلارنىڭ يەنە قانداق ئويلىرى، قېنى ئاڭلاپ باقايلى···

ئېلېكتىرلىق قوڭغۇراقنىڭ تاقەتسىز جىرىڭلىشى مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. مەن بېشىمنى پارتىغا قويۇپ يېتىۋالدىم. سەن دۆۋە نېمانچە ئەسكى ـ ھە. ئۆتكەندە يېقىنقى سىناقنىڭ ھېسابىنى تېخى ئالماي تۇرۇپ، يېڭى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈرۈۋاتىسىنا. مەن سېنى كەچۈرەلمەيمەن، مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن. سېنىڭ چىرايىڭغا

مەڭگۈ قارىمايمەن··· كۆڭلۈمدە ئەنە شۇنداق ئاچچىق ئويلار كېزەتتى. يېنىمدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان مۇقەددەس بىر نەچچە قىزنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، تور ئارقىلىق تونۇشقان «يىگىتى» بىلەن قىلىشقان قىزىقارلىق گەپلىرىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى، قىزلار توختىماي پىخىلداپ كۈلۈشەتتى.

ــــ مەھمۇت مۇئەللىمنى دەرس دېگەننى «سەت» ئۆتۈۋېتىدۇ دەيدۇ. ئىلگىرىكى مەكتىپىدە بۇ مۇئەللىم دەرس بەرگەن سىنىپنىڭ ئەدەبىيات نەتىجىسى بەك يۇقىرى چىقىپتىكەن، ــــ دېدى گۈلزىرە هازىر مودا بولۇۋاتقان «سەت» سۆزىنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن چىقىرىپ.

ــــ ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، بۇ مۇئەللىمنىڭ يۇرۇۋاتقان قىزى ئەنگلىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ كېتىپ، چەت ئەللىك بىلەن توي قىلىۋالغانىكەن. «سەت» سەتەڭ ئىكەنمىش···

مەن كۇسۇر ـ كۇسۇر گەپلەرگە قىزىقىپ كېتىپ، رۇستەمگە قېيىداشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. رۇستەم كەينىگە قاراپ چاچلىرىمنى تارتقىلى تۇرغانىدى، ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم.

ــــ گۈلنىسا، ھەي گۈلنىسا، يىغلاۋاتامسەن؟ خاپا بولما جۇمۇ. مەن قەستەن قىلمىدىم. مەن شېئىرنى ھەرگىز ئوقۇمايتتىم، ئاۋۇ مەردان دېگەن···

بىردىنلا كۆڭلۈم ئېرىپ قالدى. راست، شېئىرنى ئۇ ئوقۇمىدىغۇ. دېگەنبىلەن ئۇ بەزى يەرلەردە مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەك ئايايدۇ. مەن بىرەرسىدىن ئازار يەپ قالسام، ماڭا بولۇشىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ ئۆتكەن قېتىم مەن يىقىلىپ ھوشۇمدىن كەتكەندە بەك قورقۇپتۇ. ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۇۋېلىپ چوڭ دادىسى ئۆگىتىپ قويغان ئايەتلەرنى ئوقۇپتۇ. ھەي بۇ دىۋىزە ···

www.uyghurkitap.com

داۋاملىق چاتاق تېرىپلار يۈرىدۇ. ئىشنى تېرىپ بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ «ئاللا ھۇمەھەفەرنى مىس بەينى يەدەيىە ۋەمىن خەلفى ۋە ئەن بەھىنى ۋە ئەن شىمالى ۋە مىن ھەۋفى··· » دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە بۇ: ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن. مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن، ئۈستۈمدىن ··· قوغدىغايسەن، دېگەن مەنىدىكى ئايەت ئىكەن.

مەن چوڭ ئاپام بىلەن تۇرغاندەك، ئۇمۇ چوڭ دادىسى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. چوڭ دادىسى ئېگىز بوي، كەكە ساقال، سۆزلەپلا تۇرىدىغان تېتىك ئادەم. دائىم مەكتەپكە كېلىپ تۇرىدۇ. بەزىدە سىنىپقىمۇ كىرىپ، بىر ھازا ئۇنى ــ بۇنى دەپ بالىلارنى كۈلدۈرىدۇ.

ئالايغان بولۇپ ئۇنىڭغا قارىسام، «دىۋە» نىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، قويۇق قاشلىق قوشۇمىلىرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ، ئېگىز بوكسچىلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان قېلىن لەۋلىرى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك دومسىيىپ كېتىپتۇ.

ــ ساراڭ دىۋە، ساراڭ دىۋە! ــ دېدىم كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلدى. ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىۋالغان مەردان، ئېلىيارلارنىڭ يېنىغا كەتتى. شۇ تاپتا مەردان مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ كىيىم ئاسقۇچتا تۇرغان ئۇزۇن قارا پەلتوسى بىلەن شىلەپىسىنى كىيىپ، ئاغزىدا مۇزىكا چېلىپ، جېكسوننى دوراپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ شامالدەك پىرقىراشلىرى، پۇت ــ قوللىنىڭ چاقماقتەك تېز ھەرىكىتى، مۈرە، بەل، بويۇن ــ باشلىرىنىڭ، ھەتتا قول ئۇچىنىڭ ھەربىر مىدىرلىشى كىشىنى ئىختىيارسىز بارىكاللا ئېيتقۇزۇۋېتەتتى.

ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق. ئوغۇل باللاردىن بىرنەچچىسى ئاغزىلىرىنى كۆپتۈرۈپ ساكس، كاناي ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازىنى دوراشتى، بەزىلىرى پارتىنى چېكىپ، دۇمباق چالاتتى. يەنە بەزىلىرى «ياشاپ كەت مەردان»، «قايناپ!» دەپ ئۇسسۇلچىغا ئىلھام بېرەتتى. ئۇشتۇمتۇت تازا ۋارقىراۋاتقانلاردىن بىرنەچچىسى جىم بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى نوقۇشقىلى تۇردى. قارىساق، مەھمۇت مۇئەللىم ئىشىك تۈۋىدە تۇرىدۇ. قارىغاندا قىيا ـ چىيا بىلەن بولۇپ، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالغان بولساق كېرەك، دەرھال تارقاپ ئورۇنلىرىمىزغا بېرىۋېلىشتۇق. پەقەت مەردانلا ھېچنەرسىنى تۇيماي، تازا قىزىپ ئويناۋاتاتتى. مۇئەللىممۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەتتا ناھايىتى ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇراتتى.

مەردان كۆپچىلىكنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا توختاپ، مۇئەللىمنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ ھودۇققىنىدىن گەدىنىنى تاتىلاپ بىر پەس تۇردى ـ دە، بېشىدىكى شلەپىنى سىقىمدىغىنىچە پارتىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

— توختا، مەردان، ئۇسسۇلۇڭغا رەھمەت، ئاجايىپ ئۇسسۇلچىكەنسەن، قالتىس ھۇزۇرلاندۇق، شۇنداقمۇ ساۋاقداشلار، — دېدى مۇئەللىم ۋە مەردانغا قاراپ قوشۇپ قويدى:

— ئەمدى پەلتونى ماڭا بېرىپ، جايىڭدا ئولتۇرغىن، دەرسىمىزنى باشلايلى.

ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. بۇ كۈلكىدە ئازادىلىك ۋە قايىللىق بار ئىدى. ئىلگىرىكى مۇئەللىم بولىدىغان بولسا، ھەممىمىزنى راسا تىللاپ، مەردانىنى بىر ـ ئىككى قېتىم دۆشكەلىۋالغان بولاتتى. قارىغاندا بۇ مۇئەللىم ھەقىقەتەن باشقىچىدەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

* * *

ئوقۇش پۇلى بېشىمغا بىر بالا بولدى. سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ تەنلىك قاراشلىرى، زەھەردەك سۆزلىرى، تۈگىمەس ۋەز ـ نە-سىھەتلىرى ... خۇددى مەن بۇلارنى بىلمەيدىغاندەك، ئوقۇش پۇلى مېنىڭ يانچۇقۇمدىن چىقىدىغاندەك. مېنىڭ باشقىلارنىڭكىدەك شاراقشىتىپ پۇل خەجلەيدىغان دادام بولمىسا، «ۋاي بالام، ۋاي خانقىزىم» دەپ ئەتراپىمدا پايپېتەك بولىدىغان ئاپام بولمىسا، ئا-پام بىلەن دادامغۇ بار، بىراق ... كىچىك ۋاقىتلىرىمدا تاياقتىن يېرىمجان بولۇپ قالغان ئاپام: «مەن داداڭدىن ئاجرىشىپ كەت-سەم، داداڭ باشقا خوتۇن ئالىدۇ. ئۇ خوتۇن داداڭغا بالا تۇغۇپ بەرسە، سەن يېتىم بولۇپ قالىسەن ئەمەسمۇ» دېسە چۈشەنمىگە-نىكەنمەن. دادام ئاشۇ قېتىم مېنى مەكتەپكە ئىزدەپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلىۋالدى. كېيىنكى يىلى بىر ئوغۇللۇق بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ دادام مېنى ئىزدىمەيدىغان، سوتتىن كېسىم قىلىپ بەرگەن ئايلىق 25 يۈەن تۇرمۇش پۇلىنىمۇ بەر-مەيدىغان بولدى. مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن ئاپامنىڭ دوستى: «25 يۈەن دېگەن نىمە ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە بالىلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۆسۈپ كەتتى. ئاجرىشىپ كەتكەنلەر بالىلىرىغا ئايدا 300 يۈەن، كەم دېگەندە 100 يۈەندىن بېرىۋاتىدۇ. سىز سوتقا ئەرز قىلىڭ، دادىسى بالىغا بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېيىشەتتى. ئاپام ئۇلارنىڭ دەۋىتى بىلەن سوتقا ئەرز قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن دادام كېيىنكى ئايالىنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان ئىككى بالىسىنى، كېيىنكى ئايالى-نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە ئوغلىنى ئۆزى يالغۇز بېقىۋاتقانلىقى، تۇرمۇشتا قىينىلىپ، قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكى توغرىلىق ئىسپات تېپىپ كېلىپ، سوتتا

ئاپامنى ئەيىبلەپ، قورقۇتۇپ جىنىنى ئاران قويۇپتۇ. ئاپام شۇ قېتىم يىغلاپ يېنىپ كەلگەنچە، سوت دېگەننى ئاغزىغىمۇ ئالماس بولدى. شۇ يىللىرى كېلىنى پاتقۇزماي، يۇرتتا يالغۇزسىراپ قالغان چوڭ ئاپامنىمۇ ئۇرۇمچىگە ياندۇرۇپ كەلدۇق. شۇنىڭدىن تارتىپ چوڭ ئاپاممۇ بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىدى. بىز بىرنەچچە يىلنى كۆڭۈللۈك ھەتتا بەختلىك دېگۇدەك ئۆتكۈزدۇق.

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققان يىلى كۈزدە ئاپام بىلەن چوڭ ئاپام تۇيۇقسىز ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۆيگە ئەر - ئايال مېھمانلار كۆپ كېلىدىغان، بەزىلىرى ئۇزاق - ئۇزاق ئولتۇرىدىغان، مەن مەكتەپتىن كەلسەم، ماڭا مەنىلىك قارىشىپ بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشىدىغان بولۇپ قېلىشتى. كۆڭلۈمگە ھەر خىل يامان ئويلار، ئەندىشىلەر كېلەتتى، قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتىم. بىر كۈنى كەچتە ئاپام ئۆيدە يوق چاغدا، چوڭ ئاپام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— گۈلنىسا قىزىم، ساڭا بىر گەپنى ئېيتالماي قىينىلىپ يۈرىمىز. ئاپاڭغا ئوبدان بىر لايىق چىقتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنىڭ چىقىشى تەس. ئۇ ئۆيى، خىزمەت ئورنى بار، بالىسى يوق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەم، — دېدى. چوڭ ئاپام مېنى يىغلاپ، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىدى بولغاي، مېنىڭ پەرۋاسىز ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەيران قالدى. مەن ئۇنىڭغا كىتابتىن، كىنودىن ئۆگىنىۋالغان سۆزلىرىم بىلەن جاۋاب بەردىم:

— ئاپامنىڭ ئۆز بەختىنى ئىزدەش ھوقۇقى بار. ئۇ تېخى ياش، شۇنداق چىرايلىق تۇرسا. مەن ئاپامنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئاپام ئەرگە تېگىپ، كەينى - كەينىدىن ئىككى بالا تۇغدى. ئەمدى قاچانلا بارسام شۇ بالىلىرى قۇچىقىدا،

شۇلارنى ئەركىلىتىۋاتقان، سۆيۈۋاتقان، شۇلارنىڭ غېمىنى يەۋاتقان، ماڭا بولسا يات ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ، «كەلدىڭمۇ» دەپلا قويىدۇ. ئاپامنىڭ قۇچىقىنى، سىلاشلىرىنى، ھىدىنى سېغىنىپ ئەركىلىسەم، مېنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، يەنە ھېلىقى باللىرىنى قولىغا ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئېرى ئۆيدە چاغدا مېنى ئىتتىكرەك ئۆيدىن چىقىرىۋەتكۈسى كەلگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ. ئېرىنىڭ خۇددى مەندىن ئۆيدىن نېمىلەرنى ئېلىپ كېتەركىن دەپ گۇمان قىلىۋاتقاندەك قاراپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. ئۇ ئاپامغا: «ئاشۇ قىزىڭنى ئەركىلەتسەڭ، كۆزۈمگە خۇددى بۇرۇنقى ئېرىڭنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىسەن. ئۇ قىز بالا دادىسىغا نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ» دېگۈدەك. دادامغا ئوخشىشىممۇ گۇناھ بوپتۇمۇ ئەمدى. ئەمەلىيەتتە مەن دادامغىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيمەن. ئاپامنى بىلىدىغانلار مېنى كۆرسە «گۈلسۈمخاننىڭ ئۆزى بوپتۇ» دېيىشىدۇ.

كېيىن ئاپام خىزمەتتىن قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ كەتتى. مەن ھەر قېتىم ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى دېگەنلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ بارسام، ئاپام قورقۇپ تۇرۇپ، ئوغرىلىقچە يىغقان 20 ـ 30 كويىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئەتىسى دادامنىڭكىگە بارىمەن. دادامنىڭ چىچەن پاكىز ئايالى ئۆيۈمنى مەينەت قىلىۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، بېشىمدا قاراپ تۇرۇپ ئايىغىمنى سالدۇرۇپ، ئاشخانا ئۆيىدىكى ئۇستىلىگە باشلاپ قويىدۇ. ئۇ ماڭا تەنە بىلەن قاراپ: «ھە، پۇل لازىم بولدىمۇ؟ ئاپىڭىز بىلەن ئۆگەي دادىڭىز بەرسە بولمامدۇ، بىزمۇ كۈنىمىزنى ئاران ئېلىۋاتساق… » دەپ بىر ھازا قاقشاپ بېرىدۇ. «كۈنۈڭلارنى ئاران ئېلىۋاتقان بولساڭلار ئۆيىنى شۇنچىۋالا ئېسىل ياساتالامتىڭلار؟» دېگۈم كەلسىمۇ، يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرىمەن. كەچتە دادام ئىشتىن

روھلۇق، خۇشال كەلسە، ئىشىمنىڭ ئوڭدىن كېلىشىنى شۇ. لېكىن تولا ۋاقىتلاردا ئىككى ـ ئۈچ سائەت قۇرۇق ساقلاپ، تەنە گەپلەرگە غىققىدە تويۇپ، كېكىرىپ يېنىپ چىقىمەن. ئۆگەي ئاپامنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، زەھەردەك گەپلىرىنى ئويلاپ ئىچىمدە «دادام سېنىڭمۇ ئەدىپىڭنى بەرسىدى» دەپ ئويلاپ كېتىمەن. لېكىن دادامنىڭ بۇ ئايالىنى بەك ئەتىۋارلايدىغانلىقى، كۆزىگە قاراپ، سىرىقىدىن چىقماي ئۆتىدىغانلىقى ماڭا ئايان. دۇنيادا ياۋاش ئادەم دائىم زىيان تارتامدىغاندۇ. ئاپام بىچارە خورلۇققا چىدىماي، دادامدىن ئاجرىشىپ كەتكىنى بىلەن يەنىلا ياخشى كۈن كۆرۈپ كەتكىنى يوق. مەنمۇ يېتىمچىلىكتە قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرىمەن. ئەگەر ئۇ دادامدىن ئاجراشمىغان بولسا دادام بارا ـ بارا تۈزۈلۈپ قالاتتىمكىن. لېكىن ئاشۇ كۈنلەرنى — دوزاختا ياشىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە ياشىغان بالىلىق چاغلىرىمنى ئويلىسام، ھېلىمۇ يۈرىكىم تىترەيدۇ. مەن بىرلا نەرسىگە ئىشىنىمەن: ئەگەر ئاپام بىلەن دادام ئاشۇ ھالەتتە يەنە بىر نەچچە يىل بىللە ياشىغان بولسا، يا ئاپام ئۆلۈپ قالاتتى ياكى مەن ساراڭ بولۇپ قالاتتىم. مەن دائىم: دادام نېمە ئۈچۈن ئاپامغا تۈگىمەس ئۆچى باردەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولغىيتتى؟ ئۇ يەنە نېمىشقا ھازىرقى ئايالىنىڭ ئالدىدا شۇنچە رايىشتۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن، ھەرقانچە ئويلىساممۇ تېگىگە يېتەلمەيمەن. بىر قېتىم چوڭ ئاپامدىن بۇ سوئالنى سورىسام، ئۇ تۇرۇپ كېتىپ:

— يۇلتۇزى، بەخت ـ پېشانىسى توغرا كەلمىگەن. مىجەزى كېلىشەلمەيدىغان ئەر ـ خوتۇنلار ھەرقانچە قىلسىمۇ ئەپلىشىپ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا ئەر ـ خوتۇننىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى قەدىمدىن قالغان ئىش. سەن بۇ ئىشلارنى بەك ئويلاپ كەتمە، پايدىسى يوق، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇم بار، چوڭ ئاپا. ئوقۇش پۇلۇمنى كىم تۆلەيدۇ،

مېنى كىم ئوقۇتىدۇ؟ — مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم.

— خۇدايىم بار، قىزىم. يېتىمنىڭ ئىشىنى خۇدايىم ئۆزى ئوڭلايدۇ، — چوڭ ئاپام بېشىمنى سىلاپ، يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن كۆز يېشىمنى سۈرتتى.

بۇ تۇرمۇش نېمانچە مۇرەككەپتۇ. نېمە ئۇچۇن بەزى ئادەملەر بەختلىك، بەزى ئادەملەر بەختسىزدۇر. مېنىڭ كەلگۈسۈم قانداق بولار؟ بۇلارنى ئويلىسام قورقىمەن، مەڭگۈ چوڭ بولمىسام، مەكتەپ قويىنىدىن ئايرىلمىسام، دەپ كېتىمەن. ئەمما بۇ مۇمكىنمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئىنتىلىكرەك چوڭ بولۇپ پۇل تېپىپ، چوڭ ئاپامنى باقمىسام بولمايدۇ. چوڭ ئاپام دائىم:

— سېنىڭ تويۇڭنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، ئارمىنىم قالمايتتى، — دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

— چوقۇم كۆرىسەن، چوڭ ئاپا، سەن تېخى ئۇزاق ياشايسەن. مەن جىق پۇل تېپىپ، سېنى ئۇخلاپ چۈشۈڭدىمۇ كۆرمىگەن راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن، دەيمەن.

— ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق راھەتنىڭ نېمە كېرىكى، قېرى جېنىمدا جىقراق يەي دېسەم سىڭمەيدۇ. چىرايلىقراق كىيەي دېسەم ياراشمايدۇ. مەن پەقەت خۇدادىن ئاپاڭ ئىككىڭلارنىڭ بەختىنى تىلەيمەن، — دەيدۇ چوڭ ئاپام.

شۇنداق دېگىنى بىلەن چوڭ ئاپام ھېلىھەم شۇنچىلىك تېتىك. ئۇ ئاپتوبۇس ـ پىكاپلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ماشىنىغا چىقسام بېشىم قايىدىكەن دەپ، يىراق ـ يېراق يەرلەرگىمۇ پىيادە بېرىپ كېلىۋېرىدۇ. ئۇ تاماق تاللىمايدۇ. چايغا نان چىلاپ يېيىشنى بەتتە ـ پولۇدىن ئەلا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىرنەچچە توغرام گۆش بىلەن ئاپپاق بەسەيدە قورۇپ ئەتكەن لەڭمەنلىرى قارىماققا غورىگىلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، يېسە ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ. ئۇ يۇزنى سوغۇق سۇدىلا يۇيىدۇ. لېكىن چىرايى پاكىزلىقتىن

پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى دىگەندەك نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. پۇرىقى بېشىمنى ئاغرىتىدىكەن، دەپ چېچىنى يىلىمدا يۇيۇپ، ئۇزۇن، ئىنچىكە قىلىپ ئىككى تال ئۆرۈۋالىدۇ.

چوڭ ئاپامنىڭ ساندۇقىدا ياش ۋاقىتلىرىدا كىيگەن گىرۋىكىگە ساپسېرىق قاداق تۇتقان مارجان دوپپىسى، غىجىم رومىلى، ئىنگلىشىم تاۋىرىدىن تىكىلگەن كۆڭلىكى، جىلىتكىسى، ھەرە قانىتىدەك سارغۇچ سۇزۇك رەختتە تىكىلگەن چۇمبىلى بار. ئۇ بۇ تەۋەررۇكلىرىنى بەك ئەتىۋارلايدۇ. خۇشال بولغان چاغلىرىدا: «بۇلارنى سەن چوڭ بولۇپ، توي قىلغاندا ساڭا بېرىمەن، سەن كىيسەڭ تازا يارشىدۇ» دەيدۇ. چوڭ ئاپام سىرتقا چىقىپ كەتكەندە مەن بۇ تەۋەررۇكلەرنى ساندۇقتىن ئېلىپ كىيىپ باقىمەن. ئۇزۇن تاۋار كۆڭلەكنىڭ بېلىنى بوغقۇچ بىلەن چىڭ باغلاپ، بېلىمگە كېلىدىغان چاچلىرىمنى قويۇپ بېرىپ، سېرىق مارجان دوپپىسىنى كىيىدىغان بولسام، ئۆزۈمنى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىمەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز دوپپىنى خان تاجىسىغا تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلغانمىدىكىن، ئۇنىڭ قىرىنى قاڭشىرىمغا توغرىلاپ كىيىدىغان بولسام، چاچلىرىمنىڭ ئۇستىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۆت قىرى ئالتۇن تاجنىڭ قىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەن چۇمبەلنى تارتىپ بېقىپ، دەرھال ئېلىۋېتىمەن. ئۇ ماڭا زۇلۇم - خورلۇقنى ئەسلىتىدۇ. مەن تەبىئىتىمدىن كۈن نۇرىنى، ئەركىن - ئازادىلىكنى، ئوچۇق - كۆركەم رەڭلەرنى ياخشى كۆرىمەن. بىلىشىمچە، چۇمبەلنى چوڭ ئاپاممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئىلگىرىكى ۋاقىتلارنىڭ، ياش چاغلىرىنىڭ خاتىرىسى دەپلا ئەتىۋارلايدۇ. چوڭ ئاپام گەپچى، ماقال - تەمسىللەرگە بەك ئۇستا. ئۇ بىلىدىغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىنى كىتابلاردىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. چوڭ ئاپام ئايەتلەرنىمۇ جىق

بىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن بىر ئايەتنى ئوقۇيدۇ. بەزىدە قىزىپ، يۆتىلىپ قالسام، ئايەت ئوقۇپ پىيالىدىكى چايغا بىرنەچچە قېتىم «سۇپ» لەپ ئىچكۈزۈپ قويسا، ياكى پۇچۇق نان بىلەن ئوت كۆچۈرۈپ قويسا، راستىنلا ساقىيىپ قالغاندەك بولۇپ قالىمەن.

چوڭ ئاپامنىڭ قىزىق ئىشلىرى ھەقىقەتەن بەك تولا. مەن ساۋاقداشلىرىمغا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بەرسەم، ئۇلارمۇ خۇددى تاشقى پىلانېتا ئادەملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيران بولۇپ قالىدۇ. «ئۇلار دېگەن كونا ئادەملەر ـ دە!» مەن چوڭ ئاپامنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دەيمەن.

* * *

مەھمۇت مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا ئالدى بىلەن تېكىستنى ئىختىيارىي ئوقۇتۇپ، ئۆز ئالدىمىزغا تەھلىل قىلدۇرىدۇ، ئارقىدىن ھەممىمىزنى نۆۋەت بىلەن سۆزلىتىدۇ، ئاخىرىدا ھەممىمىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىخچام ـ مېغىزلىق خۇلاسىلەپ، «كاللىمىزغا قۇيۇپلا قويىدۇ». ئۇنىڭ داڭلىق ئەدىبلەر، داڭلىق ئەسەرلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىنى خۇددى ھېكايە ئاڭلىغاندەك قىزىقىپ ئاڭلايمىز. قىزىقارلىق تارىخىي ۋەقەلەر، كەچۈرمىشلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىسىملار ۋە يىللار خاتىرىمىزگە چوڭقۇر ئورناپ قالىدۇ. دەرسخانىنىڭ كەيپىياتى شۇنداق جانلىق، قىزغىن. رۇستەم بىلەن ئېلىيارلار ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلىسىمۇ، مۇئەللىم خاپا بولمايدۇ، تېخى ئۇلارنى ماختايدۇ. مەن يېقىندىن بېرى سىنىپىمىزدىكى داڭلىق «ئۇچ نوچى» نىڭ ماھىر چەۋەندازغا دۇچ كەلگەن شاش ئاتلاردەك ئاستا ـ ئاستا مەھمۇت مۇئەللىمگە

يېقىنلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
سىنىپتىكى ئوغۇل باللار رۇستەم، ئېلىيار ۋە مەرداننى «ئۈچ نوچى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار كىنولاردىكى، چۆچەكلەردىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاش تازا تېپىشقانلاردىن. ئۈچىلىسىنىڭ «دەرس» دېسە، بېشى ئاغرىيدۇ، ئويۇن دېسە، جېنىنى تىكىشكە تەييار. ئېگىز، ئىنچىكە كەلگەن مەردان بىرلا كۆرگەن ھەرقانداق ئۇسسۇلنى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىتىپ ئوينىيالايدۇ. مەيلى ئىرپلاندىيەنىڭ «دەريا ئۇسسۇلى» بولسۇن، ئەرەب - ھىندى ئۇسسۇلى بولسۇن، ياكى «ئادىنوچكا» بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا يالغان بۇرۇت چاپلاپ، چىرماپ دەسسەپ چارلىز چاپلىننى دورايدىغان بولسا، كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىمىزنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس قالىدۇ. پاكار، قارا قاش، قارا كۆز كەلگەن ئېلىيار چاقچاقچا شۇنچىلىك چېچەنكى، خېلى - خېلى گەپچىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇ بار يەردە، ھەتتا ئىمتىھان مەيدانلىرىدىمۇ كۈلكە ئۈزۈلمەيدۇ.

*ئىمتىھان، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،*
*ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئەلا كۆرىمەن ئۆلۈمنى.*
*قالدۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە.*
*ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويىمەن 60 نى.*

ئېلىيار ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتكەن، توقۇغان مۇنداق شېئىر - قوشاقلار ھەر قېتىم ئىمتىھان مەزگىللىرىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا، سىنىپتىن سىنىپقا كۆچۈپ يۈرىدۇ.
بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىدا رۇستەم يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈپ بىرىنچى بولدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن مۇئەللىم ۋە سىنىپتىكى باللار ئولتۇرغان يەرگە

www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئاڭلىدىڭلارمۇ، مەن مەكتەپنىڭ رېكورتىنى بۇزۇۋېتىپتىمەن!» دەپ توۋلىدى. «بۇزغان بولساڭ تۆلەيسەن، رېكورت دېگەن مەكتەپنىڭ نەرسىسى» دېدى ئېلىيار. ئولتۇرغانلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. رۇستەم بىچارە گۇناھكاردەك قىزىرىپ تۇرۇپلا قالدى. ئېلىيارنىڭ مۇنداق چاقچاقلىرى بەك كۆپ. ئەگەر ھەممىنى يىغسا، چوقۇم بىر كىتاب بولىدۇ.

رۇستەم تەنھەرىكەت ھەۋەسكارى، مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ ھۇجۇمچىسى. يۈگۈرۈش، سەكرەش، چويۇن توپ، دىسكا ئېتىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش دېگەنلەردە مەكتەپ بويىچە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا دەرسنى ئانچە بىلمىسىمۇ، مۇئەللىملەر ئۇنى تالىشىدۇ. شۇغىنىسى ئۇنىڭ ئادەتتىكى گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى سەل غەلىتە، بىر ئىشقا خۇشال بولسا، كىچىك باللاردەك ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، خاپا بولسا، ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تىپىرلاپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. باشقىلار چىشىغا تەگسە، قىپقىزىل بولۇپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇكى...

سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم باشقىلارغا لەقەم قويغىلى ئامراق ئىدى. ئۇ داۋاملىق ئادەم كۆپ يەردە، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا رۇستەمنى مەسخىرە قىلىشقا ئۇرۇناتتى. بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ھەممە ئوقۇغۇچى مەيداندا تىزىلىپ تۇرغاندا ئالىم رۇستەمنى «ھەي دەلدۈش!» دەپ چاقىردى.

رۇستەم ئۇنىڭ پېشانىسىدە پاخپىيىپ تۇرغان چېچىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە: «ھە، نېمە دەيسەن ئورۇس توخۇسى!» دەپ جاۋاب بەردى. مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىمنىڭ لەقىمى «توخۇ» بولۇپ قالدى. ئەمما ھېچكىم رۇستەمنى «دەلدۈش» دەپ چاقىرىپ باقمىدى.

سىنىپىمىزدا ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى يەنىلا نىياسەم مۇئەللىمنىڭ «ئۈچ مەلىكە» سى. بۇ نامنى ئۇلارغا ئالىم قويغان. مەلىكىلەرنىڭ بىرىنچىسى نەرگىسئاي — شەھىرىمىزدىكى داڭلىق يېڭى باينىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. مەكتەپكە پىكاپتا كېلىپ، پىكاپتا كېتىدىغان، بايلىق، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشايدىغان بۇ قىز «پۇۋ» دېسە، ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئاجىز، كېسەلچان، دادىسى مۇشۇ قىزى ئۈچۈن داۋاملىق مەكتەپكە پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرىدۇ، جاپا چېكىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلاردىن پات ـ پات «ھال سوراپ» تۇرىدۇ. نەرگىسئاينىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە مەكتەپ مۇدىرىدىن تارتىپ سىنىپ باشلىقىمىزغىچە ھەممىسى كۆڭۈل بۆلىدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىز نىياسەم مۇئەللىم نەرگىسئاي ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدۇ. مەلىكىلەرنىڭ ئىككىنچىسى مۇقەددەس، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى بىر باشلىقنىڭ قىزى. ئېگىز بوي، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئەڭ يېڭى مودىدا ياسىنىپ يۈرۈيدىغان بۇ قىز داڭلىق مودېللارغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ. ئۇلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ يۈرىدۇ. يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىشتە، ئوزۇقلىنىشتا ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. ئۇ دەرستىمۇ ئەلاچىلارنىڭ بىرى، سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەڭتۇشلىرىدەك چاقچاق قىلىشىپ پاراڭلىشالايدۇ. ئۇنى كۆرسە ھەرقانداق ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرىدۇ. سىنىپتا ئۇ بىرەر سوئالغا جاۋاب بەرسە، مەيلى ھەرقانچە ئادەتتىكىچە بولسۇن، قىزغىن مەدھىيىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى، تۈزگەن جۈملىلىرى ھەرقانچە تاققا ـ تۇققا، مەنتىقىسىز بولسۇن، ئۆرنەك سۈپىتىدە ئوتتۇرىدا ئوقۇلىدۇ. قىسقىسى، ئوقۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ

راھەت ئىش. مەكتەپتە ئۇ خۇددى ئەينەك قاچىدىكى ئالتۇن بېلىقتەك ئەركىن ئۈزۈپ يۈردى. باشقىلارغا قالغىنى پەقەتلا ھەۋەسلىنىش، خالاس.

يۈزلىرى يۇپيۇمىلاق، ئوماققىنە كەلگەن گۈلزىرە قايسىبىر ئاخبارات ئورنىنىڭ مەسئۇلىنىڭ قىزى. تېلېۋىزىيە مۇخبىرى بولۇش — ئۇنىڭ تۇغما ئارزۇسى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپلا مەكتەپتىكى يىغىلىشلارنى يېزىپ «كىچىك مۇخبىر» دەپ نام ئالغانىدى. ئۇ ھازىر ئالىي مەكتەپنىڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى كەسپىگە ئۆتۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئاجايىپ تىرىشچان، دائىم قولىدىن كىتاب چۈشمەيدۇ. ئاپىسى ئۇنى كېچە سائەت 12 گىچە دەرس تەكرارلايدۇ، دەيدۇ. نىياسەم مۇئەللىم «ئالىم بولىدىغان قىزىم» دەپ ئۇنىڭدىن ئاجايىپ پەخىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىزىقىشى، مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىپلا قالماي، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەۋەس ـ قىزىقىشلىرى، مىجەزى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، توي قىلمىغانلىرىنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىرىگىچە پىششىق بىلىدۇ. سىنىپتا بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى بولساق، نامدار شەخسلەرنى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرىنى چاقىرىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا سىنىپ مۇدىرىمىز كۆپ ئىشتا ئۇنىڭغا تايىنىدۇ. قىسقىسى، نىياسەم مۇئەللىمنىڭ ئۈچ قىزى سىنىپىمىزنىڭ يادروسى، شان ـ شەرىپى، بىزدەك قىزلارنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئۆرنەك قىلىدىغان ھەم يوشۇرۇنچە ھەسەت قىلىدىغان نىشانىمىز. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى، قولى قىسقا تىجارەتچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىزدەك قىزلار، ئەلۋەتتە ئۇلارنى دوراپ بولالمايمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزگە باشقىچە بىر خىل دۇنيا، باشقىچە

بىر خىل ھاياتتىن ئۇچۇر بېرىپ، قەلبىمىزدە سۆز بىلەن ئىپادىلىگۈسىز مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئارمانلارنى ئويغىتىدۇ. تولۇقسىزنىڭ ئۈچىنچى يىلىلىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، نەرگىسئايىنىڭ بىر يوپكىسىغا شۇنچىلىك ھەۋەس قىلدىمكى، بىرنەچچە كۈنگىچە خىيالىمدىن پەقەتلا چىقىرالمىدىم. ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە توپ تارقىتىش بازارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاشۇ يوپكىنى ئىزدىدىم ۋە ئاخىرى تاپتىم. «باھاسى 20 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى» دېگەن خەت چاپلانغان ئۇ يوپكىنى ئۇچامغا كىيىپ ئەينەك ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا نەچچە رەت ماڭدىم. يوپكا پاكار بويلۇق نەرگىسئايغا قارىغاندا ماڭا تېخىمۇ ياراشتى، ئەتراپتىكىلەر ھەۋەس بىلەن قارىشىپ كەتتى. بىراق مەندە 20 يۈەن ئەمەس، بەش يۈەنمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغدا مەن مىغ - مىغ ئادەم، ئاپتوبۇس، پىكاپلار بىلەن تولغان، ئىككى تەرىپىدىن ئالىي دەرىجىلىك كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرى، قاۋاقخانىلار، مېھمانسارايلار قەد كۆتۈرگەن چوڭ كوچىدا يالغۇز كېتىۋېتىپ ھەسرەتلىك ھەم ئۇلۇغۋار تۇيغۇلار ئىچىدە: «خەپ، بىر كۈنلەردە مەن ئاتا - ئانامنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس، ئۆز كۈچۈم بىلەن شۇنداق بىر ئادەم بولىمەنكى··· » دەپ قەسەم ئىچتىم. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ مەن سىنت - موچەنلەپ پۇل يىغىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۇم. كىيىم - كېچەك، كۆكتات ئېلىپ ئاشقان پارچە پۇللارنى، ئاتا - ئانام بەرگەن ھېيتلىق پۇللارنى بىر سىنتنى ئۇيان - بۇيان قىلماي يىغاتتىم. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە بىرەر تال چوكا مۇز، قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردە بىرەر جۈپ پەلەي سېتىۋالمايتتىم. باشقا قىزلار ياخشى كۆرىدىغان يۈزماي، تاغاق، چاچ قىسقۇچ دېگەندەك نەرسىلەرگە كۆز قىرىمنىمۇ سېلىپ قويمايتتىم. مەن ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ كۆرەڭلەيدىغانلارغا ئانچە قايىل ئەمەس ئىدىم، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجىز - نامراتلىقى تۈپەيلى، ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

تاشلىۋەتكەنلەرنى كۆزگە ئىلمايتتىم.

بىر قېتىم بىز ياش ـ ئۆسمۈرلەر تۈرمىسىگە زىيارەتكە باردۇق. بىزگە تەسىراتىنى سۆزلەپ بەرگەن بىر ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى ئۆزىنىڭ يامان يولغا مېڭىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتقاندا، مەن ئىچىمدە: ئۆز گۇناھىڭنى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بەختسىزلىكىگە ئارتىپ قويۇشتىن ئۇيالمامسەن؟ سەن ئاتا ـ ئاناڭ ئۈچۈن ياشاپ بېرەمتىڭ؟ سەنمۇ بىر ئەقىل ئىگىسىغۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما رېئاللىقتا كىشىلەر مەسىلىگە ھامان شۇنداق قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭ يامان يولغا مېڭىشى يوللۇق ئىشتەك خاتا قاراش شەكىللىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بەختسىزلىكىنى چۈشىنىشى، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشى، باتۇرلۇق بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمۇ زۆرۈر ۋە يوللۇق ئەمەسمۇ.

* * *

ئىمتىھان دېسە، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانى دېسە چۆچۈمەيدىغان كىم بار. ئاشۇ ئىمتىھاندا 12 يىل يىغقان دەسمايىلىرىمىز غالتەككە چىقىپ، ھايات يولىمىز بەلگىلىنىدۇ. ياق، مەن ۋە ماڭا ئوخشاشلار ئۈچۈن ئىمتىھان نومۇرى ھايات يولىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئامىل ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇن پۇلنىڭ غېمى بىزنىڭ يەلكىمىزنى تاغدەك بېسىپ تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن تىرىشىپ ئۆز ئىقتىدارىمىزنى، شۇنچە يىل بىكار نان يېمىگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش ــ ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى. لېكىن تىرىشقىنىمىز بىكارغۇ، نېمە

ئۇچۇن بۇنچە جاپا چېكىمىز؟ دەيدىغان بىر ئۈمىدسىزلىكمۇ پۈرسەت تاپسىلا يۇقۇملۇق كېسەل ۋىرۇسىدەك يامراپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادە قورغىنىمىزنى ۋەيران قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى، مەردان بىلەن ئېلىيار باشلىق بەش ـ ئالتە بالا ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرسكە قاتناشمايدىغان بولۇۋالغانىدى. سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ جاۋاب ئالالماي، نىياسەم مۇئەللىمنى باشلاپ كىردى. نىياسەم مۇئەللىم ئېغىر ئاياغ بولۇپ، ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتۇق. شۇغىنىسى، خۇددى چوڭ ئاپامنىڭ «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگىنىدەك، بۇ ئوغۇل بالىلار ئۆزىنىڭ ئوغۇل بالىلىقىنى قىلماي قوياتتىمۇ.

مۇئەللىم قورسىقىنى تومپايتقىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلاپ، ئۇدۇل رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالىم خۇددى مۇئەللىمنى قوغدىماقچىدەك ئۇنىڭ يېنىدا تەييار ھالەتتە تۇراتتى.

— مەردان بىلەن ئېلىيارلار نەگە كەتتى، سەن بىلىسەنغۇ دەيمەن؟

— خاپا بولماڭ مۇئەللىم ··· مەن بىلمەيمەن.

— سەن بىلىسەن، سەن، سەن ··· ساۋاقداشلىرىڭغا مۇشۇنداق كۆيۈنەمسەن؟

— ······

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ ئۇلارچوقۇم تورخانىدىغۇ دەيمەن، قەيەردىكى، قايسى تورخانىدا؟

— مۇئەللىم، مەن ··· مەن ··· راستىنلا···

— ھۇ دەلدۈش، سەن مۇشۇ ھەپتىدە خۇلاسە ئىمتىھان بارلىقىنى، بۇ ئىمتىھانىنىڭ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنىنى بىلمەمسەن! — مۇئەللىم سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا غەزەپتىن

www.uyghurkitap.com

قىپقىزىل بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى: — دۆت ئېشەكلەر، ھەممىڭ ئېشەك، ئادەم بالىسى بولساڭ مۇشۇنداق پەيتتە قوشقۇنغا ئولتۇرۇشامتىڭ ··· ئىسىت، سەن نېمىلەر بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئۆتكەن ئۆمرۈم!

مۇئەللىم بېشىنى تۇتقىنىچە بوشىشىپ كەتتى.

— مۇئەللىم، خاپا بولماڭ! ھەرگىز خاپا بولماڭ···

قىزلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مۇئەللىمگە تەسەللى بەردى ۋە ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئالىم رۇستەمگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ سائەتلىك دەرس ئەدەبىيات ئىدى. مەھمۇت مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ كۇلۇمسىرەش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۇ مۇشۇ كۇلۇمسىرىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل چۈشىنىش، بىرلىك ھاسىل قىلالايتتى.

— ساۋاقداشلار، نىياسەم مۇئەللىمنىڭ بايىقى سۆزى ئۈچۈن مەن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. خاپا بولماڭلار ··· — ئۇ توختاپ چوڭقۇر بىر تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — نىياسەم مۇئەللىممۇ بۇ گەپنى سىلەرگە بولغان كۆيۈنۈشتىن، ئاچچىقتىن دەپ سالدى. ئۇنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاتا ـ ئانىڭىزمۇ بالىغا كايىيدىغان ۋاقتى بولىدىغۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئۈچ يىللىق سىنىپ تەربىيەچىڭلار. ئۇ سىلەرگە ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدى. ئەسلىدە بىز ئۇنى خاپا قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى، شۇنداققۇ؟ مېنىڭچە، بىز بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىۋالايلى، ئۆزئارا چىقىشىۋالايلى، مېنى ئاكا ئورنىدا كۆرۈڭلار، نىياسەم مۇئەللىمنى ئاچاڭلار ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىڭلار. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز ئاكا ـ ئۇكىغۇ، قېرىنداشقۇ. بىز نېمىشقا قارشىلىشىمىز، نېمىشقا بىر ـ بىرىمىزنى

چۈشەنمەيمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىر، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مەخپىيەتلىك ياكى زىددىيەت يوققۇ!

رۇستەم، سەن دوستلىرىڭغا مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قوي، باشقىلىرىڭلارمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دەرسكە تولۇق قاتنىشىشىلا بولىدۇ. يەنە بىر ئىش، نىياسەم مۇئەللىم كېلەر ھەپتىدىن تارتىپ دەم ئالىدۇ، يىل ئاخىرىغىچە سىلەرگە مەن مەسئۇل بولىمەن. ئەمىسە…

شۇ چاغدا كىم باشلاپ چاۋاك چالدىكىن، سىنىپتا بىردىنلا چاۋاك ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. قارىسام رۇستەممۇ يوغان قوللىرى بىلەن تازا كۈچەپ چاۋاك چالغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئەمىسە دەرسنى باشلايلى، ساۋاقداشلار!

مۇئەللىم دەرسلىك كىتابقا ئېڭىشتى، شۇ ئارىلىقتا ماڭا ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش لىغىلداپ قالغاندەك كۆرۈندى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەردان، ئېلىيارلار دەرس تاشلاپ باقمىدى. سىنىپنىڭ كەيپىياتىدا بىلىنەر - بىلىنمەس بىر جانلىنىش بولۇۋاتاتتى. ئەدەبىيات دەرسىگە قىزىقمايدىغان رۇستەممۇ يېقىندىن بېرى دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغان، مۇئەللىمدىن دەرسكە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورايدىغان بولۇپ قالدى. مەھمۇت مۇئەللىم ئۇنىڭ بىر ماقالىسىنى سىنىپتا ئوقۇدى. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان كىشىلەر» بولۇپ، ئۇ ماقالىسىدە چوڭ دادىسىنى، كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىسىنى، دادىسىنى يېزىپ بولۇپ، ئاخىرىدا مېنىمۇ قىستۇرۇپتۇ. «مەن ئارقامدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئاشۇ ئورۇق، ئاددىي كىيىنىپ يۈرۈيدىغان قىز بالىدىن قەيسەرلىكنى، مۇستەقىل ياشاشتىن قورقمايدىغان ئىرادىنى، تىرىشچانلىقنى ئۆگەندىم» دەپ يېزىپتۇ. ماقالىنى ئەلاچىلارنىڭ ماقالىسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى، لېكىن ئۇنىڭدا ئادەت بولۇپ كەتكەن

دەبدەبىلىك سۆزلەر، سۇنئىي كۆپتۈرمىلەر يوق ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ماقالىسىنى ماختاۋاتقاندا، رۇستەم خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. لېكىن بۇ خۇشاللىقنىڭ كەينىگە چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن.

تەنەپپۇس ۋاقتىدا ھەممىمىز توپ مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتۇق، نەرگىسئاي رۇستەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۇڭقۇلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي دەلدۇش، مەھمۇت مۇئەللىم ساڭا ئەجەب ئامراق بولۇپ كېتىپتىغۇ، تايىنى يوق بىر نېمەڭنى ماختاپ كەتتا، توۋا شۇمۇ ماقالە بولدىمۇ!

رۇستەم قىزارغىنىچە بىردەم دۇدۇقلاپ تۇردى ـ دە، بىردىنلا:

— چىدا، چىدا، چىدىمىساڭ بېرىپ ئۆلۈۋال! — دېدى. نەرگىسئاينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ لەۋلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ يوگۇرۇپ كېلىپ رۇستەمنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىردى:

— دەلدۇش، دەلدۇش، سەن بېرىپ ئۆل!

— سەن ··· سەن ··· بارە نېرى!

رۇستەم شۇنداقلا ئىتتىرىپ قويۇۋېدى، نەرگىسئاي ئوڭدا چۈشتى. ئۇنىڭ بېشى دەل مەيداننىڭ سېمونت قىرىغا تەگدى.

ھەممىمىز قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق، رۇستەمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى.

نەرگىسئاي سېمونت يەردە مىدىرلىماي سوزۇلۇپ ياتاتتى، قاپقارا قان ئۇزۇن، ئىنچىكە قۇرتتەك ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ، گەدىنى ئاستىغا قاراپ ئېقىۋاتاتتى ···

نەرگىسئاي تېز قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا دوختۇرخانىغا ئېلىپ

كېتىلدى. مەكتەپ دوختۇرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدىكەن، ئارقىسىغا بوغۇۋالغان چېچى ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىنى قوغداپ قاپتۇ. ئەمما مېڭىسى سىلكىنىپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن. چۈشتىن كېيىن دەرس ئۆتۈلۈۋاتقاندا نەرگىسئاينىڭ دادىسى ــ قاپقارا، سېمىز ئادەم سىنىپقا كىرىپ رۇستەمنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۇرماقچى بولۇپ دېۋەيلەپ كەلدى. ئوغۇللار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. سىنىپ باشلىقىمىز ئالىم، مۇقەددەس، گۈلزىرەلەر رۇستەمگە بولغان غەزەپ - غەپرىتىنى ئىپادىلەپ، پات - پات ئارقىسىغا قاراپ ئالىيىپ قويۇشاتتى.

«ھەي دېۋە، ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، خۇداغا شۈكۈر دېگىن. غەيرەتلىك بول، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ!» مەن كىچىككىنە باغاقچىگە شۇنداق دەپ يېزىپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدۇم. بىردەمدىن كېيىن قارىسام، يوغان قوللىرىدا باغاقچىنى تۇرمىلەكلەپ، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك لەۋلىرىنى چىشلەپ ئېسىلگىنىچە ئولتۇرىدۇ. بىردىنلا مېنىڭمۇ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى. زەردەم قايناپ: «ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، گۇناھ خەقنىڭ ئۆزىدىغۇ، ئۇ رۇستەمنى بىكاردىن - بىكار تىللاپ، ئىتتىرىپ كەتمىدىمۇ... » ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ھەممىمىز نەرگىسئاينى يوقلاپ باردۇق. نەرگىسئاي يوغان، ئاپپاق پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىدا قوش - قوش ئۈزۈكلەر پارقىراپ تۇرىدىغان سېمىز ئايال كېسىپ بەرگەن ئالمىنى يەۋاتاتتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، سېمىز ئايال ئۇنى كارىۋاتتىن چۈشسىڭىز بولمايدۇ، دەپ توسۇۋالدى.

ياتاقنىڭ دېرىزىسى، تومپۇچكىلارنىڭ ئۈستى گۈل بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بىز ئېلىپ كەلگەن گۈلىمىزنى قويىدىغان

مۇۋاپىق جاي تاپالماي، يەرگىلا قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. نەرگىسئاي ھەدەپ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى، ئەمما ياتاقتا ئىككىلا ئورۇندۇق بار ئىدى.

مۇقەددەس ئورۇندۇقنىڭ بىرىنى نەرگىسئاينىڭ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ يېقىنچىلىق بىلەن سورىدى:

— قانداقراق؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ، چوڭ چاتاق يوقتۇ؟

— چاتاق يوق، دوختۇر ئەسلى بۈگۈن چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، دېگەن، دادام بىرەر كۈن ئارتۇق كۆزىتىپ بېقىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى شۇ. مېنىڭغۇ ھازىرلا چىقىپ كەتكۈم بار، ئىمتىھان ۋاقتى تۇرسا…

— ھېلىقى رۇستەم دېگەن باردۇ ئاراڭلاردا؟ — سورىدى ئايال.

— رۇستەم كېلەلمىدى، ئايرىم يوقلاپ كەلمەكچى…

— كەلگەن بولسا قولىقىنى يۇلۇۋالاي دېگەنتىم، خەقنىڭ قىزىنى ئاشۇنداق بوزەك قىلىدىغان نەنىڭ نوچىسىكەن ئۇ!

بىز بۇياققا كەلمەكچى بولغاندا رۇستەمنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ بويۇن تولغاپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلۈمدە توغرا قىلغانىكەن، دەپ قالدىم.

نەرگىسئاي دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلزىرە يېنىمغا كېلىپ، مېنى مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھەيرانلىق ئىچىدە مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. مۇدىر مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مەندىن ئۇدۇللا سورىدى:

— ئاڭلىسام، بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى رۇستەم سىزنىمۇ يىقىتىۋەتكەنىكەن، راست شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

— يىقىلىپ چۈشكىنىم راست، لېكىن رۇستەم يىقىتىۋەتكەن ئەمەس، ئۆزۈم ئورنۇمدىن تۇرىمەن دەپ

ئالدىراپ…

— بولدى، ئۇنى ئاقلىماڭ، مەن باشقىلاردىن ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بولغان. گۈلزىرەنىڭ ئېنىقلىشىچە، رۇستەم كىچىكىدە ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ مېڭىسى زەخىملەنگەنىكەن. دوختۇرلار ئۇنى كېيىنچە نېرۋىسىدىن چاتاق چىقىشى مۇمكىن، ئېھتىيات قىلىڭلار، دەپتىكەن. ئىلگىرى ئۇ سىرتتىمۇ جېدەل چىقارغانىكەن. بىرنەچچە كۈندىن بېرى، بەزى ساۋاقداشلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىمىزنى بۇ مەكتەپتە ئوقۇتمايمىز، دەپ دەۋا قىلىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، رۇستەم نورمالمۇ؟

— مەن رۇستەم بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغان، مېنىڭچە ئۇ تامامەن نورمال. ئۇ ئاتا - ئانا تەربىيەسى كۆرمىگەچكە، مىجەزى سەل غەلىتە. لېكىن ئۇ ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنى يوق، ئۆتكەنكى ئىشتىمۇ نەرگىسئاي باشتا…

— بولدى، بولدى، ھازىرچە بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ رۇستەمگە دېمەي تۇرۇڭ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىمىز.

نېمە ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغاندۇ ئۇلار؟ مۇدىر ئىشخانىسىدىن چىقىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. مەيداندا ئوغۇل باللار خۇشال - خۇرام ۋارقىرىشىپ توپ ئويناۋاتاتتى، ئۇلار ئارىسىدا رۇستەممۇ بار ئىدى. ئۆتكەنكى بىر مەزگىللىك پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن ئۇ خېلىلا ئارام تېپىپ، روھلىنىپ قالغانىدى، ئاشۇ بىچارىگە يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك كەلمىسە بولاتتى.

ئىشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. نەرگىسئاينىڭ دادىسى ئۇزۇن قارا پىكاپتا كېلىپ، مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتەتتى. رۇستەمنىڭ چوڭ دادىسىمۇ مەكتەپكە بىرقانچە قېتىم چاقىرتىلدى. سىنىپتا رۇستەم مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالدى. مەھمۇت

www.uyghurkitap.com

مۇئەللىم رۇستەمنى قوغداپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. مۇدىر ئۇچۇن نەرگىسئاينىڭ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتىشى تۇپەيلىدىن بولىدىغان زىيان ئالدىدا باشقا ئىشلارنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ رۇستەم مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلدى. ئۇنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدىكى بىچارە تۇرقى كۆڭۈل خاتىرەمدە ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ ساقلىنىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ 12 يىللىق ساۋاقدىشىم ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئائىلە شارائىتىمىز ئوخشاپ كەتكەچكىمۇ، ئۇ مېنى يېقىن كۆرەتتى. ئېغىر - يېنىك ئىشلاردا ماڭا ياردەم قىلاتتى، تالاش - تارتىشلاردا هامان مېنىڭ تەرىپىمنى ئالاتتى. نەرگىسئاي، مۇقەددەسلەرنىڭ نەزىرىدىكى قورقۇنچلۇق «دەلدۈش» مېنىڭ نەزىرىمدە بەزىدە گەپ ئاڭلىمايدىغان كىچىك ئۇكىغا، بەزىدە كۆيۈمچان ئاكىغا ئوخشايتتى. ئۇ سىنىپنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئاجايىپ كۆڭۈل بۆلەتتى، تازىلىق - ئەمگەكلەردە تەرلەپ - پىشىپ، ئىككى - ئۈچ كىشىلىك ئىشلەيتتى. ئەتىياز، كۈز پەسىللىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە جان تىكىپ ئېلىشىپ كۆپ قېتىم سىنىپىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. هەر يىلى يازدا تاغقا، دالىغا ساياهەتكە چىققاندا، قازان - قومۇچ، گۆش - كۆكتاتلارنى يۈدۈپ توشۇيتتى. باشقىلار ئويناۋاتسا، يۈزلىرىنى قارا - قۇرا قىلىپ كاۋاپ پىشۇراتتى. نەدە ئېغىر، مەينەت ئىش بولسا رۇستەمنىڭ ئىدى. ئۇ هېچقاچان باشقىلارغا بەس سالمايتتى، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلمايتتى. ئۇ چېچىنى پارقىرىتىپ تاراپ، ئىش - ئەمگەك دېسە بەش كۈنلۈك يەرگە قاچىدىغان، قاچان قارىسا قىز باللار بىلەن غەيۋەت قىلىشىپ، گەپ توشۇپ يۈرىدىغان ئوغۇل باللاردىن باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. ئاشۇ رۇستەم ئاخىر بىرىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىمۇ؟ دۇنيادا سەممىي ئادەملەرلا زىيان

تارتامدىغاندۇ؟ دادامنىڭ كېيىنكى ئايالىدەك، نەرگىسئايلاردەك هازازۇل، ساختىپەزلەرنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىۋېرەمدىغاندۇ··· ؟

*　　　*　　　*

— گۈلنىسا، ماڭا قارا قىزىم، مەندىن نەسىھەت بولۇپ قالسۇن، سەن ھەرگىز باشقا قىزلارنى دوراپ مۇھەببەتلىشىپ يۈرمە···

— مۇھەببەتلەشكەنگە نېمە بولىدۇ چوڭ ئاپا، ھازىر ھەممە قىزلار مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدۇ. بىزنىڭ سىنىپتىكى بەزى قىزلار تولۇقسىزدىن تارتىپلا مۇھەببەتلىشىشكە باشلىغان. لېكىن مەندىن خاتىرجەم بول چوڭ ئاپا، مەن ھازىر مۇھەببەتلەشمەيمەن، «بالدۇر ئېچىلغان گۈل بالدۇر توزۇيدۇ» دېگەننى مەن ئوبدان بىلىمەن. لېكىن سەن نېمىشقا 13 يېشىڭدا ئەرگە تېگىۋالغان؟

— مەن ئۆزۈم تەگمىگەن، ئاتا ـ ئانام مەجبۇرلاپ بەرگەن. ئۇ زامان شۇنداق ئىدى، قىزلارنى تۇماق بىلەن بېرنى قويسا يىقىلمىغۇدەك بولسىلا ئەرگە بېرىۋېتەتتى. بىز ئاغزىمىزدىن سۈت پۇرىقى كەتمەي تۇرۇپ، ھېچ نەرسىنى ئۇقماي، بىلمەي تۇرۇپ خوتۇن، ئانا بولۇپ قالاتتۇق. جاھان دېگەن شۇنداق دەپ ھەممىگە كۆنۈپ كېتەتتۇق. ھازىر قىز باللار ئوقۇپ، خىزمەتكە چىقىپ، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدىغان بولىدۇ، بۇمۇ ياخشى بولدى. لېكىن···

— لېكىن نېمە بولدى، چوڭ ئاپا؟

— نېمە بولاتتى، زىيان تارتقىنى يەنىلا ئايال كىشى، قىز بالا بولدى. ئىلگىرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئېرى بىلەن باللىرىنىڭلا خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاياللار ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنىمۇ، ئېرى، باللىرىنىڭ خىزمىتىنىمۇ قوشلاپ

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان بولدى. ئەر كىشىلەر قولىنى ئەگرى قىلماي ئولتۇرۇپ خوتۇنىنىڭ ئېتىپ بەرگىنىنى يەيدىغان، تېپىپ بەرگىنىنى خەجلەيدىغان بولدى. تەييار پۇل كىمگە خۇشياقمايدۇ. مۇشۇ مۇھەببەتلىشىدىغان ئىشنى ئالساقمۇ، ئوغۇل بالا دېگەن قانچە قىز بىلەن مۇھەببەتلەشسىمۇ ھېچكىم ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ، لېكىن قىز بالا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىرەرسى بىلەن ئېتى چىققان قىز بالا ئاشقان ئاشقا ئوخشاپ قالىدۇ، يەنە بىرسىنىڭ كېلىپ ئۇنى ئىچىشكە كۆڭلى تارتمايدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن ئاشۇنداق قىز بالىنىڭ نامىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى خالىغان بىرسىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېرىدۇ. قىز بالىنىڭ بىتەلەي بولغىنى بولغان.

— ۋاي – ۋۇي چوڭ ئاپا، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن. مۇھەببەتلەشكەن قىزلارنىڭ ھەممىسى «ئاشقان ئاش» بولمايدۇ، دۇنيادا ياخشى قىزلار كۆپ، ياخشى ئوغۇللارمۇ كۆپ. مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

— ھە ئېيتە، قۇلىقىم سەندە.

— بىر يىگىت بىلەن بىر قىز بولغانىكەن، ئۇلار بىر – بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما يىگىتنىڭ تېخى ئىش – ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. قىزمۇ تېخى 18 لەرگە ئەمدىلا كىرگەنىكەن. ئۇلار ئاتا – ئانىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىقتا ئۇچرىشىپتۇ. بۇ باھار پەسلى بولۇپ، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئىللىق باھار ئاپتىپى تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئورمانلىق يۇمران يوپۇرماقلار بىلەن ياۋا گۇللەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا تولغانىكەن. قۇشلار خۇددى ھاياتنىڭ باھار پەسلىدە تۇرۇۋاتقان بۇ بىر جۈپ ئاشىق – مەشۇقنى قارشى ئالغاندەك توختىماي ۋىچىرلىشىپ سايرىشىدىكەن. ئۇلار مۇھەببەتتىن ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن مەست بولۇپ، ماڭا – ماڭا ئاخىر ئېزىپ قاپتۇ. ئۇلار ئورمانلىق

ئىچىدىن شۇنچە ئىزدەپمۇ قايتىش يولىنى تاپالماپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، يىگىت قىزنى قىيىن ئەھۋالدا قويغىنىدىن قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇدا ئۇزاق يول يۈرۈپ ئورمان قاراۋۇلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئىككى ئېغىزلىق كونا ياغاچ ئۆي بولۇپ، ئىچىدە ئادەم يوق ئىكەن. يىگىت خۇشال بولۇپ قىزنى ئىچكىرىكى ئۆيدىكى بىردىنبىر كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆزى تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يېتىپتۇ. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئادەمزاتسىز ئورمانلىقتىكى يالغۇز كەپىدە قونۇشقا مەجبۇر بولغان قىز دەككە ـ دۈككىدە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئىشىكنىڭ زەنجىر ھالقىسى بارئىكەن، ئۇ قوپۇپ زەنجىرنى تاقاي دەپتۇ ـ يۇ، يىگىت بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پاك، نازۇك مۇناسىۋەتكە شەك كەلتۈرۈپ، يىگىتنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىماپتۇ. ئىشىكنى تاقىماسلىققا تېخى كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن، قويۇق چېچىدىن بىر تال ئۈزۈپ ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى چاچ بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ ـ دە، شۇ ھامان ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

سەھەردە قىز ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئىشىككە قارىسا، چاچ ئاخشامقى پېتى تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ قەلبى شادلىق ۋە مۇھەببەتكە تولۇپتۇ ۋە شۇ چاغدا مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىيەزەر، كەلگۈسىدە مۇشۇ يىگىتتىن باشقا كىشىگە ياتلىق بولماسلىق نىيىتىگە كەپتۇ. كېيىن ئۇلار توي قىپتۇ. خۇددى ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئۇ يىگىت ئۇنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ، ئۇنى ئايال كىشى ئۆمرىدە ئېرىشىدىغان ھەممە بەخت ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈپتۇ...

چوڭ ئاپا، مەن دەل ئاشۇنداق يىگىتنى تاپىمسام، توي قىلمايمەن، مەندىن خاتىرجەم بول.

— مەن خاتىرجەم بولدۇم بالام، خاتىرجەم بولدۇم. ئاپاڭ

www.uyghurkitap.com

بىچارە ئۆمرىدە تۇزۇك خۇشلۇق كۆرمەي ئۆتتى، سەن بولساڭمۇ يولۇڭنى تېپىپ ماڭغىن، خۇدايىم بەخت ـ تەلىيىڭنى بېرەر ئىلاھىم.

قىزى چوڭ بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئانىلارنىڭ قىزىدىن ئەنسىرىشىمۇ قەدىمدىن قالغان ئىش، چۈنكى قىز بالا دېگەن ئاجىز، چوڭ ئاپام دائىم شۇنداق دەيدۇ. ئاپام بىلەن چوڭ ئاپام مەندىن قاچاندىن تارتىپ ئەنسىرەشكە باشلىدىكىنە؟ 13 يېشىمدا ئادەت كېلىشكە باشلىغاندىن تارتىپمۇ ياكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چوڭ بولۇپ، ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈيدىغان بولغاندىن تارتىپمۇ؟

ئەمەلىيەتتە كىچىك ۋاقتىمدىكى كەچۈرمىشلىرىم مەندە ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن قورقۇنچ ۋە يىرگىنىشنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. مەن بۇ ھېسسىياتتىن ئۈزاققىچە قۇتۇلالمىدىم. تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىز بولۇپ قالغىنىمنى بىلگىنىمدە ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سەسكەندىم، ھەتتا روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلىنىپ يۈردۈم. ئەتراپىمدىكى بالدۇر يېتىلگەن قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىلىرى مېنى بىزار قىلاتتى. ھاياتىمنىڭ ئۆزۈم خالاش ـ خالىماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر، يېتىپ كەلگەن يېڭى بىر باسقۇچى، تېنىم ۋە روھىي ھالىتىمدىكى ئۆزگىرىشلەر ماڭا يوچۇن، يىرگىنىچلىك، لېكىن يەنە قانداقتۇر ئاجايىپ سېھىرلىك تۇيۇلاتتى. مەن ئاشۇ يىللاردا مەكتىپىمىزنىڭ ئوت بولۇپ يېنىپ، يۈرىكىمىزنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تېپچەكلەشلىرىگە، ئىللىق باھار كۈنلىرى بىر كىچىدىلا بىخ سۈرۈپ ھۆسن تۈزگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ شامالدا تەۋرىنىشىگە قولاق سېلىپ، تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدىم.

شۇ يىللىرى، بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم، چوڭ ئاپام بىلەن ئاپام ئىككىسى ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ

دەرھال گېپىنى توختىتىپ، ماڭا قاراپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقى بېشىمدىن ئايغىمغىچە، ئايغىمدىن بېشىمغىچە يۆتكىلىپ، دەل كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكسۈمگە كېلىپ توختىدى. مەن تەرسالىق بىلەن مۈرەمنى قورۇپ دومسايغىنىمچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىم.

— ماڭا قارا قىزىم، بۇنى كىيىۋالغىن، — ئاپام كەينىمدىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، قولۇمغا بىر ئىچ كىيىمنى تۇتقۇزدى. ئۇ سىدام تىكىلگەن، بەدەننى قورۇپ تۇرىدىغان ئىچ كىيىم ئىدى.

— مەن بۇنى كىيمەيمەن، — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرمەي. ئاپامنىڭ بۇ ئىشى نېمىشقىدۇر مېنى ھاقارەتلىگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— نېمىشقا كىيمەيسەن، مۇكچىيىپ مومايدەك ماڭىدىغان بولۇپ قاپسەن، بۇنى كىيىۋالساڭ قىسىلماي ماڭىسەن ئەمەسمۇ.

— نېمىدىن قىسىلغۇدەكمەن، بۇنى مەن ئۆزۈم پەيدا قىلمىدىم. سەن شۇنداق تۇغۇپسەن. بۇنى كىيىۋالغان بىلەن خەق مېنى كىچىككەن، چوڭ بولماپتۇ دەپ قالارمۇ.

— ھەي دايشاق، چوڭ بولۇشقا ئالدىراپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ كىيە بۇنى!

— كىيمەيمەن!

قاتتىق تەگكەن شاپىلاق مەڭزىمدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. چوڭ ئاپام كىرىپ ئاپامغا «ئادەتتىكى ھېچ ئىشى بىلەن كارىڭ يوق، بۈگۈن ئەجەب ئۇرۇپ كېتىپسىنا» دەپ كايىغىلى تۇرغانىدى، ياشلىرىم بىردىنلا قۇيۇلۇشقا باشلىدى. دادامنىڭ گۆدەك قەلبىمدە قالدۇرغىنى جاراھەتلا بولدى. ئەمما مەن ئاپامنى ياخشى كۆرەتتىم، كىچىك ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپلا ئۇ مېنىڭ بارلىقىم ئىدى. ئەمما ئۇمۇ مېنى تاشلاپ، يات بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئاشۇ ئەركىشىدىن تۇغقان باللىرى ئاپامنىڭ قەلبىدىكى

بىر پارچە ئورنۇمنىمۇ تارتىۋالغانىدى.

ئاپام مەيۈس ھالدا كېتىپ قالدى. بىراق ئەتىسىدىن تارتىپ مەن كىيىمنى كىيىۋالدىم. تاكى تولۇق 2 ـ يىللىققا چىققانغا قەدەر كىيىپ يۈردۈم. مۇقەددەس مېنى دائىم: «18 ياشقىچە كۆكسىنى تېڭىپ يۈرۈيدىغان تومپاي»، «سەن 21 ـ ئەسىرنىڭ ئەمەس، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئادىمىسەن» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. بىر كۈنى مەن بازاردىن قىزلار كىيىدىغان ئادەتتىكى، ئەرزان ئىچ كىيىمدىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ كىيىپ باقسام، بەدىنىمنىڭ كەم يەرلىرى تولۇقلىنىپ، خېلى ئىسكەت تۈزۈپ قالغاندەك، زادى ياراشمايدىغان كۆڭلەكلىرىممۇ باشقىچە يارىشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

مەن ئاخشىمى خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆڭلەكلىرىمنى بىرمۇبىر كىيىپ كۆرۈپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا مودېللارنى دوراپ مېڭىپ يۈردۈم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە «خېلى چىرايلىقكەنسەن گۈلنىسا، سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭ چوڭ قىزلارغا ئوخشىشى كېرەك» دەپ پىچىرلايتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن تەڭتۇش قىزلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم ۋە ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزۈمدە كىيىم ـ كېچەك، رەڭگە نىسبەتەن ئالاھىدە بىر خىل تەبىئىي سېزىمنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. مەن قىلچە زورۇقمايلا، ئەڭ ئاددىي كىيىملىرىمنىمۇ ئىجادچانلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ كىيىشنى ئۆگىنىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا باشقا ئىشلارنىمۇ ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. پاراللېل سىنىپتىكى قاراقاش بالىنىڭ پات ـ پات قاراپ قويۇشلىرى، چاقچاق گەپلىرى، يەنە كىملەرنىڭدۇر ياراشتۇرۇپ كىيگەن كاستۇملىرى، بۇدۇر چاچلىرى خىيالىمغا كىرىپ قالاتتى. لېكىن بۇلار مېنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىمنى

سۇسلاشتۇرالمىغانىدى. مەن خاتىرەمنىڭ ۋاراقلىرىغا توختىماي «گۈلنىسا ئەڭ ئوماق، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئەلاچى» دەپ يازاتتىم. مەن چوقۇم ئەلاچى بولۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ئىستىقبالىمنى تېپىپ، ئورنۇمنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كۈنسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىدىغان ئاشۇ پەيتنى ھاياجان ئارىلاشقان تەقەززالىق ئىچىدە كۈتەتتىم.

دەرسلەر، خۇلاسە ئىمتىھانلار ئاياغلىشىپ، ئومۇمىي تەكرار باشلانغان كۈنى ئەتىگەندە سىنىپنى تازىلاۋاتساق، مەھمۇت مۇئەللىم كىرىپ ئېلياردىن:

— رۇستەمنى يوقلاپ تۇرالىدىڭلارمۇ، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن يېقىندا ئۇنى كوچىدا ئۇچراتقان، ئەھۋالىنى سورىسام، بىر رېمونتچىغا شاگىرتلىققا كىرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆزى سەل جۇدەپ قاپتۇ، لېكىن روھىي كەيپىياتى خېلى ئۈستۈن كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئېليار.

— مۇئەللىم ئەجەب ئۇنى سوراپ كەتتىغۇ، ئۇنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ ئەكىلەمدۇ ـ نېمە؟ — دېدى ئېليار.

— مەھمۇت مۇئەللىم رۇستەمنى ئىمتىھانغا قاتنىشىۋالسۇن دەپ يول مېڭىۋاتقۇدەك. قارىغاندا، نەرگىسىئاي باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى گۈلزىرە.

ھەممىمىز جىم بولۇپ كەتتۇق. دېمىسىمۇ يېقىندىن بېرى مەھمۇت مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا نەرگىسىئايدىن تولا سوئال سورايدىغان بولۇپ قالغان، ھەتتا بىر قېتىم كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا «مۇشۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بېرەلمىگەن يەردە ئىمتىھانلاردا 100 نومۇرنى قانداق ئالغان؟» دەپ قوپال تەگكەن، نەرگىسىئاي نەچچە كۈنگىچە يىغلاپ، كۆزلىرىنى قىزارتىپ

يۇرگەندى.

ــــ مەھمۇت مۇئەللىم ياشىسۇن! مەھمۇت مۇئەللىم يارايدۇ، بىزگە مۇشۇنداق نوچى مۇئەللىم كېرەك!

مەردان قولىدىكى سۇپۇرگىنى گىتار قىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى.

ــــ ھە مەردان، بىرەر پەدە ئويناپ بېرە، ئۇزاق بوپتۇ سېنىڭ ئۇسسۇلۇڭنى كۆرمىگىلى.

ــــ قېنى مەردان، ياخشى خەۋەرنى تەبرىكلەپ ئوت چىقىرىۋېتە!

ــــ ئاشۇ رۇستەم بايقۇش ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندىن بېرى ئۇسسۇلىمۇ يادىمغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، بوپتۇ، بۈگۈن راسا ئوينايلى!

راست، بۇ يىل بىزگە نېمە بولدى، خۇلاسە ئىمتىھانلارنىڭ ئالدىراشلىقى، چوڭ ئىمتىھاننىڭ ئەندىشىسى يەلكىمىزدىن بېسىپ، ياشلارغا خاس بارلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى يوقىتىۋەتتىمۇ ياكى چوڭ بولۇپ قالدۇقمۇ، ھەممىمىز باشقىچە ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ كېتىپتۇق. دېرىزىمىزنىڭ تۈۋى، يوللارنىڭ ئىككى تەرپىدىكى چىملارنىڭ قاچان يېشىل تۈسكە كىرىۋالغانلىقى، قاردەك ئاپپاق، ھال چېچەكلەرنىڭ قاچان ئېچىلىۋالغانلىقىنى سەزمەيلا قاپتۇق. ئىلگىرىكى يىللاردا رۇستەم دائىم تۇنجى ئېچىلغان چېچەك، پوتلا بولغان سۆگەت شېخى، بىرەر تال گۈل دېگەندەك نەرسىلەرنى پارتامغا تاشلاپ قوياتتى، پارتامدىن نەچچە كۈنگىچە باھار ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بۇ يىل ئۇمۇ يوق، چېچەكمۇ يوق، ئۇنىڭ بوش قالغان پارتىسىغا قارىسام يىغا تۇتىدۇ.

*　　　*　　　*

جۇمە كۈنى مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ تەشكىللىشىدە سىنىپ

بويىچە دالا سەيلىسىگە چىقتۇق. ئۇ كۈنى قىزلارنىڭ كۆپ قىسمى مەكتەپنىڭ ھاۋارەڭ تەنھەرىكەت چاپىنىنى، رەڭلىك يوپكىلارنى كىيگەن، گۈللۈك روماللارنى ئارقىسىدىن چىڭ چىگىۋالغانىدى. مۇقەددەس بىلەن نەرگىسئايلا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك سۇس سارغۇچ كالتە پەلتو، پۇتىغا قىممەت باھالىق ساياھەت ئايىغى كىيىۋاپتۇ. ئىگىز بويلۇق مۇقەددەسكە كىيىمى باشقىچىلا يارىشىپتۇ.

بىز شەھەر سىرتىغا چىقىپ، بىر ئۆستەڭ بويىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدۇق. ئۆستەڭنىڭ بىر چېتى كونا قارىياغاچلىق، يەنە بىر چېتى تۈپتۈز دالا ئىدى. دالىدىن باھارنىڭ تېخى زەھىرى كەتمىگەن شامىلى غۇر - غۇر ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئاندا - ساندا يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر، ئاق تىكەنلەر كۆزگە تاشلانغاندىن باشقا، چوڭراق بىرەر تال تاشمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى.

— يۈرۈڭلار قىزلار ... ئا ھۇ ... ي...

ئوغۇللار مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ باشچىلىقىدا بىر سەپ بولۇپ شامالغا قارشى يۈگۈرۈپ كېتىشتى. شامال ئۇلارنىڭ ئىشتان - چاپانلىرىنى ھاۋا خالتىسىدەك كۆپتۈرەتتى، ئوينىشىۋاتقاندەك شەپكىلىرىنى ئۇچۇرۇپ، يىراق - يىراقلارغا ئەكېتەتتى. قىزلارنىڭ ئالىيېشىل يوپكىلىرىنى، ياغلىقلىرىنى بايراقتەك لەپىلدىتەتتى.

ئوغۇللار 100 مېتىرچە يىراقلىقتا بىزنى ساقلاپ تۇردى. بىز يېقىنلىشىپ بېرىشىمىزغا ئوغۇللار يەنە يۈگۈرۈپ كەتتى. قىزلار مەڭزىلىرىمىز قىزارغان ھالدا ھاسىرىشىپ، نەرگىسئايىنى ساقلاپ تۇردۇق. تېنى ئاجىز نەرگىسئاينىڭ چىرايى بىر ئاز تاتىرىپ قالغانىدى. بارا - بارا ئۇنىڭ مەڭزىگىمۇ قىزىللىق يۈگۈردى. بىز ھېلى يۈگۈرۈپ، ھېلى مېڭىپ، ئوغۇللار بىزنى ساقلاپ تۇرغان كۆۋرۈك بېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

www.uyghurkitap.com

قارىياغاچلىقتا قاراپ ماڭدۇق.

قارىياغاچلىق سۇ يۇگۇرگەن قوۋزاق ۋە ياش يوپۇرماقلارنىڭ ھىدىغا تولغانىدى. قۇرۇغان سان ـ ساناقسىز شاخ ـ يوپۇرماق ئايىغىمىز ئاستىدا غىرىس ـ غىرىس ئاۋاز چىقىراتتى. قارىياغاچلىقنىڭ ئۇ يەر ـ بۇيەرىدە ئاندا ـ ساندا ئاپپاق چېچەكلەپ كەتكەن ياۋا ئالما، ياۋا نەشپۈت دەرەخلىرىمۇ ئۇچراپ قالاتتى.

ئوغۇللار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، بىر پارچە ئوچۇقچىلىقنى تاپتى. ئۇ يەردە كۆزدە كىملەردۇر كېسىۋەتكەن، ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن قېرى قارىياغاچ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆتىكىدىن يۇمران شاخلار كۆكلەپ چىقىشقا باشلىغانىدى. مەھمۇت مۇئەللىم كۆتەكتە ئولتۇرۇپ:

— بۈگۈن بۇ يەرگە چىقىشىمىزدىكى مەقسەت، بىرى، دالا ھەم ئورمانلىقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەسلىنىپ، ۋۇجۇدىمىزنى شەھەرنىڭ دىمىق ھاۋاسىدىن تازىلاپ، ئومۇمىي تەكرار ھەم چوڭ ئىمتىھانغا يېڭىچە روھ بىلەن تەييارلىنىش. يەنى بىرى، تەبىئەت قوينىغا قايتىپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش. ساۋاقداشلار، شۇ نەرسە بەلكىم سىلەرگىمۇ مەلۇملۇقتۇ، مۇشۇ ۋەتەندە ياشىغان ئادەم ۋەتىنىنىڭ تاغ ـ دەريا، يەر ـ زېمىن، ھايۋانات، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرىنى تونۇشى، چۈشىنىشى كېرەك. بىر تال تاش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئەنە شۇنداق كونكرېت ھېسسىياتلارنىڭ يىغىندىسى بولسا كېرەك. بىز بۈگۈن ئۈستىدە ئولتۇرغان مۇشۇ قارىياغاچ، ماۋۇ كىچىككىنە بوشلۇق، ئەتراپىمىزدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە نىسبەتەن بىزدە ھېسسىيات پەيدا بولدى. مۇشۇ مەنزىرىنى بىز بەلكىم ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلىشىمىز مۇمكىن. بىرەرسىڭلار كەلگۈسىدە چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالساڭلار،

ۋەتەننى ئويلىساڭلار، كۆز ئالدىڭلارغا مۇشۇ قارىياغاچلىق، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان يۇمران يوپۇرماقلار، بۇ يەردە چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان ئۇماق ساۋاقداشلىرىڭلار كېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ پۇرسەتتە مەن سىلەرگە بىر تاپشۇرۇق بېرەي، ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە ھەممىڭلار قارىياغاچ ھەققىدە ماقالە يېزىپ كېلىڭلار. ياخشى يېزىلغانلىرىنى گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتەيلى، قانداق دەيسىلەر؟

— قوشۇلىمىز! — دەپ ۋارقىراشتۇق بىر ئېغىزدىن.

چۈشتە ئوتتۇرىغا يايغان يالتىراق داستىخانغا ھەممىمىز ئۆيىمىزدىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلىرىمىزنى قويدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە نانمۇ، پىششىق تۇخۇممۇ، گۆشنانمۇ، پېچىنە - پىرەنىكمۇ، چىلىغان كۆكتاتمۇ بار ئىدى. مەھمۇت مۇئەللىم پۇتۇن توخۇ كاۋىپى، نەرگىسئاي يوغان بىر پارچە تونۇر كاۋىپى ئېلىپ چىقىپتۇ. ھەممىسىنى قوشقاندا داستىخىنىمىز ئىنتايىن مول بولدى. تاماق ۋاقتىدا ئېلىيار توخۇ - تۇخۇمغا باغلاپ چاقچاق دېگەننى شۇنچىلىك كەلتۈرۈۋەتتىكى، تولا كۈلۈپ قورساقلىرىمىز ئاغرىپ يۇملاپ كېتىشتۇق. ئەمما بەزىلەر ئولتۇرالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىئالغۇنى قويۇۋەتتۇق. مەردان بىلەن مۇقەددەس بېقىشىپ ئۇسسۇل، دىسكو ئويناپ كۆزلىرىمىزنى ئالچەكمەن قىلىۋەتتى. مەھمۇت مۇئەللىم: «بۈگۈنكىدەك ئېسىل ئۇسسۇلنى ئۇنداق، مۇنداق سورۇنلاردا كۆرگىلى بولمايدۇ جۇمۇ! مەردان، سەن خالىساڭ كېيىن مېنى ئىزدە، مەن سېنىڭ ئۇسسۇل كەسپىدە ئوقۇشۇڭغا ياردەم قىلاي، سەن ئاز ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنسەن» دېدى.

باشقىلار ئويناۋاتقاندا تۇرمۇش ھەيئىتى رىزۋانگۈل ئىككىمىز داستىخاندىكى ئاشقان تاماق، يالتىراق خالتىلارنى يوغان قارا خالتىغا قاچىلىدۇق. ئەتراپتا يەنە كەمپۈت قەغىزى، مېۋە شۆپۈكى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىمۇ بىر -

www.uyghurkitap.com

بىرلەپ تەرمەكتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن. بىرچەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن ئۆگەنسەك بولىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كەلسە، بىرەر تال ئەخلەت تاشلاشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىغان يەردە، بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان بىز ئۇنى ئاسرىمىساق بولامدۇ.

كېلىشىمىزدە كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلغان چىرايلىق ئەخلەت ساندۇقلىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى. يوغان قارا خالتىغا بىر كەلگەن ئەخلەتنى كۆتۈرۈپ، ئاشۇ تەرەپكە ماڭدىم. قارىياغاچلىقتىن چىقىپ قارىسام، كۆۋرۈك ئويلىغىنىمدىن خېلىلا يىراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەخلەتنى يەرگە قويۇپ ھېلى ئالدىمغا، ھېلى كەينىمگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرسام، مەھمۇت مۇئەللىم مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇ ئەخلەتنى كۆتۈرۈۋالماقچى بولغانىدى، مەن ئۇنىماي ئىتتىك مېڭىپ كەتتىم. ماڭا ئوخشاش كىچىكىدىن ئىش قىلىپ ئۆگەنگەنلەرگە بۇنچىلىك يول مېڭىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. يۈگۈرۈپ دېگەندەك مېڭىپ ئەخلەتنى تېگىشلىك جايىغا تاشلاپ كەينىمگە يانسام، مەھمۇت مۇئەللىم كەينىمدىلا تۇرىدۇ. مۇئەللىم ئەسلى مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەينىمدىن بىللە كەلگەنىكەن، دەپ ئويلاپ خۇشال بولدۇم.

ــ توختاڭ، گۈلنىسا، ــ مەھمۇت مۇئەللىم ئالدىمغا كېلىپ چىرايىمغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلدى، قولىنى ئۇزىتىپ چېچىمغا يېپىشىپ قالغان قۇرۇق غازاڭنى ئېلىۋەتتى. ئارقىدىن ئالدىمغا چۈشۈپ قالغان بىر تۇتام جىڭگىلەك چېچىمنى قۇلىقىمنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەچ، بىر ئاتا قىزىنىڭ ياكى بىر ئاكا سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك ئىللىق مېھىر بىلەن پېشانەمنى سىلاپ قويدى.

مەن ئورنۇمدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. مۇئەللىمنىڭ قوللىرى سىلاپ ئۆتكەن چاغدىكى راھەت بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى. نىمشقىدۇر كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. دادام

مېنىڭ پېشانەمنى مۇنداق مېھىر بىلەن سىلاپ باقمىغاندى، ئاپامۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ باقمىغىلى قانچە يىللار بولۇپ كەتتى ـ ھە…

مۇئەللىم كەينىگە بۇرۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئورمانلىقتىكى مۇقەددەسنىڭ ئېگىز بويى، ئارقىسىدىن باشقا قىزلار، ئوغۇللار كۆرۈندى. مەن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالەتتە جايىمدا قېتىپ تۇراتتىم.

— قىزىرىپ كېتىپسىزغۇ، قىزچاق! — مۇقەددەس چىرايىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن چىرايىمغا مەينەت بىر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

مەندىكى ئاشۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە يوقالمىدى. قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. خىيالىمدا مۇئەللىمنىڭ قولىنى ئۇزىتىپ پېشانەمنى سىلىغان چاغدىكى كۆرۈنۈش، ئاشۇ ئىللىق، غەلىتە، يوچۇن سېزىم…

— گۈلنىسا، ھەي گۈلنىسا، قىزىم، چۆگۈندىكى چاي قاينىغىلى نەۋاق، نېمانداق ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغانسەن؟ توختىغىنا، سەن ئاغرىپ قالدىڭمۇ يا باشقا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

چوڭ ئاپام بىر ھازا سۆزلەپ پېشانەمنى تۇتۇپ كۆردى. چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ، خۇددى قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن بېشارەت ئالغاندەك دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ ئولتۇرالماي قالدى.

— ۋاي ئىسىت، ۋاي قانداق قىلارمىز، ساڭا بىر ئىش بولدىمۇ قىزىم؟ روھىڭ چىقىپ كەتكەندەك غەلىتە بولۇپ قاپسەن، قارىچۇقۇڭ پىلدىرلاپلا قاپتۇ، كۆز تەگدىمۇ يا. توختا، توختاپتۇر، مەن بىر ئوت كۆچۈرۈپ قوياي…

— بولدىلا چوڭ ئاپا، ئاۋارە بولمىغىنا، مەن ھېچ نەرسە

بولمىدىم. ھېرىپ كەتتىم شۇ. بالدۇرراق يېتىۋالسام، ئۇخلىنىپ قالىمەن.

چوڭ ئاپام بەدەنلىرىمنى ئاغرىتىپ ـ ئاغرىتىپ تۇتۇپ، ئىسرىق سېلىپ، كارىۋىتىمنىڭ ئەتراپىدا بىر ھازا ئاۋارە بولدى. ئۇ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۆزى توقۇۋالغان ئاللىقانداق «ئايەت» لەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ بولغىچە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگىنى ئويغانسام، بەدەنلىرىم راستىنلا يەڭگىل بولۇپ قاپتۇ. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن چوڭ ئاپامغا ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىپ، كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، ماقالىگە تۇتۇش قىلدىم.

«يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرايدىغان، رايونىمىزنىڭ قۇرغاق، سوغۇق ئىقلىمىغا ماسلاشقان، باھاردا ھەممىدىن بۇرۇن ياشىرىپ، كۈزدە ھەممىدىن كېيىن يوپۇرماق تاشلايدىغان بىر دەرەخ بار. قاپقارا، غودۇر ـ بۇدۇر قوۋزاقلىرى قارىماققا كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئېگىز، باراقسان ئۆسىدىغان بۇ دەرەخنىڭ نامى قارىياغاچ… »

يېزىپ ـ يېزىپ ئاشۇ قارىياغاچلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتىمەن. مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ: «بۇگۈن بىز ئۇستىدە ئولتۇرغان قارىياغاچ، ماۋۇ كىچىككىنە بوشلۇقنى … بەلكىم ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلىشىمىز مۇمكىن … ۋەتەننى ئويلىساڭلار، كۆز ئالدىڭلارغا مۇشۇ قارىياغاچلىق، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان يۇمران يوپۇرماقلار، بۇ يەردە چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان ئوماق ساۋاقداشلىرىڭلار كېلىشى مۇمكىن… » دېگەنلىرى، ئاشۇ كۈندىكى ھەر بىر ئىش، مۇقەددەسنىڭ «قىزىرىپ كېتىپسىزغۇ قىزچاق» دېگەنلىرى، ئاخىرىدا چوڭ ئاپامنىڭ ئەندىشىلىك چىرايى كۆز ئالدىمدىن تىزىلىپ ئۆتتى. راستىلا، مەن نېمە بولدۇم؟ مېنى بۇنچە ھاياجانلاندۇرۇۋەتكىنى زادى نېمە ياكى مەھمۇت مۇئەللىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ؟

ئىلگىرى يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بىر قىزنىڭ ياش، كېلىشكەن ئوقۇتقۇچىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندۇق، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىمۇ؟

ياق، بۇ مۇھەببەت ئەمەس، بىر خىل سۆيۈنۈش، مىننەتدارلىق، ئەزەلدىن دادا مېھرى كۆرمىگەن گۆدەك، پاك بىر قىزنىڭ ئۆزگە يوچۇن بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئالدىدىكى گاڭگىرىشى. مەھمۇت مۇئەللىم ھەرقانداق قىزنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان ئادەم. مەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىمەن، ئىنتايىن، ئىنتايىن قايىل بولىمەن. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۈچۈن يارالغان ئەمەس، مەنمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى بار. بۇلار ماڭا مۇناسىۋەتسىز. دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرمۇ بار، ئىككى يات جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقانداق مۇناسىۋەتنى ئۆزلىرى بىلىدىغان ئاشۇ بىرلا خىل مەنىگە ئۆرۈپ تەھلىل قىلىدۇ. ھەرقانداق ئالىيجاناب، پاك ھېسسىياتمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاددىي، ئىپلاس سودىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئامال يوق.

*　　　*　　　*

— 12 يىل جاپا تارتىپ ئوقۇدۇڭلار، ئەمدى خۇلاسىسى چىقىدىغان پەيت كەلدى، تىرىشچان ئۇكىلىرىم، پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن تىرىشىڭلار. ئۆزۈڭلەرگىمۇ ئايان، سىلەر ھاياتىڭلاردىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، سەللا بوشاڭلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلساڭلار، ئۆمۈرۋايەت پۇشايمانغا قېلىشىڭلار مۇمكىن···

— سىلەر ياشلار — بۇ ئەسىرنىڭ ئىگىسى، مىللەت، ۋەتەن ئۈمىدى. مىللىتىمىزنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا پۇت تىرەپ

تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى سىلەرگە باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ياشلىرىمىز ئالىي مەلۇماتلىق، ساپالىق بولۇشى كېرەك. ئالىي مەلۇماتلىق، ساپالىق بولۇشىنىڭ ئاساسى قەيەردە؟ مانا مۇشۇ دەرسخانىدا…

مۇئەللىملىرىمىز بارلىق ماھارىتىنى، ئەڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىزنى روھلاندۇراتتى، ئىلھاملاندۇراتتى. دوسكا ئالدىدا بور يۇتۇپ، نەچچە يىللىق دەرسلەرنى بىزگە ئىنچام، چۈشىنىشلىك تەكرار قىلىپ بېرىشكە تىرىشاتتى. بىچارىلەرگە كەچلىك تەكرار ۋاقىتلىرىدىمۇ ئارام يوق ئىدى. مۇئەللىملەر نېمىدېگەن جاپاكەش، خالىس نىيەت ئادەملەر ـ ھە!؟

ئاۋازى پۇتۇپ، جۇدەپ قالغان مەھمۇت مۇئەللىم يېقىندىن بۇيان سەل ھارغىن كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئاڭلىشىمىزچە، رۇستەمنىڭ ئىشىدىن كېيىن، ئۇ ئوقۇتۇشتىكى بەزى نامۇۋاپىق تەرەپلەر، مۇدىرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر بېرىپ، مۇدىر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغانىكەن. شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، مۇدىرنىڭ تەدبىرلىرىنى مۇقىملىق، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق، دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. ئەمدىلىكتە مۇدىر بىلەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ئىلگىرىكى مەكتىپىدىمۇ باشقىلارنىڭ ئىشىدىن تولا قۇسۇر تېپىپ، ھېچكىم بىلەن پېتىشالمىغانىكەن، دەپ چەتتە قېقىشقا باشلاپتۇ. مەھمۇت مۇئەللىم ئالدىمىزدا چاندۇرمىغىنى بىلەن كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئوخشايدۇ.

ئۆتكەندە مەھمۇت مۇئەللىم قارىياغاچ توغرىسىدىكى ماقالەمنى سىنىپتا ئوقۇغان كۈندىن تارتىپ، نەرگىسئاي بىلەن مۇقەددەسنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيەسى ئۆزگەردى. ئۇلار مېنى كۆرسىلا قەستەن مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ گېپىنى چىقىرىپ،

ماڭا مەنىلىك قارىشىپ قويىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر قىسىم قىزلارمۇ خۇددى يۈزۈمگە بىر نەرسە چاپلىشىپ قالغاندەك غەلىتە قارىشىدىغان، ھەتتا بەزىلىرى ماڭا قاراپمۇ قويمايدىغان بولۇۋېلىشتى.

سىنىپتىكى قىزلار پۇل يىغىش قىلىپ، نىياسەم مۇئەللىمنى يوقلاپ بارغاندۇق، نىياسەم مۇئەللىممۇ ئاغزىنى قىيسايتىپ تۇرۇپ: «سىزنى ماقالىنى قالتىس يازىدىغان بولۇپ كەتتى، دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟» دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. نىياسەم مۇئەللىم پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىز ھەممىمىز بوۋاقنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ ئويناتتۇق. نىياسەم مۇئەللىم ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندە مەن ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئەركىلىتىۋاتسام، مۇقەددەس: «بالىنىڭ بىر يەرلىرى مەھمۇت مۇئەللىمگە ئوخشايدىكەن ـ ھە!» دېدى. قىزلار غەيرىي ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

ئاشۇنداق چاغلاردا گەپ قىلمىغىنىم بىلەن ئىچىمدە: «ھەسەتخورلار، كۆرىمىز تېخى كۆرەڭلىگەنلەرنىڭ قانچىلىكلىكىنى ··· » دەيتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇمغا ۋە ئاساسىمغا ئىشىنەتتىم. ۋاقىتنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، پىلانلىق تەكرار قىلىپ، كۈنلەرنى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۈنۈملۈك ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم.

مانىۋېر ئىمتىھانلارمۇ ئېلىنىپ بولدى. ئەمدى بىزنى پەقەت بىرلا، ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھان، توغرىراقى، ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىزدىكى ئاخىرقى ئىمتىھان كۈتۈپ تۇراتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ خىيالى شۇنىڭدا، ھەممىلا ئادەم دەككە ـ دۈككىدە، سىنىپىمىزدىكى بەزى بالىلار جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن تىنچلاندۇرۇش دورىسى يېمىسە، ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بىز بىلەن پاراللېل سىنىپتىكى بىر ئوغۇل بالا دەرس ۋاقتىدا قالايمىقان ۋارقىرايدىغان بولۇپ قېلىپ، دوختۇرخانىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىپ قالدى.

— جىددىيلەشمەڭلار، روھىي كېيپىياتىڭلارنى تەڭشەپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار. ئىمتىھان پەقەت بىر ئادەمنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى سەۋىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى تېخىمۇ بەلگىلىيەلمەيدۇ. ھازىر ئىمتىھاننىڭ ياش چەكلىمىسى يوق، ئۆتەلمىسەڭلار قاچان بولمىسۇن، قايتا بەرسەڭلا بولىۋېرىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمايمۇ ئىستىقباللىق بولغىلى بولىدۇ، مەسىلەن، نۇرتاي ھاجىم قايسى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، ئادىل ھوشۇرچۇ؟

مۇئەللىملەر ئەمدى ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن بىزدىكى جىددىيلىك، ئەندىشىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدىغان، كىتابلارغا ئىمكانىقەدەر ئازراق قاراپ، كۆپرەك ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى. سىنىپتىكى باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەقەدەر كۆيۈمچان بولۇپ كەتكىنىنى، «ۋاي بالام ئۇخلىۋال، ۋاي بالام نېمە يەيسەن؟» دەپ پايپېتەك بولۇۋاتقىنىنى پەخىرلىنىپ ھەم كۈلكىلىك قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرۈشەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم، دادام ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. شىرەنىڭ ئۈستىدە 10 ـ 20 تۇخۇم، بىر نەچچە قۇتا ئېچىملىك دېگەندەك نەرسىلەر تۇرىدۇ. چوڭ ئاپام بىچارە خۇشاللىقىدىن چاي دەملەپ، داستىخان سېلىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ. دادام بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، سومكامنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم ۋە ھېرىپ كەتكىنىمنى باھانە قىلىپ، دادامنىڭ قېشىغا چىققىلى ئۇنىمىدىم. ئەمما ئۇلارنىڭ گېپىگە پۈتۈن زېھنىم بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم.

— گۈلنىسا بەك ئوبدان ئوقۇدى. ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىلىمۇ بىلىلا،

ئانىسى خىزمەتسىز بولۇپ قالغاندىن بېرى، ئۇنىڭغا تازا قارىيالمىدى. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق ئىكەن. خوتۇن كىشى شۇنداق ئاجىز بولىدىكەن. بۇ بالىنىڭ ھېلىمۇ ئىنسابى بار، خەقنىڭ قىزلىرىدەك كىيىم ـ كېچەك غەلۋىسى قىلمايدۇ، ئۇنى يەيمەن، بۇنى يېمەيمەن دېمەيدۇ. قاچانلا قارىسا، ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان. مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلساق بولىدۇ، خۇش بولساق بولىدۇ. ئەمدى بۇ بالىنىڭ ئىشىنى راۋۇرۇس ئويلىشىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئالىي مەكتەپكە تۆلەيدىغان پۇل ئاز پۇل ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قېتىم، ئىككى قېتىم بىلەن تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس. مېنىڭغۇ ساندۇقۇمدا بىر ئالتۇن بىلەزۈكۈم بار، شۇنى سېتىپ بولسىمۇ، بىرەر مىڭ كوي جايلاپ بېرەرمەن. قالغىنىنى كىم بېرىدۇ؟ ئابلىزاخۇن بالام، سىلى بۇ بالىغا زادى ئىگە بولاملا ـ بولماملا؟ ئەگەر ئىگە بولمىسىلا، بۇ بالىنى قانداق قىلىمىز؟

ئارىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى، دادام خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. دادامنىڭ بىرەر ئىشنى جىددىي ئويلانغاندا، ئوڭ مۇرىسىنى لىك ـ لىك كۆتۈرۈپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇتاپتا مەن ئۇنىڭ مۇرىسىنىڭ لىك ـ لىك قىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم.

— ئايىسخاچا، راست گەپنى قىلمىساق بولمايدۇ. گەپنى چوڭ قىلغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقساق بولىدۇ. مەنمۇ جىق بولسا، يىلدا بىرەرمىڭنى بېرەلەيمەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇققا مەنمۇ ئامالسىز. مېنىڭمۇ ئۆيۈم، ئايالىم بار ئادەم، مېنىمۇ چۈشەنسىلە.

— شۇنچىلىك بولسىمۇ بېرەي دېگەنلىرىگە رەھمەت، بالام. قالغىنىغا ۋاقتى كەلگەندە، خۇدايىم ئۆزى بىر نېمە دەر. بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشۇمدا مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار. سىلىمۇ بىلىلا، قېرى ئادەم دېگەن پىشىپ قالغان مېۋىگە

ئوخشايدۇ، پىشقان مېۋە ساپىقىدا تۇرمايدۇ. كېچە رەھمەتلىك ئېرىمنى چۈشەپ قاپتىمەن. ياش ۋاقىتلىرى ئىكەن، ئۆيگە كىرىپ «چاپىنىم ئۆيدە قاپتۇ، شۇنى ئېلىۋالاي دەپ نە ـ نەدىن كېلىشىم» دەۋاتقۇدەك، ساندۇقتىن چاپاننى ئېلىپ بەرسەم، كىيىپ چىقىپ كېتىپتۇ. خۇدايىم ئامانەتنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەتىگەندىن بېرى يۈرىكىم سىلىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ تۇراتتى، خۇدا كۆڭۈللىرىگە سالغاندەك سىلى كېلىپ قالدىلا، بەك خۇش بولدۇم. مېنىڭ ئولتۇرسام ـ قوپسام ئويلايدىغىنىم ئۆشتۈمتۈت ئۆلۈپ ـ تارتىپ كەتسەم، مۈشۈ گۈلنىسا قانداق قىلار، بويۇن قىسىپ قالارمۇ دىگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس، بالام.

ـــ ئايسخاچا، كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ دەۋرەي. ئۆز ۋاقتىدا بالىنى تالىشىپ گۈلسۈمنىڭ قىلمىغانلىرى قالمىغان. قانۇندىنمۇ بالىنى شۇنىڭغا بۇيرۇغان. شۇنداق دىگەنبىلەن مەنمۇ قاراپ تۇرمىدىم، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردىم، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىدىم، بالامكەن دەپ. لېكىن بالىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى تۇرۇپ، پۇل تۆلەپ دەردىنى تارتىدىغان يېرىگە كەلگەندە ماڭا ئىتتىرىپ قويسا، مەنمۇ خوپ دەپ ئولتۇرمايمەن جۇمۇ.

ـــ ئابلىزاخۇن بالام، قانۇن دىگەننى ئادەملەر تۈزۈۋالغان، لېكىن گۈلنىسانى سىلىگە خۇدايىم ئۆزى بەرگەن. ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتنى ھېچكىم، قانۇنمۇ يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. مۇشۇ ئاجىز قىز بالا نىيىتى پۈتۈن يەيدىغان ئادەم بولسا، سىلىگىمۇ ياخشى بولار؟

ـــ ياخشى بولسا ئانىسىغا بولىدۇ، ماڭا بولامتى. ئۇنىڭ مېنى كۆرىدىغان كۆزى يوق، دادام دىگۈسىمۇ يوق ··· پۇل لازىم بولغاندا ئىزدەيدۇ ئۇ مېنى!

ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتىم، دادامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى خۇددى زەھەرلىك ئوقتەك يۈرىكىمگە قادالدى. مەن

بىردىنلا دەلدەڭشىپ ئورۇنۇمدىن تۇردۇم:

— بولدى، بولدى، تالاشماڭلار! مەنلا يوقالسام، ھەر قايسىڭلارغا ئېغىرلىق سالمىسام بولامدۇ زادى! سىلەردەك ئادەملەرگە يېلىنىشتىن كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغىنىم ياخشى.

مەن چىرايىمنى تۇرۇپ مىت قىلماي ئولتۇرغان دادامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتىم. چوڭ ئاپام كەينىمدىن بىر نەرسىلەرنى دەپ توۋلاپ قالدى.

ئاچچىقىمدا ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ، قوزغىلىۋاتقان ئاپتوبۇسقا سەكرەپ چىقىۋالدىم. ئاپتوبۇسنىڭ يول نومۇرى، قەيەرگە بارىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇۋدۇم.

ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرىمەن. دېرىزىدىن كۆرۈنۈۋاتقىنى يوللار، دەرەخلەر، بىنالار ئەمەس، ئۆگەي دادامنىڭ سوغۇق قاراشلىرى، ئاپامنىڭ قورقۇپ - تىترەپ تۇرۇشلىرى، مەنمەنچى ئۆگەي ئانامنىڭ ئاشخانىسىدا تەنە گەپلەرنى، كەمسىتىشلەرنى ئاڭلاپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغانلىرىم، تۆتىنچى قەۋەتكە نەچچە قېتىم چىقىپ، دادامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىشكە پېتىنالماي يېنىپ چۈشكەنلىرىم، قار يېغىۋاتقان جۇدۇنلۇق كۈنلەردە بىنا ئالدىدا كەچكىچە دادامنى ساقلاپ «قار مەلىكە» گە ئايلىنىپ كەتكەنلىرىم، نىياسەم مۇئەللىمنىڭ ئالىيىپ قاراشلىرى، جاندىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق گەپلىرى، نەرگىسئاي، مۇقەددەسلەرنىڭ كالپۇكلىرىنى قىيسايتىپ مەسخىرىلىك قاراشلىرى ··· ئىدى. ياشلىرىم تاراملاپ ئېقىپ، مەڭزىمنى بويلاپ ئاغزىمغا ئېقىپ كىرەتتى. شورلۇق، ئىسسىق ياشلىرىمنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئىچىمدە: يېتەر ئەمدى! بولدى ئوقۇمايمەن، ھېچكىمنىڭ ئالدىغا يېلىنىپمۇ بارمايمەن. ئاشخانىلاردا يالىنىپ ئىشلىسەممۇ، مالاي بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتسەمغۇ… دېگەنلەرنى ئويلايتتىم.

ئاپتوبۇس شەھەر سىرتىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. يول بويىدىكى بۇغدايلىقلار، تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان كەڭرى چىملىق، دەرەخلىكلەر تونۇشتەك كۆرۈنۈپ بىردىنلا سەگەكلەشتىم. ئاپتوبۇس ئۆستەڭ بويىدا توختىدى، مەن ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ چۈشتۇم. بۇ دەل بىز ئەتىيازدا ساياھەتكە چىققان يەر ئىدى. ئۆستەڭنىڭ بىر تەرىپى ئاندا ـ ساندا يېشىل ئوت ـ چۆپلەر كۆرۈنۈپ قالىدىغان كەڭ كەتكەن تۇپتۇز دالا، يەنە بىر تەرىپى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان قارىياغاچلىق. بىز يۈگۈرۈشۈپ ماڭغان دالا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق، شاد كۈلكىلەردىن ئەسەر يوق. مۇشۇ يەردە مەھمۇت مۇئەللىم ئوغۇللارنى باشلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ «قىزلار، يۈگۈرۈڭلار!» دەپ توۋلىغانىدى. نەرگىسئاي ھاسىراپ ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇۋالغان. ئەنە كۆۋرۈك، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەردان مېنى سۇغا ئىتتىرىۋېتىمەن، دەپ قورقۇتقان…

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۆستەڭ بويىدىكى ياز ئاپتىپىنىڭ تەپتى سىڭگەن تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئاسماننىڭ غەربىدە ساڭگىلاپ تۇرغان قۇياش زېمىنغا ئاخىرقى نۇرلىرىنى سەپمەكتە ئىدى. كۆۋرۈكتىن قارىياغاچلىققىچە بولغان ئارىلىق كۆز ئالدىمدا پارقىراپ يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت، ئۆستەڭ سۈيىنىڭ بىر خىلدا شارقىرىشىمۇ بۇ جىمجىتلىقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. سېھرىي كۈچكە تولغان يايپېشىل قارىياغاچلىق بۇ جىمجىتلىققا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ تۇراتتى … ئەنە، قارىياغاچلىقتىن ھاۋارەڭ تەنھەرىكەت فورمىسى، كالتە چاقماق يوپكا كىيگەن، قوڭۇر چاچلىرىنى ئارقىسىغا بىر تال قىلىپ بوغۇۋالغان ئوقۇغۇچى قىز، قارا كۆك تەنھەرىكەت كىيىمىنى كىيگەن ياش

مۇئەللىم كۆرۈندى. قىز ئەخلەت تۆكۈۋاتقاندا، مۇئەللىم سەل نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— گۈلنىسا، توختاڭ، بۇياققا كېلىڭ...

ئۇ قىز ئوقۇغۇچىسىنىڭ چېچىغا ئەخلەتلەرنى يېپىشتۇرغان ھالدا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىشىنى خالىمىدى. ئۇ قىزنىڭ چېچىغا يېپىشىپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان جىڭگىلەك چاچلىرىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا قايرىپ قويدى. قىزنىڭ قىزىرىپ، تەرلىگەن يۈزگە ئامراقلىق بىلەن قاراپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. خۇددى ئۆزىنىڭ ساددا، غۇبارسىز، ئىشچان سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىنى سىلىغاندەك ...

مەن تاش ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى تاشلاپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە ئولتۇردۇم. مەن مەھمۇت مۇئەللىمدەك بىر ئاكامنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر خالايتتىم - ھە. مەن كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپلىرىمنى — خۇشاللىقىم، خاپىلىقلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتسام، يىغلىغۇم كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلىسام، ئۇ يوغان قوللىرى بىلەن ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، بېشىمنى سىلاپ تەسەللى بەرسە...

مەن شۇ قەدەر يەككە - يېگانە، خۇددى تاشنىڭ قىسىلچاقلىرىدا ئۆسۈپ قالغان يالغۇز گىياھدەك. بۇ دۇنيادا مەن ئۈچۈن ھېلىمۇ چوڭ ئاپام بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ بولمىغان بولسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتىمكىن.

چوڭ ئاپام يادىمغا كېلىشى بىلەنلا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئەنسىرەپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ. دادام ئاللىقاچان پېشىنى قېقىپ كېتىپ بولدى. چوڭ ئاپام بىچارە ئاپامنىڭكىگە بارغاندۇ. ئىككىسى بىر دەم مۇڭدىشىپ، كۆز يېشى قىلىشىپ بولۇپ، رىزۋانگۈل بىلەن ئايگۈلگە تېلېفون قىلغاندۇ. ئۇلار كۆرمىدۇق دېسە،

www.uyghurkitap.com

تىپىرلاپ كېتىشكەندۇ...

ئەتراپقا سۈس گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى. ئورمان ئىچىمۇ قارىيىپ سىرلىق تۈس ئالدى. قورسىقىمنىڭ پىژىلداپ ئاچقىنىدىن چۈشتىمۇ بىر نەرسە يېمىگىنىم ئېسىمگە كەلدى. يانچۇقۇمدىكى بارى - يوق بىر كوينى ئاپتوبۇسقا خەجلىۋەتتىم. ئەمدى يەنە ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ئۆيگە قايتقۇدەكمۇ، بىرەر نان ئېلىپ يېگۈدەكمۇ پۇلۇم يوق. ئورمانلىق تەرەپتە يالاڭباشتاق ئۈچ - تۆت ئەر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار مەن تەرەپكە قاراپ - قاراپ قويۇپ، بىرەر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردىنلا قورققىنىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ يۈگۈردۈم. بېكەتتە ئادەم جىق ئىدى. توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ كېتىشتى. بېكەت يەنە چۆلدەرەپ قالدى. مەن ئاپتوبۇسقا ئەگىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. خۇددى چۈشۈمدە كۆرگەندەك بىر يەرلىرى تونۇش يوللار، ئېتىزلار، دەل - دەرەخلەر، بىنالار كۆز ئالدىمدىن يۈگۈرۈپ ئارقامغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بارا - بارا ئېتىزلىق، ئوچۇقچىلىقلار يوقاپ، چىراغلىرى ۋالىلداپ تۇرغان ئاۋات كوچىلار قۇچاق ئاچتى. ئۇدۇلدىكى كوچىغا ئۆتۈپ، يەنە بىر نەچچە بېكەت يول ماڭسام، ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىغا باراتتىم. كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا يېنىمدا پىكاپ، ئاپتوبۇسلار غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر تاكسىنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپلا ئۆتۈپ كېتىۋېدىم، شوپۇر قولىنى شىلتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىدى. ئىچىمدە: مېنى ماشىنا سوقۇۋەتسە، دوختۇرخانىنىڭ ئاپپاق كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتسام، ئاپام بىلەن دادام قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تازا يىغلىسا ... دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى پىيادىلەر يولىدا ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتىمەن. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە قەدەملىرىم ئىختىيارسىز

توختاپ قالدى. تۇغرا، مەھمۇت مۇئەللىمنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر قورۇدا. بىر چاغدا سىنىپتىكى ئوغۇل ـ قىزلاردىن بىر نەچچىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئومۇمىي تەكرارغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئالغىلى بارغانىدۇق. مۇئەللىم چوڭ ـ چوڭ، يورۇق ئۆيلەردە ئۆزى يالغۇز تۇرىدىكەن. ئۆيىدە خىلمۇخىل ئاۋاز ياڭراتقۇ، نۇرغۇن كىتاب بار ئىكەن. بۈگۈن مەن ئۇنىڭغا ئىمتىھانغا قاتناشمايدىغانلىقىمنى، بىرەر ئىش تېپىپ مۇستەقىل ياشاش قارارىغا كەلگەنلىكىمنى ئېيتىمەن. ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق بىرەر خىزمەت تېپىشىپ بېرىدۇ…

قويۇق دەل ـ دەرەخلەر، گۈللەر بىلەن تولغان يوپيورۇق قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تونۇش بىنانى ئاسانلا تاپتىم. شۇ تاپتا چەتتىكى ئىشىكنىڭ 5 ـ قەۋەتتىكى ئاشۇ ئۆيىنىڭ يوغان دېرىزىلىرى چىراغ نۇرىدا ۋاللىداپ تۇراتتى. بۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە بار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

5 ـ قەۋەتكە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتىم. ئىشىك تۈۋىدە چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىنىپ بېردەم تۇرۇۋېلىپ، ئىشىكنى ئالدىرىماي ئۈچ قېتىم چەكتىم.

— كىم؟

بىر ياش ئايالنىڭ خوخايىنلارچە ئاۋازى، ئارقىدىن بىرىنىڭ شىپىلداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن تىۋىش چىقارماسلىقا تىرىشىپ پەلەمپەيگە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

— ئىشىكنى چەككەن كىم؟ ھەي مەھمۇت، چىقىپ قاراپ بېقىڭە، ئىشىك تۈۋىدە ھېچكىم يوققۇ! — ئۇ بەختلىك، ئەركە ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى.

مەن يەنە ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. بايىقى بىر دەملىك دەككە ـ دۈككىدىن كېيىن كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ، تىنچلىنىپ قالغاندەك ئىدى. كۆز ئالدىمدا ستېرېئولۇق ئۆتۈشمە

كۆۋرۈكلەر، ئورماندەك قاتار قەد كۆتۈرگەن ئاسمان ـ پەلەك بىنالار، سان ـ ساناقسىز ماشىنا ئۇياقتىن بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كەڭ، يورۇق كوچىلار، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئېلانلار بېرىلىۋاتقان غايەت زور سىپىرلاشقان ئېكرانلار يېپىلىپ تۇراتتى. كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگىرىپ، ناتونۇش تۈس ئېلىۋاتقان بۇ شەھەر بىر ئارقا كوچىدا، ۋەيرانە قورۇدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ياشايدىغان چوڭ ئاپام ئىككىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ئىدى. بىز خۇددى بارغانچە نىيۇ يوركقا ئوخشاپ قېلىۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يېگانە ئارالدا ياشاۋاتقان سەرگەردانلارغا ئوخشايتتۇق.

مەن سائەت ساتىدىغان بىر دۇكاننىڭ ئەينەك دېرىزىسىدىن سائەتنىڭ كىچىك تىلى 11 نى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئەزەلدىن مۇنداق كەچكىچە كوچىدا يۈرۈپ باقمىغانىدىم. قورسىقىم ئاچ، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن بولساممۇ، ئۆيگە قايتقۇم، ئىمتىھان، ئوقۇش پۇلى توغرىسىدىكى گەپلەرنى قايتا ئاڭلىغۇم يوق ئىدى. يول بويىدىكى كىچىك بوتكىلار، دوكانلار بىر ـ بىرلەپ تاقالدى، كوچىدا ئادەم بارغانسېرى ئاز قالدى. سەل نېرىدىكى ئوتتۇراھال دۇكانلار تېخىچە ئوچۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشىك، دېرىزىسىدىن چۈشكەن چىراغ نۇرى دۇكان ئالدىدىكى بىر پارچە يەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قارىغاندا، ئۇ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىدىغان دۇكان بولسا كېرەك، دۇكان ئىچىگە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ دېگەندەك نەرسىلەر تىزىلىپ كېتىپتۇ. بىر چەتتىكى پۈكەي ئالدىدا ياش بىر ئۇستا قاپقىقى ئېچىۋېتىلگەن تېلېۋىزور بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرىدۇ. رېمونتچىلىقمۇ بولىدىغان ئىش. مانا بۇ بالىمۇ مەن قۇراملىق ئىكەن، بىر ئوبدان رېمونتچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئەگەر مەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسام، رېمونتچىلىقنى ئۆگىنەتتىم، دەپ ئويلاپ تۇرسام، ياش ئۇستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

ھەر ئىككىمىز ھەيران بولۇپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق.

— رۇستەمغۇ سەن! سەن ئەسلىدە مۇشۇ يەردە ئىشلەۋېتىپسەندە…

— ۋۇي سەن … سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن! — رۇستەم دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

دۇكانغا كىرىۋېتىپ بېشىم قايغاندەك بولدى، دەلدەڭشىپ بېرىپ بىر ئورۇندۇققا ئارانلا ئولتۇرۇۋالدىم.

— گۈلنىسا سەن … نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

رۇستەمنىڭ چىرايىدا ئەنسىزلىك ئەكس ئەتتى.

— سۆزلىسەم گەپ تولا، يېگۈدەك نەرسەڭ بولسا بەرگىنە ماڭا…

رۇستەم ھودۇقۇپ، دۇكاننىڭ ئىچىدە بىر پىرقىرىۋېتىپ، يەنە ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن قوللىرىنى قويغىلى يەر تاپالمىغاندەك تۇرقى ماڭا ئاجايىپ تونۇش ئىدى.

— دۇكان … دۇكاننىڭ ئىچىدە يېگۈدەك نەرسە يوق. مەن سېنى بىر يەرگە ئاپىراي.

— يىراقمۇ؟

— ياق، مۇشۇ يەردىلا.

رۇستەم مېنى دوقمۇشتىكى چاققانغىنە بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە «كېچە ـ كۈندۈز مۇلازىمەت قىلىمىز» دەپ يېزىلغانىدى. ئىككىمىز چەتتىكى شىرەگە كېلىپ ئولتۇردۇق. بىر مۇلازىم بالا ئۇيقۇسىرىغان ھالدا بىر چەينەك چاي بىلەن ئىككى پىيالىنى ئالدىمىزغا قويۇپ نېرى بېرىپ تۇردى. رۇستەم تاماقنى بۇيرۇتۇپ بولۇپ، ماڭا قاراپ جىممىدە ئولتۇردى. مەن ئىسسىق چايدىن بىر نەچچە ئوتلام ئىچىپ بولۇپ ئۇنىڭغا:

— مەن بۈگۈن ئۆيۈمدىن يامانلاپ چىقتىم. مەن ئىمتىھانغا

www.uyghurkitap.com

قاتناشمايمەن، مەنمۇ سەندەك ئىش تېپىپ ئىشلەيمەن، ــ دېدىم.
رۇستەم ئۈندىمىدى.

ــ بايام مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدىڭ ـ ھە؟

ــ راست ھەيران قالدىم، قورقتۇم. سەن بىلمەيسەن، كېچىلىرى بۇ كوچىدا ھەرخىل ئاياللار، قىزلار تەمتىرەپ يۈرىدۇ. كۆپ قىسمى جەنۇب تەرەپتىن كېلىپ قالغانلار، ھەر خىل ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار...

ــ ئانا ـ ئانام ئوقۇش پۇلۇمنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ھەر قانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ بىكار. مەن بەك تەلەيسىز ئىكەنمەن.
رۇستەم يەنە ئۈندىمىدى.

ــ سېنى يەنە مەكتەپكە قايتىپ كېلىدىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدۇق.

ــ مەھمۇت مۇئەللىم مېنىڭ ئىشمىنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرگە دەپتىكەن. ئۇلار دوختۇرنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ كەلسۇن، دەپتۇ. مۇئەللىم بىر كۈنى مېنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم. دوختۇر مەندىن ئىككى ئېغىز گەپ سورا ـ سورمايلا ئەقلىي ئىقتىدارى كەمتۈك ئىكەن، دەپ ئىسپات يېزىپتۇ. مۇئەللىم تاس قالدى ئۇ دوختۇر بىلەن سوقۇشۇپ قالغىلى. مۇئەللىم باشقا دوختۇرخانىغا بارايلى، دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن...
رۇستەمگە چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. رۇستەمنى ھەر نېمە دېسە ئىشىنەرمەن، لېكىن ئەقلىي ئىقتىدارى كەمتۈك دېسە ئىشەنمەيمەن.

ــ رېمونتچىلىق تەسمىكەن؟

ــ ئاسان ئىش نەدە دەيسەن، لېكىن خېلى ئېپىنى بىلىپ قالدىم.
تاماق ۋاقتىدا ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىپ بولۇپ، يېنىدىن بىر قاپ تاماكا ئالدى.

— خاپا بولما، سىنىڭ ئالدىڭدا ئەدەپسىزلىك بولدى.

— چىكىنۋەر، مەن سىنىڭ چىكىدىغىنىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

ئۇ كۈلۈپ قويدى. تاماكىنى چىكىپ، بىر پەس ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇزۇتنىڭ كېرىكى يوق. رەنجىسەڭمۇ دەۋېرەي، سەن بۇگۇن توغرا قىلماپسەن. قىز بالا ئۇچۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۆلۈمدىن ئېغىر ئىش، — دېدى.

— سەن مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىمنى بىلمەيسەن ···

— بىلىمەن، تازا بىلىمەن. شۇنداق شارائىتتا تۇرۇپمۇ ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمىگىنىڭگە، دەرستە ئۆتكۈرلۈكۈڭگە ھەۋەس قىلاتتىم. تولا ۋاقىتلاردا ئاشۇ مۇشتۇمدەك قىز بالىچىلىك بولالمادىمەن، دەپ ئۆزۈمگە سىنى ئۈلگە قىلاتتىم.

— سەن بىلمەيسەن···

— ياق، سەن بىلمەيسەن، تەڭتۇش - ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ، ئوقۇيالماسلىقنىڭ دەردىنى سەن بىلمەيسەن، ئىش ئىزدەپ بىر كىملەرگە يالۋۇرۇپ يۈرۈشنىڭ، قارا كوچۇڭگە تايىنىپ، نان تېپىپ يېيىشنىڭ تەسلىكىنى سەن بىلمەيسەن، خوجايىنلار، پۇلدارلار كوچىگە ئىشىنىپ، دەپسەندە قىلىۋاتقان قىزلارنى سەن بىلمەيسەن، كېيىن «ئىست» دەپ قالدىغىنىڭنى تېخىمۇ بىلمەيسەن!

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ پۇل بولمىسا، خەق بىكارغا ئوقۇتۇپ قويامتى؟

— سەن ئاۋۋال ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆت. مېنىڭچە، ۋاقتى كەلگەندە ئاتا - ئاناڭ قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈركى تاش ئەمەستۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئوقۇش ئۈچۈن قەرز پۇل ئالغىلىمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە ··· مەنمۇ بار. مەنمۇ ساڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرالايمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سەن؟ ماڭە نېرى…

— مەن هازىر مىلىك كوي يىغدىم، سەن ئوقۇشقا ماڭغىچە يەنە مىلىك كوي يىغىمەن، راست گەپ. تېخى بارا ـ بارا جىقراق يىغالايدىغان بولىمەن.

مەن پاكىز يالتىراق يىپىلغان ئۈستەلگە بېشىمنى قويۇۋېلىپ تارامىلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنى يوشۇردۇم. رۇستەم ئالدىمدا جىممىدە قاراپ ئولتۇردى. مەن بېشىمنى كۆتۈرگەندە، ئۇ قولۇمغا بىر پارچە يۇمشاق قەغەزنى تۇتقۇزدى:

— يۈز ـ كۆزۈڭنى سۈرتۈۋەت. بىز ماڭايلى. چوڭ ئاپاڭ ئەنسىرەپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ بۇ چاغقا.

بىزنىڭ قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە رۇستەم توختاپ ماڭا قارىدى:

— ئەمدى هەر قانچە ئىش بولسىمۇ، ئۆيدىن يامانلاپ چىقمايمەن دەپ قەسەم ئىچ، بولمىسا، مەن ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن كەتمەيمەن.

— قەسەم ئىچتىم: بۇنىڭدىن كېيىن هەرگىز ئۆيدىن يامانلاپ چىقمايمەن! بولدىمۇ، دىۋە؟

— هەي گۈلنىسا، گۈلنىسا…

2005 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئانا دەريانى ئىزدەپ…

(زىيارەت خاتىرىسى)

## 1

ھەر قېتىمدا ۋەتەن خەرىتىسىگە نەزەر تاشلىغىنىمدا، ئانا دەريا تارىمنىڭ ئەگرى - بوگرى ئېقىنلىرىغا قاراپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكىمەن. گويا خەرىتىدىكى تۇرلۇك رەڭ، سىزىقلار بىردىنلا جانلىنىپ، كۆز ئالدىمدا تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئوراپ تۇرغان تەڭرىتاغ، قارا قۇرۇم، پامىر تاغلىرىنىڭ كۆككە بوي سوزغان قارلىق چوققىلىرى، يېقىنقى، ھازىرقى زاماندا شەكىللەنگەن مۇزلۇقلار ۋە مەڭگۈلۈك قار جۇغلانمىلىرى بىلەن خەتەرلىك جىلغا - جىرالىرى، قۇياش نۇرىدا ئېرىپ، ئاستا ھورلىنىپ، قار - مۇزلار ئارىسىدىن شىرىلداپ يىغىلىپ، جىلغا - جىرالارنى زىلزىلىگە سېلىپ ئاقىدىغان زور، شاش ئېقىنلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەنە، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ، ئېقىپ بارغانلا يەرنى گۈللەندۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئاققان توشقان دەرياسى بىلەن كۇنمالىق دەرياسى؛ غەربتە پامىر، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ، بىر مۇنچە قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ سوزۇلغان قەشقەر، يەكەن دەريالىرى؛ قارا قۇرۇم تاغلىرىنى مەنبە قىلغان، قۇملۇق باغرىدا زۇمرەتتەك يېشىل بوستانلىقلارنى ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى يارىتىپ، تېخىمۇ چاڭقاق كۆلگە -

www.uyghurkitap.com

تارىم ئويمانلىقىغا سوزۇلغان خوتەن، قاراقاش دەريالىرى، بۇ دەريالارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «تارىم دەرياسى»دەپ ئاتىلىپ بىرلىككە كەلگەن زور قوشۇندەك ھەيۋەت بىلەن ئۆركەش ياساپ، «ئۆلۈك دېڭىز»دا ھاياتلىق بەلبېغى، ھاياتلىق زېمىنى، ھاياتلىق ئۈمىدى بولۇپ چاقناپ، قاغجىرىغان زېمىن ۋە ھاياتلىقنى قاندۇرۇپ، ئاخىرى قۇملۇق باغرىدىكى مۆجىزىلىك كۆلگە ئايلانغان ئانا دەريا...

خەرىتىنى يانتۇ قىلىپ تىكلىۋېدىم، ئەگرى - بۈگرى سىزىق خۇددى يېشى ئالەمگە تەڭ خاسىيەتلىك دەرەخكە، ئۇنى ھاسىل قىلغان ئىنچىكە ھاۋا رەڭ سىزىقلار ئۇنىڭ يەرنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا غۇلاچ يايغان يىلتىزلىرىغا ئوخشاپ قالدى . ئۇنداقتا لوپنۇر كۆلىچۇ؟ ئۇخۇددى پۈرەكلەپ ئېچىلغان، مىليون يىللاپ بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان، گۈزەللىكى ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان كىرستال گۈل!ئاھ، كىرستال گۈل...

ئۇ قېنى؟ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ قەيەرگە كەتتى؟ ئۇ چاغلاردا ھەم قانداقلارچە ئۆتمۈشكە، قاچاندۇر بىر چاغدا كۆرگەن غۇۋا چۈشكە، ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالدى؟«خاسىيەتلىك دەرەخ»نىڭ ئۇچى نېمە ئۈچۈن چاقماق سوقۇۋەتكەندەك كۆيۈپ كۆتمەكلەشتى؟ ئۇنىڭ ئوق يىلتىزى نېمە ئۈچۈن كېسىپ تاشلاندى؟

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ، تارىم دەرياسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بارغانسېرى قىسقىراپ، ئېقىنى تارىيىپ، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەتراپىدىكى يېشىل كارىدور ۋە يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى، بۇ ھالنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ، شىنجاڭنىڭ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىغا، مۇھىتىغا كەلتۈرۈۋاتقان تەھدىدىتى بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ

دىققىتىنى تارتىۋاتقان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا، ھاۋايدا چىقىدىغان گېزىتلەرگە :تەكلىماكاننىڭ قۇمى ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ ھاۋايغىمۇ يېتىپ كەلدى، دەپ يېزىلغىنىغا كىشىلەر ئانچە ئەجەبلىنىپ كېتىشمىدى. بەزى ئالىملار مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، ئۇزاققا قالماي تارىم دەرياسى مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىشتى.

راستىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ 1972 ـ يىلى ئامېرىكا ئالىملىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتقان سۈرەتلەردىن لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىدا قولاق شەكىللىك كۆكۈچ ئىز قالغانلىقىنى بايقاپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ يەر شارىدىن يوقالغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. بىز دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇتۇۋېتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇردۇق. ئۇزاققا بارماي يەنە بىر كىملەر تارىم دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى جاكارلارمۇ؟ ئۇمۇ رىۋايەتكە ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟ ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا ياشىغان، تەڭرىتاغ، پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ كۆكسىدىن سىرقىغان ئوغۇز سۈتنى ئىچىپ، شۇنىڭغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىغا، ئاشۇ خەلق ئۆز قوينىدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن قەلەم ئىگىسىگە خاس مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بالىنىڭ ئانىغا بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاش ئوتلۇق مۇھەببەت ئۇزاقتىن بېرى مېنى تەشۋىشكە ۋە ئازابقا سېلىپ كەلگەنىدى. ھەر قېتىم ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن تارىم دەرياسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇغان، كۆرگەن ۋاقىتلىرىمدا، قەلبىم ئانا دەرياغا تەلپۈنەتتى . تىپتىنچ كېچىلەردە مەن ئۇنىڭ يىراقتىن كەلگەن ساداسىنى، دەرد ـ ئەلىمىنى، «سەن مېنىڭ ئۆز پەرزەنتىم ئىدىڭغۇ، سەن نەدە؟» دېگەن چاقىرىق، ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم . ئاخىر 2000 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلى ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەردە مەن ئانا دەريانى ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

سەپەرگە ئاتلاندىم . ئاددىيغىنە سەپەر سومكامدا بىر نەچچە قۇر كىيىم بىلەن گېزىت - ژۇرناللاردىن كېسىۋالغان مۇناسىۋەتلىك خەۋەر - ماقالىلەر ۋە بىر نەچچە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بار ئىدى.

مەن كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسنىڭ تار كارىۋىتىدا كىرلىشىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، دېرىزە سىرتىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چۆل مەنزىرىسىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدۇم . بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ قويۇق يۇلغۇنلار، ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ تاقىرلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ يوللاردا، مۇشۇنداق ئاپتوبۇسلاردا تالاي ماڭغانمەن. بۇ تۈگىمەس چۆل، ئېغىر سۈكۈنات ئاستىدىكى دېڭىزغا ئوخشاش بىپايان، سىرلىق دالا، سەل نېرىدا كۆكۈچ مانان ئىچىدە قاتار قاتلىنىشىپ ياتقان تاغلار مېنى يېڭىدىن يېڭى ھاياجانغا ۋە شۇنداق تەگسىز، شۇنداق سىرلىق خىياللارغا غەرق قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاندا - ساندا يامغۇر ياققان چاغلاردا كۆكىرىپ، بولمىسا، قۇرۇپ قالىدىغان ھەر بىر تۈپ ئاجىز گىياھ، ھەر بىر تال تاش گويا ئىنسان تارىخىنىڭ، ئىنسان تارىخىدىمۇ كۆپ ئىلگىرىكى ئاجايىپ دەۋرلەرنىڭ شاھىتىدەك تۇيۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 مىليون يىل ئىلگىرى بۇ زېمىن، بۇ دالا راستىنىلا پايانسىز دېڭىز ئىدى. جەنۇبتا ھىندى ئوكيانىغا، غەربتە ئەرەب دېڭىزىغا تۇتاشقان بۇ دېڭىزنىڭ ئاسمىنىدا بۇلۇتلار قېتىپ قالغاندەك ئېسىلىپ تۇرمايتتى، بەلكى سۈدەك ئاقاتتى. ئۇنىڭ ھۆل - يېغىنلىق قىرغاقلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرىدا دۇنيادىكى ئەڭ زور دىنازاۋۇرلار ياشايتتى . بۇ دېڭىز تالاي يىللار، ئەسىرلەر ئۆركەشلەپ، نەرە تارتىپ تۇردى. بۇنىڭدىن 70 مىليون يىل ئىلگىرىكى يېڭى ھايات دەۋرىنىڭ 3 - ئېراسىدا ھىمالايا تاغلىرىنىڭ يارىلىش ھەركىتى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارنى

ئىگىزلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئەتراپى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن كۆپرەك ئىگىزلىكتىكى تاغلار بىلەن ئورالدى:ئۇنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىنى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى، پامىر ئېگىزلىكى توسۇپ تۇرسا، شىمالى ۋە غەربىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي بۆلىكى، شەرقىي شىمالىنىڭ قۇرۇقتاغ ئېدىرلىقى توسۇۋالدى. ھىندى ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ توسۇلۇپ، كىلىماتنىڭ قۇرغاقلىشىشى، تاغلارنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ كۈچىيىشى، دېڭىزنىڭ قۇرۇشى، قۇرۇقلۇقنىڭ قوشۇلۇشى، نەچچە مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇن ۋە كەلكۈننىڭ يالىشى بىلەن ئاخىرى 337 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ زور كۆچمە قۇملۇق پەيدا بولدى. بۇ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەر ئىدى . قۇملۇق گويا ياراتقۇچى تەرىپىدىن قاتۇرۇۋېتىلگەن دېڭىزدىكى قاتمۇ قات دولقۇنغا ئوخشايتتى. قۇملۇق توختاۋسىز تەۋرىنىپ تۇراتتى، قۇممۇ ئۆركەشلەيتتى. ئۇمۇ خۇددى كەلكۈندەك ھەممە نەرسىنى ئۆز دولقۇنلىرىغا غەرق قىلىۋېتەلەيتتى. قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن يۈزلىگەن چوڭ ـ كىچىك دەريالار ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ، يوق بولۇپ كېتەتتى. پەقەت تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېتىكىدىن باشلانغان بىرنەچچە يۈز ئېقىن ۋە ئۆلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك چوڭ دەريالا بۇ قۇملۇقتا 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كىچىك دېڭىزىنى — لوپنۇر كۆلىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ قۇملۇق باغرىدا 100 مىڭ يىللاپ ئاقتى. خۇددى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەرنىڭ مەنبەسى بولغان نىل، ھىندى، ئامۇ دەريالىرىغا ئوخشاش قەدىمى يەتكەنلىكى يەردە ئاشۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەردىن قېلىشقۇسىز مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. ئۇزاق قەدىمكى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ناچار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شارائىتتا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە هايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ماكاندا، قۇم ـ بوران ۋە قۇرغاقچىلىق بىلەن بولىغان كۈرەشلەر داۋامىدا، تىرىكچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، بىلىقچىلىقتەك كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۆز شارائىتىغا ماس بولغان سۇغىرىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، قۇملۇق باغرىدا ئاۋات شەھەر - يېزىلارنى قۇردى ۋە ئاشۇ شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئىقتىساد ۋە ئەنئەنىلەرنى ياراتتى. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپلا ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان قۇملۇق، چۆل ـ باياۋان، تىك تاغ، خەتەرلىك داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چەت ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، جاھانغا مەشھۇر «يىپەك يولى»نى ئاچتى. ئۇلار چەت ئەللەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدىكى ئىلغار تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، ئۆز تۇپرىقى، مىللىي تاۋىقىدا تاۋلاپ يۇكسەلدۈرۈپ، تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ ئېسىل، ئۇيغۇر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان يېڭى مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. مەسىلەن، ئەينى دەۋردىكى بۇددىزم سەنئىتى گىرېك، قەندىھار (ھىندىستان) سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئۇ تەسىرلەرنى ئۆز تۇپرىقىدا يۇغۇرۇپ ۋە يۇكسەلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇپ، تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەلتىراشلىقتا پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە ھىندى ـ ئارىيان بۇددا سەنئىتىدىن، بەدەن گۈزەللىكىنى ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە گىرېك سەنئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى تەرەققىي قىلالمىغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئۇغۇز سۈتى بىلەن كىرگەن سەنئەتكارلىق سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدە ـ

بىناكارلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، بولۇپمۇ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىدە قايتا ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئوخشاشلا ئەرەب - پارس، ھىندى ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى يەنە قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، يۇرۇشلەشكەن، زور ھەجىملىك، كۆپ ئۆزگىرىشلىك، مەشھۇر كىلاسسىك شېئىرلار تېكىستى قىلىنغان «12مۇقام»نى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەم تېخىمۇ ئېسىل، تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ ھايالىق، ئىچكى گۈزەللىك بىلەن تاشقى گۈزەللىكنىڭ بىرىكىشىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەقىقىي ئېسىل سەنئەتلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق، ياشاش پەلسەپىسى جەھەتتە، شۇنداقلا، ئىقتىساد، ئىگىلىك ئىككى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن دەۋرلەردە ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشالىغان. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق، كېيىن دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ئاسىيا قورۇقلۇقىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، چۆل - باياۋان، قۇملۇق ۋە ئېگىز تاغلارنى تەبىئىي توسۇق قىلغان تارىم ۋادىسىنى جاھاندىن، تەرەققىياتتىن چەتتە قالدۇردى. بىر زامانلاردا گۈللەنگەن - ئاۋات «يىپەك يولى» خارابلاشتى. تارىم ۋادىسى ۋە تارىم مەدەنىيىتى ئۆزگىرىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيانىڭ ئېسىدىن ناھايىتى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىقى، ئۇلار تارقاتقان تەركىدۇنيالىق، تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيەلىرى، ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇش - يېغىلىقلار بۇ يەرنى بىر قارىسا، يۇكسەك مەدەنىيەت، ئەنئەنە ئىزنالىرى چالا - بۇلا ساقلىنىپ قالغان، يەنە بىر

قارىسا، قالاقلىق، نادانلىق، جاھالەت چوڭقۇر يىلتىزلاپ كەتكەن، ئادەم بېشىدىن ياسالغان مۇنارلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان زۇلمەت ماكانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت مۆجىزىلىرى بىردىنلا چاقناپ، جاھان ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغانغا قەدەر، تارىم دەرياسى ئەنە شۇنداق غېرىبلىقتا، نام ـ نىشانسىز، ئۈن ـ تىنسىز ئاقتى.

قۇم ئاستىدا نەچچە مىڭ يىل كۆمۈلۈپ ياتقان، قەدىمكى ھىندى، مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان، بۇ پارلاق مەدەنىيەت غەرب ئەللىرىدە تارىم ۋادىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

ياۋروپالىق ئېكىسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگ، ئىنسانشۇناس، تەۋەككۈلچىلەر شىنجاڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان بۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىمىزنى — تام رەسىملىرى، قاپارتما رەسىم، ھەيكەل، تۈرلۈك ئاسار ئەتىقە، كىتاب ـ ۋەسىقە قاتارلىقلارنى بىر قېتىمدا 150 ـ 160 ساندۇقلاپ ئېلىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇزېيلىرىنى بېزىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گېرمانىيەدىكى ئاسارئەتىقىلىرىمىزنىڭ 40% ى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغاندىن باشقا، قالغانلىرى ھېلىھەم ياۋروپانى ئاساس قىلغان 40 نەچچە دۆلەتنىڭ مۇزېيلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرماقتا.

ئاشۇ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرى. ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سىمۋولى ھېسابلايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئاجىز بىر خەلقنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالاۋۇتقانلىقىدىن ھېچقانچە خىجىللىق ھېس قىلىشمىدى. ئۇلار بۇ يەرنى، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار بۇ خەلققە، ئۆزلىرىگە يول باشلاپ، بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەن يەرلىك

كىشىلەرنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق بىرەر مىس ئۆزۈكنى تاللىشىپ، پىچاقلىشىپ يۈرگىنىگە قاراپ باھا بېرىشەتتى. ئۆز ئۆستۈنلۈك تۇيغۇسى بۇ يەرنى جۇغراپىيەۋى جەھەتتىكى «ئۆلۈك دېڭىز»، مەدەنىيەت جەھەتتىكى «بىر پارچە بوشلۇق »دەپلا قارىشاتتى. ھەتتا مىڭئۆيلەردىن، بۇددا خارابىلىرىدىن، يەر ئاستىدىن بايقالغان سەنئەت جەۋھەرلىرىنى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئاھالىسىدىن ئىلگىرى ياشىغان ۋە كېيىن غايىب بولغان ئاللىقانداق بىر خەلقنىڭ ئىجادىيىتى، ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن چىققان سەنئەت، دېيىشكەندى. ئۇ چاغدا بۇ بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىرى ئەقىل - ھېسسىيات ۋە تىلدىن ئايرىلغان كىشىلەردەك زۇۋان سۈرمەي، سۈكۈتتە تۇرۇشقانىدى. «12مۇقام»دەك مۆجىزىلىك، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك شاھانە ئەسەرلەرنىڭ يەر ئاستىدىن چىققان ئەنە شۇ تەڭداشسىز مەدەنىيەت ۋارىسلىرىنىڭلا قولىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇنازىرىلىشەلمىدى.

تارىم دەرياسى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ، قۇدرەتلىك، تەرسا، يوگەنسىز ئىدى، غەزەپلەنگىنىدىن ئاسمان - پەلەك بوي تارتىپ ئۆركەشلەيتتى، يارلارنى چېقىپ، قۇملۇقلارغا يامراپ، دەۋرەپ ئاقاتتى، ئەمما ھېچنەرسە دېيەلمەيتتى. «مانا مەن بىلىمەن، مەن ھەممىنى كۆرگەن، مەن گۇۋاھ» دېيەلمەيتتى.

* * *

تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئەڭ چوڭ دەريا بولغان تارىم دەرياسىنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز«ئۆلۈك دېڭىز»دىكى ھاياتلىق مەنبەسى ۋە يۈكسەك قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولغانلىقىدىلا ئەمەس. ئۇ، 337 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان زور كۆچمە

قۇملۇق باغرىغا سىڭىپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان بىپايان ھەم رەھىمسىز قۇم بارخانلىرىنى يۇگەنلەپ، قۇملۇق ئاتموسفېراسىنى تەڭشەپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ، ئاسىيا، ھەتتا پۈتكۈل يەر شارى مۇھىتىنى قوغداۋاتقان پىداكار، بارلىقىنى يەر شارىمىزنىڭ ئەمىنلىكىگە، ئىنسانىيەتكە بېغىشلىغان قەھرىمان. ھەرگىزمۇ كىملەردۇر ئېيتقاندەك: «مەغلۇپ بولغان قەھرىمان»، «يېرىم يولدا توختاپ قالغان پىداكار»ئەمەس. ئۇ گويا خالىس ھەم مېھرىبان ئانا، قۇملۇق باغرىدىكى بارچە ھاياتلىقنىڭ ئانىسى. ئەگەر تارىم دەرياسى بولمىسا، يېرىم يولدا قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان باشقا نۇرغۇن ئېقىنلار بولمىسا، تەكلىماكان قۇملۇقى پانىي ئالەمدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاختا، يەر شارى ۋە ئىنسانىيەتكە تەھدىت سالىدىغان كۈھقاپقا ئايلانغان بولاتتى.

قۇملۇق، يېشىللىق بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنچىۋالا ئاسان، يەككىل مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى تىغمۇ تىغ ھالەتتىكى ھايات ـ ماماتلىق مۇناسىۋەت. بولۇپمۇ، تارىم ۋادىسىدا شۇنداق. ئۇ ئىنسانلارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىنى، ئاچ كۆزلۈكىنى، نادانلىقىنى كەچۈرمەيدۇ، ئەكسىچە، ئىنسانلاردىن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىتىش يولى بىلەن ئۆچ ئالىدۇ. قاراملىق بىلەن بېسىلغان بىر قەدەم ئىنساننى نەچچە قەدەم كەينىگە چېكىندۈرىدۇ. كىچىككىنە مەنپەئەت ئىنساننى كۆز ئالدىدىكى قىممەتلىك زېمىندىن، ئېتىز ـ ئېرىقتىن، ئۆي ـ ماكاندىن ئايرىپ تاشلايدۇ. ياراتقۇچى بۇ ۋادىغا تەقسىم قىلغان سۇدا قۇملۇقنىڭمۇ، چۆل ـ جەزىرىنىڭمۇ، يىرتقۇچ ھايۋان، ئۇچار ـ قانات، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭمۇ ھەم ئىنساننىڭمۇ رىزقى باركى، ھېچكىمنىڭ ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالىدىغانغا ھەققى يوق. ئىلگىرىكى تارىم ۋادىسىدا ئادەملەر ئاز چاغلاردا دەريانىڭ ئېقىنى ئۇزۇن، تارىم دەرياسىغا

قويۇلىدىغان تارماق ئېقىنلارمۇ كۆپ، قۇملۇقنىڭ كۆلىمىمۇ ھازىرقىدىن زور دەرىجىدە كىچىك بولۇپ، كۆللەر بىر - بىرىگە تۇتاشقان، بۇلاقلار قايناپ تۇرغان، چەكسىز كەتكەن قەدىمىي ئېپتىدائىي ئورمانلىقلار، ئوتلاقلار، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار بىلەن تولغانىدى. ئىنسانلارنىڭ، ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يېشىللىق چېكىنىپ، ئىنساندىن باشقا ھاياتلىقنىڭ ياشاش ماكانى تارىيىپ، قۇملۇق بارغانسېرى كېڭەيدى ۋە ئىنساننى يىلدىن - يىلغا، تېز سۈرئەتتە قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ، خىيالىي پەرەز ئەمەس، بەلكى ئىلمىي دەلىل. كۆز ئالدىمىزدا «مانا مەن»دەپ تۇرغان رەھىمسىز رېئاللىق. تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا تارىم ۋادىسىدىكى ئىنسانلار مۇنداق ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى كۆپ قېتىم بېشىدىن كەچۈرگەن. تەكلىماكان قانچىلىك بەگلىكلەرنى، شەھەر - رابات، يېزا قىشلاقلارنى، ئىبادەتخانا، بۇتخانا، ئۆتەڭلەرنى يۇتۇۋەتكەن. نى - نى شانۇ شەۋكەتلىك سەلتەنەتلەر، كۆزنى چاقنىتىدىغان مەدەنىيەت - سەنئەت نامايەندىلىرى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، مەردۇ مەردانىلىك، نامەردلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە تولغان سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ھېكايىلەر ھەم قۇم ئاستىدا غايىب بولغان. بۇ قىسمەتلەر قۇملۇق گىرۋىكىدە — قۇرغاق مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا دەل - دەرەخكە، يېشىللىققا ئىنتىلىدىغان، كۆچەت تىككەن، باغ قىلغان كىشىلەرنى خىزىردەك ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆينىڭ، مەھەللىسىنىڭ، يۇرتىنىڭ ئەتراپىغا دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈشنى زۆرۈرىيەت ھېسابلايدىغان ئېسىل تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيەت قارىشى يېتىلدۈرگەن. بۇ ئادەت، بۇ قاراش ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، 2000 يىللار ئىلگىرىكى قەدىمكى نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تاش پۇتۇككە «باشقىلارنىڭ دەرىخىنى كېسىش

قانۇنغا خىلاپ» دەپ يېزىلغان ھەم يەنە ئېنىق قىلىپ: «قۇرۇپ قالمىغان دەرەخنى ھەر قانداق كىشىنىڭ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتىشىگە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلغۇچىغا بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەرەخ شېخىنى يېرىۋەتكۈچىلەرگە بىر كالا جەرىمانە قويۇلىدۇ»دەپ يېزىلغان. بۇ بەلكىم جۇڭگو بويىچىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇنقى ئورمان قانۇنى ھېسابلانسا كېرەك...

* * *

سەپىرىمنىڭ تۇنجى بېكىتى — كورلىغا سەھەردە يېتىپ كەلدىم. تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بۇ شەھەر بۇگۈنكى كۈندە تامامەن يېڭى قىياپەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ، سەھەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسىدا گويا تارىخنىڭ ئېغىر خورسىنىشىنى، توپا باسقان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا كېتىۋاتقان، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن خىلمۇخىل قوشۇنلارنىڭ رەتسىز ئاياغ تىۋىشىنى، ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلىشى، قىلىچ - مىلتىقلارنىڭ شاراق - شۇرۇقىنى ئاڭلىغاندەك، بىر چاغلاردا ھەيۋىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى تىترەتكەن بەدۆلەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئېغىر بىر قەدەمنى كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ تىترىشىنى، تەبىئىي توسۇق باشئەگمىدىن ئات ئوينىتىپ، قان كېچىپ ئۆتكەن تالاي غالىب گېنېراللارنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەنە شۇ سىمالار قاتارى بىر سىما — يىراق ياۋروپادىن كەلگەن قورقماس تەۋەككۈلچى، ئېكسپېدىتسىيەچى كۆز ئالدىمدا قېتىپ قالدى ۋە بارغانسېرى زورايدى. ئۇ دەل بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى تارىم دەرياسىنى ۋە ئۇنىڭ ۋادىسىنى، تەكلىماكان بويىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتنى ئىزدەپ كەلگەن سۋېن ھېدىن ئىدى. ئۇ، يەكەن دەرياسىدا



www.uyghurkitap.com

كېيىنگە چۈشۈپ، يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرى ئاۋاتقىچە، ئۇ يەردىن يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، كىچىك قېيىق بىلەن ئۆزى يالغۇز لوپنۇر تەۋەسىگە بارغان، يەنە لوپنۇر كۆلىگە قاراپ يۈرۈش قىلغان. يول بويى تارىم دەرياسىنىڭ تېز، خەتەرلىك ئېقىنى، ئىككى قىرغىقىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان ھەم مۇشۇ قېتىملىق سەپىرىدە دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان چوڭ بىر ئىشنى ئورۇندىغان. يەنى، يەر شارىدىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكىنىگە 1300 يىل بولغان، غەربلىكلەر «پومپو»، ئاسىيادىكىلەر «پومپى شەھىرى» دەپ ئاتايدىغان كىروران قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تاپقان. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ، سۋېن ھېدىنىنىڭ نامى شىنجاڭ، تارىم دەرياسى، تەكلىماكان ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتكەن، ھاياتىدا شىنجاڭ بىلەن شىنجاڭغا ئالتە قېتىم كېلىپ، نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەرنى قىلغان بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى كىشىلەرنىڭ نېمىشقا توي قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلە بەك قىزىقارلىق. مەن كۆپ قېتىم مۇھەببەتلەشتىم، لېكىن باشتىن - ئاخىر ئوتتۇرا ئاسىيا مېنىڭ ئايالىم بولۇپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ مۇزدەك قۇچىقىغا ئەسىر بولغانمەن، شۇڭا ئۇ كۇنلەمچىلىك قىلىپ، مېنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشۈمگە يول قويمايدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن سادىق، بۇ تەبىئىي ئەھۋال.»

ھەر قېتىم مۇشۇ سۆزلەرنى ئويلىسام، ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىمەن. يىراق ياۋروپا، ئەۋزەل، مەدەنىيەتلىك مۇھىتتا ياشاپ تۇرۇپ، ياشلىقىدىكى بارلىق قىزغىنلىقى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى تەكلىماكانغا، شىنجاڭنىڭ قارلىق تاغلىرىغا

www.uyghurkitap.com

بىغىشلىغان، قانداقتۇر بىر مۆجىزە بىلەن تەكلىماكاندا بىرقانچە قېتىم گۆر ئاغزىدىن قايتقان بۇ ئاجايىپ ئادەمگە ھۆرمىتىم ئاشىدۇ. سەپەرگە چىقىش، يول ئېچىش، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش خەيرلىك ئىش. ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ساياھەت، تەۋەككۇلچىلەر ئارقىلىق يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىتئەلىرىنى، يەر تۈزۈلۈشىنى، دېڭىز - ئوكيان، تاغ - دەريالىرىنى، مۇھىتى، كىلىماتى ۋەھاكازالارنى بىلدى، ئۆلچەپ خەرىتىگە چۈشۈردى ۋە ئاستا - ئاستا باشقا پلانېتىلارغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋروپالىقلارنىڭ تۆھپىسى. بىز يەر شارى تۈگۈل ئۆز زېمىنىمىزنى، تاغلىرىمىز، دەريالىرىمىزنى بىلمەيمىز، ئەجدادلىرىمىز تاغ - دەريالىرىمىز ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغانمۇ - يوق، بۇ ماڭا تازا ئېنىق ئەمەس. بەلكى ھازىرقىلارنىڭمۇ كۆپ يازمىغانلىقى، كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى، خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدىغانلىقى ماڭا ئايان. شۇڭا، مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەتتا خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭمۇ چۈشەنمەسلىكىگە تالاي قېتىم ئۇچرىدىم. «بىر ئايال كىشى، يەنە كېلىپ ئۆزىڭىز يالغۇز سەپەرگە چىقىپسىز، تارىم دەرياسىنى كۆرۈپ نېمىمۇ قىلار ئىدىڭىز، ئۆيىڭىزدە راھەت كۆرۈپ ئولتۇرماي» دېگۈچىلەر كۆپ بولدى. مېنىڭ جاۋابىم: «مۇشۇ زېمىنىنىڭ يازغۇچىسى ئىكەنمىز، بۇ زېمىن دۈچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا ئېتىبارسىز قاراش، ئۇنىڭغا ئۆز سادايىمىزنى قوشماسلىق ۋىجدانسىزلىق بولمىغاندىمۇ بىخۇدلۇق. ھېلىمۇ ئېتىبارسىز قاراۋاتقان ئىشلىرىمىز ئازمۇ؟» شۇنداق قىلىپ، بۇ ئوبلاستتىكى ھەشەمەتلىك «كىروران» مېھمانخانىسىنىڭ ياسىداق ياتىقىنى تاشلاپ، تارىم دەرياسىنىڭ

تۆۋەن ئېقىنىدىكى چاقىلىق ناھىيەسىگە قاراپ يولغا چىقتىم. يەنىلا شۇ كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسنىڭ قىستاڭ كارىۋىتى، كىرلەشكەن يوتقان - كۆرپىلەر، كورلا بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ يىراق مۇساپە، قۇم بېسىپ كېتەي دەپلا قالغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئۇزۇن يول. ئەمما، ئۇ يەردە تارىم دەرياسىنىڭ ياش، قۇدرەتلىك دەۋرلىرىنىڭ ئىزى، ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان تۆۋەن ئېقىم، قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقلار، سۈن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىنلەرنىڭ ئىزى بار. ئاپتوبۇس شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەنسېرى، كورلىنىڭ نەمخۇش - سالقىن ھاۋاسى دىماقنى قۇرۇتۇپ، نەپەسنى بوغىدىغان قۇرغاق ھاۋاغا ئالماشتى. ئاپتوبۇس قۇم - توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئېگىز - پەس يولدا توختىماي چايقىلاتتى. دېرىزىلەرنىڭ مەھكەم ئېتىلگىنىگە قارىماي، ئورۇن - كۆرپىلەرنى توزان قاپلاپ كېتەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يولنىڭ كۆپ قىسمىنى كېچىدە، چالا ئۇيقۇلۇقتا بېسىۋالغىنىمىز.

ھەمسەپەرلىرىم ئىچىدە ئېگىز بوي، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، قوڭغۇر چاچلىق بىر قىز دىققىتىمنى تارتتى. بۇ قىزنىڭ ئويۇپ ياسالغاندەك چىرايلىق ھەم سىپتا مەڭزى بىلەن پېشانىسىنى قارامتۇل داغ قاپلاپ تۇراتتى. بۇ قىز چاقىلىقنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن قۇرغاقلىقى، بوران كۆپ چىقىدىغانلىقى، شۇڭا كىشىلەرنىڭ تېرىسى يېرىكدەپ، يۈزىدە ئاسانلا داغ پەيدا بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— ھازىر تېرىنى گۈزەللەشتۈرۈشنىڭ ئامالى شۇنچە كۆپ تۇرسا، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كۆرۈندۈم، ھەر قانچە داۋالاتسامۇ، چاقىلىققا قايتقاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ، — دېدى قىز.

چاقىلىققا بارغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەنمۇ خېلى كۆپ ئاياللارنىڭ، ھەتتا ئادەتتە تېرىسى سۈزۈك كېلىدىغان خەنزۇ

ئاياللارنىڭمۇ يۈزىدە غەلىتە داغلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. قاغىلىقتا قورغاقچىلىقنىڭ ئىزنالىرىنىڭ يالغۇز كىشىلەرنىڭ چىرايىدىنلا ئەمەس، قۇرۇپ چاك - چاك يېرىلىپ تۇرغان ئېتىزلىقلاردىن، ئېتىز قىرلىرى، ئېرىق بويلىرىنىڭ تاقىرلىقىدىن، قۇرۇپ كەتكەن باغلاردىن كۆرگىلى بولاتتى. كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن ھازىر ئۇلارنىڭ باغ قىلىشقا ئانچە قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سورىدىم:

— نېمىشقا باغ قىلمايدۇ؟يېزا دېگەندە باغ بولمىسا، قانداق بولىدۇ؟

— سۇ يوق تۇرسا...

كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بىر دېھقان شۇنداق دېدى.

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان چاقىلىق ناھىيەسىدە تەبىئىي ئاپەت ۋە قۇم - بوران يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەن. ناھىيەدىكى 70% ئوتلاق قۇم ئاستىدا قالغان. ھەر قېتىمقى كېۋەز تېرىلغۇسىدا كېۋەزنى ئىككى قېتىمدىن تېرىمىسا، پاختىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. 1999 - يىلى ئاپرېلدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي بوران چىقىپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە نەچچە تۈمەن مو يەردىكى كېۋەز پۈتۈنلەي نابۇت بولغان. ئوتلاق، چاتقال، ئورمانلار قۇرۇپ، يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، قۇملىشىش تېزلىشىپ، بەزى يەرلەردە تېرىلغۇ يەر، باغۋاراڭلار، ئۆيلەرنىڭ قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقى كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىكەن. سەۋەب زادى نەدە؟ يەنىلا سۇدا. خېلى كۆپ قىسىم رايونى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىگە قاراشلىق بولغان بۇ ناھىيە 1968 - يىلى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن...

ئاخشىمى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ تېپتىنچ

ياتقىدا شىنجاڭ خەرىتىسىنى ئالدىمغا يېيىپ، يەنە ھېلىقى قۇرۇشقا باشلىغان خاسىيەتلىك دەرەخكە تىكىلدىم. خىيالىمدا دەرەخ ئاستا ــ ئاستا جانلىنىپ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ 100 مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوغۇق، ھەيۋەت ساداسى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتى، ئىچىدە نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى. دەرۋەقە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، تارىم ۋادىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيەنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە سۇ، تۇپراق بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، بۇ جايدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ تارىم دەرياسى مەنبە ــ ئېقىنلىرىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا، غول ئېقىننىڭ بېشىغا ئورۇنلاشقان بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ــ دىۋىزىيەسىنىڭ تۇەن ــ مەيدانلىرى بىلەن تۆۋەن ئېقىننىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى سۇ شارائىتى ياخشى جايلارغا ئورۇنلاشقان يېزا ئىگىلىك 2 ــ دىۋىزىيەسىنىڭ تۇەن ــ مەيدانلىرى سۈنئىي بوستانلىق ئېكولوگىيەسى ۋە سۈنئىي سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى شەكىللەندۇرگەن دېھقانچىلىق سۇغىرىش رايونىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. 1990 ــ يىللاردا تارىم ۋادىسى دۆلەت تەرىپىدىن پاختىچىلىق بازىسى ھەم شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ئەلا سورتلۇق مېۋە بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېفىت بايلىقى ئېچىلىپ، تارىم ۋادىسى شىنجاڭنىڭ، شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدىكى مۇھىم رايون بولۇپ قالدى. نەتىجىدە تارىم ۋادىسىدا نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، تەبىئىي ئورمان ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىتىش ھېسابىغا بوز يەرلەر كۆپلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى…مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن يۇرۇشەتتى، تارىم ۋادىسىدىكى سەككىز مىليونغا يېقىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا، تەكلىماكان باغرىدا قاتار ـ قاتار قەد كۆتۈرگەن نېفىت قۇدۇقلىرىغا سۇ كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ باشقۇرۇش يېتەرسىز، سۇ قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى كونا ۋە قالاق بولغانلىقتىن، سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر ئىدى. سۇ چەكلىك بولغان ئەھۋالدا يۇقىرى ئېقىمنىڭ گۈللىنىشى سۇ سەرپىياتىنىڭ ئېشىشى مۇقەررەر ھالدا تۆۋەن ئېقىمنىڭ خارابلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

تارىم دەرياسى بولسا، 1968 ـ يىلىدىن تارتىپلا تېز سۈرئەتتە قىسقىراشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نوقتىسى لوپنۇر كۆلىدىن قاراقۇشۇن كۆلىگە، ئاندىن قارا بوران كۆلىگە، كېيىن تېتما كۆلىگە قىسقارغان، ئەڭ ئاخىرىدا داشكۆل سۇ ئامبىرىمۇ قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئەسلىدىكى 1231 كىلومېتىردىن 998 كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالغان. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىم ئېقىنى ئۈزۈلگەن، دەريا قىنى، قۇرۇغان كۆللەر، خارابلاشقان يېشىللىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى قۇم ئاستىدا قالغان. يەر ئاستى سۇ ئورنى 1950 ـ يىللاردىكى ئۈچ ـ بەش مېتىردىن 1980 ـ يىللاردا 13 ـ 16مېتىرغا، 1990 ـ يىللاردا 16 ـ 19مېتىرغا چۈشۈپ قالغان، توغراقلىق كۆلىمى بەش مىليون 100مىڭ مودىن 1975 ـ يىلى ئىككى مىليون موغا چۈشۈپ قالغان، ساقلىنىپ قالغان يەردىكى توغراقلارنىڭمۇ 80% قۇرۇپ كېتىۋاتقان چوڭ ياشلىق، شالاڭ توغراقلىق. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا 1950 ـ يىللاردىكى توغراقلىق كۆلىمى 810 مىڭ مو بولسا، 1995 ـ يىلى 110مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان. ئۆتمۈشتىكى كەڭ كەتكەن قومۇشلۇق، سازلىق، يۇلغۇنلۇقلار يوقىلىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلبېغى 1950 ـ يىللاردىكى 5 ـ 10 كىلومېتىردىن 2 ـ 5 كىلومېتىرغا چۈشۈپ

قالغان. چاقىلىق تاشيولى قۇم ئاستىدا قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. قۇرۇقتاغ قۇملۇقى 3 ـ 5 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن غەربكە ئىلگىرىلەپ بوستانلىقنى يالمىسا، تەكلىماكان قۇملۇقىمۇ غەربكە كېڭىيىپ، نۆۋەتتە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى خەۋپكە دۇچ كېلىپلا قالماي، يۇقىرى تەرەپتىكى بەش تۈمەن ـ مەيدانمۇ قاتتىق سىناققا دۇچ كەلگەن. بىر قىسىم تۈمەن ـ مەيدانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ، كىشىلەر ئاللىقاچان ئاچچىق قالغان، بەزىلەر ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكەن…

بۇ يەردە مۇنداق بىر قىستۇرما ئارتۇقچىلىق قىلماس. 1987 ـ يىلى جېنجياڭلىق دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن كېمىچىلەر ئەترىتى سۈيى ھېدىنىنىڭ ئىزىنى بويلاپ، تارىم دەرياسىدا لەيلەپ ماڭماقچى بولغان، لېكىن سۇ بەك تېيىز بولغانلىقتىن كىچىك يەل قېيىق ھە دېسىلا لايغا پېتىپ قالغان. كۆپ جايلاردا كېمىچىلەر يەل قېيىقنى سۆرەپ پىيادە ماڭغان. جۇڭگو بويىچە «ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى» ئەنە شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىغا چۆمۈلگەن كىشىلەر رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا چۆچۈپ ئويغىنىشتى ۋە ئەتراپىغا قايتىدىن نەزەر سېلىپ، مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشتى. پەن ـ تەتقىقات خادىملىرى مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداشنى يولغا قويۇشتى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، نۇرغۇن تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ۋەزىيەت كىشىنى ئۈمىدلەندۈردى، خۇشاللاندۇردى. بىراق ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ لوپنۇر كۆلىنى، لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ئاينى چۆرىدىگەن يۈلتۇزلاردەك قاتار ئورۇنلاشقان ئوتتۇرا، كىچىك كۆللەرنى، يېڭىسۇ، قارىداي، ئارغان، قورغان قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جايلاردىكى تۈتىشىپ كەتكەن يۇرت ـ مەھەللىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ! گۈلخانىغا قاقلاپ پىشۇرغان بېلىقلارنى يەپ ياشىغان، يۇلغۇندىن ئوقيا ياساپ، چىغخەيدىن كەلگەن باندىتلار ۋە باسمىچى موغۇللار بىلەن جەڭ قىلغان لوپنۇرلۇقلارنىڭ گۈزەل ئۆتمۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟

ھەممىگە ئايانكى، بىرەر يۇرتنىڭ يەر شارىدىن يوقىلىشى شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر مۇنچە مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇزاق ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن بۇنداق مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقىلىشى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان، ھېچكىمنى ئەپسۇسلاندۇرمايدىغان شۇقەدەر ئاددىي ئىشمۇ؟ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى «كىرورا ن»نىڭ يوقالغىنىغا پۈتكۈل دۇنيا ئەپسۇسلىنىدۇ، ئۇنىڭ يوقىلىش سەۋەبى، ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيىتى ۋەھاكازالارنى تەتقىق قىلىشقا دۇنيا ئالىملىرى قاتنىشىۋاتىدۇ، بىراق بىز ئايىغىمىز ئاستىدىكى نۇرغۇن «كىرورا ن»لەرنىڭ يوقىلىشىغا قاراپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئەينى يىللاردىكى تارىم دەرياسى بويىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ــ سۇن ھېدىن، ستەيىنلەر ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان ئابدال كەنتىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا تارىخ، مەدەنىيەت، رېئاللىق ۋە ئىنسان ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈلگەنىدىم. پىكاپ ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى، ئەتراپ چوغدەك قىزىپ كەتكەن. ساي، گاھى قۇرۇپ كەتكەن كۆل ياكى سازلىقنىڭ ئورنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان يېرىلىپ كەتكەن تېترلىق. گاھىدا ئاندا ـ ساندا قومۇش، يۇلغۇنلار كۆزگە تاشلىنىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ. چۆشلۈك غىزانى ناھىيەنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان مىرەن شەھىرى يېنىدىكى بىگتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ دىۋىزىيە 36 ـ تۈەندە يېدۇق. ئابدال كەنتى بۇ يەردىن 70نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. 1907 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ستەيىن نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە

ئىنسانلار ئەزەلدىن تىنچلىقىنى بۇزۇپ باقمىغان مىرەن قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە كېتىۋېتىپ، چۈشىنىكسىز، سىرلىق ھاياجانغا غەرق بولغان. ئۇ بۇ يەردە 18 كۈن تۇرۇپ، «ئەزەلدىن ئېلان قىلىنمىغان تەسەۋۋۇردىن سىرت»، ئېسىل ھەم نەپىس تام رەسىملىرىنى، زاڭزۇچە كىتاب، قۇلۇلە قېپى كىتاب ۋە سىرلانغان دۇبۇلغا پارچىلىرىنى، نىيا خارابىسى بىلەن ئوخشاش دەۋرگە تەۋە توپ ئەر - ئايال رەسىمى ۋە قاناتلىق پەرىشتە رەسىمى، قارۇشتى يېزىقىدىكى ئايەت چۈشۈرۈلگەن يىپەك بەلباغ پارچىسى قاتارلىقلارنى بايقىغان. ستەيىن «قاناتلىق پەرىشتە»نى تاپقانلىقىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ: «بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ بايقاش! دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى قاناتلىق پەرىشتە بۇ يەردىن تېپىلدى»، «مېنىڭچە، بۇ تام رەسىمىنىڭ پۈتكۈل تۈزۈلۈشى، كۆز قاتارلىقلارنىڭ ئىپادىلىنىشى تامامەن غەربچە»دېگەن. ستەيىننىڭ بايقىشى ياۋروپا مەدەنىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان. «مىرەن» دېگەن بۇ ئىسىم شۇنىڭدىن تارتىپ دۇنيا كىشىلىرى ئۈچۈن يوچۇن ئەمەس، بەلكى ئۇلار كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان جاي بولۇپ قالدى. مىرەن 1979 - يىلى ئاتاقلىق ئالىم پېڭ جيامۇنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم دۇنياغا تونۇلدى.

گويا ھايات - ماماتلىق رىشتى لوپنۇرغا باغلانغاندەك، پېڭ جيامۇ شاڭخەيدىكى ئەۋزەل تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتىنى تاشلاپ، 1956 - ۋە 1958 - يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان ھەم لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىككىلا قېتىمدا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، 1964 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن لوپنۇرغا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. لېكىن خىزمەتنى باشلىماي تۇرۇپلا «كەسپكە بېرىلىپ سىياسىيغا سەل قارىدى»دېگەن بەتنام بىلەن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. «مەدەنىيەت

ئىنقىلابى»ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئۇ يەنە لوپنۇرغا بېرىش ئارزۇسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ھەمدە 1979 ـ يىلى دېكابىردا جۇغراپىيە، خىمىيە، بىيولوگىيە، تۇپراق، قۇملۇق، ھاۋارايى قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەركىبىدە لوپنۇر رايونىغا كەلگەن. بۇ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چوڭ ئىلمىي پائالىيىتى بولۇپ، پەڭ جيامۇ بۇ گۇرۇپپىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى 1980 ـ يىلى ئىيۇندا ئۇ يەنە بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، مىرەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن. بىرنەچچە كۈنلۈك تەييارلىقتىن كېيىن، گۇرۇپپىنىڭ تۆت نەپەر ئەزاسىنى باشلاپ ئىككى ماشىنا بىلەن لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈشكە ماڭغان ھەم شۇ ماڭغانچە لوپنۇر ۋادىسىدا غايىب بولغان. بۇ دەل جۇڭگونىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتقان تەجرىبە مەيدانى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سىرلىق ۋەقە مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان، چەت ئەللەرنىڭ رازۋېدكا سۈنئىي ھەمراھلىرى بىر مەزگىل بار كۈچىنى بۇ رايونغا مەركەزلەشتۈرگەن. 1700يىل ئىلگىرىكى مىرەن قەدىمىي شەھىرى بەلكى ئۇنچە مەشھۇر بولمىغىيدى، ئەمما ئۇنىڭ نامىنىڭ ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئىتالىيەنىڭ ھازىرقى 2 ـ چوڭ شەھىرى، مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە قۇرۇلۇپ، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى، ئىتالىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىنىڭ مەركىزى بولغان مىلان شەھىرىنىڭ باشلىقى دۇنيادىكى ھەممە ئىسىمداش شەھەرلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىرەن شەھىرىنىڭ «شەھەر باشلىقى»غا بىر پارچە خەت يازغان. ئۇ دوستانە چاقىرىق، شۇنداقلا زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتكە بىلدۈرگەن ئېھتىرامى ئىدى. ئەپسۇس، مىرەن قەدىمىي شەھىرىدە بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشىدىغان«شەھەر باشلىقى» يوق ئىدى.

مەن مىرەن قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە قاراپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىسىز خوشلىشىۋاتقان چېغىمدا، «مەن يەنە كېلىمەن، مىرەن قەدىمىي شەھىرىگىلا ئەمەس، كىروران قەدىمىي شەھىرىگىمۇ بارىمەن···»دەپ نىيەت قىلدىم.

ئابدال تەرەپكە ماڭغانچە تارلىشىپ كەتكەن يول گاھ يوقاپ كەتسە، گاھ پەيدا بولۇپ قالاتتى. شوپۇر تەجرىبىلىك بولغانلىقتىنمۇ ياكى بۇ يولدا ئىلگىرىمۇ تالاي ماڭغانلىقىدىنمۇ، ئىلغا قىلغىلى بولا ـ بولماس يولنى تاللاپ، بىر دەمدىلا ماشىنا ئىزى بار ئۇبدان يوللارغا چىقىۋالاتتى، لېكىن بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭماي ئېگىز ـ پەس قومۇشلۇق، يانتاقلىق ئارىسىدا يولنى يوقىتىپ قوياتتى···ئىككى تەرەپ ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان، چاك ـ چاك يېرىلغان تېتىرلىق ئىدى. بەزى ـ بەزىدە توختام سۇلار، توپ ـ توپ ياپپېشىل قومۇشلارمۇ كۆزگە تاشلىنىپ قالاتتى. ئارىدا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن يەرلەردىن ئۆتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي تاسما شەكىلدە سوزۇلغان، يېرىمىنى ياپپېشىل قومۇش قاپلىغان، سۈيى بەكمۇ سۈزۈك چوڭقۇر سازلىق كۆزگە تاشلاندى. ئەتىگەندىن بېرى قاقاسلىقتا مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ مەنزىرە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان فوتو سۈرەتچى ھەمراھىمىز ھەممىمىزنى بىرنەچچە پارچىدىن سۈرەتكە تارتىپ قويدى (ئەپسۇس، ھازىرغىچە بىرەرىنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالالمىدىم.)

— ئىلگىرى مۇشۇ يەرلەر تۇتاش كەتكەن سازلىق كۆل

ئىدى، — دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن تۇەن – مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى. ئۇنىڭ سۆزى ماڭا سۇئىن ھېدىنىنىڭ خاتىرىسىدىكى بايانلارنى ئەسلەتتى. ئۇ، خاتىرىسىدە ئابدال كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى ياپيېشىل قومۇش قاپلىغان سازلىق، كۆللەرنى تەسۋىرلىگەنىدى.

ئەنە، ئېگىز قىرغاقتا قاتار مۆكچىيىپ تۇرغىنى تارىخىمىزدىكى يەنە بىر مەشھۇر جاي — ئەينى يىللاردا چىڭخەي – شىنزاڭدىن شىنجاڭغا كىرىشتىكى تۇنجى كەنت، شۇنداقلا چاقىلىقتىن چىڭخەي – شىزاڭغا قاراپ مېڭىشتىكى ئاخىرقى بېكەت ئابدال كەنتى. يېرىم – يارتا تاملارنىڭ كېسەكلىرى شامال – بورانلارنىڭ يالىشى، ئاپتاپنىڭ كۆيدۇرۇشى بىلەن قىزىرىپ پىشىپ قالغاندەك، تۇتىسمۇ قولغا توپا يۇقمايدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىشىك – دېرىزە، ئويۇقلارنىڭ ئورنى، ئۆيلەرنىڭ شەكلىدىن قايسىسى مېھمانخانا، قايسىسى ئاشخانا، ھويلا، ئېغىل ئىكەنلىكى «مانا مەن» دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىر ھويلىدا ھەتتا تونۇرنىڭ ئىزى، ، كۆمۈر ئۇۋاقلىرىمۇ بار ئىدى. تېگى ئاق، قىزىل ئاي – يۇلتۇز گۇللۇك چىت پارچىسى ھەممىلا يەردىن دېگۈدەك تېپىلاتتى. قارىغاندا، بۇ، ئەينى يىللاردا ئابداللىق ئاياللار ئەتىۋارلايدىغان رەخت بولسا كېرەك. ھەممىلا ئۆيلەردە يەنە ھاۋارەڭ، يېشىل گۈللۈك چىنە سۇنۇقلىرى، يوغان – يوغان بېلىق تورلىرى ئۇچرايتتى. ئەمما ئۇ تورلار قولغا ئالسىلا ئۈزۈلىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىكى كەڭ ھەم چوڭقۇر قۇرۇق ئېقىن – تارىم دەرياسىنىڭ قىنى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ھەم كەڭلىكىگە قاراپلا تارىم دەرياسىنىڭ نەقەدەر شىددەت بىلەن ئاقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. سۇئىن ھېدىن مۇشۇ يەردىن قېيىققا چۈشۈپ، دۆڭلۈك دېگەن يەرگىچە بارغان. مۇشۇ يەردىن خىزمەتكار ياللىغان. ئۇنىڭ قېيىقى ياغاچقا سوقۇلۇپ دوم

كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندە، لوپنۇرلۇقلار كىچىك قېيىقلىرىغا چۈشۈپ چاقچاقلىق بىلەن ئۇنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى سۈزۈپ بەرگەن. ستەيىن مۇشۇ يەردە — ئۆركەشلەپ تۇرغان تارىم دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئامبار سالدۇرۇپ، بارلىق ئاسارئەتىقىلەرنى ۋە پۇل - ماللىرىنى ساقلىغان، لوپنۇرلۇقلار ئۇنىڭغا بەش قېيىقنى چېتىپ كۆۋرۈك ياساپ بەرگەن. ئۇ، بۇ يۇرتنىڭ كۆپنى كۆرگەن، چوڭقۇر پىكىرلىك مەزىنى بىلەن دىن ۋە باشقا ئىشلار ھەققىدە كۆپ پىكىرلەشكەن...

ئويۇۋېلىنغان كۆزگە ئوخشاپ قالغان چوڭقۇر قۇرۇق ئېقىن بويىدا ئۇزاق تۇردۇم. ئەينى چاغلاردىكى قويۇق دەل - دەرەخلەر، يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوت - چۆپلەر، چۆپلۈكتە ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالىلار، تېگى ئاق، ئاي - يۇلتۇز گۈللۈك كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، بېشىغا رومال سالغان، ئۇزۇن چاچلىرىغا چاچتەڭگىلەرنى ئېسىپ، ئىشىك ئالدىدا كۆك ۋە يېشىل گەردىن چىنىلەرنى يۇيۇۋاتقان، تونۇرغا نان يېقىۋاتقان، بېلىق پىشۇرۇۋاتقان ئاياللارنى، دەرياغا تور تاشلاپ بېلىق تۇتۇۋاتقان ئەرلەرنى، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى چۆپلۈكتە ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق بالىلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. مانا بۇ تارىم دەرياسى بويىدا پەيدا بولغان، دەريانىڭ قۇرۇشى بىلەن تەڭلا قۇرۇپ كەتكەن لوپنورلۇقلارنىڭ كىچىك كەنتى. ئەگەر ئىككى مەشھۇر چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ نامى بىلەن باغلانمىغان بولسا، باشقا نۇرغۇن يېزا - كەنتلەرگە ئوخشاش كىشىلەر ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتى.

مەن تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى بويىدىن قايتىپ كەلگىلى بىر يىلدەك بولدى. تارىخ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسىگە باغلانغان شۇقەدەر ۋەزنىلىك ھەم جىددىي بۇ تېمىنى قانداق ئىپادىلەش ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. يۇرەكسىزلىنىپ باش تارتقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋاقىتلىرىمىمۇ بولدى. ئەمما تاشتەك ئېغىر بىر نەرسە بوغىزىمغا كەپلىشىپ، يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغاندەك بىر ھېسسىياتتىن زادى قۇتۇلالمىدىم. بولۇپمۇ چاقىلىقنىڭ ئوتام يېزىسىدا كۆرگەن تۆكلۈكگىچە قۇمغا كۆمۈلگەن ئۆيلەر، قۇرۇپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرغان، قۇم باسقان باغ كۆزۈمنى يۇمسامlا كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ئۇ خۇددى رىئاللىقتا ئايلانغان سانسىز رىۋايەتلەرنىڭ، تەكرارلانغان ھېسابسىز پاجىئەلەرنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشى ئىدى. يەنە بىرى، بىز قورغان ئەتراپىدىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق ۋە تارىم دەرياسىنىڭ قۇم بېسىپ كەتكەن كونا ئىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا ئاددىي بىر شوپۇرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر ئېغىز گەپ. ئۇ كۈنى ناھىيە بازىرىدىن 200 كىلومېتىردەك مېڭىپ، تاشيولدىن ئەگىپ، ئوڭ تەرەپتىكى شالاڭ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. ماشىنا ئېگىز - پەس يەرلەردىن بەكمۇ تەستە ئايلىنىپ ئۆتەتتى.

— قانداق، ماڭالامسەن؟ — دەپ سورىدى بىر ھەمراھىمىز شوپۇردىن.

— ماڭىمەن، چاقىلىقتا ئازراق پايدىسى بارلا ئىش بولسا، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگىمۇ بارىمەن.

گەپ ياساشنى بىلمەيدىغان تۈز، ئاق كۆڭۈل شوپۇرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆز قەلبىمگە شۇنداق چوڭقۇر ئورنىشىپ قالدى. ئەپسۇسكى، مەن چاقىلىق ئۈچۈن ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەن، قىلىپ بېرەلەيدىغىنىم، پەقەتلا چىن قەلبىمدىن ئۇرغۇغان مانا مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز...

ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى كۆز يەتمەيدىغانلىكى يەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇ توغراقلار گويا كىملەردۇر قەستەن ئورۇنلاشتۇرغان ئاجايىپ - غارايىپ، قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ئوبرازلار كۆرگەزمىسىگە

ئوخشايتتى. ھەربىر توپ توغراق گويا بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرگە
تەشنالىقىنىڭ نىمىلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولغاندەك
قاغجىراشتىن، ئوتتەك هارارەتتىن، بوراندىن ئۈزۈلۈپ -
ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، لېكىن ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىققان
يەنە بىر كۈچ تۈپەيلى، مەھكەم كىرىشىپ تولغىنىپ، يىقىلىپ -
قوپۇپ چۇقان سېلىپ، ھالاكەت ۋە ماماتلىق بىلەن
ئېلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. دەرەختەك يوغان، ئۇزۇن
يىلتىزلار نەملىك ئىزدەپ يەر ئۈستىگە چىقىپ، ئۇيان - بۇيان
سويلاپ، يەنە يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. يەر ئاستىدىكى ۋە
يەر ئۈستىدىكى ئاشۇ يىلتىزلار ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر چىمدىم
تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغانلىقتىن، ھەربىر توپ توغراق
بىر يۇمىلاق دۆڭنى شەكىللەندۇرگەن. ئارىلىقتىكى بوش يەرلەر
بولسا، بوراننىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن چوڭقۇر ئازگالغا ئايلانغان.
مانا بۇ، توغراقنىڭ ھەممە ئۇلۇغلۇقى. ئەپسۇسكى، كىشىلەر
بۇنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندى. ھەممە ئادەم ئۆزىنىلا ئويلىدى.
مەنلا ياشىشىم كېرەك، دەپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتتى. 50 يىلدىن
بۇيان ئارال سۇغىرىش رايونىغا كېلىدىغان سۇ ئانچە كۆپ
ئازلىمىغان بولسىمۇ، تۆۋەن ئېقىمدىكى چاراغا كېلىدىغان سۇ
ئارالدىكى سۇنىڭ يۈزدىن بەش - ئالتە پىرسەنتىلا بولدى. بۇ
يەرلەرگە بولسا، بىر تېمىممۇ سۇ كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى.
ئىلگىرى كولىسىلا سۇ چىقىدىغان يەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۈيى
تۆۋەنلەپ، 19 - 21 مېتىرغا چۈشۈپ قالدى. ۋەھالەنكى،
توغراقنىڭ ھايات تۇرۇشى ئۇچۇن سۇ ئورنى تۆت مېتىردىن
تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكى شەرت ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ توغراقلار —
تەكلىماكاندىكى باتۇر ئەزىمەتلەر تۇركۇم - تۇركۇملەپ، تۇمەن -
تۇمەنلەپ قۇرۇپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ يىلتىزى ھېلىھەم
ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ، تارىم
دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى بويىدىكى خارابلاشقان «يېشىل

كارىدور»نى قوغدىماقتا. تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقى بىلەن قورۇقتاغنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى توسۇپ تۇرماقتا. ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر يۇقىرى ئېقىنىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆۋەن ئېقىنىنى تاشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئەمەلىيەت تۆۋەن ئېقىنىنى تاشلىۋەتكەندە، ئىككى چوڭ قۇملۇق قوشۇلۇپ، دۆلەت تاشيولى ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى، چاقلىق، لوپنۇر ناھىيەلىرىلا ئەمەس، كورلا شەھىرىمۇ قۇمنىڭ بىۋاسىتە تەھدىتى ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداقلا كىشىلەرگە بۇ قەدىمىي «يېشىل كارىدور»نى، بۇ يەردىكى ھەر بىر تۈپ يېشىللىقنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى.

بىز قورۇغان توغراقلىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، يەرلىك كىشىلەر تاشلاپ كەتكەن كونا ئۆيلەرنى ئۇچراتتۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ سەل نېرىسىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ تىنىپ كېتەيلا دەپ قالغان چوڭ، ئۇزۇن ئازگال — تارىم دەرياسىنىڭ (قورۇغان دەرياسىنىڭ) قىنى سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىمۇ ئوخشاشلا توغراقلىق، گىياھسىز ئېگىز - پەس قۇملۇق ئىدى. 100 يىللاپ ئۆركەشلەپ ئاققان، ساھىلىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي توغراقلىقنى ھاسىل قىلغان تارىم دەرياسى بۈگۈنكى ئىنسانلار خۇي - پەيلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مانا شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا تاشلىنىپ ياتاتتى.

ھەمراھلىرىمىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ئەتراپتىكى ئورمان ئاسراش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بار ئىدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن بۇ يىگىت ياشلىقىنى ئادەمسىز جاڭگالدا، ئاشۇ توغراقلارغا سەرپ قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ سومكىسىدىكى بىر خاتىرىگە بۇ توغراقلارغا ئائىت كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سانلار ۋە ۋەزىنلىك ئوي - پىكىرلەر خاتىرىلەنگەنىكەن. ئەمما تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى

140 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خېلىلا كەڭ دائىرىنى باشقۇرىدىغان ئورمان ئاسراش پونكىتلىرىنىڭ شارائىتى ناچار بولغانلىقى ئۈستىگە، ئۇلاردا بىرەرمۇ قاتناش قورالى يوق ئىكەن. ئۇلار: «قاچانمۇ ئۆز فۇنكسىيەمىزنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەرمىز» دەپ تىت ـ تىت بولىدىكەن.

قورغاندىن ئايرىلىۋاتقان چېغىمىزدا غۇر ـ غۇر شامال چىقىشقا باشلىغانىدى. ھەمراھلىرىم:

ـــ تەلىيىڭىز بار ئىكەن، يولدا قۇم ئاققىنىنى كۆرىدىغان بولدىڭىز، ـــ دەپ چاقچاق قىلىشتى. دەرۋەقە ئاسفالت يول يۈزىدىن قۇم خۇددى ئېقىن سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ باشقا جايلاردا كۆرۈشكە نېسىپ بولمايدىغان ئۆزگىچە مەنزىرە ئىدى! ئەمما بۇ گۈزەل مەنزىر، كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى، ئويلاندۇراتتى. .

مەن ئايرىلىش ئالدىدا بۇ يەردىكى خىسلەتلىك توغراقلارغا، ھاياتىنى ئاشۇ توغراقلارغا ئاتىغان، ئاشۇ يولدا قان ـ تەر ئاققۇزۇپ، كۆيۈپ ـ پىشىۋاتقان بارلىق ياخشى كىشىلەرگە ئامەت تىلىدىم:

ئېھ، شور پېشانە توغراقلار...

ئېھ، ئاق نىيەت، جاپاكەش ئادەملەر، بەخت ۋە ئامەت سىلەرگە قۇچاق ئاچسۇن!

## 2

سۈيۈن ھېيدىن تارىم دەرياسىدا كېمە بىلەن ئۆزۈپ، لوپنۇرنىڭ يېڭى كۆل دېگەن يېرىگە كەلگەندە، دەريا سۈيى تامامەن مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن قومۇشتىن ئامبار، ئېغىل، مېھمان كۈتىدىغان چايخانىلارنى ياساپ، چېدىر تىكىپ بۇ يەرنى بارگاھقا

ئايلاندۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بارگاھىنى «تۆرە سالغان ئۆي»دەپ ئاتىشىدۇ. سودا قىلىدىغانلار بۇ يەرگە يىغىلىدۇ، ئەرز - دادى بارلار سۈبىن ھېدىننى ئىزدەپ كېلىدىغان بولىدۇ، ھەتتا مال سېتىپ يۈرگەن بۇخارالىق سودىگەرلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىدۇ. سۋېن ھېدىن يەردە بىر مەزگىل ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 1900 - يىلىنىڭ باھارىدا لوپنۇر كۆلگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق قۇملۇقتا خېلى كۈنلەر ماڭىدۇ. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر دۆڭدە ئۈچ ئېغىزلىق كونا ياغاچ ئۆي ئۇچرايدۇ. سۋېن ھېدىن بۇ يەردىن قەدىمىي پۇل، پالتا، رەسىم ئويۇلغان تاختا قاتارلىقلارنى تاپىدۇ. ئۇ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان گۈگۈم قوينىدا شەرقىي جەنۇب تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىرنەچچە دۆڭلۈككە قاراپ قويۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئېلىنىۋالغان سۇ بىلەن ئوزۇقلۇقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆزلىرى ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر بولغان گۈرجەكنىڭ ئاخشامقى خارابىلىقتا ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ پېشكەللىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ئامەت پەرىشتىسىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئويلىسۇن! گۈرجەكنى ئەكەلگىلى كەتكەن ئۆردەك ئىسىملىك يول باشلىغۇچى ئەتىسى سەھەردە — كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بىر پەيتتە ھاياجان ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە گۈرجەكنى ئېلىپ قايتىشىدا بوراندا ئېزىپ قېلىپ، بىر دۆڭلۈكنىڭ تۈۋىدە بوراندىن پاناھلانغان، بوران توختىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئايغى ئاستىدا شالدىرلاپ تۇرغان تەڭگە پۇللارنى، ئاجايىپ نەپىس رەسىملەر ئويۇلغان تاختا پارچىلىرىنى كۆرگەن، بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ، «ئۆمرىدە كۆرگەن ھەرقانداق خارابىلىقتا سېلىشتۇرغۇسىز»نۇرغۇن ئۆيلەرنى بايقىغان…

سۋېن ھېدىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن پۇللارغا، ئاجايىب نەپىس ئويما رەسىملەرگە قاراپ، بىردىنلا قىزىرىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، شۇ ھامان ئارقىسىغا قايتماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا پەقەت بىر كۈن يەتكۈدەكلا سۇ قالغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى شۈنچە ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئويلاپ يەنە تۇرۇپ قالىدۇ… ئۇ ئىككىنچى يىلى شىزاڭدىن قايتىپ، بارلىق ئوي - پىكرىنى ئەسىر قىلىۋالغان بۇ خارابىلىققا كەلگەندە ئۆزىنىڭ بىكار ھاياجانلانمىغانلىقىنى، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىسلىسىز مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : «مەن شۈنىڭغا ئەجەبلىنىمەن، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شىۋېتسىيەدە مەن كىروراندا بايقىغان تارىشا پۈتۈكلەر ۋە قەغەزلەردىن قەدىمىيراق بىرەر ئابىدە يوق؟»دەيدۇ. شىۋېتسىيەلىك تىلشۇناس گۈننار ياررىڭ ئەپەندى ئۇ ئېلىپ بارغان ئاسارئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ نامى كىروران ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ!

سۋېن ھېدىن بۇ مەدەنىيەتلىرى بەدىلىگە دۇنياغا تونۇلغان ئېكسپېدىتسىيە چولپىنىغا ئايلىنىپ، ستوكھولم پورتىدا نەچچە ئون مىڭلىغان يۇرتداشلىرىنىڭ گۈللەرگە كۆمۈپ قارشى ئېلىشىغا، پادىشاھ، باش ۋەزىر قاتارلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. پادىشاھ گوستاف: «سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىسىدا شىۋېتسىيەنىڭ نامى دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى»دېگەن. لوپنۇرلۇق ئۆردەك بولسا، ئۆمرىنى نامراتچىلىق ئىچىدە ئىز - دېرەكسىز ئۆتكۈزگەن.

ئاردىن 34 يىل ئۆتكەندە، شىنجاڭغا قايتا كەلگەن سۋېن ھېدىن ئۆردەك بىلەن يەنە كۆرۈشكەن. ئۇ، شۇ ھەقتە يازغان ماقالىسىدە ياشىنىپ قالغان، تۇرقىدىن نامراتلىق چىقىپ تۇرغان

ئۆردەكنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە ئاتقا مىنىپ كەلگەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن : « بوۋاي قىرغاقتىن كېمىگە چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى. كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. جاپالىق يىللار ئۇنىڭ ئالىقىنىدا قېلىن قاداقلارنى پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆردەك ئىدى! مەن بۇ قەدىناس دوستۇمغا سەپسېلىپ، يىللارنىڭ جەبىر ـ جاپاسى ئۇنىڭ چىرايىدا قالدۇرغان بەلگىلەرنى كۆردۈم. ئۇ بەكمۇ ياداڭغۇ ئىدى، پېشانىسىنى چوڭقۇر قورۇق قاپلىغان، ساقىلى ئۆچلۈق ئېڭىكىدە ئېسىلىپ تۇراتتى، تۇرقىدىن بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى…» ئۆردەكمۇ قەدىناس دوستىغا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن تىكىلىپ: 32 يىلنىڭ ئالدىدا سىز چوقۇم كېلىمەن، دېگەنىدىڭىز، بىز سىزنى بەك ئۇزاق كۈتتۇق، لېكىن سىز كەلمىدىڭىز، ئەينى چاغدىكى چاكارلارنىڭ كۆپى ئۆلۈپ كەتتى، ياشاۋاتقانلارمۇ بار. مەن ئاخىرى سىز بىلەن كۆرۈشەلىگەنلىكىمدىن بەك خۇرسەن» دېگەن. سىۋېن ھېدىن ئۇنىڭ سەممىي دوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆردەكنىڭ رەسىمىنى سىزىۋالغان. بۇ رەسىم ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

لوپنۇر ناھىيەسىدىكى چوڭكۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئايىغى تەرىپىدىن ئۆتىدىغان تارىم دەرياسى بويىغا كېتىۋاتقىنىمدا، ئاشۇ ئاجايىپ ساپ دىل، ساددا، دوستلۇقنى ئەزىز كۆرىدىغان، جاھانغا مەشھۇر بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تۇنجى بايقىغۇچىسى تۇرۇقلۇق نامراتلىق ئىچىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئۆردەكنى ئويلىدىم. تارغىنە تاشيولدىن هارۋا، قول تىراكتورى ياكى ۋېلىسىپىت ھەيدەپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، ياڭاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كۆزۈمگە سىۋېن ھېدىن سىزغان رەسىمدىكى ئۆردەككە ئوخشاپ

كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ناھىيەدىن يىراقلىغانچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاندا ـ ساندا كۆزگە تاشلىنىدىغان كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى توپ ـ توپ قومۇش، يانتاق ھەم يۇلغۇن باسقان قۇملۇق چۆل ئىگىلىدى. ماشىنا دېرىزىسىدىن بېنزىن پۇرىقى ئارىلاش چۆل ھاۋاسى يۈزگە ئۇرۇلاتتى، يىراقتا، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ جازىلىرى، سېرىق بىرزېزېنت چېدىرلار، گۈركىرەپ مېڭىپ يۈرگەن دالا ماشىنىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. يول بويلىرىنى لوپنۇر ياۋا كەندىرىنىڭ تۆۋەنگە قاراپ ئېچىلىدىغان ھال رەڭ گۈللىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. بەزى يەرلەردە ئۆسۈملۈك شۈنچىلىك جىق ئىدىكى، يىراقتىن گويا چۆل ئۈستىنى قويۇق ھال رەڭ تۇمان قاپلىغاندەك كۆرۈنەتتى. فېرما ئورگىنىدا توختاپ، بىزنى دەريا بويىغا باشلاپ بارىدىغان ياش مائارىپ كادىرىنى ئېلىۋالدۇق. ئۇمۇ ئىنچىكە، ئېگىز بوي، تېرىسى قىزغۇچ قارامتۇل كەلگەن، ئېگەك ۋە ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان تىپىك لوپنۇرلۇق ئىدى. ماشىنىمىز فېرمىدىن چىقىپ 100 مېتىردەك تۈز يولدا ماڭغاندىن كېيىن، توقايلىق ئارىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى يولغا چۈشتى. يۇلغۇنلار، سارغىيىپ كەتكەن قومۇشلۇقلاردىن ئۆتۈپ، بارا ـ بارا قويۇق توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. ئاندا ـ ساندا ياپيېشىل، باراقسان ئۆسكەن توغراقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى ئۈستى ياپيېشىل تۇرسىمۇ ئاستى ياكى يېرىمى قۇرۇشقا باشلىغان ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى توغراقلىقلار ئىدى. يەر يۈزىنى قاپلىغان ئوت ـ چۆپلەر تامامەن سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئويمان يەرلەردە كۈزدە يايلاق سۇغارغاندا ھاسىل بولغان كۆلچەكلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بەزىلىرى خېلىلا چوڭ ئىدى. كۆلچەكلەرنىڭ ئۈستىدە بىرە ـ بىرە ياۋا ئۆردەك، بېلىقئالغۇچلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز يول

بويىدىكى ئوت ـ چۆپ ئارىسىدىن ئاق ئارىلاش قوڭۇر رەڭلىك ئىككى قۇش پالاقلاپ ئۇچۇپ چىقتى.

— ھاڭگىت دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپ تونۇشتۇردى يول باشلىغۇچىمىز، — ئىلگىرى بۇنداق قۇشلار بەك كۆپ بولىدىغان، ھازىر ئازلاپ كەتتى.

— باشقا ھايۋانلارچۇ، بۇ ئەتراپتا باشقا ھايۋانلارمۇ بارمۇ؟— دەپ سورىدىم.

— ھازىر ئانچە ئۇچرىماس بولۇپ كەتتى، ئادەم كۆپىيىپ، جاڭگاللار شالاڭلاپ كەتتى ئەمەسمۇ.

— ئىلگىرى بۇ ئەتراپتا ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپلۈكىنى تولا ئاڭلايتتۇق. سۆزىن ھېدىن قېيىق بىلەن تارىم دەرياسىدا كېتىۋېتىپ، قىرغاقتىكى قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدا ئۈركۈمەي جىمجىت قارىشىپ تۇرغان چوڭلىرى قارا، كىچىكلىرى قوڭۇر كەلگەن بىر توپ قاۋاننى، كېمىنىڭ ئەتراپىدىلا بەخۇدۇك ئۈزۈپ يۈرگەن ياۋا غازلارنى، قىرغاقتىن لىپ ـ لىپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان، كېمىنىڭ يېنىدىنلا ئۈزۈپ نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈپ كېتىدىغان كېيىكلەرنى، بىر تۈلكىنىڭ قىرغاققا يېقىن ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر ياۋا غازنى خېلىغىچە ماراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن.

ئۈچ بۈرجەك بولۇپ سەپ تارتىپ، چۇۋۇلدىشىپ ئىسسىق تەرەپلەرگە، گاڭگ دەرياسى بويلىرىغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ياۋا غازلار توپىنىڭ ئۈزۈنلۈقى نەچچە يۈز يارد (بىر يارد 914 .0 مېتىر)غا يېتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ يەنە قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ قارامتۇل كەلگەن ئىنتايىن چەبدەس بۆرىلەرنى، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا 20 ـ 30لاپ ئوتلاپ يۈرگەن ياۋا تۆگىلەرنى، ھېلىلا مېڭىپ ئۆتكەن يىلپىز ھەم يولۋاسنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگەن. قاپقان ئارقىلىق يولۋاس ئوۋلىغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن يولۋاس تېرىسى سېتىۋالغان ۋە

ئۇنى ستوكھولمدىكى ئۆيىگە ئېلىپ قويغان. ئۇ، قۇملۇقتىكى «مۇقەددەس ھەم ئېسىلزادە ھايۋان» ياۋا تۆگىگە ئاجايىپ زوقلانغان ۋە قۇملۇقتا ئاچ قېلىش خەۋپىدە تۇرغاندىمۇ ئاشۇ تۆگىلەرنى ئۇۋلاشقا نەقەدەر قىيالمىغانلىقى توغرۇلۇق ئاجايىپ تەسىرلىك ھەم گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

تارىم يولۋىسى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەلۇمات 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا تۇرۇشلۇق بىر لىيەن ئەسكىرىنىڭ بىر يولۋاسنى قوغلاپ، قورشاپ ئۆلتۈرگەنلىكى بولسا كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1950 ـ يىللاردىن كېيىن تارىم ۋادىسىدا يولۋاسنىڭ نەسلى قۇرۇغان.

تەكلىماكان قۇملۇقى گەرچە ئىنتايىن قۇرغاق، ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئاجىز رايون بولسىمۇ، ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قەدىمىي سۇ سىستېمىسى، بولۇپمۇ تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ سىڭىشى بۇ قۇملۇقتا ھاياتلىقنىڭ كۆپ خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مۇتەخەسسىسى يۈەن گويىن «شىنجاڭدىكى ياۋايى ھايۋانلار»دېگەن كىتابىدا، شىنجاڭنىڭ قۇملۇق رايونلىرىدا يولۋاس، بۇغا، بۆرە، تۈلكە، ياۋا مۈشۈك، لەگلەكتاقتاق، ياۋا تۆگە، قۇڭغۇر ئېيىق، ئاق يىلپىز، ياۋا ئېشەك، ياۋا قوتاز، جەرەن قاتارلىق 125خىل ياۋايى ھايۋان، ئاق قۇ، ياۋا غاز، قىرغاۋۇل··· قاتارلىق 364خىل قۇش، 618خىل ئۆمىلىگۈچى، 20000 خىل قۇرت ـ قوڭغۇز بار ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەنلىرىدىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭمۇ يوقىلىش گىردابىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يازغان.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، كۆز ئالدىمدا تارىم ۋادىسىدىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق، يالىڭاچ قۇملۇقتا، قۇمنىڭ ئوتتەك ھارارىتى ئاستىدا تەنھا قالغان ئىنساننىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېچىنىشلىق، غېرىب ھالىتى كۆرۈنگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوھ ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى قەدىمىي رىۋايەتنى ئەسلىدىم. يەر يۈزىنى توپان بالاسى قاپلاپ كېتىۋاتقاندا ئۇ نېمە ئۈچۈن كېمىسىگە بالا ـ چاقىلىرىنىلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋالدى؟ قارىغاندا، ئىنسانلار كۈندە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىدىغان بۇ رىۋايەتنىڭ مەنىسىنى زور بەدەلسىز تونۇپ يېتەلمىسە كېرەك.

دەريا تەرەپكە يېقىنلاشقانچە، يول بويلىرىدىكى ئېگىز قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئۈستىدە قومۇشتىن ياسالغان يوغان ساتمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مالچى ئۆيلىرى (لوپنۇرلۇق چارۋىچىلار ئادەتتە مۇشۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ) ئۇچراشقا باشلىدى. شۇنداق ئۆيلەردىن بىرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە، ئۆي ئىگىلىرى ئالدىمىزغا كېلىپ، بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. سىرتتىكى ئوچاقتا بىرنەچچە كىشى ئۈزۈن ـ ئۈزۈن يۇلغۇن زىخلارغا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلەرنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇۋاتاتتى. ساتما ئۆينىڭ تۆرىدىكى سۇپىغا كىگىز ـ كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، كۆرپىلەردە ناھىيەلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پىروفېسسورى بىلەن ياش بىر ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن بۇ يەردە قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، كالا سورتىنى يېڭىلاش، گۆش، سۈت مىقدارىنى كۆپەيتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ياش يىگىت بۇ چەت جاڭگالدا چارۋىچىلار ئارىسىدا داۋاملىق تۇرىدىكەن. بۈگۈن يەرلىك كىشىلەر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن مال سويۇپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىۋېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ لوپنۇرلۇقلار ناھايىتى مېھماندوست كېلىدىكەن. ھەرقانداق مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئەتىۋارلاپ مال سويۇپ كۈتۈۋېلىش بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن.

بىز سورۇندىكىلەرنىڭ قىستىشى بىلەن داستىخانغا كەلدۇق. داستىخانغا پىشۇرۇلغان گۆش، كاۋاپ، نان قاتارلىقلار تىزىلغانىدى. پىروفېسسور — يۇمىلاق قىزىل يۈزلۈك، خۇش چاقچاق كىشى بۇ يەردە سۇنىڭ قىسلىقى، دەريا سۈيىنىڭ ئاچچىقلىقى، شۇڭا بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ سېتىلىدىغان «مىنېرال» سۇنى قايىنتىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن پاراڭ تەبىئىي ھالدا گېزىت - تېلېۋىزىيە ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئولتۇرغانلار پىروفېسسور بىلەن شاگىرتىنىڭ ئەمگىكىنى تەرىپلەپ: «بىزدە مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارمۇ كۆپ. لېكىن گېزىت - تېلېۋىزورلاردا مۇنداق كىشىلەر خەۋەر قىلىنمايۋاتىدۇ» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قۇملۇق - چۆلدە، چارۋىچىلار ئارىسىدا ئايلاپ - يىللاپ تۇرۇپ، ئۇن - تىنسىز تۆھپە يارىتىۋاتقان بۇ كىشىلەر توغرىلىق بىرەر نەرسە يېزىشنى، ئۇلار بىلەن كۆپرەك سۆزلىشىشنى ئويلاپ قالدىم. ئەمما بىئەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولىمىز خېلى بار، دەريا بويىغا بېرىپ كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىز خوشلىشىپ، يەنە يولغا چۈشتۇق.

توغراقلىق، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى يول بەزىدە تارىيىپ كەتسە، بەزىدە ئويمانلارغا چۈشۈپ كېتەتتى. ماشىنا توختىماي سەكرەيتتى. بەزىدە قويۇق توپا ئىچىدە ماڭاتتۇق. گاھى بوز توپىلىق ئۈستىگە قومۇش ئۆسكەن دۆڭلەر، گاھى قامغاق، تىكەنلىكلەر ئورۇن ئالمىشىپ تۇراتتى. تۇرۇپلا ياپيېشىل، گىلەمدەك يۇمشاق چىمەنلىك، يانباغىرلار ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ قويلار كۆرۈنەتتى. دەريا تەرەپكە يېقىنلاشقاندا ھاۋا سالقىنداپ، توغراقلىق بىلەن يېشىللىق قويۇقلاشتى. ياش توغراقلار سۆلكەتلىك، ياپيېشىل، ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. ياۋا كەندىرلەرمۇ باشقىچە ئېچىلىپ، ئەتراپنى بىر تۇتاش قىزغۇچ تۈسكە

www.uyghurkitap.com

كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. بىر چاغدا يول باشلىغۇچىمىز:

— كەلدۇق، ئەنە ئاۋۇ يەر دەريانىڭ قېشى شۇ، — دېدى.

مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. ھەيۋەتلىك تارىم دەرياسى راستتىنلا شۇمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆركىشى، گۆركىرەشلىرى، قېنى؟ دەريا ئەمەس ئۆستەڭمۇ شارقىرايدىغۇ؟

قېلىن توغراق، قومۇشلۇق ئارىسىدا تارىم دەرياسى تىپتىنچ، شاۋقۇنسىز، ياۋاشلىق بىلەن ئېقىۋاتاتتى. ئومۇمى كەڭلىكى 20 مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ 10 مېتىرچە يېرىنىڭ چوڭقۇرلىقى قانچىلىك؟ ئۇمۇ نامەلۇم.

— تارىم دەرياسى راستتىنلا مۇشۇمۇ؟ — مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراۋاتقاندەك يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. ئېڭىشىپ سۈپسۈزۈك سۈنى قولۇمغا ئالغان چېغىمدا ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان قاپلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنگەن ئانا دەريانىڭ بويىغا كەلگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ھاياتبەخش سۈيىنى قېنىپ ئىچمەي قانداقمۇ كېتەلىشىم مۇمكىن. سۈنى ئاغزىمغا ئالدىمىيۇ - دەرھال تۈكۈردۈم. سۇ زەھەردەك ئاچچىق، شورلۇق ئىدى.

— بۇ، تارىمنىڭ سۈيى ئەمەس، تارىمنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى زەيكەشلەرنىڭ سۈيى، — دېدى يول باشلىغۇچى.

— ئۇنداقتا تارىمنىڭ سۈيى...

ئۇ ئارالدىن تارتىپ داشخەي سۇ ئامبىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ - كىچىك سۇ ئامبارلىرىدا، سانسىز توسما - داميا، ئېچىقلاردا، توختىماي ئېچىلىۋاتقان بوز يەرلەردە. بۇ يۇرتقا قالغىنى بولسا زەي سۇ. بۇ ناھىيەنىڭ قارچىغا يېزىسىدا تارىمنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ھايۋانلار ئۆلگەن. بۇ سۇدا سۇغىرىلغان زىرائەتلەر قۇرۇغان. بۇ ھەرگىزمۇ رىۋايەت ياكى توقۇلما ئەمەس.

بىز دەريا بويىدىن قايتىپ يول بويىدا يېڭىدىن ئېچىلىپ، كېۋەز تېرىلغان بوز يەرلەرنى كۆردۇق. بىراق سۇ ئاچچىق

بولغانلىقتىن، مايسىلار تازا ئاينىيالمىغانىدى. ھەمسەپەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرنىڭ قېتىقى ئالاھىدە تەملىك بولىدىكەن. بىز قېتىق ئىچمەكچى بولۇپ، بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدىكى ئۆي ئالدىدا توختىدۇق. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆي ئىگىلىرى — تەمبەل، ئوتتۇرا بوي مالچى بىلەن ئاق يۈزلۈك، سېمىز، ئۇزۇن ئاق رومال سېلىۋالغان ئايال ئالدىمىزغا چىقتى ھەم بىزنى ئۇچۇق چىراي بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىز قېتىق ئىچىپلا كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتساقمۇ، ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— مالچىلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، ئۇلار بەك مېھماندوست، — دېدى شوپۇر.

«مېھماندوست»، مەن بۇ سۆزنى بەك كۆپ ئاڭلىغان، يالغۇز مالچىلارلا ئەمەس، بىز ئۇيغۇرلار ھەممىمىز ئاجايىپ مېھماندوست. ھەي ···بۇ مېھماندوستلۇقىمىز.

ساتمىنىڭ بىر چېتىدىكى ئوچاقتا گۆش قايناۋاتاتتى. تۈۋرۈككە بىر پۈت يېڭىدىن سويۇلغان گۆش ئېسىپ قويۇلغانىدى. ساتمىدىكى سۇپىدا بىزدىن باشقا يەنە ئۈچ - تۆت مېھمان بار بولۇپ، ئۇلار قوشنا مەھەللىدىن كەلگەن ياشلار ئىكەن. ئۆي ئىگىلىرى ئىككى لېگەنگە گۆش ئېلىپ، بىر لېگەننى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا، بىرنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويدى. ئەر - ئايال ئىككىسى پەگادا قول باغلاپ تۇرۇپ، تۆرگە چىقىرىپ قويۇلغان مېھمانلارنى — يەنى بىزنى ھەدەپ گۆشكە زورلايتتى، ئۆزلىرىنىڭ چىرايىدىن قورسىقىنىڭ ئاچلىقى، قۇرۇپ گەز باغلاپ تۇرغان لەۋلىرىدىن گۆش - شورپا دېگەننىمۇ كۆندە كۆرۈپ تۇرمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. قىزىق چايدىن ئوتلاپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدىغان سۇنى نەدىن ئەكىلىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— باسما قۇدۇقىمىز بار، قۇدۇق سۈيى ئىچىمىز، — دېدى

مالچى.

ــ مالLARنىچۇ، مالLARنىمۇ قۇدۇق سۇيىدە سۇغىرامسىلەر؟

ــ دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىمىز، قوي دېگەن تىلسىز، ياۋاش مەخلۇق، ئىچمەي ئامال يوق، ـ دەپ كۈلدى مالچى.

ــ تارىمنىڭ سۈيى ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئاچچىقمىدى؟

ــ دۇنيادا تارىمنىڭ سۈيىدەك تاتلىق سۇ يوقمىدىمىكىن، دەيمەن، ــ دېدى مالچى، ــ ئىلگىرى سۇ بەك كۆپ ئىدى، قىنىغا پاتماي مۇشۇ ئارىلىققىچە ئاقاتتى، ھەممىلا يەردە چوڭ ـ چوڭ كۆللەر، بۆلاقلار بار ئىدى. دەريا بويىدىكى توغراقلىق، توقايلىقلارنىڭ قېلىنلىقىدىن ئۆتەمەك تەس ئىدى. ئاسماندا خىلمۇخىل قۇش، يەردە مال ـ چارۋا، ياۋا توشقان، بۇغا ـ مارال، سۇدا بېلىق دېگەنلەر پاتماي يۈرەتتى. ئاجايىپ يۇرت ئىدى بۇ.

ناھايىتى سۆزمەن بۇ ئادەمنىڭ ئاھاڭىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سېغىنىش، شۇنداقلا يەنە ئاجايىپ چوڭقۇر ھەسرەت، بىچارىلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ قولىدىكى ئىپسىل نەرسىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالىدىغان كىشىلەردىلا بولىدىغان، تەسۋىرلەش قىيىن بىر ھالەت ئىدى.

بىز ئۆي ئىگىلىرى بىلەن خوشلاشتۇق. قوشنا مەھەللىلىك يىگىتلەرمۇ ئۇزاپ چىقتى. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قوشنا مەھەللىگە ياتلىق قىلىنغان قىزى مېھرى ئىسسىق ياش كېلىنچەك ماشىنىمىزغا چىقىۋالدى. مېھمان يىگىتلەرنىڭ ئىككىسى موتوسىكىلىتلىق، بىرسى ئاتلىق كەلگەنىكەن. موتوسىكىلىت بىلەن ئات بىرلا ۋاقىتتا چېپىشقا چۈشتى، قارىغاندا، يىگىتلەر بەسلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە ئات ئىلگىرىلەپ كەتتى، ئات ئۇستىدە يېپىشىپ ئولتۇرغان يىگىت ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرماقتا ئىدى. ئاتمۇ خېلى يۈگۈرۈك ئات ئىكەن، تەخمۇ تەڭ

ھالەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. موتوسىكىلىت ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا كۈچەپ ئالغا ئىتىلاتتى. يول سەل سىلىقلاشقاندىن كېيىن موتوسىكىلىتنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى ۋە ئاتتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاتلىق يىگىت تۈز يولنى تاشلاپ پاكار قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە بىر پەستىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت موتوسىكىلىتنىڭ خېلىلا ئالدىدىن چىقىپ، چوڭ يول تەرەپكە قاراپ كەتتى. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. ياش كېلىنچەك پەخىرلەنگەن ھەم تارتىنغان ھالدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئەسلىدە ئاتلىق يىگىت ئۇنىڭ ئېرى ئىكەن.

فېرما ئورگىنىدا يول باشلىغۇچى بىلەن كېلىنچەك چۈشۈپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى، بىز بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماي، ناھىيە بازىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

* * *

قۇملۇق تاشيولىدا ماڭسىڭىز، بوگۇرنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا قاتار ـ قاتار تىزىلغان نېفىت قۇدۇقلارنى، تەرەپ ـ تەرپكە تۇتاشقان يوللارنى، مۇكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنا ـ ئاپتوموبىللارنى، قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرگەن زامانىۋى بىنالارنى كۆرىسىز. چۆلنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئېگىز تۇرۇبىنىڭ ئۇچىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان تەبىئىي گاز خۇددى قۇملۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان غايەت زور ئولىمپىك مەشئەللىرىدەك، بۇ يەردە خۇددى مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ كۆلەملىك مۇسابىقە — گىگانت ماشىنا ئادەملەرنىڭ مۇسابىقىسى بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەر قانداق مۇسابىقە ئاخىرلىشىدۇ، لېكىن بۇ مۇسابىقە ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ قىزىيدۇ. چۈنكى بۇ تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىش — غەربىي رايوننى ئېچىش مۇسابىقىسى.

تارىم ۋادىسىدا بۇنداق نېفىتلىكلەر، قۇدۇقلار ئازايمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئۆركەشلەپ تۇرغان 70مىليارد توننىدىن ئارتۇق نېفىت كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى «ئۆلۈك دېڭىز»نى «ئۇمىد دېڭىزى»غا، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىت ئامبىرىغا، 21 ـ ئەسىردىكى پارس قولتۇقىغا ئايلاندۇردى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى نېفىت يەر شارى ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. تەبىئىي گاز زاپىسى 8 تىرىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئامېرىكا تەبىئىي گاز مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر ئىكەن. نېفىتلىك ئېچىلغان 11 يىلدىن بۇيان، تارىم نېفىتچىلىرى جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق، تارىم نېفىتلىكىنى دۇنيادىكى 1 ـ دەرىجىلىك نېفىتلىككە ئايلاندۇردى. يېقىندا يەنە تارىم ئويمانلىقىدىن 470 مىليارد كۇب تەبىئىي گاز زاپىسى ئېنىقلاندى. بۇ سانلار كىشىنى نەقەدەر خۇشال قىلىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ ـ ھە! بىراق···بۇ يەردە مەسىلە يەنىلا سۇغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئادەتتە بىر توننا نېفىت تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئون توننا سۇ كېتىدۇ. ھەر توننا نېفىتنى پىششىقلاش ئۈچۈن 20 توننا، ئايلانغان سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ بىر توننا سۇ كېتىدۇ. ئۇنداقتا ھازىر تارىم نېفىتلىكىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى قانچىلىك؟ ئىككى مىليون توننا! دېمەك، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى بارغانسىرى ئازلاپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يەنە بىرنەچچە يىلدا تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلىشى ئورۇنسىز ئەمەس.

غايەت زور «مەشئەل»لەر كېچە ـ كۈندۈز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغاچقىمۇ، كىشىنىڭ نەپسىنى بوغقۇدەك ئىسسىق بىلىنگەن

نېفىتلىك يىراقتا قالدى. ئەمدى يولنىڭ ئىككى يېقى قۇرۇغان ھەم قۇرۇشقا باشلىغان شالاڭ توغراقلىق ئىدى. بۇ چىڭقچۇشتە قاغجىرىغان تۇپراق، تىنجىق ھاۋا، قۇرۇغان توغراقلار كىشىدە زېرىكىش، ھارغىنلىق پەيدا قىلاتتى. يول ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دەريا تەرەپكە يېقىنلاشقانچە قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن يۇلغۇنلار ئۇچراشقا باشلىدى. قاقاس چۆللۈكتە ئۈشتۈمتۇت پەيدا بولغان بۇ گۈزەللىكتىن كىشى ھاڭ ـ تاڭ قالاتتى، ئىختىيارسىز كۆزىنى ئۈزەلمەي قالاتتى. بارا ـ بارا ئىككى تەرىپىمىزدىكى توغراقلار يېشىل تۈس ئالدى ھەم قويۇقلاشتى، كېيىن توغراقلار يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كېۋەزلىك ئىگىلىدى. شۇ ئەسنادا «يېڭى بازار»غىمۇ كېلىپ قالدۇق.

نېفىتلىك ھەم قۇملۇق تاشيولى بىلەن بارلىققا كەلگەن بۇ بازارنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار كەتكەن ئاشخانا، ماگىزىن، رېمونتخانا دېگەندەكلەر بىلەن تولغانىدى. ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى، ماشىنا ـ پىكاپلار توختاپ كەتكەن، يول بويى ئاشخانىلاردىن چىقىۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكا ساداسى، خوجايىنلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، موتو ئاۋازى، ئومۇمەن تاشيول بويىدىكى كىچىك بازاردا بولىدىغان ھەممە ئاۋازلار بىلەن تولغانىدى. بازاردىن 100 مېتىر يىراقلىقتا تارىم دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يىراقتىن قارىغاندا، ئۇ خۇددى دەرياغا قونۇپ تۇرغان غايەت زور ھەم ئۇزۇن ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا، ئەسلى قېنىنىڭ ئازلا بىر قىسمىدا تىپتىنىچ ـ ھالسىز، كىچىك ـ كىچىك ئاراللارنى پەيدا قىلىپ ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى بولسا، كىشىنى سەل ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قوياتتى.

— كەلكۈن ۋاقتىدا كەلگەن بولسىڭىز، باشقىچە مەنزىرە

www.uyghurkitap.com

كۆرگەن بولاتتىڭىز، — دېدى ھەمراھلىرىم.

مەن ئۇنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا سارغۇچ بولۇپ تاۋلىنىپ، يىراق - يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتقان دەل - دەرەخسىز تاقىر قىرغاقلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇردۇم. تۆۋەنگە چۈشۈپ قىرغاقنىڭ سەل پاكىزرەك يېرىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئوچۇمۇمغا سۇ ئالدىم.

— ئىچمەڭ، بۇ سۇ مەينەت ھەم تۇزلۇق.

ئاغزىمغا ئازراق سۇ ئېلىپ، يەنە تۈكۈرۈۋەتتىم. بۇ قېتىمقىسى لوپنۇردىكىدەك ئاچچىق بولمىسىمۇ، خېلىلا تۇزلۇق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق دەريا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى تەمىنلىگەن مەلۇماتلار چۈشەندۈرەتتى. 1999 - يىلى ئىيۇندا تارىم دەرياسىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 10.6 گىرام ھەر لىترىغا يېتىپ، ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن مىنېراللىشىش ئۆلچىمىدىن 10 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. شورلىشىش دەرىجىسى ئېغىر رايونلارنىڭ سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسىمۇ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

يەنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، تارىم دەرياسىدىكى زەيكەش سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرى ئېقىمدىن: ئاۋات — قۇمقۇدۇق (ساجىنرى) سۇغىرىش رايونىدىن، ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونى ۋە ئاقسۇ دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىن قويۇپ بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئارال سۇغىرىش رايونىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان زەيكەش سۈيى ئەڭ كۆپ بولۇپ، بىۋاستە تارىم دەرياسىغا قويۇپ بېرىلىدىكەن. بۇ تۆت رايوننىڭ نەچچە يۈز مىليون كۇب زەي سۈيى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىغان. تارىم ۋادىسىدا يەر ئۈستى سۈيىلا

ئەمەس، يەر ئاستى سۈيىمۇ ئىغىر دەرىجىدە مىنىراللىشىپ كەتكەن.

لوپنۇرلۇق ھىلىقى چارۋىچى ئېيتقانىدەك، تارىم دەرياسى دۇنيا بويىچە سۈيى ئەڭ تاتلىق دەريالارنىڭ بىرى ئىدى. بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان «غەربىي دىيار ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابتا: «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى چوڭقۇر، سۈزۈك ھەم تاتلىق ئىكەن»دەپ يېزىلغان.

1958 ـ يىلىغا قەدەر تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ مىنىراللىشىش دەرىجىسى 1 گىرام ھەر لىتىردىن ئېشىپ كەتمىگەن. بۇ يەردىكى بىردىنبىر سەۋەب، نوپۇسنىڭ پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، يەرلەرنىڭ قارىغۇلارچە، ھەددىدىن كۆپ ئېچىلغانلىقىدا. پەقەت 1949 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچىلا تارىم ۋادىسىدا نوپۇس ئىككى ھەسسە، تېرىلغۇ يەر بىر ھەسسە كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەممىگە ئايان سەۋەبلەر تۈپەيلى، كۆپىيىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولدى.

دەريا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بىزنى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خۇسۇسىي دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كېڭەزلىكىگە باشلاپ باردى. نەچچە ئون مىڭ مو كېلىدىغان، چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ كېڭەزلىكلەر سان ـ ساناقسىز يېشىل توغراقلارنى، يۇلغۇن ۋە باشقا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىتىش ھېسابىغا ئېچىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇنىڭ شورلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بىز كۆرگەن يەرلەردە كېۋەز ئانچە ئاينىمىغان. مۇشۇنچىۋالا يەرنىڭ بىر نەچچە يىلغا بارماي تاشلىنىپ، قۇملىشىپ كېتىدىغانلىقى «مانا مەن» دەپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ يەردىن چاراغىچە 400كىلومېتىرلىق دائىرىنى بۇزۇپ، يەر ئېچىش ئەھۋالى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئېغىر ئىكەن. بۇ رايوننىڭ 200 گە يېقىن سۇ تارتىش پونكىتىدىكى 500 سۇ پومپىسى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى خالىغانچە تارتىپ كېتىدىكەن. شايار ناھىيەسىدە يېقىنقى يىللاردا ئېچىلغان جەنۇبىي تارىم تەرەققىيات رايونىدا 120 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىكەن. بۇ يەردىكى 20مىڭغا يېقىن تۇراقسىز ئاھالە ئاساسەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خۇسۇسىي بوز يەر ئاچقۇچىلار بولۇپ، يەر قالايمىقان ئېچىلىپ، كېۋەز بەك كۆپ تېرىلىۋەرگەنلىكى، ئەتراپىدا مۇداپىئە ئورمىنى بولمىغانلىقى، ئەسلىدىكى ئورمانلارمۇ يوقىتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئېكولوگىيە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھازىر بۇ يەردە قۇم ــ بوران بارغانسېرى كۈچىيىپلا قالماي، كەڭ دائىرىلىك قۇرت ئاپىتى يۈز بەرگەن…

شۇنداق قىلىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10يىلغا كەلگەندە قەدىمىي، ئەلۋەك تارىم دەرياسى بىردىنلا ھالسىزلىنىپ مادارىدىن كەتتى. ئۇ خۇددى قېنى شوراپ تۈگىتىلگەن قۇرۇق تەنگە، قاقشال بولۇپ كېتىۋاتقان دەرەخكە ئوخشاپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دەريانىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1999 ـ يىلى 17 ـ ، 18 ـ ئىيۇلدا تارىم دەرياسىنىڭ 88%قىسمىدا يۈز بەرگەن سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى دەريا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بولسا، ئەسلىدىكى تۇراقلىق قۇمنى تۇراقسىز قۇمغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىش مۇشۇ پېتى تەرەققىي قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى

بولمايدۇ···ئالىملار بىزنى: «قۇرغاق رايوندا سۇنئىي ئېكولوگىيە تەبىئىي ئېكولوگىيەگە تايىنىپ، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سۇنئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئەسلىي قۇملۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاچقا، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، قۇملىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلار يەنە قالايمىقان قۇدۇق قېزىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ھادىسىسى توغرىسىدا بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

يەر ئاستى سۈيىنى كۆپلەپ ئىشلىتىش خەتەرلىك، ئۇ قايتا بارلىققا كەلمەيدۇ. كان بايلىقلىرىغا ئوخشاش قانچىلىك ئىشلەتسە، شۇنچىلىك خورايدۇ. چوڭقۇر قاتلامدىكى سۇنى ئىشلىتىش مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ھالەتنى ئوخشىماق بەك تەس ··· ھازىر جۇڭگو بويىچە يەر ئاستى سۈيى ھەددىدىن ئارتۇق تارتىپ چىقىرىلغانلىقتىن، سۈيى ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئويمانلىقتىن 145 ى بار. بۇ ئويمانلىقلارنىڭ كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بەزى ئويمانلارنىڭ مەركىزىي سۇ ئورنى 60 ـ 80 مېتىر چوڭقۇرلاپ كەتكەن. بەزى شەھەرلەرنىڭ يەر يۈزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان.

2001 ـ يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا، مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۆرۈمچىدە قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. قاتمۇ قات بىنالار توسۇپ قالالمىغان بوران دەھشەتلىك ھۇۋلاپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تاراقشىتىپ، ھېلىلا تازىلاپ ـ سۈرتۈپ قويغان ئۆيلەرنى بىردەمدىلا توپىغا كۆمۈپ، توختىماي چىقىۋاتقىلى بىر

هەپتە بولدى. بۇ يىل ئەتىيازدا باشقىچىلا ئۆرلەپ كەتكەن تېمپېراتۇرا بوراننىڭ چىقىشى بىلەن بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. دەسلەپتە يامغۇر، سېرىق مۆلدۈر، ئارقىدىن توپا ئارىلاش قار ياغدى. قىزىق يېرى، كىيىملىرىڭىزدىكى قارنى قېقىۋەتسىڭىز، سارغۇچ يېپىشقاق توپا قالىدۇ. خەۋەر تېپىشىمچە، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. چاقىلىق ناھىيەسىدە بوران كۈچى 8 بالغا يېتىپ، تېمپېراتۇرا سەككىز گىرادۇس تۆۋەنلىگەن. ناھىيەنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان. بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان، كۈچىيىۋاتقان تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ئىختىيارسىز ئويلانماي تۇرالمايمىز: بۇ تەبىئەتنىڭ جازاسىمۇ؟

ئاخشىمى بوراننىڭ دېرىزىلەرنى تاراقشىتىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئاشۇ بىر ئايدا چاقىلىقتىن تارتىپ ئاقسۇنىڭ ئارال رايونىغىچە بولغان سەپىرىمدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم، ئاي شارىغا ئوخشاش چاڭ ـ توزان ئۆرلەپ تۇرىدىغان قۇرغاق جەنۇب يېزىلىرى، تىراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا قارىسىلداپ يىقىلىۋاتقان توغراقلار، قاقشال توغراقلار، تارىم دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئىزلىرى، قۇم باسقان ئۆيلەر، ئېتىزلار كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. گاھى بۇ مەنزىرىلەر پىرژىۋالىسكىي 1889 ـ يىلى سۈرەتلىگەن ھەقىقىي كۈن چۈشمەس ئىپتىدائىي ئورمانلار بىلەن، سۋېن ھېدىننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى قويۇق توغراقلىق، قومۇشلۇق ئارىسىدىكى قەدىمىي دەريادا كېتىۋاتقان ئەنگلىيە پاسونىدىكى ياسىداق كېمە، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى لاي ئاراللارغا قونۇۋېلىپ، بۇ يوچۇن كېمىنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالغان

سېمىز ھەم كالامپاي بېلىقئالغۇچلار، يەرلىك تورلىرىنى سۇغا چۆكتۈرۈپلا، بىر دەمدە بېلىق تۇتىدىغان بېلىقچىلار، دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا يەتتە - سەككىز مىڭ ھەتتا ئونمىڭلاپ قويلارنى بېقىپ يۈرگەن مالچىلار...بىلەن، ئارىلىشىپ گىرەلىشىپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ خىيالىم، تەسەۋۋۇرۇم ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم:

بۇ سەپىرىمدە كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يېتەلىدىممۇ، ئانا دەريانى ئىزدەپ تاپالىدىممۇ؟

تاپالىغاندەك قىلىمەن، ئەمما ...

ئانا دەريانىڭ ھاياتبەخش سۈيىدىن باغرىم قانغۇچە ئىچەلىدىممۇ؟

...

شايار ناھىيەسىنىڭ تارىم يېزىسىدىكى توپا باسقان قويۇق توغراقلىقلاردىن ئۆتتۇم. بۇ توغراقلىقلار بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە كۆرگەن ئەڭ قويۇق ھەم يېشىل توغراقلىق. تارىم دەرياسىنىڭ بويىغا بارغىنىمدا، لەيلىمە كۆۋرۈك يېنىدىكى پەس قىرغاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سۇنى ئوچۇمۇمغا ئالغىنىمدا يەنە بىر قېتىم :

— بۇ سۇنى ئىچكىلى بولمايدۇ، ئاچچىق ھەم ... — دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم. بۇ قېتىمقىسىنىڭ تەمى يېڭى بازارنىڭكىدىن ياخشىراق بولسىمۇ، يەنىلا بۇلغانغانىدى.

ئاخىرقى قېتىم — ئارالدا تارىم دەرياسىنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم. ئەمما بۇ قېتىم مەركەزدىن كەلگەن يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئولتۇرغان ئاپتوبۇسقا چىقىۋالغىنىم ئۈچۈن قىرغاققا چۈشەلمىدىم. دەريانىڭ بىرەر كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قېشىغا نەزەر سالغاچ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن

www.uyghurkitap.com



مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ئىلى دەرياسى بويلىرىدا چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس قىزىقچىلىق قىلىپ :

— تارىم دەرياسى دېسە نەقەدەر چوڭدۇ، دەپتۇق، ئەسلىدە بىر ئۆستەڭ ئىكەنغۇ! — دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى...

خىيالىمنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا بۇ يىل يەنە سۇ قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بۆلۈۋەتتى. خەۋەرنى ئاڭلاپ بولۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن سۇ تۆۋەنكى ئېقىمدىكى 215كىلومېتىر دائىرىگە يېتىپ بارغان! كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى نۇرغۇن پەن - تېخنىكا خادىملىرى، رەھبەرلەر، «سۇ ئىچكەن قۇدۇقنى ئۇنتۇما» دەيدىغان نۇرغۇن ئاق نىيەت كىشىلەر تارىم دەرياسىغا كۆڭۈل بۆلدى، تارىم دەرياسى ئۈچۈن يول ماڭدى، تارىم دەرياسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى.

1991 ـ يىلى تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، ئارقىدىنلا تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، «تارىم دەرياسىنى جىددىي تۈزەش لايىھەسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەركەزدىن يەرلىككىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك، پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تارىم دەرياسى ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن پايدىلىق پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بەردى.

1994 ـ يىلى «تارىم ۋادىسى سۇ ۋە سۇ بايلىق مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۇنيا

بانكىسىنىڭ ھەمكارلىشىشىدىكى تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق تۈرلىرى ۋە «تارىم دەرياسى غول ئېقىمىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»، ئارقىدىن «تارىم ئويمانلىقى سۇغىرىش ۋە مۇھىت 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش»ى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى، تارىم دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1995 ـ يىلىدىن تارتىپ تۆۋەن ئېقىمغا ئىككى قېتىم سۇ يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايون ئۈچ يىل ئىچىدە كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنى ئۈچ مىليون مو قىسقارتىپ، ئۇ يەردە ئاساسلىق ئورمان ئەھيا قىلىشنى قارار قىلدى. بايىنغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىمۇ بەش يىل ئىچىدە تېرىقچىلىقتىن بوشىغان 700 مىڭ مو يەردە ئورمان بىنا قىلىشنى، 330مىڭ مو يەردە ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈشنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر مىليون مو ئېكولوگىيەلىك ئورمان بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇلتۇر سېنتەبىردە زۇڭلى جۇرۇڭجى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ، بەش ـ ئون يىل ئىچىدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن سۇچىلىق مىنىستىرلىقى ھەر قايسى تەرەپلەردىن پىكىر ئېلىش، مەركەزدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى دەلىللەشكە تەشكىللەش ئاساسىدا، تارىم دەريا ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېقىندا گوۋۇيۈەن بۇ لايىھەنى تەستىقلىدى. جۇرۇڭجى زۇڭلى :« تارىم دەرياسىنى تۈزەش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش

ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى. مەبلەغنى ھەقىقىي كۆپەيتىپ، قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تارىم ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى 2005 ـ يىلى ئاساسەن تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم» دەپ تەكىتلىدى.

تارىم دەرياسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش لايىھەسىگە ئاساسلانغاندا، تارىم ۋادىسىدا ئېكولوگىيەلىك سىستېما قۇرۇلۇشى ئاساس، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش يادرو قىلىنىپ، سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سۇ ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدىكەن؛ تۈزلەڭدىكى سۇ ئامبارلىرى قىسقارتىلىپ، تاغلىق رايونلاردا تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلىدىكەن؛ غول ئېقىم رايونىدا سۇ تېجەش مۇھىم نوقتا قىلىنىپ، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەر كۆپەيتىلىدىكەن، ئېتىز ـ ئېرىقلاردىكى يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى تاماملىنىدىكەن. غول ئېقىن رايونىدا دەريا قىنىنى تۈزەش مۇھىم نوقتا قىلىنىپ، غول ئېقىننىڭ ئىككى قىرغىقىدا سۇ باشلاش توسمىسى، قىرغاقنى ئاسراش، تىزگىنلەش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلىدىكەن؛ تېرىقچىلىقتىن بوشىغان جايلارغا كۆچەت تىكىلىپ، ئوت ـ چۆپ تېرىلىپ، چۆل، قۇملۇقتىكى ئورماننى ئاسراش، ئوتلاق سۈپىتىنى ياخشىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن…

يېرىم ئەسىردىن بۇيان، قارىغۇلارچە قىزغىنلىقنىڭ، نادانلىقنىڭ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغان تارىم دەرياسى تۈنجى قېتىم ئەركىن نەپەس ئالدى. بىراق بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇ بىزدىن سەمىمىي نىيەت بىلەن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى،

تېخى نۇرغۇن بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ...

ئىنسان تەبىئەت قوينىدا يارالغان، تەبىئەت قوينىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن. تەبىئەت ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ نادانلىق دەۋرى بەكمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ بەك كېيىن باشلانغان. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغان، دۇنيا، جەمئىيەت ئۇزۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قايتا ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىشى لازىم. يەر شارى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقان ئىنسانىيەت كۆپ خىل تاللاشقا دۇچ كەلدى. «ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېيىنكى ئەۋلادنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارىغا خەۋپ يەتكۈزمەسلىك»، بۇ، بىردىنبىر تاللىشىمىز بولۇشى كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە شۇنى تونۇپ يېتىۋاتىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن توختاۋسىز ئېلىشىنى ئادەم بىلەن تەبىئەت ماس ھالدا بىللە تۇرۇشقا ئۆزگەرتىش؛ مۇھىم نۇقتىنى سۇ مەنبەسىنى تەقسىملەش، تېجەش، قوغداشقا ئۆزگەرتىش؛ ئېھتىياجغا قاراپ تەمىنلەشنى بېكىتىشنى تەمىنلەشكە قاراپ ئېھتىياجنى بېكىتىشكە ئۆزگەرتىش؛ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ۋە پىلانىنى سۇ بايلىقىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى پىكىر يولىلا بولۇپ قالماستىن، گۈزەل ئەتىگە ئىگە بولۇشتىكى ئىدىيە جەھەتتە ئويغىنىش ھېسابلىنىدۇ.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىمۇ ئېچىش،

تەرەققىيات پىلانىنى بايلىق مەنبەسىنىڭ ئەھۋالىغا، تەمىنلەشكە ئاساسەن ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق ۋە ئەۋلادلارنىڭمۇ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا تۈزۈپ، قارىغۇلارچە بۇلاپ ـ تالاش، بۇزغۇنچىلىك خاراكتېرلىك ئېچىشتىن، تارىختىكى خاتالىقلىرىمىزنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىدىغانلا بولساق، گۈزەل كەلگۈسى چوقۇم بىزنىڭ بولىدۇ.

مەن بىر چۆش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بىر دەرەخ ياشىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇچىدا ھاۋا رەڭلىك ئاجايىپ گۈزەل كىرىستال گۈل ئېچىلىپتۇ.

بۇ، پەقەتلا بىر چۈش خالاس.

2001 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# ئۆپۆقتىكى ئىزلار

قەشقەردىكى ھەزرەت قەبرىستانلىقى مەڭگۈلۈك سۈكۈت ئىچىدە ئىدى. ئېگىز سەگۈ تېرەكلەر قەبرىلەرگە سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى تىۋشسىز تۆكەتتى. تۈرۈپ - تۈرۈپلا ئاڭلىنىپ قالىدىغان مۈڭلۈق خەتمىقۇرئان ئاۋازى، كىملەرنىڭدۇر بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازى سۈكۈتنى بىر پەسكە بۇزاتتىيۇ، خۇددى غۇر - غۇر شامالدەك، سۇ يۈزىدىكى يېنىك دولقۇنلاردەك تېزلا غايىب بولاتتى، سۈكۈت يەنە ئەسلىگە كېلەتتى. قاتار - قاتار قەبرىلەردە ياتقان ئۆلۈغلار ۋە يۇقىرىلار، بايلار ۋە نامراتلار، ئەرلەر ۋە ئاياللار ··· بۇ دۇنيادىكى بارچە ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ئارزۇ - ئارمان ۋە ھەسرەت - نادامەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ئەبەدىيلىك قوينىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ سۈكۈت ئىچىگە، ئاشۇ تۇپراق ئاستىغا قانچىلىك ئاجايىپ ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەر يوشۇرۇنغاندۇ - ھە!

ئەنە، ئاۋۇ گومبىزى قوپۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان قەبرىگە قاراڭ، ئۇنىڭدا ياتقىنى بىر ئانا — ئاجايىپ بىر ئايال، ئۇ، ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردا يىراق بىر سەھرادىن — جاھالەتلىك، خۇراپاتلىق، فېئودallىق ئادەت كۈچلىرى، پەرەنجە ۋە ئەرلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن باتۇرلۇق بىلەن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەپ، سانسىز سەبىي قەلبلەرنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقان مائارىپچى؛ ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى ئايال رەھبەرلەرنىڭ

بىرى. ئۇ هاياتىنى خەلقىنىڭ خىزمىتىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە بېغىشلىغانىدى، ئۇ هايات يولىدا ۋە خىزمەتتە ئەركىشىلەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوڭۇشسىزلىق، توسالغۇلارغا يولۇقتى، قالايمىقانچىلىق يىللاردا كۈرەش، پىپەن، سازايى قىلىندى، تۈرمىدە ياتتى، ئۆي - بىساتلىرى بۇلاپ - تالاندى. چۈشىنىشمەسلىك، چەتكە قېقىشلارغا ئۇچرىدى، هاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ كېسەل، يالغۇزلۇق ئازابى تارتتى. بىراق ئۇ ھەممىگە بەرداشلىق بەردى. ئۇنىڭ هاياتى مەيلى ئەمەل - مەنسىپى ئۆرلەپ ئىشلىرى روناق تېپىۋاتقان ۋاقىتلىرى بولسۇن ياكى پېشكەللىك، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە بولسۇن، ئاجايىپ قىزىقارلىق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە ئىدى. 50 - يىللاردا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىللىرىدا، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى كىشىلەر ئارىسىدا رىۋايەتتەك كەڭ تارقالغان ئىدى. لېكىن يىللارمۇ، نام - شۆھرەتمۇ، ئەمەل - مەنسەپمۇ ۋە ياكى جاپا - مۇشەققەت، ئوڭۇشسىزلىقمۇ ئۇنىڭ تۈغما توغرا سۆزلۈك، كەسكىن، ئەمما ساددا مىجەزىنى، ھەممە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىللە ئادەمگە خاس يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. ياخشى كۆنلەردىمۇ، يامان كۆنلەردىمۇ ئۇ يەنىلا ئۇ ئىدى. يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيتتى. ئۇ هاياتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇنىڭ ئېگىز بوي - بەستىدە، ئىككى ئۇچى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرلۇق كۆزلىرىدە، سەل توم، جاراڭلىق ئاۋازىدا، ئولتۇرۇپ - قوپۇشىدا ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە مىجەز - خاراكتېرى كىشىدە ئىختىيارسىز هۆرمەت تۇيغۇسى قوزغايتتى. ئۇ تىنىقتىن توختاپ، دوختۇرلار ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان مىنۇتلاردىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ ئۆزگىچىلىك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى سۇزۇلۇپ، قاش - كىرپىكلىرى ئۆسۈپ قالغاندەك ئىدى.

كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولسىمۇ، چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان قانداقتۇر بىر ئىنتىلىش، لەۋلىرىدىكى سۇس كۈلۈمسىرەشتىن گويا يېڭى بىر دۇنيانى كۆرۈۋاتقاندەك ياكى يېڭى دۇنياغا قەدەم قويۇش ئالدىدا — ھايات ـ مامات چېگراسىدا ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، يىراقتا قالغان گۆدەكلىك چاغلىرىغا قىيالماسلىق ئىچىدە قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى···

ئۇ مېنىڭ ئاپام، سەلىمە تالىپ ئىدى.

ئاشۇ چاغلاردىن تارتىپ، يۈرىكىمدە بىر ئاۋاز ياڭراشقا باشلىغانىدى. ھەر قېتىم ئاپامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمدا ياكى ئاپام ئىشلەتكەن، قولى تەگكەن، ئۇنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان بىرەر نەرسىنى كۆرگىنىمدە، بۇ ئاۋاز بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، خۇددى ئېقىن سۇدەك راۋانلىشىپ كېتەتتى. ئادەتتە ئۆزى ھەققىدە سۆزلەشنى خالىمايدىغان ئاپام گويا كۆزلىرىنى يۇمۇپ يېتىپ، مەيىن شامالنىڭ شىۋىرلىشىدەك مۇلايىم ئاۋازدا ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك، ئاپامنىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ ئاشۇ ئىشلار، ئادەملەر خىيالىمدا جانلىنىپ، كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلايتتى.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا، قەشقەر ـ خوتەن تاشيولىنىڭ بويىدا ياپچان دەيدىغان بىر قەدىمي بازار بار. تاشيول بىلەن كېسىشىپ قېرى دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە شاخ ئايرىپ، كەنت ـ مەھەللىلەرگىچە ئېقىپ بارىدىغان ئۆستەڭ ئۇنىڭ جان تومۇرى. ئۇنىڭ ئىككى يېقىدا دېھقانلارنىڭ كونا ئۆيلىرى، دەڭ ـ سارايلار؛ ئېگەر ـ جابدۇق، چەرچىنمال دۇكىنى، تېمىغا سارغىيىپ كەتكەن گېزىت، پار ـ پۇر قەغەز، رەسىملەر چاپلانغان ساتىراشخانا، تام ـ تورۇسلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن ئاشپۇزۇل، ناۋايخانا، گەزمالچى، تۇنىكچىلەرنىڭ دۇكانلىرى

www.uyghurkitap.com

قاتار ئورۇنلاشقان. سەل نېرىدىكى پىششىق خىشتىن ياسالغان مەسچىت پاكار، كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر سەيشەنبە كونى بازارنىڭ ھەممە تەرىپىگە تۇتاشقان يوللاردىن ئات ـ ئېشەك، تۆگە هارۋىلىرىنى ھەيدىگەن سودىگەرلەر، ئېلىپساتارلار، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە بازارچىلار، چارۋا ـ ماللار يوللارغا تىقىلىشىپ، بازار مەركىزىگە قاراپ ئاقىدۇ. كونا قىيىلغىچە بازار خۇددى ۋاراقلىشىپ قايناۋاتقان قازاندەك قاينايدۇ. كونا قىيىلغاندا بازاردىكى ئادەم، هارۋا، ئات ـ ئۇلاغلار يەنە تۆت تەرەپكە تۇتاشقان يوللار ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلايدۇ. كەچقۇرۇن چۆلدەرەپ قالغان بازار ئاسمىنىدا، تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدا لەيلەپ يۈرگەن چاڭ ـ توزان ئۇزاققىچە بېسىقمايدۇ. يول ـ مەيدانلارغا تولغان ئەخلەت ـ چاۋار، بېدە ـ سامان قالدۇقى، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرى تاكى كىشىلەر تازىلىۋەتمىگىچە جەڭدىن كېيىنكى خارابىلىقتەك كۆزگە كۆڭۈلسىز تاشلىنىپ تۇرىدۇ. كېچىنىڭ قۇرغاق، توزانلىق هاۋاسىدا قايسىبىر كەچ قالغان يولۇچىنىڭ مۇڭلۇق، سوزۇپ، ئېيتقان «لەيلىگۇل» ناخشىسى، ئات تاقىسىنىڭ شىغىل تاشقا ئۇرۇلغاندىكى ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئادەتتىكى كۈنلەردە بازار ئەتراپىدىكى بىكار تەلەپ ياشلار كۆۋرۈك ئۈستىدە ياكى تاشيولدا غۇژمەك بولۇپ تۇرۇشىدۇ. يولدىن بىرەر ناتونۇش يولۇچى ياكى قىز ـ چوكان ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، كۆزلىرى تېشىلىپ كەتكۈدەك قارىشىدۇ. تېخى بىر ـ ئىككىسى قىز ـ چوكانلارغا سۈركىلىپ، نوچىلىق قىلىپ باقىدۇ. ئۆستەڭنىڭ دوغاپتەك ئاقىرىپ ئاقىدىغان سۈيىدە قاچانلا قارىسا، كاۋا قورساق، يالىڭاچ ئوغۇل باللار چۆمۈلۈپ ئوينىشىدۇ ياكى بەدەنلىرىگە قىپقىزىل لاينى سۇۋاپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىشىدۇ…

مانا بۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك ياپچان بازىرى.

مېنىڭ ئاتا - بوۋام ئاشۇ بازاردىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توڭلۇق كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەنىكەن. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، كۆسەن دەرياسى بىلەن يوپۇرغا دەرياسىنىڭ سۈيى بەك ئۇلۇغ بولۇپ، دەريالار دائىم ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىكەن. كەلكۈن مەزگىلىدە، دەريا تېشىپ، دەريا ئەتراپىدىكى يەرلەرنى كۆل، سازلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكتىن، بۇ يەرلەردە قومۇش، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر بەك قويۇق، ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆپ ئىكەن. قىش كىرگەندە بولسا، بۇ يەرلەردىكى سۇ توڭلاپ ئەينەكتەك قېتىپ كېتىدىكەن، ئەتىيازدا توڭى ھەممىدىن كېيىن ئېرىيدىكەن. شۇڭا، بۇ يەر «توڭلۇق» دەپ ئاتالغان ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام چارۋا، يەر - زېمىنى كۆپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان تەقۋادار ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى پالتا ھاجىم دادىسىنىڭ مال - دۇنياسى ۋە شان - شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپتۇ. ئۇ بادامخان ئىسىملىك ئايالغا ئۆيلىنىپ، بەش - ئالتە بالىلىق بولۇپتۇ. بالىلىرىنىڭ چوڭى قىزبولۇپ، ھەممىدىن كىچىك ئىككىسى ئوغۇل ئىكەن. چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئاشۇ يىللاردا پالتا ھاجىمنىڭ قويلىرى قوتاندىن چىقىپ بولغىچە، ئالدى كۆسەن دەرياسى بويىغا يېتىپ بېرىپ بولىدىكەن.

پالتا ھاجىم قىزلىرىنى تالالىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇرتقا نەزىر بېرىپ، ئىككى ئوغلىنى ئايالىغا تاپشۇرۇپ، ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. بادامخان ئىگىلىكنى قولىغا ئېلىپ ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي، ئالتە - يەتتە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاڭغىچە ھاجىلارنىڭ ئالدى قايتىپ كېلىشكە باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئېرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ چۆچۈرە ئىچىپ ئولتۇرسا، سىرتتىن بىرسى ئالدىراپ كىرىپ:

www.uyghurkitap.com

— ۋاي بادامخان، پالتى ھاجىمنىڭ ھەجى مەقبۇل[1] بولۇپتۇ! — دەپتۇ. ئىسسىق چۆچۈرىنى پۈۋلەپ ئەمدىلا ئاغزىغا سالغان بادامخان بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ «ھىق» قىلىپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا يىقىلىپتۇ. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان كىشىلەر ئامال تېپىپ بولغىچە، بادامخاننىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، تىنىقى توختاپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئاتا ـ ئانىسىز قارا يېتىمغا ئايلانغان كىچىك ئوغۇللار يىغا ـ زار قىلىشىپ قاپتۇ. ئاچلىرى ئەرلىرى ۋە چوڭ بولۇپ قالغان بالا ـ چاقىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۆلۈشۈپتۇ. ئىككى ئوغۇلنى بولسا، بالاغەتكە يەتكۈچە نۆۋەت بىلەن باقىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ.

ئوغۇللارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى يۇسۇپئاخۇن، كىچىكىنىڭ ئىسمى تالىپئاخۇن بولۇپ، يۇسۇپئاخۇن ئاق سېرىققا مايىل، كۆك كۆزرەك، تالىپئاخۇن بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق ئىكەن. كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلاپ، ئايلار ئايلارنى قوغلاپ يىللار ئۆتۈپتۇ، ئوغۇللار چوڭ بولغانسېرى ئەينى چاغدا ئۆكىلىرىنى باغرىغا بېسىپ چىرايلىق ۋەدىلەرنى بەرگەن ئاچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللار بىرەر ئاچىسىنىڭكىدە ھەپتە تۇرۇپ بولغىچە يەنە بىرسىنىڭكىگە قوغلىنىدىكەن. يېڭى بارغان يېرىدىمۇ ئوچۇق چىراي، مېھرىبانلىق كۆرمەيدىكەن. ناننىڭ كۆيۈكى، ئىشنىڭ ئېغىرى، تىل ـ ھاقارەت، تاياق ـ توقماق ئوغۇللارنىڭ ئىكەن. پالتا ھاجىمنىڭ بىر جۈپ ئارزۇلۇق ئوغلى كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئاچلىقتىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولغان ھالدا قوتانلاردا، تونۇر باشلىرىدا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ، چىدىغۇسىز ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. 15 ـ

---

① ھەج قىلىش جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن مەنىدە.

16 ياشلارغا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا يۇرت كېزىپ، جاھاندارچىلىق قىلىش نىيىتىگە كېلىشىپتۇ ۋە بىۋاپا تۇغقانلىرىنى، قوينى تار يۇرتنى تاشلاپ، ھەج قىلىش ھەم تىجارەت ئۈچۈن غەربكە ماڭغان كارۋانلارغا ياللىنىپ، ئەنجانغا كەپتۇ. ئەنجاندا قەشقەرلىكلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرگە ياللىنىپ مەدىكارلىق، تامچىلىق، ياغاچچىلىق قىلىدىغانلارمۇ، ناۋايخانا، ئاشخانا، رابات ـ ساراي ئاچىدىغانلىرىمۇ، چوڭ ـ چوڭ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئاكا ـ ئۇكىلار گاھىدا ئەنجان تېمى سوقۇپ، گاھىدا قەشقەرلىكلەر ئاچقان ئاشخانىلارنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ، قاچا يۇيۇپ، كېيىنچە ناۋايلىق قىلىپ،ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپقاندىن كېيىن قوقان، مەرغىلان، تاشكەنتلەرگىچە بېرىپ تىجارەت قىلىشىپتۇ.

ياشتا چوڭراق يۇسۇپئاخۇن بالدۇرلار ئۆزىنى ئوڭشاپ، ھەج قىلىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپتۇ ۋە ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بېشى بولۇپ ئۆتۈپتۇ. تالىپئاخۇن بولسا، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يۇرتىغا كېلىپ، ئانچە ـ مۇنچە يەرئېلىپ قويۇپ، يەنە ئەندىجانغا كېتىپتۇ. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان دەۋر بولۇپ، تالىپئاخۇن بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ، يۇرتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، چوڭقۇر خىياللارغا چۆمىدىكەن: «ئادەمنىڭ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن چوقۇم پۇل بولۇشى كېرەك. ئەمما پۇلنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. ئادەم يەنە ئوقۇپ تەربىيە ئېلىشى، ساۋاتسىزلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشى كېرەك ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتتىكى قالاقلىق، نامراتلىقنىڭ يىلتىزى دەل ئاشۇ ساۋاتسىزلىق، نادانلىقتا ئىكەن… »

تالىپىئاخۇن مۇساپىرچىلىقتا، ئاشخانا، ناۋايخانا ئىچىپ يىغقان پۇلىنى بېلىگە تېڭىپ،قەلبىدە ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان، ئەمما يەنىلا كىچە ـ كۈندۈز خىيالىدىن چىقمىغان توپىلاڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگىنىدە، يېشى 30 لاردىن ئېشىپ قالغان ئىكەن. ئۇ كېلىپلا كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلاپتۇ. نۇرغۇن يەر، مال ـ چارۋا سېتىۋاپتۇ، قەشقەردىن ئەڭ داڭلىق ئۇستىلارنى ئەكەلدۇرۇپ، ئۆزى ئەنجان تەرەپلەردە كۆرگەن كاتتا ئۆيلەرنىڭ پاسونىدا چوڭ باغلىق ئۆي سالدۇرۇپتۇ. شۇ ئەتراپتىكى ھال ـ ئوقىتى يامان ئەمەس قۇتلۇق چوڭ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ چوڭ قىزى چولپانخاننى ئەمرىگە ئاپتۇ، بىراق خېلى يىللارغىچە پەرزەنتلىك بولالماي، ساۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك بىر يېتىم بالىنى، كېيىن ھەلىمىخان ئىسىملىك بىر يېتىم قىزنى بېقىۋاپتۇ. ئۆيدە ئىككى بالا پەيدا بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا چولپانخان ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن خۇداغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتىپ، خۇشاللىق ئەندىشە ئىچىدە تۇنجى پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ، كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

راستىمنى ئېيتسام، ئاپامنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، قەلبىمدە ئادىمىيلىك ئۆلچەملىرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزاتتى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەم كۈلكىلىك ھەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى.

ــ توققۇز ئايدىن كېيىن بىچارە ئانامنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قىيناپ تۇغۇلۇپتىمەن. كىندىك ئانا جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا پەرق ئېتەلمىگەنلىكتىنمۇ، ئوغۇل بالا دەپ قېلىپ، دادامغا: «باي ئاكا سۆيۈنچە بەرسىلە، رۇستەمدەك بىر ئوغۇلغا دادا بولدىلا» دەپتۇ. دادام سۆيۈنچىنى بېرىپ بولۇپ، مېنىڭ قىز

ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن: «قىز بالا بولسىمۇ، مېنىڭ پۇشتۇم، خۇدانىڭ بەرگىنى» دەپ مېنى باغرىغا بېسىپتۇ. موللا چاقىرتىپ، قوي سويۇپ ئاش ئېتىپ، ئەزان توۋلىتىپ، ماڭا سەلىمىخان دېگەن ئىسمىنى قويۇپتۇ.

ئاپام تەقى ـ تۇرق، چىرايدىلا ئەمەس، مىجەزدىمۇ ئوغۇل بالىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتا ـ ئانامنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەتىۋارلاپ، ھەممە ئىشتا رايىغا بېقىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ ئۆز سۆزلۈك، يۈرەكلىك، قىلىمەن دېگەن ئىشىمنى قىلماي قويمايدىغان بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بۇۋام ئۇنى «ئوغۇل بالىدەك قىزىم» دەپ ئەركىلىتىدىكەن. ئۇنى داۋاملىق ئۆيان ـ بۇيانغا ماڭدۇرۇپ، گەپكە سېلىپ قويۇپ، كەينىدىن مەستلىكى كەلگەن ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن، ھەرقانچە خاتا ئىش قىلىپ قويسىمۇ، ئالدىراپ خاپا بولمايدىكەن.

— مەن تۆت ـ بەش ياشلارغا كىرگەندە، ئىنىم تۇغۇلدى. ئاتا ـ ئانامنىڭ خۇشلۇقتىن بېشى ئاسمانغا يەتتى. شۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم يېڭى تۇغۇلغان «ئەركەك» بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانلىقى، ھەر قاچان مېنى كۆرسىلا چىرايى ئېچىلىپ كېتىدىغان، مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىدىغان دادامنىڭ مېنى كۆرمىگەندەك ئۆدۈل تۇغۇتلۇق ئانام بىلەن ئۇكامنىڭ يېنىغا ئالدىرىشى، ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپ كارىۋىتىغا چىقماقچى بولسام، ئانامنىڭ: «سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، تولا ئەركىلىمە، نېرىراق تۇر، ئۇكاڭنىڭ بىر يېرىگە قولۇڭ تېگىپ كېتىدۇ» دەپ جېملىگەنلىرى، مېنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ھەلىمە ئاچامغا ئېسىلسام، «ئوھوش خېنىم، نېرى تۇرغىنا، مەن ئالدىراش» دەپ سىلكىۋەتكەنلىرى خاتىرەمگە شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى، ھويلىدا يالغۇز قورچاق ئويناپ ئولتۇرسام ساۋۇتكام يېنىمغا كېلىپ:

— ھە سەلىمخان ئۇكام، خاناچام ئوغۇل تۇغدى، ئەمدى سىلىنى باقمايدۇ، ئۇكىلىرىنى باقىدۇ، سىلىنى بالىسى يوق كىشىلەرگە ئىككى تاۋاق كېپەككە تېگىشىۋېتىدۇ، — دېدى. بۇ گەپكە راست دەپ ئىشىنىپلا قاپتىمەن. چوڭلار راستتىنلا مېنى كېپەككە تېگىشىۋەتمىسۇن دەپ ئۆگزىگە چىقىپ بالىخانىغا مۆكۈنۈۋاپتىمەن ۋە شۇ يەردە قورچاق ئويناپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئۆيدىكىلەر مېنى كېچىچە ئىزدەپ، ئۆرتۆپە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. دادام ساۋۇت ئاكامغا قاتتىق كايىپتۇ. ئانام تولا يىغلاپ سۈتى تارتىلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى چۈشتە ئۇستىبېشىمغا توزغاق يۇقتۇرغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىمدە، ئۆيدىكى ھەممە كىشى بەس - بەستە قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشىپ، كۆز يېشى قىلىشىپ كەتتى. ئانام مېنى يېنىغا چىقىرىپ، ئۇكامنى ئەركىلىتىشىمگە قاراپ كۈلۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر يېنىغا مېنى، بىر يېنىغا ئۇكامنى ئېلىپ ياتىدىغان بولدى.

دادام ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىزدىن كىرمەيدىغان ئىشچان ئادەم ئىدى. ئادەتتە بەك قاتىلاڭ ۋاقىتلاردا ئانچە - مۇنچە مەدىكار ياللىغاندىن باشقا، دېھقانچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك چىقاتتى. قويلىرىمىزنى قىشتا ساۋۇت ئاكام ئۆزى باقايتتى. يازدا بولسا تاغقا ئاپىرىۋېتىشەتتى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، قويلارنى تاغقا قەشقەر ئارقىلىق ھەيدەپ ئاپىرىدىكەن. شەھەر ئىچىدە قويلارنىڭ ماياقلىشىغا يول قويۇلمىغانلىقتىن، شەھەرگە ئاز قالغاندا قويلارغا يەم - خەشەك بەرمەيدىكەن، شەھەردىن ئۆتۈپ بولۇپ ئاندىن بېرىدىكەن.

دادام گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ھېرىسمەن ئادەم ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى بوش يەرلەرگە خىلمۇخىل گۈل، ئوسما، خېنە دېگەندەك نەرسىلەرنى تېرىۋېتەتتى. دادام باغدىكى مېۋىلىك دەل - دەرەخلەرنىمۇ

كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلاتتى. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا چوڭ ئامۇتلۇق باغ بولۇپ، نەدە سورتى ياخشى ياكى ئاز ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولسا، ئەكەلدۈرۈپ بېغىمىزغا تىكەتتى. شۇڭا بېغىمىزدىكى ھەرخىل مېۋىلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھاجىتىدىن ئېشىپ، قىشچە ئۆيىمىزدىن ھۆل - قۇرۇق يېمىش ئۈكسۈمەيتتى. قىشتا ئۆيدىكىلەردىن قايسىمىز زۇكامداپ قالساق، دادام ئۆز قولى بىلەن ئوچاقتا كۆك ئامۇت كۆمۈپ يېگۈزەتتى. ئىسسىق ھورى چىقىپ تۇرىدىغان، لېكىن بىر يەرلىرى يەنىلا مۇزدەك، تەمى چۈچۈمەل كۆك ئامۇت زۇكامغا ھەقىقەتەن پايدا قىلاتتى. مەن بۈرنۇمدىن سەل - پەل سۇ ئېقىپ قالسىلا، «كۆمگەن كۆك ئامۇت يەيمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتىم. چىرايى قارامتۇل قىزغۇچ، چوڭقۇر كۆزلۈك، قاڭشارلىق كەلگەن كۆكۈلچەك دادام ھېچقاچان مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرمايتتى. ئۇ بىر يەرلەرگە بارسا، ھېچكىمنى ئۇنتۇپ قالماي، ھەممەيلەنگەن سوۋغاتلىق ئېلىپ كېلەتتى، بولۇپمۇ ماڭا ئالاھىدە چىرايلىق رەختلەرنى، كىيىملەرنى ئېلىپ كېلەتتى. «قىز بالا ئەمەسمۇ، قىز بالىنىڭ كۆڭلى كىيىم بىلەن ئۆسىدۇ» دەيتتى. ئۆيدە كالا - قوي سويغاندا، يىلىكلىرىنى ئاتايتەن ئېلىپ قويۇپ، چاچلىق بولسۇن دەپ بىكار ۋاقىتلىرىدا چېچىمغا چېپىپ قوياتتى. دەرۋەقە مېنىڭ چېچىم ئات قىلىدەك يىرىك ھەم ئۇزۇن، ئۆسكەن چېچىمنى ئۆرۈپ قويسا، يوغان ئىككى ئۆرۈم بولاتتى.

سەل چوڭ بولۇپ ئەقلىمگە كەلسەم، ئانام كېسەلچان ئىكەن. ئۇ تولا ئاغرىپ قالاتتى، بارغانسېرى ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. داۋاملىق ماغدۇرسىزلىقىدىن، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى قىلالمايۋاتقانلىقىدىن زارلىناتتى. ئۇكام ئىككىمىزنى قۇچاقلاپ، «باللىرىم تېخى كىچىك ئىدى، مەندىن كېيىن قالسا قانداقمۇ قىلار، كىملەرنىڭ قولىغا قالار» دەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇكام

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

ئىككىمىز قورققىنىمىزدىن ئانىمىزغا مەھكەم ئېسىلىپ يىغلايتتۇق. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ھاممىلىرىم ئېيتىپ بېرىدىغان «يېتىم قىز» چۆچىكىدىكى باغرى تاش، ھىيلىگەر ئۆگەي ئانىلار كېلەتتى. مەن ئۆگەي ئانىلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى يامان كۆرەتتىم، ھەر ئاخشىمى ئانام ئۆگىتىپ قويغان ئايەتنى ئوقۇپ، خۇدادىن ئانامنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشنى تىلەيتتىم.

ئانام كېسەلچان بولغانلىقتىن، ھاممىلىرىم، قوشنا ئاياللار، ئۇلارنىڭ قىزلىرى پات ـ پات كېلىپ، ئۆي ئىشىغا قارىشاتتى، ھەلىمخان ئاچامۇ چوڭ بولۇپ، ئاش ـ تاماقنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك بولۇپ قالغانىدى. ھەلىمخان ئاچام سۆزلەپلا تۇرىدىغان، چاققان، سەل شىپىلە قىز ئىدى. ئۆيدىكىلەر تازا خاپا بولۇپ تۇرغاندا، بىرەر ئېغىز گەپ ياكى بىرەر ئىش بىلەن ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ خاپىلىقنى ئۇنتۇلدۇراتتى. بىزنىڭ مەھەللىدە چوڭلار قايسى ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىدىكىن دەپ پۇراپ يۈرىدۇ، دېيىشىدىغان بىر موللام بار ئىدى. دېگەندەك قاچانكى ياخشىراق تاماقتا قويساق، خۇددى بىر كىم خەۋەر قىلىپ قويغاندەك «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كېلەتتى ۋە توختىماي گەپ سېتىپ تاكى ئالدىغا تاماق كەلگىچە ئولتۇراتتى. تاماقنى يەپ بولۇپ، چىقىپ كەتمەي يەنە خېلى ئۇزاق مەمەدانلىق قىلاتتى. بىرەر كىم ئالدىدىن قوپۇپ نېرى كەتسە، «مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدى» دەپ خاپا بولاتتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن ھەممىمىز جاق تويغانىدۇق. بىر قېتىم موللام يەنە كىرىپ گەپ ساتقىلى تۇردى، ھەلىمە ئاچام ئۇنىڭ ئارقىسىدا گەپلىرىنى بىرىلىپ ئاڭلىغان قىياپەتتە بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇردى. تاماق پىشقاندا، ئاچام موللامنىڭ قولىغا سۇ بەردى. موللام تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ۋەز ـ نەسىھەتنى تۆكتىپ، ئورنىدىن قوپىدىغان چاغدا نېمىشقىدۇر تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى قېتىم ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى تارتىپ كۆچەپ ئورنىدىن قوپۇۋىدى، سۇپىغا سېلىنغان يوغان بىر پارچە ئاق كىگىزنى سۆرەپ قوپتى ۋە يەنە يىقىلدى. دادام «بۇ نېمە گەپ!» دەپ موللامنىڭ قېشىغا بارسا، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئارقىسى كىگىزگە يۆمەپ تىكىۋېتىلگەن ئىكەن. دادام ئاچامنى تىللىغان بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى، بىزمۇ كۈلۈشتۇق. موللام قىزىرىپ، تاتىرىپ، يا كۈلۈشنى يا خاپا بولۇشنى بىلمەي چىقىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە يولىمايدىغان بولدى.

شۇ چاغدىكى ئانچە - مۇنچە قول ئىلكىدە بار كىشىلەرگە ئوخشاش دادامنىڭمۇ ھەج قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ قازىناقتىكى تاغار - تاغار بۇغداي، قوناق، پاختىلارنى، تاغدىكى قويلارنى قەشقەرگە ئاپىرىپ تىللاغا تېگىشىپ كېلەتتى. ساپسېرىق پارقىراپ تۇرىدىغان تىللانى ئۇزۇن ماتا خالتىغا سېلىپ ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە تىقىپ ساقلايتتى. پات - پاتلا ئۆيدە كىشىلەر يوق چاغلاردا قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ تىللالارنى سۇپىدىكى كىگىز ئۈستىگە سىيرىپ چۇشۇرۇپ، بىر - بىرلەپ سانايتتى: «يەنە ئازراق كېمى بار، خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى پەرزنى ئادا قىلىۋېتەرمەن» دەپ ئارمان قىلاتتى. دادامنىڭ يېنىدا، سۇپا ئۈستىدە چېچىلىپ تۇرغان ئالتۇن تەڭگىلەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىمدا چوڭلار سۆزلەپ بېرىدىغان ھەج سەپىرى ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلەتتى:

— دادا، شور دەرياسى كۆسەن دەرياسىچىلىك كېلەمدۇ؟ — دەپ سورايتتىم. دادام كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇنىڭدىن چوڭ، قىرغىقىغا كۆز يەتمەيدۇ، يوغان كېمە بىلەن 40 كېچە - كۈندۈزدە نېرىقى قىرغاققا چىقىدىغان گەپ، تېخى كېمىدە گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغان، تاھارەتسىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادەملەرنى بېلىقلار يەپ كېتىدۇ، — دەيتتى. ئىچىمدە قورقۇپ تۇرساممۇ:

— دادا، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارامسەن؟ — دەپ سورايتتىم.

— ئوغۇل بالا بولغان بولساڭ، بىللە ئېلىپ باراتتىم، — دەيتتى دادام.

— دادا، دادا، قىز بالىلار ھەرەمگە بارسا نېمىشقا بولمايدۇ؟ — دەپ سورايتتىم دادامدىن.

— قىز بالا دېگەن ئاجىز، چوڭ بولغاندا ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن بىللە بارسا بولىدۇ.

— دادا، قىز بالا نېمىشقا ئاجىز؟

دادام ماڭا ئاددىي تىللار بىلەن چۈشەندۈرۈۋاتسا، يىغلاپ تۇرۇۋالاتتىم:

— ياق، ياق، مەن قىز بالا بولمايمەن.

ئۇ زامانلاردا قىز بالا بالا ئەمەس، دەيدىغان قاراش ناھايىتى ئېغىر ئىدى. جەمئىيەتتىلا ئەمەس، ئائىلىدىمۇ ئاياللارنىڭ ھېچقانچە ئورنى بولمايتتى. شۇ چاغنىڭ قانۇنى بويىچە قىز بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇل - مېلىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ھەرقانچە باي ئائىلە بولسىمۇ، ئوغلى بولمىسا، مال - دۇنياسى قىزلىرىغا مىراس قالدۇرۇلماي، ئەر بىر تۇغقانلىرىغا ياكى ئۇلارنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە قالدۇرۇلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئوغۇللۇق، ئوغۇللىرى جىق ئائىلىلەر ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدىغان، خەقلەرنىڭ يەر، سۇلىرىنى ئىگىلىۋالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. ئىنىمنىڭ تۇغۇلۇشى ئاتا - ئانامغا زور تەسەللى بولغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. دادام گەرچە جاھان كۆرگەن، قول ئىلكىدە بار ئادەم بولسىمۇ، يەنىلا ياۋاش، ئاق كۆڭۈل دېھقان ئىدى. شۇڭا بەزىدە باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا

ئۇچراپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا «سەلىمىخان ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسىزە··· !» دەپ كېتەتتى. «دادا، مانا مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ، مەن چوڭ بولسام سېنى، ئانامنى ۋە ئۇكامنى ھېچكىمگە بوزەك قىلدۇرمايمەن» دەيتتىم. دادام خۇش بولۇپ: «ئوغۇل بالىدەك قىزىم ئەمەسمۇ سەن!» دەپ ئەركىلىتەتتى. شۇڭا خېلى كىچىك ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپلا ئۆزۈمنى ئوغۇل بالىدەك ھېس قىلاتتىم. ئوغۇل باللار بىلەن ئوينايتتىم. دادامغا چىرايلىق سەرپۇش تۇماق ئالدۇرۇپ، بېشىمغا پاتماي تۇرىدىغان چاچلىرىمنى تۇماق ئاستىغا تىقىپ، ئۇزۇن چاپىنىمنىڭ ئۇستىدىن بېلىمنى بەلباغ بىلەن باغلاپ يۈرەتتىم. كىچىكىمدىن تارتىپلا دادام ئېتىنىڭ ئالدىغا مىنگەشتۈرۈپ ئۆگەتكەچكە، ئات مىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم. مىجەز، قىزىقىشلىرىمنىڭ ئوغۇل بالىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر مېنى «تالىپ ئاخۇننىڭ ئوغلى» دېيىشەتتى. مەن بۇنداق گەپلەردىن پەخىرلىنەتتىم. ئادەتتە قىز باللار مەدرىسەگە بارمايتتى. مەن بەش ـ ئالتە ياشقا كىرگەندە ئوغۇل باللار بىلەن مەدرىسەگە بېرىپ ساۋاق ئېلىشقا باشلىدىم. ساۋاقلىرىمنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆگىنىپ بولغاچقا، ئۇستازلىرىم مېنى ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقىلارغا ئۆگىتىشكە قوياتتى. مەن خۇشاللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزۈمدىن خېلىلا چوڭ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمغا ساۋاق ئۆگىتەتتىم.

شۇ يىللىرى (1932 ـ يىلى بولسا كېرەك) دادام ھەج قىلىپ قايتتى. ئۆيدىكىلەر ۋە قولۇم ـ قوشنىلار ئۇ ئېلىپ كەلگەن خورمىنى تالىشىپ ئەتىۋارلاپ يېيىشتۇق، قاپاقتا ئۇزۇن تۇرۇپ، تەمى باشقىچە بولۇپ قالغان «زەمزەم» سۈيىنى تالىشىپ بىر يۇتۇمدىن ئىچىشتۇق. بىچارە ئانامنىڭ دادام ئېلىپ كەلگەن غىجىم رومال بىلەن كىيىملىك رەختلەرنى ئىشلەتمەي، سەلىمىخان چوڭ بولسا ئەسقاتىدۇ، دەپ ئاياپ، ساندۇققا سېلىپ

www.uyghurkitap.com

قويغىنى ئېسىمدە. شۇ چاغدا ئىككى ئىش مەندە ئەڭ قاتتىق تەسىر قالدۇرغانىدى. بىرى، دادامنىڭ «كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا كىمنىڭ ئېتىنى توۋلاپ قويسا، شۇنىڭغا ھەج قىلىش نېسىپ بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. مەن سەلىمخان بىلەن تۇردا خۇنىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ قويدۇم» دېگەن سۆزى، يەنە بىرى، دادام ئەرەب ئەللىرىدىن ئالغاچ كەلگەن بىر جۈپ شاتۇتى ئىدى. دادام ئۇلارنى چىرايلىق قەپەسكە سولاپ، پېشايۋانغا ئېسىپ قوياتتى. ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىپ، سىرتتىن بىرسى كىرىپ كەلسىلا، شاتۇتىلار: «مېھمان كەلدى!»، «مېھمان كەلدى!» دەپ سايرىشاتتى. مەھەللىدىكى ئۇششاق باللارلا ئەمەس، چوڭلارمۇ قەپەسنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، بۇ ئاجايىپ رەڭدار، كارامەتلىك قۇشنى تاماشا قىلىشاتتى.

دادام ئىنتايىن تېجەشلىك كۈن ئۆتكۈزىدىغان، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئىسراپچىلىق، بەتخەجلىكنى شۇ قەدەر يامان ئالاتتىكى، ھەتتا بەزىدە ئۆزىگىمۇ ئىنتايىن بېخىللىك، رەھىمسىزلىك قىلاتتى. لېكىن پۇل ـ مالنىڭ كۆزىگە قارىمايدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ساۋۇت ئاكام بېقىۋاتقان قويلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراپ كەتسە: «بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، باغدىكى يەل ـ يېمىشمۇ بىر يىلى بەك بولسا، بىر يىلى بولماي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باغۋەنىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق نەپسى، رىزقى بولىدۇ ئەمەسمۇ، مال بېقىشمۇ شۇنداق بىر ئىش» دەپ قوياتتى. دادام شۇنداق تېجەشلىكلىكى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ھەج قىلىشقا يىغقان تىللالارنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئاشۇرۇپ كەلگەنىكەن. شۇڭا ئۇ كېيىنچە بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا مەھەللىدىكى مەسچىت بىلەن مەدرىسەنى يېڭىلاپ سالدۇردى، ئىشىك ئالدىغا يېڭىدىن كۆل چاپتۇردى. ئاشقىنىغا يەنە ئازراق پۇل قوشۇپ، باللىرىم چوڭ بولۇپ قالدى، دەپ ئۆينى يېڭىلاپ

سىلىشقا تۇتۇش قىلدى. كىچىكلىكىمدىنمىكىن يېڭى ئۆي ماڭا شۇنچىلىك چوڭ، تورۇسى شۇنچىلىك ئېگىز كۆرۈنەتتى، قازناق، ئامبارلىرىمۇ كەڭتاشا ئىدى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئانام ۋاپات بولدى. ئانام ۋاپات بولۇپ ئارقىدىنلا يەنە بىر بەختسىزلىك يۈز بەردى. بىر كۈنى ئاخشىمى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى بىر نەرسە سوراپ كىردى. ئۇ نەرسە قازناقتىكى چوڭ كات ساندۇقنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن دادام ئىنىمنى ئېلىپ چىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئىنىم پەنەر چىراغنى ياندۇرۇپ تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن كىرىپ كەتتى ـ يۇ، ھايال ئۆتمەي ئىككىسى «قازناققا ئوت كەتتى!» دەپ ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئەسلىدە لازىملىق نەرسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، ئۇكامنىڭ قولىدىكى پەنەر كات ساندۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئىچىدىكى كىرسىن پاختىغا تۆكۈلۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوت ھەممە يەرنى قاپلاپتۇ…

ئوت كېچىچە، ئەتىسىمۇ بىر ۋاقىلارغىچە كۆيدى. ئاز بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىۋالالىغان بولساقمۇ، كۆپ قىسىم نەرسىلەر، بولۇپمۇ ئامبار، قازناقتىكى ئاشلىق ـ پاختىلار ئۆي بىلەن تەڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى قورقۇپ، بىرنەچچە كۈنگىچە كۆرۈنمەي يۈردى. ئەمما دادام كۈلۈپ قويۇپ: «بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى، ئەسلىدە مۇشۇ ئۆينى سالمايدىغان ئىشتى، ھەجگە ئاتىغان پۇلنى سەدىقىگە ئىشلەتمەي، ئۆي سېلىۋالغىنىمنى خۇدا قوبۇل كۆرمىدى. ھېلىمۇ بالىلىرىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھايات قالغىنىمغا شۈكرى» دەپ كىچىككىنە بىر ئىشتەك ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. كېيىنكى بىر مەزگىلنى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدۇق. دادام سەل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئۈچىنچى قېتىم ئۆي سالدى. سالغاندىمۇ قەشقەردىن ئەڭ داڭلىق ئۇستىلارنى ئەكەلدۈرۈپ يېزا، ناھىيە تەۋەسىدە ئاز ئۇچرايدىغان قىلىپ سالدى. ئۆيلەرنىڭ كۆركەم ـ

www.uyghurkitap.com

ئازادىلىكى، يېڭىچە ئىشىك ـ دېرىزىلىرى، تام ـ تورۇس، ئىشىك ـ دېرىزە، تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان ئاجايىپ گۈل ـ نەقىشلەر، ئويۇقلار، پېشايۋان ئەگمىسى ۋە ئويۇقلارنىڭ ئۈستىدە توردەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان توقۇلما نەقىشلەر كۆرگەنلا كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. دادام بۇ ئۆينى بىزنى ــ باللىرىنى دەپ سالدۇرغانىدى. ئەمما بۇ ئۆينىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا باللىرىنىڭ بېشىغا نەقەدەر ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندە، يەنى 1964 ـ يىلى تۆۋەنكى توڭلۇق كەنتىگە «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە» خىزمىتىگە چۈشكەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ بىر مەسئۇلى ئۆرۈلۈپ ئۈچتىن بىرىمۇ قالمىغان ئاشۇ ئۆينى كۆرۈپ قالدۇ. ئۇ تام ـ تورۇس، ئىشىك ـ دېرىزە، پېشايۋانلارغا سىنچىلاپ قاراپ ئىختىيارسىز ھەيران قالدۇ ۋە ئەتراپتىكىلەردىن:

ــ پاھ، بۇ يەردە مۇشۇنداق ئۆيلەرمۇ بار ئىكەن ـ ھە! بۇ كىمنىڭ ئۆيلىرى؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ــ مۇشۇ يەردە ئۆتكەن تالىپ ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ.

ــ تالىپ ھاجىمنىڭ تەركىبى قانداق ئايرىلغان؟

ــ ئوتتۇرا دېھقان دەپ ئايرىلغان.

ــ ئوتتۇرا دېھقان؟

باشلىق سوزۇپقىنە شۇنداق دەپ سورايدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تالىپ ھاجىمنىڭ تەركىبى توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىككە ئۆزگىرىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئىشلار. مەن يەنىلا دادام ھەج قىلىپ كەلگەن ئاشۇ يىللارغا قايتىمەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى دۇنيا مىقياسىدا ئېزىلگەن، خارلانغان خەلق ئويغىنىۋاتقان، مۇستەملىكە ئەللەردىكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئىنسانىي

ھوقۇق يولىدىكى كۈرەشلىرى ئەۋج ئېلىۋاتقان يىللار ئىدى. بولۇپمۇ تۈركىيە بۇرژۇئا مىللىي ئىنقىلابى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ دولقۇنى، ئىلغار پىكىر - ئېقىملار شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كېلىپ، ئاسىيانىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە زۇلۇم ۋە قۇللۇقتا، نامراتلىق، قاششاقلىق ۋە نادانلىق ئىلكىدە ئىڭراۋاتقان خەلقنىڭ نازۇك سەزگۈسىگە تەسىر قىلماقتا ئىدى. ئاتۇشتىكى ئاكا - ئۇكا مۇسابايلارنىڭ يول ئېچىشى، يېڭىچە مائارىپ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىشتەك ئۇلۇغ ئىشقا بارلىقىنى بېغىشلىغان سەر خىل كىشىلىرىمىز، ئېسىل ئوغلانلىرىمىزنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا يېڭىچە مائارىپقا، ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىدىغان خاھىش ئەۋج ئالغان، تەرەققىيپەرۋەر بايلار ئۆز بالىلىرى قاتارىدا نامراتلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئوقۇتىدىغان، چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىدىغان، يېڭى مەكتەپلەرنى قۇرىدىغان يۈزلىنىش بارلىققا كەلگەنىدى. شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيە بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى بەزى ئىلغار پىكىرلىك زاتلار، ئۇ يەرلەردە ئوقۇغان ئىلغار زىيالىيلار، ئۇلار بىللە ئۇ يەرلەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئەندىزىسى، دەرسلىكلىرى، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. مەشھۇر ئالىم، سىياسىيون، مائارىپچى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ: «ئىنسان نېمە سەۋەبتىن خار ۋە زەبۇن بولىدۇ؟ ئىككى سەۋەبتىن: بىرى نادانلىق، يەنە بىرى ئىتتىپاقسىزلىقتىن. ئىززەت - ئابرۇي ۋە كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟ بىلىم - مەرىپەتتىن ۋە ئىتتىپاقلىقتىن كېلىدۇ» دېگەنىدەك مەشھۇر سۆزلىرى ئەينى زاماندىكى ئاز - تولا كۆزى ئېچىلىپ قالغان ھەربىر ئۇيغۇر كىشىسىنى ئويغا، ھاياجانغا سېلىپ

قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن خەلقنىڭ زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. ياپچان بازىرى جەنۇبىي شىنجاڭ يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقتىن، توپ - توپ چېرىكلەر، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار يولدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى ياكى بۇ يەردە پارچە - پۇرات جەڭلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. مەھەللە، يول بويلىرىدا، كۆۋرۈك باشلىرىدا كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ ئەنە شۇنداق خەۋەرلەرنى سۆزلىشەتتى، بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. ئۇلار قانداقتۇر چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولۇشىنى كۈتۈشەتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزگىرىشنىڭ نېمىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشالمايتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردىكى كەلگەن، يۇرت كۆرگەن كىشىلەرنىڭ باشقا يۇرت، باشقا ئەل، دۇنيا توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلىرىنى گۇمان ئارىلاش قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلىشاتتى. مەسچىتكە كىرگەندە بولسا، يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ موللىلارنىڭ ۋەز - نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، ئەنە شۇنداق ئىمانسىز «دەھرى» لەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىغا پۇشايمان قىلىشاتتى.

شۇ يىللاردا چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىگە ناھايىتى ئۇزاق بولغان توختاخۇن ئىسىملىك تاغام — ئانام ۋە ئۇنىڭ ئۈچ سىڭلىسىنىڭ بىردىنبىر ئىنىسى چەت ئەلدىن قايتىپ كەلدى. ئاقسېرىق، ئېگىز بويى، كۆك كۆز كەلگەن بۇ تاغام رۇسلارنىڭ يۇرتىدىن گۈللۈك چىت، ئۆتۈك، كاللەك قەنت، رومال قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپلا قالماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، ئۇرۇشلار، لېنىن، ستالىن دېگەن ئاجايىپ ئادەملەر توغرىسىدا بەكمۇ قىزىقارلىق يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە رۇسىيەنىڭ خېلى كۆپ

شەھەرلىرىگە بارغان، بىر مەزگىل غۇلجا تەرەپلەردىمۇ تۇرغان بولۇپ، خاتىرىسى كۈچلۈك، گەپدان ئادەم ئىدى. ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلىگىلى تۇرسا، كىشىلەر سائەتلەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ سۆزلەپ هارمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا باي، پومېشچىك، كاپىتالىستلارنىڭ هۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئىشچى، باتراكلار هاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقى، بايلارنىڭ يەر ـ زېمىنى، بايلىقلىرى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، دادامغا ئوخشاش قول ئىلكىدە بار دېھقانلار: «خەقنىڭ هالال ئىشلەپ تاپقان مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋالغان هۆكۈمەتنى ئادىل هۆكۈمەت دېگىلى بولامدۇ؟»، «هالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولغانلىق گۇناهمۇ؟»، «ئۆز كۈنىنى ئوڭشىيالمىغان قەلەندەرلەرنى هاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىپ قويسا، دۆلەتنى قانداق باشقۇرىدۇ؟ ئۇنداقتا ‹ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا› بولۇپ جاهان قالايمىقانلىشىپ كەتمەمدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ، تاغامنى تەڭلىكتە قوياتتى. تاغام سوۋېت هاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇ يەرلەردە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىقى، هەممە ئادەمنىڭ باي ـ كەمبەغەللىكىگە، قايسى مىللەت ـ تائىپىدىن بولۇشىغا قارىماي باراۋەر ئىكەنلىكى، ئوخشاش هۆرمەتلىنىدىغانلىقى، پۇقرالار ئاغرىپ قالسا، ياتىدىغان دوختۇرخانىلارنىڭ جەننەتتەك ئوخشاش راهەتلىكى، كىشىلەر سەپەرگە چىقماقچى بولسا، «پويىز»، «ئايروپىلان» لارغا ئولتۇرىدىغانلىقى ... قاتارلىقلارنى خۇددى ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقارغاندەك مەغرۇرلىنىپ سۆزلەيتتى. ئۇ يەنە «سايوزدا مەيلى باي، كەمبەغەل بولسۇن، هەممە بالا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، قىز بالىلارمۇ ئوغۇل بالىلار بىلەن بىلەن ئوقۇيدۇ. ئاياللار ئەرلەر بىلەن تەڭ زاۋۇت، فابرىكا، دوختۇرخانىلاردا، هۆكۈمەتنىڭ كاتتا ئورگانلىرىدا ئىشلەيدۇ» دېگەندە، دېھقانلار

www.uyghurkitap.com

زاڭلىق قىلغاندەك پاراقلاپ كۈلۈشۈپ، باشلىرىنى چايقىشاتتى. تاغام كۈچەپ: «قىز بالا، ئايال كىشىمۇ ئادەمغۇ؟ قاراپ تۇرۇڭلار، ماۋۇ سەلىمىخان ئوقۇپ چوڭ بولغاندا، شۇنداق بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇكى، ھەممىڭلار ئاغزىڭلارنى ئېچىپ قالىسىلەر» دەيتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەن تاغامنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى تالاي قېتىم ئىختىيارسىز ئېسىمگە ئېلىپ، ھاياتنىڭ سىرلىقلىقى، ئىنسان تەقدىرىنىڭ تاسادىپىيلىقلارغا باغلىقلىقى ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەنىدىم…

توختاخۇن تاغام دادامغا، بولۇپمۇ مېنىڭ ھايات يولۇمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ دادامنى مېنى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا ئۈندەپلا قالماي، ماڭا دائىم ئۆزى چەت ئەلدە كۆرگەن قابىلىيەتلىك ئاياللار، ئايال ئوقۇتقۇچىلار، ئايال سوتچىلار، ئايال رەھبەرلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ قولتۇقىغا «پاپكا» قىستۇرۇپ، يولدا قانداق قەدەم تاشلاپ ماڭىدىغانلىقىنى دوراپ كۆرسىتەتتى، ئارقىدىن مېنى شۇنداق ماڭدۇرۇپ، ئۆزى كەينىمدىن زوقلىنىپ، كۈلۈپ كېتەتتى. مېنىڭ قەلبىمدىكى ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان، ئاياللارمۇ ئەرلەردەك ھوقۇقلۇق بولغان جەمئىيەتكە — سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان دەسلەپكى ئېتىقادىم ئەنە شۇ مەزگىللەردە بىخلانغانىدى، ئۇ يەنە دادامغا غۇلجا، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا پۇلى بار، دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىرى ۋە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىمۇ شۇ يولدا مېڭىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ دادامنىڭمۇ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. قولىدىن كەتمەن چۈشمەيدىغان دادام قارىماققا كەم سۆز، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق كۆزىتىش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم ئىدى، ئۆزى توغرا تاپقان ئىشنى

پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى ۋە بۇ يولدا ھېچنەرسىسىنى ئايىمايتتى. 1933 - يىلى دادام ئۇكام ئىككىمىزنى، شۇ قاتاردا مەھەللىداشلىرىمىزنىڭ لاي ئويناپ نادانلىقتا چوڭ بولۇۋاتقان بالىلىرىنى ئوقۇتۇش مەقسىتىدە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ سالدى. ئوقۇتقۇچىلىققا قەشقەردىن يۈسۈپئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مائاش، تەمىناتلىرىنى دادام ئۆز يېنىدىن بېرەتتى. بۇ مەكتەپتە دىنىي ساۋاقلارلا ئەمەس، ئانا تىل، ھېساب دەرسلىرى قوشۇپ ئۆتۈلەتتى. سىنىپتىكى دوسكا قازاننىڭ قارىسىدا بوياپ ياسالغانىدى. بورنىڭ ئورنىدا سېغىز چالما ئىشلىتىلەتتى. بىز لاي بىلەن ئوقۇر شەكلىدە سېلىنغان، ئاستىغا قوناق شېخى، پاخال سېلىنغان، ئالدى تەرىپىدە پاكار تەكچىسى بار «پارتا» لاردا ئولتۇرۇپ، دەرس ئاڭلايتتۇق. خەتنى ئالدىمىزدىكى تەكچە ئۈستىگە قويۇپ يازاتتۇق، قىش كۈنلىرى توڭلاپ كەتسەك، پۇتىمىزنى پاخالغا يۆگەپ ئولتۇراتتۇق. مەكتەپ ھويلىسىغا يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال قوزۇق قېقىلىپ، ئەتراپىغا سانلار يېزىپ قويۇلاتتى. كۈنگە ئەگىشىپ قوزۇقنىڭ سايىسى ئايلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ بىزنىڭ سائىتىمىز ئىدى. خەلپىتىم دەرس ئۆتۈۋېتىپ، بالىلارنى سائەتكە قاراپ بېقىشقا بۇيرۇيتتى. تۇپا ئۈستىگە يېزىلغان سانلار ئاسانلا ئۆچۈپ كەتكەچكە، بەزى ئويۇنچىراق بالىلار ساننى ئالدىغىراق سۈرۈپ يازاتتى - دە، «خەلپىتىم، سائەت توشۇپتۇ» دەپ خەلپىتىمنى ئالدايتتى. بۇ ئىشى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈنگىچە كېرىلىپ يۈرەتتى. قىممەتلىك يېرى، مەھەللىمىزدىكى نۇرغۇن ئوغۇل بالىلار قاتارىدا قىزلارمۇ ئەنە شۇ مەكتەپكە كىرىپ قوللىرىغا «قەلەم» ئالغان، ئۆزلىرىنىڭ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىشنى ئۆگەنگەن. ئازادلىقتىن كېيىنكى يېزا، كەنت كادىرلىرى دەل

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئارىسىدىن چىققانىدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتكەندە دادام سىنىپتىكى ئوقۇر شەكىللىك پارتىلارنى ئالدۇرۇۋېتىپ، دوسكا ۋە سىنىپ ئاستىغا تاختاي مىخلاتتى ۋە ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇندۇق ئۈستەللەرنى ياستىتىپ بەردى.

دادامنىڭ يېڭىچە مەكتەپ سېلىشى باشتىن تارتىپلا يۇرتتىكى مۇتەئەسسىپ، جاھىل موللىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. ئۇلار ھەممىلا يەردە: «تالىپ ھاجىم ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ‹دەھرى› قىلىپ تەربىيەلەپلا قالماي، بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىمۇ كاپىر قىلىۋەتمەكچى»، «قىز بالا دېگەن يۇزىنى يېپىپ ئۆيدە ئولتۇرماي، ئوغۇل بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئىش قانداقمۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلسۇن؟ خالايىق، بالىلىرىڭلارنى يېڭى مەكتەپ دېگەنگە يېقىن يولاتماڭلار» دەپ ۋەز ئېيتىشىپ يۈرۈشەتتى. بايلار ۋە موللا ـ ئىشانلار بالىلىرىنى يېڭى مەكتەپكە بەرمەيتتى. يېڭى مەكتەپتە پەقەت كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىلا ئوقۇيتتى. بەزىلەر موللىلاردىن قورقۇپ بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالاتتى. ئەمما ئۆمۈرۋايەت دىنىي ساۋاقلارنى يادلىسىمۇ، بىرەر پارچە ھۆججەت يازالماي ئۆتكەن دېھقانلار يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلارنىڭ بىر ئوبدان خەت ساۋاتى چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىدە قايىل بولماي تۇرالمايتتى ـ دە، بالىلىرىنى يەنىلا يېڭى مەكتەپكە ئېلىپ كېلەتتى. دادام بالىلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، يۈسۈپئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجىدىن تازا چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىشتىن بوشىتىپ، شۇ يۇرتلۇق ياقۇپئاخۇن خەلپىتىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. ياقۇپ ئاخۇن خەلپىتىم ئاتۇش، قەشقەرلەردە ئوقۇغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئادەم ئىكەن. ئۇ بىزگە ئانا تىل، ھېساب، قۇرئان تەجۋىتى، دىن دەرسى، ئىبادەتى ئىسلام، غەزەل، تەنھەرىكەت قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتەتتى.

1935 ـ يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، يېڭىشەھەردە بەشكەنت شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ تەشەببۇسى ھەم يېتەكچىلىكى بىلەن يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرى تەشكىللىنىپ، مۇنتىزىم ئىزغا چۈشتى. يېڭىشەھەر بارىنلىق ئابلىز مەخسۇم (1937 ـ 1897)، قومۇشئېرىقلىق موللاخۇن ھاجى (مەشھۇر شائىر، تەتقىقاتچى ئەخمەت زىيائىينىڭ دادىسى) قاتارلىق ئۇقۇمۇشلۇق، ئىلغار كىشىلەر ۋە يەنە بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر بايلار ئۆز خىراجىتى بىلەن يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئاچتى ياكى ئەسلىدىكى مەكتەپلىرىنى رەتكە سېلىپ كېڭەيتىپ قۇردى. كونىچە مەدرىسە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئانا تىل ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كىرگۈزدى. بۇ يىللاردا يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىدا يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە دىنىي ساۋاتلاردىن باشقا، ئانا تىل، ھېساب، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنھەرىكەت، رەسىم، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئومۇملاشقانىدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا كۈچ چىقىرىپلا قالماي، دەرسلىكلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتى، مۇنتىزىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى.

ئاشۇ ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، دادام ئىلگىرىكى دىنىي دەرسلەرلا ئۆتۈلىدىغان بىر سىنىپ، يېڭىچە پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان ئىككى سىنىپلىق مەكتەپنىڭ يېنىغا يېڭىدىن تۆت سىنىپ سالدۇرۇپ، سىنىپلارنى ئاقارتىپ، دېرىزە بېكىتىپ، پارتا ـ ئورۇندۇق ياساتتىپ، يېقىن ـ يىراقتىن ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك 40 ـ 50 بالىنى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپنى بىرقەدەر ئۆلچەملىك پەننىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقتى (ئۇ مەكتەپ

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

ئازادلىقتىن كېيىنكى خېلى يىللارغىچە ساقلىنىپ، كەنت ئىشخانىسى، مەدەنىيەت ئۆيى قىلىنغان. هازىر گەرچە مەكتەپ ئۆيلىرى قالمىغان بولسىمۇ، ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئورنىنى كىشىلەر ھېلىھەم «ئاق مەكتەپ»، «تالىۋاجىمنىڭ مەكتىپى» دەپ ئاتىشىدۇ). ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ياردىمىدە قەشقەردىن كۆچلۈك، خىل ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، بەلكىم ئىستانبۇلدا ئوقۇغان ئادەم بولسا كېرەك، كىشىلەر ئۇنى «ئىستانبۇلدىن كەلگەن مۇئەللىم» دېيىشەتتى. يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن مۇئەللىملەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىر مەكتەپتە بەك ئۇزاق تۇرماي، يېڭىچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، ئىشلارنى ئىزىغا سېلىپ بېرىپ، باشقا جايلارغا كېتىپ قېلىشاتتى.

مەن مەھەللىمىزدىكى ئاشۇ مەكتەپتە قۇرئان، ھەدىس، ئىلمىي نەجۋىد، ئاقايىد قاتارلىق دىنىي ئىلىملارنى، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماي، باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى پەننىي بىلىملەرنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەنىدىم. كىشىلەر «تالىۋاجىمنىڭ قىزى خەت دېگەننى شارىلداپ ئوقۇيدىكەن ھەم يازىدىكەن» دەپ ھەيران قېلىشاتتى. مۇئەللىملەر يېڭىچە ئوقۇتۇشنى تەشۋىق قىلىپ سۆزلىگەندە، دائىم مېنى مىسالغا ئېلىپ، ماڭا خەت ئوقۇتۇپ، يازدۇرۇپ كۆرسىتەتتى. مېنى بەزىدە قىز ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكىلى سالاتتى. ئۆزۈممۇ يۈرەكلىك، ئاۋازىم ياخراق بولغانلىقتىن، بالىلارنى بەزى مۇئەللىملەردىن ئوبدانراق باشقۇراتتىم.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مەن بىرىم ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىم ھەم ئۆزۈممۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىدىم. 1936 ـ يىلى رايون، ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ مەكتەپكە رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندىم. ئۇ

چاغلاردا مەن تېخى 13 ـ 14 ياشلاردا بولساممۇ، بويۇم ئېگىز، ئۇستىخانلىق بولغاچقا، خېلى چوڭ قىزلاردەك كۆرۈنەتتىم. مەندەك بىر قىز بالىنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇئەللىملىك قىلىشى ئەينى يىللاردىكى جاھالەت قاپلىغان سەھرادا ھېچكىم ئاڭلىمىغان غەلىتە ئىش بولۇپلا قالماي، «يولدىن چىققانلىق»، «دەھرىيلىك» ھېسابلىناتتى. مەن ھەربىر قەدەمدە دېگۈدەك دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ، ئەرلەرنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزۈمگە ئوخشاش خوتۇن خەقلەرنىڭ ھۇجۇمى، سۆز ـ چۆچەكلىرىگە ئۇچراپ تۇراتتىم. ھەتتا يۇقىرىدىن خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلگەنلەرمۇ مەندەك بىر قىز بالىنىڭ ئەرگە تەگمەي، «مۇئەللىم» لىك قىلىپ يۈرۈشىنى كۆزىگە سىغدۇرۇشالمايتتى. مەن پەقەت دەرسنى ياخشى ئۆتىدىغانلىقىم، گەپكە گەپ كەلگەندە ھېچكىمدىن يانمايدىغانلىقىم، بولۇپمۇ دادام بىلەن تاغامنىڭ قوغدىشى ئارقىسىدىلا مەكتەپتە پۇت تىرەپ تۇرالىغانىدىم.

ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالمىغان دادام ئاخىرى مېنى ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. ئۇلار ماڭا مېنى يۈز بېشى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولغانلىقىنى، توي سۈرۈكىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا مەن قار ـ يامغۇر يىغلاپ: «ئەرگە تەگمەيمەن، مەن تېخى قەشقەرگە بېرىپ ئوقۇيمەن، ئەگەر زورلاپ ئەرگە بەرسەڭلار ئۆلۈۋالىمەن» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئەمما مېنىڭ قارشىلىق قىلىشلىرىم، يىغلاشلىرىم، قېيىداشلىرىم، پوپوزا قىلىشلىرىم ھېچنېمىگە كار قىلمىدى، ئاخىر، مېنىڭ تويۇم بولدى. يېقىن ـ يىراقتىن ناھايىتى كۆپ مېھمان چاقىرىلىپ قوي ـ كالىلار سويۇلدى. ئاخشىمى ئەرلەر مېنى گىلەمگە سېلىپ تاغاملارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. يەڭگە بولغۇچى ئايال قولۇمدىن تۇتۇپ گۈلخان ئەتراپىنى بىر ئايلاندۇرغاندىن كېيىن،

مېنى ھۇجرامغا ئېلىپ كىردى.

نەۋرە ئاكام تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىشىمنى، بولۇپمۇ مەكتەپكە بېرىشىمنى قاتتىق چەكلەيتتى. مەن ئۇنىڭ چەكلىشىگە بويسۇنمايتتىم. تازا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئانامنىڭ تەربىيەسى، قىز بالىنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىنمۇ ياكى خاراكتېرىمدىكى بەزى تۇغما ئالاھىدىلىكلەر سەۋەبىدىنمۇ، مەن باشقىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىپ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆيدە ئولتۇرىدىغان قىز بالىلارغا ئوخشىمايتتىم. تۇرمۇشۇمنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە بۇ خاراكتېرىم ھامان ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايتتى. خۇددى دانالار «خاراكتېر ــ تەقدىر دېمەكتۇر» دەپ ئېيتقاندەك، مېنىڭ تەۋەككۇلچىلىككە باي، ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشىمنى ئاشۇ ئۆزگىچە خاراكتېرىم بەلگىلىگەنىدى. مەن نەۋرە ئاكام بىلەن ئۇزاق ئۆي تۇتماي، دادامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېلىۋالدىم ۋە شۇ كەتكەنچە قايتىپ بارغىلى ئۇنىماي، يەنە ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان مۇئەللىملىكنى تېپىۋالدىم. بىراق، بىردىنلا بىر ئەردىن چىققان چوكانغا ئايلىنىپ قالغانلىقىم ئەتراپىمدىكى مۇھىتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆيدىكىلەر مېنى قاتتىق باشقۇراتتى، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتتە نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ تۇراتتىم. شۇڭا ئىككىنچى قېتىم ياپچان بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر باي ئادەمدىن ئەلچى كېلىپ، دادام مېنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغاندا، ئانچە قارشىلىق قىلماي كەتمىدىم. ئەمما بۇ يەردىمۇ ئارام تاپالمىدىم. تۆت تام ئىچىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقتا قەپەستىكى قۇشتەك ئۆزۈمنى ھەريان ئۇرۇپ، كۈنلەرنى بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزدۈم. ئېرىم قوپال، كۈنلەمچى ئادەم ئىدى، مېنى ھەدېسىلا ئۇرۇپ ـ سوقۇپ خورلايتتى. بىر ئاخشىمى ئۇ مېنى قاتتىق ئۇرۇپ بولۇپ، ئۆزى خورەك تارتىپ

ئۇخلاپ قالدى. مەن رومىلىمنى تەكىيەڭگە ئارتىپ، تەكىيەنى يوتقاننىڭ ئىچىگە باسۇرۇپ قويۇپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم. يۈز ـ كۆزلىرىم كۆك، چاچلىرىم چۇۋۇق ھالدا ئېتىزلارنى، يانتاق، قومۇشلۇقلارنى ئارىلاپ، ئاي قاراڭغۇسىدا 9 ـ 10 كىلومېتىر يولنى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېسىپ توڭلۇقتا يېتىپ بارغان چېغىمدا، قويۇق تېرەكلەرنىڭ ئارقىسىدىكى بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلۈپ يەر ـ جاھاننى يورۇتتى. سەھەر ئاسمىنىغا لىق تولغان يۇلتۇزلارنى خىرەلەشتۈرۈپ تىنىمسىز يۇلقۇنۇپ، ئۆرلەپ، ۋاللىداپ نۇر چاقنىتىپ تۇرغان بۇ ئوت خۇددى مەن ئۈچۈنلا يېنىۋاتقاندەك ۋۇجۇدۇم ئىللىپ، يۈرىكىم قىنىغا پاتماي قالدى.

— ئاھ چولپان، ئانامنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يۇلتۇز، بۇ سېنىڭ مېنى قارشى ئالغىنىڭمۇ؟ نۇرۇڭ بىلەن ماڭا يول كۆرسەتكىنىڭمۇ؟

دادام ئىشىكنى ماڭا ئۆزى ئېچىپ بەردى. مەن دادامنى كۆرۈپلا يىغلىۋەتتىم:

— دادا، مەن ساڭا ھېچقانداق ئېغىرچىلىقىمنى سالماي، مۇئەللىملىك قىلىپ جېنىمنى باقاي، مېنى قوغلىمىغىن، جېنىم دادا!

دادام چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى، بىراق ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئەرگە تېگىشكە زورلىمىدى.

خۇددى شۇ كېچىسى تېرەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوتنىڭ بىر پارچىسى يۈرىكىمگە ئورنىشىپ قالغاندەك ئىدى، ئۇ ئوتنى ھېچكىم، ھېچقانداق نەرسە ئۆچۈرەلمەيتتى. بالىلارنىڭ ئارىسىدا، دوسكا ئالدىدا ئاشۇ غۇبارسىز قەلبلەرگە بىر ئىنسان ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتلارنى سىڭدۈرۈۋاتقان چاغلىرىم مېنىڭ ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم ئىدى. بۇنداق چاغلاردا قەلبىم ئىشەنچ ۋە كۈچكە تولاتتى. كۆزلىرىم

www.uyghurkitap.com

نۇرلىنىپ، ئاۋازىم باشقىچە ياڭراپ، سۆزلىرىم ۋەزنىلىك بولۇپ كېتەتتى.

شۇ يىللاردا ياپچاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەشكەنت (ياپچاندىن باشقا ئەرمىدۇن، هاراپ، ئارال، يېڭىئاۋات قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) رايونلۇق ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش شۆبە ئۇيۇشمىسىغا يېڭىدىن بىر ئىلمىي مۇدىر كەلدى. ئۇ 25 ـ 26 ياشلارغا كىرگەن، ئېگىز بوي، سوزۇنچاق يۈز، قاشلىرى قاپقارا كەلگەن ئادەم ئىدى. ئادەتتە ياپچانلىقلارغا ئوخشاش ئۈزۈن چاپان كىيمەي، قىسقا پاختىلىق چاپان، كونىراق دوپپا ياكى قولاقچا كىيىپ يۈرەتتى. كىشىلەر ئۇنى ئىسرائىل ئەپەندى دېيىشەتتى، «ئاتۇشتىن كەلگەن كالتە قۇيرۇق ئەپەندى»، «جەدىت مۇئەللىم» دېيىشىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇ ناهايىتى گەپدان، مۇنازىرىچى هەم بەك تۈز سۆزلۈك بولغانلىقتىن، مۇتەئەسسىپ بەگ ـ غوجام، موللا ـ ئىشانلار بىلەن كۆپ مۇنازىرىلىشەتتى ۋە ئۇلارنى ئاسانلا لەت قىلىپ قوياتتى. ئۇ ئاشۇنداق كىشىلەرگە قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي: «سىلەر دېهقانلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ كۆزى ئېچىلىپ قېلىشىدىن، سىلەرنىڭ هەقىقىي ئەپت ـ بەشىرەڭلارنى چۈشىنىپ قېلىشىدىن قورقىسىلەر، شۇڭا يېڭى مەكتەپكە، مۇئەللىملەرگە ئۆچمەنلىك قىلىسىلەر، ئەمما هەرقانچە قىلساڭلارمۇ تارىخنى ئارقىغا بۇرىيالمايسىلەر. ئوقۇش، مەرىپەت ئىگىلەش ـــ زامانىنىڭ تەلىپى» دەيتتى. ئۇ هەممىلا يەردە قاتراپ يۈرۈپ، خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ ئالدامچىلىق، كاززاپلىق بىلەن جان باقىدىغان داخان، باخشى، پىر ـ ئەۋلىيالارغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئاتۇش، قەشقەرلەردە ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ هىيلە ـ نەيرىڭىنى پاش قىلىپ، خەلقنى تەربىيەلىگەنلىكىدەك ئىشلىرىنى، سۆزلىرىنى مىسالغا ئېلىپ، دېهقانلارنى ئۇلارغا ئىشەنمەسلىككە ئۈندەيتتى. شۇڭا

مۇتەئەسسىپ بەگ - غوجىلار، موللىلار، باخشى - داخانلار ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالمايتتى. بويى بىر مېتىر 90 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان ياش ھەم قاۋۇل بۇ ئەپەندى نان سېلىنغان خۇرجۇن بىلەن قاپاقنى مۇرىسىگە سېلىپ بەش يېزىنىڭ قۇملۇق، جاڭگال، قومۇشلۇقلىرىنى پىيادە بېسىپ مەكتەپلەرنى تەكشۈرەتتى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى، سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتقۇچىلارغا يول كۆرسىتەتتى. قەشقەر، ئاتۇشتىن دەرسلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى قولىدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، مەكتەپلەرگە تارقىتاتتى. بىر قېتىم ئۇ تۇڭلۇققا كېلىپ مېنىڭ سىنىپىمغا كىرىپ دەرسىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بارىكاللا، خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ئىچىدىن مۇشۇنداق بىر ياخشى مۇئەللىمە بولۇپ يېتىشىپ چىقىپلا، تېخىمۇ دادىللىق بىلەن ئىشلەۋەرسىلە» دەپ مېنى ئىلھاملاندۇردى. كېيىن ئۇ تاغام بىلەن دادامغا: «سەلىمخان خېلى - خېلى ئەر ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ يارامىلىق ئىكەن، ئۇنى بەك چەكلىمەي، مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار، ئوقۇتقۇچىلىق نومۇس ئىش ئەمەس، بولسا قەشقەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇڭلار» دەپ كۆپ نەسىھەت قىلغانىكەن. ئۇ يەنە رايون، ناھىيە، قەشقەردىكى مائارىپ تارماقلىرىغا، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقاتارتىش ئۇيۇشمىسىغا مېنىڭ ئەھۋالىمنى تونۇشتۇرغان، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ كۆپ تەرىپىمنى قىلغانىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ دەۋردىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق نومۇس ئىش ھېسابلىناتتى. كىشىلەر يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغان، مۇئەللىملىك قىلىدىغان خوتۇن - قىزلارغا، ھەتتا ئەرلەرگىمۇ ھاقارەت كۆزىدە قارىشاتتى. بۇ ئەينى دەۋردىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ھەممە ئىشتا ئۇلارنىڭ ئاغزىغا

باقىدىغان نادان خەلق قارىغۇچىلارچە ئۇلارغا ئەگىشىپ، يېڭىچە مەكتەپلەرنى، مۇئەللىملەرنى، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنى قارغايتتى. مەكتەپ ئۈچۈن ئېلىنىدىغان 20/1 پىرسەنت ئۆشرىنى تاپشۇرغىلى ئۇنىمايتتى ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا خىلمۇخىل توسالغۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرەتتى.

— ئوقۇ، ئوقۇ، ئوقۇر چاپلايمىز، ئەپەندىنى كۆرسەك ئۇرۇپ جايلايمىز!

بەزى يېزا - كەنتلەردىكى دېھقانلار شۇنداق دەپ قوشاق ئېيتىشاتتى. «ئەپەندى» لەرنى يالغۇز - يېرىم ئۇچرىتىپ قالسا، بىرنەچچىسى بىرلىشىپ ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قوياتتى. بىر قېتىم ئىسرائىل ئەپەندى قومۇشئېرىق كەنتىگە مەكتەپلەرنى تەكشۈرگىلى بېرىپ كەچ قالغاندا، يېزا سىرتىدىكى جاڭگاللىقتا ئۇنى بىرنەچچە ئادەم قاتتىق ئۇرۇپ بىر ئازگالغا تاشلىۋېتىپتۇ. شۇ كەنتلىك قۇربان موللا دېگەن كىشى ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ بېقىپ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.

ئەينى دەۋردە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا ۋە دېھقانلار ئىچىدە مائارىپنى، يېڭىلىقنى قوللايدىغان، ئۇنىڭغا جان - تېنى بىلەن بېرىلگەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ياپچان بازار جامەسىدىكى خېتىپ ئاخۇنۇم، بەختى مۆپتى ئاخۇنۇم، ئەرمىدۇنلۇق ماخمۇت قازى، يۇقىرى توغلۇقلۇق ھاشىم خاتىپ ئاخۇنۇم قاتارلىق دىنىي زاتلار ۋە بىر قىسىم ھۈنەرۋەن - تىجارەتچىلەر، ياش دېھقانلار ئىسرائىل ئەپەندىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى ئىدى. تاغام توختى قۇتلۇقمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئىسرائىل ئەپەندى بىلەن كۆپ مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇنىڭ كۆپ تەرىپىنى قىلاتتى. مەنمۇ تاغامنىڭ ئۇنداق سۆزلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلايتتىم. 1938 - يىلى ئىسرائىل ئەپەندىنىڭ يەنە بىر

ئاغىنىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئىسرائىل ئەپەندى ئىككىمىز بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئۇستون ئاتۇشنىڭ قايراق كەنتىدە مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا تاتارىستانلىق ئەخمەد فەرىد ئەپەندىدىن يۇرت بىلگەسى (جۇغراپىيە)، تەبىئەت، باشلانغۇچ ھېساب قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەنلىكىنى، ئەخمەت فەرىد ئەپەندى يەرنى يۇملاق دېسە ئىشەنمەي، «ئۇنداق بولسا بىز نېمىشقا يىقىلىپ چۈشمەيمىز؟» دەپ مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇپ ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى، لوگىكا (سەرپ نەۋھىسى) ۋە دىنىي ئەقىدە ئاساس قىلىنىدىغان بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يۇرتىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا رۇسىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ئىسلام ئەپەندى، موللا باقى ئەپەندى ۋە ئاتۇشتىكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىدىن بولغان ياقۇپ داموللا، رەخمىتۇللا ئاكىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تاتار ئالىملىرىنىڭ، جۈملىدىن مۇسا جارۇللانىڭ «دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر» دېگەن كىتابىنى، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «تەسھىلىل ھېساب» دېگەندە كىتابلىرىنى پىشىق ئوقۇغانلىقىنى، بىر مەزگىل تورغات تاغلىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قىرغىز باللارنى ئوقۇتقانلىقىنى، بۇ جەرياندا چېگرادىن ئۆتكەن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن كىتاب ـ ماتېرىيال كەلتۈرۈپ ئوقۇپ، بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكىنى، 1934 ـ يىلى قايراقلىق مەرىپەتپەرۋەر زات ياقۇپ داموللا قەشقەردە ئېچىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن بەش بالىنىڭ بىرسى بولۇپ ئوقۇپ، بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەنلىكىنى ··· سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئورتاق غايە، ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بولغان ئورتاق ئىشتىياق بىزنىڭ قەلبىمىزنى تەبىئىي ھالدا بىرلەشتۈردى. بىز گەرچە ھازىرقى ياشلاردەك ئەركىن

مۇھەببەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىساقمۇ، خۇپىيانە ھالدا تەقدىرىمىزنى بىر ـ بىرىگە باغلاش قارارىغا كەلدۇق. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادام مېنىڭ «يالاڭ تۆش ئەپەندى» بىلەن توي قىلىشىمغا قەتئىي قوشۇلمىدى، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشىنى توسۇدى. دادام گەرچە يېڭى مەكتەپ ئاچقان ئادەم بولسىمۇ، ئۆز قىزىنىڭ «ئەپەندى» گە تېگىشىنى زادى خالىمايتتى. ئۇ: «ئەپەندىلەر ئاق نانچى، قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان خەق. ئەپەندىچىلىكتىن ئايرىلىپ قالسا، خوتۇن ـ بالىلىرى تۇگۇل ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ باقالمايدۇ. قىزىمنى بىرەر ساتىراش، موزدۇزغا بەرسەم بېرىمەنكى، ئەپەندىگە بەرمەيمەن» دەيتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرتتىكى مۇتەئەسسىپ كىشىلەرمۇ: «مانا ئوبدان بولدىمۇ، ئەر ـ ئاياللار ئارىلىشىپ گۇناھلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرسە، ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. تالىپ ھاجىمدەك ئادەم باشتىلا مەكتەپ ئاچمەن دەپ كۇپۇرلۇق قىلماسلىقى، قىزىنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماي چىڭ تۇتۇشى لازىم ئىدى» دېيىشتى. يېڭى مائارىپقا، ئوقۇتقۇچىلارغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن كىشىلەر بۇنى ئىسرائىل ئەپەندىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى دەپ بىلىشتى. بەشكەنت رايونىدىكى 30 نەچچە بەگ، قازى، موللىلار بىرلىشىپ ئىسرائىل ئەپەندىنىڭ ئۈستىدىن يېڭىشەھەردىكى سىلىڭبۇغا ۋە قەشقەردىكى مائارىپ ئورۇنلىرىغا يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن ئەرز قىلىدى. 1939 ـ يىلى ئىسرائىل ئەپەندى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

شۇ يىلى كۈزدە مەنمۇ دادامنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىرگە يىراقراق تۇغقان كېلىدىغان رەۋخان ئىسىملىك تۇل ئايالنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە كەلدىم. ئىككىمىز چاسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن ئوردا ئىشىكىدىكى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا تىزىملاتقىلى

باردىم. تىزىملاش ئورنىدىكى كىشىلەر ئىسمىمنى، يۇرتۇمنى، ئاتا ـ ئانامنى، توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىمنى تەپسىلىي سوراپ ئاخىرىدا: «خاپا بولماي قايتىپ تۇرسىلا، هازىرچە ئېرى يوق ئايالالارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلالمايمىز، بۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئوقۇشقا كىرەلمىگەنلىكىمدىن بەكمۇ مەيۇسلەندىم. كەچتە مېنىڭ هالىمغا ئىچى ئاغرىغان رەۋىخان ئاچام: «بۇنىڭ يولى ئاسان ئەمەسمۇ؟ بىز ئىسرائىل ئەپەندىنى تاپايلى، ئىككىڭلار توي قىلساڭلار ئىش پۈتمەمدۇ!» دېدى.

مەن قاتمۇقات ئەندىشە ئىچىدە بىر نەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. گەرچە ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغان بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ قەدەمنى ئالمىقىم ئاسانغا توختىمايتتى. ئۇنداق قىلسام دادامنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالاتتىم، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسالمايتتىم، بۇ بەكمۇ ئېغىر بەدەل ئىدى. لېكىن…

مەن كۆپ ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم. رەۋىخان ئاچام ئات مىنىپ، ئۈستۈن ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىسرائىل ئەپەندىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ئىسرائىل ئەپەندى بازاردىن گۆش، سەۋزە، گۈرۈچ ئېلىپ كەلدى، رەۋىخان ئاچام پولۇ ئەتتى. يېقىن قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىرنەچچىسى ۋە نىكاھ ئوقۇغان موللا بىزنىڭ ئاددىيغىنە تويىمىزنىڭ گۇۋاهچىسى بولدى. تويدىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىمىز بىرلىكتە دارىلمۇئەللىمىنگە باردۇق. بۇ قېتىم ئوڭۇشلۇق هالدا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم. بۇ مېنىڭ هاياتىي يولۇمدىكى زور بۇرۇلۇش بولدى.

ئەنجان رەستىسىدىكى بەش سىنىپلىق قىز ـ چوكانلار دارىلمۇئەللىمىنى مېنىڭ نەزەرىمدە ئەڭ مۇقەددەس جاي ئىدى. خام كېسەكتىن سېلىنغان بۇ ئاددىي ئۆيلەردە قەشقەر، ھەتتا

پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئايال ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلىنەتتى.

ئۇ چاغدا ئۇششاق گۈللۈك تېگى ئاق چىت كۆڭلەك، قارا تاۋار جىلىتكە، بېشىمدا سېرىق مارجان دوپپا، توم ـ توم ئىككى ئۆرۈم چېچىمنىڭ بىرى ئارقامدا، بىرى ئالدىمدا ھاياجان بىلەن مەكتەپ قورۇسىغا قەدەم قويغىنىم تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ئېسىمدە.

مەكتەپتىكى ھەممە نەرسە ماڭا شۇنچىلىك يېڭى، شۇنچىلىك قىزىقارلىق، ئوقۇتقۇچىلار شۇنچىلىك مېھرىبان ھەم بىلىملىك تۇيۇلاتتى. مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقا پائالىيەتلىرى نەزەرباغدىكى دارىلمۇئەللىمىننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە بولۇپ، دارىلمۇئەللىمىنگە ئەزىزە كېرىم ئىسىملىك چىرايلىق بىر خانىم ئىلمىي مۇدىر ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەنلىرى كۆپرەك ئىدى. ھېبىبۇللا مۇسا ھاجىيېۋ، سۇزۇك ھاجىيوۋ، قۇربان ئەپەندى، ئادىل ئەپەندى، تۇرغۇن ئەپەندى (قىرغىز)، توختاروۋ (قىرغىز)، مالىك (تاتار)، مۇھەممەت يۇسۇپ جالالىدىن، ئابدۇقادىر مۇھەممەت زەۋقى، ئوبۇلقاسىم سېيىت، ئابدۇرېھىم قۇمرى، تۇرسۇن ئېلى قاتارلىقلار شۇ چاغدىكى داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تەربىيە كۆرگەن، بىلىملىك كىشىلەرگە خاس ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يارىشىملىق شىم ـ كاستۇم كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ، پاكىز، رەتلىك كىيىنەتتى. يۈرۈش ـ تۇرۇشتا مەدەنىي، قائىدىلىك ئىدى. بىزگىمۇ پاكىز، رەتلىك كىيىنىشنى، يول مېڭىش، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا ئەدەپ ـ قائىدىلىك، دۇرۇس بولۇشنى ئۆگىتەتتى. ئۇلارنىڭ تەلىملىرى قەلبىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، بىزمۇ كېيىنكى ھاياتىمىزدا ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزگە ئەنە شۇنداق

تەلەپ قويغانىدۇق.

بىزگە تەبىئەت، ھېساب، ئانا تىل، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيەدىن باشقا شىنجاڭ تارىخى، ئىسلام تارىخى، رۇس تىلى (ياكى خەنزۇ تىلى)، دىن، تەنتەربىيە، ھۆسنخەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ئادەتتە ھېچقانداق دەرسلىك كىتاب تارقىتىلمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار دەرسنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ جانلىق، ئەستايىدىل ئۆتەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەلبىدە مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئىچىدىن قايناپ چىققان ئوتتەك مۇھەببەت ۋە پىداكارلىق بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بولسا، خۇددى پەرۋانىلاردەك ئاشۇ ئوتقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلەتتى.

يۇقىرىقى دەرسلەردىن باشقا سىياسەت، ۋەزىيەتكە ئائىت دەرسلىرىمىزمۇ ناھايىتى جانلىق ئۆتۈلەتتى. تۇرغۇن ئەپەندى، توختاروف ئەپەندى، لى زىلياڭ (كومپارتىيە ئەزاسى) قاتارلىقلار بىزگە پەلسەپە، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە ماركسىزىم، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى، چەت ئەللەردىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئائىت بىلىملەردىن دەرس ئۆتەتتى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش — سىياسەت دەرسىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىلار بىزنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان لېكسىيە سۆزلەش، تام گېزىتى چىقىرىش، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، شوئار - لوزۇنكا چاپلاش، خور، دېكلاماتسىيە قىلىش، سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاشتەك پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇراتتى. مەكتىپىمىز تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «مۇئەللىملەر گېزىتى»مۇ ناھايىتى جانلىق ئىدى. ئۇنى زىيالىيلارلا ئەمەس، شەھەر ئاھالىلىرىمۇ تالىشىپ كۆرەتتى. قىز - چوكانلار

دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدە دەرس بار ئىدى. ئۇ خەلقئارا ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىگە ئائىت دەرس بولۇپ، بۇ دەرسنى كومپارتىيە ئەزاسى خۇ سىچېڭ ئۆتەتتى (خەنزۇ مۇئەللىملەرنىڭ دەرسىنى روزى ھاجى ئىسىملىك بىر تەرجىمان تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى). خۇ ئەپەندى بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدىكى ئىشچى ئاياللارنىڭ تەشكىللىنىپ ئۆز ئازادلىقى، باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قانداق كۆرەشكەنلىكى، پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتنى قانداق قوللىغانلىقى، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ھېلى پەسىيىپ، ھېلى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ كەلگەنلىكى، ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى ۋە باراۋەرلىكى پەقەت سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا ئەمەلگە ئاشقانلىقى توغرۇلۇق ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلەيتتى. بۇ دەرس قىز ـ چوكان ئوقۇغۇچىلارنى بەكمۇ ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىزىقىش، ھاياجانلىرىغا ئەندىشە ۋە قورقۇش ئارىلىشىپ كېتەتتى. ئەسىرلەر مابەينىدە ئارقا ھويلا، قاراڭغۇ ئۆيلەردە دىنىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە، دادىلىرى، ئاكا ـ ئىنىلىرى، ئەرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇپ ياشاپ كەلگەن بۇ مەزلۇمەلەر ئۈچۈن، بۇ گەپلەر «يەتتە قات ئاسمان» نىڭ نېرىسىدىكى ئىشلار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ دەرسلەردىن بىرلا نەرسىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئوقۇپ تەربىيە ئېلىش، خىزمەت قىلىش، ۋاقتى كەلگەندە ئۆز نارازىلىقى، قارشىلىقىنى ئىپادىلەش ھوقۇقى بارلىقىنى بىلىۋالاتتى.

قىزلار دارىلمۇئەللىمىندىكى جۇشقۇن، ئىلمىي كەيپىيات، قايناق ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر مېنىڭ بىلىم ئېلىش ۋە ئالغا

ئىلگىرىلەش تەشنالىقىمنى قاندۇرغانىدى. مەن تەستە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ ئوقۇدۇم، مەكتەپ تەشكىللىگەن پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتىم. ئەنە شۇنداق قىزغىنلىق ۋە جىددىيلىك ئىچىدە ئۆيدىن ئايرىلغىنىمغا ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا تاغام ۋە باشقا تۇغقانلار بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار ماڭا دادامنىڭ پات ـ پات ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى، ئىنىمنى ھەددىدىن زىيادە ئەركە چوڭ قىلىپ قويۇپ ئەمدى باشقۇرالمايۋاتقانلىقىنى، ساۋۇت ئاكام، ھەلىمخان ئاچاملارمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن دادامنىڭ يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەتتى. مۇنداق چاغلاردا دادامنىڭ يېنىغا ئۇچۇپلا بارغۇم كېلەتتى، لېكىن بارالمايتتىم. يازلىق تەتىلدە تاغامنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن ئىرىم ئىككىمىز پايچانغا باردۇق. دادام يۇرتقا چوڭ توي قىلىپ بەردى . ئۇ ئىلگىرىكى ئارازلىقلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ مۇشۇ بىر يىلدا ئوبدانلا قېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

1941 ـ يىلى مەن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزۈپ، قەشقەر شەھىرىدىكى پاخال بازىرى قىزلار مەكتىپىگە مۇدىر بولدۇم. بۇ مەكتەپتە قىز ـ چوكانلار، ھەتتا خېلى چوڭ ئاياللارمۇ ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەشقەر شەھىرىدىكى چوڭ بايلار ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ خانىم ـ قىزلىرىمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپكە ۋېلىسىپىت مىنىپ كېلەتتى. بۇ ۋېلىسىپىت ئومۇملاشمىغان دەۋر بولغاچقا، ۋېلىسىپىت مىنگەن باينىڭ قىزلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇششاق باللار: «شەيتان ھارۋىسى كەلدى!» دەپ ۋارقىراپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشەتتى.

بۇ مەكتەپتە يەنە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ قىزلىرىمۇ بار ئىدى. باينىڭ قىزلىرى بىلەن

كەمبەغەللەرنىڭ قىزلىرى كىيىم ـ كېچەك، يۇرۇش ـ تۇرۇشتا ئېنىق پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىز مەكتەپ تەربىيەسىدە باي ـ كەمبەغەللەر باراۋەر، دەيدىغان قاراشنى تەشەببۇس قىلاتتۇق. قىز ـ چوكان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىنسانىي غۇرۇر تىكلىشى، ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئۆزىنى قوغدايدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلاتتۇق. ئاياللارنى مال ئورنىدا ئېلىپ ـ ساتىدىغان، خورلايدىغان، ياش قىزلارنى قېرى موللىلارغا دۇئا قىلدۇرىدىغان، كۆپ خوتۇن ئالىدىغان ناچار ئادەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇراتتۇق، زورۇر تېپىلسا، مۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىپ قىز ـ چوكانلارنى قوغدايتتۇق. شۇ تۈپەيلى بەزى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر بىلەن قارشىلىشىپ قالاتتۇق. لېكىن ئۇ چاغلاردا مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىزگە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى.

شۇ يىلى قىشتا قەشقەردە قېلىن قار ياغقانىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە سىنىپلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ يۈرۈپ، بىر سىنىپنىڭ ئالدىدا قارغا يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تۇرغان بىر كىچىك قىز ئوقۇغۇچىنى كۆرۈپ قالدىم. قىزچاقنىڭ كىيىملىرىمۇ يېلىڭ ئىدى. سوغۇقتىن قىزىلچىدەك بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى توختىماي يۆتكەپ مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. ئىتتىك ئالدىغا بېرىپ نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، پەيشەنبىلىك ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن دىن دەرسى ئۆتىدىغان خەلپىتىم جازاسىغا قاردا تۇرغۇزۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، زار ـ زار يىغلاپ كەتتى. مەن غەزىپىمنى باسالماي خەلپىتىمنى چاقىرىپ ئەيىبلىدىم. ئۇ گېپىمگە تازا قايىل بولمىدى، «ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى بىردەم يالاڭ ئاياغ تۇرۇپ باقسىلا خەلپىتىم!» دەپ تۇرۇۋالدىم ۋە خاتالىقىغا تەن ئالدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلماسلىققا ۋەدە قىلدۇردۇم. قىزچاقنى

ئىشخانامغا ئېلىپ كىرىپ، شىرەدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى پۇتنى چاپىنىمنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئىسسىتىپ، پايتىمىلىرىنى يۆگەپ، ئۆتۈكىنى كىيدۈرۈپ، سىنىپقا ئەكىرىپ قويدۇم.

بۇ پەقەت كىچىككىنە بىر مىسال، بۇنداق ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغانلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇستازلىرىمىز بىزگە سىڭدۈرگەن ئىنقىلابىي ئىدىيە بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تۈرلۈك ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشاتتى، سەنئەت كۇرۇژۇكىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق، ھورۇنلۇقتەك ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، كومېدىيەلەرنى ئويناپ ئاممىنى تەربىيەلىگەنىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدىمۇ مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، بولۇپمۇ بەزى باي ئائىلىنىڭ قىزلىرى ئالاھىدە باشلامچى بولغانىدى.

ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ئوچۇق ئاسماننى بىردىنلا قارا بۇلۇت قاپلاپ، جۇت ـ شۇۋىرغان قوتراشقا باشلىدى. 1942 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى بىلەن گۇللەپ ياشناۋاتقان مىللىي مائارىپ باغچىسىغا ئۇششۇك تەگدى. ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن دەرسلىك، كىتاب ـ ماتېرىياللار يىغىۋېلىندى. دەرسلىككە «ئۈچ مەسلەك» ۋە گومىنداڭنى مەدھىيەلەيدىغان مەزمۇنلار قوشۇلدى. بىر مۇنچە مەكتەپلەر تاقالدى، نۇرغۇن مۇئەللىملەر ئىشسىز قالدى. كىشىلەر يەنە بالىلىرىنى دىنىي مەكتەپلەرگە بېرىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئىشقا كېلىپ ئولتۇرسام بىر ئوقۇغۇچۇم:

— سەلىمە خانىم كۆردىلىمۇ، ئەتىگەن كىملەركىن مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى يوللارغا «يوقالسۇن قىزىل پاچاق سەلىمە تالىپ!» دەپ شوئارلارنى چاپلىۋېتىپتۇ، ئاچچىقىمدا تازا يىرتىۋېتىمەن، — دەپ بىر - ئىككى پارچە شوئار يېزىلغان قەغەزنى ئالدىمغا قويدى. يېقىندىن بۇيان شەھەر كوچىلىرىدا زىيالىيلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان مۇنداق شوئارلارنى پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغاندۇق، شۇڭا ئانچە ھودۇقۇپ كەتمەي خىزمىتىمنى ئىشلەۋەردىم. شوئارلارمۇ چاپلىنىۋەردى. بىر كۈنى مائارىپ ئىدارىسىدىن ئادەم كېلىپ مەكتەپنى تاقايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار نۇرغۇن گۈزەل ئەستىلىكلىرىمىز، ئارزۇ - ئارمان ۋە قان - تەرىمىز قالغان بۇ مەكتەپتىن ۋە بىر - بىرىمىزدىن قىيمىغان ھالدا ئايرىلدۇق. شۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قوغان مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئېرىممۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى نامۇۋاپىق ئۆزگەرتىشلەرگە نارازى بولۇپ، مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلدى. ھەر ئىككىمىز ئىشسىز قالدۇق. ئىش ئىزدەپ كۆپ يول ماڭغان بولساقمۇ ئىش تاپالماي، ئاخىرى ئىككىمىز ئېرىمنىڭ يۇرتى ئاتۇشقا بېرىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇق. مەن مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم، ئېرىم ئىلمىي مۇدىر بولدى. ئەمما خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھېس قىلدۇقكى، بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ قەشقەرنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىكەن. بۇ يەردىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارغا كۆز - قولاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆز، ئىش - ھەرىكىتىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشىلەر بار ئىكەن. ئۇ دەۋرلەر ئەر - ئايال ئىككىلىمىزنىڭ ياش، قېنىمىز ئۇرغۇپ تۇرغان دەۋرلىرى بولغانلىقتىن،

كۆزىمىزگە خەۋپ ـ خەتەر كۆرۈنمەيتتى. پۇرسەت تاپساقلا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلغار قاراشلارنى تەشۋىق قىلىپ، زۇلمەتلىك زامان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ فېئودال قول چوماقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتۇق. ئىلغار كىشىلەرنىڭ سۆھبەت ـ مۇنازىرىلىرىگە قاتنىشاتتۇق.

شۇ يىللاردا يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئەزالىرى بىزنىمۇ يېنىغا تارتماقچى بولۇپ، گومىنداڭغا ئەزا بولۇشقا كۆپ دەۋەت قىلدى. ئەمما بىز ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كەچمەي، گومىنداڭغا ئەزا بولۇشنى رەت قىلدۇق، نەتىجىدە بۇ يەردىمۇ «قىزىل پاچاق» ئاتالدۇق.

1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارغا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.

*ئاڭلا ئەي ۋەتەن باللىرى،*
*شىمالدىن خەۋەر كېلىدۇ.*
*غالىبىيەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،*
*مەرد ئوغلانلىرىڭ كېلىدۇ.*
*ئەي ۋەتەن، جانۇ ۋەتەن، جان ۋەتەن،*
*خەلقىمىز بولسۇن ئامان،*
*كۈرەشتىن ئۆتۈق، ئازادلىق كېلىدۇ.*

دېگەن مارش ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئومۇملىشىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بۇ مارشنى ئوقۇيدىغان بولدى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يەنە بىر مەزگىل جانلىنىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان باستۇرۇش، بېسىمنى كۈچەيتتى. ئىشپىيون، ئالىقاناتلاردىن كالتەكچىلەرنى تەشكىللەپ، ئىلغار زاتلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ ـ

سوقتى، ئۆيلىرىنى ئاختۇردى. تەتىللەردە ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىۋېلىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى» نىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشەنمەسلىك، تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلاش توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت سۆزلەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپلەپ قولغا ئېلىشقا باشلىغانىدى.

بىر كۈنى، ساقچىدا ئىشلەيدىغان بىر تونۇشىمىز بىزگە لاتا قەغەزگە يېزىلغان بىر تىزىملىكنى كۆرسىتىپ، بىزنى دەرھال ئاتۇشتىن كېتىشكە ئۈندىدى. ئۇ ئەسلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىش تىزىملىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭمۇ ئىسمىمىز بار ئىدى. بىز بىرنەچچە كۈن قوشنىلارنىڭ سامانلىقىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، كېيىن ئوغرىلىقچە قەشقەرگە كەتتۇق، تاكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغۇچە، شۇنداق سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈردۇق.

1946 - يىلى ئەخمەتجان ئەپەندى، جاڭ جىژجوڭ قاتارلىقلار «بىتىم» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، ئەر - ئايال ئىككىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەھۋالىمىزنى ئېيتتۇق. ئەخمەتجان ئەپەندى بىزگە ھېسداشلىق قىلدى ۋە بىزنى ئىلھاملاندۇردى. شۇنداقلا ئاتۇش ھاكىمىغا قارىتىپ، بىزنى لايىقىدا ئىشلىتىش توغرىسىدا خەت يېزىپ بەردى. خەتنىڭ يۈزى بىلەن بىز يەنە ئەسلىدىكى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇق. بىراق بىزگە قىلىنغان مۇئامىلە باشقىچە ئىدى. كۈندە ئەتىگەندە يوقلىمىغا قول قويۇپ خىزمەتكە تولۇق قاتناشساقمۇ، ئاي ئاخىرىدا يېرىم مائاش ئالاتتۇق. لېكىن جان بېقىش ئۈچۈن بۇنىڭغىمۇ رازى ئىدۇق. ھەممىدىن مۇھىمى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قەشقەر، ئاتۇشتىكى ئىلغار كۈچلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى، بۇ ۋەزىيەت بىزنى چەكسىز

ئىلھاملاندۇراتتى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي «بىتىم» بۇزۇلدى. شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم تېررورلۇق قاپلىدى. 1947 ـ يىلىنىڭ سېنتەبىر ئېيىدا زادى ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى:

بىر كۈنى ئەتىگەندە تۇيۇقسىز مەكتەپنى ھەربىيلەر ئىگىلىۋالدى (چۈنكى ئۇلار مەكتەپنى «قىزىل پاچاق» لارنىڭ ئۇۋىسى، دەپ قارايتتى)، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ھەممىمىز غەزەپكە كېلىپ، دەپتەر ـ قەلەم، داس ـ چېلەك، سۇپۇرگىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ نامايىشقا چىقتۇق. مەن سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ: «بىز ئوقۇيمىز!»، «يوقالسۇن زوراۋانلىق!»، «ھەربىيلەر مەكتەپتىن چىقىپ كەتسۇن!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلايتتىم. ئەتراپىمدىكى، ئارقامدىكىلەر شوئارىمغا ئاۋاز قوشۇپ كوچىلارنى چاڭ كەلتۈرەتتى. بىز مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ، يەنە شوئار توۋلىغىنىمىزچە مەكتەپكە قايتتۇق. سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ دېرىزىسىدىن نۇرغۇن مىلتىقلارنىڭ ئۇچى بىزگە قارىتىلدى. ئۆگزىگە ئورنىتىلغان پىلىموتلارمۇ بىزنى نىشانغا ئالدى. ھەربىي قوماندانىنىڭ «دىققەت، ئوق چىقىرىشقا تەييارلان!» دېگەن ئاۋازى بىلەن مىلتىقلار شاراقلاپ كەتتى، يەنە بىرلا بۇيرۇق بېرىلسە، مەكتەپ ئالدى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە نارەسىدە قىزلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاققان بولاتتى. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ھەربىيلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ھەربىيلەر مەكتەپتىن چېكىنىدىغان بولدى، بىراق، بىز يەنە بىر قېتىم مەكتەپتىن قوغلاندۇق.

ئۇ يىللىرى بىز بىر قىز، بىر ئوغۇل ئىككى بالىلىق بولۇپ قالغانىدۇق. ئاتۇشتىن يېنىپ، بالىلىرىمنى ئېلىپ، دادامنىڭ يېنىغا ــ پايچانغا باردۇق. بىز بارغان كۈنى دادام ئۆيدە يوق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىكەن. ئېتىز بېشىغا ئىزدەپ باردىم، ئۇ يەردىمۇ يوق. ئۆيدىن بىرەر ـ ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا قوي باقىدىغان جاڭگاللىرىمىز بولىدىغان، دادامنى شۇ يەردىن تاپتىم. دادام ئۆمۈرۋايەت يەر بىلەن ھەپىلىشىپ، يەرگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا دائىم مۇشۇ جاڭگالنى ئۆزلەشتۈرسە، كارامەت ئۈنۈملۈك يەر بولۇپ كېتىدۇ، دەپ يۈرىدىغان. بۇ قېتىم دادامنىڭ ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆيدىكى يوغان كات ساندۇقىنى كالا ھارۋىسىغا باغلاپ، ئۆزى يالغۇز ھارۋىدا تۇپا توشۇپ، بىرەر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يىكتەك تۈز كۆتۈرمە ئېرىق قېزىپ جاڭگالغا سۇ باشلاپتۇ. جاڭگالنىڭ ئازغان، تىكەنلىرىنى قومۇرۇپ، ئوسا قىلىپ، يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ تېرىشقا تەييارلاپ قويۇپتۇ. مەن چۆل قوينىدا يەردىن ئىككى مېتىرچە ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ زور قۇرۇلۇشقا ھەيرانلىق ۋە قايىللىق ئىچىدە خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدىم ⋯ (ئارىدىن 50 نەچچە يىل ئۆتكەندە، يەنى 2003 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئاشۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھېلىغىچە ساقلىنىپ قالغان قىسمىنى كۆرگىنىمدە ئەجدادىمنىڭ قەيسىرانە روھىدىن ئاپامغا ئوخشاشلا ھەيران قالدىم ۋە سۆيۈندۈم. خىيالىمغا ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلار كەلدى. ئاشۇ تۇپىلارنى دۆۋىلىسە، يۈيگۈڭنىڭ ئىشىك ئالدىنى توسۇۋالغان تاغدىن قانچىنى ياسىغىلى بولاتتىكىن دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر تۇرۇپ گىيوتېنىڭ «فائۇست» ناملىق ئەسىرىدىكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا دېڭىزنى توسۇپ تۇغان ياساپ، «باغ ـ ساھىللارنى گۈللەتمەكچى» بولغان فائۇست كۆز ئالدىمغا كەلدى. «بوۋاي ۋە دېڭىز» دىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق پايانسىز دېڭىز ئۈزى يالغۇز ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەشكەن بوۋاينىڭ قامىتى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. دۇنيادا ھەممىدىن قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئىنساننىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھى، ھايات

يولىدىكى قەيسىرانە كۈرەشلىرى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ھەممە مىللەتكە ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇزاق خىياللارغا چۆمۈلدۈم ... شۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، چوڭ دادام ئۆزلەشتۈرگەن يەرلەر كېيىن تاشلىنىپ قاپتۇ. ئانچە - مۇنچە ئۆزلەشتۈرۈپ زىرائەت تېرىغانلار بولسىمۇ، كۆلەم شەكىللەندۈرەلمەپتۇ. ھازىرقى يېزا - كەنت كادىرلىرى، ئەينى يىللاردا تالىۋاجىم ئۆزى يالغۇز قىلغان ئىشلارنى بۈگۈنكى كۈندە بىر كەنتنىڭ ئادەملىرىمۇ قىلالمىدى، دېيىشىدىكەن. — ئاپتوردىن)

دادام ئەنە شۇنداق بىكارچىلىقنى ئۆلۈمدىن يامان كۆرىدىغان، دەسسىگەنلا يەرنى كۆكەرتىدىغان، تۇتقانلا ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىدىغان ئادەم ئىدى. ئەپسۇسكى يالغۇز ئىنىم دادامنى دورىمىدى. ئۇ دادامنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى قىمار ئويناپ، توخۇ سوقۇشتۇرۇپ، بۇزۇپ - چېچىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن دادام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا روھىي جەھەتتە پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ سۇنۇپ، كۈنىنى قەدىر ئەھۋال ئۆتكۈزگىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مېنىڭ دادامغا ئىچىم ئاغرىيتتى. ئىنىمغا نەسىھەت قىلىپ توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشاتتىم. ئەمما ھاياتىمدا نۇرغۇن قېتىم شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ دۇنيادا بەزى ئىشلارنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىكەن، قولىمىزدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا «تەقدىر شۇنداق» دەپ رېئاللىققا تەن بېرىش ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ ئۆز تۇرمۇشۇم، ئىككى بالام بار ئىدى. خىزمەت تېپىپ ئۇلارنى بېقىشىم، تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشۇم كېرەك ئىدى.

11 - ئايدا قەشقەرگە كېلىپ، دارىلمۇئەللىمىندىكى ئىسمائىل سابىرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئېرىم دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇتقۇچى بولدى. مەن قىزلار شۆبىسىگە ئىلمىي مۇدىر، كېيىن

www.uyghurkitap.com

مۇدىر بولدۇم. بۇ تازا پۇل پاخاللىششقا باشلىغان يىللار ئىدى، ھۆكۈمەت ئايدا نەچچە قېتىم يېڭى پۇللارنى چىقىراتتى، بۇ پۇللار مىليونلۇق، يۈز مىليونلۇق پۇللار ئىدى، پۇللارنى تونۇپ ئۈلگۈرەلمەيتتۇق. مائاشىمىزغا تاغارلاپ پۇل بېرەتتى. ئۇنى ئېلىپ بازارغا چىقساق، ئۇنىڭغا بىر باغ تارىشا گۈڭگۈرت كەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە دەپ ئاشۇ پۇللارنى تارىشا گۈڭگۈرتنىڭ ئورنىدا ئىشلىتەتتۇق. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، يامۇللاردا چىرىكلىك، پارىخورلۇق، نەشىكەشلىك ئەۋج ئالغانىدى. بۇنىڭ تەسىرىدە مەكتەپلەرمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئىلگىرىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى قولغا ئېلىنىپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرى جان بېقىش ئۈچۈن مۇئەللىملىكنى تاشلاپ كەتكەنىدى. لېكىن كۆپ قىسىم زىيالىيلار چىرىكلىك، جىنايەت بىلەن تولغان بۇ زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئىچكىرىدىكى ئازادلىق ئارمىيەنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، خەلق ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئالىدىغان خۇشال كۈنلەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى ھاياجان بىلەن كۈتۈشەتتى. زىيالىيلاردىكى بۇ كەيپىيات پۈتكۈل خەلق ئاممىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئېزىلگەن، خارلانغان خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى نەچچە يۈز يىللىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى لېنىننىڭ ئىزىدىن ماڭغان جۇڭگو كومپارتىيەسىگە باغلىغانىدى.

قەشقەردىكى ھەر ساھە خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قاتارىدا زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئامما ئايرودۇرۇمغىچە بېرىپ، تەنتەنە ساداسى ئىچىدە

ئازادلىق ئارمىيەنى كۈتۈۋالدى.

مەن ئۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىدىكى نوبېشى قىزلار مەكتەپتە ئىشلەۋاتاتتىم، بىر كۈنى ھەربىي ھەيئەتتىن چاقىرتىلدىم. ھەربىي ھەيئەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئاياللار خىزمىتى ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندىم. بۇ مېنىڭ ھايات يولۇمدىكى يەنە بىر چوڭ بۇرۇلۇش بولدى.

قەشقەردىكى ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف ئىدى. ھەربىي كومىتېتتا يەنە چى گو، پېڭ دا، ئابدۇكېرىمجان مەخسۇم، قاسىمجان قەمبىرى، سەيپۇللايوپ، تيەن جۈڭ، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرېھىم لېتىپ، ئابلايوف قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. رەھبەرلىك بىزدەك ياش كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى ۋە كۆيۈنەتتى. بىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتۇق. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەن شىنجاڭدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى قاتارىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولدۇم (مېنى پارتىيەگە يولداش تيەن جۈڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ۋاڭ تاۋ تونۇشتۇرغانىدى). مەن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بېرىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈمنى ئاجايىپ مۇقەددەس، ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغاندەك، ئەتراپىمدىكى ئاشۇ نۇرغۇن ئالىيجاناب كىشىلەرگە ئوخشاش، خەلق ئالدىدىكى زور ۋە ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. بۇ ھېچقانداق تەمە، شەخسىي غەرەز ئارىلاشمىغان چىن ئېتىقاد ئىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار، گۆدەكلەرچە ساددا خىياللار ۋە تەلپۈنۈشلەر سىڭگەنىدى. شۇ يىلى مەن ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندىم. 1953 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتكوم قۇرۇلغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى

بولدۇم. مەن يەنە مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى قارارلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدۇم. قۇرۇلتايلاردا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ئەنە شۇنداق ئىشەنچ ۋە شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەنچە، خىزمەت ئورنۇم ئۆسكەنچە، ئۆزۈمنىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىمنى، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىپلا قالماي، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇھىم مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىسپاتلىشىم كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۆزۈمنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەيتتىم. بىرلەشمىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — پارتىيەنىڭ ئاياللار سىياسىتىنى، ئاياللار ئازادلىقى ئىدىيەسىنى، يېڭى نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاياللارنى دېموكراتىك ئىسلاھاتقا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا پائال قاتناشتۇرۇش ئىدى. بىز پارتىيەنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتىكى خىزمەتلىرىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، ئۇنى كىچىك كىتابچە قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرىغا تارقىتاتتۇق. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگىچە، يېزا ـ كەنتلەردىكى دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرى ۋە ئېتىز بېشىغىچە بېرىپ، تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتى ئىشلەيتتۇق. بىرلەشمىمىزنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تاۋ ئۇزۇن يىللىق پارتىيە ئەزاسى ھەم خىزمەت قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئايال كادىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىراي تۇرقى قاملاشقان، گەپ ـ سۆزى يېقىملىق، كېلىشىملىك بولغاچقا، ئاياللار بىلەن ئاسانلا يېقىنلىشىپ كېتەلەيتتى. ۋاڭ تاۋ ئىككىمىز يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى ئىنتايىن

www.uyghurkitap.com

ئۆگۈشلۈق قانات يايدۇرغان ئىدۇق. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، 50 - يىللاردا خەلقنىڭ روھى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ، قەلبى ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىققا ۋە قىزغىنلىققا تولغانىدى. ۋىلايەت بويىچە نەچچە يۈزلىگەن ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرى ئېچىلغان بولۇپ، دېھقانلار بەس - بەستە كۇرسقا قاتنىشىپ ساۋات چىقىرىشاتتى، ئۇلارنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئاياللار ئىگىلەيتتى. خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى جانلانغان بولۇپ، كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەيدىغان، كونا جەمئىيەت ۋە باي - پومېشچىكلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان ياكى ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى تەشەببۇس قىلىدىغان نومۇرلارنى ئويناپ، خەلقنىڭ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى. ھېيتگاھ تىياتىرخانىسىدا بىر مەيدان ئويۇن قويۇلسا، يىراق - يىراق يېزىلاردىن ئەر - ئايال دېھقانلار يىغىلىپ كېتىپ، زالغا ئادەم ياتماي قالاتتى، كېچىلىرى ئويۇندىن يانغان دېھقانلار يېڭى ناخشىلارنى، ئېيتىشىش - لەپەرلەرنى دوراپ، يول بويى ناخشا توۋلاپ مېڭىشاتتى. ئۇ يىللاردىكى ئەركىن - ئازادە كەيپىيات خەلقنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەقىقىي ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، كىشىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇراتتى. كېيىنكى يىللاردا قانات يايدۇرۇلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، «بەشكە قارشى تۇرۇش»، «يەر ئىسلاھاتى» قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر داۋامىدىمۇ قەشقەر ئاياللىرى غايەت زور رول ئوينىدى. شەھەر - يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قېتىملىق يىغىن - پائالىيەتلەردە ئاياللار خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى، ئاياللار قاتناشقانلىكى سورۇن قاينام - تاشقىنلىققا، قىزغىنلىققا چۆمۈلەتتى. تۆت تام ئىچىدە، قازان بېشى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئۆتكەن ئاياللار ئاشۇنداق نەچچە مىڭ كىشىلىك سورۇنلارنى،

www.uyghurkitap.com

قايىنام ـ تاشقىنلىق كەيپىياتنى كۆرۈپ ھاياجاندا يىغلاپ كېتىشەتتى، بەس ـ بەستە سەھنىگە چىقىپ پىكىر بايان قىلىشاتتى. ئاشۇ پائالىيەتلەر داۋامىدا ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ئەرلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تىكلىگەنىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە كىشىلەرنىڭ ئاشۇ دەۋرگە قانداق باھا بېرىشىدىن، خىزمەتلىرىمىزدە قانداق بىر تەرەپلىمىلىك، سەۋەنلىكلەرنىڭ ساقلانغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاياللار ئازادلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىش مەڭگۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئىلغار تەرىپىگە، يورۇقلۇققا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاشۇ يولدا تەر تۆككەنلەرنىڭ تەرى ھەرگىز بىكارغا ئاقمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاياللار ئازادلىقى قۇرۇق شوئار توۋلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. ئاياللارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە ئىقتىساد ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىقتىسادىي ئورنىنى تىكلەشكە ئىلھاملاندۇردۇق. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ نۇرغۇن «تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل» لارنى خىزمەت ئورنى ۋە مۇقىم مائاشقا ئىگە قىلدۇق. بولۇپمۇ 1954 ـ يىلىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاياللارنى ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشقا پائال ھەرىكەتلەندۈردۇق. ئاياللارنى غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، باغچا ـ يەسلى قۇرۇلۇشى، باللار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتىمۇ زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. لېكىن بۇ نەتىجىلەر ئاسانلىقچە قولغا كەلگىنى

يوق. بىز كۆپ سانلىق ئائىلىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۆز ئائىلىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلالمايتتۇق. ئاجىز، يېتىم باللار، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەندە، ئۆز باللىرىمىز بىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك زامانىۋى قاتناش قوراللىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سىرتقى ناھىيە ۋە يېزىلارغا ئات مىنىپ ياكى ھارۋىغا ئولتۇرۇپ باراتتۇق. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغانلىقتىن، كۈنلىرىمىز ئات ئۈستىدە، ھارۋىدا ئۆتەتتى، ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ ئۆيگە قايتالمايتتۇق. ئىچكىرىگە بىرنەچچە كۈنلۈك يىغىنغا بېرىشقا توغرا كەلسە، قارا ماشىنا بىلەن ئايلاپ يول ماڭاتتۇق. ھەر قېتىم بۇنداق ئۇزاق سەپەرلەردىن كەلسەك، گۆھەردەك باللىرىمىز بىزنى تونۇيالماس بولۇپ قالاتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دادام ئاجىزلاپ، پات ـ پات ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ بىر مەزگىل باقتىم. ئەمما قوينى كەڭ سەھرادا ياشاپ ئادەتلەنگەن دادام شەھەردىكى تار ئۆيلەرگە كۆنەلمىدىمۇ ياكى مېنىڭ ئالدىراشلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا يۈك بولۇپ قېلىشنى خالىمىدىمۇ، ھە دەپ يۇرتقا كېتىشنىڭ جېدىلىنى قىلاتتى. كۈز ئايلىرى ئاخىرلىرىششقا باشلىغان كۈنلەردە يۇرتتىن تۇغقانلار كەلدى. ئۇلار دادامنى ھارۋىدا ياتقۇزۇپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. مەن دادامنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا چىدىماي رازىلىق بەردىم. كېيىن خەۋەر تېپىشىمچە، شۇ كۈنى كېچىسى ھارۋىدىكىلەر ئۇخلاپ قالغانلىقتىن، ھارۋا يولدىن چىقىپ، يولنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. تۇغقانلار يىقىلغان يەرلىرىدىن شۇ يىللاردا خىزمەت ئورنۇمدىن بارغانچە ئۆسۈشى، ئىشلىرىمنىڭ روناق تېپىش بىلەن تەڭ ئائىلىمىزگە بىر پېشكەلچىلىك ئەگىشىۋالغاندەك ئىدى. دادام ئۆلۈپ كېتىپ

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

ئۇزاق ئۆتمەيلا چوڭ قىزىم بىلەن چوڭ ئوغلۇم ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغەپ كەتتى. چوڭ قىزىم شۇ يىللاردا سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، قاپقارا چاچلىرى مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇراتتى. ئاپپاق، يۇمران يۈزىدە چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە شادلىق تۆكۈلەتتى، ئۇ چاقماقتەك گەپ ـ سۆزى، خەتلەرنى شارىلداپ ئوقۇشى، ھېسابلارنى توغرا ۋە تېز ئىشلىشى، كۆيۈمچانلىقى بىلەن بىزنى بەكمۇ سۆيۈندۈرەتتى. شۇغىنىسى مېنىڭ ئالدىراشلىقىم تۈپەيلى، رەھمەتلىك قىزىم كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۇستۇن ئاتۇشتىكى مومىسىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئېرىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيى شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر قەدىمىي ئۆستەڭ بويىدىكى كۆككە تاقاشقان سېدىلەر بىلەن ئورالغان بۈككىدە بىر جايدا ئىدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىر كۈنى كەچتە قىزىم قايسىبىر ئۈكىسىنى تەرەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە ئىشىك ئالدىدىكى سېدىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان شاخلىرىغا بىر قاراپلا، چىرقىرىغىنىچە ھوشىدىن كېتىپتۇ. قىزىمنى ئاتۇشتىن ئېلىپ كەلگەندە، ئىككى مەڭزى ۋە لەۋلىرىدە قارا داغ پەيدا بولۇپ، ئورنىدىن قوپالماس بولۇپ قالغانىكەن. دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىگە يۈرىكى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەن، دەپ دىياگنوز قويىدى ۋە بار ئامالىلارنى ئىشلەتتى. قىزىم بىرەر ئايغىچە ئازابلىنىپ يېتىپ، ئاخىرى مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى. ئۇ كېسەل ۋاقىتلىرىدا شۇنداق مۇلايىم، شۇنداق رايىش ئىدى، بىزگە تەلمۈرۈپ قاراپ: «ئانا، دادا، مەن ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكۈم يوق...» دەيتتى. قىزىمنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە يىغلاپ يۈردۈم ۋە غەم ـ قايغۇلىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى خىزمەتكە تېخىمۇ بەكرەك ئۇرىدىغان بولۇپ كەتتىم. بىراق تەقدىر مېنى ئاياپ ئولتۇرمىدى. ئارىدىن بىرەر يىللار ئۆتكەندە،

ئۈچ ياشلارغا كىرگەن پاقلاندەك سىمىز ئوغلۇم بوغما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئالدىنقى كۈنىلا تايچەقتەك سەكرەپ ئويناپ يۈرگەن بالا بىر كېچىدىلا بوغۇزى ئىششىپ نەپەس ئالالماي سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ چاغلاردا قەشقەردە پىنسىلىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دوختۇرلار ئىششىقنى ھېچقانداق قىلىپ ياندۇرالمىدى. نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بالىنىڭ كارنىيىغا نەيچە ئۆتكۈزۈپ باققان بولسىمۇ، ئۇنۇمى بولمىدى. ئوغلۇممۇ كۆز ئالدىمدىلا ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق جان ئۈزدى. كەينى - كەينىدىن ئىككى بالامدىن ئايرىلىش ماڭا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز زەربە بولدى. مەن بالىلىرىم ئۈچۈن ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىدىم، ئەمما مەن ئۇلارغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، ئۇلارنى قوغداپ قالالمىدىم.

ئەقىل - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئاشۇ قىيىن كۈنلەردە خىزمەتداشلىرىم، تەشكىل ۋە ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەر ماڭا تەسەللى، مەدەت بەردى، مېنى چۈشكۈنلۈك، قايغۇ ئىچىدىن تارتىپ چىقاردى. مەن خۇددى بوران - مۆلدۈردە يىقىلغان گىياھ ئىللىق ئاپتاپ ۋە سۈزۈك سۇغا قېنىپ، قايتا باش كۆتۈرگەندەك باش كۆتۈردۈم. ھايات ياشاۋاتقان ئىككى قىزىم ئۈچۈن، مېنىڭ ياردىمىمنى كۈتۈپ تۇرغان سانسىزلىغان قىزلار، ئاياللار، بالىلار ئۈچۈن، بۈگۈندىن كېيىنكى ئۈزاق ھايات مۇساپەم ئۈچۈن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ خىزمەتكە ئاتلاندىم. بىراق مېنى يەنە بىر سىناق كۈتۈپ تۇراتتى...

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قىيىن كۈنلەردە قەيسەرلىكى، يۈرەكلىكلىكى، بىلىمى ۋە ئالغا ئىنتىلىشچانلىقى بىلەن ماڭا يار - يۆلەك بولۇپ كەلگەن ئېرىم ئازادلىقتىن كېيىن خىزمەتتە كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇ ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان، ئويلىغىنىنى ئۇدۇللا دەۋېرىدىغان

www.uyghurkitap.com

مىجەزى بار ئىدى. ئۇ ئەينى دەۋردە مائارىپنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ مائارىپقا قارىغۇلارچە رەھبەرلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە جەھەتتە چەتكە قېقىلىشقا باشلىدى. بىر نەچچە يەرگە يۆتكىلىپ بېقىپ، ھەممە يەردە «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىنىپ دەردىنى ھاراق، ئويۇن ـ تاماشىدىن ئالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمنىڭ ئۆسۈشى ئۇنىڭغا زور بېسىم بولدى. چۈنكى قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى شارائىتىدا بىر ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن يۇقىرى ئەمەلدار بولۇشى ھېچكىم ئاڭلىمىغان، غەلىتە ئىش ھېسابلىناتتى. مەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن ئىدىم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتىم. شۇڭا پات ـ پات ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا تىرىشاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇ قايتىدىن روھلىنىپ تۈزۈلۈپ قالغاندەك بولاتتى، ئەمما ھەر قېتىم خىزمەت بىلەن تۆۋەنگە كەتكەن ياكى ئۈرۈمچى، بېيجىڭلارغا يىغىنغا كەتكەن چاغلىرىمدا، ئۇنىڭدا قانداقتۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىمىزنىڭ بارغانسېرى يىراقلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ زېھنى ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلى ئىدى. ئايالىنىڭ داۋاملىق يېنىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما مېنىڭ شارائىتىم ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى. كەينى ـ كەينىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتلەر تۈپەيلى، مەن ئاساسىي قاتلامدىن كېلەلمەيتتىم. 1956 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت بىلەن قوشۇۋېتىلدى. مەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندىم ھەم شۇ يىلىلا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدىم. ئىككى

يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگىنىمدە، ئارىمىزدا ئورنىنى تولدۇرغۇسىز چوڭقۇر هاڭ پەيدا بولغانىدى. ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسسىيات ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشى مۇناسىۋىتىمىزنى بارغانسېرى يىرىكلەشتۇرۇۋەتتى. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆز، پىتنە ـ پاساتلارمۇ ئوتقا ياغ چاچقاندەك رول ئوينايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر ئىككىمىز قىزىققان، كەسكىن، ئۆزۈمچىل خاراكتېرگە ئىگە ئىدۇق. ئۇ ئايال كىشىگە «باش ئېگىش» نى خالىمايتتى، مەنمۇ «ئەر كىشى يېرىم خۇدا» دەپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم. لېكىن ئۇ قاۋۇل ئەر كىشى بولغانلىقتىن، زىيان تارتىدىغىنى مەنلا ئىدىم. تولا ۋاقىتلاردا قاپاقلىرىمنى كۆكەرتىپ ئىشقا باراتتىم ۋە باشقا ئاياللارغا ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللار هوقۇقى توغرىسىدا سۆزلەيتتىم.

1958 ـ يىلى قىشتا، ئۇستىنى بىرېزېنت بىلەن ياپقان يوغان قارا ماشىنىغا بىساتىمنى بېسىپ، بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ ئاقسۇغا كۆچۈپ كەلدىم. ۋالىيلار ئىچىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ قىزغىنلىق بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم.

«ئاقسۇغا بىر ئايال ۋالىي كەپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاقسۇنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، كوچىغا چىقسام، كىشىلەر يولىدىن توختاپ ماڭا قارىشاتتى، بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىشەتتى. بولۇپمۇ، يېزىلارغا بارغان چاغلىرىمىزدا دېھقانلار باشقا شۇجى، ۋالىيلار بىلەن كارى بولماي، ماڭا قىزىقىپ قارىشاتتى، بەزى گەپچى ئادەملەر مەندىن ئۇنى ـ بۇنى سوراشقا ئامراق ئىدى. مەن ھەممىلا ئادەمنىڭ نەزىرىدە: «ياپپاشلا ئايال ئىكەن، ۋالىيلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمىكىن؟ ھەي، ئايال دېگەن بەربىر ئايال جۇمۇ… » دېگەندەك مەنىلەرنى سېزەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي

كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان قاراشلىرى ئۆزگەردى. مەن ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق رەھبەرلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، خىزمەتداشلىرىم ۋە خەلقنىڭ قايىللىقى ھەم ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈردۈم. بىراق ··· مەن بىر ۋىلايەتنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغىنىم بىلەن ئائىلەمدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىم. بۇ يىللاردا كونا ـ يېڭى زىددىيەتلەر قوشۇلۇپ، بىر ئىش يەنە بىر ئىشنى، بىر زىددىيەت يەنە بىر زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئائىلىمىز ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئۇزاق مەزگىللىك يىرىكلىك، ئۆچمەنلىك ۋە روھىي ئازابلار ھەر ئىككىمىزنى تۇرمۇشتىن جاق تويغۇزغانىدى.

ئىش ئاخىرى ساقچى ئارىلىشىشقىچە يېتىپ، جەڭگى ـ جېدەللىرىمىز ھەممە يەرگە پۇركەتتى، تۈرلۈك گەپ ـ سۆزلەر، رىۋايەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئارىلىشىشى، بىلەن بىرنەچچە قېتىم توسۇپ قويۇلدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ «كومپارتىيەنىڭ كادىرى تۇرۇپ، خىزمەت ئورنى ئۆسكەندە ئېرىنى ياراتماس بولۇپ قالدى» دېيىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. بىراق بىر ۋالىي دائىم ئېرىدىن تاياق يەپ يۈرسە قانداق بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆلۈم ـ يېتىم ۋەقەسى چىقىپ قالسىچۇ؟! 1960 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىككىمىز نىكاھتىن ئاجراشتۇق. شۇ كۈنلەردە بالىلىرىم بەك شۈكلەپ كېتىشتى (تۆت بالام بار ئىدى). ئۇلار قايسىمىز ئانىمىزغا، قايسىمىز دادىمىزغا تەۋە بولارمىز، بىر تۇغقانلار ئايرىلىپ كەتسەك، يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ، دەپ دەككە ـ دۈككىدە قالغاندەك قىلاتتى. مەن بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قېلىش قارارىغا كەلدىم. ئېرىممۇ: «بالىلارنى ئانىسى باقسۇن، مائاشى يۇقىرى، باقالايدۇ» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ئۇ قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭ

بويىدىكى قورۇ - جايىمىزنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئاجرىشىشنىڭ شەرتى قىلىدى. بۇ قورۇ - جايىنى بىز دادامنىڭ بۇغداي ساتقان پۇللىرىغا، ئاز - تولا يىغقان - تۇگكىنىمىزنى قوشۇپ سېتىۋالغاندۇق. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم.

تۇرمۇشىمىز تېزلا ئىزىغا چۈشتى. بولۇپمۇ تېخى كىچىك ئىككى بالام ھېچنەرسىنى سەزمەيلا قالدى. 1 - ، 2 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان قىزلىرىم مېنىڭ ئالدىمدا دادىسىنى تىلغا ئالمايتتى. بىراق مەن ئۇلارنىڭ دادىسىنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بەزىدە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئەيىبلىكتەك ھېس قىلىپمۇ قالاتتىم. لېكىن مەن ئاجرىشىپ كەتكىنىمگە ئەزەلدىن پۇشايمان قىلمىدىم.

مەن شۇ چاغدا ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەنىدىم. ئۇزاق يىللىق ھېرىش - چارچاش ۋە روھىي پاراكەندىچىلىك بىراقلا ئۆزىنى كۆرسەتتىمۇ ياكى ئاقسۇنىڭ نەم ھاۋاسى يەكلىدىمۇ كېيىنكى يىلى كەينى - كەينىدىن قاتتىق ئاغرىپ ھاياتىمدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. بۇ كۈنلەردە چۆچۈرىدەك تۆت بالام كىملەرنىڭ قولىغا قالار، دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. دوختۇرلار كېسەللىمنى ئۇزۇل - كېسىل ساقايتىش ئۈچۈن قۇرغاق، ئىسسىق جايلارغا يۆتكىلىپ ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلدى. تەلىپىمگە ئاساسەن، يۇقىرى رەھبەرلىك مېنىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە يۆتكىدى. مېنىڭ ئاقسۇنىڭ ھەممە ناھىيەلىرىدە دېگۈدەك ئىزلىرىم قالغانىدى. كۇچا ناھىيەسىنى سۇ بېسىپ كېتىپ، نەچچە مىڭ ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغاندا، باي ناھىيەسىدىكى ئاچارچىلىق تۇپەيلى، نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، شۇ جايدىكى كىشىلەر بىلەن بىللە ياش تۆككەن، كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان، خىزمەتلىرىمىز

www.uyghurkitap.com

غەلىبىلىك بولغاندا كۆپچىلىك بىلەن بىللە شادلانغان، ئورتاق خىزمەت، كۈرەشلەر داۋامىدا ئاقسۇدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا، ئاق كۆڭۈل ئاقسۇ خەلقىگە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت باغلىغانىدىم.

ئاقسۇدىن قىيالمىغان ھالدا ئايرىلىپ، 1962 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا بىر جىپ، بىر قارا ماشىنىدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئۇچرىغانلىكى كىشىلەر: ۋۇي، ئۈرۈشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كېتىۋېتىپسىلەرمۇ - نېمە؟ دەپ چاقچاق قىلىشاتتى، بىزمۇ چاقچاق بىلەن: خەير - خوش، ئالدىنقى سەپكە كېتىپ بارىمىز، دەيتتۇق.

قەدىمىي شەھەر خوتەننىڭ كۈز ئايلىرى سېھرىي كۈچكە ئىنتايىن باي ئىدى. خوتەن خەلقىنىڭ يەرلىك شېۋىلىرى، سۆز ئاھاڭى، ئۆزگىچىلىككە ئىگە كوچا - بازارلىرى، ئەرلىرىنىڭ ئاجايىپ يوغان، كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ئاجايىپ كىچىك تەلپەكلىرى ··· بىزگە بەكمۇ قىزىقارلىق، يېڭىچە تۇيۇلدى. بىر بارا - بارا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتۇق. بولۇپمۇ باللىرىم تېزلىكتە يەرلىك كىشىلەردەكلا بولۇپ كېتىشتى.

مەن خوتەندىمۇ مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم. دەسلەپكى يىللىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس ئاڭلاپ، دوختۇرخانا، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خىزمەت دائىرەم بىلەن تونۇشتۇم ۋە ئۇزاق ئۆتمەي دادىللىق بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم. ئۆزۈم ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتىم. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەملەشكەنىدىم. مەن

قۇرۇق گەپنى جىق قىلىدىغان، ئەمەلىي خىزمەتتە بوشاڭ، مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەردىن ئەمەس ئىدىم. قول ئاستىمدىكىلەرگە تەلەپنى قاتتىق قوياتتىم، ئۆزۈممۇ تۇتقان ئىشىمنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا تىرىشاتتىم. مەسىلىلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتىم. گەپ - سۆزۈم ئاشكارا، تۈز ئىدى، ئىچىمدە ئارتۇقچە چوت سوقۇپ، كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرمەيتتىم. شۇڭا بەزىدە ئوڭۇشسىزلىقلارغا، ئۆچ ئېلىشلارغا ئۇچراپ تۇراتتىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە يىلدا، سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتىم. ئۇ يىللاردا يېتىپ - قوپۇش، يېمەك - ئىچمەكتە دېھقانلار بىلەن بىردەك بولۇش قاتتىق تەكىتلەنگەچكە، دېھقانلارغا ئوخشاش زاغرا نان يەيتتۇق، ئۇماچ، شۆگگۈتماق، يوبدان ئىچەتتۇق. دېھقان ئاياللار ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ، ئوغرىلىقچە گۆلە - جىگدە، ياڭاق دېگەندەك نەرسىلەرنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ماڭا ناھايىتى زور روھىي ئوزۇق بولاتتى.

1965 - يىلى خوتەندە خەلقئارا ئايرودۇرۇم قۇرۇلۇپ، مەركەز رەھبەرلىرى چەت ئەللەرگە بېرىش - كېلىش سەپىرىدە خوتەندىن ئۆتىدىغان، خوتەندە بىر نەچچە كۈن تۇرىدىغان بولدى. دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچى ئايالى ۋاڭ گۇاڭمېي خانىم بىلەن 1965 - يىلىدىكى قۇربان ھېيتتا خوتەندە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى خالىغانچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىنى ھېيتلىدى. ئۇ يەردىن قايتىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ھەممىمىز ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدۇق. ئۇلار بالىلىرىم بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتى. ئۆيىمىزدە بىر نەچچە سائەت كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ، غىزالاندى. بىز بىلەن سۈرەتلەرگە چۈشتى. مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يىنىڭ ئايالى جياڭ جيەنمۇ بالىلىرىم بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى. ئۇنىڭ بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەردىن بىر نەچچىسى

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ بورانلىرىدىن ساقلىنىپ قالغانىكەن، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتىمەن.

شۇ يىللىرى جۇ ئېنلەي زۇڭلىمۇ خوتەنگە بىر قانچە قېتىم كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە خوتەندىكى رەھبىرىي كادىرلارنى قوبۇل قىلىپ، خوتەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيتتى، يوليورۇقلارنى بېرەتتى، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇراتتى. رەھبىرىي كادىرلار قاتارىدا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتۇم. لېكىن ئۇنىڭ مېنى ئېنىق ئېسىدە تۇتۇۋېلىشىنى زادى ئويلىماپتىكەنمەن. زۇڭلىنى ئۇزىتىش يۇزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئايال كادىرلار، سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئارتىسلىرى، كۈتكۈچى قىزلار قاتناشقان تانسا ئويۇشتۇرۇلغانىدى. تانسا باشلىنىشى بىلەنلا زۇڭلى زالنى كېسىپ ئۆتۈپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ تانسىنى ناھايىتى يەڭگىل، چىرايلىق ئوينايدىكەن. تانسا ئويناۋېتىپ مەندىن قاچان پارتىيەگە كىرگىنىمنى، ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاچان قاتناشقىنىمنى، ئائىلەم ـ باللىرىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا چالا ـ بۇلا ئۆگىنىۋالغان خەنزۇ تىلىدا جاۋاب بەردىم. ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ ئايال ۋالىيلار ناھايىتى ئاز ئىدى. سىز ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى ئىچىدىكى پېشقەدەم كادىر بولۇپ قاپسىز، دادىللىق بىلەن ئىرىشىپ ئىشلەڭ، پارتىيە، خەلق سىزنى قەدىرلەيدۇ، دېگەنىدەك سۆزلەرنى قىلدى. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا ئۇ ھۆرمەت بىلەن مېنى جايىمغا ئېلىپ كېلىپ قويۇپ، ماڭا رەھمەت ئېيتىپ ئايرىلدى. مەن ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. شۇ كېچىلىكتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان تانسا مۇزىكىسى چېلىنغاندا ئۇ يەنە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. شۇ كۈنكى ئىككى قېتىملىق تانسا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئۇلۇغۋار ئەمما كەمتەر، يېقىملىق ئوبرازى قەلبىمدە ئۆمۈرۋايەت ساقلىنىپ قالدى.

ھاياتتا تولا ھاللاردا خۇشاللىقنى قايغۇ، بەختكە بەختسىزلىك ھەمراھ بولىدۇ. بەختسىزلىك دائىم بىزنىڭ ئەڭ تەييارلىقسىز ۋاقتىمىزنى تاللاپ يېتىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ بىزنى ھەسسىلەپ ئازابلايدۇ. ھەر خىل كەچۈرمىشلەرگە تولغان 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا بىر كېچىسى قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتىم. چۈشۈمدە بالىلىق ۋاقىتلىرىمنى، ياپچاندىكى ئۆيلىرىمىزنى كۆرۈپتىمەن، دادام قانداقتۇر بىر ئىشقا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئىنىمنى بىر تەستەك ساپتۇدەك، مېنىمۇ ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ توختاپ قالغۇدەك ... چۈشنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. مەن خۇراپىي بولمىسامىمۇ، كۆپ قىسىم كىشىلەرگە ئوخشاش، بەزىدە چۈشكە ئىشىنىپ قالاتتىم. شۇ كېچىسىمۇ مەن چۈشۈمنى ئويلاپ ئىنىمگە بىرەر بەختسىزلىك كېلىپ قالارمۇ؟ دەپ ئەنسىرىدىم (ئىنىم شۇ چاغدا خوتەن ناھىيەلىك قول سانائەت بىرلەشمىسىدە ئىشلەيتتى). ئارىدىن بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي، يۇرتىمىز ياپچاندىن بىر كادىر ئىككى ساقچىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئالاقە سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى داۋامىدا تالىپ ھاجىمنىڭ تەركىبى توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىك دەپ ئايرىلدى، ئازادلىق ھارپىسىدا ئىنىم تۇردى تالىپ 18 ياشقا كىرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەركىبىمۇ پومېشچىك دەپ ئايرىلدى، توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىك تۇردى تالىپ يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىپ، پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتورىسىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دېگەن مەزمۇندا ئىدى. مەن كىچىكىمدىنلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، تۇرمۇشلۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭ تەركىبىم پومېشچىك ھېسابلانمىسىمۇ، ئاشۇ يىللاردا ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ پومېشچىك بولۇشىلا بىر ئادەمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيتتى. مەنغۇ

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەيلى، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە پومپىشچېك قالپىقىنى كىيىپ يۈرتقا يالاپ ئېلىپ كېتىلسە، ئىنىم نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟ ئىنىمگە ھەرقانچە ئىچىم ئاغرىسىمۇ كۆز يېشى قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامالىم يوق ئىدى. مەن كېچىلەپ ئىنىمنىڭ كىيىم-كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىنى تەييارلاپ، قولىغا ئاز - تولا پۇل بەردىم، ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنلەرگە يېلىنىپ تۇرۇپ، ياخشىراق قاراپ قويۇشنى تاپىلىدىم. ئەتىسى سەھەردە ئىنىم ئاددىيغىنە يۈك - تاقىسىنى يۈدۈپ، ساقچىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ھايات مەنزىللىرىنىڭ تىكەن - چاتقاللىق ئاچا يوللىرىغا يۈرۈپ كەتتى. مەن يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇپ، چاندۇرمىغان قىياپەتتە خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئەمما، كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىكى ئالىلقاندەك ئۆزگىرىشلەردىن، كۈس - كەپلەردىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولاتتى. مەن ياخشى كۈنلىرىمنىڭ ئۇزاقا بارمايدىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتىم.

يېزىپ مۇشۇ قۇرلارغا كەلگىنىمدە، قۇلاق تۈۋىمدە ئېقىن سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك، مەيىن شامالنىڭ شۇۋىرلىشىدەك ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىلھامبەخش سادا ئۈزۈلۈپ قالغاندەك، ئاپام ئۇ ئالەمدە تۇرۇپ پانىي ئالەمدىكى ئىشلارغا قايتا نەزەر تاشلاپ، چوڭقۇر خىياللار ئىچىدە سۈكۈتكە پاتقاندەك، قەلبىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. قەغەز ئۈستىدە شىرىلداپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان قەلىمىممۇ ئېغىرلىشىپ قالغاندەك بولدى.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ 20 - ئەسىردىكى ئاشۇ پەۋقۇلئاددە يىللىرى — 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئون يىل جەريانىدا جۇڭگو زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەر ئالدىدا ھەرقانداق تارىخچى سۈكۈتكە پاتماي، ھەرقانداق قەلەمكەش

تېخىرقىماي قالمايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ ۋەزىپەم ئاشۇ ھەيۋەتلىك ئېقىننىڭ گىرۋىكىدىكى يالغۇز ئاياغ ئىزلىرىنى، ئاشۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى، ئاپامنىڭ ھايات يولىدا پەيدا بولغان داۋالغۇش، ئەگرى ـ توقايلىقلارنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشتىنلا ئىبارەت.

قەلبىمدىكى ئاشۇ ئىلھامبەخش سادانى ئىزدەپ يەنە بىر قېتىم تارىخ تونېلىغا ئىچكىرىلەپ كىردىم. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇ 1966 ـ يىلىنىڭ ئىللىق، ئەمما تىنچسىز باھارى ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى كۆل بويىدا ئۆرۈك، ئالما چېچەكلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۆي ئالدىدىن سوزۇلغان تارغىنە سېمونت يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كەڭ بىر پارچە قىزىلگۈللۈك بولۇپ، قىزىلگۈللەر تازا تۈۋلەپ، ئايىنىپ، ياپپېشىل تۈسكە كىرگەنىدى. گۈللۈكنىڭ چېتىدە دېرىزىلىرى ئۆيىمىزگە قاراپ تۇرىدىغان ئەپچىلگىنە ئىككى قەۋەتلىك ئاپپاق ئىمارەت قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، ئەتراپتىكى سوۋېت پاسونىدىكى كونا ئۆيلەر ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا دائىملا ئالدىراش يۈرىدىغان كاتىپلار، چىرايلىق ماشىنىست قىزلار ئىشلەيتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بۇ قورۇسى ئەسلىدە بىر چوڭ باينىڭ بېغى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ، «پولات تاۋلاش» يىللىرىدا نۇرغۇن مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەرەخلەر كېسىلىپ كەتكەنىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ قورۇ يەنىلا ئۆز سەلتەنىتىنى يوقاتمىغانىدى. يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە، كۆل رەڭ ئىشخانا بىنالىرىنىڭ ئەتراپىدا يوپۇرماقلىرىنى توپا باسقان قېرى دەرەخلەر ئۇلۇغۋار سۈكۈت ئىچىدە تىزىلىپ تۇرۇشاتتى. ئەتىياز پەسلىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلىرى بىلەن گۈللەر بىرلىشىپ، گويا تۇتاش كەتكەن گۈل دۇنياسىنى ھاسىل قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

قويۇق قارا چاچلىرىنى كەينىگە تۇرۇۋالغان، ئاقۇچ رەختتىن كۆڭلەك كىيىۋالغان ئاپام ھەر كۈنى دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئاشۇ يولدىن بەزىدە خۇشال بەزىدە غەمكىن چىقىپ كېلەتتى. بەزىدە ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە شۇنداق غەمكىن، يەككە ـ يېگانە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. بۇنداق كۈنلىرى ئۇ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ سائەتلەپ چىقماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتىدىغان ھېچكىمى يوق ئىدى. ئۇ داۋاملىق ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتاتتى. بىز گەرچە كىچىك بولساقمۇ، ئاپىمىزنىڭ كۈنىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلاتتۇق ۋە پۈتىمىزنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، پىچىرلاپ سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىققا تىرىشاتتۇق. ئۇ خۇشال كەلگەن كۈنلىرى بىزمۇ خۇشال بولۇپ، شوخلۇقلىرىمىزنى چىقىرىشقا باشلايتتۇق.

يەكشەنبە كۈنلىرى سەھەردە، ئاپام قولىغا قايچا ئېلىۋېلىپ قىزىلگۈللۈكتىكى گۈپۈلدەپ پۇراپ، ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان نەمخۇش گۈللەردىن بىر دەستە كېسىپ كېلەتتى ۋە ئۇنى لوڭقىغا چىلاپ قوياتتى. مۇنداق كۈنلەردە ئۆيىمىز بايرام تۈسىگە كىرىپ قالاتتى. شۇ تاپتا مەن ئاپامنىڭ ئۈستەل ئالدىدا يېڭى چىلاپ قويۇلغان گۈللەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەندەك بولدۇم. قۇلاق تۈۋىمدە يەنە ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. دەسلەپتە بۇ ئاۋاز ناھايىتى يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك تۇتۇق، ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئىدى. بارا ـ بارا خۇددى تارام ـ تارام سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىندىن بىردىنلا ئەگرى ـ بۈگرى جىرالار ئارىسىدىن يول تېپىپ شىرىلداپ ئېقىشقا باشلىغاندەك راۋان ۋە ئوچۇقلاشتى، ئۇ ئاۋازغا ھەسرەت، ئۆكۈنۈش، ئامالسىزلىق ۋە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز نۇرغۇن ھېسسىياتلار سىڭگەندى.

... ئۇ يىللاردا قورۇدىكى باللار ئەتىدىن ـ كەچكىچە قوللىرىغا ئويۇنچۇق «مىلتىق» ئېلىپ سوقۇش ئويۇنى

ئوينىشاتتى، ئۇلارنى قوغلاپمۇ، تىللاپمۇ بۇ ئويۇندىن بەزدۈرگىلى بولمايتتى. ئۆيىمىزدىكى بالا باققۇچى ئايال دائىم: «قازاننىڭ قايناشىغا، بالاڭنىڭ ئويناشىغا باق» دەيدىغان گەپ بار، بالىلارنىڭ سوقۇش ئويىنىشى زادى ياخشىلىقتىن ئەمەس» دەيتتى. مەن بۇنداق گەپلەرنى سۆكۈت ئىچىدە ئاڭلايتتىم ۋە گەپ ـ سۆز قىلمايتتىم. ئۇ مەزگىللەردە ئېھتىياتسىزلىقتىن قىلىنغان بىرەر ئېغىز گەپ، كىچىككىنە بىرەر ئىشمۇ يەردە قالمايتتى. ئائىلە ئاياللىرى، بالا باققۇچىلار، مەكتەپ بالىلىرىدىن تارتىپ ھەممە ئادەمنىڭ «سىنىپىي كۆرەش» ئېڭى ۋە سەزگۈرلۈكى چېكىگە يەتكەندى. ئايالى ئېرىنى، ئاكىسى ئۇكىسىنى، بالىسى دادىسىنى پاش قىلىدىغان ئىشلار ئادەتتىكى، مۇقەررەر ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەندى. يېڭى كىيىم كىيىش، ياخشىراق يېيىش، ئۆي ياساش ... دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيەچە «چىرىك ئىستىل» ھېسابلىناتتى. ياماق چۈشكەن، ئۆڭۈپ كەتكەن كونا كىيىملەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چىرايلىق كىيىم ئىدى. بالىلارغا يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرسەك، قەستەن سۇغا سېلىپ پۇرلاشتۇرۇپ، ياماق سالدۇرۇپ ئاندىن كىيەتتى ۋە ئاشۇ ياماقتىن قەھرىمان مېدالىدىن پەخىرلەنگەندەك پەخىرلىنىپ يۈرەتتى.

ئاشۇ يىللاردا ھەدېسىلا «بۇرژۇئا ئىدىيەسى ئېغىر، ئۆي ياسايدۇ، ياسىنىپ يۈرۈيدۇ» دېگەندەك تەنقىدلەرنى ئاڭلايتتىم. ئەمەلىيەتتە ئولتۇرىدىغىنىم ئاشخانىسى بىلەن قوشقاندا ئۈچ ئېغىز ئۆي بولۇپ، بىر ئېغىزى مېھمانخانا، بىر ئېغىزى بالىلىرىمنىڭ ئۆيى ئىدى. بالىلىرىمنىڭ ئۆيىدە چوڭ تاختاي كارىۋات، يوتقان ـ كۆرپە، بالىلىرىم دەرس تەييارلايدىغان كىچىك شىرە ۋە بىر قوڭغۇراقلىق سائەتتىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. مېھمانخانامدا يەردە ۋە تامدا بىر پارچىدىن گىلەم بولغاندىن سىرت، بىر سىم كارىۋات، ئىداردىن بەرگەن ئىككى

كىشىلىك دىۋان، شۇ يىللاردا ھەممىلا ئۆيلەردە ئۇچرايدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. ئۆيۈمدە ئالاھىدە كۆرۈنىدىغىنى بېيجىڭدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ماگىزىنى» دىن سېتىۋالغان يىپەك تور پەردە بىلەن تامدىكى داڭلىق ئۇسسۇلچى ئايتىللا قاسىمنىڭ «ئۇزۇم ئۈزۈش» ئۇسسۇلىنى ئويناۋاتقان سۈرىتى بولسا كېرەك. 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا مەن يەردىكى ھەم تامدىكى گىلەمنى، تور پەردىلەرنى، ئايتىللانىڭ سۈرىتىنى ئېلىۋەتتىم. ئىدارىنىڭ دىۋانلىرىنى قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇچامغا كىيىدىغىنىم شۇ چاغلاردا مودا بولغان داكا چىت كۆڭلەك، بېشىمغا ئارتىدىغىنىم ئاددىي گاز ياغلىق ئىدى. پارا، سوۋغا ـ سالام بېرىش ـ ئېلىش دېگەنلەر ئۇ چاغدا ئومۇمىي خەلق جۈملىدىن رەھبىرىي كادىرلارمۇ نەپرەتلىنىدىغان يىرگىنچلىك ئىش ھېسابلانغانلىقتىن، باشقىلارغا ھەرقانچە ئىش قىلىپ بەرسەكمۇ، قىلچە مىننەت ـ تەمەدە بولمايتتۇق. ئاددىي ـ ساددا، ئەمما پاك تۇرمۇشىمىزدىن قانائەت ھاسىل قىلاتتۇق. بالىلىرىممۇ كىيىم ـ كېچەك، يۇرۇش ـ تۇرۇشتا باشقا بالىلاردىن پەرقلەنمەيتتى، يەنە كېلىپ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆگىنىشتە ئەلاچىلاردىن ئىدى. ئاندا ـ ساندا بالىلىرىمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بالىلىرىمنىڭ ئوقۇشى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكىنىمدە، ئۇلار بالىلىرىمنى چىن كۆڭلىدىن ماختىشاتتى ھەم مېنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلۇمغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا مەن بالىلىرىمغا ئومۇمىي جەھەتتە تەلەپچانراق بولغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ يۈرمەيتتىم ھەم ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىللىمۇ بولالمايتتىم. دېمىسىمۇ، ئاشۇ ئاي، ئاشۇ كۈنلەردە كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلار ئاز

ئەمەس ئىدى.

1967 - يىلى ئەتىيازدا ئىشىك ئالدىمىزدىكى قىزىلگۈللۈك بۇزۇۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆكتات تېرىلغانىدى. ئىسيانچىلار ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاق بىنانى ئىگىلەپ، تاملىرىنى قالايمىقان شوئار، رەسىملەر بىلەن تولدۇرغانىدى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىچى - تېشى، تام ۋە دەل - دەرەخلەرگىچە «چوڭ خەتلىك گېزىت» بىلەن پۈركەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا قارىتىلغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھەممىسىدىلا ماڭا «پومېشچىك ئۇنسۇر، گومىنداڭ رايونلۇق پىرقىسىنىڭ سېكرېتارى، گومىنداڭنىڭ قالدۇقى… » دېگەندەك يوغان قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن، بەزىلىرىگە ھەجۋىي رەسىملىرىم سىزىلغانىدى.

تۇنجى قېتىم ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان چوڭ پىپەن يىغىنىدا ۋىلايەتتىكى ھەممە رەھبىرىي كادىر دېگۈدەك تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش، پىپەن قىلىندۇق. كېيىن ئاممىۋى تەشكىلاتلار خالىغىنىنى تارتىپ ئاپىرىپ، كۈنلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۈرەش، پىپەن قىلىدىغان بولدى. بۇنداق پىپەن يىغىنلىرى ئېگىز قالپاق كىيدۈرۈش، تاختا ئېسىش، قولنى قايرىپ باش ئەگدۈرۈش، ھاقارەتلەش بىلەن چەكلەنمەيتتى. ھاياجانلانغان ئىسيانچىلار قىزغىنلىقىنى باسالماي، ئۇرۇپ قويىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايتتى. بىر كۈنى كەچتە شۇنداق پىپەن يىغىنلىرىنىڭ بىرىدە تاياق يەپ كېلىپ، ھالسىزلىنىپ ياتسام، ئىدارىمىزنىڭ مائارىپ بۆلۈمىدىكى بىر پېشقەدەم خەنزۇ كادىر ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ماڭا:

— ئىسيانچىلار سىزنى بۇنداق كۈرەش قىلىۋەرسە، ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قالالماسلىقىڭىز مۇمكىن. خوتەن چەت يەر، ئادەملىرى قارامىراق. مېنىڭچە سىز بېيجىڭغا بېرىپ جۇئېنلەي زۇڭلىغا ئۆز ئەھۋالىڭىزنى ھەم بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتىڭ. ئاڭغىچە بۇ شامالمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

— ھەممە يەردە ھوقۇقدارلارنى تۇتۇۋاتسا، بېيجىڭغا قانداق بارىمەن، بالىلىرىمنى كىمگە تاشلاپ كېتىمەن؟!

— بالىلىرىڭىزنى چوڭلىرى 14 ـ 15 ياشلارغا كىرىپ قالدىغۇ، بىر ـ بىرىدىن خەۋەر ئالالايدۇ. قالغىنىغا بىزمۇ يوشۇرۇنچە قاراپ قويىمىز. قاتناش مەسىلىسىنى مەن ئويلاشتىم. بىڭتۇەندە شوپۇرلۇق قىلىدىغان بىرنەچچە يۇرتدىشىم بار. ئۇلار داخېيەنگە پاختا توشۇيدۇ. سىزنى شۇلار ئالغاچ كېتىپ، پويىزغا سېلىپ قويىدۇ، — دېدى. ئۇچپىلىقتا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، خوتەنگە كېلىپ قالغان، كىشىلەرگە ئارىلاشماي، ئاز گەپ قىلىپ، ھەممە ئىشلارغا سىرتتىن نەزەر سېلىپ يۈرۈيدىغان بۇ ئادەم ئىلگىرى مېنىڭ كۆزۈمگە بەك سىرلىق كۆرۈنەتتى. پۈتۈن جاھان ماڭا تەتۈر قاراۋاتقان، ھەتتا باغرىمنى يېرىپ چىققان بالىلىرىممۇ ماڭا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغان شۇ كۈنلەردە، بۇ كونا «ئۇچپى» ماڭا دۇنيادىكى بىردىنبىر رەھىمدىل ئادەمدەك تۇيۇلدى. مەن بىرنەچچە كۈن ئويلىنىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تاپتىم. بىر كۈنى كېچىدە بەلگىلەنگەن سائەتتە مەن قاتناش بېكىتىگە بېرىپ، ھېلىقى پاختا ماشىنىلىرىنى تاپتىم. ئاڭغىچە ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرى پەيدا بولدى. بىر ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا تىزىلغان پاختا تايلىرىنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىدىكى تايلار ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، بوش يەرگە كونا ھەربىيچە جۇۋا تاشلاپ قويۇلغانىدى. مەن ئاشۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇردۇم. تۆت ئەتراپىم، باش ئۈستۈم پاختا تايلىرى بىلەن توسۇۋېتىلدى، ماشىنىلار يولغا چىقتى. ماشىنىلار كۆپىنچە چەت، كىچىك بېكەتلەردە توختايتتى. شوپۇرلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ماڭىمۇ بىر قاچا تاماق ئېلىۋېلىپ، ئادەمسىز جاڭگالغا كەلگەندە ماشىنىنى توختىتىپ، ماڭا سۇنۇپ

بېرىشەتتى. مەن كېچىلىرى ماشىنا توختىغاندا، يەرگە چۈشۈپ ئانچە - مۇنچە پۇت - قوللىرىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋالاتتىم. كۈندۈزلىرى بولسا تەرەت قىستىسىمۇ چىداپ ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ 6 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، جەنۇبنىڭ ئىسسىقىغا گەپ كەتمەيتتى. تارغىنە قىسىلچاق ئىچىدە مەن خۇددى تونۇردا ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتىم. بېنزىن پۇرىقى، خام تېرە پۇرىقى ۋە يەنە قانداقتۇر بىر خىل پۇراقلار ماشىنىنىڭ توختىماي ۋىڭىلداپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇخلاي دېسەم، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلسە، ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى باللىرىمنى قىينارمۇ، باللىرىم جاپا تارتىپ قالارمۇ؟ چوڭلىرىغۇ مەكتەپتە جان باقالايدۇ، ئۇششاقلىرىنى قانداق قىلار؟ ياكى قايتىپ كېتىپ نېمە كۆرسەم، باللىرىم بىلەن تەڭ كۆرەيمۇ ··· دېگەندەك زىددىيەتلىك خىياللار قايىنىمىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەيتتىم. بىرنەچچە قېتىم شوپۇرلارغا: مەن چۈشۈپ قالاي، مېنى خوتەن تەرەپكە ماڭىدىغان ماشىنىغا سېلىپ قويۇڭلار، دېمەكچىمۇ بولدۇم···

6 - كۈنىگە كەلگەندە بۇ مۇشەققەتلىك سەپەر ئاياغلىشىپ، كەچتە داخېيەن ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدۇق. ماشىنىدىن چۈشۈشۈمگىلا، شوپۇرلار قولۇمغا پويىز بېلىتىنى تۇتقۇزۇپ، پويىزغا سېلىپ قويدى. قاتتىق ئورۇندۇقتا ۋاگون ماڭا ئاجايىپ راھەت بىلىندى. ئىلگىرى مەن پويىزنىڭ يۇمشاق كارىۋاتلىق ۋاگونلىرىدا ياكى ئايروپىلانلاردا ئولتۇرۇپ، سەپەر قىلغاندىمۇ بۇنچىلىك ھوزۇر ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم.

مەن بېيجىڭدا 4 - 5 ئاي تۇرۇپ، زۇڭلى ئىشخانىسى نامىدىن يېزىپ بېرىلگەن «ئەلەم كۆرىشى قىلماسلىق، كادىرلارنىڭ ھاياتى، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندىكى خەتنى ئېلىپ، 12 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ

كەلدىم. مەن بېيجىڭدا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئەينى چاغدا مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا پىيانىنو كەسپىدە ئوقۇۋاتقان تۇمارىس، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تۈركچە دىكتورى تۇرسۇنئاي ساقىم، تەتقىقاتچى ئامىنە غاپپار قاتارلىق شىنجاڭلىق كادىرلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خالىس، ئىنسانىي ياردىمىگە ئېرىشكەنىدىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. خوتەندىكى ئۆيۈمنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، بالىلىرىمنىڭ ئىداردىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى، خوتەندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارىسىدا كەسكىن جەڭ بولۇپ، نۇرغۇن ياش بالىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، بالىلىرىمدىن غەم قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمىنىڭ رەھبەرلىرى ئەلەم كۈرشىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى، ئوق ۋە بومبا ئارىسىدىن بالىلىرىمنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ بىر ئېغىزلىق ياتقىدا جەم بولدۇق. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئەينى چاغدىكى بىيولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابباس بۇرھان بىلەن ئۇنىڭ ئايالى — ئۇنىۋېرسىتېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى مارىيە ھەممىمىزنى قوشۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ زاپچوزى ئابدۇباقى ھامىد بىزگە ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ تاماق بىلەتلىرىنى ۋە دوخوپكا نانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بېرەتتى. بىزگە تۇغقان كېلىدىغان كەم سۆز، ئەمما ئاق كۆڭۈل بۇ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئايالى شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بىزگە كۆپ ياردەم قىلغانىدى.

بالىلىرىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىسيانچى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئۇرۇش - جېدەل كۈچەيگەن كۈنلەردە

ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاق بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىسسىيانچىلار ھەر كۈنى ئۆيىمىزگە خىش ـ كېسەك ئېتىپ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چېقىۋېتىپتۇ. بالىلىرىمنىڭمۇ باش ـ كۆزى يارىلىنىپتۇ. ئۆيدە داۋاملىق تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بالىلار بىر كېچىسى مەسلىھەتلىشىپ ئاشخانا ئۆينى كولاپ، ئۆيىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق ئۈچ پارچە گىلەمنى، مۇشۇك ئېيىق ماركىلىق راديونى (ئۇ يىللاردا راديو ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىناتتى)، مېنىڭ سوكنار تاشلىق بولغۇن جۇۋامنى ھەم ئۆزلىرى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدىغان قوڭغۇراق سائەتنى بىر يۇڭ ئەدىيالغا يۆگەپ كۆمۈپتۇ. كولىغان يەرنىڭ خىشلىرىنى ئەسلىدىكىدەك تىزىپ ئۈستىگە ئوتۇن دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. ئەتىسى سەھەردە چوڭ ئىككى بالام ئۆينىڭ كەينىدىكى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىر قول ھارۋىسىنى ئېلىپ، بىرنەچچە قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. ساۋاقداشلىرى تامنىڭ ئارقىسىدىن ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بالىلىرىم ئۆيدىن چامادان، گىلەم، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئېلىپ چىقىپ، تامدىن ئىرغىتىپ تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە ئۇدۇل بىنادىكى ئىسسىيانچىلار ئويغىنىپ، تاش ـ كېسەك، رەگەتكە ئېتىشنى باشلاپتۇ. ئۇلار ئامالسىز جانلىرىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۆي بولسا ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق پېتى قاپتۇ.

شۇ ئاخشىمى ئۇلار ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە گىلەم، يۇڭ ئەدىيالنى سىرتتا ئولتۇرۇشلۇق بىر تەرجىماننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ئوغرىلىقچە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئۆيدىن بىر ئىككى قۇردىن كىيىم ـ كېچەك ۋە يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ دەسلەپتە ناخشىچى سالامەت خانىمنىڭ قورۇسىدا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن يەنە بىر ئىشچىنىڭ

قورۇسىدا، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى بىر دېھقاننىڭ قورۇسىدا ··· ئولتۇرۇپتۇ. ئۆي ئىگىلىرى بالىلىرىمغا ئىچ ئاغرىتىسىمۇ، «ھوقۇقدارنىڭ بالىلىرىغا ئۆي بەردىڭ» دېگەن گۇناھقا قېلىشتىن قورقىدىكەن. ئاخىرى بالىلىرىم ئامالسىز ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە پاناھلىنىپتۇ. چوڭ ئىككى قىزىم پوپايكا توقۇپ، رەبشلىيە ئىشلەپ، ئانچە ـ مۇنچە پۇل تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇكىلىرىنىڭ پارچە ـ پۇرات خىراجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپتۇ. بالىلىرىمنىڭ بىر مۇنچە قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىپتۇ، ئۇلارنى قوغداپتۇ. تاماق بىلتى يىغىپ بېرىپ، ئۇلارنى تاماق بىلەن تەمىنلەپتۇ.

ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى بوستانلىق كوچىدا ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى ئاپپاق ئاقارتىلىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھاۋارەڭ سىرلانغان چىرايلىق ھەم پاكىز بىر قورۇ بار ئىدى. بۇ قورۇدا ئەينى يىللاردىكى شەھەرلىك كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب باشقۇرغۇچىسى غازى ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ تاتار ئايالى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قىزى قىزلىرىم بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولۇپ، خىزمەتتىكى ئىككى ئوغلى تارتىپ چىقىرىپ قويۇلغانىدى. ئوقۇمۇشلۇق، كۆپنى كۆرگەن، جەمئىيەتتىكى ئىشلارغا نىسبەتەن مۇستەقىل قاراشقا ئىگە غازى ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىپتۇ. بالىلىرىم دائىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىدىغان، بەزى ئىشلاردا غازى ئاخۇندىن مەسلىھەت سورايدىغان بولۇپتۇ. ئۇلار ئۇرۇمچىگە مېڭىش ئالدىدا ئايرودۇرۇمغا بارغىچە قارشى تەرەپ تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، غازى ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىتىپ، باشقىچە ياساندۇرۇپ يولغا سايتۇ. ساۋاقداشلىرى ئۇلارنى

ئايرودرومغا ئايرىم - ئايرىم ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا، مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشى ئالدىراش - تېنەش كېلىپ، ئۇلارغا بىر تۇگەنچەكنى تاپشۇرۇپ، غازى ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەسلىدە مەن بالىلىرىمغا يامان كۈنلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل چېكى، بىرنەچچە تىللا ۋە ئالتۇن ئۈزۈك، ھالقا قاتارلىق نەرسىلەرنى قالدۇرغانىدىم. بالىلىرىم بۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي، كىچىك سىڭلىسىنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىكىپ ساقلاپتۇ ۋە بارا - بارا بۇ ئىش ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئايرودرومغا مېڭىش ئالدىدا كىچىك قىزىم غازى ئاخۇننىڭ قىزى بىلەن كىيىم ئالماشتۇرغان ئىكەن. كېيىن ئۇ قىزچاق چاپان ئىچىدە قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، سۆكۈپ باقسا، ھېلىقى تۇگۈنچەك چىقىپتۇ. قىزچاق تۇگۈنچەكنى ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئالىيجاناب ئادەملەر شۇ ھامان ئۇنى ئۆز پېتى بالىلىرىمغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ...

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھېلىقى تەرجىمان: «سىلەر ئېلىپ كىرگەن گىلەمنى ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كەتتى» دەپ بالىلىرىمغا ئۆينىڭ بۇرجىكىدىكى بىر تۆشۈكنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بالا باققۇچى ئايال بولسا غۇلجىغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى: «سىلەر ئېلىپ كىرىپ قويغان ئىككى چامادانىنى ئىسيانچىلار كىرىپ بۇلاپ كەتتى» دەپتۇ.

بالىلىرىم كۆمگەن نەرسىلەرچۇ؟ ئۇلار ساق تۇرغانمىدۇ؟ مەن خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ياخشى ئۆتۈشكەن كىشىلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلاردىن جاۋاب كەلدى:

بالىلىرىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىرنەچچە كۈنگە قالماي ئۆيىمىز قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. كېيىن ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھوقۇق

www.uyghurkitap.com



تالىشىپ، ئۆزئارا قورallıق جەڭ قىلىشقاندا، جەسەتلەرنى قويىدىغان يەر يوق، ئاشۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ قويۇپتۇ. جەسەتلەرنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدا، ئاشخانىغا ئەكىرىپ يۇيۇپ، سۇيىنى يەرگە تۆكىۋېرىپتۇ ··· ۋالىي مەھكىمىسىدىكىلەر مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىر ئاخشىمى ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئاشخانىنى كولاپ، كۆمۈلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ قارىسا، ھەممە نەرسە نەملىشىپ، چىرىپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەنىكەن.

20 نەچچە يىللىق ئۆي ـ بىساتىمنىڭ ۋەيران بولغانلىقى مېنىڭ ئېچىندۇردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى دادامدىن قالغان نەچچە يۈرۈش مىس لېگەن، مىس جىمبىللەرگە ئىچىم ئېچىشتى، لېكىن ئالدىمدا قاتار چوڭ بولۇۋاتقان تۆت بالامنى ئويلىغىنىمدا، ئۇ نەرسىلەر كۆزۈمگە كۆرۈنمەي قالاتتى. «بالىلىرىم ساق ـ سالامەت قالدىغۇ، مەنمۇ ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپتىمەنغۇ» دەپ كۆرگەن كۈنۈمگە شۈكۈر قىلاتتىم.

ئەتىياز كىرىپ، ھاۋا ئىللىشى بىلەنلا بىر قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا بالىلىرىم بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ شېكەر باسقان ماشىنا ئىدى. بىر خالتىنىڭ يىرتىلغان يېرىدىن توختىماي شېكەر تۆكۈلەتتى، ماشىنىدىكىلەر شېكەرنى تولا يەپ شېكەردىن چىقىپ كەتكەنىدى.

قەشقەردە تۇغقانلارنىڭ يېنىدا بىرنەچچە ئاي تۇردۇق. باللىرىم بالدۇرراق خوتەنگە قايتتى. مەن 1968 ـ يىلى كۈزدە قايتتىم. كىرا ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈشۈم بىلەنلا ئىسيانچىلار بوينۇمغا 50 جىڭلىق تۆمۈر تاختا ئېسىپ كوچا ئايلاندۇردى. شۇ ئاخشىمىسىلا خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا قاماپ قويۇلدۇم. دەسلەپتە ئايرىم بىر كامېرغا قامىدى، دەسلەپكى كۈنلىرى ساقچى، نازارەتچىلەرنىڭ ئەلپازىغا قاراپ مېنى ھېلىلا ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ

ئويلىدىم، ئۇچىنچى كۈنى ساقچىلار بىر يوگەم يوتقان ـ كۆرپىنى ئالدىمغا تاشلاپ: «يوتقان ـ كۆرپەڭنى كۆتۈر، باشقا كامېرغا يۆتكەيمىز!» دېدى. قارىسام، ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرى ئۆيدە ئىشلەتكەن نەرسىلىرىم ئىكەن. ئۇلارنى كۆرۈپ، دېمەك، ھازىرچە مېنى ئاتمايدىكەن، دەپ ئويلاپ بەك خۇش بولدۇم. ھايات نەقەدەر قىممەتلىك ـ ھە؟ قاراڭغۇ كامېردا ياشىساڭمۇ، ئادەمسىز چۆل ـ باياۋاندا ياكى نەچچە يۈز مېتىر يەر ئاستىدا ياشىساڭمۇ، يۈرىكىڭنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغىنى، نەپەس ئېلىپ، تەپەككۇر قىلىپ، شادلىنىپ ياكى قايغۇرۇپ تۇرغىنىڭنىڭ ئۆزى غەلىبە ئەمەسمۇ!

ئەنە شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە يېڭى كامېرغا قەدەم قويدۇم. تارغىنا ئۆيدە چىرايى تامدەك تاتارغان، ھەر مىللەت، ھەر خىل ياشتىكى بەش ئايال ماڭا ھېسسىياتسىز نەزەردە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ سېمونت ئۈستىگە سالغان ئورۇنلىرى ئىشىك ئالدىدىكى تەرەت تۇڭىنىڭ يېنىغا قەدەر سوزۇلغانىدى. نازارەتچى: «ئورنۇڭلارنى سۈرۈپ ماۋۇنىڭغا ئازراق يەر چىقىرىپ بېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ، ئىشىكنى جالاقشىتىپ ئېتىپ چىقىپ كەتتى. ئاياللار مىت قىلىپ قويماي، بېشىمدىن ئايىغىمغا قەدەر دۈشمەنلىك نەزەرىدە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ماڭا ئازراق يەر چىقىرىپ بەرسەڭلار، ئورنۇمنى سېلىۋالسام، — دېدىم. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇپ يەنە مىت قىلمىدى. ئىككىنچى قېتىم ئېغىز ئېچىشىمغا بەش ئايال يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار خۇددى ئۆچىنى، ئاچچىقىنى چىقىرالماي تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە يېتىشىغا مەن سەۋەبچىدەك بار كۈچى بىلەن ئۇراتتى.

— ئادەم بارمۇ، قۇتقۇلدۇرۇڭلار!

مەن دەرۋازىنى جالاقشىتىپ تۇۋلىدىم. نازارەتچى يېقىنلىشىشىغا ئاياللار دەرھال جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

نازارەتچى ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن يۈگەكلىك يوتقان ـ كۆرپەمنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئولتۇردۇم. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئايال كىشىدىن، يەنە كېلىپ مۇنداق ئايالاردىن تاياق يېيىش قاتتىق هار كەلگەن بولسىمۇ، پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ، ئۇلارغا كۆز يېشىمنى كۆرسەتمىدىم. ئىچىمدە قورقۇپ تۇرسامىمۇ، ئۇلار بىرنى دېسە ئىككىنى دەپ زاكۇن بىلەن ھەيۋە قىلىپ تۇردۇم. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى. ئورنۇم تەرەت تۇڭىنىڭ يېنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن يوتقان ـ كۆرپىلىرىمگە تەرەت ئېقىپ كېتەتتى، كېچىسى سېسىقچىلىقتىن ئۇخلىيالمايتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئىشىكنى جالداقشىتىپ ئۇرۇپ:

— مەن گۇناھسىز، مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە سولاپ قويىسىلەر! مېنى قويۇپ بېرىڭلار، چىقىپ باللىرىمنى باققىلى قويۇڭلار، ئۇلارنىڭ مەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق! — دەپ توۋلايتتىم.

بىر كۈنى 50 ياشلاردىكى خەنزۇ ئايال مەندىن:

— نەچچە بالاڭ بار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— تۆت بالام بار.

— باللىرىڭنىڭ دادىسىچۇ؟

...

بالا توغرىسىدىكى پاراڭنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس توسۇق غايىب بولۇپ، ھەممىمىز ئايالىق ئەسلىمىزگە يانغاندەك بولدۇق. مۇڭدىشىپ ئىچ ـ قارنىمىزنى تۆكۈشتۇق. چوڭ ياشلىق ئايال شياڭگاڭغا قاچاقچى بولۇپ تۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. ياشراق خەنزۇ ئايال بىلەن ئىككى ئۇيغۇر چوكان ئېرىنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغانىكەن. يەنە بىر خەنزۇ ئايال ئوت قويغان ۋە يەنە قانداقتۇ باشقا جىنايەتلىرى بىلەن تۇتۇلغانىكەن.

— ئىسسىت، مېنىڭ چۆچۈرىدەك ئۈچ بالام بار ئىدى، شۇ باللىرىمنى بىر كۆرۈۋېلىپ، ئېتىلىپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى!

چىرايلىق ياش چوكاننىڭ يىغىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغلىشىپ كەتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدا بىر ھەربىيگە بۇزۇلۇپ، ئېرىگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر چوكاننىڭ ھېكايىسى خوتەنگە پۇر كەتكەنىدى، ئۇ ھېكايە مۇشۇ چوكاننىڭ ھېكايىسى ئىكەن. ئايال دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۇ باشقا ھەممە نېمىدىن كېچەلەيدۇ. «بالام» دەۋاتقان چېغىدا ھەرقانچە تاش يۈرەك ئايالنىڭمۇ يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقىدۇ. شۇڭا بالا ھەققىدىكى پاراڭ ئۇلارنى ئاسانلا بىر يەرگە ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ماڭا بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىرىپ بەردى ۋە ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. مېنىڭ رېماتىزم كېسىلىم بار ئىدى. تۈرمىدە كۆن كۆرمەي، سوغۇق سېمونت يەردە ئۇزاق ياتقانلىقتىن، پۇت ـ قوللىرىم ئاغرىپ ناھايىتى قىينىلاتتىم، ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ پۇت ـ قوللىرىمنى تۇتۇپ قوياتتى. خەنزۇ ئايال «ئىچكىرىدىكى تۈرمىلەردە ھەر كۈنى ئاپتاپسىنغىلى ئېلىپ چىقاتتى» دەپ ئىچكىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرەتتى. مەنمۇ ئۇلارغا لايىقىدا تەسەللى، تەربىيە بېرەتتىم.

بىر كۈنى كېچىسى تۈرمە سىرتىدىكى كارىدوردا بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئالدىراپ ماڭغان، گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ «باشلىق ئۇنداق، باشلىق مۇنداق... » دېگەندەك گەپلىرىدىن تۈرمىگە بىرەر ئەمەلدارنىڭ كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەن ئادىتىم بويىچە كامېر ئىشىكىنى جالاقشىتىپ توۋلاشقا باشلىدىم. ھېلىقى باشلىق مەن ياتقان كامېرغا يېقىن كېلىپ، «توۋلاۋاتقان كىم؟ ئۇ نېمىشقا توۋلايدۇ؟» دەپ سورىدى.

نازارەتچىلەر: «سەلىمە تالىپ مۇشۇ يەردە، ئۇ ماڭا ناھەقچىلىك بولۇپ كەتتى دەپ توۋلاۋاتىدۇ» دېيىشتى. باشلىق كامېر ئىشكىنى ئاچقۇزۇپ، قول چىراغنى يېقىپ قاراپ، مېنى تونۇيالمىدى، ئەمما مەن ئۇنى تونۇۋالدىم، ئۇ شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى سىلىڭيۈەن ئىدى. مەن دەرھال: «سىلىڭيۈەن، مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟ بىز كۆپ قېتىم بىللە يىغىنلارغا قاتناشقان، ھەر يىلى چاغاندا بىز سىلەردىن ھال سوراپ باراتتۇق!» دېدىم. سىلىڭيۈەن شۇ چاغدىلا مېنى ئېسىگە ئالدى ۋە مەندىن قانداق تەلىپىم بارلىقىنى سورىدى. مەن: «مەن ناھەق سولاندىم، سالامەتلىكىم ناچارلىشىپ كەتتى، باللىرىم ۋەيرانچىلىقتا قالدى، مەسىلەمنى دەرھال ئېنىقلاپ، بىر تەرەپ قىلىپ بەرسەڭلار. يەنە بىرى، باللىرىم بىلەن كۆرۈشتۈرسەڭلار. مېنىڭ ماغدۇرۇم تۈگەپ كەتتى» دېدىم. مېنىڭ مائاشىمنى توختىتىۋەتكىلى ئۇزاق بولدى. باللىرىم قانداق جان باقىدۇ، ئۇلارغا تۇرمۇش پۇلى ھەل قىلىپ بەرسەڭلار» دېدىم. ئۇ ماڭا بىر مۇنچە تەسەللى بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، 15 كۈندە بىر قېتىم باللىرىمدىن كەلگەن خالتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان بولدۇم. خالتىدىن توقاچ، قورۇغان گۆش، گۆشنان، يەل ـ يېمىش، دېگەندەك نەرسىلەر چىقاتتى. مەن باللىرىمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گېلىدىن قىسىپ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ماڭا ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتەتتىم. خالتىدىكى نەرسىلەردىن كامېرداشلىرىمغىمۇ بەرسەم، ئۇلارمۇ يىغلىشىپ كېتەتتى ۋە: «سىزنىڭ باللىرىڭىز بەك ياخشى، بەك ۋاپادار ئىكەن» دەپ كېتەتتى.

ئاخىرى تۇرمە ھويلىسىدا باللىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. بىر پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ھەممىمىز چىڭ قۇچاقلىشىپ، بىر جان ـ بىر تەن بولۇشۇپ كەتتۇق. يىغىدىن ئاغزىمىز گەپكە كەلمەيتتى. يىغلاپ بولۇپ باللىرىمغا بىر ـ بىرلەپ سەپسېلىپ قارىسام،

ھەممىسى ئورۇقلۇقتىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ كېتىپتۇ. كىيىملىرى كونا، ئاياغلىرىدىن پۇتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ… باللىرىم يەنىلا ساق ـ سالامەت ئىكەن، دەپ خۇشال بولدۇم. ئىدارىنىڭ ئۇلارغا ھەر ئايدا 50 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خاتىرجەم بولدۇم…

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، ۋالىي مەھكىمە قورۇسىدىكى خەتەرلىك ئۆي ھېسابلىنىپ، ئادەم ئولتۇرۇش چەكلەنگەن بىر كونا ئۆيدە باللىرىم بىلەن جەم بولدۇم. ئەتىسىدىن تارتىپ ۋالىي مەھكىمىسىدىكى «جىن ـ شەيتانلار» قاتارىدا يېڭى ياسىلىۋاتقان يولغا زەمبىلدە شېغىل توشۇدۇم. ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قاپقىدىن قار ياغىدىغان نازارەتچىلەرنىڭ مۇئامىلىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدى. ئىلگىرى بىردەم ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرسام تىللاپ، دۆشكەلەپ كېتىدىغانلار ئەمدى «خانىم، بىردەم ئولتۇرۇۋالسىلا» دېيىشىپ كېتىدىغان بولدى. بىر كۈنى بىرسى يېنىمغا كېلىپ: «خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنىڭ مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بوپتۇ، ھېچقانداق چاتاق چىقماپتۇ» دېدى. ئۇزاققا قالماي يېڭى ئۆيگە كۆچتۇق. دەل شۇ كۈنلەردە ۋىلايەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. مەن ۋەكىل بولۇپ قۇرۇلتايغا قاتناشتىم. شۇ قۇرۇلتايدا نامىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدۇم. مەن ئۆتكەن كۈنلەرنى، قاباھەتلىك چۈشلەرنى ئۇنتۇپ، خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىشكە تىرىشىۋاتقان كۈنلەردە، يۇرتۇم ياپچاندىكى بىر نەۋرە تۇغقىنىمدىن خەت كەلدى. نەۋرە تۇغقىنىم گۇڭشې مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇ خېتىدە خوتەن ناھىيەلىك سانائەت بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن، پومېشچىك قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئىنىمنىڭ ئەمگەك ۋە تاياق تۈپەيلى ئاغرىپ، ھاياتىدىن ئايرىلىش گىردابىغا بېرىپ

قالغانلىقى، داۋالانغۇدەك پۇلى يوقلىقى ··· قاتارلىقلارنى يېزىپتۇ. مەن خەتنى ئوقۇپ ئۇزاق ئويلاندىم: مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىر تاللا ئىنىم بار. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش مېنىڭ ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىم. ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە تۇرغاندا ياردەم قىلمىسام، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، مەن ئۆمۈرۋايەت ۋىجدان ئازابى تارتىمەن. ئەگەر ياردەم قىلسام، بۇنى تەشكىل بىلىپ قالسا، بۇگۈنكى ئورنۇمنى ساقلاپ قالالمايمەن. تۆت بالام يەنە قېقىندى ـ سوقۇندى بولىدۇ ··· مەن نەۋرە تۇغقىنىمغا مەلۇم بىر بازار كۈنى ئىنىمنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ قېلىشنى، يېرىم كېچىدە بىر شوپۇر ئىزدەپ بارىدىغانلىقىنى، ئىنىمنى شۇ شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قويۇشنى تاپىلاپ خەت يازدىم. مەقسىتىم ئاخۇن ئىسىملىك ئۇ شوپۇر قىزلىرىمنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، ئىلگىرى جاپالىق كۈنلەردىمۇ بىزگە كۆپ ياردەم قىلغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ مۇز داۋان يولى ئارقىلىق غۇلجىغا قاتناۋاتاتتى. غۇلجىدا توختاخۇن تاغام ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بار ئىدى ··· ئاق كۆڭۈل شوپۇر يېڭىت غۇلجىدىن ئىنىمنىڭ ۋە تاغامنىڭ دۇئايى سالىمىنى ئالغاچ كەلدى. ياپچاندىن قېچىپ كەتكەن پومپىشچىك تۇردى تالىپنى سۈرۈشتۈرۈپ ئادەم كەلگەندە، مەن ئۇلاردىن ئىنىمنى قانداقلا قىلمىسۇن تېپىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار ئىنىمنى تاپالمىدى، ئىنىم ئۇ چاغدا غۇلجا تاغلىرىدا كۆمۈر كاندا ئىشلەۋاتاتتى.

مەن 1973 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنىڭ شاھىتى بولغان خوتەندىن ـــ جاپالىق كۈنلەردە بىزنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرگەن ئاق كۆڭۈل، قەدىردان كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئانا يۇرتۇم قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلدىم.

مانا، ئالدىمدا 20 ـ ئەسىر ئاياللار مۇزېيىغا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى بېرىلگەن تاۋار

تاشلىق گۇۋاھنامە تۇردۇ. ئۇنىڭ بەتلىرىگە ئالتۇن ھەل بىلەن: «ھۆرمەتلىك سەلىمە تالىپ خانىم، سىزنىڭ تارىخىڭىز 20 ـ ئەسىر ئاياللىرىنىڭ ئېغىزچە تارىخ مۇزېيى تەرىپىدىن ساقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇشبۇ گۇۋاھنامە بېرىلدى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. گۇۋاھنامە بىلەن قوشۇپ ساقلانغان زىيارەت خاتىرىسىدە زىيارەت قىلغۇچى چېن خانىم (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سابىق جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى) بىلەن شى خانىم (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەھرىرى) نىڭ ۋەزىنلىك سوئاللىرى، ھاياجانلىرى ۋە باھالىرى، ئاپامنىڭ شادلىق ۋە قايغۇسى، ئارزۇ ـ ئارمان، ھەسرەت ـ نادامەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆمۈر ئەسلىمىسى قىسقىچە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق قۇرلار بار:

«چېن خانىم: سەلىمە خانىم، سىزنىڭ ھاياتىڭىز ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. سىز ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلىنى، ئوتتەك ياشلىقىڭىز ۋە يۈرەك قېنىڭىزنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا، ئىنقىلابقا، بىز ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئازادلىقىغا، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىڭىزگە بېغىشلاپسىز. سىز ئۇلۇغ ئايال ھەم ئۇلۇغ ئانا بولۇشقا مۇناسىپسىز… »

مەن ئاپامنىڭ ياشقا تولغان قارا كۆزلىرىنى، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ مۇشۇ ھاياجانلىق تۇرقى ماڭا ئاجايىپ تونۇش. كىچىك چېغىمىزدا قاتتىق ئاغرىق تۈپەيلى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئاپام تۆتىمىزنى دوختۇرخانىغا چاقىرتىپ، چەكسىز ئازاب ۋە قىيالماسلىق ئىچىدە بىز بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان چېغىدا: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى بىر ئاخشىمى ئاددىي كىيىنىپ، كىچىككىنە قارا سومكىسىنى ئېلىپ قاچان قايتىشى نامەلۇم يىراق سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا؛ ياشانغان مەزگىللىرىدە ھەر قېتىم ئاپامنى يوقلاپ

كېلىپ، بىرەر ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتماقچى بولسام: «مۇشۇنداق ئالدىراپ كېتەمسەن؟ كېلەر يىلى سەن كەلگىچە مەن بارمۇ ـ يوق… » دەۋاتقان چاغلىرىدا؛ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە پۇت ـ قولىنى مىدىرلىتىشقا قۇربى يەتمەي، نە بىر ئېغىز گەپ قىلالماي، بىزگە تەلمۈرۈپ قاراپ ياتقان چاغلىرىدا … ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەنە شۇنداق ياشقا تولغانىدى، لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھېسسىياتىنى ئاشكارىلىمايتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقى بىزگە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئاپام ئاجايىپ قەيسەر ئايال ئىدى.

بىر ئايال ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز تۆت بالىنى تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشۇش ئاسان ئىش ئەمەس. ئاپامنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەتتىكى ئاياللىقتىن، ئانىلىقتىن ھالقىغان تۇغما بىر خىل كۈچ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ باي ئائىلىنىڭ خېنىمى بولۇشتىن ۋاز كېچىپ، دەۋرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرى قاتارىدا ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ھەقىقەت ئىزدىگەن. قەيسەرلىك بىلەن ئەينى دەۋردە ھېچقانداق ئايال مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىغان تىكەن ـ چاتقاللىق يولغا قەدەم قويۇپ، داغدام ھايات يولىنى ئاچقان ۋە ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىگىسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان…

ئۇ ئەزەلدىن ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايتتى. ئەكسىچە، قانچىكى قىيىنچىلىق ئىچىدە قالسا، شۇنچە جانلىنىپ، ھاياتىي كۈچكە تولاتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇ نەچچە يۈز كىشىلىك يىغىنلاردا كۈرەش ـ تەنقىد قىلىنغاندا، تاياق، تىل ـ ھاقارەت، بېسىملارغا قارىماي غۇرۇرى ۋە ھەقىقەتنى قوغدىغانىدى. بىز ئۇنىڭغا ئىچ

ئاغرىتىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى راست دەپ ۋاقتىنچە ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا دەۋەت قىلساقمۇ،، ئۇ قەتئىي رەت قىلاتتى.

ئۇ ئۇزاق يىل رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپمۇ مال ـ دۇنياغا ھەۋەس قىلمىغان، پاك ـ دىيانەتلىك ياشىغان. ھەتتا 20 ـ 30 يىللىق بىساتىدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىدىمۇ كۆكسى ـ قارنىنىڭ دەريادەك كەڭلىكى ۋە مەردلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇ تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل ئىدى. ئاددىي كىيىنەتتى، بىز بىلەن بىللە ئەڭ ئاددىي غىزالارنى يەيتتى، راھەت ـ پاراغەتكە ئىنتىلمەيتتى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدىغان «جاپاكەش ۋالىي» ئىدى. بىز پەرزەنتلىرىگىمۇ ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە ئاپامنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە يەنە ياڭرىدى، ئۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتلىرىدىكى بوغۇق، ئەمما ھاياجانلىق ئاۋازى ئىدى:

···ھاياتىمدا پەخىرلىنىدىغان، مەمنۇن بولىدىغان ئىشلىرىم ئاز ئەمەس، پۇشايمانلىرىم، ئاچچىق ساۋاقلىرىممۇ كۆپ. خىزمەت ئورنۇمنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە زېھنىي كۈچۈمنى خىزمەت ئىگىلەپ كەتكەنلىكتىن، تۇرمۇشتا لاياقەتلىك ئانا، لاياقەتلىك خوتۇن بولالمىدىم. مەن بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىمەن. لېكىن مەن يەنە ئۆزۈمنى تەلەيلىك دەپ ھېسابلايمەن. كىچىكىمدە ئاتا ـ ئانام مېنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلىدى، كېيىن ئېرىمنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ يېتەكلىشى، ياردىمىگە ئېرىشتىم. كوممۇنىستىك پارتىيە مېنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرقى زامان تارىخى، ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر،

www.uyghurkitap.com



پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار، داڭلىق رەھبەرلەر بىلەن ئۇچراشتىم، تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزى، ئىش - ھەرىكىتى، خىسلىتى قەلبىمدە ساقلىنىپ قالدى ۋە مېنىڭ ئۆزۈمگە تەلەپ قويۇشتىكى ئۆلچىمىم بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمنى ھالاللىق بىلەن ئادا قىلدىم. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بىر كوممۇنىست، رەھبىرىي كادىرى خۇددى زور دەۋر پاراۋۇزىنىڭ بىر تال ۋىنتىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ماڭغان يولى، تۆھپە - سەۋەنلىكلىرى ۋە تەقدىرى ئاشۇ پاراۋۇز تەرىپىدىن، دەۋر ئېقىمى ۋە زور تارىخىي مۇقەررەرلىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھېچكىم بۇنىڭ سىرتىدا قالالمايدۇ. ئەلۋەتتە، مەنمۇ خىزمەتتە ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىشتىن خالىي بولالمىدىم. مەسىلەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ بېشىدا، مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولدۇم. دەسلەپتە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا گۇناھسىز كىشىلەر تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغاندا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن مۇشۇنداق ئىش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ «ئىنقىلاب» تېخىمۇ پاجىئەلىك تۈستە مېنىڭ ۋە ماڭا ئوخشاش تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلدى. ئەنە شۇ چاغدىلا، مەن بۇ ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. ئەمما مەن بۇ دۇنيادا ناھەقچىلىق، ئۇۋالچىلىقلارنىڭ ھامان تۈزىتىلىدىغانلىقىغا، ھەقىقەتنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويمىدىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتقان جاپالىرىم ۋە زىيانلىرىم ئۈچۈن بىر كىملەردىن رەنجىپ يۈرمىدىم. ئۇ يىللاردا ھەممىمىز ئەنە شۇنداق نادان ئىدۇق. ئاقىللارمۇ بار بولغىنىتى، ئەمما ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە ئاقىل بولۇۋېلىش

كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

مەن 1973 ـ يىلى قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدىم. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ھەم 80 ـ يىللاردا بىر نەچچە قارارلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ، يىغىنلاردا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى، مۇھىت، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ بۇلغىنىشى، يېتىم بالىلار مەسىلىسى قاتارلىق تېمىلاردا تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردىم. مەن ھەر يىلى بىر قېتىم ئۇرۇمچىگە كەلگىنىمدە ئۇرۇمچىنىڭ كۈنسايىن ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، روھىي قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى كۆرەتتىم. بۇ يىللاردا بالىلىرىممۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ چوڭ ئادەملەرگە ئايلاندى. ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولدى. ئىلگىرى تونۇش ـ بىلىشلىرىمنىڭ نەۋرە بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم ئىچىم پۇشاتتى، ئەمدى ئۆزۈممۇ نەۋرىلىرىمدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، قېرىلىق ۋە بالا ـ چاقىلىرىمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، خىياللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دادامنىڭ قېنىدىن مىراس بولۇپ قالغان ئۆي سېلىش ھەۋىسى ۋۇجۇدۇمدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. مەن قوناق بازىرى[1] دىكى بىر تار كوچىدىن كىشىلەر ۋاقىتلىق ھاجەتخانا ۋە ئەخلەت تۆكىدىغان جاي قىلىۋالغان بىر پارچە يەرنى سېتىۋېلىپ، ياپچاندا ساقلىنىپ قالغان ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز ئۆيىمىزنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنى توشۇپ كېلىپ، ئۆي سالدۇرۇشقا باشلىدىم. ئۆينىڭ ئاساسىي قىسمى بىرنەچچە ئايدا

① قەشقەر شەھىرىدىكى كوچا. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

پۈتتى، لېكىن قالغان قىسىملىرى ۋە ياساق ـ جابدۇقلىرى ئىككى ـ ئۈچ يىلدا ئاران تەييار بولدى. ئىككى قەۋەتلىك ئەپچىلگىنە ئۆي پۈتكەندە، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاپىرىن ئېيتىشتى.

بۇ ئۆي مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بالىلىرىمغا قالدۇرغان بىردىنبىر يادىكارلىقىم بولۇپ قالدى.

تارىخ چاقى توختىماي چۆرگىلەپ 90 ـ يىللارمۇ كىرىپ كەلدى. بۇ يىللاردا مەن قېرىلىقنى، كېسەللىك، يالغۇزلۇق، زەئىپلىشىۋاتقان تەن ۋە ئەسەبىي ئۆلۈم بىلەن توختىماي ئېلىشىشنى باشتىن كەچۈردۈم. بۇ ھەربىر ئىنسان يەككە ـ يېگانە باشتىن كەچۈرىدىغان، بېشىغا كەلمىگىچە ھېچكىم ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان رەھىمسىز جەريان، ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىدى.

دىئابىت كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى، قان تومۇرلىرىمنىڭ قېتىشىشى ۋە باشقا بىر مۇنچە كېسەللىكلەر تۈپەيلى كۈنلىرىم كارىۋات ئۈستىدە دېگۈدەك ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مىجەزىمنىڭمۇ بارغانچە خاپىغان، سەپرا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئاخشىمىلا ئەمەس، كۈندۈزلىرىمۇ يالغۇزلۇقتىن قورقاتتىم. يېنىمدا بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى قىز نەۋرەملا بار ئىدى. كۈندە ئەتىگەندە تاڭ خىرە ـ شىرە يورۇشى بىلەن مەن ئۇنى ئويغىتاتتىم. ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ چىقىپ سۈت، ئۆزىدىن يوغان چايداندا قايناق سۇ ئېلىپ كىرەتتى. چۈشتە سىفەن شۆيۈەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان چوڭ قىزىم دەرستىن چۈشۈپ كېلىپ، تاماق ئېتىپ بېرەتتى. ئارىلىق يىراق، يول ناچار ئىدى. قىزىمنىڭ كۆزى تازا ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتتە كېلىۋېتىپ، بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ بولاتتى. كەچتە يەنە نەۋرەم بىلەن

قالاتتىم. ئوغلۇم قوناق بازىرىدىكى ئۆيدە ئولتۇراتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتقاچ، مېنى بىر يوقلاپ ئۆتەتتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىراپ چىقىپ كەتمەسلىكىنى، يېنىمدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى تىلەيتتىم. شۇڭا كېتىۋاتقان يېرىدىن چاقىرتىپ ئاللىقانداق ئۇششاق ئىشلارنى تاپشۇراتتىم. ئۇ خاپا بولسىمۇ، بەزىدە ۋارقىراپ قويسىمۇ، كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ـ دە. ئوغلۇم چىقىپ كەتكەندە، نەۋرەم بىلەن ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تاقاپ ئۇخلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتۇق. مەن يوغان ئۆيلەردە مېڭىپ يۈرۈپ، ئۆيۈم بالىلىرىم بىلەن تولۇپ تۇرغان كۈنلەرنى سېغىناتتىم. قېنى شۇلار ئەمدى؟ ئاتا ـ ئانا بولغۇچى مىڭبىر جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ، بالىلىرىمىزنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىدىكەنمىز، ئەمما بىزنىڭ بالا مېھرىگە ئەڭ تەشنا بولۇۋاتقان چاغلىرىمىز ئۇلارنىڭمۇ ئۆيۈم، بالام دەپ چېپىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرى بولىدىكەن. ھەممىمىز بالا مېھرىگە قانماي، «بالام! بالام» دەپ ئۆتىدىكەنمىز. مەن ھەر يىلى يازلىق تەتىلنى زارىقىپ كۈتىمەن. چۈنكى تەتىل كەلسە، ئۈرۈمچىدە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چوڭ نەۋرەم كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىككىنچى قىزىم ئىككى بالىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆي ئادەمگە لىق تولغان مۇنداق چاغلاردا ساقىيىپ، جانلىنىپ قالغاندەك بولىمەن. بالىلىرىمغا كىچىك ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىگەن مېھرىبانلىقلىرىمنى نەۋرىلىرىمگە يەتكۈزۈشكە ئالدىرايمەن. ئۇلار كېتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشكەندە، مەيۈسلىنىپ «ئۇزاقراق تۇرساڭلار بولمامدۇ» دەيمەن، ئەمما تۇرالمايدىغانلىقى ماڭا ئېنىق ئىدى. مەن ئۆيدە ئەخلەت ۋە قالايمىقانچىلىقلار، كۆڭۈل ئاغرىقى، رەنجىشلەر بولماسلىقى كېرەك، دېگەندەك ئىرىم ـ سىرىملارغا قاتتىق ئىشىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئۇلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مەشىنىڭ كۈللىرىنى، ئەخلەتلەرنى پاكىز تۆكتۈرىمەن، ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىمنى يوللۇق تۇتۇپ ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى ئويلايمەن، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ يوللىرى راۋان، كۆڭۈللىرى ئوچۇق بولۇشىنى تىلەيمەن. ئۇلار كېتىپ ئۆي يەنە ھۇۋۇلداپ قالىدۇ. مەن يالغۇزچىلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىمنى، پۈتكۈل ھايات مۇساپەمنى ئەسلەپ چىقىمەن. مەن ھاياتىمدا ئۈچ قېتىم ياتلىق بولدۇم. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ھېسسىيات، پىكىر بىرلىكى بولمىغان نىكاھتىن قىلچە ئىككىلەنمەي ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭدىن ئەپسۇسلانمايمەن. ئۈچىنچى قېتىمدا بەختىمنى تاپقاندەك بولغان ئىدىم. بىراق، بۇ بەختمۇ ئىشەنچسىز بولۇپ چىقتى. مەن ئائىلە بەختىنى ياكى خىزمەتنى تاللاشتىن ئىبارەت ئاچا يولغا دۇچ كەلگەندە، خىزمەتنى تاللىدىم. ھېسسىيات، بىرلىك بۇزۇلغان، سەمىمىيەتسىز ئائىلە تۇرمۇشىدىن يالغۇزلۇقنى ئەلا كۆردۈم. مەن بۇنىڭدىنمۇ ئەپسۇسلانمايمەن. 30 نەچچە ياش ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ ئەنە شۇنداق يالغۇز ياشاپ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن كىشىلەر ئويلىغاندەك تۇرمۇشنى ئويلىمايدىغان ھېسسىياتسىز ئايال ئەمەس ئىدىم. مەن ئۆمۈرۋايەت سەمىمىي ھېسسىياتقا، چۈشىنىشكە تەشنا بولۇپ ئۆتتۇم، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم. ياش ۋاقىتلىرىمدا ماڭا تەلەپ قويغۇچىلار چىقتى، ئەمما، باللىرىم خارلىنىپ قالارمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە قايتا ياتلىق بولۇشقا پېتىنالمىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ تۆت بالا بىلەن ياتلىق بولۇش ئاسان ئىش ئەمەستە.

باللىرىم چوڭ بولۇپ ئۆز يولىغا كېتىشتى، نەۋرىلىرىممۇ مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولۇپ، مەكتەپكە كىردى. مانا ئەمدى ئۇزۇل - كېسىل يالغۇز قالدىم. يالغۇزلۇق ماڭا ئۆزىنىڭ نەقەدەر مۇدھىش، رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا، بارغانچە چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئەتراپىمغا

قارىساڭ، سېنى قورشاپ تۇرغان مۇزدەك سېمونت تام، ساڭا پەقەت سائەتنىڭ «چىك ـ چىك، چاك ـ چىك» قىلىشىلا ھەمراھ. ئۇ ساڭا كۈنلىرىڭنىڭ ساناقلىقلا قالغانلىقىنى ئەسكەرتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. نەۋرەم مەكتەپتىن قايتىمىكىن، باللىرىمنىڭ بىرەرسى ئىشىكنى چېكىۋاتامدىكىن، دەپ ئىشىككە تەلمۈرگىنىڭ تەلمۈرگەن، ئەمما ساڭا ئاغزىڭنى ئېچىپ تۇرغىنى يەنىلا يالغۇزلۇق، سېنىڭدىن دائىم ئايرىلالمايدىغىنى كېسەللىك.

باللىرىم بىلەن ئوتتۇرامدا قېلىن بىر تام بار، بولۇپمۇ يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تام بارغانسېرى قېلىنلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇلار بىلەن مۇڭداشقۇم، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېگۈم كېلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى، كۆڭۈل بۆلىدىغىنى باشقا، ئۇلار مەڭگۈ ئالدىراش. يەنە نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئوخشىمايدىغان ئىككى دەۋرنىڭ ئادىمى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق بولامدۇ ياكى مەنمۇ ياش ۋاقتىلىرىمدا خىزمەت دەپ ئالدىراپ يۈرۈپ باللىرىم بىلەن پىكىر ـ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسىمۇ بۇ؟

ئەمەلىيەتتە، مەن باللىرىمدىن ئاغرىنمايمەن. ھەتتا ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن. ئۇلار سەمىمىي، كەسىپچانلىقى يۇقىرى، مەسئۇلىيەتچان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلدى، كىچىكىدىن تارتىپ مېنىڭ ئورنۇمغا ئەمەس، ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايانىدى، مەن ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولالمىدىم. ئۇلارنى چۈشىنىشىم يېتەرسىز بولدى. چوڭ قىزىم بىلەن كىچىك قىزىم تۇرمۇشتا بەختسىزلىككە يولۇققاندا، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلمىدىم ياكى ئامالسىز قالدىم. مەن ئۆز تۇرمۇش قارىشىم ۋە پىرىنسىپىمنىڭ ھەممىلا ئادەمگە مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاياللارنىڭ سەۋر ـ

www.uyghurkitap.com

تاقەت، ئەپۇچانلىق بىلەن ئۆز بەختى، غايىسى ۋە قابىلىيىتىنى ئۇنى - تىنىسىز قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئائىلىسىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىشقا رازى بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى، مېنىڭ بەختسىزلىكىمنىڭ مەنبەسىمۇ دەل شۇنداق قىلالمىغانلىقىمدا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى كېچىكىپ چۈشەندىم. بىراق، ناۋادا مەن يەنە بىر قېتىم دۇنياغا كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسەم، يەنىلا شۇ يولۇمدا ماڭىمەن. ھېسسىياتسىز، سەممىيەتسىز تۇرمۇشتىن قىلچە ئىككىلەنمەي ۋاز كېچىمەن، مەن ھەرگىزمۇ ئۆز غايەم ۋە قابىلىيىتىمنى قۇربان قىلىپ، تۆت تام ئىچىدە ياشايدىغان ئائىلە ئايالى بولالمايمەن. پەقەت ياشىراق ۋاقتىمدا ئۆزۈمگە مۇۋاپىق ھەمراھ تېپىۋېلىشقا تىرىشىمەن. راست، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. يەنە بىرى، بالىلىرىمنى بالا باققۇچىلارغا تاشلاپ قويمايمەن. ئۇلارنىڭ تامىقىنى ئۆز قولۇم بىلەن يېگۈزىمەن، كىيىمىنى ئۆزۈم كىيگۈزىمەن، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى ئۆرۈپ، تىرناقلىرىنى ئۆزۈم ئېلىپ قويىمەن. ھەر كۈنى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىمەن. بالىلىرىم چوڭ بولغاندا لايىق تالالاش، توي قىلىش ئەركىنلىكىنى ئۆزلىرىگە تاشلاپ بېرىمەن. مەيلى ئۇلار توغرا قىلسۇن ياكى خاتالاشسۇن، تۇرمۇش ئۇلارنى ئەقىل - تەجرىبە ۋە ئۆزلىرى ئارزۇلىغان ھەممە نەرسىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئەپسۇسكى، ئىنسان دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كېلەلمەيدۇ، ئۆمۈر چەكلىك، شۇڭا ھەممىلا ئادەم ئارمان ئىچىدە ئۆتىدۇ. مېنىڭمۇ ئارمانلىرىم ئاز ئەمەس. مەن داۋاملىق ئاتا - ئانامنى، تەركىبى ھەم خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خوتەندە يەككە - يېگانە ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىمنى ئەسلەيمەن. ئاتا - ئانامنى ئويلىغىنىمدا، ئۇلار ئالدىدىكى بالىلىق قەرزىمنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىغۇ

كىچىك ئىدىم. ئەمما دادام قېرىپ، ئاغرىقچان بولۇپ قالغان چاغلاردىمۇ باقالمىدىم، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يېنىدا بولالمىدىم. كېيىن ئۇزاق يىل سىرتلاردا خىزمەت قىلغانلىقىم تۈپەيلى، ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپرىقىنى يوقلاپ تۇرالمىدىم. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى توڭلۇقتا بارغىنىمدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قەبرىستانلىقنىڭ توپىسى شامالدا ئۇچۇپ تۇرغان بىر چېتىنى كۆرسىتىپ: «تالىۋاجىم مۇشۇ ئەتراپقا قويۇلغانىدى» دېيىشتى. مەن ئاشۇ يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئۆگەنگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇدۇم. قەبرىستانلىقنىڭ چېتىدە بىر تۈپ قاقشال توغراق مۆكۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەبرىستانلىق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مىسكىن تۇرقى كىشىگە قېرىلىق ۋە ئۆلۈمدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ياپپېشىل، يۇمران شاخلار ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىغانىدى.

شامال ئۆچۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ ئالىقاندەك تۇپراق، مۆكۈنۈپ تۇرغان قېرى توغراق، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان يۇمران، ياپپېشىل شاخلار خىيالىمدا تەبىئەت، ئۆلۈم ۋە ئىنسان ھاياتى توغرىسىدا تەگسىز خىياللارنى قوزغىدى. ماڭا ئىلھام، تەسەللى بەخش ئەتتى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ بىكارغا ياشىمىغىنىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ بىكارغا ياشىمىغىنىمنى ھېس قىلدىم.

قاغا ھەققىدە مۇنداق بىر قىزىق رىۋايەت بار: ئۇ ياڭاقنى ياخشى كۆرىمىش. ھەر قېتىم ياڭاقنى تاپسا، يېيىشكە كۆزى قىيماي، كېيىن يەيمەن، دەپ كۈننى بەلگە قىلىپ بىرەر يەرگە كۆمۈپ قويارمىش. ئەمما كۈن بىر جايدا تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆمگەن ياڭىقىنى مەڭگۈ تاپالمايمىش. ھەر قېتىم قويغان نەرسەمنى تاپالماي يۈرگىنىمدە قاغا ھەققىدىكى ئاشۇ رىۋايەتنى

www.uyghurkitap.com

ئويلايمەن. مەنمۇ مۇھىم بىلگەن نەرسىلىرىمنى ئورۇن ـ كۆرپەمنىڭ ئەتراپىغا، كارىۋىتىمنىڭ، ئىشكاپىنىڭ بىر يەرلىرىگە قويۇپ قويىمەن. ئەمما ئۇلارنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا زادىلا تاپالمايمەن. شۇڭا، كۆنۈم ئەتىدىن كەچكىچە كۆزەينەك، دورا، ئاچقۇچ ياكى قايچا ··· دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىزدەش بىلەن ئۆتىدۇ. تاكى نەۋرە قىزىم كېلىپ «چوڭ ئاپا، مانا بۇ يەردە ئىكەن!» دەپ تېپىپ بەرمىگۈچە، ئىزدىگىنىم ئىزدىگەن.

كارىۋىتىمنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تېلېفون پات ـ پات جىرىڭلاپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بالىلىرىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى، ئۇلارنىڭ تېلېفوننى ئالدىراپ قويۇۋېتەلمەسلىكىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن. بەزىدە ئۇرۇمچىدىكى قىزىم تېلېفون قىلىپ قالسا ياكى ئىككىلىك خېتى كەلسە، بىرنەچچە كۈنگىچە خۇشال بولۇپ يۈرىمەن. ئەمما بۇنداق خۇشاللىق ماڭا داۋاملىق نېسىپ بولمايدۇ. ئىلگىرى تېلېفوننى پات ـ پات ئۆزۈم قىلاتتىم، خەت يازاتتىم، ھازىر بارماقلىرىم كارغا كەلمەيدۇ، كۆزلىرىم تورلىشىپ، خەتلەرنى كۆرەلمەيمەن. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە، كۆنلىرىمنى دوختۇرخانا بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدىم. چوڭ قىزىم مېنى دەپ ئالاھىدە ئېتىپ بەرگەن تاماقلار گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ. بەزىسى تۇزلۇق بىلىنسە، بەزىسى قاتتىق بىلىنىدۇ، ئۇ ماڭا تاماق يېگۈزەلمەي بوغۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئۇۋال دەيمەن، ئىچىمدە.

يازغا يېقىن، بىر كېچىسى چۈش كۆردۈم. ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ئېنىق چۈش كۆرۈپ باقمىغانىدىم. چۈشۈمدە مەن مۇشۇ كارىۋىتىمدا ياتقۇدەكمەن. ھەممىنى سېزىپ، ئاڭلاپ تۇرىمەنۇ، ئەمما گەپ قىلالمايمەن، مىدىرلىيالمايمەن. ئۆي سەللىلىك، ئاق روماللىق ئەر ـ ئاياللار بىلەن تولۇپتۇ. ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، ئۆيدىكى ياش ۋاقىتلىرىمدا كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلىرىم

سىلىپ قويۇلغان ساندۇق ـ چامادانلارنى ئۇياقتىن بۇياقىا يۆتكەپ يۈرگۈدەك، ئىچىمدە ماۋۇ ئادەملەر نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ، دەپ خاپا بولغۇدەكمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىغۇدەك، ھېچكىم ماڭا قاراپمۇ قويمىغۇدەك ··· بۇ چۈش ماڭا ئاللىقانداق بېشارەتلەرنى بېرىۋاتقاندەك ئىدى. 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى قىزىم ئىككى بالىسىنى ئېلىپ كەلدى. بالا ـ چاقىلىرىم ئۆيگە لىق تولدى. بۇ مەن ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولغان جەم بولۇش ئىدى. قىزىم ماڭا ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭدار شىپىڭ دۇخاۋىدىن كۆڭلەكلىك ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ بىردەم ياشلىقىمغا يانغاندەك بولدۇم، پەقەت بىردەملا. بىھوشلۇقتا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇيقۇ، خىيالىي تۇيغۇ ۋە ئاندا ـ ساندا ئوچۇق ئاسماندەك ۋاللىدە چاقناپ قالىدىغان سەگەك ئۆي ـ پىكىرلىرىم كاللامدا توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى. ھېچقانداق تۇيغۇ ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. بالىلىرىم كۆزۈمگە بىر تۇرۇپ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمدەك، بىر تۇرۇپ ناتونۇش، مېھمانلاردەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ كۈنى، ئەتىگەندىن تارتىپلا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. جەنۇبىي ئىقلىمدا مۇنداق قاتتىق يامغۇر ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. بالىلىرىم مېنى بىنادىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چۈشۈپ پىكاپقا سالدى، پىكاپ دوختۇرخانىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى···

دوختۇرخانىدا قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. پەقەت كۈندىن ـ كۈنگە تەگسىز چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتقىنىمنىلا سېزىپ تۇرىمەن. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قاراڭغۇلىشىۋاتقان ئېڭىمدا روشەن كۆرۈنۈشلەر چاقناپ قالىدۇ. بەزىدە ئانام ئىسسىق قۇچىقىغا ئېلىپ پەپىلەۋاتقاندەك، دادام ئاسمانغا ئېتىپ ئوينىتىۋاتقاندەك بولۇپ، بەختىيارلىقتا چۆمىمەن. ئەمما بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ياپچان بىلەن

# ئانا دەريانى ئىزدەپ

ئارالنىڭ ئارىسىدىكى بەلگىچە كېلىدىغان پايانسىز قومۇشلۇقتا خۇرجۇننى مۇرىسىگە ئارتىپ، كېتىۋاتقان ياش ئىسرائىل ئەپەندىنى كۆرىمەن. ئۇ مېنى كۆرمەيدۇ، ئاۋازىمنى ئاڭلىمايدۇ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسى بارغانسېرى يىراقلايدۇ ··· بەزىدە ياش ۋاقىتلىرىمدا بالىلىرىم بىلەن ئولتۇرۇپ. ياتېفون قويۇپ ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ «ھاۋانى تۇمان باستى» دېگەن ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمەن. ناخشا ئېيتىلىپ: «ئاينى كۆرگىلى بولماس» دېگەن يېرىگە كەلگەندە پىلاستىنكا تىترەپ، پارتىلىغاندەك ئاۋاز چىقىدۇ، بالىلىرىم كۈلۈشۈپ كېتىدۇ ··· چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن، چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن. چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن ··· يىراقتا قانداقتۇر بىر پاسىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۆپىلىك كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ نېرىسى يۇلتۇزلار ئۆچۈپ – يېنىپ تۇرغان خىرە – شىرە بوشلۇق، چەكسىزلىك ئىدى.

تۆپىلىكتە ئىككى چېكىت پارقىراپ قالدى. چېكىت بارا – بارا زورىيىپ، كىچىككىنە ئىككى باش، ئىككى گەۋدە پەيدا بولدى. يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى ئۇلارنىڭ ناتىۋان چىرايىنى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئاتا – ئانامنى يورۇتقاندا، مەن ئۇلارغا قاراپ ئۆزۈمنى ئاتتىم، ئۇلار مېنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىغان، دائىم چۈشۈمدە كۆرىدىغان، كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن قىزىم بىلەن ئوغلۇم ئىدى.

www.uyghurkitap.com كىتاب تور بېكىتى

# ئىلاھىي كۈي

(نەسىر)

قاچان ئەقلىمگە كەلدىم، شۇ چاغدىن تارتىپ قەلبىمدە بىر كۈي بار ئىدى. مەن ئۇنى خىرە ـ شىرە سېزەتتىم، ئاڭلايتتىم. ئۇ تومۇر ـ تومۇرلىرىمدا، قەلبىمدە، ۋۇجۇدۇمدا ئۆركەشلەيتتى. چۈشلىرىمدە، سۇلارنىڭ شاۋقۇنى، تېرەكلەرنىڭ شىلدىرلاشلىرى، بۇلبۇلنىڭ نىداسى، ئۇرۇقلارنىڭ پوست يېرىشى، سەراپلارنىڭ جىمىرلىشىدا ئۇنىڭ مەۋجى بار ئىدى. ئۇ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەللەيلەيتتى، مەست قىلاتتى، كۆزۈمگە نۇر، ئەقلىمگە ئەقىل، كۈچۈمگە كۈچ قوشاتتى. بىراق ئۇنى ئېسىمگە ئالالمايتتىم، ئىزدەپ تاپالمايتتىم، گويا زۇلمەت كېچىدە خىرە ـ شىرە كۆرۈنگەن يورۇقلۇقنى قوغلىشىپ، ھەريان يۈگۈرگەن يولۇچىدەك ئۇنى قوغلايتتىمۇ، يېتىشەلمەيتتىم···

ھەممە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنى يوقاتقان قەلبىمدىكى سېھىرلىك ئاۋازلار ئەمدى ياڭرىماس بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئۇنى ئاخىرى تېپىۋالدىم. ئۇ زېمىنىنىڭ باغرىدىن بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ساداسى زېمىنىنىڭ باغرىدىن سامانيولىغىچە تۇتاشقانىدى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ساداسىغا بېرىلگىنىمدە، ئۇنىڭ سېھىرلىك دولقۇنلىرى مېنى غەرق قىلدى، تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىم ئۇنىڭ مېلودىيەسى بىلەن قوشۇلۇپ جۇش ئۇردى، يۈرەك سوقۇشۇم ئۇنىڭ رىتىمى بىلەن، قەلبىمدىن ئوقچۇغان پىغانىم ئۇنىڭ تىترەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۇ مەن تەشنا بولغان ئىلاھىي كۈي، مېنىڭ قەلب كۈيۈم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق كۈيۈم ئىدى.

ئىلاھىي كۈي مامۇق قاناتلىرىنى كېرىپ، زېمىن ئۈستىدە لەرزان پەرۋاز قىلماقتا. ئايغىم ئاستىدىكى زېمىن تىترەۋاتىدۇ، خورسىنىپ ئۇھ تارتىۋاتىدۇ. ئۇزاق تارىخ، يىللار خۇددى سېھىرلەنگەندەك كەينىگە يېنىپ، كۆز ئالدىمدىن سەلدەك ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا باھار ۋە گۈل ھىدىمۇ، كەچ كۈز ۋە زىمىستاننىڭ شىۋىرغانلىرىمۇ؛ تۈن زۇلمىتىمۇ ھەم سۇبھىمۇ، ئايدىڭ كېچىمۇ ھەم مۇڭلۇق گۈگۈممۇ بار. ئۇ گويا زېمىننىڭ باغرىدىن ئۆسۈپ چىققان 12 پۇتاقلىق، 24 شاخلىق، 365 يوپۇرماقلىق ئالتۇن دەرەخ.[①] ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى كائىنات، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم، شادلىق، قايغۇ ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئەبەدىي ئۈزۈلمەس كۈي. ئۇنىڭدا تەڭرىتاغ، كوئېنلۇننىڭ ۋەزنى، تەكلىماكاننىڭ سېھرىي كۈچى، تارىم، ئىلى، دولان سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنى، ئۇنىڭدا شاھىنشاھلار ۋە مېھنەتكەشلەر، دانىشمەنلەر، شائىرلار، پالۋانلار ۋە ئاشىقلار ··· نىڭ مۇڭى ۋە زارى، كۈلكىسى ۋە يىغىسى؛ ئۇنىڭدا دەشت ـ باياۋاننىڭ، قۇمنىڭ، قوغۇننىڭ، توغاچنىڭ، ئالما ـ ئانارنىڭ، يېڭى سويۇلغان تونۇر نېنىنىڭ، كاۋاپنىڭ ھىدى؛ ئۇنىڭدا زېمىن ئۈستىدىكى ئۆمۈرلۈك مېھنەتتىن مۈكچەيگەن، ئىككى قولى قاغجىرىغان زېمىندەك چاك ـ چاك يېرىلغان قېرى ئوتۇنچى؛ بىر نازىنىن سازەندە چېكىسىدە گۈل، قۇچىقىدا دۇتار، قولىدا سىياھقا چىلانغان پەي قەلەم···

ئىلاھىي كۈي زېمىن ۋە كۆكنى لەرزىگە سېلىپ ياڭرىماقتا ··· زېمىننىڭ بالىلىرى زېمىندىن تۆرەلگەن، ئۇنىڭ باغرىدا ئۆملەپ چوڭ بولغان ئىنسان ئۇنى پۈتۈن جىسمى ۋە قەلبى بىلەن سەزمەي، ئۇنىڭ مەۋجىدىن تىترىمەي، ئۇنىڭ باغرىغا غەرق بولماي تۇرالارمۇ؟

① 12 مۇقامنىڭ قۇرۇلمىسى 12 ئاي. 24 ۋاقىت، 365 كۈنگە تەقلىد قىلىنغانلىقىغا قارىتىلغان.

# مۇقامچى بوۋاي

(نەسىر)

بىر توپ ئەر ـ ئايال، قىز ـ يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بوۋاي يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ساتار چېلىۋاتىدۇ. بېشىدا كۈرەك تۇماق، ئۇچىسىدا يىرتىق يەكتەك، بېلىدە بۆز بەلباغ، چىرايىدىكى قات ـ قات قورۇقلار گويا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات مۇساپىسى، مەيدىسىگە چۈشىدىغان ئاپپاق ساقىلى گويا قەلبىنىڭ سۈرىتى. ئۇزۇن، ئاپپاق قاشلىرى ئاستىدىكى بىھوش كۆزلەر ئوت بولۇپ يانىدۇ، سەبىي بالىلارنىڭكىدەك ئۈمچەيگەن لەۋلىرىدە بىر تەرسالىق، ئۆلمەس بىر ئىشتىياق. قېرى دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك قوللىرىدا نېمە كارامەت بارىكىن، ساتار خۇددى ئادەمدەك كۈيلەيدۇ، يىغلايدۇ، كۈلىدۇ ··· ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقىنىمۇ ئادەتتىكى سۆزلەر ئەمەس، لەئلى ـ ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت···

ساز ئۇنىڭ جېنى، بايلىقى ھەم بارلىقى. ئۇ يىرتىق كىگىز ئۈستىگە تۈگۈلگەنىدى. ھېلىھەم بىر پارچە كونا كىگىز بىلەن سامان تەكىيەدىن ئارتۇق بىساتى يوق. بارى پەقەت بالا چاغلىرىدىلا دادىسىنىڭ قولىدىن ئالغان سىلىقلاپ، پارقىراپ كەتكەن نەقىشلىك ساتار بىلەن قەلبىگە لىق تولغان ناخشىلىرى.

ئاشۇ تارلار ئۇنى زېمىنغا، دادىسىغا، بوۋىسىغا، بوۋىسىنىڭ بوۋىسىغا، قېرى كۆتەكتىن شاخ ئايرىپ چىققان يۇمران

نوتىلارغا ئۇخشايدىغان نەۋرە ـ چەۋرە، پەي نەۋرىلىرىگە باغلايدۇ. كىمىۇ ئۇنى قېرىدى دېيەلىسۇن؟ ئۇنىڭ نەۋقىران يىگىتلىكى، تۇنجى سۆيگۈسى، بەخت ۋە شان ـ شەۋكىتى ئاشۇ كۇيلەردە.

ئېتىزدا، خاماندا، ئۆستەڭدە، زەيكەشتە، بوز يەرلەردە تۆككەن تەرى، ئەلەم ۋە شادلىقى، جاپا ۋە ھالاۋىتى ئاشۇ كۇيلەردە. ئاشۇ كۇيلەرلا بار ئىكەن، ئۇ ئۆلمەيدۇ.

···بىر بوۋاي يۇكۇنۇپ ئولتۇرىدۇ.

بېشىدا كۇرەك تۇماق، ئۇچىسىدا يىرتىق يەكتەك، بېلىدە بۆز بەلباغ. قېرى دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك قوللىرىدا نىمە كارامەت باركىن، قولىدىكى ساتار خۇددى تىرىك ئادەمدەك كۇيلەيدۇ. يىغلايدۇ. كۇلىدۇ ··· ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۇلۇۋاتقىنى ئادەتتىكى سۆز ئەمەس، لەئلى ـ ياقۇت، ئۇنچە ـ مەرۋايىت···

www.uyghurkitap.com

# ئۈنچىلەر

(نەسر)

## قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆزى

ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئۇ، بېكەت مەيدانىدىكى ئادەملەر، ئاق ياغلىقلار ۋە كۆز ياشلارنى ئارقىغا تاشلاپ، يان كوچىغا بۇرۇلدى. قەدىمىي شەھەر قۇيۇق تۇتەك پەردە ئاستىدا ئويغانماقتا.

قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرى ئېگىز ئۆگزىلەردە، مەسچىتلەرنىڭ رەڭلىك پەشتاقلىرى، نەقىشدار تاملىرىدا ۋالىلدىماقتا. ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي يوغان سۇپۇرگە بىلەن كوچا سۇپۇرۇۋاتىدۇ. يېڭىلا سۇپۇرۇلگەن، سۇ سېپىلگەن يولدىن قەشقەر توپىسىنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى كېلىدۇ. دۇكانلار تېخى ئېچىلمىغان، پەقەت ساماۋارخانا، چايخانىلارنىڭ پېشايۋانلىرىدا پىيالە تۇتقان كىشىلەر ئولتۇرۇشىدۇ. شالاڭ يولۇچىلار ئارىسىدا يوغان سومكا يۇدۇۋالغان، سېرىق چاچلىق چەت ئەللىك يىگىت ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ، يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ساياھەت خەرىتىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىمەكتە، يولۇچىلار بىلەن تولغان ئۇزۇن ئاپتوبۇس كوچىنى بىر ئالدى. يول سۇپۇرۇۋاتقان بوۋاي، ئالدىراپ كېتىۋاتقان پىيادىلەر، ۋېلىسىپىتلىك، ئات ـ ئۇلاغلىقلار، ساماۋارخانىلارنىڭ پېشايۋانلىرىدا ئولتۇرۇشقانلار بويۇنلىرىنى بۇراپ ئاپتوبۇسقا قاراشتى. ھەممىلا كۆزلەردە ھاياجان، خىيال ھەم ئارمان

ئاربلاشقان بىر ئوت چاقناپ قالدى، ···ئېھ ··· قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆزى!

بۇنداق كۆزلەرنى، مۇنداق ھاياجاننى مەن باشقا ھېچ يەردە ئۇچراتمىدىم. قەدىمدە، شەرق ۋە غەربتىكى يىراق ئەللەرنىڭ تۆگە كارۋانلىرى كولدۇرمىلىرىنى كولدۇروڭلىتىپ، مۇشۇ كوچىلاردىن ئۆتكەندە، قەشقەرلىكلەر خۇددى مۇشۇنداق ھاياجان بىلەن قارشىدىغان بولغىيدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەپەرگە، جاھانكەشلىككە بولغان ئىشتىياق ئەنە شۇ زامانلاردىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ بار بولغىيدى. ئەنە شۇ كۆزلەر قەشقەرنى جاھانغا تونۇتاشتۇرغان، ئۇنىڭغا گۈزەللىك ۋە ئەبەدىي ياشلىق بەخش ئەتكەن بولغىيدى···

بۇ كۆزلەر نەقەدەر خاسىيەتلىك، نەقەدەر نۇرانە ـ ھە!

## دەشت گۈزەللىكى

چەكسىز كەتكەن سۇر رەڭلىك زېمىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە زومچەك ـ زومچەك قۇم بارخانلىرى، قىيان سۈيىنىڭ تارام ـ تارام ئىزلىرى، شالاڭ ئۆسكەن سۆكسۆك بىلەن يانتاق ··· پاھ، ھەممىسىلا سۇر رەڭدە، ھەتتا ئاسمانمۇ، ئاشۇ چەكسىز بىر خىللىق ئىچىدە يۇلغۇن چېچەكلىرىلا قىزىل، ئاجايىپ گۈزەل. مەن توپ ـ توپ يۇلغۇنلاردىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم.

ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەرگىزمۇ كۆزنى چاقنىدىغان سۈنئىي گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دەشت ـ باياۋاننىڭ ۋۇجۇدىدىن ـــ ئۇنىڭ ئاچچىق سۈيى، شورلۇق تۇپرىقىدىن، جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرىدىن يېتىلگەن ئاشۇ دەشتكىلا خاس گۈزەللىك، ئۇ ئەتىر گۈلدەك مەغرۇر، مودەنگۈلدەك نازۇك، نامازشام گۈلىدەك ناز ـ كەرەشمىلىك ئەمەس، ئۇ تەبىئەتتىن، كىشىلەردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆكلەيدۇ،

چېچەكلەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىقى — غولىلىرىدىن ئۇچىغىچە ھەم يوپۇرماق، ھەم چېچەك، ھەم ئۇرۇق. بەزىلەر ئۇنى چۆلنىڭ خانىشىغا، يالقۇنغا، قىپقىزىل شەپەققە ئوخشىتىشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ يالىڭاياغ يۈرۈپ چوڭ بولىدىغان دېھقان قىزلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەممىلا يەردە بار، شۇنچە ساددا، چىدامىلىق، ئۆزگىچە گۈزەل، ئۇلار باياۋانغا ھاياتىي كۈچ، مېھىر - مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ، ئۇلار دەشت - باياۋاننىڭ جېنى.

## سوقماق يول

كەچ. يامغۇرلۇق پەيتتە چۆل - باياۋاننى ئارقىغا تاشلاپ، چەكسىز يېشىللىق دۇنياسىغا قەدەم قويدۇق. ئوڭ تەرەپ ئۇپۇققا تۇتاشقان رەڭدار ۋادا، سول تەرەپ يۈز يىللىق دوڭغاق سۆگەتلەر، جىگدىلەر، ئازغانلارنىڭ گىرەلىشىشىدىن ھاسىل بولغان يېشىل تام. يېشىللىق ئارىسىدىن دېھقان ئۆيلىرىنىڭ پاكار ئىشىكلىرى، ئاپپاق تاملىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى. بىردىنلا كىچىككىنە سوقماق يول كۆرۈندى. يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى سۆگەت، ئاق تېرەك ۋە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى گويا قېلىن پەردە بولۇپ، بۇ يولنى جاھاندىن ئايرىپ تۇراتتى. دەرەخ غوللىرىغا يامىشىپ ئېچىلغان سۆسۈن، قىزىل رەڭلىك ھەشقىپىچەك، ئازغان گۈللىرى يېشىللىق ئارىسىدا چىراغلاردەك چاقنايتتى. تۈيۇقسىز بۇلۇتلار ئارىسىدا قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى ۋالىلداپ كەتتى. سوقماق يولنى چۈمكەپ تۇرغان شاخ - يوپۇرماقلار گويا بىباھا قاشتېشى تۇسۇقتەك سۈپسۈزۈك، نۇرلۇق بولۇپ ئۆزگەردى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشكەن ئۇزۇن نۇر تالالىرى سوقماق يولنى سۈتتەك ئاپپاق، ئىللىق نۇرغا تولدۇردى...

سوقماق يول گويا رىۋايەتلەردىكى سىرلىق ماكانغا، گۈزەل

چۈشكە ئوخشاش، ھەش ـ پەش دېگۈچە، كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئۇزاقىچە تەۋرىنىپ، جىمىرلاپ تۇردى. ئېھ، سوقماق يول، ئۇنىڭدا قانداق بەختلىك كىشىلەر ماڭىدىغاندۇ؟...

## تاغلار

بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن تاغلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمىز.

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئاغىي بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
......

قەدىمكى كارۋانلارنىڭ ناخشىلىرىدا كۈيلەنگەن ئەنە شۇ ئېگىز چوققىلار ئۆز باغرىنى يېرىپ موكىدەك ئۆتۈشۈپ يۈرگەن زامانىۋىلىشىشنىڭ بەلگىسى بولغان ماشىنا ـ ئاپتوبۇسلارغا سۈكۈت ئىچىدە تىكىلىپ تۇرۇشىدۇ. باش ئۈستىڭىزدىلا ئېسىلىپ تۇرغان بۇ تاغلار گويا جاھاننىڭ بارچە سىر ـ ھەيۋىسىنى، ئاجايىپ ـ غارايىپ رەڭ ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈۋالغاندەك. زەن قويۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، ھەر بىر چوققىدا بىر تونۇش ئوبرازنى كۆرىسىز. بىرلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ھەسرەت ئىچىدە ئۆرە تۇرغان قېرى ئادەمگە ئوخشىسا، گاھى بىرلىرى بېشىغا ئوتۇغات تاقىغان، ئۇچىسىغا ئالتۇن ھەللىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن خانىشقا، يەنە بىرلىرى يوغان گۈرزە تۇتۇۋالغان زەربەردەس پالۋانلارغا ئوخشايدۇ. يەنىمۇ يىراققا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، كۆككە تەلپۈنۈۋاتقان بۇركۈت بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئانا، قاتارلىشىپ بىر ـ بىرىگە ئارتىلىپ ياتقان لەكمىڭ ـ لەكمىڭ ئەجدىھا، شىر، يولۋاسلار كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ ...

گويا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر تىلسىماتنىڭ كاراماتىدىن بىر دەقىقە ئىچىدە تۇرغان يېرىدە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئاخىر بىر كونى تىلسىمات يېشىلىپ، ئەسلىگە كەلگەنلىرى: «ئۇھ، ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپتىمەنا!» دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ…

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىيسى

# نان

(نەسىر)

مەن نانغا ئامراق. ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن ئاندا ـ ساندا ئۇتلاپ قويۇپ، مەززىلىك، سىڭىشىپ پىشقان ئاق ناننىڭ ئوتتۇرىسىنى گۇرۇچلىتىپ چايناپ يېيىش مەن ئۈچۈن ئالەمچە ھۇزۇر. مەن يەنە ئىسسىق گىردىنىڭ قىپقىزىل يۈزىنى سويۇپ يەۋېلىشنى ياخشى كۆرىمەن. كىچىك ۋاقتىلىرىمدا گىردىنىڭ ئۆلىغا ئامراق ئىدىم. ئەتىگەنلىك چايدا يۇمشاق يېرىنى يەپ، ئۆلىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالاتتىم. تەنەپپۇسلاردا ئۇشتۇپ ئاغزىمغا سېلىپ، شورلىرى بىلەن قېتىپ، كەمپۈت شورىغاندەك شوراپ يەيتتىم.

ھېيت ـ بايراملاردا ئۆيىمىزگە تۇغقانلىرىمىز ـــ ئاق رومال ئارتقان، ئاق چاچلىق ئاياللار كېلىپ، يوغان تونۇرغا ساڭزا ـ بوغۇرساق تىزىدىغان ھارۋا چاقىدەك يوغان ھەمەك نانلارنى، سەل كىچىكرەك ئاق نانلارنى، توم نان، قاتلىما، توقاچلارنى ياقاتتى. تونۇردىن يېڭىلا سويۇلغان نانلارنى ئىككى ـ ئۈچتىن دەستىلەپ، شامال ئۆتۈشىدىغان قىلىپ تىزىپ قويۇشاتتى. ئۆينىڭ ھەممىلا يېرى مەززىلىك نان ھىدى بىلەن تولغان شۇنداق كۈنلەردە ئاتا ـ ئانامنىڭ چىرايىمۇ ئاق ناندەك ئوچۇق، يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

نان ھىدى ماڭا ھازىرمۇ ئاشۇ ئاق چاچلىق ئانىلارنى، ئاتا ـ ئانامنىڭ ياش، ئوچۇق چىرايىنى ئەسلىتىدۇ.

يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆيىمىزگە ئاتۇشتىن بىر قارىۋاي تۇغقىنىمىز كېلەتتى، ئۇنى ئابلىز ئاكا دەيتتۇق. كوچا بېشىدا ئۇنىڭ ئېشەك بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرسەكلا، يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېسىلاتتۇق، كەپسىزرەكلىرىمىز بويۇن ـ باشلىرىغا چىقىپمۇ ئالاتتۇق. تاكى ئۇ ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ، ئېشەككە ئارتقان خۇرجۇنىنىڭ ئاغزىنى ئاچمىغىچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتۇق.

ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەممەك نان ئۇشتۇلماي، رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ تەستە ئۈزۈلەتتى، تەممۇ قايماقتەك مەززىلىك بولۇپ، ئادەمنىڭ يېگەنچە يېگۈسى كېلەتتى. خۇرجۇنىنىڭ يەنە بىر كۆزىدە ئاق قوناق ئۇنىدا يېقىلغان، قارىماققا شۇ چاغلاردا ئانىلىرىمىز كىر يۇيىدىغان سوپۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان يۇملاق زاغرا نانلار بار ئىدى. ئۇنىڭ سىرتى قارامتۇل قىزىل، ئىچى يۇمشاق، ئاپپاق بولاتتى، ئۇۋۇلىپ تۇراتتى. تەمى تاتلىق، سۈت پۇرايتتى. ئۇنى قۇرت غاجىغاندەك غاجاپ، تەمىنى تېتىپ يەيتتۇق.

چوڭ بولغانچە بارغان جايلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خىلمۇخىل نانلارنى كۆردۈم. خوتەننىڭ يېزىلىرىدا دېھقانلارنىڭ سېرىق قوناق ئۇنىغا مۇچ، شوخلا، پىننە سېلىپ ياققان، ئۈستەڭگە تاشلاپ قويۇپ ئاياغدىن سۇزۇۋېلىپ يۇمشاتقان نانلىرىنى تالىشىپ يەيتتۇق. ئاشۇ تەم ھېلىمۇ ئاغزىمدا.

ئۇرۇمچىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، كوچانىڭ تاۋاردەك نېپىز، يۇمشاق، قات ـ قات بىجاق نانلىرى، سىڭىپ پىشقان، سۈتكە چىلىنىشى بىلەن ئۆپكىدەك يۇمشاپ كېتىدىغان تۇرپان نانلىرى داستىخىنىمىزدىن ئۈزۈلمەيدىغان بولدى.

ھەر قېتىم ئۇرۇمچىنىڭ بۇلاقبېشى، دۆڭكۆۋرۈك تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ قالسام، ھارۋىلارغا دەستىلەنگەن، سولياۋخالتىلارغا قاچىلانغان خىلمۇخىل نانلارنى زوق بىلەن

www.uyghurkitap.com

تاماشا قىلىمەن. ئۇنى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ تالىشىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ شادلىنىمەن. ئۇنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، موسكۋا، ئىستانبۇل، ئالمۇتا، تاشكەنت، بىشكەكلەردىمۇ، دۇنيانىڭ يەنە نۇرغۇن جايلىرىدىمۇ بازار تېپىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ سۆيۈنىمەن.

نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمىي خارابىلاردىن تېپىلغان نانلار ناننىڭ تارىخىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇنلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇزاق تارىخ داۋامىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ـ دىن، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرى ۋە خىلمۇخىل قىسمەتلەر ناننىڭ قىممىتىنى، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتالمىدى. ئۇ، ئاتىلىرىمىزنىڭ ئەجرى، ئانىلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈپ ئەتىۋارلىنىپ كەلدى. مانا، تارىخ يېڭى بىر ئېراغا كىرىپ كەلگەن، كىشىلەرنىڭ ماددىي تەلىپى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى قايتا باھالىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە نان يەنە ئۆز قەدرى بىلەن ئەتىۋارلانماقتا.

مەن مەدەنىيەت قارىشى جەھەتتىكى تار مەھكىمىچىلەردىن ئەمەس، ئەمما ناننى دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك، دەپ قارايمەن. ياۋروپالىقلارنىڭ تورت ـ بولكىلىرى يېيىشلىك، ئەمما نانتەك سىڭىشلىك ئەمەس. ھورنان ئىسسىق چېغىدا قورۇما بىلەن يېيىشكە مۇۋاپىق.

بىر چاغلاردا قايسىبىر ژۇرنالدىن مىسىرلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تونۇرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ تونۇرى بىزنىڭ تونۇرغا ئوخشاپ قالىدىكەن، ئەمما ئۇلار ئوتنى ئىچىگە قالاپ، تونۇر قىزىغاندا، ناننى سىرتىغا يېقىپ پىشۇرىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يەر تونۇرىدا پىشۇرغان تاۋا نانلىرىمۇ ناۋايلىرىمىزنىڭ ھارارىتى تاۋلانغان تونۇر ئىچىگە باش تىقىپ، قىزىق شور ئۈستىگە ياققان نانلىرى ئالدىدا چىنىپ قالىدۇ.

بۇ مېنىڭ قارىغۇلارچە ماختانغىنىم ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۈرۈمچىدىكى مەخسۇس چەت ئەللىكلەرنى كۈتىدىغان ئەڭ ئالىي مېھمانخانىدا ئۇزاق يىل ئىشلىگەن بىر ئاشپەز ئۇستام ئۆز ئاغزى بىلەن بىر نەچچىمىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

يۇگوسلاۋىيەنىڭ رەئىس جۇمھۇرى، مەرھۇم تىتو 1970 ـ يىللاردا جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگىنىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئاشۇ مېھمانخانىدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئۆزىتىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئۇ ئاشۇ تاماقلارنى ئەتكەن ئاشپەز بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇستام چاقىرتىلىپتۇ. تىتو ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، شىرە ئۈستىدىكى تونۇر كاۋىپى، پولۇ، چۆچۈرىدەك تۈگۈلگەن، ئىچىدىكى قىيمىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پېتىر مانتا، پەرمۇدە، تىترەپ تۇرىدىغان ھور قاتلىمىسى، ئۆپكە، ياغلىق ئۈچەي ... قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ ماختاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يۈزىگە كۈنجۈت بىلەن سىيادان سېپىلگەن، سىڭىپ پىشقان ئاق ناننى قولىغا ئېلىپ:

— مانا بۇ ھەممىدىن سىڭىشلىك، ھەممىدىن ئېسىل تائام ئىكەن، — دەپتۇ ...

نان داستىخاننىڭ كۆركى، سەپەردە ھەمراھ. ئۇ قۇرۇق يېيىشكىمۇ، قورۇما بىلەن يېيىشكىمۇ، چايغا، سۈتكە چىلاپ يېيىشكىمۇ، ئىسسىق، يۇمشاق چېغىدا يېيىشكىمۇ، ساقلاپ يېيىشكىمۇ ئەپلىك. ئازراق سۈت بىلەن ماي ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان توقاچنى بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن چايغا چىلىسىڭىزمۇ ھۆپپىدە يۇمشاپ، سىزگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

نان دائىم كۆز ئالدىمىزدا تۇرسا، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز، ئەمما ئۇنى بىرنەچچە كۈن كۆرمىسەكلا، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز.

بىر قېتىم، خىزمەت بىلەن ئىچكىرىگە بېرىشىمغا توغرا كەلدى. بېرىپ ـ كېلىشىمگە پەقەت ئون كۈنلا كەتكەن بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

نانني شۇنچىلىك سېغىنىدىمكى، سېغىنىشىمنى باسالماي قالدىم. پويىزدا نانىنىڭ گېپى بولۇپ، بىر سەپەردىشىم مەملىكەتكە داڭق چىقارغان ئايال خىروئىن سودىگىرىنىڭ ئېچكىرىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشتىن ئىلگىرى تۈرمە باشقۇرغۇچىلارغا: «قانچىلىك پۇل دېسەڭلار، شۇنچىلىك بېرەي، ماڭا بىر نان ئېلىپ كېلىپ بەرسەڭلار» دەپ يېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ گەپكە ئىشەندىم. قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا، بەختىگە، كۆڭۈل ئارامىغا بولغان، قانچىلىغان ئەزىزلەرنى خارۇ زار قىلغان بۇ قارا كۆڭۈل ئايالنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بىر بۇردا نانغا ئىلتىجا قىلىشى ماڭا بىر ئىلاھىي قىسمەتتەك تۇيۇلدى.

شۇنداق، نان ئۇلۇغ.

ئۇ، مىڭ قولدىن ئۆتۈپ، مىڭ خىل ئارزۇ ـ ئارمان ۋە ساپ تەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ پىشقان.

ئۇ، ساختا بوياقلاردىن، سۇنئىي كۆپتۈرۈشلەردىن خالىي. ئۇ، چىن ۋە تەبىئىي، پاك ۋە ھالال. شۇڭا ئۇ مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

# ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىمگە تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار

بالىلىق قەلبىمنى تۇنجى بولۇپ ئەسىر قىلىۋالغىنى «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» بولغانىدى. مەن چۆچەك توقۇشقا، ئاڭلاشقا شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىدىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ «مۇشتتەك تۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا بۇنچە بېرىلىپ كەتسە قانداق بولىدۇ» دەپ ئەنسىرەپ، كىتابلىرىمنى ئۆگزىگە ئېتىۋەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. 2 ـ ، 3 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆيىمىزگە غۇلجىدىن ئاپامنىڭ بىر ھاممىسى مېھمان بولۇپ كەلدى. پاتىمخان ئىسىملىك بۇ ھاممىمىزنىڭ چۆچەكلىرى «مىڭبىر كېچە» دىكى شەھرىزادنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. كۈندە كەچلىك تاماقتىن كېيىن «پاتىمخان ھاما، چۆچەك ئېيتىپ بەر» دەپ ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلاتتۇق. ئۇمۇ خۇددى شۇنداق دېيىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كوماك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ كېتەتتى. بىز ئۇنىڭ ئاق داكا رومىلىنى قوزۇققا ئىلىپ، مەسىسىنى بەس ـ بەستە تارتىپ سالدۇرۇپ قوياتتۇق. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، چۆچەكلىرىنى باشلايتتى. «چىن تۆمۈر باتۇر»، «يېرىل تاشىم»، «يېتىم قىز»، «مۇقبىل تاش ئاتار» دېگەندەك چۆچەكلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئېيتاتتى. ھەر قېتىم چۆچەكلەرنى ئۆزى خالىغانچە ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىپ ئېيتقاچقا، بىزگە يېڭى تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چۆچەك ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بار ئىدى. ساپ، ساددا، جانلىق سۆزلەر ئۇنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن سۇدەك ئاقاتتى. يالماۋۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ:

— چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
......

دېگەن قوشاقلىرىنى، «يېرىل تاشىم» ھېكايىسىدىكى قىزنىڭ، سىڭلىسىنىڭ، ئۆگەي ئاكىسىنىڭ:

— يېرىل تاشىم، يېرىل تاشىم،
مەن قوينۇڭغا كىرىۋالاي.
...

دېگەن قوشاقلىرىنى ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاھاڭغا سېلىپ، ئاۋازىنى گاھ يالماۋزنىڭكىدەك، گاھ نارەسىدە قىزنىڭكىدەك چىقىرىپ ئېيتاتتى. ئېيتىۋېتىپ پات ـ پاتلا مىشىلداپ يىغلاپ كېتەتتى ... ئەجدادلارنى ھاياجانغا سېلىپ كەلگەن قەدىمىي ھەم سىرلىق بىر دۇنيا ئاشۇ تەرىزدە كۆز ئالدىمىزدا جانلىنىپ، بىزنىمۇ ھاياجانغا سالاتتى، قورقۇتاتتى ھەم شادلاندۇراتتى.

«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ تەسىرى مەنۋىيىتىمىزدە داۋاملىق ساقلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا، ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىمىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تەسىر تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر، ئوبرازلار، بەدىئىي ئۇسۇل ـ ۋاسىتىلەر ئاجايىپ يۈكسەك بىر پەللە سۈپىتىدە، ئېڭىمىزدا تېخىمۇ يارقىن جۇلالىنىشقا باشلىدى.

خەلق چۆچەكلىرىمىز خەلق قوشاقلىرىمىزغا ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخ ۋە يىللارنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتكەن، خەلق قەلبىدە ساقلىنىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن نادىر ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى شۇنچىلىك رەڭدار، باي ۋە خىلمۇخىل، بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىز تارىخىدىكى زور ۋەقە، تارىخىي شەخسلەرنىڭ غۇۋا سايىسىنى، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، ئىنتىلىشلىرىنى كۆرىمىز، كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك

يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىمۇ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادالەتكە، بەختكە بولغان تەلپۈنۈشنىمۇ، پاك مۇھەببەت، ھايات، ئىنسان تەقدىرى، ھۈنەر - كەسىپ، ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدىكى ئويلىنىشلارنىمۇ، ھايۋانات، قۇشلار، دەل - دەرەخلەر توغرىسىدىكى چوڭقۇر ھېكمەتلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. خەلقىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان چۆچەكلىرىمىز تارىختىن بۇيان دىن ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيەۋى ئاسارەتلىرىدىن نىسپىي مۇستەقىل ھالدا ئۆز ئالدىغا مەڭگۈلۈك گۈمانىزملىق قىممەت ياراتقان ۋە شۇ تۈپەيلى ئۆلمەس ئابىدىلەرگە ئايلىنالىغان.

چۆچەكلىرىمىزدىكى ئوبرازلار خۇددى خەلق ئارىسىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش تەبىئىي، جانلىق، تىرىك. ئۇنىڭدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىمۋول، خىيالىي تەسەۋۋۇرلار غەربنىڭ مودېرنىزمىغا تەۋە ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى چاڭ - توزاندا قالدۇرالايدۇ. بىرلا ئەپسۇن بىلەن ئادەملەرنى ياۋايى ھايۋانغا ياكى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان جادۇگەرلەر، قان شورايدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار، نى - نى ئىشلارنى قىلالايدىغان بارماقچىلىق بالا، باغرى تاش ئادەملەرنىڭ زۇلمىدىن ۋاكىدە يېرىلىپ پاناھسىز قىزنى باغرىنى ئالغان قورام تاش، كۆلكىلىك ھەم سۆيۈملۈك «ئۈچ ئەخمەق»، «چېچەن تاز»، «قىرىق يالغان»، ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەيدىغان، ئادەملەرگە ياردەم قىلىدىغان ھايۋانلار، قۇشلار ··· مانا بۇ ئىزدەنگۈچى سەيياھ ئۈچۈن خىلمۇخىل جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان شۇنداق بىر تىلسىم دۇنياكى، ئۇ يەردە ئارزۇلىغان ھەممە نەرسىنىلا ئەمەس، ھەتتا تەسەۋۋۇرىڭىزدىن ھالقىغان نەرسىلەرنىمۇ ئۇچرىتىسىز. گەپ سىزنىڭ پاراسىتىڭىز، ھېس - تۇيغۇڭىزغا، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئەجىر سىڭدۈرۈشىڭىزگە باغلىق.

يەنە بىرى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ياسالمىلىق، ۋەھىمىلىك،

بۇزۇلۇشتىن خالىي، ساپ، ساددا، گۈزەل، ئوبرازلىق تىلى، بالىلىرىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، چوڭلار ئۈچۈنمۇ ئۆرنەكتۇر. مەن تىلنى خەلق چۆچەكلىرىدىن ئۆگەندىم دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئۆسمۈر، ياش ۋاقىتلىرىمدا مەن يەنە «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» (رومان)، «چىڭگىزخان»، «كاپىتان قىزى»، «تاراس بولبا»، «ئۆلۈك جانلار»، «ئېچىلغان تىڭ»، «ياش گىۋاردىيە»، «نەۋايى»، «ئاباي يولى»، «تارمار»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «ھارپا»، «ئاتا ۋە بالا»، «ئاننا كارېنىنا»، «دونكىخوت» قاتارلىق ئەينى يىللاردا تاپقىلى بولىدىغان كىتابلارنى تەشنالىق ۋە زوق بىلەن ئوقۇغاندىم. كېيىنكى يىللاردا يەنە «تىنچ دون»، «تىرىلىش»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «جىنايەت ۋە جازا»، «مۇھەممەت ئاۋاق»، «چالىقۇشى»، «يۈز يىل غېرىبلىق»، «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن»، «ئۇرۇش تۇمانلىرى»، «ئاتامان» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇدۇم ۋە بۇلاردىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات، زوق ۋە مەنىۋى ئوزۇقلۇقتا ئېرىشتىم. مېنىڭچە، ئىنسانىيەت ئېتىراپ قىلغان، قەدىرلەپ كېلىۋاتقان بۇ مەنىۋى جەۋھەرلەرسىز ھەقىقىي يازغۇچى بولماق تەس.

دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدە ئېسىل ئەسەرلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ بىزگە بەخش ئېتىدىغانلىرىمۇ ھەربىرىمىزنىڭ تەربىيەلىنىشىمىز، مىجەز، قىزىقىشىمىزغا يارىشا كۆپ تەرەپلىمە ۋە خىلمۇخىلدۇر. بىر يازغۇچى سۈپىتىدە تۇرگېنېف، لېف. تولستويغا قارىغاندا قەلبىمگە يېقىنراق تۇرىدۇ. «رۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى» دەپ تەرىپلەنگەن تولستوي ئەسەرلىرى زور ھەجىم، تەڭداشسىز كارتىنا، زور تۈركۈمدىكى پېرسوناژلىرى، كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىكى بىلەن مېنى قايىل قىلسىمۇ، بىر ـ ئىككى ئابزاس بىلەن بىر نەچچە دەۋر، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى، بىر ـ ئىككى جۈملە بىلەن سادداا، ئوماق بىر قىزنىڭ قانداقلارچە تەكەببۇر، مۇز

چىراي، چاكىنا، ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلەلەيدىغان چېخوف ئەسەرلىرى ماڭا تېخىمۇ يارايدۇ. چېخوفنىڭ ھەربىر ئەسىرى ماڭا تازا تاۋلىنىپ، سۇ تەركىبى ۋە باشقا تەركىبلەر چىقىرىپ تاشلانغان، قىيامىغا يەتكەن بىرقەدەھ ھاياتلىق شارابىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. روھىمنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى زوق - شوقلا تولدۇرىدۇ. تۇرگېنېفنىڭ «ھارپا»، «ئاتا ۋە بالا» رومانلىرى، «ئاسىيە» ناملىق پوۋېستى ۋە داڭلىق نەسرلىرىمۇ روھىي دۇنيايىمنى شۇنداق زىلزىلىگە سالغاندى. ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە قويۇقلاندۇرۇلغان ئەسەرلىرىدىكى سەل غەلىتە مىجەزرەك كەلگەن پېرسوناژلىرى، شېئىرىي تۇسكە ۋە ماي بوياق رەسىمىدەك رەڭدارلىقلا ئىگە تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى، خاراكتېر تەسۋىرلىرى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. چېخوف ۋە تۇرگېنېفلار مېنىڭ نەزىرىمدىكى تېپىلماس بەدىئىي ماھارەت ئۇستىلىرىدۇر.

«دونكىخوت» نى مەن ھاياتىمنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا تەكرار ئوقۇدۇم. ھەر قېتىم ئوقۇغاندا تەسىراتىم يېڭىلىنىپ، چوڭقۇرلىشىپ باردى. سېرۋانتىس «دونكىخوت» تا بىر روھىي كېسەل يېزا مۆتىۋەرى ۋە ئۇنىڭ ھاماقەت خىزمەتكارىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئىبرەتلىك ۋەقەلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بىر تارىخىي داستان خاراكتېرلىك ئەسەر. دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىكنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان دونكىخوت بىر قارىسا كۈلكىلىك، خىيالىي ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان روھىي كېسەل، بىر قارىسا ئەۋلىيادەك سۆزلەيدىغان كاتتا بىلىم ئىگىسى ھەم پەزىلەتلىك زات. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جەمئىيەت بىنورمالدەك، ئۆزلىرىنى كاتتا ھېسابلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئەرزىمەس، چاكىنا ئادەملەردەك

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنىدۇ. دونكىخوت ماھىيەتتە خىيالپەرەس، قارام، تەۋەككۇلچى ئىنساننىڭ ئۆزى. ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت بۇ دونكىخوت سىرۋانتىستىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۆز غايىسى يولىدا تىنماي ئىزدەندى. دەريا ـ دەريا قانلارنى ئاقتۇرۇپ، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى. ئۇنىڭ غايىسىدىكى تەڭداشسىز «مەلىكە» ئاخىر بېرىپ، توبوسۇ كەنتلىك قوپال، يۈز ـ كۆزى ئەمگەكتىن قارىداپ، قوللىرى يېرىلىپ كەتكەن، ئالغاي كۆز دولىسنىيە بولۇپ چىقامدۇ، قانداق؟

ماڭا ئۇلۇغ سىرۋانتىس قانداقتۇر بىر غايىۋى ئېگىزلىكتە قولىدىكى غاڭزىسىنى پات ـ پات شوراپ، ئىستىھزا بىلەن قاراپ ئولتۇرغاندەك، قويۇق بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى كۇلۇمسىرىشىنى كۈچ بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق مەڭگۈلۈك قىممەت يارىتىش ھەممە يازغۇچىغا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

ئانا تىلىدىن بىۋاسىتە ئەمەس، 2 ـ ياكى 3 ـ خىل تىلدىن ئۆتۈپ، بىزنىڭ تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان «يۈز يىل غېرىبلىق» بىزگە سەل تۇتۇق تەسىر بەرسىمۇ، ئۇنى قولىمىزغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچىنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭدىكى رىۋايەت تۈسىگە ئىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر، تۈرلۈك قىسمەتلەر بىزگە سەل يوچۇن، لېكىن يەنە قانداقتۇر تېگى ـ تېگىدىن تونۇشتەك، ئەتراپىمىزدا قاچانلاردىدۇر يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردەك تۇيۇلىدۇ، ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك، مەڭگۈلۈك، ئىنسان روھىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان كۆرۈنۈشلىرى ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ ئەسەرنى جاھاننەما ئەينىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان. بىز بۇ جاھاننەمادىن ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن، ئەجداد ۋە ئەۋلاد، ئەركىنلىك يولىدىكى كۈرەش،

مۇستەبىتلىك، ئىنسانىنىڭ غېرىبلىقى ۋە يارىتىلىشى ...
قاتارلىق ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى كۆرىمىز. بەدىئىي جەھەتتىن بۇ ئەسەر گويا سانسىز ھەيۋەتلىك، سىرلىق مېلودىيەلەردىن تەركىب تاپقان تەڭداشسىز سىمفونىيەگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى چاقناق نۇقتىلار، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ۋە چوڭقۇرلۇق ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر. بىز ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۈرىكىمىز بىلەن سېزىمىزيۇ، تىلىمىزدا ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. ئۇنىڭدىكى سىرلىق، غەلىتە ئىشلار بىزنى تەگسىز خىيالغا سېلىپ، ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ. لېكىن بىز تولاراق كۆرۈنۈشتىكى يۈزە، ساختا نەرسىلەرگە بېرىلىمىز. شۇڭا ئەسەرلىرىمىزدە چوڭقۇرلۇق ۋە مەڭگۈلۈك نەرسىلەر يېتەرسىز.

ئاخىرىدا، توپا ـ چاڭ توزۇپ تۇرىدىغان ماكوندو بازىرى كونا دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىلىرى بىلەن قەدىمىي بىر جەمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى — قۇيرۇقلۇق بالا بىلەن بىللە يەرشارىدىن غايىب بولىدۇ ۋە بىزگە يېڭى بىر دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئەدەبىيات بارغانچە چەتكە چىقىپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنى يازغۇچى ساناپ يۈرگەنلەر قانداق قىلىشى كېرەك؟

بۇ ھەركىمنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق ئىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقىتىش ئادرېسى

# يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل بىلەن سۆھبەت

سوئال: سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم بېسىشىڭىزغا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟

جاۋاب: سوئالىڭىزنى سىز قانداق بولۇپ ئىجادىيەت يولىغا مېڭىپ قالغان دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ؟ بۇنىڭغا ئېنىق بىر سەۋەبنى كۆرسىتىپ بېرەلىشىم ناتايىن. بۇ ھەقتە مەن ئۆزۈممۇ ئويلانغان. تەھلىل قىلىشىمچە، بۇ مېنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىم — مىجەز ـ خاراكتېرىم، كۆزىتىش ھەم تەپەككۇر ئادىتىم، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كىچىكىمدىن كەم سۆز، سەل قورقۇنچاق ئىدىم، لېكىن ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن خېلى دادىل پىكىر يۈرگۈزۈپ باقاتتىم. بەك رەھىمدىل، ھېسسىياتچان ئىدىم. باققان توخۇلىرىمىزغا كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئىچىم ئاغرىپ گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيتتى. «ئەلەم كۈرشى» دە بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، ئۆيىمىزنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن چېغىمىزدىمۇ، ئۆي بىساتلىرىغا ئىچىم ئاغرىماي، «توشقانلىرىمىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغانمىدۇ» دەپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئازابلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. بۇ خىل ھېسسىياتلار باشقا باللارغا قارىغاندا، مەندە كۈچلۈكرەك ئىدى. سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ھاياتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ھاياتتا ھەممە ئادەم ئېتىقاد قىلىشقا تېگىشلىك بىر ھەقىقەت بولۇشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئۇنى تېپىشقا ئىنتىلەتتىم. 13 ـ 14 ياش ۋاقىتلىرىمدا، ئەينى دەۋردىكى چەكتىن ئاشقان «سولچىل» ئىدىيەنىڭ مۇرىتىغا ئايلاندىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بىز ئالدى بىلەن بىزگە

ئاشۇ ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا قارشى ئاتلاندۇق. نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەمگە ئازار بېرىپ، نۇرغۇن پاجىئەگە سەۋەبچى بولدۇق. بىز گويا قارىغۇغا ئوخشايتتۇق. بىزگە ھېچكىم راست گەپ قىلمىغان، ھەقىقەت بىلەن كۆزىمىزنى يورۇتمىغان ئىدى.

16 ياش ۋاقتىمدا، بىر كۈنى تاسادىپىي پۇرسەتتە ھەقىقەتنىڭ «ۋاللىدە» چاقناپ قالغىنىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ نۇرى قەلبىمنى يورۇتۇپ، ماڭا كىملىكىمنى تونۇتتى ھەم ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلدى. ئۇ مەڭگۈلۈك ئېتىقاد ئىدى. گەرچە مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەقىقانىيەتنىڭ كۆپ قىسىم كىشىنىڭ نەزىرىدە شەخسىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، خالىغانچە سۈيئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن بولساممۇ، قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل پاك ئېتىقادنى ساقلاپ كەلدىم. رېئاللىقتىكى ئىشلارنىمۇ ئاشۇ ئۆلچەم بويىچە باھالاپ، مۇلاھىزە قىلىپ كەلدىم. بۇنىڭ زېيىنىنىمۇ كۆپ تارتىپ، ئاز ـ تولا ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان بولساممۇ، مەن يەنىلا مەن. يەنە بىرى، خاراكتېرىم تۈپەيلى كىچىكىمدىن قىز باللار قىزىقىدىغان نۇرغۇن ئىشلار مېنى قىزىقتۇرالمايتتى. مەسىلەن، ياسىنىش ـ تارىنىش، كىيىم ـ كېچەك ۋە شۇلارغا ئائىت پاراڭلار. بۇ ئىشلاردا مەن ھازىرمۇ تازا چېچەن ئەمەس. مەن ئۆزۈم قىزىقىدىغان نەرسىلەرنى كىتابتىن تاپتىم ۋە كىتابقا بېرىلدىم. كىتاب ئوقۇش مەن ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەكتەك زۆرۈر نەرسە بولۇپ قالدى. داۋاملىق ئوقۇپ تۇرمىسام، ئۆزۈمنى جاھاندىن ئايرىلىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. كىتاب ئوقۇش نەزەر دائىرەمنى ۋە تەسەۋۋۇرۇمنى كېڭەيتىپ، بەدىئىي تەپەككۇرۇمنى تاۋلاپ، مېنى ئۆزۈمگە بىلىندۇرمەي، ئەدەبىيات يولىغا يېتەكلىدى. بىراق مەن ئۆسمۈر ۋە ياش ۋاقىتلىرىمدا ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى بولۇپ قېلىشىمنى

www.uyghurkitap.com



زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدىم. باشقىلارنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى مەمەدانلىقلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتىم. ئۆزۈم ئەدەبىيات ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن ئۇيىلاتتىم. كۈندىلىك خاتىرىگە ئوخشاش دەسلەپكى يازمىلىرىمنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، مەھكەم تىقىپ ساقلايتتىم. گېزىتخانىدا ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىم، تەپسىلىي خەۋەر، ئوچېركلارنى يېزىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشىشىم ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلىشىمغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، تۇرمۇش تەجرىبەمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، قەلبىمدە نۇرغۇن نەرسىنىڭ يىغىلىپ، قايناپ تېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. باشقىلارنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ، دوراپ يېزىپ باققۇم كەلدى. دەسلەپكى ھېكايىلىرىمنى ئايالارغا يېقىنراق بولغان مۇھەببەت، تۇرمۇش تېمىلىرىدىن باشلىدىم.

سوئال: ئىجادىيەت يولى خۇددى ھايات يولىغا ئوخشاش ئەگرى - توقاي، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا توسالغۇ بولۇۋاتقان نەرسىلەرمۇ بارمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق قىلىپ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئايغىچىقماس، جاپالىق مەنزىلگە قەدەم قويۇپ قالدىم. دەسلەپتە بىرنەچچە ئەسىرىمنى ئېلان قىلىپ بولۇپ، بۇنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دەسلەپكى توسالغۇ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى توسالغۇ، يەنى دەسمايىنىڭ تۆگەپ قالغانلىقى، بىلىم، تەجرىبە، ماھارەتنىڭ يېتەرسىزلىكى بولدى. بىر مەزگىل تېگىرقاشتىن كېيىن، كۆپ ئوقۇش، كۆپ ئۆگىنىش، ھەر تەرەپلىمە ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى توسالغۇلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىزدەك ئۇزاق روھىي بېكىنمىچىلىكتە ياشىغان، كونا ئادەت قاراشلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، ھەققىي ئەدەبىيات بىلەن

ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئەمدىلەتىن ئېرىشۋاتقان بىر مىللەتنىڭ يازغۇچىسى بولماق، يەنە كېلىپ ئايال يازغۇچىسى بولماق ئاسان ئەمەس. بىزنىڭ شۇنداق بىر ئەيىبىمىز بار: ھېچ ئىش قىلماي يۈرگەن ئادەمنى ھېچكىم يامان دېمەيدۇ. ئەمما بىرەرسى بىز قىلمىغان ئىشنى قىلىپ قويدىمۇ، ئاز - تولا تىلغا ئېلىنىپ قالدىمۇ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ سېسىتىمىز، ھەتتا ئادەم بولغىنىغا تويغۇزىمىز. رېئاللىقتا ئەسىرىڭىزدىكى پېرسوناژلارنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىپ، سىزگە يامان كۆزدە قارايدىغانلار ياكى ئەسەردىكى ئايرىم ۋەقە، ھادىسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ماھىيەتنى چۈشەنمەي، سىزگە ھەر خىل يوغان قالپاقلارنى كىيدۈرىدىغانلار، كەلسە - كەلمەس باھا بېرىدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى مەدھىيەلەش ئەمەس. مەسىلىلەرنى يازسىڭىز باشلىقلار خۇش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يازىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەلدارلارنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەشكە، ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئادەمگەرچىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرمەيدۇ. ئائىلىدىمۇ ياخشى ئايال، ياخشى ئانا بولۇپ كېتەلمەيسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى روھىي بېسىم بولۇپ، پۈت - قولىڭىزنى چۈشەيدۇ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىڭىزنى بوغىدۇ. ئەر يازغۇچىلاردەك خالىغان يەرگە بېرىپ، خالىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرمۇش ئۆگىنەلمەيسىز. بىرەر كىشى بىلەن بەش مىنۇت پاراڭلاشسىڭىز، ھەتتا ئۇ قېرى ئادەم بولسىمۇ، سىزدىن گۇمانلىنىدىغانلار چىقىدۇ. دېمەك، سىز ئەرلەر بىلەن ئورتاق دۇچ كېلىدىغان ئوبيېكتىپ توسالغۇلارنى يەڭگەندىن سىرت، ئاياللىقىڭىز ئېلىپ كېلىدىغان توسالغۇ، قولايسىزلىقلارنى يېڭىشىڭىز، بېسىمغا، چۈشىنىشمەسلىكلەرگە، ناھەق ئازار يېيىش، ھەتتا يېتىم قېلىشلارغا بەرداشلىق بېرىشىڭىز كېرەك.

يېزىقچىلىق شارائىتىم ھەققىدە كۆپ سۆزلىگۈم يوق.

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا هال ئۈچ ئىغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىمەن. هازىرغا قەدەر يېزىقچىلىق ئۆيى تۇگۇل، ئۆزۈمگە خاس يېزىقچىلىق ئۈستىلىممۇ يوق. شۇڭا ئۇدۇل كەلگەن يەردە بەزىدە ئولتۇرۇپ، بەزىدە يېتىپ يازىمەن. تاماق ئېتىش، ئۆي يىغىشتۇرۇش، ھەپتىدە بىر چىقىدىغان «گۈلشەن» نىڭ ماقالىلىرىنى تەھرىرلەشتىن ئاشقان ۋاقىتلاردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

سوئال: سىز ئەسەرلىرىڭىزدە ئىنسان خاراكتېرىنى يارىتىشتا، ئالاھىدە بىر يۈكسەكلىككە يەتتىڭىز. سىز خاراكتېر يارىتىشتا نېمىلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىسىز؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ياخشى يارىتىش ئۈچۈن، پسىخولوگىيەدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولغاندىن تاشقىرى، كىشىلىك تۇرمۇشنى، ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل خاراكتېرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. مەن زىيالىيلار توپلاشقان مۇھىتتا ياشاش، خىزمەت قىلىش داۋامىدا قانۇنىيەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر ھادىسىنى بايقىدىم: ئادەتتە شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك، ئۈششاق پايدا ـ مەنپەئەتكە ئامراق، چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان بەزى ئادەملەر چوقۇم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئىنتىلىدىكەن (كۆپ ساندىكى ھەقىقىي تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە، پەزىلەتلىك باشلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا)، ئەگەر ئۇلار قىيىن شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئىنتىلىشى ماددىي نەرسىلەرگە بولغان ئىنتىلىشى بىلەن تېخىمۇ ئاشكارا بىرلىشىپ كېتىدىكەن. بۇنداق ئادەملەر ئاسان ئۆزگىرىدىكەن، ئىككى يۈزلىمىچى، يالاقچى ھەم ئابرۇيپەرەس بولغاندىن باشقا، جېنىغا ناھايىتى ئامراق، قورقۇنچاق كېلىدىكەن. «تاش شەھەر» دىكى غالىبنىڭ دەسلەپتە تاغقا چىققان يەردە سومكىسىغا گۆش، ئىچىملىكنى تىقىۋېلىشى بىلەن ۋاستىتە تاللىماي يۇقىرىغا يامىشىشى، پارە

بېرىشى، ئاخىر ئۆزگىرىپ ئۆزىنى ئۆستۈرگەن باشلىقنى ئورىغا ئىتتىرمەكچى بولۇش، تېخىمۇ ئېگىزگە ئۆرلەپ، «تېخىمۇ چوڭ ئىشلار» نى قىلىشى، جېنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز باللىرىدىنمۇ ۋاز كېچىشى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. توختىنىڭ باللار توغرىسىدا: «ئۇلارمۇ بايلىقنى كۆز - كۆز قىلىش، مۇئەللىملىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىدۇ - دە!» دېگەن گېپى بىلەن ھە دېسە غالىبىنىڭ ئىشخانىسىغا قاتراپ گەپ توشۇپ يۈرۈشى، ئۆزىچە «مۇھىم ھۆججەت» لەرنى يىغىپ يۈرۈشى، ئۆسۈش ئۈچۈن مېھمان چاقىرىشى، غالىبنى ماختاپ گېزىتكە يېزىشى بىلەن ھايات - ماماتلىق پەيتىدە غالىبتىن يۈز ئۆرۈشى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق. غالىب بىلەن توختى رېئاللىقىمىزدىكى ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ تىپى.

دېمەك، ئەسەرلىرىمدە خاراكتېر يارىتىشتا پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ۋەقە، دىيالوگلارنى تاللاشقا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئىزچىللىقىغا، تەبىئىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇشىغا ئەھمىيەت بەردىم. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى، بولۇپمۇ ئاساسلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تىپىكلەشتۈرۈشكىمۇ سەل قارىمىدىم. مېنىڭچە، رېئالىزملىق ئەسەر مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تىپىك ئوبراز، تىپىك خاراكتېر دېگەنلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ.

سوئال: ئىجادىيىتىڭىز ئۈچۈن كۆپرەك خام ماتېرىيال بولىدىغان نەرسىلەر قايسى؟

جاۋاب: ئائىللار تەبىئىي ھالدا تۇرمۇش، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە دېگەندەك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، مېنىڭمۇ ئاڭلايدىغىنىم، كۆرىدىغىنىم ۋە ئويلايدىغىنىم، كۆپىنچە، ئەنە شۇنداق ئىشلار. ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى. مەن ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمگە تونۇش ھەم يېقىن بولغان ئاشۇ رېئاللىقتىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئاشۇ رېئاللىقنى يازدىم. ئەسەرلىرىم ئىچىدە مۇھەببەت، تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن

قالسا، زىيالىيلار تۇرمۇشى، ئەمەل سورۇنىدىكى ئىشلار. ئۆزۈم زىيالىيلار توپى ئىچىدە ياشىغاچقا، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى، مىجەز ـ خاراكتېرى، ئىنتىلىشلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېزىدىن چىققانلىرىمۇ، شەھەرلىكلەرمۇ، باشلىقلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىزمەتكە چىقىپلا ئىلگىرىكى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىدىن، ياشلارغا خاس گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن ئايرىلىپ، «باشلىق» نىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە ئاغزىدىن دەرىجە چۈشمەيدىغان، بىر قېلىپتا قۇيغاندەك بىر خىل ئويلاپ، بىر خىل سۆزلەيدىغان رەسمىيەتچىلەرگە ئايلىنىدۇ. بەزىلەر مۇرادىغا يېتىپ، باشقىلاردىن چوڭراق ئۆيگە، پىكاپقا ئېرىشىدۇ، ھەتتا چىرىشكە باشلايدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى، جەۋھەرلىرى ھېسابلىنىدىغان زىيالىيلىرىمىز شۇنچىلىك بولسا، بىزدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولارمۇ؟ مەن مۇشۇ ئويلىرىمنىمۇ ئەسەرلىرىمدە ئىپادىلەشكە تىرىشتىم.

سوئال: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانىڭىز قانداق؟

جاۋاب: پات ئارىدا تەرجىمىھال خاراكتېرلىك يىرىكرەك بىر ئەسەر يېزىشنى پىلانلاۋاتىمەن. چۈنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئائىلىمىزدە ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھەم قىزىقارلىق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. بۇ ۋەقە ئارقىلىق ئەينى دەۋرنى بىرقەدەر جانلىق يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئازادلىقتىن بۇيانقى 50 يىل دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىنغان، ئاددىي بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تەقدىرى، كەچۈرمىشلىرى يورۇتۇلغان بىر رومان يېزىش ئويۇم بار، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈپ، بىر مەزگىل تۇرمۇش ئۆگىنىش، ماتېرىيال توپلاش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يار بېرەمدۇ ـ بەرمەمدۇ، بۇ بىر مەسىلە. ئۇنىڭدىن باشقا ئارىلاپ ھېكايە، ماقالە، ئەسلىمىلەرنىمۇ يازماقچىمەن.

# ئايال يازغۇچىنىڭ قەلب سۆزى

سوئال: سىز ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا ئېلان قىلغان «ئەڭ گۈزەل خاتىرە»، «بىزمۇ ئاتا ـ بوۋا بولىمىز»، «قومۇلۇقنىڭ چۈشى»، «رەڭدار قويۇن»، «ئۇ كۆزلەر» قاتارلىق خېلى كۆپ ئەسەرلىرىڭىز بىلەن ئالاھىدە تەسىر قوزغىغانىدىڭىز، بىراق ھازىر كىتابخانلىرىڭىزنىڭ جىددىي تەشنالىقىنى ۋاقتىدا قاندۇرالمايۋاتقاندەك قىلىسىز. بۇنىڭ مەلۇم سەۋەبلىرى بارمۇ ـ قانداق؟

جاۋاب: ھازىر يىلىغا بىر ـ ئىككى پارچە پوۋېست ياكى ھېكايە ئېلان قىلىۋاتىمەن. كىتابخانلارنىڭ تەلەپىدىن ئېيتقاندا، بۇ سۈرئەت ئاستا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۆزۈم ئۇنداق قارىمايمەن. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مەن كەسپىي يازغۇچى ئەمەس. يەنە كېلىپ خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولىدىغان ئورۇندا — گېزىتخانىدا ئىشلەيمەن. ئىشخانىدا سەككىز سائەت ئىشلەپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان گەپ. بەزىدە مېھمان كۈتۈش ياكى باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار تۈپەيلىدىن، خېلى كۈنلەرگىچە قولۇمغا قەلەم ئالالمايمەن. دېمەك، مەن ئادەتتە ئاخشىمى (بەزىدە كېچىلەپ) يازىمەن. شۇ سەۋەبتىن ئىجادىي ئەمگەك ماڭا شۇ قەدەر مۇشەققەتلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. لېكىن، يازماي ئىلاجىم يوق. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە، ئىچىمدىن قايناپ چىقىدىغان قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى جىم تۇرغۇزمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يازغۇچى ئۇچۇن يېزىش زۆرۈر

بولغىنىغا ئوخشاش، بىر مەزگىل جىم بولۇۋېلىشىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەرگىزمۇ كەلسە ـ كەلمەس توقۇپ، زورمۇزور قۇراشتۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. ئىجادىيەت خام ماتېرىياللىرى يەنە تۇرمۇش تەسىراتلىرىنىڭ يازغۇچى قەلبىدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، شاللىنىپ تەرتىپكە سېلىنىش، يېڭى پىكىر، ھېسسىيات، بەدىئىي ماھارەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ مۇكەممەل، كۆپ قاتلاملىق، قايسىلا تەرىپىدىن قارىسا، ئەھمىيەتلىك ھەم جانلىق بىر سەنئەت بۇيۇمى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىلىشىغا قەدەر بولغان ئارىلىق ئۈنچىۋالا قىسقا جەريان ئەمەس. بولۇپمۇ چوڭ، مۇھىم تېمىلار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مەزگىل جىم بولۇۋېلىش يازغۇچىنىڭ يېڭى ئەسەرلەر، يېڭى ئۇچۇرلار، ئۆزگىرىشچان تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن بىلىملىرىنى تولۇقلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇسۇلىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى ئۇنىڭ ئىزدىنىشىگە پايدىلىق. كىتابخانلىرىمىز يازغۇچى بىرەر ـ ئىككى يىل بىر نەرسە ئېلان قىلمىسا، «پالانچىمۇ تۈگەشتى» دېگىلى ئاران تۇرىدۇ. بۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، يازغۇچىنىڭ جىمجىتلىقى ھەقىقىي مەنىدىكى جىمجىتلىق ئەمەس. ئۇ پەقەت تېخىمۇ سۈپەتلىك يېڭى ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئالدىدىكى زۆرۈر بولغان ئىچكى تەييارلىق باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچ زۆرۈر تېپىلغاندا نەچچە ئون يىل جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىمۇ مۇمكىن.

سوئال: بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بىز ھەممىمىز ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان ئىقتىسادىي بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. بۇ ھال سىزنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىڭىزغىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتتىمۇ ـ يوق؟

جاۋاب: بازار ئىگىلىكى يازغۇچىلارنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى. بىراق، ئالدى بىلەن شۇنى

مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەككى، ئۇ رەھىمسىزلىك بىلەن يازغۇچى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئىلگىرى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ئورنىنى ئۆزگەرتتى. ئەدەبىيات ھازىر كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، كۆڭۈل ئېچىشى، بىلىم ئېلىشى، ئۆز - ئۆزىنى تونۇشى، شۇنداقلا روھىي دۇنياسىنى ئۇزۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇشى ئۈچۈن ئەتراپلىق خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى يازغۇچىلاردىن ئۆزگىرىشچان رېئاللىقا، بولۇپمۇ ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشنى، يېڭى ئۇسلۇب، يېڭى پىكىر ئاساسىدا، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك ئېسىل ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمدى ئەسەر كىتابخانلارغا يارىمىسا، ئامال يوق بولدى. دېمەك، يازغۇچىلار ئىجادىيەتتە مۇھىم سىناققا دۇچ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرگە قويۇلغان تەلەپنىڭ كۈچىيىشى، قەلەم ھەققىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىلگىرى پۇل ئۈچۈن، نام - ئابروي ئۈچۈن يازىدىغان خېلى كۆپ كىشىلەرنى ئەدەبىياتتىن تەزدۈردى. ئەدەبىيات قوشۇنى ئىخچاملاشتى، خىللاشتى، بۇ ياخشى ئىش، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، بىز بىر - ئىككى پارچە «شېئىر» يېزىپ باققان كىشىلەر ياكى ئۆمرىدە بىرەر - ئىككى پارچە ھېكايە، نەسر يازالىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى «شائىر، يازغۇچى» دەپ ئاتىدۇق ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتىۋېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي يازغۇچى، شائىرلىرى ساناقلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. شەخسەن ئۆزۈمنى ئالسام، ئەزەلدىن ئىجادىيەتتە پۇلنى بەك مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالمايمەن. بەلكىم تۇراقلىق مائاشىم بولغاچ شۇنداق بولسا كېرەك. ئومۇمەن، مەن پۇل ئۈچۈن ياكى بىر مەزگىللىك داغدۇغا قوزغاش ئۈچۈن ئۆز ئەدەبىيات ئىستىكىم ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېتىقادىمنى قۇربان قىلىۋېتىشنى خالىمايمەن.

سوئال: سىز رېئال مەسىلىلەرنى تېز بايقاشقا ماھىر ئىكەنسىز. زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى ھېچقانداق ئەسەر ئېلان قىلىنمىغان شارائىتتا، سىز تۇنجى بولۇپ «قار كۆپ ياغقان قىش» ناملىق ئەسىرىڭىزنى ئېلان قىلدىڭىز. سىزنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىڭىزغا نېمە تۈرتكە بولغان؟ بۇ ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ مەلۇم پىروتوتىپلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: يازغۇچى رېئال مەسىلىلەرنى بايقاشقا، ئۇنى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىراق، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن مەلۇم بىر مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەسەر يېزىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن چوقۇم مۇئەييەن جەريان، بىۋاستە ھەم چوڭقۇر تەسىرات، تۇرمۇش رېئاللىقىغا، ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئىجادىيەت جەريانى كېرەك. چوقۇم ماۋۇ تېمىدا يازىمەن، دەپ ئالدىن تېما بەلگىلىۋېلىنغان ئەسەرنى كۆپىنچە ھاللاردا ياخشى يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مەن چوڭقۇر ساۋاقتا ئىگە. مەن ئۇ ئەسەرنى يازغۇچە مەلۇم بىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا بېرىپ، غۇلجىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بىرنەچچە قىز بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ئەقىللىق ئىكەن. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىدا كۆپلەپ ئېچىلغان قەھۋەخانىلارغا كىرىپ قاپتۇ. شۇ جەرياندا بەزىلىرى ئېپىيىتنى سېتىش، خىروئىن چېكىشتەك يوللارغا مېڭىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ئاڭلىغانلىرىمنى توقۇلما ئارىلاشتۇرۇش، قۇراشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق، «قار كۆپ ياغقان قىش» نى يېزىپ چىقتىم. ئەمما بۇ ئەسەر ئۆزۈمگە ئانچە يارىمىدى. ھازىر ئويلىسام، ئۇ ئەسەرنىڭ كەمتۈك تەرىپىنى بارغانسېرى چوڭقۇر

ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىكى كەمتۈكلۈك ئاساسەن بىۋاستە تەسىرات ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتنىڭ كەملىكىدە. ئۇ چاغلاردا خىروئىن ۋە ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدىكى چۈشەنچەم، كۆرگەن ـ بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىم ھازىرقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت، ياشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بولغان ئېچىنىش، قايغۇرۇش ھازىرقىدەك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئالدىراپلا يېزىلغان بۇ ئەسەرگە توقۇلما ۋە سۇبيېكتىپ قىياس كۆپرەك ئارىلىشىپ قالدى، گەرچە مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئومۇمەن ئالغاندا، چىن، ئىشىنەرلىك ھەم تەسىرلىك چىقماي قالدى. بۇ مېنىڭ ئىجادىيەت يولۇمدىكى بىر ساۋاق.

سوئال: سىز ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەسەرلىرىڭىزدە ئىپادىلەپ باقتىڭىزمۇ؟

جاۋاب: مەن بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدىنىپ باقمىدىم. ئەمما ئەسەرلىرىمدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئەكس ئەتمەيمۇ قالمىدى، مەسىلەن، «ھاڭگىت كۆلى»، «باھاردا ياغقان قار»، «ئوربىتا» لاردا، بەزى تەنقىدچىلەر «قۇملۇقنىڭ چۈشى» نىمۇ شۇ بويىچە تەھلىل قىلدى. مېنىڭچە، ئايال يازغۇچى بولغان ئىكەنمەن، ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەلۋەتتە نەزىرىمدىن ساقىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاياللارنى ئانچە ئادەم قاتارىغا ئېلىپ كەتمەيدىغان فېئوداللىق ئەنئەنە ئېغىر، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى، ئاددىيسى ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن كىشىلەر مېنى كۆرسە: «ھە، ھە، ياخشى يېزىۋاتىسىز، ئاياللارنىڭ ئىچىدە خېلى ياخشى يېزىۋاتىسىز جۇمۇ!» دەپ قويىدۇ. ماڭا مۇنداق گەپلەرنىڭ ئارقىسىدا: «دېمەك، سىزنىڭ بىزدەك ئەرلەرگە تەڭ بولالىشىڭىزغا خېلى بار!» دېگەن گەپ باردەك تۇيۇلىدۇ. بىزدە ئاياللاردىن زادى يازغۇچى چىقمامدۇ؟ دېگەن سوئال مېنى تىنىمسىز قىينايدۇ...

www.uyghurkitap.com

سوئال: سىزنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىڭگە بولغان قىزغىنلىقىڭىز ھېكايە ئىجادىيىتىگە قارىغاندا كۈچلۈكمۇ ـ قانداق؟

جاۋاب: مەن ئەسەرلىرىمنى ئۆزۈممۇ پوۋېست ياكى ھېكايە دەپ ئايرىيالماي قالىمەن. مېنىڭ يازغانلىرىم ئومۇمەن ھېكايىدىن سەل ئۇزۇن، پوۋېستتىن ئىخچامراق نەرسىلەر. ئىشقىلىپ، بىر پارچە نەسرىي ئەسەر، بىر تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن دەيدىغانلىرىمنى دەپ بولۇپلا، قەلەمنى قويىمەن. قىلچە ئۇزارتقۇم كەلمەيدۇ. ئىچىمدە ناھايىتى زور ئەسەر بولۇپ چىقىدىغاندەك تۇيۇلغان نەرسىلەر قەغەزگە پۈتۈلگەندە 80 ـ 90 بەتلىك ئارگىنالدىن ئاشمايدۇ. بەزىدە جۈملىلىرىم ھەددىدىن ئارتۇق بېسىلىپ، سىقىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەرقانچە ئۇزارتاي دېسەممۇ ئۇزارتالماي قالىمەن، مەن قىسقا ھېكايىلەرنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بىرنەچچە بەتلىك، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ھېكايىلەر يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىخچاملاش كۈچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ھېكايىلەردىنمۇ كۆپرەك يېزىش ئويۇم بار.

سوئال: سىز ئادەتتە خام ماتېرىيالغا قانداق ئېرىشىۋاتىسىز؟ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىڭىزدا تەسەۋۋۇر كۈچىگە بەكرەك تايىنامسىز ياكى ئەمەلىي ۋەقە، چىن دېتاللار ئۈستىدە بەدىئىي پىششىقلاش ئېلىپ بېرىشقا كۆڭۈل بۆلەمسىز؟

جاۋاب: تۇرپاننىڭ بويلۇق يېزىسىدا تىم ـ تىم بولاق دەيدىغان بىر مۆجىزىلىك بولاق بار ئىكەن. ئىرماش ـ چىرماش چاتقاللار، يېشىل ئوت ـ چۆپ، موخ بىلەن قاپلانغان ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېگىز، تىك قىيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن سۇ تامچىپ چىقىپ تۇرىدىكەن، يەرنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ سان ـ ساناقسىز تامچىلار تۆۋەنگە ئېقىپ چۈشۈپ، كىچىككىنە شىر ـ شىر ئېقىننى ھاسىل

قىلىپ ۋە ئاخىرى يىغىلىپ يوغان بىر داشقازاننى تولدۇرىكەن، ئاشۇ سۇ خاسىيەتلىك دەپ قارىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئۇنىڭدىن قانغۇچە ئىچمەي قالمايدىكەن. ئاشۇ بۇلاقنىڭ ئالدىدا تۇرغان چېغىمدا، ئىختىيارسىز يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ كەتتى. قولاق تۈۋىمدە سان ـ ساناقسىز ئالماس تامچىلارنىڭ چېكىلدىغان، شىرىلدىغان ئاۋازىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەيۋەتلىك مېلودىيە جاراڭلىغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. مەن ئاشۇ ھەيۋەتلىك قىيانى بىر گىگانت ۋۇجۇدقا، بۇ دۇنيادىكى چەكسىز بايلىقنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئانا زېمىن بىلەن تەنداش، تومۇرداش بولغا جانلىق، ھېسسىياتلىق بىر ئىنسانغا، يەنى يازغۇچىغا ئوخشاتتىم. ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدىن ئېقىۋاتقىنى ئۇنىڭ ھاياتلىق شەربىتى — قېنى ۋە جېنى ئەمەسمۇ!؟ ئۇ ھاياتلىق شەربىتىنى زېمىندىن ئالىدۇ. ئۇنى بىر تامچىدىن، بىر تامچىدىن ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىدۇ...

مېنىڭچە ھەقىقىي يازغۇچى ئەنە شۇ تىم ـ تىم بۇلاققا، ھەقىقىي ئۇلۇغ ئەسەر ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان خاسىيەتلىك سۈيىگە ئوخشايدۇ. ھاياتلىقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغان يازغۇچى ھايات ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىر، تەسىراتلىرىنى ئەنە شۇنداق تەبىئىي، داغدۇغىسىز، مىننەتسىز بەخش ئېتىدۇ. (تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسى ئالدىدا بىز ئىنسانلار نەقەدەر بىچارە، ئەرزىمەس ـ ھە!؟)

دېمەكچىمەنكى، مەن ئىجادىيەتتىكى قانداقتۇر تېما بەلگىلىۋېلىش، ۋەقە، ماتېرىيال يىغىپ، ئاندىن بىر نەرسە يېزىشقا تۇتۇش قىلىش يولىدىن گۇمانلىنىمەن. بەلكىم يىغقان ماتېرىياللار ئىچىدە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش جۇغلانمىسى، پىكىر ھېسسىياتى بىلەن مەلۇم جەھەتتە بىردەك چىقىپ قالىدىغان، يازغۇچىنىڭ ئىلھامىنى قوزغايدىغان ئامىللار بولۇشىمۇ، مۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەر بەزىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن مەن مۇنداق ئەسەرلەر ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمايدۇ، دەپ قارايمەن. سولچىلىق ئەدەبىيات ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردا يۇقىرىدىن يازغۇچىنى، تېمىنى بەلگىلەپ، زەربىدارلىق بىلەن يېزىشقا ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىش بار ئىدى. ھازىرمۇ بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ جۆيلۈگەندەك، پالانى تېمىنى كۆپ يازدىڭ، پوكۈنى تېمىنى يازمىدىڭ، ئۇنداق تېما كونا، بۇنداق تېما يېڭى ھەم مۇھىم دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تېخىچە سولچىلىق، بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلاردۇر. مېنىڭچە، ئۇلار يازغۇچىلارغا قول شىلتىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ۋەقەلىك ئىزدەپ ئاۋارە بولمايمەن. نېمىشقىدۇر باشقىلار تەسىرلىك ئىكەن، دەيدىغان بەزى مۇكەممەل ۋەقەلىكلەر مەندە قىزىقىش پەيدا قىلالمايدۇ. ئەمما تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان يېرىم - يارتا ۋەقەلىكلەر، بىرەر كۆرۈنۈش، ئوي ـ پىكىر ياكى بەزى ئىشلار چۈشىنىكسىز ھالدا روھىي دۇنيايىمدا زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. كاللامغا كىرىۋېلىپ چىقمايدۇ. ئىچكىرىلەپ ئويلىغانسېرى تەسەۋۋۇرۇم قاناتلىنىپ، رېئاللىقتىكى كۆرگەن، ئاڭلىغان سان ـ ساناقسىز ئۇششاق دېتاللار بىلەن قوشۇلۇپ، غۇۋاراق بىر ئومۇمىي قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇ چاغدا قولۇمغا قەلەم ئالىمەن. ئۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، زۆرۈر تولۇقلىمىلار بىلەن كىرىشتۈرۈپ، كۆرۈنۈش ۋە پېرسوناژلارغا تەبىئەتكە ئوخشاش جان ۋە قان، رەڭ بېرىش — مانا بۇ ئەڭ جاپالىق جەريان، يېڭى بىر ئىجادىي ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىدۇر. مېنىڭچە بۇ جەريان ھەرگىزمۇ پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرغا، تولۇقلىمىلا تايىنىدىغان جەريان ئەمەس. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي

قورۇلمىسى ۋە ۋەقەلىكلىرىگە چوڭقۇر كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى، سىرلىق ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ ھايات ھەققىدىكى ئويلىنىش، سوئال، رېئاللىق ئالدىدىكى تېڭىرقاشلىرى، ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىدىكى جان تىكىپ ئېلىشىشلىرى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھاياتلىق ئىستەكلىرى ··· ۋەھاكازالار سىڭدۈرۈلۈشى، توقۇلمىلار رېئاللىققا، تۇرمۇش چىنلىقىغا ئويغۇن، ئەقىلغە مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. مەن ۋەقەلىك قوغلىشىدىغان يۈزە توقۇلمىلارنى ياقتۇرمايمەن. ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن چوقۇم مۇكەممەل ۋەقەلىكنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. (ئەمما مۇنداق دېگەنلىك ئاممىباب ئەدەبىياتقا تەۋە ۋەقەلىك ھېكايىلىرىنى يوققا چىقارغانلىق ئەمەس).

مەن رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىمەن. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئادەم رەسىمىنى سىزسام، چوڭلار: «ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزساڭ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا سەن سىزغان رەسىملەرنىڭ ھەممىسى سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ» دەپ قورقۇتىدىغان. بۇ بەلكىم خۇراپىيلىقتۇر. مەن بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ ئۆزى ياراتقان ھەربىر پېرسوناژغا مۇشۇ ئالەمدىلا جان ۋە قانغا قەرزدار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. سەن ئاشۇ پېرسوناژلىرىڭغا ھاياتىڭ ۋە يۈرەك قېنىڭنى بەخش ئەتسەڭ، ئۇ مەڭگۈ تۇغما زەئىپ، قېنى ئاز، غەلىتە ئۆلۈمتۈك بولۇپ تۇغۇلۇۋېرىدۇ. يازغۇچىلار مۇنداق بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

سوئال: سىز ئۆز ئەسەرلىرىڭىز توغرۇلۇق تەنقىدكە ياكى ئۆسەك سۆزلەرگە ئۇچراپمۇ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇ مەسىلىلەرگە قارىتا قانداق پوزىتسىيەدە بولدىڭىز؟

جاۋاب: يازغۇچىدا ئالدى بىلەن تۇرمۇشقا ۋە سەنئەتكە

www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن سەمىمىيلىك بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق بەكمۇ تەس. بۇنىڭدا سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى تۇسالغۇلارنى تۈگەتكەندىمۇ، نۇرغۇن ئوبيېكتىپ تۇسالغۇلارغا ئۇچرايدىغان گەپ. بولۇپمۇ بىزدەك ئوتتۇرا ئەسىر ئاڭ سەۋىيەسىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ئايال ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىز ساختا مۇكەممەللىك، ساختا ئەخلاق ـ دىيانەت ۋە ساختا كىشىلىك مۇناسىۋەت مەدھىيەلىنىدىغان مۇھىتتا ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن.

مېنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمدىكى ئايرىم كۆرۈنۈش، تەسۋىرلەرگە ئېسىلىۋالغان بەزى كىشىلەرنىڭ مېنى ئەخلاقسىز ئايال بولسا كېرەك، دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم. بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىمدىكى ئايال پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگىنىگە ئاساسەن يېزىپتۇ، دېگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. رەددىيە بەرگۈم كەلمىدى. ئەمما، ئەدەبىياتنى چۈشىنىدىغان، سەنئەتكە بولغان سەمىمىيلىكنى قەدىرلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا مېنى چۈشەندى. ئۇلارغا رەھمەت! مەن بۇ يەردە كىتابخانلارغا شۇنى ئېيتىپ قويۇشنى لايىق تاپىمەن: دۇنيادا ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىگىلا تايىنىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن، دەيدىغان ھېچقانداق يازغۇچى بولمىسا كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزىلەر ماڭا: «سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدە نېمىشقا ئىجابىي پېرسوناژ يوق؟» دەپ سوئال قويۇشىدۇ. مەن ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: بىر ئادەم مەيلى ئۇ قانداق شارائىتتا ياشىغان، قانداق تەربىيە ئالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۇغما تەبىئىتى يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ مەڭگۈ ھەر كۈنى، ھەر سائەت ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، تۇغما ئىستەك بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت، شەيتان بىلەن پەرىشتە ئوتتۇرىسىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىدۇ، تېڭىرقايدۇ. ئۇنىڭ

قەلبىنى بەزىدە پەرىشتىنىڭ نۇرلىرى يورۇتسا، بەزىدە شەيتان ۋەسۋەسىسى ئىگىلەيدۇ. مۇتلەق ياخشى ياكى مۇتلەق يامان ئادەم بولمايدۇ. ھەربىر ئادەم تۇرمۇش سەھنىسىدە ھەم ئىجابىي ھەم سەلبىي پېرسوناژدۇر.

مۇنداق دېيىش ئارقىلىق مېنىڭ ئەسەرلىرىم نۇقسانسىز، كامالەتكە يەتكەن دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قەدەم قويغىلى ئۇزاق بولمىدى. مەن يەنىلا ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش باسقۇچىدا، بىراق سالامەتلىكىم ھەم شارائىتىم يار بەرسە يىرىك، ۋەزىنلىك ئەسەرلەرنى يېزىش پىلانىم بار. لېكىن بۈگۈنكى ئەسەرلەرسىز، بۈگۈنكى تىرىشچانلىقسىز ئەتىكى ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ.

سوئال:

سىز ئۇچۇن ھازىر ئىجادىيەت ئىشلىرىڭىزدىكى ئەڭ زور توسالغۇ قايسى؟

جاۋاب: مەن ئۇچۇن نۆۋەتتىكى ئەڭ زور توسالغۇ — ۋاقتنىڭ زىچلىقى، ۋاقىت، ئىمكانىيەت بولسا، رېئال تۇرمۇشنى كۆپرەك ئۆگەنسەم، كۆپرەك ماتېرىيال كۆرسەم، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر بىلەن كەڭرەك تونۇشسام دەيمەن. بىراق خىزمەت، خىزمەت دەپلا، ئۇنىڭدىن قالسا ئائىلە، بالا ـ چاقا غېمى بىلەن ئارمانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي بوغۇلۇپ كېتىمەن.

سوئال: سىز يېقىندا بەزىبىر تەرجىمە ھېكايىلەرنىمۇ ئېلان قىلدىڭىز، ئېنىقكى، تەرجىمە قىلىش يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاكتىپ ياكى پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز تەرجىمە جەريانىدا ئۆز ئىجادىيىتىڭىز بىلەن تەرجىمىنىڭ مۇناسىۋىتىدە قانداق مەسىلىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

جاۋاب: بولتور بالزاكنىڭ «شاپىر شاگىشياۋ» ناملىق پوۋېستىنى، يەنە بەزى ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلدىم. مەن ئۆز

ئېھتىياجىم نۇقتىسىدىن، مەشھۇر ئەدەبىيات ئۇستىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلسام، يېزىقچىلىق ماھارىتىمنى ئۆستۈرۈشۈمگە پايدىسى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى تەرجىمە ـــ شۇ ئەسەر ئۇستىدىكى تەتقىقات ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىجادىيەتكە ئەلۋەتتە پايدىسى بار. بىراق، ئەڭ ياخشىسى ھازىرقى زاماندىكى ھەم بەدىئىي ماھارەت، مەزمۇن جەھەتلەردە مۇكەممەلرەك ئەسەر بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. لېكىن بۇ يەنىلا ۋاقىتقا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە.

سوئال: سىز ئەسەرلىرىڭىزدە ئىنسان تەبىئىتىدىكى چىن بولغان «رەزىللىك» بىلەن ئاتالمىش «ئالىيجانابلىق» ھېسابلانغان ياسالمىلىقنىڭ زىددىيىتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەكرەك ئېتىبار بېرىسىز، ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ خىل ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە سىڭدۈرۈشنىڭ قانداق ئىجابىي ئەھمىيىتى بار دەپ قارايسىز؟

جاۋاب: ئىنسان تەبىئىتى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۆزگىرىشچان، زىددىيەتلىك ھەم كۆپ تەرەپلىمە ماھىيىتى بىلەن مېنى دائىم ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ، مەپتۇن قىلىدۇ، لەرزىگە سالىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ. مەن كۆپ ئەسەرلىرىمدە بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەشكە كۈچ سەرپ قىلدىم. مەسىلەن: «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «رەڭدار قۇيۇن»، «ئۇ كۆزلەر»، «شەيتان ئەينىكى» قاتارلىقلاردا. مەن بۇ ئەسەرلىرىمدە ئىنسان تەبىئىتىنى قانۇن، ئەخلاق، مىزان ۋەھاكازالاردىن ھالقىپ كۆزىتىشكە تىرىشتىم. مېنىڭچە، ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەر يۇقىرىقىلارنى تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. قانۇن، ئەخلاق، مىزانلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان دائىرىلەرنى يورۇتۇش پەقەت ئەدەبىياتنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ ھەم ئۇنىڭ مۇھىم ئىمتىيازى. ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر خۇددى ئاتوم رېئاكسىيەسىدەك ھەددى ـ ھېسابسىز يوشۇرۇن ئېنېرگىيە،

مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان يېڭىلىققا ئىگە پەن، يازسا يېزىپ بولغىلى بولمايدىغان جەريان. ھەۋزىخاننىڭ قەلبىگە پاتمايدىغان مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك نەپرەتكە ئۆزگىرىش جەريانى، ھامىدجاننىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ··· ئەنە شۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ؟! ھامىدجان قەھرىمان بولالايتتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، مەرد ئىدى. ئۆز يۇرتىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالىغانىدى. بىراق، رېئاللىق ئۇنى باشقىچە تۈستە ئۆزگەرتتى. ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك يەنىلا پۈتۈنلەي ئۆلمىدى.

ئۇ باشقىلار بىلەن پىرقىراپ تانسا ئويناۋاتقان ئايالىغا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا قاراپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە بىر قېتىملىق ئاتوم رېئاكسىيەسى يۈز بەردى! مۇنداق ئەھۋاللار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئۇچراپ تۇرمامدۇ! «شەيتان ئەينىكى» دە تەسۋىرلەنگىنىمۇ بىر ئۆزگىچە روھنىڭ ھايات تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈش، ئۆزگەرتىلىش، چىرىتىلىش، شۇنداقلا پىشىپ يېتىلىش جەريانى. بەلكىم ئىنسانلار بۇ جەرياندىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمىسا كېرەك···

ئىنسان تەبىئىتى مەن ئۈچۈن، شۇنداقلا باشقا ھەممە يازغۇچىلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما.

سوئال: سىزنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىڭىزدا غەرب ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى بارمۇ ياكى بۇنىڭدىن كېيىن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

جاۋاب: مېنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلۇم رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بىراق مەن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرگە، جۈملىدىن پىسخىك تەسۋىرگە بەكرەك ئېتىبار بېرىمەن. مەن بۇنى بىرەرسىنى دوراپ شەكىللەندۈرگەن ئەمەس. بۇ پەقەت ئۆزۈمگە ئاسان ھەم قولايلىق، مۇۋاپىق تۇيۇلغان ئۇسۇل. مەن ھازىرچە بۇ ئۇسۇلۇمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشۈم، بېيىتىشىملا

www.uyghurkitap.com



مۇمكىن. چۈنكى چەت ئەللەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش ئۆلۈك دورامچىلىق بولماسلىقى، بەدىئىي ماھارەتنى ئۆزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، بىلىم، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، چەت ئەل ئەدەبىيات ئېقىملىرىنى، ئۇنىڭ پەلسەپە، نەزەرىيە ئاساسلىرىنى پىششىق ئىگىلەش ئاساسىدا ئىجادىي جانلىق يوسۇندا ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، قەلبىگە يېقىن ئەسەرلەر ھەرقانداق جايدا ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ رېئالىزم ئۇسلۇبىدىكى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى دۇنيا كىشىلىرىنى ھېلىھەم جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. بەزى چەت ئەللىك تەنقىدچىلەر ئېيتقاندەك، گەپ قايسىبىر ئېقىم، ئۇسلۇبتا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي گىگانت تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدا. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، غەرب دۇنياسىدا يوقىلىپ كېتىۋاتقىنى يالغۇز مەلۇم بىر ئۇسلۇبلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت. يېقىنقى يىللاردا غەرب ئەدەبىياتىدىكى ھەرخىل ئېقىملارنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئەدەبىيات ئۆز نىشانىنى يوقىتىپ، مەزمۇن جەھەتتە يېڭى نەرسە تاپالماي، شەكىل جەھەتتە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. بۇ ھالەت كىشىلەرنى ئەدەبىياتتىن تېخىمۇ بىزار قىلدى ۋە ئەدەبىياتنى چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار قىلدى.

غەرب ئەدەبىياتى يۈكسەك تەرەققىياتتىن كېيىن زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز بولسا ئەمدىلا گۈللىنىۋاتىدۇ. خۇددى غەرب ئەدەبىياتى بىر ئىزدا تۇرغاندا، قالاق لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىدا پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كەلگىنىدەك، ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىز جانلىق، كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇڭا يېڭى نەرسىلەرنى دادىل قوبۇل قىلىش كېرەك. لېكىن بۇ قوبۇل

قىلىش ھەرگىزمۇ يېرىم ـ يارتا، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئۆلۈك كۆچۈرۈپ كېلىش، بىرنى كۆرۈپ يەنە بىرنى ئىنكار قىلىش، چەت ئەللىكلەر ئاللىقاچان زېرىككەن، چاينىلىپ تەمى قالمىغان نەرسىلەرنى قارىغۇلارچە دوراش بولماسلىقى كېرەك. بىز ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزىمىزگە خاس ئۇسلۇبىمىز، ئەنئەنىمىز، ئېتىقادىمىز، مەدەنىيىتىمىز ئاساسىدا، چەتتىن كىرگەن نەرسىلەرنى ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئۆزلەشتۈرۈپ، يىلتىز تارتقۇزۇپ، راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز قاچانكى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، پەقەت ئۆزىمىزگىلا خاس بولغان، شۇنداق دۇنياۋى خاراكتېرلىك بىر يولنى تاپساق، شۇ چاغدا ئەدەبىياتىمىزدىن ئۈمىد بار بولىدۇ. بۇ مېنىڭمۇ تىرىشىش نىشانىم.

مەن يېڭى، توغرا پىكىرلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار.

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

寻找母亲河： 维吾尔文/哈丽达·斯拉音著. 一
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社: 新疆电子音像出版社,
2009.12
(哈丽达·斯拉音作品选: 3)
ISBN 978－7－80744－522－7

Ⅰ.①寻... Ⅱ.①哈... Ⅲ.①中篇小说一作品集一
中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第243132号

丛 书 名 哈丽达·斯拉音作品选－3
书　　名 寻找母亲河
策　　划 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者 哈丽达·斯拉音
责任编辑 艾尼瓦·库迪力克
特约编辑 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任校对 古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对 克尤木·吐尔逊
封面设计 努尔买买提·吾买尔
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编 830000
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 880×1230mm 1/32
印　　张 21
版　　次 2009年12月第1版
印　　次 2012年2月第1次印刷
印　　数 1—5100
书　　号 ISBN 978－7－80744－522－7
定　　价 58.00元

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)